ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ سىياسىي ئەسەر

# سىياسىينىڭ رەزىللىكى

لوئىس. پرووېل (فرانسىيە)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

سىياسىينىڭ رەزىللىكى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئاپتور ئىنسان ماھىيىتىدىكى رەزىللىكلەرنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ پاش قىلىپ ۋە قامچىلاپ، ئىنسانلارنىڭ ئاممۋى تۇرمۇشتا ئۇچراپ كېلىۋاتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنىڭ تۈپ يىلتىزىنى ئېچىپ بەرگەن.

ISBN 7-228-08450-0
ISBN 7 - 228 - 08450 - 0
（民文）定价 :22.00 元

www.uyghurkitap.com

ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ سىياسىي ئەسەر

# سىياسىينىڭ رەزىللىكى

لوئىس.پرووۋېل (فرانسىيە)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

بۇ كىتابنىڭ ياشلىرىمىزغا جاھاننىڭ ئىشلىرىنى توغرا ئانالىز قىلىشغا ياردىمى بولۇپ قالغۇسى.

— قەلبداشلار كىتابخانىسى

www.uyghurkitap.com

**图书在版编目(CIP)数据**

政治的罪恶/(法)博洛尔著:努尔夏提·麦米提力译,—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2003.12

ISBN 7—228—08450—0

Ⅰ.政… Ⅱ.①博… ②努… Ⅲ.政治理伦—文集—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.D091.4

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2003)第 105092 号

责任编辑: 艾克巴尔·艾力
责任校对: 伊力亚斯·热依木
封面设计: 艾尼

**政治的罪恶** (维吾尔文)

博洛尔 著

努尔夏提·麦米提力 译

新 疆 人 民 出 版 社 出 版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮编:830001)
新疆新华书店发行
乌鲁木齐八家户彩印厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 14.8125 印张
2004 年 4 月第 1 版 2004 年 4 月第 1 次印刷
印数:1—3000

ISBN 7—228—08450—0 定价:22.00 元

# مۇندەرىجە

## ئەسلى ئاپتورنىڭ مۇقەددىمىسى

● سىياسىي ئەسلىدە ئىنتايىن يۈكسەك ۋە ئىنتايىن مۇھىم بولغان، ئاممىۋى ئىشلارنى باشقۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك بىر تۈرلۈك سەنئەت ئىدى. بىراق، سىياسىينىڭ بۇ گۈزەل ئوبرازى ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بۇيان نۇرغۇن خاتا سىياسىي پرىنسىپلار تەرىپىدىن بۇلغىنىپ كەلمەكتە

● نۇرغۇن خاتا پرىنسىپلار قانۇن تونى ئاستىدا سىياسىينى يالغانچىلىق ۋە قويمىچىلىقنىڭ، ھەتتا بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ۋە شىلىۋېلىشنىڭ زوراۋانلىق ۋاستىسىگە ئايلاندۇرۇۋالدى.

● نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئىنسانلار ئۈزلۈكسىز تۈردە ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانىنى ئىزدەپ كەلدى. بىراق، ئۇلارنىڭ ئىزدەپ تاپقىنى ھەمىشە ئادەم ئۆلتۈرسە كۆزىنى چىمچىقلىتىپ قويمايدىغان قاسساپلار، جاللاتلار، تەلۋە، بۇلاڭچى، ساختىپەزلەر، ۋەيران بولغۇچىلار، ساراڭلار، ئەخلاقى بۇزۇلغۇچىلار ۋە رەزىللىك تاراتقۇچىلار بولۇپ چىقتى.

● ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئەڭ چوڭ جىنايەتچىلەر ئېھتىمال سىياسىي سەھنىدىكى جىنايەتچىلەر بولۇشى مۇمكىن. سىياسىي سەھنىدىكى جىنايەتچىلەر دائىملا ئۆزلىرىنىڭ قارا نىيىتى، ئاچ كۆزلۈكى، ۋە ھوقۇق ـ مەنپەئەت تالىشىشى ئارقىلىق كىشىلەر ئارىسىدا تەپرىقىچىلىك ۋە ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىدۇ، بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان بالايىـئاپەتلەرگە ھەرقانداق بىر جىنايەت سەۋەب بولغان بالايىئاپەتلەر تەڭ تۇرالمايدۇ.

● ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ھەرقايسى ساھەلەردە غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، كۈنسايىن مۇكەممەللىشىپ بېرىۋاتقان بولسىمۇ، پەقەت سىياسىيلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولۇپ كەلمەكتە. سىياسىي

ساھەدە يەنىلا قويمىچىلىق ۋە ھىيلە ـ نەيرەڭلەر دەۋر سۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتى ۋە ئەركىنلىكى يەنىلا كەمسىتىلمەكتە ۋە ئىنكار قىلىنىپ كەلمەكتە.

● سىياسىي مەسىلىمۇ خۇددى ئىجتىمائىي مەسىلىگە ئوخشاشلا ئالدى بىلەن بىر ئەخلاق مەسىلىسىدۇر.

● كىشىلەرنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئۆزئارا تايىنىش مۇناسىۋىتىگە ياكى كىشىلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى بىرلىكىشىگە، ياكى ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي بۇيرۇقىغا، ۋەياكى ئۆزگىرىشچان قانۇنغا تايىنىپ جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولمايدۇ. جەمئىيەتنى ئىلگىرى سىلجىتىشتا تايىنىدىغان نەرسە كىشىلەر قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى پاك ـ غۇبارسىز مۇھەببەت ۋە ئۇلۇغ يۈكسەك ئىدىيىدۇر، ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرنىڭ كىشىلەر ئۈچۈن تىكلىگەن سەممىي ئوبرازىدۇر.

● تۇرمۇشىمىزدىكى ھەربىر ئىشتا مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، پەقەت سىياسىي تەشكىلاتلارلا بۇنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ كەلدى. بىزنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىمىزدا يەنىلا قىرغىنچىلىق، بۇزۇقچىلىق ۋە نادانلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە، بۇ سىياسىي رەزىللىكلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى بىز قولغا كەلتۈرگەن بارلىق تەرەققىياتلارنىڭ ئەھمىيىتىنى يوققا چىقارماقتا.

● پەقەت مەلۇم پەلسەپىۋى ئەقىل ۋە دىنىي ئېتىقاد پرىنسىپىغا ئىگە ئادەملەرلا سىياسىي ھوقۇق يۈرگۈزۈش سالاھىيىتىگە ئىگىدۇر. چۈنكى، پەقەت ساپ بولغان مەنىۋى كۈچلا جەمئىيەتنى چىرىكلىشىشتىن ساقلاپ قالالايدىغان «تۇز» دۇر.

## بىرىنچى باب مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ۋاستە تاللىماسلىق

—— ماكياۋېللىزىم .................................................. (1)

● سىياسىي ماكياۋېللىنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن رەزىل، ئىپلاس،

ۋەھشىي ۋە قانخور بولۇپ قالغان ئەمەس. سىياسەتۋازلار ئىتالىيىنىڭ فلورېنسىيە دېگەن يېرىدىن چىققان بۇ ھۆكۈمەت كاتىپى بولمىش دانىشمەنىنىڭ رەزىللىكىنى قانداق ئۆگىنىشكە موھتاج ئەمەس ئىدى. ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئىستىكى ۋە ھوقۇقنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى سىياسەتۋازلارغا تەبىئىيلا ئالدامچىلىق ۋە ۋەھشىيلىكنى ئۆگىتەتتى.

● ھوقۇقنى مەلۇم تىزگىندە ئادىل ئىشلىتىش ھەقىقەتەن قىيىن.

● سۇللا ياش چېغىدا ئاق كۆڭۈل بولۇپ، «شوخ، سەبىي ئىدى، يۇزىدىن تەبەسسۇم كەتمەيتتى، باغرى بەك يۇمشاق ئىدى، دائىملا باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىپ يىغلاپ تاشلايتتى. بىراق، كېيىنچە، ئۇ زالىم ۋە رەھىمسىز بولۇپ كەتتى».

● لاتىن ھېكمىتى: شان ـ شۆھرەت كىشى تەبىئىتىنى چىرىتىدۇ.

● خۇشامەتچىلىك كىشىنى مەست قىلىدۇ، تەكەببۇرلۇق كىشىنى ئېزىقتۇرىدۇ، چەكسىز ھوقۇقتا ئىگە بىر پادىشاھ شۇ سەۋەبلىك كاللىسىدىن ئايرىلىدۇ.

● سىياسىي كىشى ۋىجدانىنى چىرىتىدۇ، سىياسىي چوقۇم تۆۋەندىكى زىيىنى ئىنتايىن چوڭ بولغان ھېكمەتلىك سۆزلەرنىڭ ئەمەلىيەت جەريانىدا ئىنسانىيەتكە ئېلىپ كەلگەن ئېغىر ئاقىۋەتلىرىگە مەسئۇل بولۇشى كېرەك. بۇ زىيىنى ئىنتايىن چوڭ ھېكمەتلىك سۆزلەر: «ھوقۇق ھەقىقەتتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ»، «مەقسەت ۋاستىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ»، «ئاممىۋى بىخەتەرلىك ئەڭ ئالىي قانۇندۇر» دىن ئىبارەت.

● سىياسىي ئۆزى سادىر قىلغان قايسىبىر جىنايەتلەرنى، دۆلەت مەنپەئىتىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ تۇرۇپ توغرىغا چىقارمىغان دەيسىز. دۆلەت مەنپەئىتى ھۆكۈمدارلارنىڭ شەخسىي ئاچچىقىنى چىقىرىدىغان، گۇناھسىزلارنى سۈرگۈن قىلىدىغان باھانىسى، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلكىگە تاجاۋۇز قىلىشتىكى، كىشىلەر ئارىسىدىكى ھەققانىيەتنى دەپسەندە قىلىشتىكى، ھوقۇق ـ ئىمتىيازنى كېڭەيتىشتىكى باھانىسى بولۇپ كەلدى.

● سىياسىي تۇرمۇشتا، ئادالەتسىزلىكنى يالغانچىلىق ۋە باھانە ـ سەۋەبلەر توسۇۋالغانلىقتىن، كىشىلەر ئۇنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى

www.uyghurkitap.com

كۆرەلمەيدۇ.

● رىم ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە ۋە ئوتتۇرا ئەسىردە، پەيلاسوپلار «ئادالەتنى ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ۋە سىياسىيىنىڭ ئەڭ مۇستەھكەم ئاساسى» دەپ ئېلان قىلغان ۋاقىتتا، جەمئىيەت ۋە سىياسىينى ئەكسىچە ئېزىش، چىرىكلىك ۋە ناھەقچىلىق قاپلىغانىدى. بولۇپمۇ ئىتالىيە كىنەزلىرى سىياسىينى ئەڭ ئېسىل قويمىچىلىق تېخنىكىسىغا، قەستلەپ ئۆلتۈرۈشنىڭ ۋاستىسىغە ئايلاندۇرۇۋالغانىدى.

● مونتاينىنىڭ كۆزقارىشى: بىزنىڭ ئىش بېجىرىشتىكى ئاجىز، ئىقتىدارسىزلىقىمىز، دائىملا بىزنى ناتوغرا ۋاستىلەرنى قوللىنىپ ئەخلاقىي مەقسەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا مەجبۇرلىماقتا.

● ھازىرقى زامان دۆلەتلىرىدە، سىياسىي ئەمدى كىشىلەرنىڭ ئاق كۆڭۈللۈك پەزىلىتىنى ۋە باراۋەرلىك قارىشىنى يېتىشتۈرىدىغان مەكتەپ بولماي قالدى، كىشىلەر ئاق كۆڭۈللۈككە ئىشىنىشكە ئامالسىز.

● دۆلەت مەنپەئىتى ھەممىدىن ئەلا دەپ قارايدىغان ئەخلاقتا زىت نەزەرىيە بارلىق ھۆكۈمەت، پادىشاھ ۋە جۇمھۇرىيەتلەر تەرىپىدىن كۆككە كۆتۈرۈلمەكتە ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلمەكتە.

● «ئاتالمىش ھۆكۈمرانلىق سەنئىتى ئەمەلىيەتتە جىنايەت يېتىشتۈرىدىغان پارنىكتۇر.»

● فرانسىيە ئىنقىلابى ئادالەت ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك پرىنسىپى ئاستىدا پارتلىغانىدى. فرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ نەتىجىسى ئەكسىچە ئۆزى بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلاش بولدى. (ئىنقىلاب) پەقەت بىر قاتار سىياسىي ئۆزگىرىشلەرگە تايىنىپلا تاماملاندى.

● ھۆرلۈك، باراۋەرلىك، مېھرىبانلىقتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ پرىنسىپ سىياسىينىڭ تۈتقۇسى قىلىنغان دەۋرلەردە، قىرغىنچىلىق، تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈش، ئېتىپ تاشلاش، سۈرگۈن قىلىشلار ھۆكۈمەتنىڭ نورمال

تۇزۇلمىسىگە ئايلاندى.

● فرانسىيە ئىنقىلابى دەۋرىدىكى مۇھىم سىياسىي ئەربابلار بېكىتكەن سىياسەتلەر پۈتۈنلەي كونا تۈزۈمدىكى ئەخلاقتا زىت سىياسەتلەرنىڭ كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى ئىدى.

● روبىسپىر ئۆزىنىڭ نۇتۇقلىرىدا ماككىياۋېللىزمغا قارشى تۇرغان، ئەمەلىي ھەرىكەتلىرىدە بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە ماككىياۋېللىزمغا تايانغان.

● قويمىچىلىق ۋە زوراۋانلىقنىڭ غەلىبىسى كۆپ ھاللاردا قىسقا مۇددەتلىك بولىدۇ ھەمدە ئۆزلىرىنى قىزغىنلىق بىلەن قوغلاشقۇچىلارغا غايەت زور بەدەل تۆلەتكۈزىدۇ.

● دۆلەتنىڭ گۈللىنىشىگە زىيان يەتكۈزىدىغان تۈپكى سەۋەب ھەمىشە ھەققانىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلماسلىقتۇر.

● سىياسىي ئەربابلارنىڭ تالانت ئىقتىدارى چوقۇم سىياسىي جازا بەلگىلەنگەن قانۇننىڭ تىزگىنىگە ئۇچرىشى كېرەك، خۇددى ئادەتتىكى جىنايەتلەرمۇ جازا بەلگىلەنگەن قانۇننىڭ تىزگىنىگە ئۇچرىغىنىغا ئوخشاش.

● زامانىمىزدىكى تالانتلىق سىياسىئونلار ئەتراپلىق ئەقلىي تەپەككۇر قىلىپمۇ يەنىلا سىياسىي خاتالىق ئۆتكۈزۈشتىن خالىي بولالمايدۇ، شۇڭا سىياسىيدىكى ئەڭ بىخەتەر، ئەڭ ئىشەنچلىك سىياسەت شۈبھىسىزكى، ئەخلاقتا ئۇيغۇن بولغان سىياسەتتۇر.

## ئىككىچى باب سىياسىيدىكى يوشۇرۇن قەستلەش ۋە زالىم پادىشاھلارنى ئۆلتۈرۈش ………………………… (36)

● «ئىنساندىنمۇ ۋەھشىي ۋە قانخور مەخلۇق يوق.»

● نۇرغۇنلىغان شاھ ـ سۇلتانلار قەستلەپ ئۆلتۈرۈشكە نىسبەتەن

تۇغقۇز كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەزەلدىن كەسكىنلىك ۋە ئىككىلەنمەسلىك پوزىتسىيىسىنى تۇتۇپ كەلگەن.

● تارىختا سانسىز ئايال پادىشاھ ۋە خانىشلار كىشىنى چۆچۈتىدىغان قەستلەشلەرنى پەيدا قىلغان.

● قەدىمكى يۇنان ھېكمىتى: «بۇ باللارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن بۇ باللارنى ئۆلتۈرمەي تىرىك قالدۇرۇپ قويۇش ئۇچىغا چىققان نادانلىق ئەمەسمۇ؟»

● لۇئى XI : «يوكىنىڭ باللىرىنى ئاتىسىنى ئۆلتۈرىدىغان دار ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، يوكىنىڭ قېنى بىلەن باللىرىنى يۇيۇندۇرىمەن» دېگەنىكەن.

● ھوقۇق ـ مەنپەئەت تالىشىش كۆرىشىدە ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئەڭ ماھىيەتلىك نەرسىلەر ئۆزىنى تولۇق ئاشكارىلايدۇ.

● سىياسىي ھەمىشە دۆلەت ۋە پۈتكۈل گىراژدانلارنىڭ مەنپەئىتىنى سۈيىئىستېمال قىلىپ تۇرۇپ سانسىزلىغان قانلىق جىنايى ۋەقەلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

● فرانسىيە تارىخىدا قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى بولمىغان جىنايەتچىلەرنى كەڭ كۆلەمدە قىرغىن قىلىش پات ـ پات يۈز بېرىپ تۇرغان.

● سىياسىي كىشى ۋىجداننى بەربات قىلىدۇ.

● قەدىمكى يۇنانلىقلارنىڭ قارىشىچە، زالىم پادىشاھنى ئۆلتۈرۈش ھەربىر پۇقرانىڭ قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى بولۇپ، بۇ بىر مۇتلەق ئەخلاقىي پەرمان ئىدى.

● رىملىقلار زالىم پادىشاھنى ئۆلتۈرگۈچىلەرنى ئەپۇ قىلىپلا قالماستىن، تېخى ئۇلارغا چوقۇناتتى.

● مىلتوننىڭ قارىشىچە، زالىم پادىشاھنى ئۆلتۈرۈش ئەقىلغا مۇۋاپىق قىلمىش ئىكەن.

● 18 ـ ئەسىردە چاررۇسىيە خانىشى كاتېرىنىنا ئۆز ئېرىنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

● جەمئىيەتكە ئۆچمەنلىك قىلىش، ھەددىدىن ئارتۇق مەنمەنلىك ۋە ئىنقىلاب تەشۋىق قىلىنغان گېزىت ـ ژۇرناللاردىكى ھەددىدىن ئاشقان ئىغۋاگەرچىلىكلەرنى ئوقۇش، قايتا ـ قايتىلاپ يۈز بېرىپ تۇرىدىغان قەستلەپ ئۆلتۈرۈشلەرنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىدۇر.

● يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ۋە خەنجەرنىڭ نېمە رولى بولسۇن، ئەگەر بىر دۆلەت بىر ھاكىممۇتلەق مۇستەبىتنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا، خەنجەرگە تايىنىپلا ھاكىممۇتلەقلىقنىڭ زەنجىر ـ كىشەنلىرىنى بۇزۇپ تاشلاش مۇمكىن ئەمەس.

● ئاللا زالىم پادىشاھلارنىڭ ئەسكىلىك قىلىۋاتقان ۋاقتىنى ھېسابلاپ ئولتۇرىدۇ. ئاللا ھەرگىزمۇ پانىي دۇنيادىكى بۇ زالىم پادىشاھلارنى بوش قويۇۋەتمەيدۇ، ئاللا بۇ زالىم پادىشاھلارغا بالايىئاپەتنى قالدۇرۇپ قويغان.

● پۈتكۈل جەمئىيەت يەنىلا ھاكىممۇتلەقلىقنى يېتىشتۈرىدىغان پارنىك بولىۋەرسە، بىر ھاكىممۇتلەق زالىم پادىشاھ قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن يەنە بىر زالىم پادىشاھ ئۇنىڭ ئورنىغا ئالمىشىدۇ.

● ئەگەر مەقسەت ۋاستىدىن ئۈستۈن تۇرسا، ئۇنداقتا، بارلىق مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەت، ئەخلاق ۋە ئەقلىيلىق دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ.

● دۇرۇس مەقسەت ۋە يۈكسەك نىشانلار جىنايى ھەرىكەتلەرگە پارنىك بولالمايدۇ.

## ئۈچىنچى باب ئىنسانىيەتكە زىيان يەتكۈزۈۋاتقان كۈچلۈك مەنىۋى زەھەر

## —— ھۆكۈمەتسىزلىك ........................... (63)

● ئىسپانىيە ۋە فرانسىيىلەردىكى ھۆكۈمەتسىزلەرنىڭ تەشەببۇسى، «ئەڭ ياخشى ئۆلتۈرۈش ئۇسۇلى داۋاملىشىش ۋاقتى قىسقا، ئۆلتۈرگەن ئادەم جىق بولۇش»، يەنە كېلىپ بۇ خىل ئۇسۇل كەم بولسا بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«جەمئىيەتنى ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، چوقۇم قۇرۇغان شاخ ۋە چىرىگەن ياغاچلارنى جەمئىيەت دەرىخىدىن كېسىپ تاشلاش كېرەك.»

● ھۆكۈمەتسىزلەرنىڭ قارىشىچە، كاپىتالىزم سىنىپىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىلا خەلقنىڭ بەخت يولىدىكى توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلىغىلى بولارمىش.

● ياكوبىنچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىر ئاقسۆڭەكنى ئۆلتۈرۈش، بىر نەپەر گروندېچىنى دارغا ئېسىش، بىر پوپنى تونجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى خەلقنى قۇتقۇزۇشنىڭ قەدەم ـ باسقۇچلىرى، ۋەتەننى سۆيگەنلىكنىڭ دەسلەپكى قەدىمى ئىكەن.

● ئىنسانلارنىڭ بەختىگە كېپىللىك قىلىش ئۈچۈن، مارات ئۆزىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدە، قايسى ۋاقىتتا ھەر كۈندە 50 مىڭ ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئېلىش، قايسى ۋاقىتتا ھەر كۈندە 270 مىڭ ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئېلىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

● ھۆكۈمەتسىزلەرنىڭ نىشانى ئەخلاق ياكى سىياسىي جەھەتتىكى باراۋەرلىك بولماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي ئورۇن جەھەتتىكى باراۋەرلىك ھەمدە پاراۋانلىق ۋە ماددىي ئېھتىياج جەھەتلەردىكى باراۋەرلىكتۇر.

● پرودوننىڭ ھۆكۈمەتسىزلىك پلاكاتى: «بايلىقلار بۇلاپ كېلىنگەن» ۋە «كاتولىك دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى بىزنىڭ دۈشمىنىمىز.»

● كروپاتكىن ئەمگەكچى ئاممىغا شۇنداق دېگەن: «بايلارنىڭ بايلىقىنى بۇلاڭلار، ئۇلارنىڭ قەسىرلىرى ۋە خۇسۇسىي تۇرالغۇلىرىدا ئولتۇرۇڭلار، ئۆزۈڭلارنىڭ ئەسلىدىكى كەپە ئۆيۈڭلارنىڭ خىشلىرىنى ۋە قۇرتلاپ كەتكەن ياغاچلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلاڭلار.»

● فرانسىيە ئىنقىلابى دەۋرىدە، باراۋەرلىكنىڭ خاتا چۈشىنىلىشى سەۋەبىدىن، بارلىق پەرقلەرگە قارىتا ئۆچمەنلىك ئەۋج ئالغان: بايلىققا بولغان ئۆچمەنلىك، ئاقسۆڭەكلەرگە بولغان ئۆچمەنلىك، مائارىپقا بولغان ئۆچمەنلىك، گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتكە ۋە قائىدە ـ يوسۇنلارغا بولغان

ئۆچمەنلىك ۋەھاكازالار. باراۋەرلىك پرىنسىپى ئەسەبىيلەشكەن، ئىنقىلابىي روھ كىشىلەرنى خەت - ئالاقە جەريانىدا قارشى تەرەپنى ئىككىنچى شەخس بىرلىك بىلەن ئاتاشقا، ئادەت سۆزلىرىنى بىكار قىلىشقا مەجبۇر قىلغان.

● كىشىلەرنىڭ باراۋەرلىكنى خاتا چۈشىنىشى تۈپەيلى باراۋەرلىك، ھۆرلۈك، ئىقتىدار، پەزىلەت قاتارلىقلارنىڭ كۆشەندىسىگە ئايلىنىپ قالغاندا، كىشىلەردە بۇنداق بىر تەلەپ پەيدا بولغان: بارلىق ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن ئېشىپ كەتكەن نەرسىلەر بىر خىل سەۋىيىگە تۆۋەنلىتىلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بارلىق نەرسىلەر كىشىلەرنىڭ ھەسەتخورلۇقىنى قوزغىغان: باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغان ئەقلىي قابىلىيەت، ئەخلاقىي - پەزىلەت، بىلىم، ھەتتا فىزىئولوگىيىلىك ئەۋزەللىكلەرمۇ.

● بەزى ئېسىل پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ دائىم زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنىڭ سەۋەبى، پەقەت كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ تەرىپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن غەزەپلەنگەنلىكىدە.

● «گۈزەل ئەخلاق ۋە شان - شەرەپلەرمۇ كىشىلەرنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچرايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا يۈز بەرگەن بۇ ئىشلاردا، ئۇلار تەقلىد قىلالمايدىغان تەنقىد - تەنبىھلەر يوشۇرۇنغانمىش.»

● تېررورلۇق دەۋرىدە كىشىلەر «ئاقسۆڭەكلىشىپ كەتتى» دېگەن تەنقىدتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قوپال ۋە مۇتتەھەم بولۇپ كېتىدۇ.

● ياكوبىنچىلار ھەممىلا جايدا «ئاقسۆڭەكلەر» نى بايقىيالايتتى. ئاق، پاكىز كەلگەن قوللار بىر مەزگىل «ئاقسۆڭەكلىكنىڭ بەلگىسى» دەپ قارىلىپ، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىشقا يېتىپ ئاشاتتى، «يۇمران، ئاق، پاكىز قوللۇق ئەپەندىم» دېگەن بۇ نام ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغانلىق بىلەن باراۋەر ئىدى.

● كىنەز لاڭمار خانىم ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن جەسىتى سان. ئانتوئان رايونىدا يالىڭاچ كۆرگەزمە قىلىنغان، ئۇنىڭ ئاق، يۇمران تېرىسى ئۇنى

ئۆلتۈرگۈچىلەرنىڭ غەزىپىنى قوزغىغان، «قاراڭلار» دېگەن ئاردا بىرى ئىنتايىن غەزەپلەنگەن هالدا، «ئۇنىڭ تېرىسى نېمىدېگەن ئاق، سىلەر ئۇنىڭ گۈزەل تېرىسىنى كۆردۈڭلارمۇ»؟

● فرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ تارىخى بىزگە ئادەم تەبىئىتىنىڭ قورقۇنچلۇق، رەزىل بىر تەرىپىنى ئېچىپ بەردى. ئۇ چاغلاردا ھەسەتخورلۇق ۋە يولسىز تەلەپلەر ئەڭ ئاساسلىق ئىنقىلابىي قىزغىنلىق بولغانىدى.

● بارىئو مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر خۇدا ئىنسانلارنى قۇل قىلىپ قويماقچى بولسا، ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ دۇمبىسىنى ئىگەر شەكىللىك ياكى دۇمچەك قىلىپ قويىدۇ.»

● ۋولتېر مۇنداق دېگەن: «ئەگەر سىز قانۇنغا ياكى ھۆكۈمەتكە كۈچلۈك قارشىلىق بىلدۈرسىڭىز، بىكار تەلەپلەر سىزنىڭ ئەتراپىڭىزدا چۆرگىلەشكە باشلايدۇ. سىز ئۇلارغا سۇرلۇك تەكەببۇرانە قىياپەتتە مۇئامىلە قىلسىڭىز، زېرەك كىشىلەر ئۇلارنى ئىگەرلەپ ۋە ئۇلارغا يۇگەن سېلىپ، ئۇلارغا مىنىپ تۇرۇپ پادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ.»

● مەن ئەمدىلا 200 ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئالدىم، — دەپ يازغان فىشېر دۆلەت مەجلىسىگە يازغان خېتىدە، — مەن كۈندە شۇنچىلىك ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئېلىش تەكلىپىنى بېرىمەن. مۇقەددەس ھېسسىيات بولغاچقا، خۇشاللىق ۋە ھەققانىيەتنىڭ ياشلىرى كۆزلىرىمدىن ئېقىپ چۈشمەكتە... بىز چاقماقتەك تېزلىكتە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلايلى.

● ھۆكۈمەتسىزلەر پارتلاتقۇچ دورىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىشىدۇ. ئۇلار بىرسىنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋاتقان ۋاقىتتا ئۆزلىرىنىڭ بىر ھەققانىي ئىش قىلىۋاتقانلىقىغا ئىشىنىدۇ، خۇددى ئوغرىلىق قىلغاندا ئۆزلىرىنى تۆلەمگە ئېرىشىۋاتىمەن دەپ قارىغانغا ئوخشاش.

● فرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولغان تارىخى ئاللىقاچان بىر سىياسىي جىنايەتنىڭ مەكتىپىگە ئايلاندى ھەمدە خەلقتە ئىنقىلابقا نىسبەتەن ئەسەبىيلىك قوزغالدى.

● زوراۋانلىقنى ئاقلاش ئەمەلىيەتتە زوراۋانلىقنى قايتا كېلىشكە تەكلىپ قىلغانلىقتۇر.

● فرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ ھەرقانداق بىر ئىشىغا چوقۇنۇشقا ئەرزىمەيدۇ، ئۇ ھەم يۈكسەك گۈزەل ئەخلاق، ھەم شەپقەتسىز زوراۋانلىقلارغا، ھەم ۋەتەنپەرۋەرلىك، ھەم ئەسەبىيلىككە، ھەم قەھرىمانلىق، ھەم تەييارتاپلىققا تولغان بىر دەۋر ئىدى.

● 1789 ـ يىلىدىن بۇيانقى يۈز يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى فرانسىيە نۇرغۇن قېتىملاپ ئىنقىلابلارنى باشتىن كەچۈردى، ھەتتا ئۆز شارائىتىدىن رازى ئەمەسلەر ئۆز ئۈمىدىنى كېيىنكى قېتىملىق ئىنقىلابقا باغلايدىغان بولۇپ كېتىشكەنىدى.

● فرانسىيە ئىنقىلابى قەھرىمانلىق، شەپقەتسىزلىك، ئالىيجانابلىق ۋە قورقۇنچلۇق جەمئىيەت تەرتىپلىرى ئۆزئارا ئارىلىشىپ كەتكەن بىر دەۋر ئىدى. كىشىلەر ھۆرلۈك تىلغا ئېلىنىسىلا قورقۇپ تىترىشىپ كېتەتتى. چۈنكى، ئۇلار بۈيۈك ئىنقىلاب دەۋرىدىكى ئۆلچەم بويىچە ھۆكۈم قىلىشاتتى، ئۇلار ئىنقىلابنىڭ ئەمەلىيەتتە ھاكىممۇتلەق سىياسىينىڭ داۋامى ئىكەنلىكىنى كۆرمىگەنىدى.

● دىن ياكى پەلسەپىۋى ئېتىقاد بولمىغىنىدا ئىنسانىيەت سىلىق ـ رەھىمنى بىلمەيدىغان، زەھەرخەندە ۋە ياۋۇز ھايۋانغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

● فۇرىيې مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بەزى ئەخلاقشۇناسلار ئادەمگەرچىلىك، ھەۋەسلەرنى ھاجەتسىز، نورمالسىزلىق دەپ قارىسا، بۇنىڭ سەۋەبى بۇ ئەخلاقشۇناسلار قېرىپ قاپتۇ، ئاياللارنى سۆيۈشكە، ئاياللارنىڭ مۇھەببىتىدىن ھۇزۇرلىنىشقا يارىمايدىغان بولۇپ قاپتۇ.»

● رۇسسونىڭ سىياسىي سەپسەتىلىرى جەمئىيەتكە غايەت زور زىيانلارنى ئېلىپ كەلدى، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ شۈبھىسىزكى، خاتا نەزەرىيىلەر خاتا ھەرىكەتتىن تېخىمۇ قورقۇنچلۇق دېگەنىدى.

● خۇددى ئادەم تېنىدە زىيانلىق نۇرغۇن زەھەرلىك دورىلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولغىنىغا ئوخشاش، ئادەم روھىدىمۇ زىيانلىق نۇرغۇن زەھەرلىك دورىلار بار. بەزى تەلىماتلار ئىسمى - جىسمىغا لايىق مەنىۋى زەھەرلەردۇر. بەزى نەزەرىيىلەر خۇددى پارتلىتىش بۇيۇمىغا ئوخشاش بولۇپ، ئادەم قەلبىگە ئەڭ زەھەرخەندە ھېسسىياتلارنى توشقۇزۇپ، كىشىلەرنى بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا، ئىگىلىۋېلىشقا ۋە ۋەيران قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ.

● خۇددى ساناپ تۈگەتكۈسىز ساختا ئىچىملىكلەرنىڭ بولغىنىغا ئوخشاش، مەنىۋى زەھەرلەرنىمۇ قاچان ئاز بولۇپ باققان دەيسىز؟ بىچارە كىشىلەر روھىي ۋە جىسمانىي قوش زەربىگە ئۇچراپ تۇرۇۋاتىسلەر. چۈشكۈنلەشكەن ئىدېئالىزمچىلار پۈتكۈل جەمئىيەتنى ئۇزۇل - كېسىل زەھەرلەپ بولدى.

● سۆيفت مۇنداق دەپ سورايدۇ: «ئىنسانلارنىڭ چىرىكلىكى ۋە رەزىللىكى يۈرىكىڭىزنى ئېچىشتۇرمامدۇ؟»

## تۆتىنچى باب سىياسىي ئۆچمەنلىك ...... (132)

● بۆرىلەر ھەرگىزمۇ ئۆزئارا قىرغىن قىلىشمايدۇ، بۇ جەھەتتە بىز ئىنسانلار ھەتتا بۆرىلەرگىمۇ يەتمەيمىز!

● ئىنسانىيەت تارىخى شەكسىزكى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشقان ئۇرۇش تارىخىدىن ئىبارەت.

● ئىمپېراتور ئالېكساندىر ماكېدونسكىيغا چەت ئەللىكلەرگە ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەرگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىش تەكلىپىنى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئارىستوتېل بەرگەن دېسە ئىشىنەمسىز!

● ماكىياۋېللى مۇنداق دەيدۇ: «بىر ھۆكۈمدار ئەگەر باشقىلارنىڭ سۆيىقەستىدىن خالىي بولىمەن دەيدىكەن، ئۇنداقتا ئۇ ئۆزى تارتۇۋالغان، لېكىن جازالىمىغان ئادەملەردىن ھوشيار تۇرۇشى كېرەك.»

● گەرچە ئۆچمەنلىك ئۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەرگىزمۇ سىنىپىي كۈرەش ۋە گۇرۇھ - مەزھەپ كۈرىشىدەك ئۆنچىلىك

دەھشەتلىك ئەمەس.

● بۈيۈك ئىنقىلاب دەۋرىدە سىنىپىي كۈرەش ھەمىشە ئىنتايىن يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى، بۇ يۇقىرى باسقۇچتىكى سىنىپىي كۈرەشكە يـانـدىـشـىـپ كـېـلـىـدىغىنى بايلارنىڭ يەر ـ مۈلكى، سان ـ ساناقسىز ئاممىۋى خاتىرە مۇنارلىرى ھەمدە بەزى بازارلارنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى بولاتتى. 1793 ـ يىلى ياكوبىنچىلار لىئوندا 20 مىڭدىن ئارتۇق خۇسۇسىي ئۆينى ۋەيران قىلغانىدى.

● ئەقلىيلىق بىلەن دىن ئىنسانلارغا شۇنداق دەپ نەسىھەت قىلىدۇ: «بارلىق يۇقىرالار سېنىڭ قېرىنداشىڭ، سەن ئۇلارنى سۆيۈشۈڭ كېرەك.» بىراق، سىياسىئونلار كىشىلەرگە شۇنداق دەپ نەسىھەت قىلىدۇ: «ھەربىر يۇقىرا سېنىڭ رىقابەتچىڭ، سەن ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك قىلىشىڭ ھەم ئىمكانقەدەر ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىشىڭ كېرەك.»

● بۈيۈك ئىنقىلاب دەۋرىدە، مۆتىدىلپەرەسلەرگە ھەرقانداق پارتىيە ـ گۇرۇھلار ئىشەنمەيتتى: چېگرا رايونلاردا ئۇلار ئۇچۇن دارلار تىكلەنگەن. چەت ئەللەردە، خىلمۇخىل زىيانكەشلىكلەر ئۇلارنى ساقلاپ تۇراتتى.

● ياكوبىنچىلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، ھەتتا سوغۇق مۇئامىلە قىلىشمۇ قانۇنسىزلىق ھېسابلىناتتى.

● ئىنقىلابىي كۈرەشلەر سىياسىي ئۆچمەنلىكنى كۈچەيتىۋېتىدۇ، ھەرقايسى پارتىيە ـ مەزھەپلەر خۇددى دوئېل مەيدانىدىكى گلادىئاتورلاردەك ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىشىدۇ.

● روبىسپېرنىڭ نۇتۇقلىرى تۆھمەت سۆزلىرى بىلەن تولغان ئىدى. تۆھمەت قىلىش ياكوبىنچىلارنىڭ گروندىپچىلارغا قارشى تۇرۇشقا ئىشلىتىشكە ئەڭ ئامراق قورالى ئىدى.

● سىياسىي ئۆچمەنلىك كىشىنى شۇقەدەر جىـددىيلەشتۈرۈۋەتكەن يەردە، سىياسىي رەقىبىنى جازالاش كىشىنى قالتىس خۇشال قىلسا كېرەك، ئۆز سىياسىي رەقىبىنىڭ ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەرقانداق بىـر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سىياسەتۋازنىڭ كۆڭلى يايراپ كەتسە كېرەك.

● سىياسىي ئۆچمەنلىك ھەرقانداق نەرسىنى مۇقەددەس بىلمەيدۇ، ھەتتا قەبرىنىمۇ كۆزگە ئىلىپ قويمايدۇ، لېكىن ئۇنىمۇ بوش قويۇۋەتمەيدۇ.

● دانتون مۇنداق دەيدۇ: «بىز پارلامېنتتا ئاز سانلىق. بىز چوقۇم بىر توپ لۈكچەكلەرگە، بىر نەچچە رومكا ھاراق ئىچىپلا ۋەتەنپەرۋەر بولۇۋالىدىغان لۈكچەكلەرگە تايىنىشىمىز كېرەك.»

● ياكوبىنچىلار لۈكچەك، قۇلاقكەستىلەرنى قوبۇل قىلغان بىردىنبىر سىياسىي گۇرۇھ ئەمەس، گروندىبلارمۇ نۇرغۇن لۈكچەكلەرگە ياردەم قىلغانىدى.

● «توپىلاڭغا قاتناشقان نامراتلار ئۆزىگە نېمە لازىملىقىنى بىلمەيدۇ ھەم ئۆزىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ، ئېنىقكى، ئۇلارنىڭ غەزىپىنى باشقىلار پۇلغا سېتىۋالغان.»

● ئاۋامنىڭ ئۆچمەنلىكى بەكمۇ قارىغۇلارچە بولۇپ، ئۇلار توپىلاڭدا ھەمىشە ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى دوستلىرىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىشىدۇ.

● چوڭقۇر ئۆچمەنلىك كىشىنى ھېچنېمىدىن يانمايدىغان قىلىۋېتىدۇ، سوسىدىد مۇنداق دېگەن: «كوشلىس بىزنى ھېچنېمىگە قارىماي ئۆچ ئالغان بىر مىسال بىلەن تەمىنلىدى. ئۇزۇن مۇددەت كەمسىتىلىپ ئىدارە قىلىنغان، مۆتىدىل ئىدارە قىلىنىشنىڭ نېمىلىكىنى كۆرۈپ باقمىغان بۇ بەختسىزدىن بىز ئۇنىڭ ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن قايسى دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.»

● قانۇنغا ئىتائەت قىلىدىغان پۇقرالارنىڭ سەل قارىشى ئىنقىلاب دەۋرىدە زوراۋانلىقنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

● تاستۇ زالىم پادىشاھلارنىڭ رەھىمسىزلىكى ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئاجىزلىقىغا ئىنتايىن ئېچىناتتى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «قۇللارچە تىز پۈكۈش ۋە ئەمىنىيە دەۋرىدىكى بىكارغا ئاققان قانلار يۈرىكىمنى قاتتىق ئېزىدۇ.»

● ئارىمىزدا يەنىلا كاللىسى ئاددىي، پۇت ـ قولى تەرەققىي قىلغان، پەقەت ئۆچمەنلىكنىلا بىلىدىغان، پەقەت جەمئىيەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنىلا خالايدىغان لۈكچەكلەر ۋە قۇلاقكەستىلەر بار.

● چوڭ شەھەرلەردىكى كەمبەغەللەر مەھەللىسىگە يوشۇرۇنۇۋالغان كاللا كېسەرلەر ئىپتىدائىي ئورمانلاردا ياشاۋاتقان ياۋايىلاردىنمۇ ياۋايى، تېخىمۇ ۋەھشىي.

## بەشىنچى باب سىياسىيدىكى ساختىپەزلىك ........................ (164)

● سىياسىيدىمۇ دىندىكىگە ئوخشاش ساختىپەزلەر بار، ئۇلارنىڭ دەبدەبىلىك سۆزلىرىنىڭ ئاستىغا ئۇلارنىڭ قارا نىيىتى يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

● لۇئى XI نىڭ قارىشىچە قانداق يالغان سۆزلەشنى ئۇقمىغان ئادەم قانداق ھۆكۈمرانلىق قىلىشنىمۇ ئۇقمايدۇ.

● ساختىا قىياپەتكە كىرىۋېلىش رىم ئىمپېراتورلىرىنىڭ شەپقەتسىزلىكىنىڭ كەينىدىلا تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكى ئىدى.

● ھۆكۈمرانلىق تەختىگە چىقىش تەمەسىدە يۈرگەن ھەرقانداق ئادەم ساختىپەز، بۇلار تېخى قارا نىيىتىمىز يوق دېيىشىدۇ.

● كىرومۋېلدىنمۇ چوڭ ساختىپەز بارمۇ؟ ئۇ ئۆزىنىڭ قارا نىيىتىنى ساختىا كەمتەرلىك ئىچىگە يوشۇرغانىدى.

● بىر مىللەتنىڭ ئارزۇسىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا كەمسىتكەن پادىشاھنىڭ ئۆزىنى خەلقنىڭ ۋاكالەتچىسى، مىللەت ئىرادىسىنىڭ ئىجراچىسى دەپ جاكارلىشى تۇرغانلا گەپ.

● 1870 ـ يىلى پرۇسسىيە پادىشاھى مەن فرانسۇز مىللىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى ناپولېئون III بىلەن ئۇرۇشۇۋاتىمەن دېگەن. بىراق، ناپولېئون ئەسىرگە چۈشكەندىن كېيىن پرۇسسىيە داۋاملىق بۇ مىللەت بىلەن ئۇرۇش قىلغان.

● زىيانكەشلىك قىلغۇچىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنى دار ئالدىغا ئېلىپ كەلگەن ۋاقىتتا ھەممىشە سۆزلەيدىغىنى ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە مېھىر ـ شەپقەت.

● دىنغا قارشى ئەسەبىيلىك ئادەتتە ساختا ۋە شەپقەتسىز بولىدۇ.

● زىيانكەشلىك قىلىش زوراۋانلىق ئۇسۇلى بىلەن مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغاندا، ساختا ھالدا قانۇن شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

● مۇسادىرە قىلىپ ئومۇمنىڭ قىلىۋېلىش، فرانسىيە ئىنقىلابى دەۋرىدە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن سىرتقا «پىچەتلەش ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىش» دەپ ئېلان قىلىنغان.

● روبىسپىر نەقەدەر ساختىپەز ـ ھە! ئۇنىڭ بارلىق نۇتۇقلىرىغا ھىيلە ـ مىكىر ۋە ساختىپەزلىك تولۇپ تاشقان. ئۇ بەئەينى سىياسىي ساختىپەز — دارديىفنىڭ ئۆزى ئىدى.

● دىننى يوقىتىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ھۆكۈمەت دىنىي خادىملارنى قالايمىقان تالاپ ئىشقا قويۇش ئارقىلىق دىننىڭ ئابرۇيىنى چۈشۈرىدۇ. پولشالىقلارنىڭ كاتولىك دىنىنى بېسىش ئۈچۈن رۇسىيە ھۆكۈمىتى بىر ھاراقكەش لۇكچەكنى باش ئېپىسكوپلۇققا تەيىنلىگەن.

● كۆپ سانلىقلارنى بېسىش ئۈمىدىدىكى ئىغۋاگەرچى، گەرچە خەلق ئىچىدىكى ئەڭ تەربىيە كۆرمىگەن، ئەڭ يۈز ـ ئابرۇيى يوق بىر بۇيۇك ئادەملەرگە ۋەكىللىك قىلسىمۇ، لېكىن ھەممىشە خەلق نامىدا سۆزلەيدۇ ھەمدە كۆپ سانلىقلارنى ئىنتايىن ئاز سانلىق دەپ ئاتايدۇ.

● ئىنقىلابنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىدە فرانسىيە خەلق ھوقۇقىغا تەبئىي ۋەكىللىك قىلغۇچىلار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى.

● ۋەھىمە بەزى ئادەملەرنى ساختا ھەم شەپقەتسىز قىلىپ قويىدۇ. مۇنتاين مۇنداق دېگەن: قورقۇنچانلىق شەپقەتسىزلىكنىڭ ئانىسى.

● سان ـ ساناقسىز سىياسەتۋازلار باش قاتۇرۇپ ساختا قىياپەت بىلەن خەلقنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىشكە تىرىشىدۇ. . . ئەگەر ھەققانىيەت ۋە

ئەركىنلىك روھى ئۇلارنى خەلقنىڭ قوللىشىدىن مەھرۇم قالدۇرۇش خەۋپىدە قويسا، ئۇلار رەقىبلىرىنىڭ ئۆزلىرىدىن قوپاللىق بىلەن ئېشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، تېزلىكتە قوپال، ئادالەتسىز ۋە مۇتتەھەم بولۇۋالىدۇ.

● سىياسىي ئەڭ مۇنەۋۋەر ئادەملىرىمىزنىڭ پەزىلىتىنى چىرىتىدۇ.

● خەلق ئۆزىگە قىلىنغان ساختا ۋە ئوچۇق - ئاشكارا خۇشامەتتىن ناھايىتى ئاز بىزار بولىدۇ، خەلق ھەمىشە ئېزىقتۇرۇشقا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئارىستوفىن مۇنداق دېگەن: «خەلق ئەڭ ئوڭاي ئالدانغۇچىدۇر.»

● ئاشۇ جېنىنىڭ بارىچە توۋلاۋاتقان خەلق دوستلىرى ئىچىدە قانچىسىنىڭ خەلققە بولغان مۇھەببىتى ھەقىقىيدۇر؟ يەنە قانچىسى تىلدىن باشقا ئۇسۇللاردا ئۆزلىرىنىڭ سادىقلىقىنى ئىسپاتلاپ باقتى؟

● ئەڭ تار ۋە ئەڭ چىرىك كاللا ساختىپەزلىكتىن ئىبارەت بۇ كەسىپتىن ئەڭ چوڭ نەپكە ئېرىشكەن كاللىدۇر.

● ئوردا ۋەزىرلىرىنىڭ ئوبرازى: «ھۇرۇنلۇقىدىن ھەسسىلەپ ئېشىپ بارغان قارا نىيەت، تەكەببۇرلۇقىدىن ئارتىپ بېرىۋاتقان رەزىللىك، ئىشلىمەي باي بولۇش ئارزۇسى، ھەقىقەتتىن بىزار بولۇش، خۇشامەتچىلىك، ساختا قىياپەتكە كىرىۋېلىش، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماسلىق، بارلىق قەسەملىرىنى ئاياغ ئاستى قىلىش، پۇقرالىق مەجبۇرىيىتىنى كەمسىتىش.»

● تەلىپى ئىنتايىن كۆپ ھەم ھۇرۇن بىر ئادەم، مەيلى ئۇ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر «ئېھتىياجىغا قاراپ تەقسىملەش» دېگەن گەپنى دېيىشنى بەك خالايدۇ، سەگەك ۋە تىرىشچان ئادەملەر شۇنى چۈشىنىدۇكى، ھەقىقىي پرىنسىپ «ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىش.»

● ئەركىنلىك توغرىسىدا ئەڭ كۆپ سۆزلەيدىغان ئادەمنىڭ ئۈمىد قىلىدىغىنى پەقەتلا ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكى، ئۇ باشقىلارنىڭ ئەركىنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ... ئەركىنلىككە بولغان مۇھەببەت ئېغىزدىكى قۇرۇق ئۈچمەنلىكتىنلا تۈزۈلگەن ئەمەس.

● ھېچكىم ئېزىلىشنى خالىمايدۇ، لېكىن ھەممىسى ئادەم ئەزگۈچى بولۇپ بېقىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ھەممە ئادەمنىڭ ھۆر بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغان ئادەم بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا — كىشىلەر پەقەت ئۆزى ۋە دوستلىرىنىڭلا ھۆرلۈكىنى ئارزۇ قىلىدۇ.

● ئىلگىرى ھاكىممۇتلەقلىققە ھەممىدىن ئاۋۋال يۇقىرى ئاۋازدا قارشى تۇرغانلار ھازىر ئۆزلىرى سېپى ئۆزىدىن ھاكىممۇتلەق بولۇپ قېلىشتى، ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىشنى يۇقىرى ئاۋازدا سۆككەنلەر بولسا ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىش جىنايىتى ئۆتكۈزدى.

● گېتې ساختا ئەلچىلىرىنى مۇنداق دەپ مۇھاكىمە قىلىدۇ: «مەن ئەركىنلىك ئەلچىلىرىدىن بىزار، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانى ئۆزلىرى خالىغانچە ھەرىكەتلىنىش ھوقۇقىدۇر.»

● ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالغان ئادەم ئۆكتىچى ئورۇندا تۇرغان چاغدا بىلدۇرگەن ھۆرلۈك پرىنسىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرگەندىلا ئاندىن ئۇنىڭ ھۆرلۈككە بولغان سەممىيىتىگە ئىشىنىش مۇمكىن.

## ئالتىنچى باب سىياسىي بۆلەكچىلىق ...... (204)

● دىن ۋە ۋىجدان كىشىلەرنى شۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ: «باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئالماڭلار، پېشانە تەرىڭلارغا تايىنىپ جان بېقىڭلار.»

● قەدىمكى يۇناندىكى ئارخىلىس ئاگامىنونىنى ئەڭ ئاچ كۆز ئادەم دەپ تەرىپلىگەنىدى.

● قول - ھۈنەرۋەنچىلىكنى پەسكەش ئىش دەپ قارىغان قەدىمكىلەر، بۆلەكچىلىكنى قىلچىمۇ پەسكەشلىك دەپ قارىمىغان، ئۇلارچە كۈچلۈك مىللەتلەرنىڭ ئاجىز مىللەتلەرنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلىشى تامامەن ھەققانىي ئىش ئىكەن.

● ئۇرۇش نۇرغۇن بەدەۋى مىللەتلەرنىڭ كەسپىدۇر.

● ئاپىئو سىتسىلىيىدىن كەتكەن چاغدا سىسېرو بۇ ئۆلكىنىڭ شۇ قەدەر ئاياغ ئاستى قىلىنغانلىقىنى، ھەتتا «كىشىلەر بىر ياۋايى ھايۋان بۇ ئۆلكىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپتۇ» دەپ قالغۇدەك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى بايقىغان.

● كايسارنىڭ لەشكەرلىرىنى باي قىلىش ئۇسۇلى: رىملىقلارنىڭ قورال كۈچى بىلەن گاللىيىنى بويسۇندۇرۇپ، گاللىيىلىكلەرنىڭ پۇل ـ دۇنياسى بىلەن رىملىقلارنى بويسۇندۇرۇشتىن ئىبارەت.

● رىملىقلار دۇنيانى مەدەنىيلەشتۈرۈش بايرىقى ئاستىدا دۇنيانى تالان ـ تاراج قىلغان بىردىنبىر مىللەت ئەمەس.

● 17 ـ ئەسىردە ئەنگلىيىنىڭ ئىرلاندىيىنى شەپقەتسىزلەرچە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشى.

● ھەربىي قوشۇن ھەمىشە بۇلاڭ ـ تالاڭدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

● رىم 1527 ـ يىلى ژاندارمىلىرىنىڭ بۇلاڭ ـ تالىڭىغا ئۇچرىغاندا، بۇ ژاندارما قوشۇننى تۈزگۈچى ئىسپانىيىلىكلەر ۋە گېرمانىيىلىكلەر ئەڭ ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزگەنىدى.

● فرانسىيىنىڭ كونا تۈزۈمى ئاستىدىكى جەمئىيەت تەشكىلى تولۇق بۇلاڭچىلىق شەكلىنى ئالغانىدى. «ئۈچىنچى تەبىقە» دىكى دېھقانلار ئېغىر ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچراپ بەللىرى مۈكچىيىپ كېتەتتى. ھالبۇكى، سىياسەتۋازلار بولسا دېھقانلارنىڭ نامراتلىقىدىن خۇشاللىق تېپىشاتتى، دېھقانلارنىڭ نامراتلىقىنى دېھقانلارنى بويسۇندۇرۇشنىڭ كاپالىتى دەپ بىلەتتى.

● پلوتارك مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەر بايلىقنى ئېرىشىش ئۈچۈن باشقىلارنى ئۆلتۈرىدۇ؛ ئادەم ئۆلتۈرگۈچى بەلكىم قىلچە ئىككىلەنمەستىن، <ئېسىل ئۆيلەر، چىرايلىق گۈللۈكلەر بۇ ئادەمنىڭ ئۆلۈش سەۋەبى>» دېيىشى مۇمكىن.

● سىياسىي ئىغۋاگەرچىلەرنىڭ ھەممىسى نامرات بولىدۇ، شۇڭا ئۇلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئارقىلىق بايلىققا ئېرىشمەكچى بولۇشىدۇ. بۇنداق يۈرەك ئۇلارنىڭ مەھرۇم قالغۇدەك ھېچنېمىسى يوقلۇقىدەك رېئاللىقتىن كەلگەن.

● ناپولېئوننىڭ «قورساق بىلەن دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش» نەزەرىيىسى.

● قىلچىمۇ خاتاسى يوقكى، ئادەمنىڭ نەپسى ۋە ماددىي مەنپەئەت ئىنقىلابنىڭ شەكىللىنىشىگە غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدۇ.

● يەھۇدىيلارنىڭ بايلىقى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردە تۇرلۇك زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىنىڭ بىرىدۇر.

● دىنىي ئىسلاھات يالغۇز دىنىي كۆزقاراشلاردىن باشلانغان ئەمەس، نۇرغۇن گېرمانىيە پادىشاھلىرىنىڭ ئىسلاھاتچىلارنىڭ ئېتىقادىنى قوبۇل قىلىشىدىكى سەۋەب، پەقەت دىنىي جەمئىيەتنىڭ بايلىقىنى قولغا چۈشۈرۈشتىن ئىبارەت، خالاس.

● رىم ئىمپېراتورلىرىنىڭ كىشىنى نەپرەتلەندۈرىدىغان يېرى: مەخپىيەتلىكنى ئېيتقۇچىلارنى باي بولۇشقا رۇخسەت قىلاتتى، ھەتتا ئۇلارنى ئابرۇيلۇق مەرتىۋىلەرگە ئېرىشتۈرەتتى.

● تەين مۇنداق دېگەن: «ھەرقانداق بىر ئىنقىلاب مەيلى قانچىلىك جاراڭلىق بولغان ھۆرلۈك، باراۋەرلىك ۋە مېھرىبانلىق ئىبارىلىرى بىلەن ئۆزلىرىنى كۆككە كۆتۈرسۇن، ئۇ ماھىيەتتە يەنىلا مال ـ مۈلۈكنىڭ يۆتكىلىشىدۇر.»

● ئىنقىلابچىلار ئەزەلدىن گەمىلەرنى زىيارەت قىلىشقا سەل قارىغان ئەمەس.

● «ئىنجىل» دا مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇلار يەرلەرگە كۆز تىكسە يەرلەرنى تارتىۋېلىشىدۇ، ئۆيلەرگە كۆز تىكسە ئۆيلەرنى زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىشىدۇ: ئۇلار بىر ئادەمنى ئېزىۋاتقان ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئۆيىنىمۇ ئېزىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ مىراسلىرىنىمۇ ئېزىدۇ.»

● سىسېرو ئانتونىيدىن شۇنداق دەپ سورىغان: «سېنىڭ 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈندىكى قەرزىڭ 4 مىليون سېسترس ئىدى. 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگە كەلگەندە بولسا ئازراقمۇ قەرزىڭ قالماپتۇ، سەن قايسى ئەپچىل چارە بىلەن مۇشۇنداق قىلالىدىڭ؟»

● يۇپىتېر قول ئاستىدىكى ھەربىر دەرىجە ئۈچۈن ئىككىدىن شىرە تەييارلىغان بولۇپ، چاققان، كۆچلۈك، ھوشيارلىرى بىرىنچى شىرەدە ئولتۇراتتى، دىتى يوق، قابىلىيەتسىزلىرى ئۇلار ئاشۇرۇپ بەرگەن تائاملارنى ئىككىنچى شىرەدە يەيتتى.

## يەتتىنچى باب سىياسەتۋازلارنىڭ چىرىكلىشىشى ۋە چۈشكۈنلىشىشى

(240)

● «ئۆزىنى تىزگىنلەش، سەمىمىيەت، دۇرۇسلۇق، ئاممىۋى ئىشلارغا قىزغىنلىق، ئادىل، شەخسىيەتسىز بولۇش، ئوردىدىكى ناچار ئىللەتلەرگە ئوخشىمايدىغان بۇ ئېسىل پەزىلەتلەر پەقەت دېموكراتىيە خاراكتېرىگە ئىگە تۈپراقتىلا ئاندىن تەبىئىي يېتىلىپ تارتىپ ئۆسەلەيدۇ.»

● يۇگۇردا ئۆزىنىڭمۇ مەخپىي ئەلچىسىگە «بارلىق ۋىجدانلىق زاتلارغا ئالتۇننىڭ تەسىرىنى سىناق قىلىپ بېقىش»نى تاپىلىغانىكەن.

● ئەخلاق ۋە ھەققانىيەتنىڭ نۇقتىسىدىن قارىغاندا، نۇرغۇن سىياسەتۋازلار ئىپلاس ۋە چاكىنا ئادەملەردىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۇلارنىڭ نۇتۇقلىرىدا ئىپادىلەنگەن پەزىلەتلىرىنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسىچە.

● «ئاچ كۆزلۈك خۇددى يۇقۇشچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان ۋابا كېسىلىگە ئوخشاش ئىنسانلارنىڭ روھىيىتىنى چوڭقۇر زەھەرلىگەن.»

● «كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئوغرىلىغۇچىلار كىشەن ـ ئىشكەللەر ئىچىدە ئۆزىنىڭ كېيىنكى ئۆمرىنى ئۆتكۈزىدۇ، لېكىن ئومۇمنىڭ مال ـ مۈلكىنى يۇتۇۋالغان جىنايەتچىلەر بولسا باياشاتلىق ۋە راھەت ـ پاراغەتتە تۇرمۇش كەچۈرمەكتە.»

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

● «بۇ ھەممە ئادەمگە مەلۇملۇق بولغان سېنات ئەزالىرىنىڭ مىسالى، ئۇ سودىيە بولۇپ ئىشلىگەن ۋاقتىدا، ئوخشاش بىر دېلودا، ئۇ بىر تەرەپتىن، جاۋابكارنىڭ مال ـ مۈلكىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى باشقا سودىيىلەرگە ئۆلەشتۈرۈپ بەرگەن؛ يەنە بىر تەرەپتىن، دەۋاگەرنىڭ پۇلىنى قوبۇل قىلىپ جاۋابكارنى گۇناھكار» دەپ ئېلان قىلغان.

● ماكېدونىيە پادىشاھى فىلىپنىڭ يۇناننى بويسۇندۇرۇشىدا ئۇنىڭ ئالتۇنلىرى ئۇنىڭ قوراللىرىغا ئوخشاش رول ئوينىغان. چۈنكى ئۇ دائىم قورال بىلەن ئالالمىغان جايلارنى ئالتۇن بىلەن ئوڭايلا قولغا چۈشۈرەتتى.

● قەدىمكى ئافىنا ئاتېئىزمچى سىياسەتۋازلىرىنىڭ تىپىك مىسالى — ئالسىبىد.

● ئەنگلىيە پادىشاھىنىڭ فرانسىيە ئوردا ۋەزىرلىرىنى سېتىۋېلىشى، فرانسىيە پادىشاھىنىڭ ئەنگلىيە ئوردا ۋەزىرلىرىنى سېتىۋېلىشى.

● نۇرغۇن ئەنگلىيە پادىشاھى شېرىنكانە بەدىلىگە پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ بېلىتىنى سېتىۋالاتتى.

● 1688 ـ يىلدىكى «شەرەپلىك ئىنقىلاب»تىن كېيىن چىرىكلىك يەنىلا ئەنگلىيىدە يامراۋەردى.

● روبېرت. ۋالپولنىڭ پارلامېنت ئەزالىرىنى سېتىۋېلىش ئۇسۇلى كىشىنىڭ كۆلكىسىنى كەلتۈرىدىغان بولۇپ، سېسىق نامى پۇر كەتكەنىدى.

● 19 ـ ئەسىردىكى ئەنگلىيىدە، سايلام كەسپىنى كۆتۈرە ئېلىۋالغان ۋاكالەتچىلەر «ھەتتا پاي چېكى بازىرىدا پالاتا ئورنىنىڭ سودىسىنى قىلىدىغان بازار ئەھۋالى جەدۋىلى تەسىس قىلىشقا ئۇرۇنغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتىمۇ سايلام رايونى ئورنىنىڭ سودا ئەھۋالى بىلەن تەمىنلەيدىغان باھا جەدۋىلى راستىنلا پەيدا بولغانىدى.»

● فرانسىيە ئىنقىلابىدىن ئاۋۋالقى كونا تۈزۈمدە، فرانسىيىدە ئاپەتكە ئايلانغان كىشىنىڭ غەزىپىنى قوزغايدىغان، خىيانەتچىلىك ۋە چىرىكلىك.

● «ھازىرقى باسقۇچتا، ئاز بىر ئوچۇم ئەبلەخلەر قانۇنسىز ۋاستىلەر

بىلەن ناھايىتى تېزلىكتە مۆجىزە خاراكتېرلىك بايلىقنى قولغا چۈشۈرۈۋالغان. ئۇلارنىڭ غايەت زور قانۇنسىز مۈلكى، ھېچكىمنى نەزىرىگە ئىلىپ قويمايدىغان ئەيش ـ ئىشرەت ۋە كەيپ ـ ساپالىرى، ھەددى ـ ھېسابسىز دەپىن ـ دۇنيالىرىغا قاراڭ، بۇ خىل ھالەت سەممىيەت ۋە دۇرۇسلۇققا مۇناسىۋەتلىك بارلىق ھېكمەتلىك سۆزلەرنى چىرىتىپ تاشلىيالايدۇ.»

● بىر مىللەتكە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىر مەيدان سىياسىي ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىش بىر مەيدان ئەخلاق ئىنقىلابى ئېلىپ بارغاندىن كۆپ ئوڭاي. ئۇنىڭ تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىش ئۇنىڭ تۇغما بىلىمىنى ئۆزگەرتكەندىن كۆپ ئوڭاي.

● ياكوبىنچىلارنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ كۆپ سانلىقى بىر توپ چەرەندە ـ پەرەندىلەر ۋە شاللاق چۈشكۈنلەشكۈچىلەر ئىدى.

● «بىزدە تۇغما بىلىمنىڭ باھا جەدۋىلى بار، باھاسى ئانچە ئۆرە ئەمەس، ھەربىر ئادەم ئۇنىڭ قىممىتىدىن تۆۋەن بولغان باھادا ئۇنى سېتىۋالالايدۇ.»

● چىرىكلىكنىڭ سەۋەبى تىلغا ئېلىنغاندا، بولۇپمۇ سىياسەتۋازلارنىڭ چىرىكلىكىنىڭ سەۋەبى تىلغا ئېلىنغاندا شۇنداق دېيەلەيمىزكى، بۇ ئۇلارنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلگەنلىكىدىن بولغان، پەقەت مۇشۇلا ئۇلارنىڭ چىرىكلىكىنىڭ سەۋەبىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

● ئۇ ئۆزىنىڭ رەزىللىكىگە ساختىپەزلىك تەركىبلىرىنى قوشتى، بولمىسا ئۇ بۇنچىلىك چۈشكۈنلەشكەن سىياسەتۋاز بولمايتتى.

● شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، نۇرغۇنلىغان سىياسەتۋازلار سىياسىينى ئۆزىگە خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدىغان ۋە ئۆزلىرىنى ھۇزۇرلىنىشقا ئۇندەيدىغان بىر خىل ۋاستە قىلىۋالغان.

● ئاددىي ـ ساددا ۋە مۇۋاپىق بولغان يېمەك ـ ئىچمەك، نورمال تۇرمۇش ۋە ئۆزىنى سالماقلىق بىلەن تىزگىنلەش ئادەتلىرىنىڭ ھەممىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىياسىي چىرىكلىكنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئەڭ ياخشى دورىدۇر.

● سىياسىي چىرىكلىكنىڭ سەۋەبى تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، ئەيش ـ ئىشرەت، كەيپ ـ ساپا ۋە ئىسراپچىلىقنى ھەددىدىن ئارتۇق قوغلىشىش ھەمدە كۆڭۈل ئېچىش، بەزمىلەرگە ھەددىدىن ئارتۇق ئىنتىلىشتۇر.

## سەككىزىنچى باب سايلامدىكى چىرىكلىك ........................ (304)

● ماكىياۋېللى لېئو X غا مۇنداق تەكلىپ بەرگەن، ئەگەر سايلام سىزنىڭ دىتىڭىزغا ياقمىسا، ئۇنداقتا خەلققە كۆرۈنۈشتىكى سايلام ئېلىپ بارغۇزۇڭ، سايلام بېلىتىنى سېتىۋېلىش ياكى سايلام كۇنىدە سايلام بېلىتىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشتەك ئۇسۇللار بىلەن سايلام نەتىجىسىنى قالايمىقان قىلىۋېتىڭ.

● پولشادا پادىشاھلىق ئورنى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقماقچى بولغاندا پادىشاھ ئادەتتە پۇل بىلەنلا تەختكە چىقاتتى.

● ئومۇمىي سايلامنىڭ ئەۋزەللىكىنى كانىيى يىرتىلغۇدەك ئاۋازدا تەشۋىق قىلىۋاتقان ھۆكۈمەت ئەڭ ئاۋۋال سايلامدا چىرىكلەشكەن ھۆكۈمەتتۇر.

● لا. برويېر مۇنداق دېگەن: «خەلققە بىر ئادەمنىڭ قۇلى بولۇش پۈتۈلگەن، ئۇلار ئۆزلۈكسىز ھالدا شۇنداق بىر ئادەمنى ئۆزلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئورۇنغا قويۇشىدۇ.»

● كۇنتۇ مۇنداق دېگەن: نامزات ئاۋۋال مۇلايىم ۋە سۆيۈملۈك بولۇشى، خۇشامەتكە پىخسىقلىق قىلماسلىقى كېرەك.

● نامزاتلار چوقۇم ئىنتائەتمەن كۆرۈنۈشى كېرەك: بۇ خىل ئىنتائەتمەنلىك، باشقا شارائىتلاردا ياراشمىسىمۇ ھەم ئانچە مۇۋاپىق كەلمىسىمۇ، لېكىن ئۇ بىر نامزات بولغان ۋاقىتتا، بۇ كەم بولسا

بولمايدۇ. . . بىر نامىزاتقا باشقا تاللاش يولى يوق، ئۇ چوقۇم ئۆزىنىڭ چىرايى، ئىپادىسى ۋە گەپ ـ سۆزلىرىنى ئۆزى ئۇچراشقان بىر توپ ئادەمنىڭ كۆزقارىشى ۋە قىزىقىشىغا ماسلاشتۇرۇشى كېرەك.

● سىسېرو ئۆز رايىغا خىلاپ ھالدا بارلىق گۇرۇھ ـ مەزھەپتىكىلەرگە ماسلىشىپ مۇنداق دېگەن: «مەن سەمىمىيەتچىل پۇقرالىرىمىنىڭ ھۆرمىتىگە مەپتۇن بولۇپ قالغىنىم يوق، ئەكسىچە ھارامزادە ۋە چاكىنا ئادەملىرىمىنىڭ قەلبىدىكى ھۆرمىتىم تېخىمۇ يۇكسەك.»

● سىياسىي ھۆددىگەرلەر سايلامدىكى تەسىر كۈچىنى ئەڭ كۆپ پۇل چىقارغۇچىغا ساتىدۇ. ئۇلار ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق سايلام ھۆددىگەرلىرىدۇر.

● بۈرۈنقى دەۋرلەردە ھوقۇقتا ئىگە بولۇش ئۇچۇن ئاۋۋال چوقۇم بىر جەڭچى بولۇشقا ياكى بىر پوپ بولۇشقا توغرا كېلەتتى؛ «بۈگۈن ئىستىلىستىكا ئىلمىنىڭ تەرەققىي قىلىپ كېتىشى سەۋەبىدىن، سىز پەقەت چىرايلىق نۇتۇق سۆزلىيەلىسىڭىزلا خەلقنىڭ رەھبىرى بولۇپ سايلىنالايسىز.»

● «خەلقنىڭ تىل ۋە ئەدەپ ـ قائىدىلەرگە ئېتىبار بېرىشى مۇلازىمەت ۋە ئەمەلىي ئەھۋالغا ئېتىبار بېرىشىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ.»

● سايلامنىڭ چىرىكلىشىشىگە دائىملا ئالدامچىلىق يانداشىپ كېلىدۇ. ئۆلگۈچىلەر ۋە قاتناشمىغۇچىلار بىلەت تاشلاشقا سېلىنىدۇ؛ بېلەت تاشلاش باشلانماي تۇرۇپلا بېلەت ساندۇقى بېلەت بىلەن تولۇپ كېتىدۇ.

● ئىنگىلىزچىلەر ئەقىللىق ئادەملەرنىڭ قولىدىن ھوقۇقنى تارتىۋېلىشىدۇ، خۇددى ماتروسلار رولچىنى رول يېنىدىن ھەيدىۋەتكەنگە ئوخشاش، ئۇلار «پاراخوتنى ئىگىلىۋالدى، تۇزۇمگە خىلاپلىق قىلدى، ھاراق ئىچىپ پاراخوت ھەيدىدى.»

● ئافىنانىڭ دېموكراتىيىسى گەرچە ئەقىل ـ پاراسەت تېپىدىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ سىياسىي گەۋدىسى بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا پەرق ئېتىش

كۆچى تۆۋەن ئىدى. ئافىنانىڭ دېموكراتىيىسى ئەقىل ـ پاراستــــى ۋە دۇرۇسلۇقى بىلەن شۆھرەت قازانغۇچىلارغا ھەسەت قىلاتتى ھەم شۇنداق ئادەملەرنى سۈرگۈن قىلاتتى.

● ئادەم دېگەن ئۆزىدىن ئۈستۈن كىشىلەرگە نىسبەتەن دائىم ھەسەت قىلىپ ۋە بىزار بولۇپ تۇرىدىغان تەبىئەتكە ئىگە. مىرابونىڭ ئەقىل ـ پاراستى نۇرغۇن ئادەملەرنى ئۆزىگە دۈشمەن قىلىۋالغاندى.

● ئافىنادا، مۇبادا مەلۇم بىر سىياسىئون دۇرۇسلۇقى ۋە ئىقتىدارى بىلەن خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن بولسا، ئۇنىڭ رەقىبى شۇ ھامانلا خەلق ئالدىدا ئۇنىڭ مەقسىتى ھاكىممۇتلەق بولۇش دەپ ئەيىبلەيتتى.

● خەلق جاھانكەزدى ئالدامچىلارنى ۋە نەيرەڭۋازلارنى ياخشى كۆرىدۇ، خەلقنىڭ ياخشى كۆرىدىغىنى كىشىلەرنى تىرىشچانلىقتا، ئاددىي ـ ساددىلىقتا ۋە ئۆزىنى تىزگىنلەشكە ئۈندەيدىغان ئادەملەر ئەمەس، بەلكى جاھانكەزدى ئالدامچىلار، مۇمكىن بولمايدىغان ئىشقا ۋەدە قىلغۇچىلار ۋە ئەمەلىيەتتە شەخسىي نەپنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ۋەدە قىلغان كىشىلەردۇر.

● «سايـلامـدىـنـمـۇ بـەكـرەك ئـالـدامـچـىـلـىـقـقـا تولغان نەرسە يوق» دەيدۇ سىسېرو، «فىلىپنىڭ شۇقەدەر ئەقىل ـ پاراستى بار تۇرۇپ، خىزمەتكە شۇقەدەر جان كۆيدۈرەر تۇرۇپ، خەلقنىڭ كۆڭلىگە شۇقەدەر ياققان تۇرۇپ، ئائىلە كېلىپ چىقىشىمۇ شۇ قەدەر ياخشى تۇرۇپ ھېرېننىئۇغا يېڭىلىپ قېلىشىنى كىم ئويلىغان دەيسىز؟»

● خەلق تېخى تولۇق ئاقارتىشقا ئېرىشەلمىگەن سەۋەبلىك جاھانكەزدى ئالدامچىلارنىڭ ئولجىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ، ئۇلارنى ئىغۋاگەرچىلەرنىڭ زەھەرلىك چىشىدىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇلارنى تەربىيىلەش زۆرۈر. خەلقنى تەربىيىلەش ھۆكۈمەتنىڭلا مەسئۇلىيىتى بولۇپ قالماي، بەلكى بارلىــق ھەققانىيەت تۇيغۇسى بار، پۇرسەت ۋە بىكار ۋاقتى بار كىشىلەرنىــڭمۇ مەسئۇلىيىتى.

● پلاتون سىياسىينىڭ ئېسىل ئەخلاققا زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلگەن،

شۇڭا ئۇ ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئادەملەرنى ھېچقانداق ئامىغۇى يېتەكچىلىك پائالىيەتلىرىگە قاتناشماسلىققا دەۋەت قىلغان.

● سىياسىيغا سەل قاراش بىر خىل ئېغىر خاتالىق، چۈنكى بۇنداق قىلىش سىياسىي ساھەنى رەزىللەر ۋە ئىقتىدارسىزلار ئۈچۈن بىكارلاپ بېرىدۇ.

● مۇبادا سەممىي ئادەملىرىمىز كاتۇغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ يەتكەندە ئىدى، ئۇلار ئۇ ھالدا ئامىغۇى تۇرمۇشقا ھاردىم ـ تالدىم دېمەي قاتناشقان، بىزارلىق ھېسسىياتى بىلەن دېموكراتىيىگە بەرداشلىق بېرىشنىڭ ئورنىغا دېموكراتىيىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرغان، ئۆز قىزغىنلىقىنى دېموكراتىيىگە بېغىشلىغان ھەم دېموكراتىيىنى يېتەكلىگەن بولار ئىدى.

● دى. لاۋپىتو ئىنتايىن زۇلمەتلىك بىر جەمئىيەتتە ياشىغان، كۆپ قېتىم قىيىن ـ قىستاققا ئېلىنغان، شۇندىمۇ ئۇنلۇك ئاۋاز بىلەن كىشىلەرنى چىرماپ تۇرغان چۈشكۈنلۈككە قارشى تۇرغان، ياخشى ئادەملەرنى ئامىغۇى ئىشلارغا قاتنىششقا دەۋەت قىلغان ھەم ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «خۇدادىن باشقا، دۆلىتىمىز بىزنىڭ ئۆزىمىزنى تەقدىم قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ، ئۆزىڭىزنى دۆلىتىڭىزگە تەقدىم قىلغاندىن كېيىن دۆلەت سىزنىڭ يۆلىشىڭىزگە موھتاج بولسىلا، دۆلىتىڭىزگە تاكى ھاياتىڭىزنىڭ ئاداققى پەيتلىرىگىچە، تاكى ئۆلۈمنىڭ بوسۇغىسىغىچە خىزمەت قىلىشتا قەتئىي بوشاشماڭ.»

## توققۇزىنچى باب سىياسىي سەۋەبتىن قانۇننىڭ بۇلغىنىشى ۋە ئەدلىيەنىڭ چىرىكلىشىشى ............................ (326)

● قانۇن نامى بىلەن ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى تارتىۋېلىش ئىپتىدائىي زوراۋانلىق ئۇسۇلىنى ئىشلەتكەندىنمۇ نەپرەتلىك، چۈنكى بۇ خىل رەزىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلمىشقا ساختىپەزلىك ۋە ئالدامچىلىق تەركىبلىرى قوشۇلغان.

● سىياسىي زىيانكەشلىككە قانۇندىن ئاقلاش سەۋەبلىرىنى تېپىپ بەرگەن قانۇنشۇناسلار ئۆز قېرىنداشلىرىنى ئۆلتۈرگەن ئاشۇ ئەبلەخلەردىنمۇ قەبىھ.

● سىياسىي تۇرمۇشتا خىلمۇخىل بىمەنە ۋە ياسالما بولغان قەبىھ قانۇنلار بار، مەسىلەن، قايسىبىر ئىش ئەنگلىيىنىڭ ئىرلاندىيە كاتولىك دىنىنى باستۇرۇش قانۇنىدەك چېكىدىن ئاشقان جىنايەتكە تەڭ تۇرالىسۇن؟

● ھەرقايسى مىللەتلەر قانۇن تۇرغۇزغاندا، ئادالەتسىز قانۇنلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ قېلىشى ھەر تۈرلۈك سىياسىي ئامىللارنىڭ تەسىر كۆرسىتىشىدىن بولىدۇ.

● رەزىل قانۇنلارنى بىكىتىش قانۇننىڭ ئۆزىگە مۇجەسسەملەنگەن نورمال سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەمەس، بەلكى بۇ خىل رەزىل قانۇنلارغا مەجبۇرىي يېپىشتۇرۇلغان ئىزاھاتلار سەۋەبىدىن بولىدۇ. بەزىدە ھەتتا قانۇن تۇرغۇزغۇچىلارنىڭ ئەسەبىي قىزغىنلىقىدىكى كەلگۈسىدە جىنايەت سادىر قىلىپ قالسام جىنايىتىمنى يېنىكلىتىشكە پايدىسى بولۇپ قالار دېگەن غەرىزىدىن بولىدۇ.

● باش تەپتىش مېرلىن «مۇقەددەس قانۇن بىلىملىرىنى ۋە ئاجايىپ شۆھرەتلىك ئادۋوكاتلىق تالانتىنى قۇرۇلمىسى ھىيلە ـ مىكىر ۋە سۇيىقەست بىلەن تولغان ئىستىبدات ھاكىمىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئەسىرىگە تەقدىم ئەتكەن.»

● «مەن ئەزەلدىن ئۆزۈمگە ئوخشاش ئادالەت ۋە ئادالەتسىزلىككە نىسبەتەن تونۇشى ۋە پەرق ئېتىش ئىقتىدارى بۇ قەدەر كەمچىل ئادەمنى كۆرۈپ باقمىدىم، ھەرقانداق بىر ئىش ئۇنىڭ نەزىرىدە پەقەت رەسمىي قانۇنىي مەزمۇنلاردىن ئېلىنغان بولسىلا توغرا، ھەق بولىۋېرىدىكەن.»

● قانۇن ئىلمى ئەسلىدە بىر خىل يۈكسەك ئەقىل ۋە پەلسەپىۋى روھ بىلەن يۇغۇرۇلغان ئىلىم بولۇشى كېرەك ئىدى، بىراق ئەمەلىي

تۇرمۇشىمىزدا تولۇپ ياتقان ھادىسىلەر شۇكى، قانۇنشۇناسلار قانۇن ماددىلىرىنىڭ قۇلى، ئۇلار تەنقىدىي روھ بىلەن قانۇننىڭ ياخشى ـ يامانلىقىغا باھا بېرىشنى مۇتلەق ئۇقمايدۇ.

● ھېنرى Ⅷ «ئايالى بىلەن بولغان نىكاھ مۇناسىۋىتىنى بىكار قىلماقچى بولغاندا ئەنگلىيە پارلامېنتى ئۇنىڭغا ياردەم قىلدى؛ ۋەزىرلىرىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلماقچى بولغاندا، ئەنگلىيە پارلامېنتى سوراق قىلماي تۇرۇپلا ئۇلارنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى؛ ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ ئۆز ئىرادىسى بويىچە قانۇن تۈزۈش خام خىيالىدا بولۇۋىدى، ئەنگلىيە پارلامېنتى قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنى ئۇنىڭغا قوش قوللاپ تۇتقۇزۇپ قويدى.»

● ستال خانىم مۇنداق دېگەنىكەن: لۇئى XVI نى سوراق قىلغاندا كىشىنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغىنى، شۇقەدەر ئەستايىدىل مۇنازىرە ئېلىپ بېرىشقا تېگىشلىك بۇ ئىشتا، پارلامېنت ۋەكىللىرىنىڭ ھاقارەتلىك تىللىرى ھەممە ئاۋازلارنى بېسىپ چۈشەتتى.

● قانۇن ئەمدى مەرمەر تاش ياكى مىس تۈچ تاختايلارغا ئويۇلغان ئۆزگەرمەس قائىدىلەر بولماي قالدى، بەلكى قۇملۇق ئۈستىدىكى قالدۇق ئىزلار بولۇپ قالدى.

● بىز دائىملا ناھايىتى ئەپسۇسلىنارلىق بىلەن قىلچە تەجرىبىسى يوق قانۇن تۈزگۈچىلەرنى كۆرۈپ قالىمىز، ئۇنىڭ ئىچىدە بەزىلىرىنىڭ بىلىمسىزلىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ، بەزىلىرىنىڭ ھەتتا خەت تونۇشىمۇ بىر مەسىلە.

● قانۇن تۈزۈش ساھەسىنىڭ ئۆزگىرىشچان مۇھىتى دېموكراتىك تۈزۈمگە ھۇجۇم قىلىدىغان نۇرغۇن خەۋپلەرنىڭ بىرى، ئامېرىكا بۇ جەھەتتە چوڭقۇر زىيانغا ئۇچرىغان دۆلەتتۇر.

● «ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ سوراق قىلىش ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ، پەقەت قورال ۋاستىسى بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدىغان مەقسەتنى ياردەمگە ئېرىشتۈرۈش، زوراۋان ھۆكۈمرانلارنىڭ يۇقىرى سەۋىيىلىك سەنئىتى

www.uyghurkitap.com

ھېسابلىنىدۇ. »

● قورال كۈچىدىن پايدىلىنىپ كەڭ كۆلەمدە، قەبىھلىك بىلەن قىرغىن قىلىش كەلتۈرۈپ چىقارغان چەكسىز غەزەپ ئوتى، قانۇنلۇق، ئەمما ئادىل بولمىغان ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش پەيدا قىلغان غەزەپ ئوتىدىن كۆپ كىچىك ھەم ئۇنچىلىك قورقۇنچلۇق ئەمەس.

● قانۇنغا ئۇيغۇن، ئەمما ئادىل بولمىغان ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش شۇ سەۋەبتىن تېخىمۇ قورقۇنچلۇق غەزەپنى پەيدا قىلىدۇكى، بۇ خىل قىلمىشقا ھەمىشە كىشىنىڭ غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغايدىغان ساختىپەزلىك ھەمراھ بولغان بولىدۇ، ئۇ زوراۋانلىققا قانۇنلۇق بولغان ساختا تون كىيگۈزىدۇ.

● جاللاتلار سىپايىگەرچىلىك بىلەن ھەيۋە قىلىپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى قىياپىتىگە كىرىۋالىدۇ، لېكىن ھەقىقىي زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار بولسا قانۇنىي تەرتىپلەر ئارقىلىق جىنايى ئىشلار جىنايەتچىسىگە ئايلىنىدۇ، بۇ پۈتۈنلەي ھېلىقى دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ياۋۇز بۆرىنىڭ دەريانىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدا سۇ ئىچىۋاتقان قوزىچاققا ئىچىدىغان سۇيۇمنى بۇلغىۋەتتىڭ دەپ تۆھمەت قىلغىنىغا تەقلىد قىلغانلىقتۇر.

● فرانسىيىدە «تاش ئاتقۇچىلار پارتىيىسى» ھەرىكىتى ئەۋج ئالغان مەزگىللەردە، «قارىياغاچ پارتىيىسى» ئادەملىرىمۇ قانۇن تونى كىيىۋېلىپ بەزىبىر قەبىھلىكلەرنى سىناپ كۆرۈشكە ئالدىراپ كەتتى: ئۇلار ئالاھىدە سوتتىن بىرنى قۇرغان بولۇپ، بۇ سوتتا، بىر دورىگەر ئەرز قىلغۇچى بولغان، بۇ سوتنىڭ سودىيىلىرى بولسا، موزدۇز، كەمپۈتچىلەر قاتارلىق قول - ھۈنەرۋەنلەردىن تەركىب تاپقانىدى!

● رىم ئىمپېراتورى شەخسىي ئۆچ - ئاداۋىتىنى ئېلىش ئۈچۈن «ئەدلىيىنىڭ ۋىۋىسكىسىنى كۆتۈرۈۋالسا بولاتتى ھەمدە ئالىم - ئۆلىمالار خالىغان چاغدا ئۇنىڭ نىمە ئىش قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلىش ئارزۇسىنى ماقۇللايتتى ۋە ئاقلايتتى، ئۇلار ئۇ ھەتتا كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزسىمۇ ئىبادەت قىلىپ تىلىۋالسا بولىدىغان كىچىك گۇناھ دەپ ئاقلايتتى.»

● تاستو مۇنداق دېگەن: «مەن باشقا نەرسىنى ئەمەس، پەقەت قەبىھلىشىپ كەتكەن تەرتىپنى، ئاياغ قۇيرۇقى ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان زىيانكەشلىكلەرنى يازسام بولىدۇ، . . . ئادالەتسىز بولغان ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش ۋە سوراق قىلىشلار ئوخشاش بىر يولدا ماڭدامدا بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ، ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.»

● 1688 ـ يىلىدىكى «شەرەپلىك ئىنقىلاب»تىن ئەنگلىيە سوتى تېز پۈكۈش، رەزىللىك، ۋەھشىيلىك جەھەتلەردە رىم سېناتىدىن قېلىشمايتتى. ماكولاي ئۇلارنى رەزىل، پەسكەش بولغان «ئاممىۋى قۇشخانا» دەپ ئاتىغانىدى، ئۇ يەردە، ھەرقايسى سىياسىي مەزھەپلەر ئۆز سىياسىي رەقىبلىرىنى تۇتۇپ كېلىپ قىيناپ ئۆلتۈرەتتى؛ ئۇ يەردە، ئۇلار سېتىۋالغىلى بولىدىغان ۋەھشىي قاسساپلارنىڭ ئۆز خېرىدارلىرىنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى بايقىشاتتى.

● زاسېداتىللار ئۆمىكى ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان پەزىلەتكە ئىگە: ئۇ مۇستەقىل بولۇپ چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. چەك تارتىش ئارقىلىق تەشكىل قىلىنغان زاسېداتىللار ئۆمىكىنى سىياسىي ۋاستىلەر بىلەن سېتىۋېلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ بۇ خىل مۇستەقىل بولغان ھەم چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ئالاھىدىلىكى گىراژدانلارنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكى ۋە سىياسىي ئەركىنلىكىنىڭ ھەقىقىي كاپالىتىدۇر.

● ھېنرى Ⅱ نىڭ تەھدىتى ئالدىدا قەيسەرلىك بىلەن ئۆز قارىشىدا چىڭ تۇرغان سودىيە دارغا ئېسىلغان ھەمدە جەسىتى ئوتتا كۆيدۈرۈۋېتىلگەنىدى؛ لۇئى XVI نىڭ زامانىدا، يەنە سودىيە ھۆكۈمەتنىڭ خاھىشىغا مۇخالىپ ھۆكۈم چىقارغانلىقتىن تۈرمىگە سولانغانىدى.

● ئەگەر مۇستەقىللىق كەمچىل بولسا ئەڭ بىلىملىك قانۇنشۇناسمۇ سودىيە بولۇشى مۇمكىن.

● بوسسۇتنىڭ قارىشىچە، «بىر ياخشى سودىيە بولۇپ چىقىش ئارزۇسىنىڭ ھېچقانداق ئۈنۈمى يوق، ئەڭ ئاۋۋال سەن ئىشنى بىر ياخشى

ئادەم بولۇشتىن باشلىنىشى كېرەك. . . بىر ئادەم مەلۇم بىر كەسىپتە دۇچ كېلىدىغان مەسىلە باشقا ئادەمنىڭ بېشىغا ئەمەس، بەلكى ئۆز بېشىغا كېلىشتىن ئاۋۋاللا مۇشۇ كەسىپكە كېرەكلىك بولغان خاراكتېر ـ پەزىلەتلەرنى يېتىشتۈرۈپ بولۇشى زۆرۈردۇر.»

● بارلىق قانۇنى بەلگىلىمىلەرگە ئوخشاش ئالاھىدە سوراق ـ سوتلار ئىچىدە، ئەڭ ۋەھشىي ۋە قەبىھ بولغىنى ئىنقىلابىي ئالاھىدە سوتتۇر. بۇ خىل سوتنىڭ پىرى فرانسىيە بۈيۈك دەۋرىدىكى روبىسپىيېردۇر.

● سودىيىنىڭ ئالاھىدە چوڭ ھۆرمىتى ۋە خېلىلا زور كىرىمىدىن بەرپا بولغان مۇستەقىللىقى كۆزدىن يوقىتىش ئىنقىلابنىڭ سىياسىي پرىنسىپىدۇر.

● سىياسىيغا كېرەك بولغان ئەدلىيە ئۆلچىمىنى قانائەتلەندۈرۈش ئۈچۈن دېلونى تېزلىكتە بىر ياقلىق قىلىش كېرەك. ھېچقانداق بىر خاتالىق ئەدلىيىدىكى خاتالىقتىنمۇ خەتەرلىك ئەمەس. دېلونى تېز ئاياغلاشتۇرۇش تەلەپ قىلىنغان شارائىتتا، ئەدلىيە خاتالىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان خەتەرنىڭ مۇھىملىقى بىر ياققا قايرىپ قويۇلىدۇ، ئەرز قىلىش ھوقۇقى ئېلىپ تاشلىنىدۇ ھەمدە كېسىم قىلىچە ئىككىلەنمەستىن ئىجرا قىلىنىدۇ.

● سودىيە ھېچقانداق پارتىيىگە تەۋە بولماسلىقى كېرەك. چۈنكى پارتىيە ـ گورۇھلار ئىچى تار، ئادالەتسىز، ئەسەبىي، شەپقەتسىز ۋە ئەپۇسىز بولىدۇ.

● ھەتتا ياۋايىلارنىڭ ئەھۋالىمۇ ئەدلىيە سىياسىيىنىڭ تىزگىنىگە ئۇچرايدىغان مەدەنىيەتلىك دۆلەت ئادەملىرىنىڭ ئەھۋالىدىن كۆپ ياخشى.

● ياۋايىلارنىڭ زەھەرلىك ئوقياسى، شىرنىڭ چىشى، زەھەرلىك يىلاننىڭ زەھىرى قاتارلىقلاردىن جېففېرى، روماموند ۋە تېۋىل قاتارلىق سودىيىلەرنىڭ قولچىلىقى تېخىمۇ خەتەرلىك.

● بىر ياۋايى ھايۋان پەقەت بىرلا ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولالايدۇ، ھالبۇكى سىياسىي ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان سودىيە بىر پەستىلا بىر

ئادەمنىڭ ھاياتلىقىنى تارتىۋېلىپ قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇنىڭ غۇرۇرى ۋە ئابرۇيىنى دەپسەندە قىلىدۇ.

## ئونىنچى باب سىياسىي سەۋەبلەردىن ئاممىۋى ئەخلاقنىڭ چۇشكۇنلىشىشى ............ (374)

● بىر دۆلەتتە سىياسىينىڭ پەزىلىتى دائىملا مىللەتنىڭ خاراكتېر ـ پەزىلىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ ھەمدە شۇ مىللەتنىڭ خاراكتېر ـ پەزىلىتىنىڭ ئەندىزىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

● ناچار ھۆكۈمەت خەلقنىڭ ئەخلاق سەۋىيىسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تۆۋەنلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

● ئەگەر ھۆكۈمەت ھاكىممۇتلەق ۋە زوراۋان بولسا، ئۇ ئۆز خەلقىنى ئېھتىياتچان، چۈشكۈن، گۇمانخور ۋە قۇلچىلىق خاراكتېرى تولۇق قىلىپ قويىدۇ.

● سىياسىي خىلمۇخىل ۋاپاسىزلىق، تۆھمەت، چېقىمچىلىق قىلمىشلىرىنى كەشىپ قىلىش ئارقىلىق پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ پەزىلەت ـ خاراكتېرىنى ئۈزلۈكسىز تۈردە چۈشكۈنلەشتۈرمەكتە.

● بۇرۇنقى زامانلاردا، ئىسپانىيە پادىشاھىنىڭ پەرمانىدا، غەيرىي دىنىدىكىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئۆز دادىسىنى پاش قىلمىسا، ئۇلارنىڭ مەنسەپ تۇتۇش ھوقۇقى ئېلىپ تاشلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەنىدى.

● ناچار بولغان سىياسىي ئەخلاق كېلىشىمى ۋابا كېسىلىگە ئوخشاش خەلققە تارقالدى، شۇنىڭ بىلەن خەلقمۇ ئاستا ـ ئاستا ناچار قويمىچىلىق، شەپقەتسىزلىك ۋە ھەققانىيەتسىزلىككە كۆنۈكۈپ كەتتى.

● تېررورلۇق تېررورلۇققا قارشى كۈرەش قىلغۇچىلارنى شەپقەتسىز قىلىپ قويىدۇ، مۆتىدىل ئادەملەرنىمۇ مىجەزى چۇسلۇق ۋە قوپاللىققا ئۆگىتىدۇ.

● بىرمىللەت ھېچقانداق شەيئىگە ئىشەنمەس بولغاندا، ئۇ زوراۋانلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋە يۇلغىلا ئىشىنىدۇ.

● زوراۋانلىقنىڭ ھۆكۈم سۈرۈشى خەلقنىڭ ھەققانىيەتكە بولغان ئېتىقادىنى گۇمران قىلىدۇ، بۇ قارا نىيەتلەرنىڭ ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنىدىن ئايرىلىپ قالغۇچىلارنىڭ يۈرەكلىك تەۋەككۇل قىلىپ بېقىشىغا زور ئىلھام بولىدۇ.

● سىياسىي ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، تېزلىكتە باي بولۇش ھادىسىسى جەمئىيەتنىڭ ئەمگەكچانلىق پەزىلىتىنى زور دەرىجىدە چىرىتىدۇ، كىشىلەر دائىم سىياسەتۋازلارنىڭ ھېچنېمىسى يوق يالاڭتۆشلۈكتىن بىر كېچىدىلا زەردار بايغا ئايلانغىنىنى كۆرۈشمەكتە.

● شۇنچە كۆپ چاكىنا ئادەملەر بىر كېچىدىلا يۇقىرى مەنسەپكە ئولتۇرماقتا، شۇنچە كۆپ خىزمەتچى خادىملار ۋە ئىشخانا باشلىقلىرى خۇددى سىياسىي قىغ دۆۋىسىدىكى تېز كۆپىيىپ، تېز يوقالغۇچى موگۇلارغا ئوخشايدۇ. بىر خىل ئەسەبىي قارا نىيەت بارلىق كاللىلارنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، ئاشۇ بايلىققا تەلپۈنگۈچىلەرنى سىياسىي قىرغىنچىلىقنىڭ پاتقىقىغا ئىتتىرىدۇ.

● ئىنقىلاب جەمئىيەتنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىدۇ، ئېسىلزادىلەر تېگى پەسلەرگە ئايلىنىدۇ، تېگى پەسلەر ئېسىلزادىلەرگە ئايلىنىدۇ.

● ئېسىلزادىلەردە غايە كەمچىل بولسا ئۇ ئاممىۋى ئىشلارنىڭ بەختسىزلىكىدۇر، چۈنكى بۇ خىل ئەھۋال ھوقۇقنى ھوقۇق تۇتۇشنى ئۇقمايدىغانلارغا ئىككى قوللاپ ئۆتۈنۈپ بېرىشكە مەجبۇر قىلىدۇ. ئەگەر سايلىغۇچىلارنىڭ ھوقۇق بېرىشكە ئەرزىيدىغان ئادەملەر بۇ خىل ھوقۇقنىڭ قەدرىگە يەتمىسە، ئۇ ھالدا خەلقنىڭ ھوقۇق بېرىشكە ئەرزىمەيدىغان ئەبلەخلەر ئۇلارنى باغلاپ تۈرمىگە تاشلايدۇ.

● ھوقۇقنىڭ يۇقىرى پەللىسىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ قارا نىيىتىدىن مەھرۇم قالغان، لېكىن ئادەتتىكى پۇقرا بولۇشقا تەن بەرمىگەن سىياسەتۋازلار بىر بۇرۇلۇپلا ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشتىكى رەقىبى بىلەن ئەخلاقسىز بىر ئىتتىپاق

تۇرىدۇ، ئاندىن بىرلىكتە ئۆزى تېخى يېقىندىلا قوغدىغان نەرسىلەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ ۋە ئۆزلىرى ئىلگىرى ھۇجۇم قىلغان نەرسىلەرنى قوغدايدۇ.

● 1793 ـ يىلى، بەزى چوشقا سوپىدىغان قاسساپلار، موزدۇزلار ۋە مىلىچمالچىلار ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ ھاياتى ۋە ئەركىنلىكىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان مۇھىم شەخسلەرگە ئايلىنىپ قالغانىدى.

● سىياسەتۋازلارنىڭ سەممىيەتسىزلىكى ۋە ئالدامچىلىق قىلمىشلىرىغا نىسبەتەن ھىچ ئىش بولمىغاندەك سەل قاراش، بىر مىللەتنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتە ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنىڭ بەلگىسىدۇر.

● سىياسىي تۇرمۇشتا پۇل بىلەن سايلام بېلەتى ۋە ھوقۇق سېتىۋېلىش ھادىسىسى پەيدا بولغان ۋاقىتتا، بۇ دۆلەتنىڭ ئەخلاق ئېڭى قانداقمۇ بۇ خىل پەسكەش سودىنىڭ چوڭقۇر زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماي تۇرالىسۇن؟

## ئون بىرىنچى باب خاتىمە .................. (409)

● ھىيلە ـ نەيرەڭ ۋە زوراۋانلىق قىسقا مۇددەتلىك غەلىبىگە ئېرىشىپ قېلىشى مۇمكىن، بىراق ئۇ ھەرگىزمۇ دۆلەتنىڭ بۈيۈك گۈللىنىشىگە كاپالەتلىك قىلالمايدۇ.

● سىياسىي جىنايەتلەرنىڭ ئۆز جازاسىنى تارتىشى ھەرگىزمۇ پەرەز قىلىنغان گەپ ئەمەس، زەھەر ياكى دار بىلەن ئۆز سىياسىي رەقىبىنى ئۆلتۈرگۈچىلەر دائىملا ئوخشاشلا قىسمەتكە دۇچار بولىدۇ، ئۆزىنىڭ سىياسىي رەقىبىنى نەزەربەند ئاستىغا ئالغان ۋە سۈرگۈن قىلغانلارمۇ ئاقىۋەتتە ئوخشاشلا نەزەربەند ئاستىغا ئېلىنىش ۋە سۈرگۈن قىلىنىش قىسمىتىگە دۇچار بولىدۇ.

● سىياسىي قارا نىيىتى تولۇپ تاشقان كۈچلۈك تالانت ئىگىسى ئۆزىنى ئەخلاق ئىگىسى قىلىپ چىقالمايلا قالماستىن، ئەكسىچە ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلغان خەلققە ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ، چۈنكى تالانتلىق سىياسىي ئەربابلار ھەمىشە ئەخلاقنى، ھەققانىيەتنى كەمسىتىدۇ، مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتابخانىسى www.uyghurkitap.com

ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايدۇ.

● ھۆرلۈككە كاللا كېسىش سۈپىسى ۋە دار ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولمايدۇ، مېھرىبانلىقنىمۇ ئۆز سىياسىي رەقىبىنىڭ نەسلىنى قۇرۇتۇش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ.

● ئامىمىنىڭ ئەقلىيلىق جەھەتتىكى ئىلگىرىلىشى پۈتۈنلەي سىياسىينىڭ سەمىمىيىتى ۋە ئادىللىقىغا باغلىق.

● سىياسىي ساھەدىكى ئەڭ چوڭ ئىلگىرىلەش كىشىلەر قەلبىدىكى تەرتىپ - تۈزۈملەرنىڭ ئىلگىرىلىشىگە باغلىق.

● ئادىل قاراش ۋە ئاقىلانە قارارنى كىشىنىڭ ھەققانىيەت تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ.

● ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدىكى كېسەللىك سىياسىي ياكى ئىقتىسادىي كېسەللىك ئەمەس، بەلكى ئەخلاق كېسىلى.

● ئەگەر جەمئىيەتنى چىرىكلىكنىڭ ھۆجۇمىدىن ۋە ئىنقىلابنىڭ ياۋايىلىقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقماقچى بولساق، ئۇنداقتا روھنى تەربىيىلەشنى ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى ۋە سىياسىي تۇرمۇشىدا يۇكسەك ئورۇنغا ئىگە قىلىشىمىز كېرەك.

● دىنغا قىلىنغان دۈشمەنلىك ئەكسىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ساغلام سىياسىيغا قىلىنغان دۈشمەنلىكتۇر.

● ئەگەر پايدا - مەنپەەت نۇقتىسىدىن قارىساق، نادانلىق، بىلىمسىزلىك، چۈشكۈنلۈك ۋە رەزىللىكلەرنىڭ ئىنسانلارغا ئېلىپ كېلىدىغان زىيىنى دىنىنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچىنى ئىنكار قىلغان ئادەملەرنىڭ ئىنسانىيەتكە ئېلىپ كەلگەن زىيىنىغا ھەرگىزمۇ تەڭ تۇرالمايدۇ، چۈنكى كېيىنكىسى ھەمراھلىرىنىڭ روھىي تەسەللى ئىزدەيدىغان ئېتىقادىنى تارتىۋالغان بولىدۇ.

● «ئىنجىل» ھېكمىتى: «پۈتۈن دۇنيا دۆلەتلىرىنى پاچاقلاپ تاشلىغان بازغانمۇ ئاخىر پاچاقلىنىپ تاشلىنىدۇ.»

● رابېلاينىڭ ھېكمىتى: «ئىلىمدىكى بىلىمسىزلىك روھنىڭ ھالاكىتىدۇر، سىياسىيدىكى ئەخلاقسىزلىق جەمئىيەتنىڭ ھالاكىتىدۇر.»

# ئەسلى ئاپتورنىڭ مۇقەددىمىسى

سىياسىي ئەسلىدە ئىنتايىن يۈكسەك ۋە ئىنتايىن مۇھىم بولغان ئاممىۋى ئىشلارنى باشقۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك بىر تۈرلۈك سەنئەت ئىدى. بىراق، سىياسىينىڭ بۇ گۈزەل ئوبرازى ئۆزۈندىن بۇيان نۇرغۇن خاتا سىياسىي پرىنسىپلار تەرىپىدىن بۇلغىنىپ كەلمەكتە. بۇ خاتا سىياسىي پرىنسىپلار قانۇن تونى ئاستىدا سىياسىينى يالغانچىلىق ۋە قويمىچىلىقنىڭ تېخنىكىسىغا ھەتتا بۇلاڭ - تالاڭ ۋە شۇلۇۋېلىشنىڭ ۋاستىسىگە ئايلاندۇرۇۋالدى. مېنىڭ بۇ كىتابنى يېزىشتىن مەقسىتىم يۇقىرىقىدەك خاتا قىلمىشلارغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈندۇر.

سىياسىي تۇرمۇشتا، گەرچە بەزى سىياسىئونلار دۆلەت ۋە ئاۋامنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتقان ئاساستا دۆلەتنى ئىدارە قىلسىمۇ، بىراق نۇرغۇنلىغان چوڭ ھوقۇقدارلار بۇ پرىنسىپ بويىچە ھوقۇق يۈرگۈزمەيدۇ، ئۇلارنىڭ سىياسىي بىلەن شۇغۇللىنىشتىن مەقسىتى ئۆزىنىڭ توغما بولغان ھوقۇق نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈندۇر. شۇڭا، مېنىڭ بۇ كىتابنى يېزىشتىن يەنە بىر مەقسىتىم دەل مۇشۇ ھوقۇق تەمەسىنى تەنقىد قىلىش ئۈچۈندۇر.

نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئىنسانلار ئۈزلۈكسىز تۈردە ئۆز ھۆكۈمرانىنى ئىزدەپ كەلدى، بىراق ئۇلارنىڭ ئىزدەپ تاپقىنى دائىملا ئادەم ئۆلتۈرسە كۆزنى چىمچىقلىتىپمۇ قويمايدىغان قانساپ - جاللات، تەلۋە، بۇلاڭچى، ساختىپەز، ۋەيران بولغۇچى، ساراڭ، ئەخلاقى چىرىگۈچى ۋە رەزىللىك

www.uyghurkitap.com

تاراتقۇچى بولۇپ چىقتى. ئىنسانىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن مەسئۇلىيەت ئىنتايىن زور ئىدى. ئۇلارغا بۇ ھوقۇق بېرىلگەنىكەن ئۇلار بۇ ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ كىشىلەرنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى ئېچىشى، ئىنسانىيەتنىڭ ئەخلاقىي - پەزىلىتىنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرۈشى كېرەك ئىدى. بىراق، ئوبيېكتىپ سىياسىي رېئاللىق دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بولماقتا. سىياسەتۋازلار دائىملا خىلمۇخىل رەزىل قانۇنلارنى تۈزۈپ ھەم ئېلان قىلىپ، قەبىھ ئۈلگىلەرنى تىكلەپ كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىي - پەزىلىتىنى بۇزماقتا، كىشىلەرنى چۈشكۈنلەشتۈرمەكتە. ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى ئەڭ چوڭ جىنايەتچى ئېھتىمال سىياسىي ساھەدىكى جىنايەتچى بولۇشى مۇمكىن. سىياسىي ساھەدىكى جىنايەتچىلەر دائىملا ئۆزلىرىنىڭ قارا نىيىتى، ئاچ كۆزلۈكى ۋە ھوقۇق - مەنپەئەت تالىشىشى ئارقىلىق كىشىلەر ئارىسىدا تەپرىقىچىلىك ۋە ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان بالايىئاپەتكە باشقا ھەرقانداق بىر جىنايەت سەۋەب بولغان بالايىئاپەت تەڭ تۇرالمايدۇ. سوت كېسىم قىلغان جىنايەتچى گەرچە ئادەم ئۆلتۈرگەن، بۇلاڭچىلىق قىلغان بولسىمۇ، بىراق زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئادەم سانى ئىنتايىن ئاز بولىدۇ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە كەلتۈرگەن زىيىنىمۇ مەلۇم دائىرە بىلەنلا چەكلىنىدۇ. ھالبۇكى سىياسىي ساھەدىكى جىنايەتچىلەر قولىنى بىر شىلتىپلا تۈمەن مىڭلىغان ئادەمنى ئۆلتۈرەلەيدۇ، جەسەتلەر تاغدەك دۆۋىلىنىپ، قانلار دەريا بولۇپ ئاقىدۇ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ سانىنى ئېلىپ بولمايدۇ، جەمئىيەتكە كەلتۈرگەن زىيىنى غايەت زور بولۇپ، ئەڭ ئاخىرى پۈتكۈل دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئۇزۇل - كېسىل بۇزۇلۇشى ۋە ۋەيران بولۇشى بىلەن

توگەللىندۇ.

ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ھەرقايسى ساھەلەردە غايەت زور ئىلگىرىلەپ، كۇنسايىن مۇكەممەللىشىپ بېرىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق پەقەت سىياسىيلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولۇپ كەلمەكتە. سىياسىي ساھەدە يەنىلا قويمىچىلىق ۋە ھىيلە - نەيرەڭلەر دەۋر سۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتى ۋە ئەركىنلىكى يەنىلا كەمسىتىلمەكتە ۋە ئىنكار قىلىنماقتا. جەمئىيىتىمىز ئۆزىدىكى سانائەت تەرەققىياتلىرىغا ۋە ئىلىم - پەندىكى بايقاش - ئىختىرالىرىغا مەپتۇن بولۇپ يۇرمەكتە، بىراق جەمئىيىتىمىز ئۆزىنىڭ سىياسىي تارىخى ۋە ھازىرقى سىياسىي ئەھۋالىغا ئىنچىكىلىك بىلەن نەزەر سېلىپ باقسىلا، بۇ قەدەر مەغرۇرلىنىشقا ھېچقانداق ئاساسى قالمايدۇ. جەمئىيىتىمىز سانائەت كۆرگەزمىلىرىدە كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان ماشىنا - ئۇسكۇنىلەرنى كۆرگەزمە قىلالايدۇ، بىراق ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدىكى ئەڭ چوڭ سىياسىي ماشىنا — ھۆكۇمەت — تېخىچە ئىنتايىن مۇكەممەلسىزلىك ھالىتىدە تۇرماقتا، بۇ ماشىنىنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچىلار ئەزەلدىن ئەقىل - پاراستى كەمچىل ئادەملەردۇر ياكى بولمىسا ئەقىلسىز ئادەملەردۇر. خۇددى لىترې دېگەندەك: «تۇرمۇشىمىزدىكى ھەممە ئىشلار مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن پەقەت سىياسىي تەشكىلاتلارلا بۇنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ كەلدى. بىزنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىمىزدا تېخىچە قىرغىنچىلىق، بۇزۇقچىلىق ۋە نادانلىقلار تولۇپ يېتىپتۇ، بۇ سىياسىي رەزىللىكلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى بىز ئېرىشكەن بارلىق يۇكسىلىشلەرنى ئۆز ئەھمىيىتىدىن مەھرۇم قالدۇرماقتا.»

سىياسىي جىنايەتلەر سىياسىي ساھەدىكى سۇيىقەست، ھىيلە - مىكىرلەردىن ۋە زىيانكەشلىك قىلمىشلىرىدىن

www.uyghurkitap.com

پەيدا بولىدۇ. سىياسىينىڭ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە سادىر قىلغان جىنايەتلىرىنى مۇھاكىمە قىلغىنىمىزدا، بىزنىڭ مەقسىتىمىز شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، سەممىمىي، ئادىل بولغان تاكتىكىلا بىردىنبىر ئەڭ ياخشى تاكتىكىدۇر، ئەگەر سىياسىي ئەخلاقتىن ئايرىلسا بۇ سىياسىينىڭ دەرىجىسىنىڭ تۆۋەنلىگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ، ھەتتا سىياسىي بىر خىل تەۋەككۇلچىلىك قىلىدىغان كەسىپكە ئايلىنىپ قالىدۇ، ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىسى خۇددى تاستۇ* ئېيتقاندەك: «دۇنيادا پەقەت ياخشى ئادەملەرلا بار، لېكىن ياخشى سىياسىي تۈزۈم بولغان ئەمەس» دېگەنگە ئوخشاپ قالىدۇ.

سىياسىي مەسىلە خۇددى ئىجتىمائىي مەسىلىگە ئوخشاش، ئۇمۇ ئالدى بىلەن بىر ئەخلاقىي مەسىلىدۇر. سىياسىينىڭ مەقسىتى كىشىلەرنى تېخىمۇ ئەقىللىق، تېخىمۇ ئەخلاقلىق، تېخىمۇ يېقىن، تېخىمۇ بەختلىك قىلىشتۇر. شۇڭلاشقا، ئەڭ ياخشى سىياسەت ھېچ بولمىغاندا ئازراق بولسىمۇ ياخشىلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى، ئورۇنسىز ئازابلارنى ئازايتىشى، كىشىلەر ئارىسىدىكى ئۆچ - ئاداۋەتنى يوقىتىشى، كىشىلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى مۇكاپاتلىشى، تىرىشچانلىقى ۋە قەيسەرلىكىنى رىغبەتلەندۈرۈشى، كىشىلەرنىڭ ئەخلاق ئېڭىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى كېرەك. سىياسىي تۇرمۇشتا، كىشىلەر ئۆزئارا رىقابەتچىلىرىنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى، گەپ - سۆزلىرىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىدۇ ۋە تىللايدۇ، شۇ سەۋەبتىن پۈتمەس - تۈگىمەس سىياسىي غوۋغالار پەيدا بولىدۇ، بۇ سىياسىي غوۋغالار دۆلەتكە قالايمىقانچىلىق ۋە مۇقىمسىزلىق ئېلىپ كېلىدۇكى، ھەرگىزمۇ گۈللىنىش ۋە يۈكسىلىش ئېلىپ كەلمەيدۇ. جەمئىيەتنى يۈكسەلدۈرۈشتە، كىشىلەرنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئۆزئارا يۆنىلىش

* تاستۇ — قەدىمكى رىم تارىخشۇناسى. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

مۇناسىۋىتىگە، سىياسىي جەھەتتىكى بىرلىشىش مۇناسىۋىتىگە، دۆلەتنىڭ مەمۇرىي بۇيرۇقلىرى ھەم ئۆزگىرىشچان قانۇنلارغىمۇ تايىنىشقا بولمايدۇ. جەمئىيەتنى يۈكسەلدۈرۈشتە تايىنىدىغىنىمىز، كىشىلەر قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا پەيدا بولىدىغان پاك ـ غۇبارسىز ھېسسىياتى، ئۇلۇغ، يۈكسەك ئىدىيىسى ۋە ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرنىڭ كىشىلەر ئۈچۈن تىكلەپ بەرگەن كامالەتكە يەتكەن پەزىلەت ئۈلگىسىدۇر. دەل مۇشۇ سەۋەبلىك، پلاتون پەقەت پەيلاسوپلارغىلا تايىنىپ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنى، شۇندىلا دۆلەتتە ئۈمىد بولىدىغانلىقىنى تەشەببۇس قىلغان. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، پەقەت مەلۇم پەلسەپىۋى ئەقىلغا ۋە دىنىي ئېتىقاد پرىنسىپىغا ئىگە ئادەملەرنىڭلا سىياسىي ھوقۇق يۈرگۈزۈش سالاھىيىتى بولىدۇ، چۈنكى ساپ بولغان مەنىۋى كۈچلا جەمئىيەتنى چىرىكلىشىشتىن ساقلاپ قالالايدىغان «تۈز» دۇر. بەختسىزلىك شۇكى، ھازىرقى ياۋروپادا* جەمئىيەتنى بۇ خىل چىرىكلىكنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان «تۈز» پۈتۈنلەي ئۆز ئۈنۈمىنى يوقاتقان.

مەن ھېسسىيات ئامىلىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشتا غايەت زور رول ئوينايدىغانلىقىنى بىلىمەن، شۇڭا سىياسىي تۇرمۇشنىڭ تېخىمۇ ئەخلاقلىقراق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىشنىڭ داۋلىسى بار، ئەلۋەتتە. ئىنسانىيەتنىڭ ئەقلىيلىقى قۇللۇق تۈزۈم بىلەن يانچىلىق تۈزۈمىنى يوقاتتى، پادىشاھنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازى بىلەن چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان چەكسىز ھوقۇقىنى كۈچىدىن قالدۇردى، ئۇنداقتا، ئەجەبا ئۆزىنى تىزگىنلەش بىلەن ساداقەتمەنلىك، ئادىللىق بىلەن ئىنسانپەرۋەرلىك قاتارلىق ئازراققىنا ئەخلاق ئامىللىرىنى سىياسىي ساھەگە ئېلىپ كىرىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولماسمۇ؟

* 19 ـ ئەسىردىكى ياۋروپانى كۆرسىتىدۇ. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

# بىرىنچى باب

## مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ۋاستە تاللىماسلىق

### — ماكياۋېللىزم

*ماكياۋېللى ھەرگىزمۇ ماكياۋېللىزمنىڭ كەشپىياتچىسى ئەمەس — سىياسىي ھوقۇق ئەخلاقنى بۇزىدۇ — زوراۋان پادىشاھلارنىڭ ياشلىق چاغلىرىدىكى ئەھۋالى ئۇلارنىڭ دەل ھوقۇقنىڭ بۇزۇۋەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرماقتا — چوڭ ھوقۇقنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغانلار نومۇسسىز ۋە ۋىجدانسىز كېلىدۇ — خاتا سىياسىي پرىنسىپ — ئىككى خىل ئەخلاق قارىشى — قەدىمكىلەر ئىشەنگەن ئەخلاق قارىشى — سىسېروننىڭ سىياسىي ھەققانىيەت توغرىسىدا دېگەنلىرى — ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ سىياسىيسى بىر خىل قويمىچىلىق ۋە قەستلەپ ئۆلتۈرۈشنىڭ يولى ئىدى — ھازىرقى زاماندا، سىياسىي ھەققانىيەتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ، بەلكى دۆلەت سەۋەبىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ — دىپلوماتىيە بىر خىل ئالدامچىلىق مەكتىپى — ماكياۋېللىنىڭ ئەلچىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرى ھەققىدە ئېيتقانلىرى — مونتېگۇ ۋە 16 - ئەسىردىكى ئەخلاقشۇناسلارنىڭ سىياسىي قويمىچىلىق ھەققىدە ئېيتقانلىرى — سىياسىي قەستلەپ ئۆلتۈرۈش: سان. بادورومو — خرىستىئان*

www.uyghurkitap.com

*دىنىنىڭ ئەخلاقشۇناسلىرى ۋە ماكىياۋېللىزم —— بوسسۇت، فېنېلون ۋە ماسلوننىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرى —— 18 - ئەسىردىكى ماكىياۋېللىزم —— ماكىياۋېللىزم ۋە فرانسىيە ئىنقىلابى —— مىرابونىڭ سىياسىي تەلىماتى ——مۇھىم ئىنقىلابچى دانتوننىڭ سىياسىي نۇقتىئىنەزىرى ——ماكىياۋېللىزمنىڭ بىر قېتىملىق ئەمەلىي قوللىنىلىشى: تېررورلۇقتىكى ھۆكۈمرانلىق ——روبىسپېر: ماكىياۋېللىنىڭ شاگىرتى —— مارات —— ناپولېئوننىڭ سىياسىيسى —— سىياسىي جىنايەتلەرنىڭ ئاقىۋىتى ئۇنىڭ ھەققانىيەتسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ —— بۇ بىر رېئال پاكىت —— لۇئى XVI ۋە ناپولېئوننىڭ سىياسىيدىكى خاتالىقى ئەخلاقتىكىمۇ خاتالىقتۇر ——ئەخلاقتا ئۇيغۇن تاكتىكا ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تاكتىكىدۇر.*

ماكىياۋېللىزم ماكىياۋېللىدىن پەيدا بولغان ئەمەس. ماكىياۋېللىمۇ ماكىياۋېللىزمنىڭ ئىجادچىسى ئەمەس، ماكىياۋېللىنىڭ ئىدىيىسى پۈتۈنلەي شۇ دەۋردىكى سىياسىي ئەربابلاردىن كۆرگەن نەرسىلەردۇر. ماكىياۋېللىنىڭ كۆپچىلىك ئورتاق ئېتىراپ قىلىدىغان بىردىنبىر جىنايىتى ئۇنىڭ شۇ دەۋردىكى ھۆكۈمدارلارنىڭ جىنايىتىنى ئەيىبلىمەستىن، زوراۋانلىق بىلەن زىيانكەشلىك قىلىش ۋە سىياسىي سۇيىقەست مەيدانىدا تۇرۇپ، ھۆكۈمدارلارنىڭ سىياسىتىنى چۈشەندۈرگەنلىكى ھەم مەيلى سىياسىي قىلمىش قانچىلىك قەبىھ، رەزىل، قۇۋ، مەككار بولسۇن ھەممىسىنى ئىشلەتسە بولىدىغانلىقىنى، شۇ ئارقىلىق ھوقۇقنى ساقلاپ قالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغانلىقىدا.

سىياسىي ماكىياۋېللىي دەۋرىگە كەلگەندە ئاندىن پەسكەش، ئىپلاس، ياۋۇز ۋە قانخور بولۇپ قالغان ئەمەس. ھۆكۈمدارلار ئىتالىيىنىڭ فلورېنسىيە دېگەن يېرىدىن كەلگەن بۇ ھۆكۈمەت كاتىپى ۋە دانىشمەننىڭ قانداق رەزىللىشىشىنى، ئاۋامنى قانداق ئالداش، سىياسىي رەقىبلىرىنى قانداق سۈرگۈن قىلىش ۋە مال - مۈلۈكنى قانداق مۇسادىرە قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆگىنىشكە موھتاج ئەمەس ئىدى. ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئىستىكى ۋە ھوقۇقنى ئىشلىتىش ئۇلارغا تەبىئىيلا ئالدامچىلىق ۋە ۋەھشىيلىكنى ئۆگىتەتتى.

ھوقۇقنى مەلۇم تىزگىندە ئادىل ئىشلىتىش ھەقىقەتەن قىيىن. تاستۇ تىبېترىئۇ (Tibetrius)* نىڭ ۋەھشىيلىكىنى چۈشەندۈرگەندە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «تىبېترىئۇ دەل ھوقۇق ئىگىلىگەچكىلا پسىخىكىسى نورمالسىزلىشىپ، تۈيۈق يولغا كىرىپ قالغان.» ھوقۇق بىر خىل چىرىتكۈچتۇر. پلۇتارك (Plutarhc)** مۇنداق دېگەن: سۇللا (Sylla)*** ياشلىق دەۋرىدە ئاق كۆڭۈل بولۇپ، «شوخ، سەبىي ئىدى، چېھرىدىن تەبەسسۇم كەتمەيتتى، ناھايىتى باغرى يۇمشاق ئىدى، دائىملا باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىپ يىغلاپ تاشلايتتى. لېكىن، كېيىنچە ناھايىتى شەپقەتسىز بولۇپ كەتتى. ئىلگىرى ئۇ گەرچە ھوقۇق ۋە شان - شۆھرەت كىشى

---

* تىبېترىئۇ (مىلادىدىن بۇرۇنقى 42 - يىلىدىن 37 - يىلىغىچە)، ئۇزۇن مۇددەت ئۇرۇش قىلغان، تۆھپىسى زور بولغانلىقتىن، 56 يېشىدا قېيناتىسى ئاۋگۇستىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان، بارغانسېرى زالىملىشىپ كەتكەچكە، ئاۋامنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان ھەمدە كاپرى ئارىلىدا گۋاردىيە ئوفىتسېرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

** پلۇتارك قەدىمكى يۇناننىڭ تەزكىرىچىسى، ئۆمرىدە كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازغان، ئەڭ مەشھۇر ئەسىرى «يۇنان، رىم مەشھۇر شەخسلىرىنىڭ سېلىشتۇرما تەرجىمىھالى». —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

*** سۇللا قەدىمكى رىم دەۋرىدىكى چوڭ قۇلدار، سپارتاك قوزغىلىڭىنى باستۇرغان جاللات، ھوقۇق يۈرگۈزۈش ۋاستىسى ئىنتايىن ياۋۇز ۋە قەبىھ. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

www.uyghurkitap.com

خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ دەپ قاراپ، ھوقۇق ۋە شان ـ شۆھرەتكە ھەددىدىن ئارتۇق ئىگە بولۇۋېلىشقا قارشى تۇرغانىدى. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ھوقۇق ئىستىكى ۋە شۆھرەتپەرەسلىكىنى تىزگىنلەشكە تىرىشماستىن، بەلكى ئۇلارنى جېنىنىڭ بارىچە قوغلاشتى. بۇ جەھەتتە ئۆزىنىڭ رىقابەتچىلىرىدىنمۇ ئېشىپ چۈشتى. ھوقۇق ۋە شان ـ شۆھرەت قوغلىشىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ رەھىم ـ شەپقەت، ۋىجدان ـ غۇرۇرىنى يوقاتقانلىقى ئاز دەپ، رىقابەتچىلىرىنىمۇ شەپقەتسىز ۋە ۋىجدان ـ غۇرۇرسىز قىلىۋەتتى». «شان ـ شۆھرەت كىشى تەبىئىتىنى چىرىتىدۇ.» بۇ بىر لاتىن ھېكمىتى، سىياسىي تۇرمۇشتا ھەم ھوقۇقنىمۇ قوغلىشىدىغان، ھەم ئۆز تەبىئىتىنىمۇ چىرىتمايدىغان مىساللار ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. تاستۇنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى ۋېسپاسىئان (Vespasian )* دەل مۇشۇنداق ئاز ئۇچرايدىغان شەخسلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ سىياسىي ھاياتىدا، شەخسىي تۇرمۇشىدىن تارتىپ سىياسىي تۇرمۇشىغىچە ئەخلاقتا مۇخالىپ ئىش كۆرۈلۈپ باقمىغان.

نېرو (Nero)** ، چارلېز Ⅸ (Charlis Ⅸ)*** ۋە باشقا نۇرغۇن پادىشاھلارنىڭ ياش ۋاقتىدىن ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قانداق سان ـ ساناقسىز ۋەھشىيانە جىنايەتلەرنى سادىر قىلىشىنى كۆرۈۋالغىلى بولمايتتى. چارلېز Ⅸ نىڭ ۋەزىرى دې. روبىدال چارلېز Ⅸ نىڭ ئۆز مەنپەئىتىنى تۇيۇقسىز ئۆزگەرتىۋەتكىنىگە ئىنتايىن ھەيران قالغان. ئۇ بىر دوستىغا مۇنداق دەپ خەت يازغانىكەن: «مەن ياشىنىپ قالدىم، ئۆزۈمنىڭ بۇنچە ئۇزۇن ياشىغىنىمغا ئىنتايىن ئۆكۈنۈۋاتىمەن، چۈنكى پادىشاھىمىز ئوبرازىنىڭ بۇ قەدەر بۇزۇلۇپ

* ۋېسپاسىئان قەدىمكى رىم پادىشاھى، فراۋىي خاندانلىقىنىڭ بەرپا قىلغۇچىسى، ھوقۇق تۇتقان مەزگىللەردە تۆھپىسى كۆرۈنەرلىك بولغان، ياخشى نام تىكلىگەن،خەلققە كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغان. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

** نېرو قەدىمكى رىم پادىشاھى، —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

*** چارلېز Ⅸ ئەنگلىيە ستۇرئات خاندانلىقىنىڭ پادشاھى، ——خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن، پادىشاھىمىز بىر زالىم پادىشاھقا ئايلىنىپ قالدى. مەن بۇ رېئاللىقنى قوبۇل قىلالمايۋاتىمەن، چۈنكى پادىشاھىمىزنىڭ ياش ۋاقتىدا ئۇنىڭ بۇنداق ئەمەسلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنىدىم.»

خۇشامەتچىلىك كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ، تەكەببۇرلۇق كىشىنى بىخۇدلاشتۇرىدۇ، چەكسىز ھوقۇقنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان پادىشاھ شۇ سەۋەبلىك كاللىسىدىن ئايرىلىدۇ، چوڭ ھوقۇق تۇتقان پادىشاھلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەخلاق ئۆلچەملىرى ئۇلارغا رول ئوينىيالمايدۇ. ناپولېئون ئۆلۈش ئالدىدا ئۆزىنىڭ سىياسىي ھاياتىنى ئەسلەپ ئۆتۈپ مۇنداق دېگەنىكەن: «ھوقۇق كىشىنىڭ ئەقلىيلىقىنى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ.»

ھوقۇقدارلار ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ھوقۇق ئىشلىتىش ۋاسىتىسىنى تاللاشقا كەلگەندە قىلچىلىك ئىككىلىنىپ تۇرماستىن كۆڭلى خالىغاننى قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ھېكمەتلىك سۆزى: «مەقسەت ۋاسىتىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.» ئۇلار دائىم شۇنداق دەپ جار سېلىشىدۇ: «ئۈنۈملۈك سىياسىي تەدبىر ياكى ۋاسىتە ئىجتىمائىي ئەخلاق بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغاندا، كىشىلەر چوقۇم دۆلەتنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئاممىۋى بىخەتەرلىك ئۈچۈن ئەخلاقنى قۇربان قىلىشى كېرەك.»

سىياسىي كىشى تالانتىنى چىرىتىدۇ، سىياسىي چوقۇم تۆۋەندىكى زىيىنى ئىنتايىن چوڭ بولغان ھېكمەتلىك سۆزلەرنىڭ ئەمەلىيەت جەريانىدا ئىنسانلارغا ئېلىپ كېلىدىغان ئېغىر ئاقىۋەتلىرىگە مەسئۇل بولۇشى كېرەك. بۇ زىيىنى ئىنتايىن چوڭ بولغان ھېكمەتلىك سۆزلەر: «ھوقۇق ھەقىقەتتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ»، «مەقسەت ۋاسىتىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ»، «ئاممىۋى بىخەتەرلىك ئەڭ چوڭ قانۇندۇر». سىياسىي ئۆزى سادىر قىلغان قايسىبىر جىنايەتلەرنى دۆلەت مەنپەئەتىنى سۇيىئىستېمال

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىپ تۇرۇپ توغرىغا چىقارمىغان دەيسىز؟! دۆلەت مەنپەئىتى ھۆكۈمدارلارنىڭ شەخسىي ئاچچىقىنى چىقىرىشىنىڭ، گۇناھسىزلارنى سۈرگۈن قىلىشىنىڭ باھانىسى بولۇپ كەلدى، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلكىگە تاجاۋۇز قىلىشىنىڭ، كىشىلەر ئارىسىدىكى ھەققانىيەتنى دەپسەندە قىلىشىنىڭ، ھوقۇق ـ ئىمتىيازنى كېڭەيتىشىنىڭ باھانىسى بولۇپ كەلدى. ھۆكۈمدارلار دەل مۇشۇ دۆلەت مەنپەئىتى دېگەن ھەشەمەتلىك سۆز بىلەن ئۆز جىنايەتلىرىنى ياپماقتا. سوقرات دەل مۇشۇ دۆلەت مەنپەئىتى ئۈچۈن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ، زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇر قىلىنغان: دەسلەپكى مەزگىللەردىكى خرىستىئان دىنى مۇرىتلىرى دەل مۇشۇ دۆلەت مەنپەئىتى ئۈچۈن رىم پادىشاھىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانىدى؛ كاتولىك دىنى مۇرىتلىرىمۇ دەل مۇشۇ دۆلەت مەنپەئىتى دېگەن نىقاب ئاستىدا چارلېز IX نىڭ قىرغىن قىلىشىغا ۋە لۇئى XIV نىڭ سۈرگۈن قىلىشىغا ئۇچرىغانىدى. نېرومۇ دەل مۇشۇ دۆلەت مەنپەئىتىنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ، ئۆز ئانىسىنى ئۆلتۈرۈش قىلمىشىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولغانىدى. يۇقىرىقىدەك ھۆكۈمرانلارنىڭ دۆلەت مەنپەئىتىنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ ئۆز جىنايىتىنى ياپىدىغان مىساللار تارىختا سان ـ ساناقسىز.

ماكياۋېللىنىڭ نەزەرىيىسى قەدىمدىنلا بار ئىدى، قەدىمكى يۇناننىڭ دراما يازغۇچىسى ئوبىدىسنىڭ «Phoenissae» دراممىسىدىنلا بۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ تراگېدىيىدە ئېتوكلېس (Eteocles)* مۇنداق بىر گەپنى قىلىدۇ: «ئەگەر ناتوغرا

* ئېتوكلېس يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى ئودىپوسنىڭ ئوغلى، ئىنىسى پولىنىس تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ ھوقۇقنى ئېرىشكىلى بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا بىز گە بۇ خىل ھوقۇقنى ئېرىشتۇرىدىغان بۇلاق ئاتا قىلغىن. بىز باشقا سورۇنلاردا ئادىل ۋە سەمىمىي بولۇۋالساقمۇ بولىدۇ.»

بۇ خىل نەزەرىيە ئەخلاقنى ئىككى خىلغا بۆلىدۇ: بىر خىلى، تۇرمۇشتىكى ئەخلاق؛ يەنە بىر خىلى، سىياسىي تۇرمۇشتىكى ئەخلاق. شەخسىي تۇرمۇشتا كىشىلەر ھەققانىيەتنى ھۆرمەت قىلىشى كېرەك؛ بىراق سىياسىي تۇرمۇشتا كىشىلەر بارلىق ئەخلاقنى قايرىپ قويۇپ ئۆز مەقسىتىگە يەتسە بولىدۇ. سۇسىدىد ئافىنالىقلارنىڭ دائىم سىپارتالىقلارنى تۆۋەندىكىدەك تەنقىد قىلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان: «شەھەرلەر ئىتتىپاقى (پولىس) تۈزۈمى دائىرىسى ئىچىدە، ئۇلار ئادەتتە ئەخلاق ئۆلچەملىرىگە رىئايە قىلىدۇ، بىراق ئۇلار چەت دۆلەتلەر بىلەن بولغان باردى ـ كەلدىدە بولسا ئۇنداق ئەمەس، تاشقى مۇناسىۋەتتە، ئۇلار خۇشاللىق ۋە قانائەتلىنىشنى ئادىللىق، ئۆزىگە پايدىلىق نەرسىلەرنى ھەققانىيەت دەپ قارايدۇ. مېنىڭ بىلىشىمچە، ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى باشقا شەھەرلەر ئىتتىپاقى خەلقلىرىدىن تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك.»

ئافىنالىقلارنىڭ سىياسىتى سىپارتالىقلارنىڭكىدىن كۆپ پەرقلىق ئىدى. رىم سېناتىمۇ رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مەنپەئىتىنى باھانە قىلىپ ماكياۋېللىچە سىياسەتنى يۈرگۈزگەندى.

سىياسىي تۇرمۇشتا، ئادالەتسىزلىكنى يالغانچىلىق ۋە باھانە ـ سەۋەبلەر تونۇشۇپ كىشىلەر ئۇنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى كۆرەلمەيدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا، ھېچنېمىدىن خىجىل بولمايدىغان سىياسىي قارا نىيەتچىلەر يۈزىنى داپتەك قىلىپ تۇرۇپ بىز ھەققانىيەتكە ئىنتىلىۋاتىمىز دېيىشىدۇ. مەسىلەن، كورىنىس

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

(Corinth) تىن كەلگەن بىر ۋەكىل مۇنداق دېگەنىكەن: «پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، قورال كۈچى بىلەن كېڭەيمىچىلىك قىلىشنىڭ ھەققانىيەتكە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىگە ھەممە ئادەم قوشۇلىدۇ.»

قەدىمكىلەر ئارىسىدا، سىسېرو* سىياسىيدا كەڭ ئومۇملاشقان خاتا نەزەرىيىلەرگە رەددىيە بەرگەن. بۇ خاتا نەزەرىيىلەرنىڭ قارىشىچە ھەققانىيەت بىلەن دۆلەتنى ئىدارە قىلىش مۇمكىن ئەمەسكەن ھەم دۆلەت مەنپەئىتىگە، پرىنسىپلارغا قارىماستىن، پۇرسەتپەرەسلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ۋاقىتلىق سىياسەت ـ تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىش كېرەك دەپ قارالغان. سىسېرو ئادالەتسىز ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان سىياسىئونلارنى تەنقىد قىلغان، چۈنكى ئۇلار «چوقۇم ئاۋۋال دۆلەت مەنپەئىتىنى ئويلىشىش كېرەك» دەپ ھۆكۈم قىلىشىدۇ. سىسېرو مۇنداق دەيدۇ: «ھەققانىيەتكە خىلاپلىق قىلماي تۇرۇپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلغىلى بولمايدۇ» دېگەن قاراش خاتا قاراشتۇر. ئەمەلىيەتتە، ھەقىقەت شۇكى: «مۇتلەق ۋە بىردىنبىر بولغان ھەققانىيەت ئارقىلىق دۆلەتنى تامامەن ئىدارە قىلغىلى بولىدۇ.» سىسېرو يۈكسەك ئەخلاقىي مەيداندا تۇرۇپ، سىياسىي مەسىلە توغرۇلۇق بىر قاتار ئەستايىدىل مۇلاھىزىلەرنى يۈرگۈزگەن، نېمىنىڭ ئادىللىق، نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھەققانىيەت توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىگە ئېرىشكەن.

رىم ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە ۋە ئوتتۇرا ئەسىردە، يەنىلا

* سىسېرو (106 ـ 43) قەدىمكى رىم سىياسىئونى، ناتىق ۋە پەيلاسوپى، «ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئېنىقلىمىسى ھەققىدە». «قانۇن ھەققىدە»، «دۆلەت ھەققىدە» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

پەيلاسوپلار ئادالەتنى ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ۋە سىياسىينىڭ ئەڭ مۇستەھكەم ئاساسى دەپ ئېلان قىلغان ۋاقىتتا، جەمئىيەت ۋە سىياسىينى ئەكسىچە ئېزىش، چىرىكلىك ۋە ناھەقچىلىق قاپلىغانىدى. بولۇپمۇ ئىتالىيە كىنەزلىرى سىياسىينى ئەڭ ئېسىل قويمىچىلىق تېخنىكىسىغا، قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ۋە زەھەر تاشلاشنىڭ ۋاستىسىگە ئايلاندۇرۇۋالغانىدى. گەرچە خرىستىئان دىنى بىلەن ماكياۋېللىزم مەڭگۈ سىغىشالمىسىمۇ، بىراق سىياسىي ئەمەلىيەت جەريانىدا، خرىستىئان دىنى ماككىياۋېللىزمنىڭ تەسىرىنى يىلتىزىدىن يوقىتالمىغان. ئىسپانىيە، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە قاتارلىق ئاتالمىش ئەڭ مەدەنىيەتلىك مەملىكەتلەردە، دۆلەت مەنپەئىتىنى باھانە قىلىپ سىياسىينى بەلگىلەيدىغان پرىنسىپلار بار. دەل دۆلەت مەنپەئىتى سەۋەبىدىنلا، فېردىناند (Ferdinand) ۋە ئىسابىللا (Esabbella) يەھۇدىيلارنى ئىسپانىيىدىن قوغلاپ چىقارغانىدى. ئەنگلىيە پادىشاھى ئادالەتكە مۇخالىپ كېلىدىغان نۇرغۇن جىنايەتلەرنى سادىر قىلغانىدى. ئىنگلىزلار ئەڭ مەنپەئەتپەرەس مىللەت، ئۇلار دائىملا مەنپەئەت بىلەن ئادالەتنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ، ئۇلارنىڭ سىياسىئونلىرى دائىملا ئادالەتسىز بولغان دۆلەت ·ئىدارە قىلىش لايىھىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدۇ، ئۇلارنىڭ نۇقتىئىنەزىرىچە دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى ئۇلاردىن مۇشۇنداق قىلىشنى تەلەپ قىلارمىش.*

* بۇ خىل مەنپەئەت بىلەن ئادالەتنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدىغان مىساللارنى ئەنگلىيە سىياسىئونلىرىنىڭ نۇتۇقلىرىدىن تاپقىلى بولىدۇ. مەسىلەن، 1821 ـ يىلى لوردكانىنى پارلامېنتتىن كاتولىك دىنى مۇرىتلىرىنى قوغلاپ چىقىرىش توغرىسىدىكى مۇنازىرىدە مۇنداق دەپ قارىغان: ئەگەر پارلامېنتتىن كاتولىك دىنى مۇرىتلىرىنى قوغلاپ چىقىرىش «كېرەك» بولسا، ئۇنداقتا، ئۇلارنى پارلامېنتتىن قوغلاپ چىقارغانلىق ئادىللىق بولىدۇ، ئۇ يەنە «كېرەك ئەمەس» نىڭ ئادالەتسىزلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققان، جامىس II نىڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە كاتولىك دىنى مۇرىتلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىش قانۇنى بىكار قىلىنغاندا، لورد كانىنى يەنە مۇنداق دېگەن: «دۆلەت بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ئەمدى بۇ قانۇن ماددىلىرى ئادىل ئەمەس.» —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

فرانسىيە تارىخىدا ئەڭ ياخشى پادىشاھ سان. لۇئىستۇر، ئەڭ ياخشى ۋەزىر لىسېلىئۇ ۋە مازارىندۇر. بۇ ئاز ساندىكى بىرقانچە كىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا پادىشاھ ۋە ۋەزىرلەرنىڭ ھەممىسى دۆلەت مەنپەئىتى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ دېگەن نەزەرىيىگە ئېتىقاد قىلىدۇ. ھېنرى IV ئايال پادىشاھ ئېلىزابىتقا مارى. ستۇئارتنىڭ ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلىش تەكلىپىنى بەرگەن.

خۇسۇسىي تۇرمۇشتا، كىشىلەر ئالدامچىلىق قىلىپ كۆنۈپ قالغان كىشىلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك كۆزگە ئىلىپ كەتمەيدۇ. لېكىن سىياسىي تۇرمۇشتا، قاقۋاشلىق، تۇتۇرۇقسىزلىق، نەيرەڭۋازلىق، ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرۇش قاتارلىق ۋاستىلەرنىڭ ھەممىسى دىپلوماتىيە ئىشلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان. دىپلوماتىيە ئىشلىرىدا ھەرقانداق بىر تاجاۋۇزچىلىققا خىلمۇخىل باھانە ــ سەۋەبلەرنى تاپقىلى بولىدۇ ھەمدە دەبدەبىلىك سۆز ــ ئىبارىلەر بىلەن سىياسىي قارا نىيىتى ۋە ئاچ كۆزلۈكىنى يوشۇرۇپ قالغىلى بولىدۇ. قەدىمكى سىياسىيلار، يەنى يۇنان سىياسىيسى، كارتاگې سىياسىيسى ۋە رىم سىياسىيسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سەمىمىيەتچىلىك ۋە سەمىمىيەتچىلىككە ئىنتىلىش كەمچىل ئىدى. ۋاپاسىزلىق كارتاگېلىقلار ئېتىقاد قىلىدىغان سىياسىي پرىنسىپ ئىدى، بۇ سىياسىي پرىنسىپ بۈگۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ئالدامچىلىق، ھىيلە ــ نەيرەڭ ۋە نومۇسسىزلىق رىملىقلارنىڭ سىياسىي كېڭەيمىچىلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىدىكى ئاساسلىق ئۇسۇلى ئىدى. ھازىرقى زامان دۆلەتلىرىدىمۇ، سىياسىي كىشىلەرنىڭ ئاق كۆڭۈل پەزىلىتى ۋە باراۋەرلىك قارىشىنى تەربىيىلەيدىغان مەكتەپ ئەمەس، ئۇنىڭ كىشىلەرنى ئاق كۆڭۈللۈككە ئېتىقاد قىلدۇرۇشقا ئامالى يوق.

15 ــ ئەسىر ۋە 16 ــ ئەسىردە، ئاستىرتىن مەخپىي ھالدا سىياسىي ھىيلە ئىشلىتىشلەر سىياسىينىڭ نامىنى بۇلغىيالمايتتى، ئەكسىچە كىشىلەر بۇنى سىياسىينىڭ ئۆزىدە بار بولغان ئالاھىدىلىك، تەرىپلەشكە ئەرزىيدۇ دەپ قارايتتى. برانتومې (Brantome) نىڭ قارىشىچە لۇئى XI نىڭ

تەدبىرلىرىنى «ئاق كۆڭۈل ھىيلە ـ نەيرەڭ» دەپ ئاتاشقا بولىدىكەن. كومىنېس ( Comines )* نىڭ قارىشىچە «چىرايلىق يالغانچىلىق» ئىكەن. 1494 ـ يىلى مىلان ئەلچىسى كومىنېسقا مەيدىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ كىنەزىنىڭ فىرانسىيىگە قارشى ئىتتىپاققا قاتناشمىغانلىقىغا قەسەم قىلغان، بۇ چاغدا، ۋېنىتسىيىلىك سارۇدو دېگەن كىشى ئۇلارنىڭ ئالىلىقاچان ھەرىكەتكە كېلىپ بولغانلىقىنى، كىنەزنىڭ دۈشمەنلىرىگە قانداق ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىپ بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ، بىراق ئۇلارنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەدىسىگە پۈتۈنلەي خىلاپلىق قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ماككىياۋېللىنىڭ قارىشىچە، ئەلچىدە چوقۇم يالغان سۆزلەش ئىقتىدارى بولۇشى كېرەك ئىكەن، ئۇلار قەسىمىگە خىلاپلىق قىلسا بولىۋېرىدىكەن. ئالدامچىلىقنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئۇلار دۇرۇس، سەمىمىي بولغان نام ـ ئاتاقنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك. لېكىن، چۈشىنىكسىز يېرى شۇكى، ماككىياۋېللى بىلەن دەۋرداش كىشىلەر ماككىياۋېللىنىڭ بۇ خىل ئەخلاققا قارشى سەپسەتىلىرىدىن بىزار بولمىغان.**

* كومىنېس (1447 ـ 1511) ، فىرانسىيە تارىخشۇناسى، دىپلوماتى، 1489 ـ يىلىدىن 1498 ـ يىلىغىچە بولغان تارىخ تەسۋىرلەنگەن «ئەسلىمىلەر» ناملىق ئەسىرى بىلەن مەشھۇر.
— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

** پلاتوندىمۇ ماككىياۋېللىغا ئوخشاش كۆزقاراشلار بولغان. ئۇ مۇنداق دەپ يازغان: «مېنىڭ قارىشىمچە، بىزنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىمىزنىڭ دائىم يالغان سۆزلەش ۋە ئالدامچىلىق ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەش باردەك قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يالغان سۆزلەش ۋە ئالدامچىلىق قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشنىڭ بىر خىل ۋاستىسى دەپ قارالغاندا، ئۇنداقتا يالغان سۆزلەش ۋە ئالدامچىلىق پايدىلىقتۇر، شۇنداقلا توغرا ئىشتۇر.» («غايىۋى دۆلەت. بەشىنچى جىلد»). بولساك پادىشاھنىڭ ياردەمچىسى بولۇپ، 1652 ـ يىلى ئارىستوتېلنىڭ «سىياسىي» سىغا ئائىت نۇتۇق ئېلان قىلغان. بۇ نۇتقىدا، سىياسىيدىكى ئالدامچىلىق قىلمىشلىرى ئەيىبلەشلەرگە ئۇچرىماسلىقى كېرەك. چۈنكى، سىياسىيدىكى ئالدامچىلىقلار پايدىلىق دەپ بىلجىرلىغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: «بىز بىر پارچە رەسىمدىن ھۇزۇر ئېلىۋاتقان ۋاقتىمىزدا، رەسىم ھەرگىزمۇ ئۆزىدىكى ئوچۇق ـ تۇتۇق رەڭلەر ئارقىلىق كۆزىمىزنى ئالداۋاتىدۇ دەپ قارىمايمىز، گەرچە بۇ رەسىمدىكى مەنزىرىلەر راست بولمىسىمۇ... ئوخشاشلا، سىياسىيمۇ ھىيلە ـ نەيرەڭ ۋە ئالدامچىلىقلاردىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ يۈكسەك مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ، بۇنىڭ ھەيران قالىدىغان نېمىسى بار؟» —— ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

16 ـ ئەسىردە كۆپ سانلىق ئەخلاقشۇناسلار «مەقسەت ۋاستىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ» دېگەن كىشىنى قايمۇقتۇرىدىغان بۇ خاتا ھېكمەتلىك سۆزنى ئېتىراپ قىلغان، بۇلارنىڭ ئىچىدە، مونتاين ۋە كاررون (Charron) ئەڭ كۆزگە چېلىقارلىق. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، مونتاين ۋەھشىيلىك، زەھەرخەندىلىكلەرگە ۋە ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىقتەك قىلمىشلارغا قاتتىق قارشى تۇرغان، بۇ ئۇ ياشىغان دەۋردىكى دىنىي كۈرەش ۋە سىياسىي كۈرەشلەردە دائىم كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان ھادىسىلەر ئىدى. بىراق، مونتاين مەقسەت ۋاستىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدىغانلىقىغا ئائىت تۆۋەندىكىدەك قۇرلارنى يېزىپ قالدۇرغان: «بىزنىڭ ئىش بېجىرىشتىكى ئاجىز ۋە ئىقتىدارسىزلىقىمىز، دائىملا بىزنى ناتوغرا ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، ئەخلاقىي مەقسەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا مەجبۇرلىماقتا.»

كارروننىڭ نۇقتىئىنەزىرىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ. «كىشىلەر دائىم ناتوغرا ۋاستىلەرگە تايىنىپ ياكى ئۇنى ئىشلىتىپ تېخىمۇ چوڭراق رەزىللىكنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ياكى بىر ياخشى مەقسەتكە يېتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا، مۇشۇنداق بىر دائىرە ئىچىدە، بەزىدە ھەتتا رەزىل قىلمىشلارنى قانۇنلۇق قىلىپ، روشەن ناچارلىقلارنى نوپۇزغا ئىگە قىلىش زۆرۈردۇر.»

بۇ ئەخلاق ئۆگەتكۈچى ئۆزىنىڭ «دانالىق»نى شەرھلىگەن ماقالىسىدە مۇنداق دەپ قارىغان: «پەقەت ساختىپەزلىك، ئالدامچىلىق، ۋەھشىيلىك، زەھەرخەندىلىكلەر دۆلەتكە پايدىلىق بولسىلا، ئۇنى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ، ئۇنىڭ دېيىشىچە: «ساختىپەزلىك ۋە نىقابلىنىش ئادەم ئۇچۇن قەبىھ ئىش، بىراق پادشاھ بولغۇچى ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر بولغان دۆلەتنى ئىدارە

قىلىش سەنئىتىدۇر، چۈنكى ئۇ بولمىسا پادىشاھ دۆلەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ، ئۆزى تەلەپ قىلغان مەنپەئەتكىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ.»

كارروننىڭ قارىشىچە «دانا ۋە سالماق» پادىشاھ يالغۇز قانۇن بىلەنلا دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ قالماي، بەلكى زوروۇر تېپىلسا، ئۆز ھوقۇقى ئارقىلىق قانۇننى باشقۇرسىمۇ بولىدۇ، چوڭ ئىشلاردا ئادالەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كىچىك ئىشلاردا ئادالەتتىن يۈز ئۆرۈشكە بولىدۇ. دۆلەتنىڭ چوڭ مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتقاندا، ئادىل بولۇش ئۈچۈن باشقا مۇھىم بولمىغان ئىشلاردا خاتالىقنىڭ سادىر بولۇشىغا يول قويۇش كېرەك.

ھەربىر ئىش ئۈچۈن باھانە ـ سەۋەب تېپىش كېرەك: «بىر ياخشى پادىشاھنىڭ سەۋەنلىك ئۆتكۈزمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس.» ئەگەر ئۇلارنىڭ ئادالەتسىز قىلمىشلىرى دۆلەتكە پايدىلىق بولسىلا، ئۇنداقتا، ئۇلارنىڭ ئادالەتسىز قىلمىشلىرىنى ئەپۇ قىلىشقا بولىدۇ. پادىشاھلار ئادالەتكە مۇخالىپ ئىشلارنى قىلسا بولىۋېرىدۇ، بۇ پەقەت «كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ»، خالاس.

ماسسالىننىڭ كۆتۈپخانا باشلىقى كابورروي. لورد «سىياسىي ئۆزگىرىش ھەققىدە» دېگەن كىتابىدا، سىياسىي ۋە ئەخلاقىي نەزەرىيىلەر ئارقىلىق پادىشاھنىڭ ھەققانىيەت قىلمىشلىرىنى ئاقلاشقا ئۇرۇنغان. بۇ جەھەتتە ئۇ ھەتتا كارروندىنمۇ ئېشىپ كەتكەن. ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئومۇمىيۈزلۈك ھەققانىيەتكە يېتىش ناھايىتى قىيىن، بۇ دەل دۆلەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلغان ۋاقىتتا ھەققانىيەتنىڭ كىشىنى بىزار قىلىدىغان بىر خىل ئاۋارىچىلىقنىڭ مەنبەسىگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىدا. شۇڭلاشقا ئورتاق ھەققانىيەت سىياسىينىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىشى كېرەك. دۆلەت مەنپەئىتى ئۈچۈن پادىشاھ سىياسىي جەھەتتە ئۆزى دەڭسەپ

www.uyghurkitap.com

كۆرۈشى، قاتتىق ھەققانىيەت نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئەيىبلىشى، باشقا پادىشاھلارغا تەقلىد قىلىشى كېرەك. پادىشاھنىڭ سىياسىي تۇرمۇشتا ئىپادىلىنىدىغان ھەققانىيەت، ئەخلاق ۋە سەممىيلىكى خۇسۇسىي تۇرمۇشتا ئىپادىلىنىدىغان ھەققانىيەت، ئەخلاق ۋە سەممىيىتىگە ئوخشىمايدۇ. پادىشاھنىڭ ھەققانىيەت، ئەخلاق ۋە سەممىيەتنىڭ دائىرىسى ئىچىدىكى ھەرىكەت قىلىش بوشلۇقى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ، ئەركىن ئۆزىراپ - قىسقىرالايدۇ.» ناھايىتى روشەنكى، پادىشاھ بۇ يەردە سەممىيەت، دۇرۇسلۇق قاتارلىق پەزىلەتلەرنى ئۇلارنىڭ پايدىسى بىلەن سېلىشتۇرغان. لېكىن، بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، بۇ ئۇلارنىڭ ھەققانىيەتتىن يۈز ئۆرگەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. لورد سىياسىي ئۆزگىرىشكە مۇنداق دەپ ئېنىقلىما بەرگەن: «ئادالەتنى، ھەتتا ھەققانىيەت شەكىللىرىنى ئويلاشمىغان ئەھۋال ئاستىدا، پادىشاھنىڭ ئالاھىدە جىددىي ۋە قىيىن شارائىتتا ئامالسىزلىقتىن قىلغان، كەسكىن ھەم ئادەتتىن تاشقىرى ھەرىكىتىدۇر. بۇ ھەرىكەتتە شەخسنىڭ مەنپەئىتى ئومۇمنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن خەتەرلىك ھالەتتە تۇرغان بولىدۇ.» لوردنىڭ دېيىشىچە، پادىشاھ پەقەت جىددىي پەيتلەردىلا سىياسىي ئۆزگىرىش قىلسا بولىدۇ، بۇ بىر خىل كۈچلۈك قۇتقۇزۇش ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ. ئېھتىمۇ چوڭ كېسەلنى داۋالاپ ساقايتىش ئۈچۈن، بۇ ئۇسۇلنى ساقلاپ قېلىش كېرەك. چوقۇم سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىش توغرا كەلگەندە ھەرىكەت كەسكىن، تېز بولۇشى كېرەك. بىر قېتىمدىلا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان سىياسىي ئۆزگىرىش خۇددى گۈلدۈرماما ئالدىدىكى چاقماققا ئوخشاش يەر - جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان پەيتلەرنىڭ پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ.

لوردنىڭ قارىشىچە، پادىشاھنىڭ ھەرىكىتى ئومۇمنىڭ

مەنپەئىتى ئۈچۈن بولۇۋاتقاندا ياكى ئومۇمنىڭ خەيرلىك ئىشلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۆزىنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن بولۇۋاتقاندا قەستلەپ ئۆلتۈرۈشكە يول قويۇلسا بولىدۇ. لورد سان. بادورومونىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى قوللىغان بولۇپ، بۇنى ماختاشنىڭ ئاساسى بار دەپ قارىغان. لوردنىڭ قارىشىچە، ئەخلاق قەستلەپ ئۆلتۈرۈشنى چەكلەيدۇ، بىراق دۆلەت مەنپەئىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن سىياسىي قەستلەپ ئۆلتۈرۈشكە يول قويىدۇ.

كادىنا. دې. لاز ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىدە سىياسىينى بىر خىل ئەخلاققا زىت بولغان كەسىپ دەپ قارايدۇ ھەمدە ماكياۋېللىنىڭ پرىنسىپلىرىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا قوللايدۇ. بىراق، ۋەز ئېيتقاندا بولسا، ماكياۋېللىنىڭ پرىنسىپلىرىنى ئەيىبلەيدۇ.

دۆلەت مەنپەئىتى ھەممىدىن ئەلا دېگەن ئەخلاققا زىت نەزەرىيە بارلىق ھۆكۈمەت، پادىشاھ، جۇمھۇرىيەتلەر تەرىپىدىن كۆككە كۆتۈرۈلمەكتە ھەم ئەمەلىيلەشتۈرۈلمەكتە. بۇ خىل ئەخلاققا زىت نەزەرىيىنى ئەمەلىيلەشتۈرگەندە، ھۆكۈمەتنىڭ ئىپادىسى ئەڭ قەبىھ بولغىنى، ئالدى بىلەن ۋېنىتسىيىنىڭ ئون كىشىلىك كومىتېتىدۇر. بۇ كومىتېت دائىملا نەزەربەند قىلىش، تونجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈش قاتارلىق ۋەھشىيانە ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۆزىگە قارشى چىققۇچىلارنى كۆزدىن يوقىتاتتى. 1566 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ۋېنىتسىيىنىڭ رىمدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بىر جىددىي مەكتۇپىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بىزنىڭ قىلغانلىرىمىز دېگەنلىرىمىزدىن كۆپ، گەرچە بىز قىلىچ بىلەن ئوتنى ئىشلىتىپ باقمىغان بولساقمۇ، بىراق بىز ياشىيالمايدىغانلىقى بېكىتىلگەن ئادەملەرنى مەخپىي ئۆلتۈرۈشنى بىلەتتۇق.» ۋېنىتسىيىلىكلەرنىڭ شوئارى مۇنداق: «بىز ئالدى بىلەن ۋېنىتسىيىلىك، ئاندىن خرىستىئان مۇرىتى.»

17 ـ، 18 ـ ئەسىرلەردە، سىياسىي مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلىدىغان دىنىي ئەخلاقشۇناسلىرىدىن بوسسۇت (Bossuer)*، فېنېلون (Fenelon)**، ماسسالىن (Massalin)، كوندىللاك (Condillac)*** ۋە مابلىي (Mably) قاتارلىقلار بولغان. بۇ خرىستىئان ئەخلاقشۇناسلىرى ماكياۋېللىزمغا پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشى تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقلىرى نەتىجىسىزلىك بىلەن خۇلاسىلەنگەن، چۈنكى ئۇلار ئەخلاقتا ئۇيغۇن سىياسىي پرىنسىپنىڭ غەلىبە قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلالمايتتى. بوسسۇت چۈشىنىدىغان سىياسىي «ئىنجىل» دىن كەلگەن، فېنېلون چۈشىنىدىغان سىياسىي بولسا «تەۋرات» تىن كەلگەن. بوسسۇتنىڭ قارىشىچە خرىستىئان دۇنياسى چوڭ بىر ئائىلە، چوڭ بىر جۇمھۇرىيەت بولۇپ، ھەربىر دۆلەت مۇشۇ چوڭ ئائىلىنىڭ ئەزاسى. فېنېلوننىڭ قارىشىچە گەرچە ئۇرۇش پارتلاشقا مەجبۇر بولغان تەقدىردىمۇ، ئاق كۆڭۈللۈك ئېتىقادىغا بويسۇنۇپ، ۋەھشىيانە قىلمىشلاردىن ساقلىنىش كېرەك، چۈنكى ئۇرۇشۇۋاتقان ھەر ئىككى تەرەپتىكىلەر ئوخشاشلا ئادەم، ئوخشاشلا بىزنىڭ ئاكا ـ ئىنىلىرىمىز، قېرىنداشلىرىمىزدۇر. فېنېلون يەنە بۇرگوندىي (Burgundy) كىنەزى ئۆزىنىڭ شەخسىي تەلىپى، ئۆزىنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكى، ئۆزىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى قاتارلىقلارنى دۆلەتنىڭ مەنپەئەتى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قويماسلىقتا

---

* بوسسۇت (1627 ـ 1704) فرانسىيە كاتولىك دىنىنىڭ باش ئېپىسكوپى، كاتولىك دىنى ھۆكۈمرانلىقىنى ھىمايە قىلىدۇ، كاتولىك دىنى تەلىماتلىرىنى تەرغىب قىلىدۇ، خرىستىئان دىنى يېڭى مەزھىپىگە قارشى، «ئىنجىل تەلىماتلىرىدىن سىياسىيغا نەزەر» ناملىق ئەسىرى بار. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغۇچىدىن.

** فېنېلون (1651 ـ 1715) فرانسىيە كاتولىك دىنىنىڭ ئارخىئېپىسكوپى، يازغۇچى، مائارىپچى، سوقۇتتا تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، پادىشاھ ھوقۇقىغا چەكلىمە قويۇشنى، دىنىي جەمئىيەتنى ھۆكۈمەت كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇشنى تەشەببۇس قىلغاچقا، پادىشاھ ۋە پاپا تەرىپىدىن مەنسىپى چۈشۈرۈلگەن. «ئۆلۈك بىلەن سۆھبەت»، «تارماكنىڭ خەتەرلىك سەرگۈزەشتىسى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغۇچىدىن.

*** كوندىللاك (1715 ـ 1780) فرانسىيە پەيلاسوپى، يوھان. روكنىڭ سېزىم نەزەرىيىسىگە ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئۇنى ئۆزگەرتكەن، «ئىنسانلار بىلىملىرىنىڭ كېلىش مەنبەسى» ناملىق ئەسىرى بار. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغۇچىدىن.

ئاگاھلاندۇرغان. فېنېلون بۇ كىنەزگە تەلىم بېرىپ مۇنداق دېگەن: سىياسىي كىشىنىڭ دۇرۇس، سەمىمىي، ھېسداشلىققا باي ئادەملىك مەسئۇلىيىتىنى يوقىتىۋېتەلمەيدۇ. ئۇنى ئورتاق ھەققانىيەت ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك پرىنسىپىنىڭ ئۇستىگە قويالمايدۇ.

18 - ئەسىردە، ماسسالىن ۋە كوندىللاكلار بوسسۇئېت ۋە فېنېلونلارنىڭ خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرغان، لۇئى XV ۋە كىنەز پارما (Parma) لارغا سىياسىي بىلەن ئەخلاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىچ مۇناسىۋەت بارلىقىنى بىلدۈرۈشكە تىرىشقان. كوندىللاك ئۆزىنىڭ «تارىخ تەتقىقاتى» ناملىق ئەسىرىدە، سىياسىيدا سەمىمىيەت مەۋجۇت ئەمەس دېگەن ئورتاق خاتا قاراشقا رەددىيە بەرگەن. كىشىلەر سىياسىيدا رەزىللىك، ئىچى تارلىق، ھىيلە - مىكىر، ئالدامچىلىق ۋە ساختىلىقلار تولۇپ ياتىدۇ ھەم ھەربىر ئادەمدىن بۇنى مەدھىيىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ دەپ قارىشىدۇ. بىراق، كوندىللاك بۇلارنى سىياسىي ئالدامچىلىق دەپ قارىغان.

ئەمما، خرىستىئان ئەخلاقشۇناسلىرى ۋە بەزى پەيلاسوپلار خولباك (Holbach)* ، باربېيراك (Barbeyrac) ۋە مابلي (Mably) لار ماكياۋېللىزمنى رەت قىلغان ۋاقىتتا رېگېنت (Regent) ، دۇبوئىس (Dubois) ، لۇئى XV ، فرېدېرىخ II ھەمدە چاررۇسىيە

* خولباك ئۆزىنىڭ «ئىجتىمائىي تۈزۈم» ناملىق ئەسىرىدە ماكياۋېللىغا تەنقىدنى قانات يايدۇرغان. بۇ كىتاب زور قىممەتكە ئىگە بولسىمۇ، ئەپسۇسلىنارلىقى ئۇنى بىلىدىغانلار ئىنتايىن ئاز. بۇ كىتاب سىياسىي ھەققىدىكى تۆۋەندىكى ئۇقۇمنى توغرا شەرھلىگەن، يەنى سىياسىي چوقۇم ئەخلاقنىڭ ھۆكۈمەتتىكى ئىجراسى بولۇشى كېرەك. باربېيراك دىن ۋە ئاممىۋى مەنپەئەتنى نىقاب قىلغان سىياسىي ساختىپەزلىكنىڭ ھەقىقىي ئاساسىنىڭ قانۇنسىزلىق ۋە زوراۋانلىق ئىكەنلىكىنى پاش قىلىشقا تىرىشقان. باربېيراكنىڭ قارىشىچە، كىشىلەر دىن ۋە بەزىبىر قىلچە ئەھمىيەتسىز پو ئېتىشلار تەرىپىدىن قايمۇقتۇرۇلغاچقا، سىياسىي ساختىلىقنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئېنىق كۆرەلمەيدۇ، شۇڭا كىشىلەرنىڭ سىياسىي توغرىسىدىكى شېرىن خىياللىرىنى يوقىتىش كېرەك. مابلىنىڭ قارىشىچە ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى، ئەگەر سىياسىي كەسكىن ئەخلاق پرىنسىپىدىن چەتلەپ كەتسە جەمئىيەتكە بەخت ئېلىپ كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئىكەن. —— ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خانىشى كاتېرىننا (Catrenine) 18 ـ ئەسىردە داۋاملىق تۈردە ئەخلاق پرىنسىپى كەمچىل بولغان سىياسىيىنى يۈرگۈزۈۋاتاتتى. مىنىستىر تېررېي (Minister Terray) تېخى ھەتتا مۇنداق دېگەنىدى: «ھەربىر ئىشنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش كېرەك.» ئۇ مۇشۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى ئاقلىماقچى بولغان. فرانسىيىدە باشقا ياۋروپا دۆلەتلىرىگە ئوخشاشلا، سىياسىي ماككىياۋېللىزم خاراكتېرىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، بىر مۇنچە ۋاقىتلىق تەدبىرلەر بىلەن ئۇنۇملۇك ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىنغانىدى، يەنى پادىشاھ ۋە ۋەزىرلەر ئوردىدا ئەيش ـ ئىشرەت ۋە كەيپ ـ ساپا بىلەن يۈرۈپمۇ، سۈيىقەست، ھىيلە ـ نەيرەڭلىرى ۋە ئايغاقچىلىرى ئارقىلىق دۆلەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلالاتتى. سورېل* (Sorel) دەل جايىدا قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «يۇتكۇل 18 ـ ئەسىرنىڭ سىياسىيسى باشتىن ـ ئاخىر دۆلەت مەنپەئەتىنى يېتەكچى پرىنسىپ ۋە نىشان قىلغان، سۈيىقەست، ھىيلە ـ مىكىرلەرنى ۋاستە قىلغانىدى.» «دۆلەت مەنپەئەتى سىياسىي تۇرمۇشتىكى ئەڭ ئالىي قانۇن» دېگەن بۇ قاراش ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپقا ئېرىشتى، ھەتتا سانت. پېررې (Saint Pierre) نىڭ كىتابىمۇ بۇنىڭدىن خالىي بولالمىدى. ئۇ پادىشاھنىڭ چوقۇم ۋەدىگە ۋاپا قىلىپ كېتىشىنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ مۇنداق دېگەن: «ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش لازىملىقى قەيت قىلىنغان قانۇن چوقۇم يەنە بىر قانۇنغا، يەنى ‹ئاممىۋى مەنپەئەتلا ئەڭ ئالىي قانۇندۇر›

---

* سورېل (1847 ـ 1922) فرانسىيە پەيلاسوپى، ھۆكۈمەتسىزلىكنى تەرغىب قىلغۇچى، جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ئىقتىسادنىڭ تەبىئىي تەرەققىي قىلىشىنى بەلگىلىيەلمەيدۇ، ئۇ بەلكى زوراۋانلىقنىڭ يارىتىلىش جەريانى دەپ قارايدۇ، «زوراۋانلىق ھەققىدە»، «يوقسەلگەن خام خىيال» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

(Salus popoli suprema lax) دېگەن قانۇنغا بويسۇنۇشى كېرەك.» بۇ دەۋرنىڭ دىپلوماتىيىسىمۇ ئىنتايىن نومۇسسىز ئىدى. پەيلاسوپلار ناھايىتى تۇتتۇرۇقسىزلىق بىلەن فرېدېرىخ II نى، كاتېرىنىنانى ماختاپ كۆككە ئۇچۇراتتى، ھالبۇكى بۇ ئىككىلىسى ماكياۋېللىنىڭ مۇرىتلىرىدىن ئىدى. پرۇسسىيە پادىشاھى ياش چېغىدا پادىشاھ بولغۇسى يوقلۇقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، بىراق تەختكە ئولتۇرۇشى بىلەنلا ماكياۋېللىنىڭ ئەخلاقىقا قارشى پرىنسىپلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە باشلىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ «بىزنىڭ دەۋرىمىزدىكى تارىخ» ناملىق كىتابىدا قىلچە ئىككىلەنمەستىن مۇنداق دەپ يازغان: «پادىشاھ ۋەدىسىدە تۇرماسلىقنىڭ، كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلىشنىڭ ئۆزىگە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئويلاشقاندا، ئۇ پۈتۈنلەي ۋەدىسىدە تۇرمىسىمۇ، كېلىشىمگە ئەمەل قىلمىسىمۇ بولىدۇ. بىراق ئۇ بۇرۇن يېزىپ قالدۇرغان مۇنۇ شېئىرىغا خىلاپلىق قىلغان:

سىياسىي نەيرەڭۋازلىققا قىلسا مۇراجىئەت،
ماكياۋېللى نەزەرىيىسىدىن ئالىدۇ ئىلھام.
بۇ چاغدا سىياسىيدا بار پەقەت سۈيىقەست ۋە يالغان،
ۋەزىرلەر ئالدايدۇ ھەم ئالدىنىپ تۇرغان.
سەمىمىي دۇرۇسلۇقنى چوقۇم ماكياۋېللىنىڭ خاتا پرىنسىپلىرى ئۈستىگە دەسسىتىش كېرەك.
ئاتالمىش ھۆكۈمرانلىق سەنئىتى جىنايەت يېتىشتۈرىدىغان پارنىك بولۇپ قالغان.

فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى ھەققانىيەت ۋە ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ ئۇلۇغ پرىنسىپى ئاستىدا پارتلىغاندا، كىشىلەر سىياسىينىڭ ئەخلاقسىز شەكىلدە يۈرگۈزۈلمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىشقانىدى. بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەقىلغا مۇۋاپىق بىر ئىش ئىدى.

www.uyghurkitap.com

سىيېس (Sieyes)* ئۆزىنىڭ مەشھۇر كىتابچىسىدا فرانسىيە ئىنقىلابىغا قاتناشقۇچىلارنى تەنقىد قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئادەملەر ھەققانىيەت ۋە تەبىئەت قانۇنىيىتىنى تۇتۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن جەمئىيەتنىڭ مەنپەئىتىنى ئويلاشمايدۇ، بۇ ئادەملەر پەقەت سۇنئىي، ۋاقىتلىق تەدبىرلەرگىلا كۆڭۈل بۆلىدۇ، لېكىن بۇ ۋاقىتلىق تەدبىرلەرنىڭ ئەخلاققا ئۇيغۇن ياكى ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى ئويلاشمايدۇ، بۇ ئادەملەرنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى پەقەت ئۆزلىرى ھەممىلا جايدا ئۇلۇغ سىياسىئون دەپ تەرىپلەشكەن كىشىلەرنىڭ شان ـ شۆھرىتىدۇر، خالاس.» بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئۇمىدۋار كېلەچەكنىڭ ئەمەلگە ئاشماسلىقى ئېنىق تۇرۇپتۇ. فرانسىيە ئىنقىلابى ئۆزىنىڭ ئەخلاق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، پەقەت بىر قاتار سىياسىي ئۆزگىرىشلەرگە تايىنىپلا تاماملاندى. فرانسىيە ئىنقىلابى پارتلاپ ئۇزۇن ئۆتمەي مونتېسكيۇ ئۆزىنىڭ «قانۇن روھى ھەققىدە» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازدى: «دەسلەپىدىلا بىز ماكياۋېللىزمنى يېڭىشىمىز، يەنە كېلىپ ئۈزلۈكسىز يېڭىشىمىز كېرەك ئىدى... ئىلگىرى سىياسىي ئۆزگىرىش دەپ ئاتالغان نەرسە ھازىر تېررورلۇق تەركىبلىرى مەۋجۇت بولمىغان، پەقەت بىخەستە بىر ھەرىكەت بولۇپ قالدى، خالاس.» ھالبۇكى، فرانسىيە ئىنقىلابىدىكى سىياسىي ۋەقەلەرنىڭ ۋەھشىيانىلىكى بۇ ئۈمىدۋارلىقنىڭ ساختىلىقىنى ئېچىپ تاشلىدى، ھەققانىيەت نامى

* سىيېس (1748 ـ 1836) فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى دەۋرىدىكى پائالىيەتچى، كاتولىك دىنى مىسسىئونېرى، ئۈچ دەرىجىلىك يىغىنىنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىلىك ۋەكىلى بولۇپ سايلانغان، كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىنى تۈزۈشكە قاتناشقان، ئۇنىڭ «ئۈچىنچى دەرىجە دېگەن نېمە؟» دېگەن مەشھۇر كىتابچىسى بار، تۇمانلىق ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشتە ۋاقىتلىق ھوقۇقدارنىڭ بىرسى بولغان، بوربون سۇلالىسى قايتا تىرىلگەندە بېلگىيىگە قېچىپ كەتكەن. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

بىلەن باشلانغان فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى ئەمەلىيەتتە زوراۋانلىق بىلەن ئىجرا بولدى. مەسىلەن، 1793 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، 1794 ـ يىلى 3 ـ ئاي، 4 ـ ئاي، ئىسسىق ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، ئۈزۈم ئېيى* نىڭ 13 ـ كۈنى، مېۋە ئېيى** نىڭ 18 ـكۈنى ۋە تۇمانلىق ئاي*** نىڭ 18 ـ كۈنى قاتارلىق كۈنلەرنىڭ ھەممىسىدە زوراۋانلىق غەلىبە قىلغانىدى.

ئىنقىلاب پەقەت بىر قاتار سىياسىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ پارتلىشى ئىدى. 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنلىرى پادىشاھقا قارشى سىياسىي ئۆزگىرىش بولغان بولسا، 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى جىرونت مەزھىپىدىكىلەرگە قارشى سىياسىي ئۆزگىرىش بولدى، 1794 ـ يىلىدىكىسى بولسا دانتونغا قارىتىلغان سىياسىي ئۆزگىرىش ئىدى، ئىسسىق ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىكىسى بولسا روبىسپىيرغا قارىتىلغان سىياسىي ئۆزگىرىش ئىدى. مېۋە ئېيىنىڭ 18 ـ كۈنىدىكىسى بولسا مۆتىدىل بولغان جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى ۋە مونارخىست پارتىيىسىگە قارشى قوزغالغان سىياسىي ئۆزگىرىش ئىدى، تۇمانلىق ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىكىسى بولسا بەش كىشىلىك ئىچكى كابىنېتقا قارشى قوزغالغان سىياسىي ئۆزگىرىش ئىدى. تېررورلۇق ھۆكۈم

* ئۈزۈم ئېيى، فرانسىيە جۇمھۇرىيىتى كالېندارىنىڭ 1 ـ ئېيى، مىلادى كالېندارىنىڭ 9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن 22 ـ كۈنىگە توغرا كېلىدۇ. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

** مېۋە ئېيى، فرانسىيە جۇمھۇرىيىتى كالېندارىنىڭ 12 ـ ئېيى، مىلادى كالېندارىنىڭ 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىگە توغرا كېلىدۇ. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

*** تۇمانلىق ئاي، فرانسىيە جۇمھۇرىيىتى كالېندارىنىڭ 2 ـ ئېيى، مىلادى كالېندارىنىڭ 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىگە توغرا كېلىدۇ. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

سورگەن دەۋرلەردە پارىژ خەلقى دارغا ئېسىلدى ۋە قىرغىن قىلىندى، نەنت خەلقى تونجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈلدى، لىئون خەلقى، تۇلون خەلقى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. بەش كىشىلىك ئىچكى كابىنېت ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى ھەمدە تۇمانلىق ئاينىڭ 18 - كۈنى سۈرگۈن قىلىندى. «ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، مېھرىبانلىق» تىن ئىبارەت ئۈچ پرىنسىپ سىياسىي تۇتقا قىلىنغان دەۋرلەردە، قىرغىن قىلىش، تونجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈش، ئېتىپ ئۆلتۈرۈش، سۈرگۈن قىلىشلار ئەكسىچە ھۆكۈمەتنىڭ نورمال تۇزۇلمىسىگە ئايلىنىپ قالدى.

فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى دەۋرىدىكى سىياسىي ئەربابلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك —— مىرابو (de Mirabeau)* دىن تارتىپ بوناپارت (Bonaparte) قىچە ھەممىسى ماكياۋېللىزمغا ئېتىقاد قىلاتتى. مىرابو مۇنداق دېگەن: «رەزىل قىلمىشلار ئالىيجاناب ئەخلاقتىنمۇ بەكرەك تەقدىر بەلگىلەش قۇدرىتىگە ئىگە. چۈنكى ئۇ ئالىيجاناب ئەخلاقنى ۋەيران قىلىۋېتەلەيدۇ.» بۇ ئەلۋەتتە ماكياۋېللى ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئۇ خان جەمەتى مەنپەئىتى ئۈچۈن تەدبىر بەلگىلىدى، ئۇ ماكياۋېللىچە ھىيلە - مىكىر بىلەن پادىشاھنى كۈشكۈرتۈپ، بىر قاتار ئالدامچىلىق، نەيرەڭۋازلىق بىلەن پادىشاھنى پارلامېنتنىڭ ئىناۋىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا دەۋەت قىلدى، ئۇ قىلتاق قۇرۇپ پارلامېنتقا زىيانكەشلىك قىلدى،

* مىرابو (1749 - 1791)، فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى دەۋرىدىكى پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنى مەزھەپپەرەسلىرىنىڭ داھىيسى، ناتىق، ئۈچ دەرىجىلىك يىغىننىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلانغان، پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇن شەكلىدىكى سىياسىي گەۋدىنى تەشەببۇس قىلىدۇ، خان ئوردىسىنىڭ مەخپىي مەسلىھەتچىسى بولغان (1790). —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

سۇنئىي توسالغۇلارنى ياساپ پارلامېنتنىڭ ئىشلىرىغا توسقۇنلۇق قىلدى، پادىشاھنى پارلامېنتنىڭ بارلىق ھوقۇقلىرىنى تارتىۋېلىشقا كۈشكۈرتتى.» ئۇ يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بۇ باسقۇچلار دۆلەت تەرتىپىنى تەدرىجىي قالايمىقانلاشتۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ھۆكۈمەتسىزلىك ھالەتكە ئۆتۈشىنى تېزلەشتۈرۈۋېتىدۇ. ھالبۇكى دەل مۇشۇنداق بولغاچقىلا كرىزىسقا يول تېپىلىدۇ ــ دە، رەزىللىكلەرنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلىدۇ، بۇ كرىزىس ۋە رەزىللىكلەر تۇپەيلىدىن دۆلەت ئازاب ــ ئوقۇبەتلەرگە دۇچار بولىدۇ ھەمدە بۇ ئازاب ــ ئوقۇبەتلەر بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ، ئۇزۇنغا بارمايلا دۆلەتنىڭ بارلىق بايلىقىنى خورىتىپ تۈگىتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن دۆلەت خان جەمەتىنىڭ نوپۇزىغا تايىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ.» مىرابونىڭ لۇئى XVI گە نەسىھەت قىلغان تاكتىكىلىرى ئەخلاقسىزلىق جۈملىسىدىندۇر. چۈنكى بۇ تاكتىكىلار سىياسىينىڭ جىنايىتىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ، بۇ تاكتىكىلارغا تايىنىپ ياخشىلىققا يېتىش ئەمەلگە ئاشمايدىغان خام خىيالدىن ئىبارەت.

مىرابومۇ خان جەمەتىنى ھېچقانداق ۋاستە تاللىماي سىياسىي پارتىيە رەھبەرلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تەڭشەشكە كۈشكۈرتكەن، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مۇبادا ئۇلارغا خۇشامەت قىلىش بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلغىلى بولمىسا، ئۇنداقتا باشقا ۋاستىلەرنى قوللىنىش كېرەك. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن ھەرقانداق ئىش قىلىشقا بولىدۇ. ھېچقانداق تاسادىپىيلىق مەۋجۇت ئەمەس.» بۇ دەل مىرابونىڭ خان جەمەتىگە قىلغان تەكرار ــ تەكرار ئاگاھلاندۇرۇشىدۇر.

بۈيۈك فرانسىيە ئىنقىلابى دەۋرىدىكى مۇھىم سىياسىي شەخسلەر تۈزگەن سىياسەتلەرنىڭ ھەممىسى كونا تۈزۈم ئاستىدىكى ئەخلاقسىز سىياسەتلەرنىڭ كۆچۈرۈلمىسى ئىدى. بۇ سىياسەتلەر

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ۋاقىتلىق تەدبىر، جىددىي تەدبىر، سۈيىقەست، ھىيلە ـ مىكىر، زوراۋانلىق، باستۇرۇش قاتارلىقلاردىن تەركىبلەنگەن بولۇپ، بۇ سىياسەتلەر قورال كۈچىنىڭ قوللىشى بىلەن قالايمىقانچىلىق، ۋەقە پەيدا قىلىش، سىياسىي ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق ھوقۇق تارتىۋېلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىناتتى. بۇ كونا تۈزۈمگە قارشى چىققۇچىلارغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا خالىغانچە قولغا ئېلىش، ئۆلتۈرۈش، سوراق قىلىش، سۈرگۈن قىلىش، مال ـ مۈلۈكنى خالىغانچە مۇسادىرە قىلىش قاتارلىق رەزىل ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ مەقسىتىگە يېتىشەتتى. ئۇلار «دۆلەت مەنپەئەتى ھەممىدىن ئەلا» دېگەن تەلىماتتىن ئۆزلىرىگە ئىلھام ئىزدىشەتتى، ئۇلار كونا تۈزۈمدىكى ئادەتلەنگەن ۋاسىتىلەردىن «ھۆكۈمەت ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ» دېگەن پرىنسىپنى سۈيىئىستېمال قىلىشاتتى. مەسىلەن، ئۇلار «مەقسەت ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ» دېگەن پرىنسىپنى سۈيىئىستېمال قىلىشىپ «يەككىلەر مەۋجۇتلۇقى» پرىنسىپىنى كەمسىتىشىدۇ. ئۇلار بۇ جەھەتلەردە كېيىنكىلەردىن ئېشىپ چۈشكەن بولۇپ، ھەتتا ھېنرى Ⅷ، فىلىپ Ⅱ ۋە كىنەز ئالبا (Duke of Alba) لارنىڭ ھاكىممۇتلەقلىقىنىمۇ بېسىپ چۈشكەنىدى.

ئارىستەيد (Aristides)* نىڭ قارىشىچە ئافىنا پارلامېنتى تۈزگەن قانۇنلار گەرچە كېرەكلىك بولسىمۇ، لېكىن ئادالەتسىز ئىكەن. بىراق، ئافىنا پارلامېنتى ئارىستەيدنىڭ ئافىنا قانۇنى توغرىسىدىكى سەممىي تەنقىدىنى ئاڭلاشنى رەت قىلغان. ئافىنانىڭ قانۇن چىقىرىش پارلامېنتى ۋە گىراژدانلار قۇرۇلتىيىدا ئارىستەيدتىكى بۇ خىل ئەخلاقتىكى ئارىسالدىلىق، ئارامسىزلىق

---

* ئارىستەيد (؟530 ـ ؟468)، ئافىنا سىياسىئونى ۋە گېنېرالى، ترويا ئىتتىپاقىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

پەيدا قىلغان ئېغىر بىسمىنىڭ پەيدا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.
ئۇلار بىلەت تاشلاش ئارقىلىق نۇرغۇن قانۇنلارنى ماقۇللاشقان.
ئۇلار بۇ قانۇنلارنىڭ پۈتۈنلەي ئادالەتسىز ئىكەنلىكىنى بىلىشسىمۇ،
لېكىن يەنىلا زوّرۇر دەپ قاراشقان. مىشېلېت (Michelet)
فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى دەۋرىدىكى شەخسلەرگە ناھايىتى كەڭ
قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىمۇ شۇنى
ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغانكى، «ئۇلار كەسپتە يۇقىرى
پەللىگە چىققاندا، قىلچە ئىككىلەنمەستىن: شەخسىي ئەخلاق ۋە
ئاممىۋى ئەخلاقتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئەخلاق مەۋجۇت. ئەگەر
لازىم بولسا ئاممىۋى ئەخلاقنى تەكىتلەپ شەخسىي ئەخلاق بىلەن
كارىمىز بولمىسىمۇ بولىدۇ» دېگەن بىر خىل ئىنتايىن خاتا
نەزەرىيىنى قوبۇل قىلىشقان. بۇ بىر دەۋردىكى بارلىق
سىياسىئونلار ئېتىقاد قىلغان نەزەرىيە ئىدى، ئۇلار بۇ جەھەتتە
ئۆزلىرىنى قەدىمكى رىم سىياسىئونى برۇتۇ (Brutus) نىڭ
ۋارىسلىرى دەپ قارىشاتتى، ھالبۇكى، پەقەت ماكياۋېللىلا ئۇلارنىڭ
ھەقىقىي پىرى بولالايتتى.» ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، مەقسەت
ۋاستىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىيالايتتى. پەقەت «ئاقسۆڭەكلەر»
گە قارىتىلغان بولسىلا بارلىق ۋاستىلەرگە يول قويۇشقا بولىدۇ
دەپ قارىشاتتى. بىر ئىنقىلابىي پارتىيىنىڭ ئادىمى گېرات(Garat)
قا مۇنداق دېگەنىكەن: «سىزنىڭ خاراكتېرىڭىزدە بىر ئېغىر نۇقسان
بار، ئۇ بولسىمۇ سەن رەزىل ئىشلارنى قىلىشقا مۇناسىپ
كەلمەيسەن، ھەتتا ئاممىنىڭ خەيرلىك ئىشلىرى سېنى رەزىل
ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر قىلغان تەقدىردىمۇ سەن ئۇنداق قىلىشنى
خالىمايسەن.» باسىر (Basire) مۇنبەردە تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن:
«دۆلەت دۈشمەنلىرىگە تاقابىل تۇرۇشقا كېرەكلىك بولسىلا
ھەرقانداق ۋاستىنى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ.» لېكلېرك (Leclerc)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تېخى مۇندىق دەپ چۇقان سالغان: « خەلق مەنپەئىتى ئۈچۈن چوقۇم ماكياۋېللىزمنى يولغا قويۇش كېرەك. » دانتون شارائىت مۇشۇنىڭغا ئېھتىياجلىق دەپ قارىغاچقا، كۆز ئالدىدىكى جىنايەتلەرنى توسمىغان. ئۇنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇ پارىژ خەلقى ۋە چەت ئەل كۆچمەنلىرىنىڭ قېنىنى دەريادەك ئاققۇزۇش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، سېنتەبىردىكى چوڭ قىرغىنچىلىقنى قوزغىغان. سېنتەبىردىكى چوڭ قىرغىنچىلىقتىن كېيىن پارىژ سىياسىي رايونى ۋە ھەرقايسى ئۆلكىلەرنى ئۆزلىرىدەك قىلىشقا كۈشكۈرتكەن، ئەينى ۋاقىتتىكى ئەدلىيە مىنىستىرى دانتون قىرغىنچىلىق قىلىشقا قۇترىتىشتەك جىنايى قىلمىشىنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بەرگەننى ئاز دەپ، تېزلىكتە مىنىستىرلىك تامغىسىنى بېسىپ شۇنداق قىلىشقا ماقۇل بولغان.

تېررورلۇق بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىش ماكياۋېللىي خاتا نەزەرىيىلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىلىشى ئىدى. بۇ ئىتالىيىلىك يازغۇچى مۇنداق دەپ يازىدۇ: «دۆلەتتە ئىنقىلاب پارتلىغاندا، مەيلى جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى ھاكىممۇتلەقلىق زوراۋان تۈزۈمگە ئايلانسۇن، مەيلى ھاكىممۇتلەقلىق تۈزۈمنىڭ ئورنىغا جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى دەسسىسۇن، ھەممىسىدە بىر خىل تېررورلۇق ئوبرازى پارتىلىشى، ئاندىن بۇ خىل تېررورلۇق ئوبرازى يېڭى تۈزۈمگە ۋە دۈشمەنلەرنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر ئورناپ كېتىشى كېرەك.»

ماكياۋېللى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇنداق دەيدۇ: «سىياسىي رەقىبلىرىنى يوقىتىشتىكى ئەڭ ياخشى ئۇسۇل كەسكىن ھەم پاكىز، يۈرەكلىك ھەم نومۇسسىز بولۇشتۇر.» قىلچە تەپتارتماسلىق تېررورچىلار ئاغزىدىكى مەڭگۈلۈك شوئاردۇر! سېنتەبىر چوڭ قىرغىنچىلىقى يۈز بەرگەندە، دانتون ھاياجىنىنى باسالماي مۇنداق دەپ چۇقان سالغان: «دادىل! دادىل! مەڭگۈ

دادىل بول!» سانت. جۇست (Saint • Just) نىڭ قىبلىنەماسى دانتوننىڭكى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش بولۇپ، ئۇ: «دادىللىق ئىنقىلابنىڭ بارلىق مەخپىيەتلىكىدۇر» دەيدۇ. تارىختىن بۇيانقى تېررورچىلار ئۆتۈپ كەتكەن قانۇنسىزلار ۋە يۈرىكى قاپتەك كىشىلەردۇر!

روبېسپېر نۇتۇقلىرىدا ماكياۋېللىزمغا قارشى تۇرغان، ئەمەلىي ھەرىكەتلىرىدە بولسا ئەكسىچە ماكياۋېللىزمغا تايانغان. ئۇ مۇنداق دەپ جاكارلىغان: «باشقۇرۇش سەنئىتى پەيدا بولغان كۈندىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر ئالدامچىلىق سەنئىتى، كىشىنى چىرىتىش سەنئىتى بولۇپ كەلدى. بۇ خىل سەنئەت ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەسلىدە كىشىنى ئويغىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش سەنئىتى بولۇشى كېرەك ئىدى.» ھالبۇكى، ئۇنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرى ئۇنىڭ مەڭگۈ ماكياۋېللى مۇرىتى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. ئۇ دۆلەت مەنپەئىتىنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ سىياسىي رەقىبلىرىنى باستۇراتتى، ئۇ ھۆرلۈك، باراۋەرلىك، مېھرىبانلىقتىن قۇرۇلغان جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن سۈرگۈن قىلىش ۋە نەزەربەند ئاستىغا ئېلىشتىن ئىبارەت قاتتىق ۋاستىلەرنى قوللىنىش كېرەك دەپ قارايتتى.

ماكياۋېللى مۇنداق دەيدۇ: «دۆلەت بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ تۇرىدىغان ۋاستىنى ئويلاشقىنىمىزدا، ھەرقانداق بىر ئادالەت ۋە رەزىللىك، مېھىر - شەپقەت ۋە شەپقەتسىزلىك، شان - شۆھرەت ۋە ئار - نومۇس دىلىغۇللۇقى بىزنىڭ ھەرىكەت قوللىنىشىمىزنى توسۇپ قويماسلىقى كېرەك.» تېررورچىلارمۇ مۇشۇ مۇقامنى تەكرارلاۋاتقان بولۇپ، ئۇلار مۇنداق دەپ جار سېلىشىدۇ: «دۆلەت بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدىغانلا بولسا، قەلبىمىزدىكى بارلىق ئەخلاق ئىزلىرىنى

سۇپۇرۇپ تاشلاڭلار!» 1791 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى مارات (Marat) «خەلققە خەت»تە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «خەلق بىخەتەرلىكى ھايات ـ ماماتلىق پەيتلەردە تۇرماقتا! بۇ ئەڭ ئالىي قانۇن ئالدىدا بارلىق قانۇنلار ئۆز رولىنى يوقىتىدۇ، پەقەت دۆلەتنى قۇتقۇزغىلى بولسىلا بارلىق ۋاستىلەر ياخشىدۇر، بارلىق ئۇسۇللار ئادالەتلىكتۇر، بارلىق تەدبىرلەرنى تەرىپلەشكە ئەرزىيدۇ.» خۇددى ماراتقا ئوخشاشلا، نۇرغۇن ياكوبىنچىلار جۇمھۇرىيەتنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مەقسەتنىڭ يۈكسەكلىكى ئۈچۈن، بارلىق سۇرگۈن قىلىش ۋە نەزەربەند ئاستىغا ئېلىشلار ھەققانىيدۇر دەپ قارايدۇ.

ماكياۋېللى ۋە تېررورچىلارنى سېلىشتۇرۇشتىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، دۆلەت تۈزەشنىڭ يېڭى ئېراسىنى ئاچتۇق دەپ جاكارلىغان سىياسەتۋازلار پەقەت ھاكىممۇتلەق ھۆكۈمەتنىڭ ئۇسۇللىرىنى تەكرارلاۋاتىدۇ. بەزىدە تېخى ئۇلاردىن ئېشىپ چۈشمەكتە، خالاس. ئۇلار فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى ئېلىپ كەلگەن پرىنسىپلارنى پۈتۈنلەي چۈشەنمەيدۇ، ئۇلاردا ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، مېھىر ـ مۇھەببەت پەزىلەتلىرى كەمچىل. ئۇلار ھەرگىزمۇ سىياسىي ساھەنىڭ ئاۋانگارتلىرى ئەمەس، چۈنكى ئۇلار بارلىق قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىگە ماكياۋېللىچە كونا ئۇسۇلنى كۆچۈرۈپ ئەكەلگەن. ئۇلار خەلق ئىشلىرىنى قوغداش نامىنى سۈيىئىستېمال قىلىپ تۇرۇپ، خاتىرجەملىك بىلەن جىنايەتلىك سىياسىي ۋاستىلەرنى قوللىنىشقا باشلايدۇ. يەنە كېلىپ بۇ جىنايى ۋاستىلەرنىڭ ھەممىسى دەل ئىلگىرى ئۆزلىرىنى ئەزگەن مۇستەبىت پادىشاھلارنىڭ ھاكىممۇتلەقلىق سىياسىتىدە قوللانغان جىنايى ۋاستىلەردۇر.

بەش كىشىلىك ئىچكى كابىنېت ماكياۋېللىزمنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلدى. ئۇلار زوراۋانلىق قىلىش، قۇۋلۇق ـ



www.uyghurkitap.com

شۇملۇق قىلىش ۋە مېۋە ئېيىنىڭ 18 ـ كۈنى دۆلەت ۋەكىللىك هوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن هاكىمىيەتكە بولغان كونتروللۇقىنى تەسلىكتە ساقلاپ كەلدى.

مېۋە ئېيىنىڭ 18 ـ كۈنىدىكى ۋەقەنى نومۇسسىز ئۈچ ئىچكى كابىنېت ئەزاسى ۋە بىر تەلۋە ئەسكەر ئاگېرېيۇ (Augereau) كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ ۋەقە تېزلىكتە تۈمانلىق ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىكى يەنە بىر گېنېرال قوزغىغان سىياسىي ئۆزگىرىشكە تۈتۈرۇق بولدى، بۇ گېنېرالنىڭ ئەخلاق ئېڭى ئۇنىڭ هەربىي تالانتى بىلەن پۈتۈنلەي تەتۈر تاناسىپ ئىدى. بۇ سىياسىي ئۆزگىرىشكە پاپا قىزىقتۇردى، ئېڭخيېن (Enghien) ئەمەلگە ئاشۇردى، بايوننا (Bayonne) پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ زەربە بەردى. بۇ ۋەقەدىن بىز ناپولېئون I نىڭ هۆكۈمرانلىق قىلىش ئۇسۇلىنىڭ مەڭگۈ دۆرۈسلۇق ۋە سەممىيلىكنى ساقلاپ قالالىشىغا ئىشەنمىدۇق. «ئۇلۇغ» دېگەن بۇ ئاتاقنىڭ ناپولېئونغا بېرىلىشىگە كەلسەك، تارىخنىڭ ئويلانغىنى ئۇنىڭ ئەخلاق جەھەتتىكى ئۇلۇغلۇقى بولماستىن، بەلكى ئەقىل ـ پاراسەت جەھەتتىكى ئۇلۇغلۇقىدۇر. شۇڭا بۇ ئاتاقنى بارلىق بويسۇندۇرغۇچىلارغا، مەسىلەن، ئالېكساندىر، كايسار، لۇئى XIV، فرېدېرىخ II لەرگە بەرسەك بولىۋېرىدۇ. بىراق، ناپولېئون دانىشمەن ۋە ئادىل دېگەن نام ـ ئاتاققا مۇناسىپ كەلمەيدۇ. چۈنكى، ناپولېئون دۆلەت مەنپەئىتىنى قوغداشنى باهانە قىلىپ تۇرۇپ قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئادالەتكە ئوچۇق ـ ئاشكارا تاجاۋۇز قىلغان. ناپولېئون مۇنداق دېگەنىكەن: « هازىر دۆلەت مەنپەئىتى بۇرۇنقىلار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن تەڭرى ئىرادىسىنىڭ ئورنىغا دەسسىدى، كارنېيل (Corneille) مۇشۇ هەقىقەتكە چوقۇنىدىغان بىردىنبىر فرانسىيە تراگېدىيە يازغۇچىسى. ئەگەر ئۇ بىزنىڭ دەۋردە ياشاپ

www.uyghurkitap.com

قالغان بولسا، مەن ئۇنى چوقۇم باش ۋەزىر قىلىۋالغان بولار ئىدىم. »

بۇ بابنى ئاخىرلاشتۇرۇشتىن ئاۋۋال، ئەخلاقسىز بولغان دۆلەت تۈزەش تەدبىرلىرى ئېلىپ كەلگەن نەپىنىڭ كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىنىدەك چوڭ ياكى چوڭ ئەمەسلىكىنى تەكشۈرۈپ ئۆتىمەن. مېنىڭ قارىشىمچە، ماكياۋېللىچە دۆلەت تۈزەش تەدبىرلىرى ئېلىپ كەلگەن نەپ كۆرۈنەرلىك ھالدا مۇبالىغە قىلىۋېتىلگەن، چۈنكى بۇ خىل دۆلەت تۈزەش تەدبىرلىرىدە كۆپ ھاللاردا كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتلا كۆزدە تۇتۇلۇپ، كېلەچەكتىكى ئۇلۇغۋار نەتىجىگە سەل قارىلىدۇ. شەخسلەرنىڭ ھاياتى ئىنتايىن چەكلىك بولىدۇ، بىر ئادەم جىنايەت ئارقىلىق مەنپەئەتكە ئېرىشىپ جازاغا ئۇچراشتىن ئاۋۋال ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن. ئىنسانلار ھاياتلىقىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋاقتى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، سىياسىي جىنايەتلەر قىسقا مۇددەتلىك نەپكە ئېرىشكەندىن كېيىن ھەممىشە ئەڭ ئاخىرىدا ئاندىن جازاغا دۇچار بولىدۇ. ھىيلە ـ مىكىر ۋە زوراۋانلىقنىڭ غەلىبىسى ھەمىشە قىسقا مۇددەتلىك بولىدۇ، ئەگەر ئۇزۇن تارىخ نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلغاندا، كىشىلەر شۇنداق بىر ئومۇميۈزلۈك قانۇنىيەتنى بايقايدۇكى —— ئەخلاقسىز سىياسىيغا چوقۇم مەغلۇبىيەت ھەمراھ بولغان بولىدۇ. سىياسىئونلار ئېغىر قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىدۇ، ئادالەتسىز بولغان ۋاقىتلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق ۋاقىتلىق مەنپەئەتكە ئېرىشمەكچى بولۇشىدۇ ھەمدە مۇشۇ ئەڭ ئاددىي ئۇسۇل بىلەن ئەخلاقىي مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرماقچى بولۇشىدۇ. بىراق، يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغان ئىشتىن ئادالەتسىزلىكنىڭ ئاجايىپ ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئاخىر چۈشىنىپ قېلىشىدۇ.

ھىيلە - نەيرەڭ ۋە ئادالەتسىزلىكنىڭ ئىشى ھەممىشە ئوڭغا تارتىۋەرمەيدۇ، بەلكى ئەكسىچە ئۆزىنى قىزغىنلىق بىلەن قوغلاشقۇچىلارنى زور بەدەل تۆلەتكۈزىدۇ. ماكياۋېللى سىياسىيدىكى نۇرغۇن مۇناپىقلارنى ۋە ۋەھشىيانىلىقلارنى مىسال كەلتۈرىدۇ ھەمدە بۇ مىساللارنى سىياسىيدىكى ئەقىل - پاراسەت ۋە سەزگۈرلۈكنىڭ مىسالى دەپ قارايدۇ. بىراق بۇ ئۇنىڭ نامىنى شەرمەندە قىلدى. چۈنكى ماكياۋېللى تەرىپلىگەن ئاشۇ پادىشاھلارنىڭ باش قاتۇرۇپ ئوتتۇرىغا چىقارغان ۋە ھەدەپ يەل بەرگەن ۋاپاسىزلىق ۋە مۇناپىقلىق قىلمىشلىرىدىن، ھەتتا ئاشۇ پادىشاھلارنىڭمۇ ئۆز ئۇراق ھۇزۇرلىنىشقا زوقى قالمىغان. ماكياۋېللى ماختاپ كۆككە كۆتۈرگەن قەھرىمان بورگىيا (Borgia) غا تەقدىرنىڭ كۈلۈمسىرەپ قارىشى نېسىپ بولمىدى: گەرچە ماكياۋېللىنىڭ ئەقىل - پاراستى ئۇرغۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇ غالىبلاردىن ئەمەس ئىدى، ئەكسىچە قارا نىيىتىنىڭ تۈرتكىسىدە بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلىپ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەستىن، كۆنى غۇربەتچىلىك ئىچىدە ئۆتۈپ كەتكەن بىر يالاڭ تۆش ئىدى.

سىياسىي جىنايەتلەرنىڭ جازاغا تارتىلماي قېلىشى مۇمكىن ئەمەس، ماكياۋېللىنىڭ مۇرىتلىرى سىياسىي مەقسەتنى كۆزدە تۇتۇپ، بىگۇناھلارنى ئىنتايىن ئېغىر جازالىغان بولسىمۇ، لېكىن ئاقىۋەتتە ئۆزلىرىمۇ ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەرگە دۇچار بولدى. باشقىلارنى سۈرگۈن قىلغان، نەزەربەند ئاستىغا ئالغانلار ئاقىۋەتتە ئۆزلىرىمۇ شۇنداق كۈنگە دۇچار بولۇشتى. جىرونت مەزھىپىدىكىلەر 21 - يانۋار ۋەقەسى ئۈچۈن مەسئۇل بولۇشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئۇلار يەنە 31 - ماي ۋەقەسىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلىرىغا ئايلىنىپ قالدى. دانتوننىڭ شېرىكلىرى مۆتىدىلپەرەسلەر ۋە جىرونت مەزھىپىدىكىلەرنى جازاغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تارتقاندى، ئايلىنىپ بىرىپ ئۆزلىرى مۆتىدىلپەرەسلەر سانىلىپ نەزەربەند ئاستىغا ئېلىندى ۋە سۈرگۈن قىلىندى. روبىسپىر ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ئۇرغۇن كىشىلەرنى دارغا ئاسقانىدى. ئاقىۋەتتە بۇ كۈن ئۆزلىرىنىڭ بېشىغا كەلدى. ياكوبىنىنىڭ غوللۇق ئۇنسۇرلىرى ئىنقىلابىي سوت قۇرغانىدى، ئۆزلىرى شۇ سوتنىڭ قۇربانلىرىغا ئايلىنىشتى. ئەنگلىيىنىڭ ئۇزۇن يىللىق پارلامېنت ئەزالىرى، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان چارلېز I ۋە سۈرگۈن قىلىنغان نۇرغۇن ئەمەلدارلار ۋە قەلەمدارلار ئەڭ ئاخىر كرومۋېل تەرىپىدىن ناھايىتى سەتچىلىك بىلەن ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ قېلىشتى. كرومۋېل ئۇلارنى سۈرگۈن قىلغان ۋاقىتتا مۇنداق دېگەنىكەن: «سىلەر دېگەن بىر توپ هاراقكەش، لۈكچەك، خۇشامەتچى، بۇلاڭچىلار.»

دۆلەت بىختەرلىككە خەۋپ ئېلىپ كېلىدىغان تۈپكى سەۋەب، ھەققانىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلماسلىقتۇر. لۇئى XIV ۋە ناپولېئون I لارنىڭ سىياسىيدىكى ئەڭ چوڭ سەۋەنلىكى ئەخلاق ئۇقۇمىنى خاتا چۈشەنگەنلىكىدە. لۇئى XIV «نەنت پەرمانى»* (Editct of nantes) نى بىكار قىلىش ئارقىلىق دۆلەتنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى كۈچەيتىشنى ئويلىغانىدى. بىراق، ئەمەلىيەتتە دۆلەتنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويدى. باش مۇلكىي ئەمەلدارنىڭ ئايالى ئانگىئاننىڭ تۇتقۇن قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئېرى بوناپارتتىن بىگۇناھلارنى ئۆلتۈرمەسلىكنى ئۆتۈنگەندە، بوناپارت ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: «سىز دېگەن بىر ئايال، مېنىڭ سىياسىتىمنى سىز پۈتۈنلەي

* «نەنت پەرمانى»، 1598 ـ يىلى فرانسىيە پادشاھى ھېنرى نەنت شەھىرىدە ئېلان قىلغان پەرمان، بۇ پەرماندا خۇگېنو مەزھىپىنىڭ مۇرتلىرىغا سىياسىيدا بەلگىلىك ھوقۇق بېرىلگەن، بۇ پەرمان 1685 ـ يىلى بىكار قىلىنغان. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

چۈشەنمەيسىز، شۇڭا سىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىڭىز پەقەت سۈكۈت قىلىش.» ئۇ بۇ خىل رەزىل جىنايى قىلمىش ئارقىلىق زور سىياسىي نەپكە ئېرىشمەكچى بولغانىدى. بىلىمىدىكى، بۇ خىل ئەخلاققا ۋە ھەققانىيەتكە زىت قىلمىش فرانسىيە، ھەتتا پۈتكۈل ياۋروپادىكى بارلىق ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. قوللاشقا ئەڭ ئېھتىياجلىق ۋاقىتىدا رۇسىيىنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيىگە قاراتقان سىياسىي غەرىزىگە پايدىلىق بولغان خەلقئارا مۇھىتتىن ئايرىلىپ قالدى. ئانگىئان ئۆلتۈرۈلگەندە بەزىلەر شۇنداق دەپ چۇقان سېلىشتى: «بۇ جىنايەتتىنمۇ ئېغىر ئىش، بۇ بىر غايەت زور خاتالىق.» بۇ بىر ئەخلاققا يات بولغان چۇقان ئىدى. چۈنكى بۇ ئادەملەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، جىنايەت سىياسىيدىكى سەۋەنلىكلەردەك ئېغىر ئەمەس ئىدى، بىراق بۇ ئادەملەرنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈش قىلمىشلىرىنى بىر خىل خاتالىق دەپ قارىشىمۇ ئۇلارنىڭ كۆنۈكۈپ كەتكەن تەپەككۇر مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن ئىدى. كۆڭلى نازۇك ئاياللار ئەقىل - پاراسىتى ئۇرغۇپ تۇرغان سىياسىئونلاردىنمۇ بەكرەك ھەقىقەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلالايدۇ. كىشى ئەقلى ھېسسىياتتىن ئايرىلىپ مۇستەقىل رول ئويناۋاتقان ۋاقىتتا ئوڭايلا خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ. سىياسىي تۇرمۇشتا، ھېسسىيات ئەقلىيلىقنى كونترول قىلىپ تۇردى دېگەن تەقدىردىمۇ، ئەقلىيلىق ھەرگىز دۆلەت مەنپەئىتىگە (reason of state) چېتىلمايدۇ؛ بۇ خىل ھېسسىيات كونترول قىلىپ تۇرغان ئەقلىيلىق ئاق - قارىنى پەرق ئېتىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن تەقدىردىمۇ، بۇ خىل ئاق - قارىنى پەرق ئېتىش پايدا - زىيان توغرىسىدا ئىنچىكە چوت سوقۇش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتمەيدۇ، سىياسەت ھېسسىياتتىن ئايرىلىپ قالسا، مول ئىلھام مەنبەسى قۇرۇپ كېتىدۇ.

ناپولېئون I ، چارلېز IV ۋە ئۇنىڭ ۋارىسى فېرناندونىڭ قولىدىن ئىسپانىيە تەختىنى تارتىۋالغاندا، سىياسىي ئېھتىياجنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ زوراۋانلىق قىلمىشى ۋە سۇيىقەستىنى ئاقلىماقچى بولغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: «مەلۇم كۆزقاراش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، مېنىڭ قىلغانلىرىم ئەخلاق ۋە ھەققانىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، بىراق سىياسىيىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق جىددىي ئېھتىياجى بولىدۇ، سىياسىيىنىڭ شەپقەتسىزلىكتىن ساقلانمىقى تەس. . . سىياسىي، پەقەت سىياسىيلا ماڭا ئوخشاش ئادەملەرنىڭ بارلىق ئىش - ھەرىكىتىنى يېتەكلەيدىغان بىردىنبىر نىشاندۇر.»

ناپولېئوننىڭ ئۇلۇغۋار مەقسىتى —— ئىسپانىيىنى گۈللەندۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سىياسىي جىنايەتلىرىنى ئاقلىماقچى بولغانىدى، بىراق ئۇ مەقسىتىگە يېتەلمىدى، ئۇنىڭ ئىسپانىيە مۇستەقىللىقىغا توسقۇنلۇق قىلماقچى بولغان ئۇرۇنۇشلىرى ئۇنىڭغا ئاپەت خاراكتېرلىك ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كەلدى.

يۇقىرىقى مىساللاردىن، «مەقسەت ۋاسىتىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ» دېگەن ماكىياۋېللىزمچە ھېكمەتلىك سۆزنىڭ نەقەدەر خاتالىقىنى كۆرۈۋالايمىز. سىياسىي ساھەدە، كىشىلەر مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن چوقۇم ئەيىبكەئۇچرايدىغان ۋاسىتىلەرگە تايىنىشنىڭ ھاجىتى يوق. ناپولېئون ئىسپانىيىنىڭ مۇستەقىللىقىغا توسقۇنلۇق قىلىش ئارقىلىق ئىسپانىيىنى گۈللەندۇرۇش مەقسىتىگە يېتەلمەيتتى، خۇددى لۇئى XIV «نەنت پەرمانى» نى بىكار قىلىپمۇ دىننى بىرلىككە كەلتۈرۈش مەقسىتىگە يېتەلمىگەنگە ئوخشاش.

سىياسىي ئەربابلارنىڭ تالانت ئىقتىدارى سىياسىي جازا بەلگىلەنگەن قانۇننىڭ تىزگىنىگە ئۇچرىشى كېرەك، خۇددى جىنايەتلەر جىنايى جازا بەلگىلەنگەن قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچرىغانغا

ئوخشاش. ئەگەر ناپولېئون قورال كۈچى بىلەن سىياسىي ھوقۇقنى تارتىۋالماستىن، بەلكى قانۇنلۇق يول بىلەن ھوقۇق ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشنى كۈتكەن بولسا، ئۇنىڭ بارلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىر ئۇلۇغ ھەرىكەت بولۇپ قالغان، بۇ ئۇلۇغ ھەرىكەت تارىخ بېتىگە مەڭگۈلۈك پۈتۈلۈپ، ئىززەت - ھۆرمىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان بولار ئىدى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ سىياسىي قارا نىيىتىگە چەكلىمە قويغان قاتتىق تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ نادان دېگەن نامىنى جاھانغا تاراتتى، چۈنكى سىياسىي قارا نىيىتى پەيدا قىلغان ئەخمىقانە قىلمىشلار يالغۇز ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ۋەيران قىلىپلا قالماستىن، پۈتكۈل فرانسىيىنىمۇ غايەت زور ئاپەتكە مۇپتىلا قىلدى. زامانىمىزدىكى تالانتلىق سىياسىئونلار ئەتراپلىق ئەقلىي تەپەككۇر قىلىپمۇ يەنىلا سىياسىي خاتالىق ئۆتكۈزۈشتىن خالىي بولالمايدۇ، شۇڭا سىياسىيدىكى ئەڭ بىخەتەر، ئەڭ ئىشەنچلىك سىياسەت شۈبھىسىزكى، ئەخلاققا ئۇيغۇن بولغان سىياسەتتۇر.

فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا تۈسقۇنلۇق قىلغان نەرسە دەل ماككىياۋېللىزمدۇر. 100 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان فرانسىيە سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ داۋالغۇپ تۇرۇشى فرانسىيە خەلقىنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە دۇچار بولۇشىنىڭ تۈپكى سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: يېڭى سىياسىي پرىنسىپى —— ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، مېھىر - مۇھەببەت ——نى ئىجرا قىلىشقا تەيىنلەنگەنلەر ئەخلاققا سەل قارىدى. بۇ ھەرگىزمۇ پرىنسىپنىڭ ئۆزىدىكى مەسىلە كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاۋارىچىلىق ئەمەس. زوراۋانلىقنىڭ ئىشلىتىلىشى، تەشكىللىك ئاسىيلىق قىلىش، سۈرگۈن قىلىش ۋە نەزەربەند ئاستىغا ئېلىش، ئىنقىلابىي سوتنىڭ خالىغانچە جىنايەت بېكىتىشى، دار ۋە كالتەك كېسىش مەيدانلىرىنىڭ سۈر - ۋەھىمىسى... دەل مۇشۇ ئەخلاققا زىت ۋاستىلەر سىياسىي ئەركىنلىكنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ۋە فرانسىيە خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىشىنى كەينىگە سۈردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى باب
# سىياسىيدىكى يوشۇرۇن قەستلەش ۋە زالىم پادىشاھلارنى ئۆلتۈرۈش

*سىياسىي ئەسەبىيلىك كەلتۈرۈپ چىقارغان ۋەھىيانە قىرغىنچىلىق —— سىياسىيدىكى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشلەر —— سىياسىي سەۋەبلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان بوۋاقلارنى ئۆلتۈرۈش ۋەھشىيلىكلىرى —— دۆلەت مەنپەئىتىنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ، مۇمكىن بولغان ھەرقانداق جىنايەتنى ئاقلاش —— فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى دەۋرىدىكى جىنايەتچىلەرنى كەڭ كۆلەمدە قىرغىن قىلىش —— قەدىمكى يۇنانلىقلارنىڭ سىياسىي قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ھەققىدە ئېيتقانلىرى —— قەدىمكى رىملىقلارنىڭ سىياسىي قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ھەققىدە ئېيتقانلىرى —— ئوتتۇرا ئەسىر كىشىلىرىنىڭ سىياسىي قەستلەپ ئۆلتۈرۈشكە بولغان قاراشلىرى —— پروتېستانت دىنى ۋە كاتولىك دىنىنىڭ سىياسىي قەستلەپ ئۆلتۈرۈشكە تۇتقان پوزىتسىيىسى —— فرانسىيە پروتېستانت دىنى ۋە سىياسىي قەستلەپ ئۆلتۈرۈش —— مىلتوننىڭ زالىم پادىشاھلارنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ھەققىدە ئېيتقانلىرى —— رۇسىيە خانىشى كاتېرىنانىڭ زالىم پادىشاھلارنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ھەققىدە ئېيتقانلىرى ——*

*ياكوبىنچىلار ۋە سۈرگۈن قىلىنغۇچىلارنىڭ كۆزقاراشلىرى —— 19 - ئەسىردىكى سىياسىي قەستلەپ ئۆلتۈرۈش —— زالىم پادىشاھلارنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش —— زوراۋان ھاكىمىيەتنى يىلتىزىدىن يوقىتالمايدۇ —— پادىشاھنى ئۆلتۈرۈش توغرىسىدىكى تەلىمات.*

بىز كىشىلىك ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالدۇرۇشتەك تارىخىي ھادىسىلەرنى تەتقىق قىلغىنىمىزدا، ئاشۇ ۋەھشىيانە قىلمىشلاردىن قاتتىق ھەيران قالىمىز. بوسسۇئېت ئۆزىنىڭ ئەسىردە بۇ نۇقتىنى دەرۋەقە ناھايىتى ئېنىق ئىپادىلىگەن: «ئىنساندىنمۇ ۋەھشىي ۋە قانخور مەخلۇق يوق.» —— بولۇپمۇ ئۇ سىياسىي ئەسەبىيلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالغاندىن كېيىن. تارىختىكى دائىملىق ھادىسىلەر كۆپ ھاللاردا مۇنۇلاردىن ئىبارەت، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ پۇقرالارنى ئۆلتۈرۈشى، پۇقرالارنىڭمۇ ئاقسۆڭەكلەرنى ئۆلتۈرۈشى، پادىشاھنىڭ خەلقنى ئۆلتۈرۈشى، خەلقنىڭمۇ پادىشاھنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشى. سىياسىي ئەسەبىيلىك پۈتكۈل دۇنيانى قان - يىرىڭ پۇراپ تۇرىدىغان چوڭقۇر ئازگالغا ئىتتىرمەكتە. كىنەزلىك ھاكىمىيەت، پادىشاھلىق ھاكىمىيەت، ئاقسۆڭەكلەر ھاكىمىيىتى، دېموكراتىك ھاكىمىيەت، جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىدىكى ھاكىمىيەت، خىلمۇخىل ھاكىمىيەتلەر سىياسىينىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن قەستلەپ ئۆلتۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارماقتا. ھوقۇق - ئىمتىياز سەھنىسىدىكى جەڭگى - جېدەللەر، ئاقسۆڭەكلەر، پادىشاھ ۋە پۇقرالار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈر زىددىيەتلەر، كەينى - كەينىدىن بولۇۋاتقان سىياسىي ئەسەبىيلىك ۋە تېررورلۇقلارنىڭ ھەممىسى ياشاپ قېلىش ئۈچۈن قەستلەپ ئۆلتۈرۈشلەرنى پەيدا قىلماقتا.

يات دىندىكى پادىشاھلار نەچچە مىڭلىغان كىشىلەرنى پەقەت خرىستىئان دىنىغا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈنلا جېنىدىن ئايرىدى؛

www.uyghurkitap.com

كېيىنچە خرىستىئان دىنىغا ئىشىنىدىغان پادىشاھلار يەنە ئەسەبىيلىك بىلەن يەھۇدى دىنى مۇرىتلىرىغا زىيانكەشلىك قىلدى. كاتولىك دىنىنىڭ پادىشاھلىرى پروتېستانت دىنى مۇرىتلىرىنى كەڭ كۆلەمدە قىرغىن قىلغانىدى، پروتېستانت دىنىنىڭ كىنەزلىرى قانغا قان، جانغا جان دېگەندەك كاتولىك دىنى مۇرىتلىرىنى قىرغىن قىلىشنى باشلىۋەتتى.

نۇرغۇنلىغان مەشھۇر خان ـ پادىشاھلار قەستلەپ ئۆلتۈرۈشكە ئەزەلدىن كەسكىنلىك، قىلچە ئىككىلەنمەسلىك پوزىتسىيىسىنى تۇتۇپ كەلگەن. ئۆكۈنۈش ـ پۇشايمان قىلىشلارنى ئېيتمايلا قويايلى. ئالېكساندىر كلىتۇس (Clitus) ۋە پارمېنىئون (Parmenion) نى ئۆلتۈرگەن، قەدىمكى رىم ئىمپېراتورى تىتۇس زىياپەت بېرىپ كوسسىنى (Coccina) نى كۈتۈۋېلىپ، كوسسىنى زىياپەتتىن ئايرىلغاندا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن؛ چارلېز V ئادەم ئەۋەتىپ رىنكون (Rincon) نى ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن، فىلىپ II ئورانگى جەمەتىنىڭ شاھزادىسىنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن؛ فرانسىيە پادىشاھى چارلېز IX ئانىسىنىڭ كولىنى (Coligny)* نى ئۆلتۈرۈۋېتىشىدە باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى بار، كىنەز گۋىس (Guis) نىڭ قەستلەپ ئۆلتۈرۈلۈشىدە، پادىشاھ ھېنرى III نىڭمۇ ئوخشاشلا بىۋاسىتە مەسئۇلىيىتى بار. فېردىناند II (Ferdinand II)** شەك ـ شۈبھىسىزكى، ۋاللېنستېين (Wallenstein)*** نى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشكە بىۋاسىتە قوماندانلىق

* كولىنى (1519 ـ 1572) فرانسىيە دېڭىز ئارمىيە گېنېرالى، دىنىي ئۇرۇشنىڭ دەسلىپىدە خوگېنو مەزھىپىنىڭ داھىيسى بولغان، پادىشاھ چارلېز IX غا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن، خان ئانىسىنىڭ سۇيىقەست قىلىشى بىلەن بادورومو پاجىئەسىدە ئۆلتۈرۈلگەن. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

** فېردىناند، مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيىسى پادىشاھى. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

*** ۋاللېنستېين (1583 ـ 1634) مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ قوماندانى، 30 يىللىق ئۇرۇش مەزگىلىدە، ئىمپېرىيە قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلىپ زور نۇسرەت قازانغان، لۇسىن ئۇرۇشىدا شۋېتسارىيە قوشۇنى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان (1632)، ئاسىيلىق قىلىشنى پىلانلىغان دەپ ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ (1634)، كېيىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

قىلغان. بۇ خىل قەستلەپ ئۆلتۈرۈشلەرنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. هوقۇق ـ ئىمتىياز كۈرىشى سەۋەبلىك، نۇرغۇن رىم پاپىسى ۋە ئىتالىيە پادىشاھلىرى ئارىسىدا سان ـ ساناقسىز قەستلەپ ئۆلتۈرۈشلەر بولۇپ تۇرغان. ۋېنىسى (Venice) ئەزەلدىن رەقىبىنى قەستلەپ ئۆلتۈرگۈچىلەرگە ئىنئام بېرىپ كەلگەن. ئۇزۇنغا سوزۇلغان دىنىي ئۇرۇشلار داۋامىدا، سان ـ ساناقسىز قاتىللار پادىشاھلار ۋە مەزھەپ كاتتىلىرىغا ياللىنىپ، مەخسۇس يوشۇرۇن قەستلەش ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. تاش ئاتقۇچىلار پارتىيىسى ھەرىكىتى مەزگىلىدە، كاردىنال. دې. رېتز (Cardinal . de . Retz) ئايال پادىشاھقا كوندى (Condi) نى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش تەكلىپىنى بەرگەن. گېرتسوگ ئورلېئان كوندى (Duc d’Orleans) پارلامېنتقا ماسسالىنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشنىڭ مۇكاپاتىنى 150 مىڭ رىفولغا كۆتۈرۈش تەكلىپىنى سۇنغان، بىرقانچە يىل ئاۋۋال بەزىلەر رىچېلىئۇ (Richelieu) نى يوشۇرۇن قەستلەشنى ئەتراپلىق پىلانلاشقاندى. كاردىنال. دې. رېتز ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىدە بۇ ئىشنى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ئۆز قولى بىلەن ئەتراپلىق بىر پىلان تۈزۈپ، ئايال پادىشاھ قىزىنىڭ چوقۇنۇش مۇراسىمىدا كاردىنال تىرىئوسنى يوقاتماقچى بولغان. رېتز ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىدە قىلچە ئۇيالماستىن شۇنداق دەپ يازىدۇ: «بىز ئۇنىڭ ئۆلۈم جازاسىنىڭ جىنايەتلىرىنى بېكىتىپ بولدۇق، بىز بۇ جىنايەتلەرنىڭ كىشىلەرنى قايىل قىلالىشىغا پۈتۈنلەي ئىشىنىمىز، تىرىئوسنى ئۆلتۈرۈش بىر ھەققانىي ئىش، ئۇ ھەقىقەتەن ئۆلۈمگە لايىق.» چوقۇنۇش مۇراسىمى ئۆز قەرەلىدە ئۆتكۈزۈلمىگەچكە، بۇ قەستلەپ ئۆلتۈرۈش لايىھىسى سۇغا چىلاشقان. رېتز قىلچە ئۆكۈنمەستىن يەنە شۇنداق دەپ قوشۇپ قويىدۇ: «ئەگەر بۇ قەستلەپ ئۆلتۈرۈش

www.uyghurkitap.com

مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان بولسا، نامىمىز تارىخ بېتىگە پۈتۈلۈپ مەڭگۈ ياد ئېتىلگەن بولار ئىدۇق.»

16 ـ، 17 ـ، 18 ـ ئەسىردە سان ـ ساناقسىز ئايال پادىشاھ ۋە خانىشلار كىشىنى چۆچۈتىدىغان قەستلەشلەرنى پەيدا قىلغان. بەزى ئايال پادىشاھ ۋە خانىشلار ھەتتا بىۋاسىتە سۇيىقەستكە قاتنىشىشتىن ئايانمىغان، كۆپىنچىلىرى نۇرغۇن پۇلغا قاتىل ياللىغان. ماري. ستۇئارت (Mary. Stuart) ئادەملىرىگە بۇيرۇپ دارنلېي (Darnley)* نى ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن، شۋېتسارىيە ئايال پادىشاھى كىرستىنا (Chirstina) ئادەم ئەۋەتىپ مونالدېسكي (Monaldesky) نى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋەتكەن؛ رۇسىيىلىك كاتېرىننا Ⅱ (Catherine Ⅱ) قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئېرىنىڭ شاھلىق تەختىنى بىكار قىلىپ، شاھلىق تاجىنى ئۆزى تاقىۋالغان. چارلېز Ⅱ (Charles Ⅱ) قاتىل ئەۋەتىپ سىدنېي (Sidney) ۋە باشقا ئەنگلىيە ۋەتەنپەرۋەرلىرىنى قوغلاپ تۇتماقچى بولغاندا چارلېز Ⅱ نىڭ بىر قورساق سىڭلىسى، لۇئى XIV نىڭ ئىنىسىنىڭ ئايالى ھېنرېتتا (Henrietta) ئۇلارنى ئەيىبلەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن ۋە قاتىللارنى پۇل بىلەن تەمىنلىگەن.

بەزى مەخسۇس سىياسىي خاراكتېرىدىكى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر ئاقسۆڭەكلىك نامىغا نائىل بولۇپ كەلدى. فىلىپ Ⅱ (Philip Ⅱ) شاھزادە ئورانگىنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشكە ياردەملەشكەن قاتىلغا ئاقسۆڭەكلىك ئۇنۋانى بەرگەن.

ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن بۇ ئاتا ـ ئانىلار تۇغقان بالىلارنى چوقۇم ئۆلتۈرۈۋېتىش كېرەك.

* دارنلېي (1545 ـ 1567) شوتلاندىيە پادىشاھى مارىينىڭ ئىككىنچى ئېرى، ئەنگلىيە پادىشاھى جېيمىس I نىڭ ئاتىسى، توي قىلىپ بىر يىلدىن كېيىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

بۇ ئۇزۇندىن بۇيان بىر رەسمىيلەشمىگەن ھۆكۈمەت مىزانى بولۇپ كەلدى. ئەزەلدىن ئۆز كۈچىدىن قالمىغان ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ۋەھشىي مىزانى جەددى ـ جەمەتىگىچە قىرىۋېتىشنى تەلەپ قىلاتتى. قەدىمكى يۇنانلىقلارنىڭ مۇنداق بىر ھېكمەتلىك سۆزى بار: «بۇ باللارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن بۇ باللارنى ئۆلتۈرمەي تىرىك قالدۇرۇپ قويۇش ئۇچىغا چىققان نادانلىق ئەمەسمۇ؟» ماكېدونىيە پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى فىلىپ (Philip) بۇ مەشھۇر يۇنان ھېكمىتىنى نەقىل كەلتۈرۈشكە بەك ئامراق ئىدى ھەم ئۇنى ئەمەلدە كۆرسەتتى. قەدىمكى يۇناندىكى سىراكۇسا (Siracusa) دۆلىتىنىڭ پادىشاھى دىئونىيسىئۇس (Dionysius) نىڭ كۆزقارىشىغا ئاساسلانغاندا، يۇنانلىقلار ھەممىشە مۇستەبىت، زوراۋان پادىشاھلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيدىكەن. قەدىمكى رىملىقلار دەسلىپىدە بۇنچىلىك ۋەھشىي ئەمەس ئىدى. كاسسىئۇ (Cassius)* بىر مۇستەبىت زوراۋان پادىشاھ بولماقچىدى. ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغاندىن كېيىن كىشىلەر «كاسسىئۇنىڭ باللىرى ئۆلتۈرۈلۈشى كېرەكمۇ، يوق؟» دېگەن مەسىلىدە كەسكىن تالاش ـ تارتىش قىلىشتى، بەختكە يارىشا بۇ باللار گۇناھسىز دەپ ھۆكۈم قىلىندى. بىراق، رىم پاپىلىرى ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ باللارنى ئۆلتۈرۈش ھۆكۈمەتنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى ئىدى. مەسىلەن، مۇسىئۇس (Musius) ۋىتېلىئۇس (Vitelius) نىڭ ئوغلىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان. بۇ خىل جەددى ـ جەمەتىگىچە قىرىپ تۈگىتىشنىڭ باھانىسى كېيىنكى ئۇرۇشلارنى يىلتىزىدىن تۈگىتىش ئىدى.

ھەممىگە مەلۇمكى، فرانسىيە پادىشاھلىرىغا نىسبەتەن

---

* كاسسىئۇ (785 ـ 42) قەدىمكى رىم قوماندانى، كايسارنى قەستلەپ ئۆلتۈرگۈچىلەرنىڭ بىرى. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېيتقاندا، قىساس ئوتى چوقۇم رەقىبلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىگىمۇ چېچىلىشى كېرەك، بولۇپمۇ خانلىق تەختىنى تەمە قىلىۋاتقانلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى بىرىنى قالدۇرماي قىرىپ تۈگىتىش كېرەك! كلوۋىس (Clovis)* نىڭ ئىككى ئوغلى چىلدېبېرت (Childebert) ۋە كلوسېر (Clother) ئۆز ئىنىسى كلودىمىر (Clodomir) نىڭ ئىككى ئوغلىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئىتالىيە پادىشاھلىرىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىنتايىن ۋەھشىيانە ئۆچ ئېلىش ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. كايسار. بورگىيا (Caesar . Borgia) ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئاقسۆڭەكلەرنىڭ جەددى ـ جەمەتىنى قۇرۇتۇۋېتىش سىياسىتىنى قوللانغان. مۇشۇ ۋەھشىيانىلىكلەر تەسۋىرلەنگەن ئەسلىمىسىدە ماكىياۋېللى يوق. دى. ۋېلىتسىنىڭ بۇ قىلمىشلىرىنى قىلچە ئەيىبلىمەستىن، ئەكسىچە ۋېلىتس تارىختا بىر ئۈلگە تىكلەپ بەردى دەپ يازىدۇ. لۇئى XI (Louis XI) 1477 ـ يىلى گېرتسوگ نىموس (Dus de Nemoms) نىڭ كاللىسىنى ئالغاندىن كېيىن يوكنىڭ بالىلىرىنى ئۆلتۈرمەستىن، يوكنىڭ بالىلىرىنى ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەن دار ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، يوكنىڭ قېنى بىلەن بالىلىرىنى يۇيۇندۇرىمەن دەيدۇ. لۇئى XI نىڭ بۇ قەبىھلىكىنى تەڭدىشى يوق دېيىش مۇمكىن. كېيىنچە لۇئى XI يوكنىڭ چوڭ ئوغلىنى گېرتسوگ يوكنىڭ بىر قىسىم مال ـ مۈلكىگە ئىگە بولغان بىر سوتچىغا تاپشۇرىدۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ چوڭ ئوغۇل خورلۇق ۋە ئەلەم ئىچىدە ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

تېررورلۇق ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرلەردە 16 ـ ئەسىردىكى ماكىياۋېللىزمغا ئاز ـ تولا تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن

* كلوۋىس (466 ـ 511) فرانسىيە پادىشاھى. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

كىچىك باللارنى ئايرىپ ئۆلتۈرماي قىرغىن قىلىشتەك ۋەھشىيانىلىك يەنىلا داۋاملىشىۋەردى. 1793 ـ يىلى نەنت ئىنقىلابىي كومىتېتى 300 نەپەر ۋېندېئان (Vendean) پەرزەنتىنى تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن شۇنداق دەپ تەنتەنىلىك جاكارلاشقان: «زەھەرلىك يىلاندىن زەھەرلىك يىلان تۇغۇلىدۇ، بۇزۇقنىڭ بالىسى بۇزۇق بولىدۇ، بۇ باللار ئۆلۈمگە لايىق.»

يېقىندا، بېلگىيىدە ئەينەك ئىشچىلىرىنىڭ ئىش تاشلىشىدا بىر لۇكچەك تېخى مۇنداق دەپ جار سالغان: «كاپىتالىستلارنى يوقىتايلى، ئۇلارنىڭ باللىرىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتەيلى، بۇ باللار كاپىتالىستلارنىڭ ۋارىسلىرىدۇر.»

ھوقۇق ـ مەنپەئەت تالىشىش كۆرىشىدە ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئەڭ ماھىيەتلىك نەرسىلەر ئۆزىنى تولۇق ئاشكارىلايدۇ. ئاتا ـ ئانىلار ئۆز قولى بىلەن پەرزەنتلىرىنى ئۆلتۈرۈشىدۇ، پەرزەنتلىرى بولسا ئۆز ئاتا ـ ئانىلىرىنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشىدۇ، ئاكا ـ ئىنىلار ئوتتۇرىسىدا ئوت بىلەن سۇدەك ئۆچمەنلىك باشلىنىپ كېتىدۇ. كلوسېر (Clother) ئۆز ئوغلى كرامىپ (Cramme) نى ئۆلتۈرگەن؛ رىم پادىشاھى نېرو ئۆز ئانىسى ئاگرىپپىنا (Agrippinia) نى ئۆلتۈرگەن؛ «سېرۋىئۇس (Servius) نىڭ قىزى، تاركۇنىنىڭ ئايالى ياڭگېر (Younger) ھوقۇق تەمەسىدە ئاتا ـ بالىلىق، مېھىر ـ مۇھەببەت دېگەنلەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئېرىنى ئاتىسىنىڭ تەختىنى تارتىۋېلىشقا كۇشكۇرتكەن ھەمدە ئاتىسىنى رەھىمسىزلەرچە ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئايال پادىشاھ بىلەن پادىشاھنىڭ قىزىنى ھەرگىز ئوخشاتقىلى بولمايتتى، شۇ سەۋەبلىك، ئۇ ھېچقانداق بەدەل تۆلەشتىن ئايانمىغان.»

سىياسىي ھەممىشە دۆلەت ۋە پۈتكۈل خەلقنىڭ مەنپەئەتى

www.uyghurkitap.com

دېگەننى سۇيىئىستېمال قىلىپ تۇرۇپ سانسىزلىغان قانلىق پاجىئەلەرنى پەيدا قىلىدۇ. «خەلقنى قۇتقۇزۇش» دېگەن بۇ سىياسىي شوئار سانسىزلىغان سىياسىي تەلۋىلەرنىڭ قېنىنى ئۇرغۇتۇۋەتكەنىدى. سىياسىي قارا نىيەتنىڭ غىدىقلىشى، سىياسىي غالچىلارنىڭ كۇشكۇرتۇشى، ئوردا ۋەزىرلىرىنىڭ يەل بېرىشى نەتىجىسىدە، قايسىبىر سىياسىي تەلۋە سىياسىي جىنايەتنى ئىلگىرى سۈرمىگەن دەيسىز؟ نېروغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن، مەشھۇر رىم قوماندانى مارسېللۇس (Marscellus) رىم سېناتىدىن تراسېئاس (Thraseas) نى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشنى تەلەپ قىلغان، سەۋەبى تراسېئاس دۆلەت بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزۈپتىمىش.

فرانسىيە تارىخىدا قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى بولمىغان جىنايەتچىلەرنى كەڭ كۆلەمدە ئۆلتۈرۈش پات - پات يۈز بېرىپ تۇرغان. بەزى قىرغىنچىلىقنى يۇقىرىلارنىڭ غەزىپى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا، بەزىلەرنى سىياسىئونلار ئالدىنئالا پىلانلاپ پەيدا قىلغان. سېنتەبىر قىرغىنچىلىقى توغرۇلۇق ئوخشىمىغان سورۇنلاردا كەسكىن مۇنازىرىلەر بولۇپ ئۆتكەن، نۇرغۇن كىشىلەر قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش تەكلىپىنى بەرگەن. دانتون (Danton) بۇنىڭغا بەكلا تەقەززا بولۇپ كەتكەن. روبىسپىر (Robespierre) بۇ قىرغىنچىلىق قىلىش تەكلىپىنى ماقۇل كۆرگەن. دانتون دۇمارىيز (Dumouries) ئارمىيىسىدە خىزمەت ئۆتەۋاتقان لۇئى. فىلىپ (Louis Philippe) قا ئۆزىنىڭ بۇ قىرغىنچىلىققا ئاللىبۇرۇن تەقەززا بولۇپ كەتكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ تېررورلۇق سىياسىتىنى تەشەببۇس قىلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان. پارىژ ئىنقىلابىي كومىتېتى قىرغىنچىلىقتىن خەۋەرلەندۇرۇلگەن ھەم ئۇلارنىڭ ئارىلىشىشىغا رۇخسەت قىلىنمىغان. كارمېس (Carmes) موناستىرى، پارىژ سوراقخانىسىغا قاراشلىق تۈرمە ۋە

فورس ( the Force ) قاتارلىق جايلاردا جىنايەتچىلەرنى كەڭ كۆلەمدە ئۆلتۈرۈش ئۈچ كېچە - كۈندۈز داۋام قىلغان. «بەلكىم بۇنىڭغا ھەيران قېلىشقا ھەقلىقتۇرمىز» دەيدۇ. مىگنېت ( M. Mignet ) ئەپەندى، «ئەگەر بۇ سىياسىئونلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ يالاقچىلىرىنىڭ قايسى دەرىجىدە تەلۋىلەشكەنلىكىنى، خەلق قەلبىدىكى ۋەھىمىنىڭ قايسى دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى بىلمىگەن بولسا، كىشىلەر قانداق قىلىپ بۇنچە ئۇزۇن داۋاملاشقان، چېتىلىش دائىرىسى بۇ قەدەر كەڭرى بولغان، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان چوڭ قىرغىنچىلىقنىڭ بۇ قەدەر خاتىرجەم يۈرگۈزۈلگەنلىكىنى قانداقمۇ تەسەۋۋۇر قىلالىسۇن؟» فورس تۈرمىسىدە، كوممۇنا ئەزالىرى قوللىرىغا يەڭ بەلگىسى تاقىشىپ، چوڭ قىرغىنچىلىقنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىشتى. مارا ئۆزىنى تۇتالماستىن بۇ ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىقنى كانىيى يىرتىلغۇچە ماختىدى ھەم باشقا جايلارنى بۇنىڭغا تەقلىد قىلىشقا ئۈندىدى. شەك - شۈبھىسىزكى، سېنتەبىر قىرغىنچىلىقىنىڭ ئاساسلىق ئىغۋاگەرچىلىرى بىر قولىدا مائاش ئېلىپ، يەنە بىر قولىدا قاسساپ پىچىقى تۇتقان سىياسەتۋازلاردۇر. چۈنكى، قىرغىنچىلىققا قاتناشقان بەزى كىشىلەر مائاش تەلەپ قىلىپ رەسمىي ئىلتىماس سۇندى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرى ھېلىمۇ ھايات.

زور بىر تۈركۈم ئورلېئانلىق جىنايەتچىلەر پارىژغا يۆتكەپ كېلىنگەندىن كېيىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ئەترىتى جىددىي چاقىرتىلىپ ۋېرسالغا بېرىپ بۇ جىنايەتچىلەرنى قىرغىن قىلىشقا ئەۋەتىلدى. «كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە»، دەپ بايان قىلىدۇ تيېر ( M . Thiers )* ئەپەندى، «يېڭى قىرغىنچىلىق باشلانغۇدەك دېگەن

* تيېر (1797 - 1877) فرانسىيە ئۈچىنچى جۇمھۇرىيىتىنىڭ پرېزىدېنتى (1874 - 1893)، تارىخشۇناس، ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى، دىپلوماتىيە ۋەزىرى ۋە باش ۋەزىر قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، گېرمانىيە بىلەن تىنچلىق شەرتنامىسى تۈزگەن، (1871)، پارىژ كوممۇنىسىنى باستۇرغان (1871)، «فرانسىيە ئىنقىلابى تارىخى»، «ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ۋە ئىمپېرىيە تارىخى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆسەك سۆزلەرنى ئاڭلىدۇق. تۇرمە سوتىنىڭ ئەمەلدارى جىددىيلەشكەن هالدا مىنىستىر دانتوننىڭ ئالدىغا كېلىپ، جىنايەتچىلەرنىڭ قېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى دوكلات قىپتۇدەك، 《ئۇلارنىڭ هەممىسى جازاغا لايىق.》 مانا بۇ سوت ئەمەلدارى ئاڭلىغان هەم ۋەكىللەرگە بەرگەن بىردىنبىر جاۋابى. 《شۇنداق بولۇشى مۇمكىن》 دېگەن ئالكۇين (Alquin) ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ: 《بىراق قانۇنغا ئاساسلانغاندا، جىنايەتچىلەرگە ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىشتىن ئاۋۋال چوقۇم سوراق قىلىش كېرەككۇ دەيمەن.》 دانتون ئۇنىڭغا قورقۇنچلۇق ئاۋازى بىلەن رەددىيە بەرگەن. 《ئەجەبا سىز مېنىڭ باشقا بىر شەكىل بىلەن سىزگە جاۋاب بەرگىنىمنى چۈشەنمىدىڭىزمۇ؟ ئۇ جىنايەتچىلەر سىزنىڭ نېمىڭىز؟ سىز ئىشىڭىزنى قىلىڭ، مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا ئارىلاشماڭ.»

1795 ـ يىلى چېچەك ئېيىنىڭ 5 ـ كۈنى 70 ـ 80چە تېررورچى دەپ ئېلان قىلىنغان جىنايەتچى لىئوندا زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. بۇ قېتىمقى قىرغىنچىلىق مەشهۇر جەمئىيەتشۇناس سورېل (Sorel) ۋە يېخۇ (Jehu) لارنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن ئېلىپ بېرىلغانىدى.

بورگىندىيىلىكلەر ئامانىياكلاردىن پارىژنى تارتىۋالغاندىن كېيىن تۇرمىدىكى جىنايەتچىلەرنى خالىغانچە قىرغىن قىلغان. بورگىندىيە كىنەزى بۇ چوڭ قىرغىنچىلىقنى توسۇشقا ئازراقمۇ تىرىشچانلىق كۆرسەتمىگەن. يىگىرمە تۆت سائەت ئىچىدە 1600 نەپەر جىنايەتچى ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. بىرقانچە كۈندىن كېيىن ئۇنىۋېرسىتېت ۋەكىللىرىنىڭ قۇترىتىشى نەتىجىسىدە تۇرمىدىكى جىنايەتچىلەرنى قىرغىن قىلىش هەرىكىتى يەنە باشلانغان، بۇنىمۇ بورگىندىيە كىنەزى توسۇپمۇ قويمىغان.

كىشىلەر سىياسىي قىرغىنچىلىقنىڭ كەينىدە سانسىز

مەزھەپ - گۇرۇھلارنىڭ سىياسىي قىرغىنچىلىقنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ يوشۇرۇن قەستلەشلەرنى ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى پات - پات كۆرۈپ قېلىشىدۇ. گىگانت تاغ پارتىيىسىدىكىلەرنىڭ قارىشىچە، سېنتەبىر قىرغىنچىلىقىدىكى ئاساسلىق قۇتراتقۇچىلارنى سوراق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەن. جرونت مەزھىپىنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئاۋىينىنىڭ بەزى جىنايەتچىلىرىگە مېھىر - شەپقەت ۋە ئالاھىدە كەڭچىلىك قىلغان. 1792 - يىلى قانۇن تۇرغۇزۇش كومىتېتى فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى دەۋرىدىكى جىنايەتچىلەرگە چوڭ كەچۈرۈم ئېلان قىلدى ھەمدە «كاللا كېسەر گېنېرال» دەپ نامى بار جوردان (Jordan)* نى كەچۈرۈم قىلدى. بۇ ئادەم ئاۋىينىن چوڭ قىرغىنچىلىقنىڭ باشچىسى ئىدى. 1871 - يىلىدىن بۇيان، بىز ئاۋام پالاتا ئەزالىرىنىڭ پارىژ ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ بەزى قۇتراتقۇچىلىرىنى ۋە ۋاترىن (Watrin) نىڭ قاتىلىنى كەچۈرۈم قىلىشنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز.

## زالىم پادىشاھلارنى ئۆلتۈرۈش

سىياسىي — كىشى بىلىمىنى بەربات قىلىدۇ. قەدىمدىن ھازىرغىچە، ھاكىممۇتلەق پادىشاھلارنى ئۆلتۈرۈش زۆرۈر بولغان شەرەپلىك ھەرىكەت دەپ قارىلىپ كەلدى. قەدىمكى يۇنانلىقلارنىڭ قارىشىچە، زالىم پادىشاھنى ئۆلتۈرۈش ھەربىر پۇقرانىڭ تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى بولۇپ، بۇ بىر مۇتلەق ئەخلاقىي پەرمان ئىدى. قەدىمكى يۇنان تەزكىرەشۇناسى پلۇتارك (Plurtarch) ئۆزىنىڭ

* جوردان (1762 - 1833) فرانسىيە قوماندانى، ناپولېئوننىڭ ئىمپېرىيە مارشالى. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

www.uyghurkitap.com

«تەقدىر ھەققىدە» ناملىق ئەسىرىدە، زالىم پادىشاھنى ئۆلتۈرۈش ھەرىكىتىنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرگەن بولۇپ، بۇ خىل ھەرىكەتنى ئەخلاقنىڭ ئەڭ يۇكسەك ئىپادىسى دەپ قارىغان. تىمولىئون (Timolion) ئۆز ئىنىسىنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيەت تىكلىمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلگىنىدە، ئادالەت يولىدا ئۆز قېرىندىشىدىن كېچىپ، غەزەپ بىلەن ئۆز ئىنىسىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىغان.

ئېمودىس (Emodius) ۋە ئارىستوگىتون (Aristogiton) ئافىنانىڭ مۇستەبىت پادىشاھى ھىپلاس (Hipplas) نى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ چوقۇنىدىغان مەبۇدىسىغا ئايلىنىپ قالغان. ئۇلارنىڭ قەيسەرانە روھىنى، قورقماس جاسارىتىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇ ئىككىسىگە ئابىدە تىكلەشكەن. بىراق، ئارىستوگىتوننىڭ بۇ ئىشنى قىلىشى ھۆرلۈكنى سۆيۈشىدىن ئەمەس ئىدى، ئارىستوگىتون ئېمودىسقا چوڭقۇر ھەۋەس قىلاتتى، ئېمودىس بولسا ھىپپارچۇس (Hipparchus)* نىڭ ئاجايىپ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەن. شۇ سەۋەبلىك ئارىستوگىتوندا ھىپپارچۇسقا قارىتا چۈشىنىكسىز ھەسەت ۋە ئۆچمەنلىك قوزغالغان، «رىقابەتچىسىنىڭ قوراللىق ھەرىكەت قوللىنىپ قىلىشىدىن قورققاچقا، ھەر ئاماللارنى قىلىپ مۇستەبىت پادىشاھنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش قارارىغا كەلگەن.»

رىملىقلار زالىم پادىشاھنى ئۆلتۈرگۈچىلەرنى ئەيۇ قىلىپلا قالماستىن، تېخى ئۇلارغا چوقۇناتتى. پلۇتارك كاتو (Cato) نىڭ ئون تۆت يېشىدىلا سكۇللا (Scylla) نى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. قەدىمكى رىم سىياسىئونى سىسىرو (Cicero) كايسار (Caesar) نىڭ قەستلەپ ئۆلتۈرۈلۈشىگە نىسبەتەن

---

* ھىپپارچۇس (190 ـ 125) قەدىمكى رىم ئاسترونومى. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

قىلچىلىكمۇ ئەيىبلەش خىيالىدا بولمىغان، قەدىمكى رىم پادىشاھى تىبېرۇ. گراككۇ (Tiberus . Gracchus) نى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشكە ئاجايىپ ھەۋەسلەنگەن. برۇتۇ (Brutuo)* ۋە كاسىئۇنىڭ نەزىرىدە، كايسارنى قەستلەپ ئۆلتۈرگەنلىك چوڭ بىر ھەققانىي ئىش ئىدى. قەدىمكى تارىختا، زالىم پادىشاھلارنى ئۆلتۈرۈش ۋەقەلىرىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. قەدىمكى رىمنىڭ ساتىرىك شائىرى جاۋېنال (Juvenal): «ھەرقانداق بىر زالىم پادىشاھ ئۆز ئەجىلىدە ئۆلگەن ئەمەس!» دەپ خۇرسىنغان ئىكەن.

«دۆلەت مەنپەئىتى ئۈچۈن زالىم پادىشاھلارنى ئۆلتۈرسە بولىدۇ» دېگەن بۇ خىل كۆزقاراش ئوتتۇرا ئەسىردە كەڭ تارقالغانىدى. چامپانى (Champagne) ۋە نورماندى (Normandy) نىڭ ئوردا ۋەزىرلىرى ئۆلتۈرۈلگەن ۋە ئامانىياكلىقلار بورگىندىيىلىكلەر بىلەن كەسكىن كۈرەش قىلىۋاتقان مەزگىللەردە، قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ھەقىقەتەنمۇ بىر مەھەل ئەۋج ئالغانىدى. ئەۋج ئالغاندىمۇ چېكىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. ئېتىننى . مارسېل (Etienne . Marcel) چامپانى ۋە نورماندىينىڭ ئوردا ۋەزىرلىرىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن زالىم پادىشاھلارنى ئۆلتۈرۈش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، شەھەر سېپىلىغا چىقىپ، ئاۋامغا شۇنداق دەپ چۇقان سالغان: «بىزنىڭ قىلغانلىرىمىزنىڭ ھەممىسى خانلىقىمىزنىڭ مەنپەئىتى ۋە كېلەچىكى ئۈچۈندۇر.» ئاۋام بولسا ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن: «بىز سىنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن قوللايمىز! پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن قوللايمىز!» دەپ جور بولۇشقان. ئىككىنچى كۈنى،

* برۇتۇ (85 ـ 42) رىمنىڭ ئاقسۆڭەكپەرەس سىياسىئونى، كايسارنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشنىڭ باش پىلانلىغۇچىسى. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئېتىنىپ. مارسىل پارىژ ئاھالىسى ۋە ھەرقايسى شەھەر ۋەكىللىرىنى يىغىپ، بارلىق قەستلەپ ئۆلتۈرۈش قىلمىشلىرىنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلدۇرغان. ئورلېئان كىنەزى بورگىندىيە كىنەزى تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن سوبان تېئولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ تېئولوگى، موناستىرى جېئان. پېتىت (Jean . Petit) بىر قېتىملىق قىزغىن ھېسسىياتقا تولغان نۇتقىدا: «ئورلېئان كىنەزىنى ئۆلتۈرۈش تەڭرىنىڭ ئىرادىسى، چۈنكى ئورلېئان كىنەزى تەڭرىنىڭ دۈشمىنى، ئۇ بىر ئاسىي مۇناپىق، ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى دۆلەتنىڭ بەختى؛ ئورلېئان كىنەزى ئىسمى - جىسمىغا لايىق ھاكىممۇتلەق زالىم پادىشاھ، ئۇنى ئۆلتۈرۈش پۈتۈن خەلقنىڭ ئارزۇسى؛ ئورلېئان كىنەزىنى ئۆلتۈرۈش خەلققە بەخت ياراتقانلىق، ھەرگىزمۇ ئاپەت ئېلىپ كەلگەنلىك ئەمەس، چۈنكى بورگىندىيە كىنەزى ئورلېئان كىنەزىنىڭ قانداق ھىيلە - مىكىرلەرنى قوللىنىپ پادىشاھنىڭ ئاخىرلاشقان ئۆمرىنى ئۇزارتىشقا ئۇرۇنغانلىقىنى ئەڭ ئېنىق بىلىدۇ. . .» دەپ جار سالغان. ئورلېئان كىنەزىنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش يوھان (Johan) دىن ئىبارەت بۇ قورقۇمسىز باتۇرنىڭ ئابرۇيىنى قىلچىمۇ تۆۋەنلىتەلمىگەن.

16 - ئەسىردە، مەيلى تېئولوگلار، مەيلى پروتېستانت مۇرىتلىرى، مەيلى پوپ ۋە مەيلى سوتچى بولسۇن، ھەممىسى زالىم پادىشاھلارنى ئۆلتۈرۈشنى تەڭرى ئاتا قىلغان ھوقۇق دەپ قاراشقان. پروتېستانت مۇرىتى، گېرمانىيىلىك مەشھۇر قانۇنشۇناس ئالسۇرىيۇس (Althurius) ئۆزىنىڭ «سىياسىي ھەققىدە» ناملىق كىتابىدا، زالىم پادىشاھلارنى ئۆلتۈرۈش تەلىماتىنى تەپسىلىي شەرھلىگەن. جورجى. بۇكخانان (George . Buchanan) ئۆزىنىڭ «پادىشاھلىق تۈزۈم» ناملىق

ئەسىرىدە زالىم پادىشاھلارنى ياۋۇز يىرتقۇچ ھايۋانلار بىلەن بىر قاتارغا قويغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، بىز بۇ مۇستەبىت زالىم پادىشاھلارغا خۇددى يىرتقۇچ ھايۋانلارغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك ئىكەن. بۇتان ئۆزىنىڭ «جۇمھۇرىيەت ھەققىدە» ناملىق كىتابىدا، مۇستەبىت سىياسىي تۈزۈم خەلقنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەن تەقدىردىمۇ، بىر مۇستەبىت زالىم پادىشاھنى ئۆلتۈرۈش تامامەن ھەققانىي ئىش دەپ قارىغان. «چۈنكى، — دەيدۇ ئۇ، — مۇستەبىت پادىشاھ خەلقنىڭ يىلىكىنى شورايدۇ، بارلىقىنى بۇلايدۇ، بۇ زالىم پادىشاھلارنىڭ خەلقنىڭ بارلىق ھوقۇقىنى تارتىۋالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ تۇرۇپتۇ، خەلق بۇنىڭغا قانداقمۇ سۈكۈت قىلىپ تۇرالىسۇن؟» را. بوردى ھىپپارچۇسنى قەستلەشنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قۇۋۋەتلىگەن.

دىنىي ئۇرۇش مەزگىلىدە، مەيلى كاتولىك مۇرىتى، مەيلى پروتېستانت مۇرىتى بولسۇن ھەممىسى زالىم پادىشاھلارنى ئۆلتۈرۈش ھوقۇقىنى تەشەببۇس قىلىشقان. ياك. كلېمېنت (Jacque . Clement) ئۆزىنىڭ ھېنرى Ⅲ (Henri Ⅲ) نى ئۆلتۈرۈشكە دىنىي ئاساسلارنى تاپلىغان. «چۈشۈمدە بىر پەرىشتە ماڭا مۇنداق دېدى، — دەيدۇ ئۇ، — مەن ھەممىگە قادىر تەڭرىنىڭ ئەلچىسى، تەڭرى ماڭا سېنىڭ فرانسىيىنىڭ زالىم پادىشاھىنى ئۆلتۈرۈشۈڭ كېرەكلىكىنى ئېيتىپ قويۇشنى بۇيرۇدى. دۆلىتىڭ ئۈچۈن ئوت كەلسە ئوتتىن، سۇ كەلسە سۇدىن يانماسلىقىڭ كېرەك، غايىسى ئۈچۈن جېنىنى بەرگۈچىنىڭ تاجى سېنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.» گەرچە كانستانسى (Constance) ھەيئىتى زالىم پادىشاھلارنى ئۆلتۈرۈشنى جىنايى قىلمىش دەپ ئېلان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا سان ـ ساناقسىز ئەسەبىيلەر ھېنرى Ⅲ نى ئۆلتۈرگۈچى قاتىلنى ئېسىل پەزىلەتلىك قەھرىمانىمىز دەپ

www.uyghurkitap.com

چوقۇنغان. كاردىنال. دې. رېتز ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىدە، ئۆزى ياشاۋاتقان مۇشۇ دەۋردىمۇ بىر ئەمەلدارنىڭ ساۋۇت ـ دۇبۇلغىسىغا هېنرى Ⅲ نى ئۆلتۈرگەن ياكوبىنچىلارنىڭ باش هەيكىلىنى ئويۇۋالغانلىقىنى هەمدە ئالتۇن هەل بىلەن «سان. ياك. كلېمېنت» دەپ يېزىلغانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. جېئان. چېستېل (Jean . Chastel) هېنرى Ⅳ (Henry Ⅳ) نى ئۆلتۈرمەكچى بولغان. ئۇنىڭ جىنايەت سادىر قىلىشتىكى مەقسىتى سورالغاندا، ئۇ مەردانىلىك بىلەن مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «مەن سانسىز سورۇنلاردا، 〈پادىشاهنى ئۆلتۈرۈش بىزگە تەڭرى ئاتا قىلغان هوقۇق〉، دېگەن هەقىقىي هېكمەتلىك سۆزنى ئېسىمدە تۇتۇشۇم لازىملىقىنى ئاڭلىدىم. بۇ گەپنى قىلغۇچىلارنىڭ هەممىسى پادىشاه زالىم بولىدۇ دېيىشتى.» پادىشاهنى ئۆلتۈرۈش ئادەتتىكى ئېسا جەمئىيىتى ئەزالىرىنىڭ گېپىمۇ دەپ سورالغاندا، ئۇ ئۇلارنىڭ پادىشاهنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئاللىبۇرۇن ئاڭلىغانلىقىنى، لېكىن ئۆزىنىڭ بۇ جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى ئەمەسلىكىنى، پاپا ئېتىراپ قىلىشتىن ئاۋۋال، ئۆزىنىڭ پاپىغا مەنسۇپ ئەمەسلىكىنى، خانلىق ئەمرىمەرۇپلىرىغا بويسۇنۇشنىڭ هاجىتى يوقلۇقىنى ئېيتىدۇ. بىر قاتار قىيىن ـ قىستاقتا ئېلىش ۋە ئازدۇرۇشلاردىن كېيىن چېستېل گۇناهىغا توۋا قىلىشقا بۇيرۇلغاندا، ئۇ مۇنداق دەپ گۇناهىنى تىلەيدۇ: «ئەي تەڭرىم، ئۆمرۈمدىكى بارلىق گۇناهلىرىمنى ئەپۇ قىلغايسەن هەم بۇ دۇنيادىكى ئەڭ قەبىھ دۇشمەن بارلىق خرىستىئان مۇرتلىرىنى يوقىتالمىغانلىقىمنى ئەپۇ قىلغايسەن.»

خوگىنو مەزهىپىنىڭ مۇرتلىرى ئۆز مەيدانىنى چىقىش قىلىپ بارلىق كاتولىك دىنى رەهبەرلىرىنى زالىملار دەپ قارىغان هەمدە «كونا ۋەسىيەت»تە زالىم پادىشاهلارنى ئۆلتۈرۈشنى

مەدھىيىلەيدىغان مەزمۇنلار بار دەپ قارىغان. («يوۋجېنىڭ تەزكىرىسى»، «يۈئېرنامە») گېرتسوگ گۆس پولتروت. دې. مېر (Poltrot. de. Mere)* تەرپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشتىن ئاۋۋال، نەچچە قېتىم باشقىلارنىڭ قەستلەپ ئۆلتۈرۈشىدىن قېچىپ قۇتۇلغان. گېرتسوگ گۆسنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشنى پولتروت كۆپ قېتىم تەڭرىگە ئىلتىجا قىلغان. سېدور. دې. بېز (Theodore de Beze) پولتروتنىڭ تەڭرىگە قىلغان ئىلتىجالىرىنى مۇنداق دەپ بايان قىلىدۇ: «ئەگەر مېنىڭ قىلغانلىرىم كېرەملىك تەڭرىمنى خۇشال قىلالمىسا، ئۇنداقتا تەڭرىم ئەڭ زور قىزغىنلىق بىلەن كۆڭلۈمدىكى نىيەت - ئىقباللىرىمنى ئۆزگەرتكەيسەن؛ ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، كېرەملىك تەڭرىم ماڭا پولاتتەك قەيسەر ئىرادە ۋە چەكسىز كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلىپ، بۇ زالىمنى ئۆلتۈرۈشۈمنى ئىختىيار قىلغايسەن...» كولىني ۋە سېدور. دې. بېز پولتروتنىڭ بۇ قېتىمقى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشنى تەنقىد قىلغاچقا ئەيىبلەشكە ئۇچرىغان.

كولىني بىلەن سېدور بۇ قېتىمقى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ھەرىكىتىنى ئەيىبلىمىگەن، ئەكسىچە بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنىڭ ئەيىبلىگۈچىلىكى يوق دەپ قارىغان. سېدور ھەتتا پولتروت تەڭرىنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈردى دېگەنىكەن. كولىني خوگىنو مەزھىپىدىكىلەرنىڭ بۇ قەستلەش پىلانىنى ئۇنىڭغا خېلى بۇرۇنلا ئېيتقانلىقىنى دېگەن، گەرچە ئۇ پولتروتنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى قوللىمىسىمۇ، لېكىن ئەزەلدىن توسۇپ باقمىغان. پولتروت سوراق قىلىنغاندا، كۆپ قېتىم كولىني مېنىڭ بۇ قېتىمقى ھەرىكىتىمگە مەدەت بەرگەن دەپ ئەرز قىلغان. تاكى

* بۇ قەستلەپ ئۆلتۈرۈشنىڭ مەقسىتىنى مونتەيگن (BK. I. ch. XXIII) بايان قىلغان، ئامىيوت مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى مونتەيگنگە ئېيتىپ بەرگەنىكەن. — ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشىنىڭ ئالدىنقى مىنۇتلىرىغىچە ئۆز ئەرزلىرىدە مۇشۇ پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ كەلگەن. ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئۇ دېڭىز ئارمىيە ئادمىرالى بىلەن مۇزىكا ئاڭلاۋېتىپ، گېرتسوگ گۋىسقا ئىتائەت قىلىش باھانىسى بىلەن گېرتسوگ گۋىسنىڭ گازارمىسىغا كىرىۋالغان. بۇ خەتەرلىك پىلاننى ئىجرا قىلىش پەيتلىرىدە ئىختىيارسىز ھالدا دېڭىز ئارمىيە ئادمىرالىغا گېرتسوگ گۋىسنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ئىنتايىن ئاسان ئىش ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ سالغان. دېڭىز ئارمىيە ئادمىرالى ئۇنى ئازراقمۇ توسىمىغان، ئەكسىچە ئۇنىڭ بۇ پىلاننى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا بىر قېتىم يىگىرمە تاج، يەنە بىر قېتىمدا يۈز تاج تەقدىم قىلغان.» ناھايىتى ئېنىقكى، پروتېستانت دىنىنىڭ پوپلىرى گېرتسوگ گۋىسنى پروتېستانت دىنىغا زىيانكەشلىك قىلغۇچى ئالۋاستى، ھەرقانداق قەبىھلىكلەر قولىدىن كېلىدىغان قاتىل، ئاۋام تەڭرىنىڭ ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، دەپ سۈرەتلەپ بولغان. دەل مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان گەپ - سۆزلەر پولتروتنىڭ غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغاپ، دىنىي ئىسلاھات ئۈچۈن، ئۆزى خالاپ تەڭرىنىڭ قورالى بولۇش نىيىتىگە كەلگەن. پولتروت نۇرغۇن سورۇنلاردا ئۆزىنىڭ بۇ نىيىتىنى ئاشكارىلاپ قويغان. لىئوننى مۇھاسىرىگە ئېلىش جېڭىدە (بۇ جەڭدە ناۋاررې «Navarre» پادىشاھ ئۆلتۈرۈلگەن) پولتروتنىڭ بۇ ئىدىيىسى تېخىمۇ كۈچلۈك ئىپادىلەنگەن. كىشىلەر پادىشاھ ناۋاررېنىڭ ئۆلۈمىنى غۇلغۇلا قىلىشۋاتقاندا، پولتروت شۇنداق دەپ چۇقان سالغانىكەن: «بۇ يېتەرسىز، بىزگە تېخىمۇ چوڭ قۇربانلىق كېرەك!» كىشىلەر تېخىمۇ چوڭ قۇربانلىقنىڭ كىملىكىنى سورىغاندا، پولتروت: «ئۇ ئۇلۇغ گۋىستۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن ھەممە ئوڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ: «قاراڭلار! قولۇمنى شۇنداقلا

شىلتىسام، بارلىق ئاۋارىچىلىكلەر ھەل بولىدۇ» دەپ جار سالغان. دى. ئاۋبىگنې (D . Aubigne) مۇنداق دەپ يازىدۇ: «پروتېستانت دىنىنىڭ ھەر بىرمۇرتى پولتروتنىڭ مۇشۇ ئىشنى قىلىشىنى چىن كۆڭلىدىن ئۈمىد قىلاتتى. بۇ ئىش تامامىلانغاندا بولسا، چېركاۋدىكى چاكارلارنىڭ چېھرىدىمۇ كۈلكە جىلۋىلەندى، كۆپچىلىكنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى خۇشال ھالىتىدىن شۇنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولاتتىكى، ھېچكىممۇ بۇ قەستلەپ ئۆلتۈرۈشتىن نەپرەتلەنمىگەن —— ھېچكىممۇ بۇنى ئويلاپ قويمىغان —— ئەكسىچە، كىشىلەر بۇ قېتىمقى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشنى شان - شەرەپ ۋە ئىپتىخارلىنىشقا تېگىشلىك قەھرىمانانە ھەرىكەت دەپ قارىغان.»

ئەنگلىيە بۈيۈك ئىنقىلابى دەۋرىدە، نۇرغۇنلىغان يازغۇچىلار «زالىم پادىشاھلارنى ئۆلتۈرۈشنى ئەقىلگە مۇۋاپىق قانۇنىي قىلمىش» دەپ ھېسابلىغان. مىلتون (Milton) ئاشۇلارنىڭ ئەڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىنىڭ بىرى.

18 - ئەسىردە، چارروسىيىلىك بىر ئايال پادىشاھ كىشىنى تاڭ قالدۇرىدىغان قورقۇمسىزلىق بىلەن زالىم پادىشاھلارنى ئۆلتۈرۈشنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققان. كاتېرىننا ئۆز ئېرى پېتېر Ⅲ (Peter Ⅲ) نىڭ قەستكە ئۇچرىشىغا سەۋەب بولغاندىن كېيىن ئۆز جىنايىتىنى ئاقلاش ئۈچۈن بىر بايانات ئېلان قىلغان. زالىم پادىشاھلارنى ئۆلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغۇچى نەزەرىيىچىلەر ۋە ھۆكۈمەتسىزلەرنىڭ بۇ نەرەرىيىنى ئىنكار قىلماسلىقى تۇرغانلا گەپ. كاتېرىننا ئۆز باياناتىدا «پېتېر Ⅲ نى مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ دۈشمىنى، دىنىمىزنىڭ ئاسىي مۇناپىقى، چارروسىيىلىك باتۇرلارنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈشى دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ بەختى» دەپ يازغان.

فرانسيە بۈيۈك ئىنقىلابى دەۋرىدە، ياكوبىنچىلار زالىم پادىشاھلارنى ئۆلتۈرۈش ھوقۇقىنى كۈچەپ تەشەببۇس قىلىشقان، يېڭى كۆچمەنلەرمۇ بۇ ھوقۇقنى كۈچەپ تەشەببۇس قىلىشقان. يېڭى كۆچمەنلەر دائىملا قاتىل ياللىۋېلىپ باش مۈلكىي ئەمەلدارنى ئۆلتۈرەتتى، پېللېتتېر (Pelletteir) (بىر يېڭى كۆچمەن) ئۆزى لوندوندا چىقارغان گېزىتتە مۇنداق دەپ يازغان: «ھاكىمىيەت تارتىۋالغۇچىلارنىڭ ياشاش ھوقۇقى بولمايدۇ، ھاكىمىيەت تارتىۋالغۇچىلارنى ئۆلتۈرۈش پۈتۈنلەي قانۇنغا ئۇيغۇن.» باش مۈلكىي ئەمەلدار باشقىلارنى پېللېتتېر ئۈستىدىن ئەرز قىلىشقا قۇتراتقان، پېللېتتېر ئەنگلىيە سوتىنىڭ سوراق قىلىشى بىلەن جىنايىتى بار دەپ بېكىتىلگەن. جورجى. كادودال (George . Caduodal) نىڭ بوناپارت (Bonaparte) نى ئۆلتۈرۈشى ئەسەبىي مونارخىستلار پارتىيىسىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان. بۇ قېتىمقى قەستلەشكە قاتنىشالمىغان ئىنقىلابىي پارتىيىلىكلەر شان - شەرەپ باشقىلارغا ئۆتۈپ كەتكەچكە، پەقەت چىديالماي قېلىشقان. باش سوتچى پاسكۇيىس (Pasquies) نىڭ يېقىندا نەشر قىلدۇرغان ئەسلىمىسىدە يېزىلىشىچە، ناپولېئون (Napoleon) نى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ئىشىنى موبرېيىل (Maubreuil) پىلانلىغانىكەن، قارىغاندا بۇ پىلان ئىتتىپاقنىڭ، يەنە تالىلاننىڭمۇ قوللىشىغا ئېرىشكەن.

خانلىقنى تىرىلدۈرۈش مەزگىلى، لۇئى. فىلىپ مەزگىلى ھەمدە ناپولېئون Ⅲ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، پادىشاھلارنى ۋە خان جەمەتى ئەزالىرىنى ئۆلتۈرۈش ۋەقەلىرى پات - پات يۈز بېرىپ تۇراتتى. بەزى تەلۋىلەر لۇئى. فىلىپنى ئالتە قېتىم ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنغانىدى. گېرتسوگ ئاۋمالې (Aumale) ۋە نېمۇرس (Nemours) لار يەتتىنچى قېتىملىق ئۆلتۈرۈلۈش

نىشانى ئىدى. فېسچى (Fieschi) ئەڭ قەبىھلىك قىلغان بولۇپ، ئۇ پادىشاھنى ئۆلتۈرۈپلا قالماستىن، يەنە 42 ئادەمنىڭ يارىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.*

جەمئىيەتتىن نەپرەتلىنىش، چېكىدىن ئاشقان ئۆزۈمچىللىك، ئىنقىلابىي ژۇرناللارنى ئوقۇش، بولۇپمۇ سان. جۇست** (Saint . Just) نىڭ ماقالىلىرىنى ئوقۇش، شۇنداقلا گېزىتلەرنىڭ چېكىدىن ئاشقان قۇتراتقۇلۇقى، ھەممىشە لۇئى. فىلىپنى چەتكە قېقىشلار ئاشۇ بىرقانچە قاتىللىق دېلولىرىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىدۇر. ئالىباند (Aliband) پېز سوتىدا شۇنداق دەپ ئېتىراپ قىلغان: «پادىشاھنى ئۆلتۈرۈش ئىككى قولى بىلەن ئادالەتكە ئېرىشەلەيدىغان كىشىلەرنىڭ ھەقلىق ھوقۇقىدۇر. لۇئى. فىلىپنى ئۆلتۈرۈش خۇددى برۇتۇس (Brutus) نىڭ كايسارنى ئۆلتۈرگىنىدەك پۈتۈنلەي ھەققانىي ئىش.» گېرتسوگ ئاۋمالې ۋە گېرتسوگ نېمۇرسلارنى ئۆلتۈرگەن ئاساسلىق جىنايەتچى چۇينىسسېت (Quenisset) ئۆزىنىڭ بىر مەخپىي ئىجتىمائىي تەشكىلاتنىڭ پادىشاھنى ئۆلتۈرۈش توغرىسىدىكى تەربىيىسىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان. «بۇيرۇق ئاڭلايدىغان ئادەم بولۇپ چىقىش ئۈچۈن، ئالاھىدە تەربىيىلەنگەنمەن» دەيدۇ ئۇ.***

---

* جورجى. كادودال باش مۆلكىي ئەمەلدارنىڭ مەپىسى ئالدىغا زەھەرخەندىلىك بىلەن بومبا تاشلاپ، نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. — ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

** سان. جۇسنىڭ ئەسەرلىرى پېپىن ۋە ئالىباندنىڭ تۇرالغۇسىدىن تېپىلغان. — ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

①سان. جۇست (1767 ـ 1794) فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى دەۋرىدىكى ياكوبىنچىلارنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ بىرى، روبىسپېرنىڭ ياردەمچىسى، تومۇز ئېيى ئۆزگىرىشىدە كالللىسى ئېلىنغان. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

*** ياشلارنى ئۆزگەرتىش، ياشلارغا تەسىر كۆرسىتىش — قېرىلارنى ئۆزگەرتىش، قېرىلارغا تەسىر كۆرسىتىشتىن ئوڭاي، مەخپىي جەمئىيەتلەرنىڭ مەنۋى داھىيلىرى ناھايىتى ئوڭايلا ياشلارنىڭ سىياسىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىۋېتەلەيدۇ. — ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىشچىلار باراۋەرلىكى پارتىيىسىدىن ئىبارەت بۇ تەشكىلاتنىڭ كۇشكۇرتۇشى بىلەن دارمېس (Darmes) دېگەن بۇ كىشى پادىشاھنى ئۆلتۈرگەن. دارمېسقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئوتتۇرا قاتلامدىكىلەرگە بولغان ئۆچمەنلىك خان جەمەتىگە بولغان ئۆچمەنلىكتىن قېلىشمايتتى. ئۇنىڭ ئوتتۇرا قاتلامدىكىلەرنى چاقىرىشتا ئىشلىتىدىغان سۆزى بۇگۇنكى ھۆكۈمەتسىزلەر ئىشلىتىدىغان «كاپىتالىستلار» سۆزى ئىدى. «ئوتتۇرا قاتلامدىكىلەر، — دەيدۇ ئۇ، — 1789 - يىلى ئەركىنلىككە ئېرىشكەن كىشىلەردۇر، بۇلار ئاقسۆڭەكلەرنى بۇلاپ - تالىغاندىن كېيىن خەلق ئاممىسىنىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىپ قالدى، چۈنكى ئوتتۇرا قاتلامدىكىلەر ئايلىنىپ بېرىپ خەلقنىڭ بويىنىغا مىنىۋالدى.»

بۇ مەزگىلدىكى پادىشاھنى ئۆلتۈرگۈچىلەر بۇگۇنكى كۈندىكى ھۆكۈمسىزلەرگە ئوخشاش بولۇپ، شۆھرەتپەرەسلىك ۋە مەنمەنلىك ئۇلارنىڭ سىياسىي ئەسەبىيلىكىنى توسۇۋالغۇسىز دەرىجىگە يەتكۈزگەنىدى. فېبسچى بىراقلا نام چىقىرىش ئارزۇسىنىڭ ئاساسلىق جىنايەت مەقسىتى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان. لۇئى. فىلىپنىڭ جېنىنى ئالماقچى بولغان ئەڭ ئاخىرقى تەلۋە قاتىل ھېنرى بۇ دۇنياغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغانلىقىنى ئوچۇق - ئاشكارا ئېلان قىلغان ھەمدە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، پادىشاھنى قەتل قىلىش ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەتنى زىلزىلىگە كەلتۈرمەكچى بولغان. ئۇ ئۆزىنى چارلوت. كورداي (Charlotte . Corday) غا ئوخشاتقان. ئۇ ئۆزى پەيدا قىلغان بۇ پارتلىتىش ۋەقەسى ئارقىلىق نامىنى جاھانغا تارىتىشنى ۋە تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئېلىشنى ئۈمىد قىلغان. ۋاللانت (Vaillant) جىنايەت سادىر قىلىپ بولغاندىن كېيىن «بۇ ئۇلۇغ ھەرىكىتىم تىللاردا داستان بولىدۇ» دەپ قارىغان، چۈنكى ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى

جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپتىمىش.

ئىككىنچى ئىمپېرىيە دەۋرىدە، پادىشاھقا سۇيىقەست قىلىش ئىشلىرى ھەرگىزمۇ ئازىيىپ قالمىغان. ماززىنى (Mazzini)* پادىشاھنى ئۆلتۈرۈش توغرىسىدىكى تەشۋىقاتنى بىر مىنۇتمۇ توختىتىپ قويمىغان ھەمدە قاتىللارنى داۋاملىق پارىژغا مەخپىي تۈردە ئەۋەتىپ تۇرغان. فېلىكس. پيات (Felix . Pyat) لوندوندا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەندە، «پادىشاھنى ئۆلتۈرۈشنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكىنى تالىشىپ يۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ چارلېز I ھۆكۈمرانلىق قىلغان دۆلەتتە بۇ مەسىلە ئارتۇقچە ئەمەسمۇ؟ كاپېت (Capet) جەمەتىنى قىرغان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ستۇئارت جەمەتىنى قىرغان كىشىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىگە نىسبەتەن ھېچنېمە دېمىدىغۇ» دېگەنىكەن.

ياۋروپا ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ لوندوندا تارماق ئاپپاراتى بار. بۇ تەشكىلات 1853 ـ يىلى ۋە 1855 ـ يىلى نەچچە قېتىم ئىتالىيە تەۋەلىكىدىكى مەخپىي ئەزالىرىنى ناپولېئون Ⅲ گە قەست قىلىشقا ئەۋەتكەن. 1858 ـ يىلى 14 ـ يانۋاردا، ئورسىنى (Orsini) ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى پەيدا قىلغان قاتىللىق ۋەقەسىدە 156 ئادەم يارىلانغان، 8 ئادەم ئۆلگەن. سوراق جەريانىدا، ئورسىنى تېخى «مېنىڭ تەشكىلاتىم قاتىللىق قىلىشقا رۇخسەت قىلمايدۇ» دەپ تۇرۇۋالغان. پېرى (Pieri) «ئۇ ئۆزىنى پادىشاھنىڭ سوتچىسى دەۋالغۇدەك دەرىجىدە ئەمەستۇ» دېگەن.

ئورسىنىنىڭ ئادۋوكاتى جۇلېس. فاۋرې (Jules . Favre)

* ماززىنى (1805 ـ 1872)، ئىتالىيە گۇللىنىش ھەرىكىتى دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتچىلەر گۇرۇھىنىڭ داھىيسى ۋە سىياسىي مۇتەپەككۇرى، ياشلار ئىتالىيە پارتىيىسىنى قۇرغان (1831)، پادىشاھلىق مۇستەبىت تۈزۈمنى يوقىتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، رىم جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۈچ مۆلكىي ئەمەلدارىنىڭ بىرى بولغان. (1849). — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

زالىم پادىشاھلارنى ئۆلتۈرۈشنى پۇخادىن چىققۇچە ئەيىبلىگەن. «مېنىڭ كۆزقارىشىم، — دەيدۇ ئۇ، — مەن زوراۋانلىقتىن نەپرەتلىنىمەن، ئەگەر زوراۋانلىق ھوقۇق ئۈچۈن خىزمەت قىلمىسا، مەن ئۇنى ئەيىبلەيمەن، يوشۇرۇن قەستلەش ۋە پىچاق - توقماقلارنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ ئەگەر بىر دۆلەت بەختىكە قارشى بىر مۇستەبىت پادىشاھنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا، پىچاق - توقماقلارغا تايىنىپلا مۇستەبىتلىكنىڭ كىشەن - زەنجىرلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. تەڭرى بۇ زالىم پادىشاھلارنىڭ زالىملىق قىلغان ۋاقىتلىرىنى ھېسابلاپ تۇرىدۇ. ھەرگىز بۇ زالىملارنى ئاياپ قويمايدۇ. تەڭرى بالايىئاپەتنى بۇ زالىم پادىشاھلارغا قالدۇرۇپ قويغان. بۇ بالايىئاپەتلەر ھەرگىزمۇ سۇيىقەستچىلەر پەيدا قىلغان ئىچىنىشلىق قەستلەش ھەرىكەتلىرى ئەمەس.» جولىس. فاۋرې تامامەن توغرا ئېيتىدۇ، مۇستەبىتنىڭ ئۆلۈمى بىلەن مۇستەبىت تۈزۈم ئاخىرلاشمايدۇ. پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ شارائىتى مۇستەبىتلىك تۈزۈمنىڭ پارنىكى بولۇپ قالغاندا، بىر مۇستەبىت قەستلەپ ئۆلتۈرۈلسە، ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە بىر مۇستەبىت چىقىدۇ. كايسار قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن رىمدا دەرھاللا دېموكراتىك تۈزۈم تىكلەنگەن ئەمەس. رىم ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە سانسىز پادىشاھلار ئۆلتۈرۈلگەن، لېكىن ئورنىغا ئۇلاردىن ياخشىسى دەسسەپ باقتىمۇ؟

ئەگەر ھەربىر گراژداننىڭ پادىشاھنى زالىملىقتا ئەيىبلەش ھوقۇقى بولۇپ، ئۇنى ھېچقانداق سوئال - سوراقلاردىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپلا ئۆلتۈرۈۋەتسە ھەم بۇنداق قىلىش دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن، دىنىي ئېتىقاد ئۈچۈن دەپ ئاتالسا، ئۇ ھالدا بۇ دۆلەت قانداق ھالغا چۈشۈپ قالار؟ ئۇ ھالدا بۇ دۆلەت ئىسمى - جىسمىغا لايىق بىر قۇشخانىغا ئايلىنىپ قالماسمۇ؟ قانلار

دەريا بولۇپ ئاقمىغۇچە تىنجىمايدىغان جەڭ مەيدانىغا ئايلىنىپ قالماسمۇ؟ كاتولىك دىنىنىڭ بىر يازغۇچىسى جېئان. چىستېل (Jean. Chastel) نى سوراق قىلغاندىن كېيىن ئۇ ئۆز جىنايەتلىرى ئۈچۈن ئوچۇق – ئاشكارا كەچۈرۈم سورىغان، ئۇنىڭ دېيىشىچە: «كىمنىڭ زالىم پادىشاھ، كىمنىڭ زالىم پادىشاھ ئەمەسلىكىنى بەلگىلەشتە پەرق بارلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا» پروتېستانت دىنى بىلەن كاتولىك دىنى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق ئىكەن، پروتېستانت مۇخلىسلىرىنىڭ قارىشىچە، گېرتسوگ گۇس بىر مۇستەبىت ئىكەن، كاتولىك مۇخلىسلىرىنىڭ نەزىرىدە، كولىني ياكى ھېنرى III ، ھەتتا ھېنرى IV لەر زالىم پادىشاھ بولۇپ قالغان، مىجەزى ئىنتايىن مۆتىدىل بولغان لۇئى XVI ، لۇئى. فىلىپلارنى خەلقنى قايمۇقتۇرۇۋاتقان سىياسەتۋاز زالىملار دەپ ئەيىبلىمەكتە. ئۇنداقتا، ئاشۇ پارلامېنت ئەزالىرىنى زالىم دېيىشكە بولماسمۇ؟ بوسسۇئېتنىڭ جۇرىئېن (Jurien) نىڭ پرىنسىپىنى مۇھاكىمە قىلغاندا سۆزلىگەن سۆزى زالىم پادىشاھلارنى ئۆلتۈرۈشكە قارىتا مۇۋاپىق ئېيتىلغان. «ئۇنىڭ پرىنسىپى ھەرقانداق شەكىلدىكى دېموكراتىك ئىمتىياز، پادىشاھ ۋە تۆرىلەرگە شەپقەتسىز زەربە بېرىدۇ، مەيلى بۇ ئادەملەر قايسى شەكىل، قايسى ئىسىم بىلەن پەيدا بولسۇن، مەيلى ئۇلارنىڭ نېمە قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسىگە بىردەكلا زەربە بېرىدۇ، پەقەت دۆلەت ئاپپاراتلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك خادىملار بېكىتكەن قانۇنلار بۇ ئادەملەرنىڭ نىشانى ياكى دىني ئېتىقادى بىلەن زىت بولۇپلا قالسا، پادىشاھقا قارشى تۇرۇش قانۇنلۇق، پۈتكۈل دۆلەت ئاپپاراتى ۋە ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىيلارغا قارشى تۇرۇش، پۈتكۈل دۆلەت ۋە پارلامېنتقا قارشى تۇرۇش قانۇنلۇقتۇر.»

ئۆز دۆلىتىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن پادىشاھنى ئۆلتۈرسە، ئۇنداقتا قاتىللىق قىلمىشى قانۇنلۇق بولۇپ قالغان بولامدۇ؟ شۇنى بىلىش كېرەككى، ھېچقانداق قوغدىنىش ئىقتىدارى بولمىغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈش ھەرگىزمۇ دۆلەتنى قۇتقۇزىدىغان ئۇلۇغ ئىش سانالمايدۇ. يەنە كېلىپ مەقسەتنىڭ مۇۋاپىقلىقى ئەيىبلەش –

www.uyghurkitap.com

سۆكۈشكە تېگىشلىك بولغان قانۇنسىز ۋاستىلەرنى قوللانسۇن دېگەنلىك ئەمەس. دۆلەتنى قۇتقۇزۇشتەك ئۇلۇغ ھەم شەرەپلىك مەجبۇرىيەت باشقىلارنىڭ (ياكى باشقا ئىنسانلارنىڭ) ھاياتىغا ھۆرمەت قىلىشتەك بۇ ئاساسىي مەجبۇرىيەتنى چەتكە قاقمايدۇ. ئۆز دۆلىتىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلسا بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ قانۇنلۇق يوللاردىن ئۆتمەي تۇرۇپ باشقىلارنىڭ ھاياتىغا زىيانكەشلىك قىلىش ھوقۇقى يوق. دۆلەت مەنپەئەتى ئەزەلدىن قەستلەشنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئەگەر بىر كاتولىك مۇرىتى بىر پروتېستانت داھىيسىنى زالىم دەپ ئېلان قىلسا ياكى ئاۋامنى قايمۇقتۇرغۇچى سىياسەتۋازلار خالىغان بىر پادىشاھنى زالىم پادىشاھ دەپ ئەيىبلىسە ھەمدە قىلچە تەپتارتماستىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللانسا، مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا پۈتكۈل جەمئىيەت خۇددى بوسۇت ئېيتقاندەك ئىسمى - جىسمىغا لايىق بىر قۇشخانىغا ئايلىنىپ قالامدۇ؟

دۆلەتنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بىر زالىم پادىشاھنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە يول قويغانلىق خۇددى ئاللانى خۇش قىلىمەن دەپ بىر غەيرىي دىندىكى ئادەمنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنگە ئوخشايدۇ. ئەگەر مەقسەت ۋاستىدىن ئۈستۈن تۇرسا، بارلىق مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەت، ئەخلاق، ئەقلىيلىق دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ - دە، كىشىلىك دۇنياسىدىكى بارلىق رەزىللىكلەر خالىغانچە قۇتراشقا باشلايدۇ. دۇرۇس مەقسەت، يۈكسەك نىشانلار جىنايى ھەرىكەتلەرگە پارنىك بولالمايدۇ. قەستلەپ ئۆلتۈرۈش بەرىبىر قەستلەپ ئۆلتۈرۈشتۇر. قەستلەپ ئۆلتۈرۈش بەرىبىر جىنايى قىلمىشتۇر. ۋاقىتلىق تەدبىر دەپ ھېسابلىغان تەقدىردىمۇ، ئۇ يەنىلا جىنايى قىلمىشتۇر، ئۇنى ھەرگىز كەچۈرگىلى بولمايدۇ. بىر كىشى ئۆز خاھىشى بويىچە بىر پادىشاھ ياكى ئوتتۇرا قاتلام ئەزاسىنى زالىم دەپ قاراپ، ھېچقانداق سوئال - سوراقسىزلا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، مۇشۇ كىشىنىڭ ئۆزى دەل ئىسمى - جىسمىغا لايىق زالىمدۇر.

# ئۈچىنچى باب
# ئىنسانىيەتكە زىيان يەتكۈزۈۋاتقان كۈچلۈك مەنىۋى زەھەر

## —— ھۆكۈمەتسىزلىك

ھۆكۈمەتسىزلەرنىڭ زالىم پادىشاھلارنى ئۆلتۈرۈش تەلىمىنى قوبۇل قىلىشى —— ھۆكۈمەتسىزلەر بىلەن تېررورچىلارنىڭ ئوخشاشلىقلىرى —— نارودنىكلىق* —— كروپاتكىن —— پرودون —— گەرەبلەر —— ھۆكۈمەتسىزلەر ۋە كاپىتالىستلار —— ياكوبىنچىلار ۋە ھۆكۈمەتسىزلەرنىڭ نەزەرىيىۋى قاراشلىرى —— بابېفنىڭ ھۆكۈمەتسىزلىك نۇقتىئىنەزىرى —— دىدېرو ۋە رۇسسونىڭ باراۋەرلىك نەزەرىيىلىرى —— ھازىرقى زامان ھۆكۈمەتسىزلىرىنىڭ نىشانى جەمئىيەتنى باراۋەر قىلىش —— ھۆكۈمەتسىزلەرنىڭ بوۋىسى: پرودون —— ھۆكۈمەتسىزلەرنىڭ مال - مۈلۈك قارىشى —— مال - مۈلۈك ۋە جىنايەت —— «تارتىۋېلىش تۆلەپ بېرىش دېمەكتۇر» —— باراۋەرلىك ۋە ھۆرلۈك ——

---

* نارودنىكلىق — رۇسىيە ئىنقىلابىدىكى ئۇششاق بۇرژۇئازلار مەزھىپى، 19 - ئەسىرنىڭ 60 - 70 - يىللىرىدا رۇسىيە بۇرژۇئازلىرى ئارىسىدا پەيدا بولغان، دېھقانلارنىڭ چار پادىشاھنىڭ مۇستەبىت تۈزۈمىگە ۋە پومېشچىكلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بىراق، كاپىتالىزمنىڭ رۇسىيىدىكى تەرەققىيات مۇقەررەرلىكىگە كۆز يۇمىدۇ. پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ ئەڭ ئىلغار ئىنقىلابىي سىنىپ ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇلۇغ كۈچ - قۇدرىتىنى كەمسىتىدۇ، پەقەت «كوممۇنا»نى تەرەققىي قىلدۇرساقلا سوتسىيالىزمغا ئۆتەلەيمىز دەپ قارايدۇ. — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىنقىلاب كىشى تەبىئىتىنىڭ رەزىل بىر تەرىپىنى
ئېچىپ تاشلىدى —— سان. سىمونىنىڭ كاپىتالىستلار
ھەققىدە ئېيتقانلىرى —— لامېننىنىڭ جەمئىيەت
نەزەرىيىسى —— ئېلىسې. رېكلۇسنىڭ باراۋەرلىك
ھەققىدە ئېيتقانلىرى —— ھۆكۈمەتسىزلەرنىڭ پىلانى
—— ھۆكۈمەتسىزلىك ۋە مىلىتارىزم ——
لامېننىنىڭ جىنايەت ھەققىدە ئېيتقانلىرى ——
جوناتان. سۋىفتنىڭ سىياسىي چىرىكلىك ھەققىدە
ئېيتقانلىرى —— سېنتىمېنتالىزم* نىڭ مەنبەسى
ئىجتىمائىي تۈزۈمگە ھۇجۇم قىلىشتىن كەلگەن ——
لۇئىس. برونك —— كروپاتكىننىڭ
سېنتىمېنتالىزملىق ھېسسىياتى —— فرانسىيە
ئىنقىلابچىلىرىنىڭ سېنتىمېنتالىزملىق ھېسسىياتى
—— ھۆكۈمەتسىزلەرنىڭ ئۆزىنى دۆلەت ئورنىغا
دەسسىتىۋېلىشى —— ھۆكۈمەتسىزلەرنىڭ كىشىلىك
ھوقۇق قارىشى —— ھۆكۈمەتسىزلەرنىڭ
شۆھرەتپەرەسلىكى ۋە تەلۋىلىكى —— ئىنقىلابىي
جىنايەتلەرنىڭ ئاقىلىغۇچىسى ھۆكۈمەتسىز ئۇنسۇرغا
ئايلاندى —— تىبېرنىڭ ئىنقىلابىي يەۋقۇلئاددە سوت
ھەققىدە ئېيتقانلىرى —— كىتابىي بىلىملەرنىڭ
زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىسى —— تارىخشۇناسلارنىڭ
مەسئۇلىيىتى —— ئىنقىلابنىڭ فرانسىيىگە
كۆرسەتكەن تەسىرى —— پەلسەپىدىكى ماتېرىيالىزم ۋە
ھۆكۈمەتسىزلىك —— ۋاللانت —— راۋاچول

* سېنتىمېنتالىزم — ئەدەبىياتتا ھېسسىياتقا ئارتۇق دەرىجىدە بېرىلگۈچى، ھەقىقەتنى بوياپ كۆرسەتكۈچى ئېقىم. — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

—— ماتېرىيالىزملىق پەلسەپىنىڭ ئۇنۇمى ——
جەمئىيەت بارلىق ئىجتىمائىي بەختسىزلىكلەرگە
مەسئۇل بولۇشى كېرەك —— ھۆكۈمەتسىزلەر
ئۆزلىرىنى جەمئىيەتنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىسى
دەۋالماقتا —— مارانىڭ جەمئىيەتكە بولغان
ئۆچمەنلىكى —— ھۆكۈمەتسىزلەرنىڭ ئاساسلىق
تۇرمۇش نىشانى —— خرىستىئان دىنىنىڭ بايلىق
قارىشى —— ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ھۆكۈمەتسىزلىك ——
ھۆكۈمەتسىزلىكنىڭ نىشانى بايلىقنى بۆلۈشۈۋېلىش
—— ئىنقىلاب ئۇقۇمى ماتېرىيالىزم نەزەرىيىسى ——
نىتشىنىڭ تەلىمى —— خرىستىئان دىنىنىڭ ئەخلاق
قارىشى —— ئەخلاقنى كەمسىتىدىغان سىنىپ ——
ياش ھۆكۈمەتسىز ئۇنسۇر —— ئەخلاق كەمچىل بولغان
مائارىپ —— ھۆكۈمەتسىز ئۇنسۇر ھېنرى —— ئىلىم
- پەن بەختكە ھۆددە قىلالمايدۇ —— بىلىمنىڭ
زەھىرى —— سىياسىيدىكى ھۆكۈمەتسىزلىكنى
ئەخلاقتىكى ھۆكۈمەتسىزلىك كەلتۈرۈپ چىقارغان ——
ئاۋگۇست. كومتىنىڭ نۇقتىئىنەزىرى ——
چىرىكلەشكەن سىياسەتۋازلار ۋە ناتوغرا يول بىلەن
بېيىش ھۆكۈمەتسىزلىكنىڭ يامرىشىنى كەلتۈرۈپ
چىقىرىدۇ.

پادىشاھلىق سىياسىي تۈزۈم تارىخ سەھنىسىدىن چېكىنگەن بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەر دۆلەت رەھبەرلىرىگە بولغان خىلمۇخىل زىيانكەشلىكنى توختىتىپ باقمىدى. خۇددى پادىشاھلىق سىياسىي تۈزۈمدە كىشىلەر پادىشاھتىن بىزار بولغاندەك، جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىدىمۇ، كىشىلەرنىڭ قارشىلىق بىلدۈرۈش روھى قايتا نامايان بولۇپ، پرېزىدېنت ۋە قانۇن تۇرغۇزۇش پارلامېنتىدىن بىزار

www.uyghurkitap.com

بولۇشماقتا.

ھۆكۈمەتسىزلىك پۈتۈنلەي زالىم پادىشاھنى ئۆلتۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ چىراي ئالماشتۇرۇشىدىن ئىبارەت. ئۇ مۇنداق بىر ساختا ھەرىكەت ئۆلچىمى ئاستىدا مەيدانغا كەلگەن: سىياسىي جىنايەتلەر ئۆز مەقسىتىدىن باھانە ئىزدەيدۇ؛ ئىشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ئۈچۈن خالىغانچە قىرغىنچىلىق قىلىشمۇ قانۇنلۇق. «زالىم پادىشاھنى دارغا ئاسايلى!» دەپ ۋارقىرىشىدۇ، فرانسىيە پادىشاھى لۇئى XIV نى ئۆلتۈرمەكچى بولۇشقان ئىنقىلابىي پارتىيە ئەزالىرى «پۇلدارلارنى دارغا ئاسايلى!» دەپ توۋلىشىدۇ. ھۆكۈمەتسىزلەر بۇنىڭغا جور بولۇشىدۇ، ھۆكۈمەتسىزلەرنىڭ نەزەرىيىسى ھەربىي قورشىۋالغۇچىلار ۋە تېررورچىلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش. ئۇلار، «مەقسەت ۋاسىتىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ، مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ياكى دۆلەت بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ھەرىكەتلىرىنى بەكمۇ ئەيىبلەپ كېتىشكە بولمايدۇ» دېيىشىدۇ.

يېقىندا بىر مۇخبىر ھۆكۈمەتسىز ئۇنسۇر ماركوسنى زىيارەت قىلغان، بۇ مۇخبىرنى ھەيران قالدۇرغىنى، ماركوس ۋاللانت (Vallant) سادىر قىلغان جىنايەتكە ئىنتايىن قايىللىقىنى ئىپادىلىگەن. ئۇ مۇخبىرغا مۇنداق دېگەن: «مېنىڭچە، بۇرژۇئا سىنىپىنىڭ جۇمھۇرىيىتىنى ھىمايە قىلغۇچىلار 1793 ـ يىلىدىكىدەك زالىم پادىشاھنى ئۆلتۈرۈش قىلمىشلىرىغا قايىل بولۇشىدۇ، ئۇلارمۇ بۇنىڭدىن نۇرغۇن نەپكە ئېرىشتى. پرولېتار ۋاللانت 〈جۇمھۇرىيەت تۈزۈلمىسىدىكى پادىشاھلار〉غا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن بومبا تاشلاپ، زالىم پادىشاھنى ئۆلتۈرۈش ۋەقەسىدىن يەنە بىرنى پەيدا قىلدى. بۇنى تىللاردا داستان قىلىشقا ئەرزىيدۇ.»

ۋاللانت ئۆز جىنايەتلىرىنى ئاقلاش ئۈچۈن، پۇلدارلار

سىنىپىنىڭ پوزىتسىيىسىگە قارىتا ئۆزۈمنى قوغداش ئېلىپ بارغان دەۋالغان. «بىز يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ ئېزىشىگە قارىتا قارشىلىق كۆرسەتتۇق، ئەجەبا بۇ ئۆزىنى قوغدىغانلىق بولمامدىكەن؟» بۇنىڭدىن بىز بۇ پادىشاھنى ئۆلتۈرگۈچىنىڭ ئۆكتەملىكىنىڭ قايسى دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز. ئۇنىڭ قارىشىچە، گرازدانلارنىڭ مۇستەبىتلەرگە نىسبەتەن دۈشمەندىن ئۆزىنى قوغدىغاندەك ئۆزىنى قوغداش ھوقۇقى بار ئىكەن. جېئان. چېستېل (Jean . Chastel) نىڭ ئاقلىغۇچىسى مانا مۇشۇ ھوقۇقنى ئىشلەتكەن. «ناھايىتى ئېنىقكى، — دەيدۇ ئۇ چۈشەندۈرۈپ، — بۇ زالىم پادىشاھلار ئادالەتسىزلىك بىلەن پۈتكۈل مىللەتكە قارشى چىقىدۇ؛ شۇڭا جەمئىيەت ئادىللىق بىلەن زالىم پادىشاھقا قارشى چىقىشى، كىشىلەر ھەقىقىي دۈشمەنگە مۇئامىلە قىلغاندەك، بارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ ئۇنىڭغا زەربە بېرىشى كېرەك.»*

تېررورچىلار بۇگۈنكى كۈندىكى ھۆكۈمەتسىزلەرگە ئوخشاش ئۆزلىرىنىڭ جىنايەتلىك قىلمىشلىرىدىن بەكلا كۆرەڭلەپ كېتىشىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرگەن پوپلار، ئۆزلىرى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن ئاقسۆڭەكلەر بىلەن ماختىنىشىدۇ. مەيلى سان. جۇست (Saint. Just)، روبېسپېر (Robespierre)، كوسون (Couthon)، كوللوت

* پېئېرنىڭ «تارىخي تەنقىدچىلىك لۇغىتى» نىڭ بەشىنچى قىسمى، «چېستېل» غا قارالسۇن. گروتىئۇس زالىم پادىشاھلارغا خۇددى جەڭ مەيدانىدىكى دۈشمەنلەرگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلغان. ئۇ بۇنىڭغا نوپۇز ئىگىسى دېرتۇلىئاننىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنى نەقىل كەلتۈرگەن: «ئادەم تۇغۇلۇشىدىنلا بىر جەڭچى بولۇپ تۇغۇلىدۇ، ئۇنىڭغا ئاسىيلارنى تىنجىتىش ياكى خەلق دۈشمەنلىرى بىلەن جەڭ قىلىش بۇرچى يۈكلەنگەن». — ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دېربوس (Collot d'Herbois) بولسۇن، مەيلى بىللاۋد. ۋارېننېس (Billaud Varennes) بولسۇن، ھېچقايسىسىدا قىلغانلىرىغا ئۆكۈنۈشتەك بىر ئالامەتلەر يوق. ئۇلار شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىدۇكى، ئۆزلىرىنىڭ قاتىللىق ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلمىشلىرى، ئۆزلىرىنىڭ مەقسەتلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئەقىلغا مۇۋاپىق ۋە نورمال ئىش. ئۇلار شۇنىڭغا چىڭ تۇرىدۇكى، بۇ كىشىنى چۆچۈتىدىغان قاتىللىقلار جەمئىيەت مېخانىزمىنى ساپلاشتۇرىدۇ.*

ھۆكۈمەتسىزلەر بومبا تاشلاپ جەمئىيەتتە ساراسىمە ۋە ۋەھىمە پەيدا قىلىدۇ. لېكىن، ئۆز مەقسەتلىرىنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ، كىشىنىڭ قۇيقا چاچلىرىنى تىك تۇرغۇزىدىغان زوراۋانلىقلىرىنى پەردازلىشىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرى ئۈچۈن نومۇس قىلىشمايدۇ، چۈنكى ئۇلار پارتلىتىش ۋەقەلىرى ئارقىلىق جەمئىيەتنى گۈللەندۈرۈش مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى. بۇ دەل ياكوبىنچىلار** نىڭ ئوخشاش بىر مەقسەتنى كۆزلەپ ئۇلارنى

---

* ئىسپانىيىدىكى «يەڭسىز كۆڭلەكلىكلەر»، فرانسىيىدىكى «ئاغىسىز ئىشتانسىزلار»، (فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى دەۋرىدە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ نامرات جۇمھۇرىيەتچىلەرنى كەمسىتىپ چاقىرىشى)غا ئوخشاش، «ئەڭ ياخشى ئۆلتۈرۈش ئۇسۇلى داۋاملىشىش ۋاقتى قىسقا، ئۆلتۈرگەن ئادەم جىق بولۇش»، يەنە كېلىپ بۇ خىل ئۇسۇل كەم بولسا بولمايدۇ. جەمئىيەتنى ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، «چوقۇم قۇرۇغان شاخ ۋە چىرىگەن ياغاچلارنى جەمئىيەت دەرىخىدىن كېسىپ تاشلاش كېرەك». — ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

** ياكوبىنچىلار — 18 ـ ئەسىردىكى فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى دەۋرىدىكى ئەڭ چوڭ سىياسىي تەشكىلات. باش شتابى پارىژ ياكوبىن موناستىرىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دەپ ئاتالغان، 1789 ـ يىلى قۇرۇلغان. مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىدە شۆبىسى بولغان. يېڭى قۇرۇلغاندا تەركىبى بىرقەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، ئەركىن ئاقسۆڭەكلەر ۋە كارخانىچىلار كەينى ـ كەينىدىن چېكىنىپ چىقىپ فېيىيانچىلار ۋە گروندېچىلار تەشكىلاتىنى قۇرغاندىن كېيىن بۇرژۇئازىيە سىنىپى دېموكراتچىلىرىنىڭ مەركىزى بولۇپ قالغان، ئەزالىرى ياكوبىنچىلار دەپ ئاتالغان، داھىيسى روبىسپېير. تومۇز ئېيى سىياسىي ئۆزگىرىشىدە تارقىتىۋېتىلگەن. — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

(ھۆكۈمەتسىزلەرنى) دارغا ئاسقىنىغا ئوخشايدۇ.

روبېسپېر گروندېچىلار* ۋە دانتونچىلارنى** ئۆلۈمگە بۇيرۇغاندىن كېيىن «بىز ئاسىيلىق قىلىشنى پىلانلىغۇچىلارنى يوقاتتۇق، خەلقنىڭ بەختىنى كۆزلەش يولىدىكى بارلىق توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلىدۇق» دەپ ئېلان قىلغان. ئۇنىڭچە، جۇمھۇرىيەت سىياسىي تۈزۈلمىسىدىكى مۆتىدىلپەرەسلەرنى يوقاتسىلا بەختكە ئېرىشكىلى بولىدىكەن. ھۆكۈمەتسىزلەرنىڭ قارىشىچە، بۇرژۇئازىيە سىنىپىنى يوقاتسىلا خەلقنىڭ بەختىنى كۆزلەش يولىدىكى توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلىغىلى بولىدىكەن. روبېسپېر*** ۋە ھۆكۈمەتسىزلەرنىڭ مەسىلىكىدە نېمە پەرق بولسۇن؟

تېررورچىلارنىڭ ئاقسۆڭەكلەرنى قورقۇتقىنىغا ئوخشاش

---

* گروندېچىلار —— 18 ـ ئەسىردىكى فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى دەۋرىدىكى چوڭ كارخانىچى بۇرژۇئازلار مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان سىياسىي گۇرۇھ، كاتتىۋاشلىرىنىڭ كۆپ سانلىقى گروندې ۋىلايىتىدىن كەلگەچكە شۇنداق دەپ ئاتالغان. ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە پادىشاھلىق تۈزۈمنى بىكار قىلىپ جۇمھۇرىيەت ئورنىتىشنى تەشەببۇس قىلغان، 1792 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ مەنپەئىتىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوغداپ ئىنقىلابنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا قارشى چىققان. 1793 ـ يىلى 5 ـ ئايدا پارىژ خەلق قوزغىلىڭى تەرىپىدىن ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇپ تاشلانغان. ياكوبىنچىلارنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتى دەۋرىدە چېگرا ئۆلكىلەردە قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرگەن بولسىمۇ تارمار قىلىنغان... قالدۇقلىرى تومۇز ئېيى پارتىيىسىدىكىلەرنىڭ غوللۇق ئۇنسۇرلىرىدىن بولۇپ قالغان. — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

** جورجى.ياك. دانتون (1759 ـ 1794) 18 ـ ئەسىردىكى فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى دەۋرىدىكى پائالىيەتچى، ئادۋوكات بولغان. ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە كوردېل كۇلۇبى ۋە ياكوبىن كۇلۇبىغا قاتناشقان، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇشتا، «دۈشمەننى يېڭىش ئۈچۈن دادىل، دادىل، چوقۇم دادىل بولۇش كېرەك!» دېگەن مەشھۇر نۇتقىنى ئېلان قىلغان. ياكوبىنچىلار مۇستەبىتلىكى دەۋرىدە، دانتون تەدرىجىي يېڭى زەردارلارنىڭ ۋەكىلى بولۇپ قالغان. ياكوبىنچىلار ھاكىمىيىتىنىڭ تېررورلۇق سىياسىتىگە ئوچۇق ـ ئاشكارا قارشى چىقىپ، ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا «كەڭچىلىك» قىلىشنى كۈچەپ تەشەببۇس قىلغان. 1794 ـ يىلى 3 ـ ئايدا قولغا ئېلىنىپ 4 ـ ئايدا ئۆلتۈرۈلگەن. — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

*** روبېسپېر (1758 ـ 1794)، 18 ـ ئەسىر فرانسىيە ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى ياكوبىنچىلار ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلىي رەھبىرى، رۇسسونىڭ مۇرىتى، 1794 ـ يىلى تومۇز ئېيى سىياسىي ئۆزگىرىشىدە قولغا ئېلىنىپ، ئەتىسى قەتل قىلىنغان. — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇسۇلدا، ھۆكۈمەتسىزلەر بۇرژۇئازلارنى قورقۇتماقتا. رۇسىيىنىڭ نارودنىكلىرى ئۆزلىرىنى «تېررورچىلار» دەپ ئاتىۋېلىشقان. «بىز تېررورلۇق ھۆكۈمرانلىقىنى يولغا قويىمىز» دېگەن، يېقىندا بىر ھۆكۈمەتسىز ئۇنسۇر سوتتا ئۆزىنىڭ بۇ نامىنى ئېتىراپ قىلغان ھەمدە ئۆزىنىڭ مەقسىتىنىڭ ھۆكۈمەتنى قورقۇتۇش ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. بۇ نۇقتىدا ئۇلار مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. ئۇدا بىر قانچە يىل ئۇلار بىر قاتار نومۇسسىز زوراۋانلىقلارنى پەيدا قىلىپ، پۈتكۈل رۇسىيىنى ساراسىمىگە سېلىۋەتكەن. كونىسبورگتىن قولغا چۈشۈرگەن رۇسىيە نارودنىكلىرىنىڭ ھۆججەتلىرىدىن تۆۋەندىكىدەك خەتلەرنى كۆردۇق: «ئادەمنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ـ ئۆلتۈرمەسلىكىمىز پۈتۈنلەي بىزنىڭ شۇ چاغدىكى پايدا ـ مەنپەئەتنى دەڭسەپ كۆرۈشىمىزگە باغلىق. . . ئەزرائىل ئۇلارنىڭ بېشىدا چۆرگىلىگەندە، ھۆكۈمەتتە قالايمىقانچىلىق پەيدا بولۇپ، تېررورلۇق ھەممە جاينى قاپلايدۇ.» فرانسىيە تېررورچىلىرىنىڭ مەقسىتى بۇلارنىڭكىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدۇ: ئۇلارنىڭ مەقسىتى ھۆكۈمەتنى، يەرلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى ۋە زاسېداتېللار ئۆمىكىنى ئارامىدا قويماسلىق. ۋېيىر رېستورانىدا بومبا پارتلىتىشتىن مەقسەت يالغۇز لېۋىلنى قاپ يۈرەكلىك بىلەن پاش قىلغان ئادەمنى ئۆلتۈرۈش بولۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى لېۋىلنى سوتلىماقچى بولغان سوتچىنى قورقۇتۇشتۇر.

1793 ـ يىلىدىكى تېررورچىلارغا ئوخشاش، ھۆكۈمەتسىزلەر دانتوننىڭ «دادىل، دادىل، چوقۇم دادىل بولۇش كېرەك!» دېگەن تەلىمىنى قوبۇل قىلغان. «باتۇر جەڭچى شۇنى ئېنىق بىلىدۇكى، — دېدى كرۇپاتكىن، — قورقۇمسىزلىق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا كەم بولسا بولمايدىغان شەرتلەرنىڭ بىرىدۇر.»

ئەگەر بىر ئادەمدە قىلچىمۇ ھېسداشلىق تۇيغۇ ئالدى ـ كەينىنى ئويلىنىش، ھېچقانداق مۇرەسسە ـ مادارا چارىلىرى بولمىسا، بۇ خىل قاپ يۈرەكلىك ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كەلگۈسى. دانتون فرانسىيىلىكلەرگە تۆۋەندىكى سۆزلەرنى قىلغان چاغدىلا، ئۇ بۇ سۆزنىڭ خەتىرىنى تونۇپ يەتكەنىدى. «دادىل، دادىل، چوقۇم دادىل بولۇش كېرەك! ھەممىدىن مۇھىمى ئەقلىيلىققا ئىگە بولغان دادىللىق، بۇنىڭغا چېنىقىش ئارقىلىق ناھايىتى تېزلا ئېرىشكىلى بولىدۇ.» دانتوننىڭ بۇ قارىشى ماكياۋېللىنىڭمۇ ھەم شۇنداقلا ئىنقىلابىنىڭمۇ قارىشى ئىدى. يەنە پرودون 1848 ـ يىلى ئوتتۇرىغا قويغان بىر ئاساسىي پرىنسىپ ئىدى. بىز دانتوننىڭ 11 ـ ئاۋغۇستتىكى سۆزىنى ئەسلەپ باقايلى، «ئەينى ۋاقىتتا قالايمىقانچىلىق ئىچىدە تۇرغان فرانسىيە ئۆز خەلقىدىن بىرلىككە كەلگەن پىكىر ھاسىل قىلىپ، ئۆز ۋەتىنىنى قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلاتتى. ‹بۇ پۇتۇنلەي زۆرۈر› دېگەن ئۇ قولىنى غەلىتە بىر خىل شىلتىپ،—‹ ئاقسۆڭەكلەرنى يۈرەكئالدى قىلىۋېتىش پۇتۇنلەي زۆرۈر ئىش›، بۇنىڭغا ھۆكۈمەتسىزلەرنىڭ ھەددىدىن ئاشقان جىنايەتلەرنى سادىر قىلغان ۋاقىتتا: «كاپىتالىستلارنىڭ يۈرىكىنى پوك ـ پوك قىلىۋېتەيلى» دەپ سالغان جارلىرى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئادىمىنىڭ ئازلىقى ئۇلارغا ئايان ئىدى، بىراق ئۇلار ئاشۇ قورقۇنچاق، لېكىن سەممىي كىشىلەردىن ئۈمىد كۈتۈشەتتى، ئاشۇ قاپ يۈرەك چوقۇنغۇچىلاردىن ۋە دورامچىلاردىن ئۈمىد كۈتۈشەتتى، «ئۆز ھەرىكىتى ئارقىلىق بۇ ئاز سانلىقلار شۇنى ئېنىق تونۇپ يەتكەنىدىكى، — دەپ يازىدۇ كروپاتكىن، — ئەگەر مۇستەقىلچىلەرنىڭ نادامىتى ۋە قاپ يۈرەكلەرنىڭ تەلۋىلىكى بولمىسا، ئىنقىلابنى تاماملاش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.» چوقۇم ئۆلگىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ

www.uyghurkitap.com

كىشىلەرنىڭ باتۇرلۇق روھىنى ئۇرغۇتۇش كېرەك: قۇربان بېرىش روھى ئۆزئارا يۇقىدۇ. «كىشىلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك دىققىتىنى قوزغايدىغان تۇيۇقسىز ۋەقەلەر ئارقىلىق يېڭى ئىدىيە، نۇقتىئىنەزەرلەر كىشىلەر قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا سىڭىپ كىرىپ، بەزى ئەگەشكۈچىلەرگە ئېرىشىدۇ. بىر قېتىملىق ھەرىكەت بىرقانچە كۈن ئىچىدىلا بۇ ئىدىيە، نۇقتىئىنەزەرنى تارقىتالايدۇ، ئۇ نەچچە مىڭ پارچە تەشۋىقات ۋەرەقىسىدىنمۇ ئۈنۈملۈك. تېخىمۇ مۇھىمى، بۇ تۇيۇقسىز ۋەقەلەر كىشىلەرنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ئېڭىنى ئويغىتىدۇ، باتۇرلۇق روھىغا مەدەت بېرىدۇ... ئىلگىرى بەزىبىر چوڭ يۈرەكلىك بىلەن قىلىنغان ھەرىكەتلەر پۈتكۈل دۆلەت ماشىنىسىنى بىرقانچە كۈن ئىچىدىلا پالەچ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇپ، بۇ غايەت زور مەخلۇقنىڭ يىلتىزىنى لىڭشىتىپ قويغان ئەھۋاللار بولغان. خەلق ئاممىسى بۇ گىگانت مەخلۇقنىڭ ئۆزلىرى ئويلىغاندەك ئۈنچىلىك قورقۇنچلۇق ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىشقان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار غەلىبە نۇرىنى كۆرۈپ، قورقۇمسىز ۋە باتۇر بولۇپ كېتىشكەن، — دەپ يازىدۇ ھۆكۈمەتسىزلەرنىڭ نەزەرىيىشۇناسلىرى، — ئاۋامنىڭ قىزغىنلىقى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈپ، كۈرەش روھى ئۇرغۇپ تاشقاندا ھۆكۈمرانلار بۇ خىل قارشىلىق كۈچىنى باستۇرۇشقا ئامالسىز. يەنە كېلىپ، باستۇرۇش ئەكسىچە ئۈنۈم بېرىپ يېڭى قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى پەيدا قىلىدۇ،... تەدرىجىي، بۇ خىل ھەرىكەت پۈتۈن مەملىكەتتە بىر پەللىدىن يەنە بىر پەللىگە كېڭىيىپ، ھەرىكەت يۇقىرى پەللىگە چىقىدۇ.»

قەھرىمانلىق پەزىلىتىنى ھۆكۈمەتسىزلەر ۋە ياكوبىنچىلار قايتا ـ قايتا تەشۋىق قىلىشتىن ئاۋۋال، 11 ـ ئەسىردە ئاسىيادا ياشايدىغان ئەرەبلەر بۇنى ئاللىقاچان شەرھلەپ بولغان ھەم

ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ بولغانىدى، بۇ ئەرەبلەر تۆت يۈز يىلدىن بۇيان ئىزچىل تۈردە ئاسىيادىكى تېررورلۇق ئامىلى بولۇپ كەلگەنىدى. «ھېچنېمىگە ئىشەنمەسلىك، ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا جۈرئەت قىلىش» دېگەن سۆز بۇ كىشىلەرنىڭ ئاساسلىق جاھاندارچىلىق مەسلىكى بولۇپ كەلگەنىدى. ئۇ كىشىلەرگە «ھەرقانداق ئىشنى قىلىۋەرسەڭ بولىدۇ» دەپ تەلىم بېرەتتى، تېخى دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، قەستلەپ ئۆلتۈرۈشكە تايىنىش زۆرۈر دەپ قارىشاتتى. بۇ تېررورچى قاتىللار گۇرۇھى تېخى بىر پادىشاھلىق قۇرغان بولۇپ، «ئۇ تۆت يۈز يىل مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش جەريانىدا قوشنا ئەللەرنى دۈشمەن بىلىپلا قالماستىن، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ئۆزىگە دۈشمەن دەپ قاراپ كەلگەن.» ھەسەن. بىن. ساباھ (Hasan — ben — Sabah) بۇ تېررورچى قاتىللارنىڭ باشچىسى ئىدى، «ئۇ يالغۇز بىر تومپاي قاراقچى بولۇپ قالماستىن، تېخى بىر تېئولوگ (خۇداگۇي، ئاقايىدچى) پەيلاسوپ ۋە يازغۇچى ئىدى.»

«خەلق بەختەرلىكى ئۈچۈن ئالاھىدە تەدبىرلەر ۋە تېررورلۇق ۋاستىلىرىنى قوللىنىش زۆرۈر» دېگەن دانتون بىر قېتىم ئىنقىلابىي ئالاھىدە سوتنى بېلەت تاشلاشقا مەجبۇرلىغاندا. 1793 ـ يىلىدىكى تېررورچى ئۇنسۇرلار گروندېچىلار ئەزاسىنى دارغا ئېسىش بۇيرۇقىنى ئېلان قىلغان ۋاقىتتا، «جۇمھۇرىيەت خەتەر ئىچىدە تۇرۇۋاتىدۇ، دۆلىتىمىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن چوقۇم گروندېچىلارنى يوقىتىش كېرەك» دېيىشكەن. ھۆكۈمەتسىزلەر: «جەمئىيەتنى بىر قەبىھ كېسەل چىرمىۋالدى، ئۇنى ساقايتىش ئۈچۈن چوقۇم بۇرژۇئازىيە سىنىپىنى يوقىتىش كېرەك» دەپ جار سېلىشىۋاتقان ۋاقىتتا، ئوخشاشلا بىر سەپسەتە تەكرارلىنىۋاتاتتى. ياكوبىنچىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىر ئاقسۆڭەكنى ئۆلتۈرۈش، بىر

گروندىچىنىڭ كاللىسىنى ئېلىش، بىر پويىنى تونجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈشلەرنىڭ ھەممىسى خەلقنى قۇتقۇزۇشنىڭ، ۋەتەنگە ئۆز مۇھەببىتىنى بېغىشلاشنىڭ قەدەم - باسقۇچلىرى ئىدى. ئىنسانلارنىڭ بەختىگە كېپىللىك قىلىش ئۈچۈن، مارات ئۆزىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدە، قايسى ۋاقىتتا ھەركۈندە 50 مىڭ ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئېلىش، قايسى ۋاقىتتا ھەر كۈندە 270 مىڭ ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئېلىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسا، ھۆكۈمەتسىزلەر بۇرژۇئازىيە سىنىپىنى يوقىتىش ئارقىلىق ئىنسانلارغا بەخت ۋە ئەمىنلىك ئېلىپ كەلمەكچى بولۇشقان. ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «بۇرژۇئازىيە سىنىپى ئىنسانىيەتنىڭ بەخت يولىدىكى توسالغۇ، شۇ سەۋەبلىك ئۇلارنى چوقۇم يوقىتىش كېرەك.»

1793 - يىلىدىكى تېرروررچىلار ھەممىشە: «ئاقسۆڭەكلەر سىنىپى ئىچىدە بىرمۇ پاك ئادەم يوق» دېيىشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن بولسا، ھازىرقى ھۆكۈمەتسىزلەر «كاپىتالىستلار ئارىسىدا بىرمۇ پاك ئادەم يوق» دېيىشىدۇ. ھۆكۈمەتسىز ئۇنسۇر ئېمىلې. ھېنري (Emile Henry) نىڭ سەيياره سوتتا ئوقۇغان بىر پارچە باياناتىدا مۇنداق سۆزلەر بار: «خېلى بىر مەزگىللەرگىچە لېۋىگە ئارتىلغان جىنايەت قەلبىمنى چىرماپ يۈردى. بىگۇناھ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى قانداق بولىدۇ؟ بىراق، بۇ مەسىلە مېنى ئانچە ئۇزۇن قىيناپ كېتەلمىدى، كاموكېس شىركىتىنىڭ ئىشخانىسى تورۇشلۇق ھېلىقى بىنادا پۈتۈنلەي بۇرژۇئازلار ئولتۇرىدۇ. شۇڭا، بىگۇناھ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى دېگەنلەر مۇتلەق مەۋجۇت ئەمەس.»

ھۆكۈمەتسىز نەزەرىيىچىلەرنىڭ سىياسىي تاكتىكىلىرى ياكوبىنچىلارنىڭكىگە پۈتۈنلەي ئوخشايدۇ. بىراق، بۇ ئىككى

مەزھەپنىڭ مال ـ دۇنيا ۋە ھۆكۈمەت قارىشىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. ھۆكۈمەتسىزلەر بۇ تۈزۈملەرنى بۇزۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ، بىراق ياكوبىنچىلار بولسا بۇ تۈزۈملەرنى كۈچىنىڭ بارىچە قوغدىشىدۇ. ئەلۋەتتە، 1793 ـ يىلى، بايلارغا بولغان ئۆچمەنلىك ۋە بەختكە ئىنتىلىشلەر ياكوبىنچىلارنىڭ بەزى نەزەرىيىلىرىنى ھۆكۈمەتسىزلەرنىڭكىگە ئوخشىتىپ قويغانىدى. چامېت (Chaumette) مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: بىز ئاقسۆڭەكلەر ۋە كاپېت سۇلالىسىنى* يوقاتتۇق، بىراق يەنە بىر ئالاھىدە ئىمتىيازلىق سىنىپنى ئاغدۇرۇشىمىز كېرەك، ئۇ بولسىمۇ بايلار سىنىپى» . تاللېين (Tallein) مۇتلەق باراۋەرلىكنى تەلەپ قىلغان. ئۇ بايلىق ئىگىلىرىنى «جۇمھۇرىيەتنىڭ بۇلاڭچىلىرى» دەپ ئاتىۋالغان. پروتوندىن ئاۋۋال، برىستو مۇنداق دەپ يازغانىدى: «بايلار دېگەن بۇلاڭچى، ئۇلارنىڭ مال ـ دۇنيالىرى بۇلاپ كەلگەن ھارام مال ـ دۇنيادۇر. »** مارات ۋە سان. جۇست قاتارلىق ئادەملەرنى ھۆكۈمەتسىز ئەمەس دەپ قارىساق بولامدۇ، يوق دېگەن مەسىلىنى ئويلىنىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ. چۈنكى، مارات ئاۋامنى قىرغىنچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق قىلىشقا قۇتراتقان، سان. جۇست بولسا ئاسىيلىق قىلىشنى پىلانلىغۇچىلارنىڭ مال ـ دۇنياسىنى مۇسادىرە قىلىشنى تەلەپ قىلغان. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «بىزنىڭ دۈشمىنىمىز ئاشۇ بايلار ۋە رەزىللىكلەر؛ بىز چوقۇم يېڭى بىر شەھەر بەرپا قىلىشىمىز كېرەك. »

---

* كاپېت سۇلالىسى فرانسىيىدىكى فېئودال پادشاھلىق (987 ـ 1328) . — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

** قەدىمكى ئافىنا خەلقىنىڭ داھىيسىمۇ مال ـ دۇنيا دېگەن بۇلاپ كېلىنگەن ھارام نەرسىدۇر دەپ تەكىتلىگەن. — ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

بايلارغا بولغان ئۆچمەنلىك، ھەربىي سەپكە قاتنىششىنى كەمسىتىش، مۇتلەق باراۋەرلىككە بولغان تەشنالىق، ماددىي تەلەپلەرگە بولغان ئىنتىلىش، «مەقسەت ۋاستىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ، جەمئىيەتنىڭ ئورتاق بەختى ئۈچۈن ھوقۇقدارلارنى، ئاقسۆڭەكلەرنى ئۆلتۈرسەڭ بولىدۇ» دېگەن ئېتىقاد — ھۆكۈمەتسىزلەرنىڭ ئىنقىلابىي قىزغىنلىق ۋە بىمەنە قاراشلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بۇ نەرسىلەرنى بابېف* (Babeuf) نىڭ نەزەرىيىلىرىدىن ئىزدەپ تاپقىلى بولىدۇ. بابېف فرانسىيە بىرىنچى جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە «ئۇرۇش ئارقىلىق جەمئىيەتنى ئوپېراتسىيە قىلىش كېرەك» دەپ جاكارلىغان. بەزى ئىدىيىسى تار ئەگەشكۈچىلەر بابېفنىڭ «باراۋەر جەمئىيەت»** دېگەن ئاتالغۇسىنى قوبۇل قىلغان. بۇگۈنكى كرۇپاتكىنغا ئوخشاش، ئۇلارنىڭ نىشانى بىر باراۋەر جۇمھۇرىيەت بەرپا قىلىش ئىدى. سىلۋې. مارشال ئۇلارنىڭ كەسپكە بولغان سادىقلىقىنى ئۇرغۇتقان، مارشال ئۆزىنىڭ «ئاتېئىزملىق لۇغىتى» دە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «... ھەقىقىي باراۋەرلىككە ئېرىشىش ئۈچۈن بىز ئۆلۈشكە رازىمىز، ... ھەقىقىي باراۋەرلىككە ئېرىشىش ئۈچۈن، بىز ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن يانمايمىز. بىزنىڭ باراۋەر جەمئىيەت بەرپا قىلىش يولىمىزنى توسقۇچىلار شەكسىز بالايى ـ قازاغا دۇچار بولغۇسى! ... كىشىلەر تېزلىكتە پادىشاھ ۋە پوپلارنى يوقاتماقتا. ئۇلار يەنە ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن يېڭى مۇستەبىتكە، يېڭى ساختىپەزگە تاقابىل تۇرىدۇ، ... بىزنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنىمىز يالغۇز كىشىلىك

* بابېف (1760 ـ 1797) فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى سىياسىي ئىغۋاگەرچى، خىيالىي سوتسىيالىزمچى. — ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

** بابېف ئۆز خىزمەتداشلىرىغا خەت يازغاندا ئۇلارنى «سۆيۈملۈك باراۋەر يولداش» دەپ ئاتىغان. — ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

ھوقۇقتىكى باراۋەرلىك ئەمەس،... بىز كىشى بىلەن كىشى ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىكنى تەلەپ قىلىمىز،... ئائىلىدىكى باراۋەرلىكنى تەلەپ قىلىمىز... بىزنىڭ مۇقەددەس ئىشلىرىمىزنىڭ بىردىنبىر مەقسىتى — دۆلەت ئىچىدىكى نىزا ۋە ئاۋامنىڭ ئىچىنىشلىق تۇرمۇشىنى ئاخىرلاشتۇرۇش... ئادالەتنى تەلەپ قىلغۇچىلارنى ئادالەتكە ئېرىشتۇرۇش، جەمئىيەتتىكى بايلىقلارنى باراۋەر تەقسىملەش. بىر باراۋەر جۇمھۇرىيەت قۇرۇشنىڭ پەيتى ئاللىقاچان يېتىپ كەلدى... تۆلەم تەلەپ قىلىدىغان كۈنلەر ئاللىقاچان يېتىپ كەلدى.... كەمبەغەللەر بىلەن بايلارنى، ئېسىلزادىلەر بىلەن پەسلەرنى، خوجايىن بىلەن چاكارنى، ھۆكۈمران بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىنى ئايرىيدىغان كىشىنى يىرگىنىدۇرىدىغان دەۋر ئەمدى كەلمەسكە كەتتى. كەلگۈسى جەمئىيەتتە ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق پەقەت ياش ۋە جىنسىي جەھەتتىلا مەۋجۇت بولىدۇ. چۈنكى، بارلىق ئادەملەردە ئوخشاش تەبىئىي تالانت ۋە ئوخشاش تەلەپ بولىدۇ، شۇڭا ئۇلار ئوخشاش تەربىيە ۋە ئوخشاش ھەققە ئېرىششى كېرەك.»

ھازىرقى ھۆكۈمەتسىزلەرگە ئوخشاش بابېف ئەسكەرلەرنى ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ساداقەتمەنلىكتىن مەھرۇم قالدۇرۇشقا كۈچەپ تىرىشقان. «سىلەر قىلچە ئەھمىيەتسىز بولغان ئاپەت خاراكتېرلىك توقۇنۇشلاردا قان ئاققۇزۇپ قۇربانلىق بېرىۋاتىسىلەر، — دېگەن بابېف ئەسكەرلەرگە، — لېكىن ئۇلار سىلەرنىڭ ئاتا ـ ئاناڭلارنى، خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرىڭلارنى ئاچلىقتىن ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ؛ كىشىلەر يوقسۇللۇقتىن يىقىلىۋاتىدۇ، قاتتىق ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە ياشاۋاتىدۇ... باشقىلار سىلەرنى خۇددى ئاپتوماتىك ئويۇنچۇقلارنى ئوينىغانغا ئوخشاش خالىغانچە ئويناۋاتىدۇ؛ سىلەر خۇددى مال ـ ئۇلاغلارغا ئوخشايسىلەر، ئىگەڭلەر ساتقۇسى كەلسە ساتىدۇ، قۇربانلىق قىلغۇسى كەلسە قۇربانلىق قىلىدۇ.»

بابېف ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ھۆكۈمران سىنىپنى

يوقىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆز تەلىماتلىرىنى كېڭەيتىش ئۈمىدىدە بولۇشقان. ئۇلار «بارلىق خەلق ئىشلىرى ۋە ھەربىي ئىشلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىنى، بارلىق ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە يەرلىك ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرۈش... بارلىق ئۆكتىچى پارتىيىلەر قورال كۈچى بىلەن بۇنى دەرھال ئىجرا قىلىش، قارشىلىق قىلغۇچىلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىش» قارارىغا كەلگەن. ئىسيان كۆتۈرۈشتىن مەقسەت: ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ۋە ئاممىۋى پاراۋانلىق ئىدى.

سوراق جەريانىدا بابېف ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى سوتچىغا تەھدىت سالغان، ئۇلار ئىنتايىن يولسىزلىق ۋە ھاكاۋۇرلۇق بىلەن سوتچىغا تۆھمەت قىلىپ ئۇنى ھاقارەتلىگەن. بابېف ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغاندا، ئۆزىنى خىرىستوس ئىيسا بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىنى مۇقەددەس ئىشلار ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىش دەپ ئاتىغان، ئۇنىڭ قارىشىچە ھەققانىي ۋە ھېسداشلىق تۇيغۇسىغا باي كىشىلەر «بۇ كىشى يۈكسەك پەزىلەتلىك ئىدى» دەپ تەرىپىنى قىلارمىش. گەرچە ئۇنى پاش قىلىش ماتېرىياللىرى ئاللىقاچان تەييار بولۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھۆكۈمەتكە يازغان خېتىدە تەكەببۇرلۇق پۇراپ تۇرىدۇ. ئۇ ھۆكۈمەت بىلەن مۇرەسسەلىشىپ، ئۆزئارا باراۋەر مۇئامىلە قىلىشىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇ مۇنداق دېگەن: «مەن ئېسىلىدىغان دار بارنېۋېلد (Barneweld) ۋە سىدنېيلارنىڭكىگە ئوخشاش بولۇپ ئىنتايىن ھەشەمەتلىك بېزىلىدۇ. مەن دارغا ئېسىلىدىغان كۈنى نەزىر سۈپىتى مۇشۇ يەردە تىكلىنىدۇ.»

بابېف ۋە ئۇنىڭ باشقا ھۆكۈمەتسىز ھەمراھلىرىنىڭ ئەسەبىي قاراشلىرى، مابلي (Mably) ۋە دىدېرولارنىڭ ئەسەرلىرىدىن، بولۇپمۇ روسسۇنىڭ «باراۋەرسىزلىك ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىدىن كەلگەن. جېرمان بۇلارنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ، ئۇ مۇنداق دەپ ئېتىراپ قىلغان: «مەندىكى ئىنسانىيەتنى ئەزگۈچىلەرگە قارشى تۇرىدىغان كۈچ ۋە جاسارەت مابلي، روسسۇ ۋە دىدېرولارنىڭ

ئەسەرلىرىدىن كەلگەن.» ئەمەلىيەتتە، مابلي ئۆزىنىڭ «قانۇن تۇرغۇزۇش ھەققىدە» ناملىق كىتابىدا، ھەربىر گراژدانغا ئاتا قىلىنغان مال - دۇنيا ۋە مەرتىۋە باراۋەر بولىدۇ، دېگەنلەرنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنغان. ئۇ كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ مال - دۇنياسىغا ئىگە بولۇشنىڭ ئەڭ ئەقەللىي ساۋات ئىكەنلىكىنى، قەيەردە باراۋەرلىك بولمايدىكەن، شۇ يەردە ئەزگۈچى ۋە ئېزىلگۈچىلەرنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرغان. بۇ نەزەرىيە دەل ھازىرقى ھۆكۈمەتسىزلەرنىڭ نۇقتىئىنەزىرىدۇر. ئۇلارنىڭ نىشانى ئەخلاق ۋە سىياسىيدىكى باراۋەرلىك بولماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي باراۋەرلىك، پاراۋانلىق ۋە ماددىي ئېھتىياج جەھەتلەردىكى باراۋەرلىكتۇر. ئېلىسې. رېكلۇس (Elisee . Reclus) مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بىز ھەربىر كىشىنى ئۇنىڭ ئېھتىياج ۋە تەلەپلىرىنىڭ پۈتۈنلەي قانائەتلەندۈرۈلىدىغانلىقىغا ئىشەندۇرۇشىمىز كېرەك.»

نۆۋەتتىكى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار باراۋەرسىزلىك ھادىسىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا سۈكۈت قىلغاچقا، بەزىلەر ھەددىدىن ئارتۇق باي، يەنە بەزىلەر بىر تىيىنى يوق كەمبەغەل، شۇڭا بىز بۇ خىل ھادىسىنى يوقىتىپ ئورنىغا يېڭىچە تەرتىپتىكى دۇنيا بەرپا قىلىشىمىز، ئۇ ھەربىر كىشىنى بەختتىن تەڭ بەھرىمەن قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىشى زۆرۈر. ھۆكۈمەتسىزلەر ھەتتا كاپىتالىستلارنىڭ يېمەك - ئىچمىكى قاتارلىق نەرسىلەرنىمۇ تەڭ بەھرىمەن بولىدىغان نەرسىلەر قاتارىغا كىرگۈزگەن.* ئۇلار

* لېئوتېر جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىن ئاۋۋال، بىر ئىنتايىن داغلىق رېستورانغا بېرىپ بىر شىرەلىك ئىنتايىن مول چۈشلۈك تاماق بۇيرۇتقان ھەمدە شامپان ئىچكەن. بىراق، قورساقنى راسا تويغۇزۇپ بولۇپ پۇل تۆلىمىگەن. كۈتكۈچىلەر: «تۆلىگۈدەك پۇلىڭىز بولمىسا شامپان ئىچمەڭ» دېگەندە، «ئەنە، بايلارمۇ داۋاملىق ئىچىۋاتامدۇ» دەپ رەددىيە بەرگەن. يېقىندا، ئېكس سەييارە سوتىدا، بىز يەنە بىر ھۆكۈمەتسىز ئۇنسۇرنى سوت قىلدۇق. ئۇ بىر ۋاخلىق كەچلىك تاماق بۇيرۇتقان بولۇپ شامپانمۇ بار ئىكەن، تەخمىنەن ئالتە شىللىڭ بوپتۇ، «پۇلۇڭ يوق تۇرۇقلۇق يەنە نېمىشقا شامپان ئىچىسەن؟» دەپ سورىغاندا، «مېنىڭ شامپان ئىچىشىم ئاشۇ جىق ئىچكۈچىلەرنى ئازراق ئىچۈرۈش ئۈچۈندۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن. — ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

كاپىتالىستلارنىڭ پۇل خەجلەۋاتقىنىنى كۆرگەندە «ئۇلار ئوغرىلاپ كەلگەن پۇللارنى خەجلەۋاتىدۇ» دېيىشىدۇ.

كروپاتكىن ئۆزىنى «هۆكۈمەتسىزلىكنىڭ پىر ئۇستازى دەپ ئاتىۋالغان» دېگەن. پرودون بىزنىڭ بۇ دەۋرىمىزدىكى بابېفنىڭ ۋارىسىدۇر. ئۇمۇ ئوخشاشلا ئىجتىمائىي مەرتىۋە ۋە بايلىق جەھەتتىكى باراۋەرلىكنى تەلەپ قىلغان. خۇددى ئۇ ئۆزى ئېيتقاندەك، ئۇنىڭ باراۋەرلىككە بولغان قىزغىنلىقى مەجنۇنلۇق دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەنىدى، «بۇ بايلىق ئىگىلىرى بىزنىڭ قان ـ تەرىمىزگە تايىنىپ باي بولغان. . . قىزغىنلىق بىزنى ئىدارە قىلىپ تۇرماقتا، بىراق سىلەر بىزنىڭ باراۋەرلىككە تەلپۈنۈشكە بولغان قىزغىنلىقىمىزنى چۈشەنمەيسىلەر. بىزنىڭ باراۋەرلىككە بولغان مەپتۇن ـ مەجنۇنلۇقىمىز هاياتلىققا بولغان قىزغىنلىقتىنمۇ كۈچلۈك ۋە قۇدرەتلىك، مۇھەببەتتىنمۇ تەسىرلىك.» پرودون ئىنقىلابىي سوتسىيالىزم ۋە هۆكۈمەتسىزلەرگە «بايلىق بۇلاپ كېلىنگەن» ۋە «كاتولىك دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى بىزنىڭ دۈشمىنىمىز» دېگەن ئىككى شوئارنى سوۋغا قىلغان. دىنىي تۈزۈمنىڭ خاتا ئىكەنلىكى ھەقىقەت بولۇپ قالغاندىن كېيىن پرودون «هۆكۈمەتسىز هالەت» نى، يەنى دىن ۋە ھەققانىيەتنىڭ سوتىنى بىكار قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. «بىز ئاۋۋال مەڭگۈلۈك تەڭرىنى ئەرشكە يولغا سېلىپ قويۇشىمىز كېرەك، — دەپ جار سالغان ئۇ، — ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا پەيدا بولۇپ قېلىشى پۈتۈنلەي بىر يىپقا، يەنى كىچىككىنە سومكىدىكى (ئىنجىلغا) باغلانغان، بۇ يىپ ئۈزۈلۈپ تاشلانسا، سىز ئىنقىلابنى تەڭرىنىڭ ئورنىغا قانداق ئالماشتۇرۇشنى بىلىپ قالىسىز. . . ئىنقىلاب بىلەن تەڭرى بىر ـ بىرى بىلەن سىغىشالمايدۇ. . . تەڭرى بىزنىڭ دۈشمىنىمىز.»

مەن هازىرقى هۆكۈمەتسىزلەرنىڭ يەنىلا داۋاملىق مابلىنىنىڭ

ئەسەرلىرىنى ئوقۇۋاتقان ـ ئوقۇمايۋاتقانلىقىنى بىلمەيمەن. بىراق، بىر قېتىم بوچېسدۇ. خون (Bouchesdu — rhone) سەييارە سوتىدا، مەن ئوغرىلىق جىنايىتىنى ئۆتكۈزگەن بىر كىشىنى سوتلىدىم، ئۇنىڭ دېيىشىچە ئۇ دائىم روسسونىڭ باراۋەرسىزلىك ھەققىدىكى ماقالىسىنى ئوقۇيدىكەن. ئەمەلىيەتتىمۇ، بۇ ماقالە ھۆكۈمەتسىزلەرنىڭ باش پروگراممىسى ئىدى.

ھۆكۈمەتسىزلەر جەمئىيەتتە باراۋەرلىك بەرپا قىلىش مەقسىتىدە، خۇسۇسىي مال ـ مۈلۈكنى يوقىتىشنى، كاپىتالىستلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىشنى، ھەرخىل شەكىلدىكى مۆھۆر خەت كېلىشىمى ياكى مالىيە ھۆججەتلىرىنى كۆيدۈرۈشنى، خۇسۇسىي مال ـ مۈلۈك ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان بارلىق قانۇن ماددىلىرىنى كۆيدۈرۈشنى تەلەپ قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، مال ـ مۈلۈك تۈزۈمى خۇددى قۇللۇق تۈزۈم ياكى يانچىلىق تۈزۈمىگە ئوخشاش بىر تۈرلۈك نەپرەتلىك تۈزۈم ئىكەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، خۇسۇسلارنىڭ مال ـ مۈلۈككە ئىگە بولۇشىنى چەكلەپ ئۇنى ئومۇم جەمئىيەت ئىگىدارچىلىقىغا تاپشۇرۇش ئىجتىمائىي پەرقنى يوقىتىشنىڭ بىردىنبىر چارىسى ئىكەن. كىرۇپاتكىن ئەمگەكچى ئاممىغا شۇنداق دېگەن: «بايلارنىڭ بايلىقىنى بۇلاڭلار، ئۇلارنىڭ قەسىرلىرى ۋە خۇسۇسىي تۇرالغۇلىرىدا ئولتۇرۇڭلار، ئۆزۈڭلارنىڭ ئەسلىدىكى كەپە ـ ئۆيۈڭلارنىڭ خىشلىرىنى ۋە قۇرتلاپ كەتكەن ياغاچلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلاڭلار. خۇسۇسىي مۈلۈك بۇلاپ كېلىنگەن بايلىق ئارقىلىق توپلانغان؛ . . . بارلىق مەھسۇلاتلار — توپلانغان ئىجتىمائىي بايلىق ۋە قوشۇمچە ھوقۇق ـ مەنپەئەتلەرنىڭ ھەممىسى كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق ئەمگىكىنىڭ نەتىجىسى، ئۇنىڭ پەقەت بىرلا خوجايىنى بار، ئۇ بولسىمۇ ئىنسانىيەت.»

ھۆكۈمەتسىزلەر بارلىق خۇسۇسىي مال ـ مۈلۈكلەرنى يوقاتقاندا، بارلىق جىنايى ھەرىكەتلەر ئاساسەن دېگۈدەك يوقايدۇ، دېيىشمەكتە. «بىز دەۋاتقان ئاتالمىش ‹جىنايەت› —— يەنى باشقىلارغا زوراۋانلىق قىلىش —— بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، ئۈچتىن ئىككى قىسىم، ھەتتا تۆتتىن ئۈچ قىسىم ‹جىنايەت› نى باشقىلارنىڭ بايلىقىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش ئىستىكى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، خۇسۇسىي مال ـ مۈلۈكلەرنىڭ يوقالغان كۈنى، ‹جىنايەت› سۆزىنىڭ كۈچىدىن قالغان كۈنىدۇر.» بۇ كروپاتكىندىن ئاۋۋال دىدېرونىڭ بىر چوڭ بايقىشى بولۇپ ھېسابلىناتتى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ قارىشىمچە، ئەگەر خۇسۇسىي مال ـ مۈلۈك مەۋجۇت بولمىسا، ئۇنداقتا جەمئىيەتتە رىقابەت بولمايدۇ، رىقابەتتىن پەيدا بولغان بارلىق زىيانلىق ئاقىۋەتلەرمۇ ئىز ـ دېرەكسىز يوقايدۇ.» باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئوغرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى مال ـ مۈلۈك ئىگىلىرىنىڭ بولغانلىقىدا، مال ـ مۈلۈك ئىگىدارچىلىقى بىكار قىلىنسا، بۇلاڭ ـ تالاڭلارمۇ يوقايدۇ. مۇشۇنداق يەكۈن كەلتۈرۈپ چىقىرىۋېرىشكە بولىدۇ، بىز شۇنداق دېيەلەيمىزكى، زىناخورلۇقنىڭ يۈز بېرىشى پەقەت نىكاھنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىدىنلا، شۇڭا زىناخورلۇقنى يوقىتىش ئۈچۈن چوقۇم نىكاھنى بىكار قىلىش كېرەك. ھۆكۈمەتسىزلەرگە ئوخشاش دىدېرو جەمئىيەتنىڭ مال ـ مۈلۈكنى ئىدارە قىلىشى ئارقىلىق ئىجتىمائىي باراۋەرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. بابېف ئۇنى «بىزنىڭ يولباشچىمىز، بىزنىڭ دىدېرو» دەپ ئاتىغان.

ھۆكۈمەتسىزلەرنىڭ كۆزقارىشى بويىچە ئېيتقاندا، بايلارنىڭ مال ـ مۈلكى بۇلاڭ ـ تالاڭ ئارقىلىق قولغا كەلگەن، ئۇنداقتا ئۇلار ئۆز مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن ھالدا مۇنداق بىر يەكۈن چىقىرالايدۇ:

بايلارنى بۇلاش پەقەت تۆلەم تەلەپ قىلغانلىق. مەن ئىلگىرى ئوغرىلىق جىنايىتى سادىر قىلغان بىر ھۆكۈمەتسىزنى سوراق قىلغان، «مەن ئوغرى ئەمەس، بەلكى تۆلەم تەلەپ قىلىش ھەرىكىتىنى قوزغىغۇچى» دېگەن ئۇ ماڭا. بۇ خىل كۆزقاراشتىكىلەر بىزگە يېقىنقى بىرقانچە يىللىق سوراق جەريانىدىلا ئۇچرىغان ئەمەس. 1847 ـ يىلى، سىنا سەييارە سوتىدا، ئون نەپەر جىنايەتچىنى سوراق قىلدۇق، ئۇلار بۇلاش ـ تالاش ۋە ئوت قويۇش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن بايلار سىنىپىنى تۆلەم تۆلەشكە قىستاشنى تەشەببۇس قىلىشىدىكەن. ئۇلار «ماتېرىيالىزمچى كوممۇنىزمچىلار» دەپ ئاتالغان بىر تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرى ئىكەن. ئىنقىلابنىڭ ۋە سوتسىيالىزمچىلارنىڭ گېزىتلىرىنىڭ خاتا يېتەكلىشى سەۋەبلىك، ئۇلاردا خۇسۇسىي مال ـ مۈلۈكنى يوقىتىپ، جەمئىيەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلىش پىلانى شەكىللەنگەن. ئەينى ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئېقىم مەسىلىلىرىگە ئائىت كىتابچىلار ۋە ناخشىلار تېپىلغان، بۇ ھازىرقى ھۆكۈمەتسىزلەرنىڭ يېنىدىن تېپىلغان كىتابچە ۋە ناخشىلارغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

ھۆكۈمەتسىزلەر ماددىي ئېھتىياج جەھەتتىكى مۇتلەق باراۋەرلىكنى تەلەپ قىلىشىدۇ، بۇ ئۇلاردا بايلىق ئىگىلىرى، خوجايىنلار ۋە كاپىتالىستلارغا شۇقەدەر ئۆچمەنلىك قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى دەۋرىدە، بىز باراۋەرلىك پرىنسىپى ئېلىپ كەلگەن مەنزىرىلەرنى كۆردۇق. فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى دەۋرىدە، باراۋەرلىكنىڭ خاتا چۈشىنىلىشى سەۋەبىدىن، بارلىق پەرقلەرگە قارىتا ئۆچمەنلىك ئەۋج ئالغان: بايلىققا بولغان ئۆچمەنلىك، ئاقسۆڭەكلەرگە بولغان ئۆچمەنلىك، مائارىپقا بولغان ئۆچمەنلىك، گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتكە ۋە قائىدە ـ يوسۇنلارغا بولغان

ئۆچمەنلىك ۋەھاكازالار. باراۋەرلىك پرىنسىپى ئەسەبىيلەشكەن. ئىنقىلابىي روھ كىشىلەرنى خەت ـ ئالاقە جەريانىدا قارشى تەرەپنى پەقەت ئىككىنچى شەخس بىرلىك بىلەن ئاتاشقا، ئادەت سۆزلىرىنى ىشلىتىشقا مەجبۇر قىلغان. سوتچى مارىي. ئانتوئانېت (Mary Antoinette) ئۆزىنى ئىككىنچى شەخس بىرلىك بىلەن «ئايال كاپېت» (Capet) دەپ ئاتىغان. ياكوبىنچىلار «ئەپەندى»، «خانىم» قاتارلىق چاقىرىش سۆزلىرىنى ىشلىتىپ، ئورنىغا «گراژدان» دەپ ئاتاشنى دەسسەتكەن. خەلق پارلامېنتى ئاقسۆڭەكلەرنى ئەمەللىرى بىلەن ئاتاشنى مەنئىي قىلىپلا قالماستىن، يەنە تېخى پەرمان چىقىرىپ خىزمەتچىلەردىن ئالاھىدە فورما كىيىشنى تەلەپ قىلغۇچىلارنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلغان (1791 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىكى پەرمان). خەلق پارلامېنتى يەنە پەرمان چىقىرىپ بىر ھەپتە ئىچىدە بارلىق باغچە، گۈللۈك، ۋەخپە يەرلەر، ئۆيلەر ۋە كۆرگەزمىخانىلارنى مۇسادىرە قىلغان (1793 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى پەرمان). كىشىلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى خاتا چۈشىنىشى تۈپەيلى ئۇ ھۆرلۈك، ئىقتىدار، پەزىلەت قاتارلىقلارنىڭ كۈشەندىسىگە ئايلىنىپ قالغاندا، كىشىلەردە بۇنداق بىر تەلەپ پەيدا قىلغان: بارلىق ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن ئېشىپ كەتكەن نەرسىلەر بىر خىل سەۋىيىگە تۆۋەنلىتىلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بارلىق نەرسىلەر كىشىلەرنىڭ ھەسەتخورلۇقىنى قوزغىغان: باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغان ئەقلىي قابىلىيەت، ئەخلاقىي ـ پەزىلەت، بىلىم، ھەتتا فىزىئولوگىيىلىك ئەۋزەللىكلەرمۇ. فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى دەۋرىدە، خىمىيە ئالىمى فوركروي (Fourcroy) خەلق پارلامېنتىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ، ئۇ ئىلىم ـ پەن ئىشلىرىغا زېھنىنى بەك كۆپ سەرپ قىلىۋەتكەچكە ئەيىبلەشكە ئۇچرىغان.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

فوركروي ئىنتايىن قورقۇپ كېتىپ ئۆزىنى مۇنداق دەپ ئاقلىغان: «سىلەر مېنى ئۇنىۋېرسىتېت تەجرىبە بىناسىدا پەقەت ئۇچ قېتىملا كۆردۈڭلار، مېنىڭ ئۇ يەرگە بېرىشىم ئىنقىلابىي نەزەرىيىلەرنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن ئىدى.» بەزى ئېسىل پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ دائىم زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنىڭ سەۋەبى — پەقەت كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ تەرىپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن غەزەپلەنگەنلىكىدە. رىم لەشكەرلىرى سىلسۇس* (Celsus) نى جازالاشنى تەلەپ قىلىپ سۈرەن سېلىشقان. چۈنكى، «ئۇنىڭ ھەققانىي، سەمىمىيلىكى ۋە ئېسىل پەزىلىتى ئۇلارنى غەزەپلەندۈرگەن... شان - شەرەپ ۋە گۈزەل ئەخلاقلارمۇ كىشىلەرنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچرايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا يۈز بەرگەن بۇ ئىشلاردا، ئۇلار تەقلىد قىلالمايدىغان تەنقىد - تەنبىھلەر يوشۇرۇنغانمىش.» ھۆكۈمەتسىزلەر پەرق مەۋجۇت بولمىغان تەلىم - تەربىيىنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلىشىدۇ، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى ئۆگىنىش ھەربىر كىشىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى، ھەربىر كىشى ئوخشاش بېقىلىشى ۋە ئوخشاش تەربىيىگە ئېرىشىشى كېرەك.

تېررورلۇق دەۋرىدە كىشىلەر «ئاقسۆڭەكلىشىپ كەتتى» دېگەن تەنقىدتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قوپال ۋە مۇتتەھەم بولۇپ كېتىدۇ. ياكوبىنچىلار ھەرقانداق بىر بۇلۇڭ - پۇشقاقتىن «ئاقسۆڭەكلەر»نى تاپالايتتى. ئاغىسىز ئىشتانسىزلار دۇكان خوجايىنلىرى ۋە ئادۋوكاتلارنى ئاقسۆڭەك دەپ قارىغان. ئاق، پاكىز كەلگەن قوللار بىر مەزگىل «ئاقسۆڭەك»لىكنىڭ بەلگىسى دەپ

* سېلسۇس، مىلادى بىرىنچى ئەسىردىكى رىم قامۇسىنىڭ تۈزگۈچىسى. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

www.uyghurkitap.com

قارىلىپ، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىشقا يېتىپ ئاشاتتى، «يۇمران، ئاق، پاكىز قوللۇق ئەپەندىم» دېگەن بۇ نام ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلىق بىلەن باراۋەر ئىدى.

كىنەز لامباللىي خانىم (Duchesse de Lamballe) ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن جەسىتى سان - ئانتوئان رايونىدا يالىڭاچ كۆرگەزمە قىلىنغان، ئۇنىڭ ئاق، يۇمران تېرىسى ئۇنى ئۆلتۈرگۈچىلەرنىڭ غەزىپىنى قوزغىغان. — قاراڭلار، — دېگەن ئارىدا بىرسى ئىنتايىن غەزەپلەنگەن ھالدا، — ئۇنىڭ تېرىسى نېمىدېگەن ئاق، سىلەر ئۇنىڭ گۈزەل تېرىسىنى كۆردۈڭلارمۇ؟

فرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ تارىخى بىزگە ئادەم تەبىئىتىنىڭ قورقۇنچلۇق، رەزىل بىر تەرىپىنى ئېچىپ بەردى. ئۇ چاغلاردا ھەسەتخورلۇق ۋە يولسىز تەلەپلەر ئەڭ ئاساسلىق ئىنقىلابىي قىزغىنلىق بولغانىدى. فرانسىيىدىكىگە ئوخشاش، ئەنگلىيىدىمۇ ئىلگىرى «تەڭ تەقسىماتچىلار» بولغانىدى. بۈگۈنكى كۈندە، بۇ تەڭ تەقسىماتچىلار ھۆكۈمەتسىزلەر دەپ ئاتالدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۆپ سانلىقلىرى جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلاملىرىدا ياشايدىغان كىشىلەر، ئۇلار جەمئىيەتتە بىرقەدەر يۇقىرى مەرتىۋىسى بارلارغا ھەسەت قىلىشىدۇ، ئۇلار كاپىتالىستلارنىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىشنى، «كاپىتالىستلارنىڭ ئىمتىيازى» نى تارتىۋېلىشنى تەلەپ قىلىپ، تۆتىنچى دەرىجىلىك غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن ۋاقتىدا، مەلۇم نەزەرىيىنى كۈنلۈك قىلىپ تۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ ئاچ كۆز ماھىيىتىنى نىقابلاشقا ئۇرۇنىدۇ.

ئالدىنقى بىر ئەسىردە، سوتسىيالىزمچىلار ۋە ئاشۇ خەلق داھىيلىرى كىشىلەرنى بايلار سىنىپىغا ئۆچمەنلىك قىلىشقا قۇترىتىپ كەلدى. بۇ خىل ئۆچمەنلىك سەۋەبىدىن بۈگۈنكى كۈندە ھۆكۈمەتسىزلەر بۇقەدەر كۆپ زوراۋانلىقلارنى قىلماقتا. تېخى

1824 - يىلىلا سان. سىمون «سىياسىي كەسپىدىن باشلانغۇچ ساۋات» دېگەن ئەسىرىدە كاپىتالىستلارنى تەنقىد قىلغان بولۇپ، هازىرقى هۆكۈمەتسىزلەر ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تەكرارلاۋاتىدۇ، خالاس. سان. سىمون ئەسىرىدە «ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىنقىلابنى قوللىشى پۈتۈنلەي ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن، ئاۋامدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن» (8 - بەت) دېگەنىدى. 1830 - يىلىدىكى ئىنقىلابتىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، خەلق رەھبەرلىرى ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيىنى قەبىھ ئاقسۆڭەكلەر سىنىپى، ئۇلارنى يوقىتىش خەلقنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى دېيىشتى. لۇئى. فىلىپ (Louis . Philippe) هۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە ئاشۇ يەڭگىلتەك يازغۇچىلارنىڭ بايلىق ئاتا قىلغان خۇشاللىقىنى مۇبالىغىلەشتۈرۈشى، يوقسۇللار ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىنى تەسۋىرلەش نەتىجىسىدە، يوقسۇللارنىڭ بايلارغا بولغان كۈچلۈك ئۆچمەنلىكى قوزغالدى. كۆپلىگەن كىتابلاردا* ئەمگەكچىلەرنى ياللىغۇچىلار قان ئىچەر ئالۋاستى، ئۇلار خەلقنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشقا تايىنىپ ئۆزىنى سەمرىتىدۇ، ئەمگەكچى خەلق بولسا ئېزىشنىڭ قۇربانلىرى، ئۇلار قۇللۇق تۈزۈمدىنمۇ قەبىھرەك بىر جەمئىيەتتە ياشايدۇ» دەپ سۈرەتلىگەن.

كىشىلەرنىڭ ئۆچمەنلىك ۋە ئۆچ ئېلىش ھېسسىياتىنى قوزغىغان بۇ يازغۇچىلار ئارىسىدا بىر ئالاھىدە كىشى بار، ئۇنىڭ ئاجايىپ تالانتى ۋە چوڭقۇر تەسىرى بولغاچقا ئۇنى تىلغا ئالماي تۇرالمايمىز، بۇ يازغۇچى دەل غۇلغۇلا قوزغىغان لامېننى

---

* دى. سالۋانتى P. 322 «seize. Mois, Ou la Revloution etles Revoution naives» . 1793 - يىلى، ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە ئاللىقاچان خەلقنىڭ ئۆچ كۆرۈش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ بولغانىدى. دۇراند ماللان خەلق پارلامېنتىنىڭ ئەزالىرىنى سايلىغاندا، ئاشۇنداق سۆزلەرنى قىلغان. ئاۋنىڭ رايونىدىكى بىر سايلىغۇچى «ئاشۇ گۇناھى چېكىدىن ئاشقان ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيىگە بۇ ھەقىقەتنى بىلدۈرۈش» كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. — ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

دۇر. ئۇ مۇتەئەسسىپلىك بىلەن تىنچلىق، مۇقىملىق ۋە بىرلىك سەپىنى تەرغىب قىلغاندىن كېيىن غەزەپ بىلەن جەمئىيەتنى تىللاشقا، ئاۋامنى پادىشاھ ۋە پوپقا قارشى چىقىشقا، كەمبەغەللەرنى بايلارغا قارشى چىقىشقا،* ئەمگەكچىلەرنى خوجايىنلارغا قارشى چىقىشقا، ھەتتا ئەسكەرلەرنى ئوفىتسېرلىرىغا قارشى چىقىشقا كۈشكۈرتۈشكە باشلىدى. ھۆكۈمەتسىزلەرنىڭ (Lamennais) بارلىق سەپسەتىلىرىنى ئۇنىڭ «پرولېتارىيات مۇرىتى» دېگەن كىتابىدىن تاپقىلى بولىدۇ. «پرولېتارىيات مۇرىتى»نى «ئىسيان كۆتۈرگەن پرولېتارلار» دېيىش تېخىمۇ مۇۋاپىق. بۇ سەپسەتىلەر «مۇتلەق باراۋەرلىكنى قوغلىشىش، ھۆكۈمەتكە ئۆچمەنلىك بىلەن قاراش، بايلار سىنىپىغا ئۆچمەنلىك بىلەن قاراش، زوراۋانلىق قىلىش، ھەربىي ئىنتىزامنى بوشاشتۇرۇش» قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كىتابىنىڭ 8 ـ بابىدا لامېننى خوجايىنلارنىڭ ئەمگەكچىلەرنى شەپقەتسىز ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىۋاتقانلىقىنى جانلىق سۈرەتلەپ بەرگەن. ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «خوجايىنلار ھەممىشە ئەمگەك ۋاقتىنى ئۇزارتىدۇ ۋە ئىش ھەققىنى تۆۋەنلىتىدۇ، ئۇلار ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشىغا مۇتلەق كېرەكلىك بولغان نەرسىلەرنى تارتىۋېلىپ ئىشچىلارنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇلار ئالۋاستى ئىبلىسنىڭ مۇرىتلىرى بولۇپ، قولدارلار سىنىپىدىنمۇ شەپقەتسىز. ئۇلار بۇ دۇنيادىكى دوزاختۇر.» 11 ـ بابتا، ئۇ ئادەمنى ھەسەل ھەرىسىگە ئوخشىتىپ، ئۇلارنىڭ ئېرىشكىنى ئاشۇ ھاياتلىققا كېرەكلىك بولغان ھەسەل دەيدۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە، مەيلى كىم بولسۇن، ئەگەر ئۇ ھاياتلىق ئېھتىياجىدىن ئارتۇق نەرسىگە ئىگە بولۇۋالسا،

* لامېننى «بايلارنىڭ جەننىتى يوقسۇللارنىڭ دوزىخىدىن ياسىلىدۇ» دېگەنىكەن. — ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

ئۇ كىشى ئادالەتسىز كىشىدۇر. بۇ خىل نەزەرىيە دەل سوتسىيالىزم ۋە ھۆكۈمەتسىزلىكنىڭ «ئېھتىياجغا قاراپ تەقسىم قىلىش» پرىنسىپىدۇر. 12 ـ بابتا ئۇ يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: ئاللا ئىنسانلارنى ياراتقاندا ئېسىل ۋە پەس، خوجايىن ۋە چاكار، يوقسۇل ۋە باي، پادىشاھ ۋە پۇقرا دەپ ئايرىپ ياراتقان ئەمەس، «ھەممە ئادەم تۇغۇلۇشىدىنلا باراۋەر» دەپ يازىدۇ. بۇ يەردە بىز يەنە بىر قېتىم لامېننى ۋە بابېفنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىنىڭ ئوخشاشلىقىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز. بابېف ئۆزىنىڭ خىتابنامىسىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «يەتتىنچى ماددا — بىر نورمال جەمئىيەتتە باي، كەمبەغەللىك پەرقى بولماسلىقى كېرەك. سەككىزىنچى ماددا — يوقسۇللار ئۇچۇن ئۆزىنىڭ ئارتۇق بايلىقىنىڭ مېھرىدىن كېچىشنى خالىمىغان بايلار خەلقنىڭ دۈشمىنىدۇر. ئونىنچى باب — ئىنقىلابنىڭ نىشانى باراۋەرسىزلىكنى يوقىتىش ۋە ئىنسانىيەت بەختىنى قايتىدىن قۇرۇش.»* 19 ـ باب ۋە 37 ـ بابتا، بۇ مۇرىت يەنە مۇتلەق ئەركىنلىك قارىشىغا قايتىپ كېلىدۇ ھەمدە ھېچكىممۇ ھۆكۈمران بولمىغان ۋاقىتتا، ئەركىنلىك ئاندىن مەۋجۇت بولىدۇ دەپ تەكىتلەيدۇ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەقەت بىرلا ئىلاھ بار، ئۇ بولسىمۇ تەڭرى، سىنىڭ پەقەت بىرلا ئىگەڭ بار، ئۇ بولسىمۇ خرىستوس، بارلىق ئادەم تۇغۇلۇشىدىن باراۋەر، ھېچكىممۇ

* فېسچىنىڭ شېرىكى بارېئومۇ: تەڭرى ئىنسانلارنى پادىشاھ ۋە پۇقرا، خوجايىن ۋە مالاي قىلىپ ئايرىپ ياراتمىغان، «ئەگەر خۇدا ئىنسانلارنى قۇل قىلىپ قويماقچى بولسا، ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ دۈمبىسىنى ئىگەر شەكىللىك ياكى دۈمچەك قىلىپ قويىدۇ» دېگەنىدى. بارېئو تۈرمىدىكى پوپقا ئۆز كۆزقارىشىنى شەرھلىگەندىن كېيىن پوپ ئۇنىڭغا ۋولتارنىڭ تۆۋەندىكى سۆزى بىلەن جاۋاب قايتۇرغان: «ئەگەر سىز قانۇنغا ياكى ھۆكۈمەتكە كۈچلۈك قارشىلىق بىلدۈرسىڭىز، بىكار تەلەپلەر سىزنىڭ ئەتراپىڭىزدا چۆرگىلەشكە باشلايدۇ. سىز ئۇلارغا سۈرلۈك تەكەببۇرانە قىياپەتتە مۇئامىلە قىلسىڭىز، زېرەك كىشىلەر ئۇلارغا ئىگەر ۋە ئارغامچا باغلاپ، ئۇلارنىڭ دۈمبىسىگە مىنىپ تۇرۇپ، پادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ.» بارېئو بىر پەس جىمىپ كەتكەندىن كېيىن «بەلكىم دېگەنلىرىڭىز توغرا بولۇشى مۇمكىن» دېگەن. (M. بۇئېخرىنگېر «قانتىق باستۇرۇش توغرىسىدا دوكلات») . — ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تۇغۇلۇشىدىن ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى بىلەن تۇغۇلمايدۇ.» (19 - باب) ۋە لامېننىغا ئوخشاش ئېلىسې. رېكلۇس (Elisee. Reclus) «ئىنجىل» نىڭ ئوخشاش بىر بۆلىكىدە، ئوخشاش بىر ئىدىيىنى ئىپادىلىگەن: «ئۆزىڭىزنى قۇتقۇزماقچى بولسىڭىز، يېڭىدىن خوجايىن تاللىماڭ، بىز ھۆكۈمەتسىزلەر خرىستىئان دىنىنىڭ دۈشمىنى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن پۈتكۈل جەمئىيەتنى ئەسكەرتىپ قويۇش مەسئۇلىيىتىمىز بار، ئىلاھقا ئايلانغان خرىستوس: 〈ھېچقانداق ئادەمگە خوجايىن بولما! 〉 دەپ جېكىلىگەنىدى. ھەممىمىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز خوجايىن بولايلى.» ھۆكۈمەتسىزلەرنىڭ خوجايىنى، پادىشاھى، سايلاپ چىقىلغان خەلق ۋەكىلىمۇ بولمايدۇ. تاكى ھازىرغا قەدەر ئۇلار ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيىنىڭ ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇشىدىكى بىردىنبىر مەقسىتى ئاشۇ بوش قالغان ئورۇننى ئىگىلەش دېيىشمەكتە. ھازىر بىزنىڭ مەقسىتىمىز، بارلىق ھاكىمىيەتنى، بارلىق ھوقۇق - ئىمتىيازنى بىكار قىلىپ، ئىنسانلارغا ھۆرلۈك ئاتا قىلىش. يېڭى ئىنقىلاب شوئارى مۇنداق بولۇشى كېرەك: «قانۇن بولماسلىقى كېرەك! جىنايى ئىشلار قانۇنى بولماسلىقى كېرەك! ھەربىي گازارما بولماسلىقى كېرەك! تۈرمە بولماسلىقى كېرەك! سوتچى بولماسلىقى كېرەك! ساقچى بولماسلىقى كېرەك!»

ئىلگىرىكى بىر مەزگىللەردە ئارمىيىگە خېلى كۆپ كىتابلار ئېقىپ كىرگەن. بۇ كىتابلاردا ھۆكۈمەتسىزلەر ئەسكەرلەرنى بويسۇنماسلىققا، يېڭى ئەسكەرلەرنى ئەسكەر بولماسلىققا دەۋەت قىلغان. بىرنەچچە يىل ئاۋۋال، مەن بوچېس. دۇ. خونې (Bouches — du — Rhone) سەييارە سوتىغا بېرىپ، سېباستىيېن. فۇرې (Sebastien . Faure) دېگەن كىشىنى سوت

قىلدىم، ئۇ ئەسكەرلەرنى ئىنتىزامغا بويسۇنماسلىقتا كۈشكۈرتكەن دەپ ئەيىبلەنگەنىكەن. ئۇنىڭ سۆزلىرى لامېننىنىڭ «پرولېتارىيات مۇرىتى» دېگەن كىتابىنىڭ 35 ـ بابىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆزقاراشلارغا ئوخشايتتى. ئۇ بابتا، لامېننى ئەسكەرلەرنى ئوفىتسېرلىرىغا قارشى چىقىشقا كۈشكۈرتكەن بولۇپ، ئەسكەر بولۇشنى «بىر خىل ئىنتايىن ۋەھشىيانە كەشپىيات» دەپ ئاتىغان. «بۇ شەپقەتسىز ئەزگۈچىلەر، — دېگەن لامېننى، — قوشۇندا ئەسكەر بولۇشنى كەشىپ قىلىشتىن بىردىنبىر مەقسىتى، كىشىلەرنى قۇللۇقتا قالدۇرۇش، شەيتان ئىبلىس بۇ ئەزگۈچىلەرگە ئىنتايىن قارانىيەت بىر ھىيلە ـ نەيرەڭنى ئاتا قىلغان بولۇپ، ئۇلارغا 〈بويسۇنۇش شەرەپلىك، دىيانەت ۋە ساداقەتمەنلىك گۈزەل ئەخلاق〉 دېيىشنى ئۆگەتكەنىدى. 〈مەن ئۇلارغا بۇنى بىر خىل شەرەپلىك ھەرىكەت دەڭلار دەپ نەسىھەت قىلدىم. . . مەن ئىككى ھەسسە ئەخمىقانىلىق بىلەن ياساپ چىققان نەرسىنى ئۇلار دىيانەت ۋە ساداقەتمەنلىك دەپ ئاتاشتى〉 دېگەن. شەيتان ئىبلىس، — يەنە تېخى 〈شەرتسىز بويسۇنۇش دېگەن قانۇنۇم بار. ئۇلار مۇشۇ ئەخمىقانە نەرسىلەرگە چوقۇنۇشىدۇ!〉 ئەگەر دىيانەت، ساداقەتمەنلىك ۋە ئىتائەتمەنلىكلەر ئەخمىقانىلىق بولغان بولسا، ئۇنداقتا، بۇنىڭدىن ئىنتايىن ئوڭايلا يەكۈن چىقارغىلى بولىدۇ: ئىنسانلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن بۇ ئەخمىقانە نەرسىلەرنى چوقۇم پاچاقلاپ تاشلاش كېرەك.»

ھېچكىممۇ زوراۋانلىق ۋە جىنايەتلەرنى لامېننىنىڭ بۇ ماقالىلىرىدەك تەنقىد قىلالمايدۇ. «جىنايەت سادىر بولۇۋاتقان ۋاقىتتا، — دەپ يازىدۇ ئۇ، — ئەڭ مۇقەددەس ئىشلارمۇ رەزىل، قارغاشقا تېگىشلىك ئىشلارغا ئايلىنىپ قالىدۇ.» ھالبۇكى، شۇنىڭ ئارقىسىدىكىلا بىرقانچە بەتتە يۇقىرىقى مەزمۇنغا تۈپتىن

قارىمۇقارشى بولغان مەزمۇنلارنى كۆرىسىز، بىراق بۇ خىل زىددىيەتلىك گەپلەر ئۇنىڭ ئۇچۇن ئەڭ ئادەتتىكى بىر ئىش ئىدى. ئۇ ئاشۇ ئىزىلگۇچىلەرگە شۇنداق دەپ تەكلىپ بەرگەن: «ئەگەر ھاجەت بولسا، زوراۋانلىققا مۇراجىئەت قىلىپ، ئۆزلىرىنى ئىزىۋاتقان مۇستەبىت سىياسىينى پاچاقلاپ تاشلىسا بولىدۇ.» «ئەگەر دەسلىپىدىلا، — دەيدۇ سان. سىمون ئۇلارغا، — غەلىبە سىلەردىن يۈز ئۆرسە، بۇمۇ سىلەر ئۇچۇن بىر سىناق، پۇرسەت ھامان كېلىدۇ. چۈنكى سىلەرنىڭ قېنىڭلار يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەن ئابورنىڭ قېنىدۇر، ئۆلۈمۈڭلار مەسلەك ئۇچۇن قۇربان بەرگۇچىلەرنىڭ ئۆلۈمىدۇر» (12 ـ باب). شۇڭلاشقا، لامېننى يوقسۇللارنى بايلارغا قارشى چىقىشقا، زوراۋانلىق ئارقىلىق ئادالەتنى ۋە بەختنى ئىزدەپ تېپىشقا قۇتراتقان، ئۇلار پەقەت شۇ ئارقىلىقلا تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىگە ئېرىشەلەيمىش ھەمدە باراۋەر ھالدا ماددىي ئېھتىياجىنى قانائەتلەندۈرەلەيمىش. ئۇ پۇقرالارنى ھۆكۈمەتنى كەمسىتىشكە، ئەسكەرلەرنى ئوفىتسېرلىرىغا ئۆچمەنلىك قىلىشقا قايتا ـ قايتا دەۋەت قىلغان، شان ـ شۆھرەت قوغلىشىش ۋە خىزمىتىگە سادىق بولۇش ئەخمىقانىلىق دەپ ئاگاھلاندۇرغان. ئەجەبا بۇلار ھۆكۈمەتسىزلەرنىڭ نەزەرىيىسىنى تەلتۆكۈس شەرھلەپ بېرىشكە يەتمەمدىكەن؟

بىر تالانتلىق يازغۇچى ئۆزىنىڭ ئەسەبىي قىزغىنلىقى ۋە مول تەسەۋۋۇرىنى كونترول قىلالماي قالغاندا، ئاشۇلارنىڭ تۈرتكىسىدە، مانا مۇشۇنداق زوراۋانلىقنى تەرغىب قىلىدىغان ماقالىلەرنى يېزىپ چىقىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئەقلىيلىقى يوقىلىپ، تەپەككۇرى قالايمىقانلىشىدۇ ـ دە، شەيئىلەرنى ئەسلىي ماھىيىتى بويىچە تونۇمايدۇ. لامېننى مەيلى قايسى خىل ئۇسۇل بىلەن مەسىلىنى تەھلىل قىلسۇن، ئۇنىڭ دائىم كۆرىدىغىنى ئاجىزلارنىڭ

ئېزىلىشى، ھەققانىيەتچىل ئادەملەرنىڭ تىلەمچىلىك قىلىدىغان ھالغا چۈشۈپ قېلىشى، لۈكچەك مۆشتۈمزورلارنىڭ غادىيىپ يۈرۈشى ۋە بېيىپ كېتىشى، بىگۇناھ پۇقرالارنىڭ ئادالەتسىز سوتچىنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىشىلا ئىدى. بىر قېتىم ئۇ بىر سوتقا كىرىپ، بىر سەرگەرداننىڭ سوتلىنىش جەريانىنى ئاڭلايدۇ. قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە بىر كىشىنىڭ سەرگەردانلىق جىنايىتىنى بېكىتىش ئۈچۈن ئۈچ شەرت ھازىرلىنىشى كېرەك، يەنى سەرگەرداننىڭ مۇقىم تۇرالغۇسى بولماسلىقى، تۇرمۇش مەنبەسى بولماسلىقى، ھېچقانداق كەسىپ بىلەن شۇغۇللانماسلىقى كېرەك. تۇرالغۇ ئۆيى ۋە تۇرمۇش مەنبەسى بولمىغان، شۇنداقلا ھېچقانداق خىزمىتى بولمىغان كىشىلەر جازاغا ئۇچرىماسلىقى كېرەك. قانۇن ھېچقانداق تۇرمۇش مەنبەسى بولمىغان كىشىلەردىن خىزمەت تېپىشنى تەلەپ قىلىدۇ. تۇرمۇش مەنبەسى ۋە خىزمىتى بولمىغان كىشىلەر جەمئىيەت ئۈچۈن بىر خەۋپ. جەمئىيەتكە قارشى خاتا قاراشلارنىڭ قايمۇقتۇرۇشى سەۋەبلىك، لامېننى سوراق قىلىنىۋاتقان بۇ ئادەمنى يوقسۇزلۇقتىن جازاغا ئۇچراۋاتىدۇ دەپ قارىغان. سوتچىنى ۋە جەمئىيەتنى قارغىغىنىچە، غەزەپ بىلەن سوتتىن ئايرىلغان.* ئۇ ھەتتا باش سوتچىنىڭ سۆزىنىمۇ ئېنىق ئاڭلىمىغان، سەرگەردانلىقنى جىنايەت دېيىشكە بولامدۇ، يوق؟ دېگەننىمۇ بىلمىگەن. ئەگەر ئۇ قايتىپ بېرىپ جىنايى ئىشلار قانۇنىنى تەتقىق قىلىپ باققان بولسا، ھېچ بولمىسا بىر ۋاراقلاپ باققان بولسا، سوتچىنىڭ جازالاۋاتقىنى يوقسۇل بولماستىن،

---

* لامېننى «Amschaspands et Dasvands» ، ئۈچىنچى نەشرى، 232 ـ بەت، يەنە كېلىپ، ئۇ «پرولېتارىيات مۆرتى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەپ يازغان: «بۇ دۇنيادا، بۇنىڭدىنمۇ ئۆتە قارغاشقا لايىق قەبىھ قانۇن بولمىسا كېرەك. ئادەمنىڭ ئەۋلادلىرى، بۇ ئېزىش ماشىنىسى دەل ئاشۇ سىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان قانۇندۇر، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئېزىدىغىنى دەل سىلەر. » (28 ـ بەت) . — ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھۆرۈن، يالقاۋلىشىپ كەتكەن بىر كىشى ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولاتتى.

ئاشۇ كىتابچە، ھېكايە ۋە دراممىلار ئارقىلىق جەمئىيەتكە كۈچلۈك زەربە بېرىۋاتقان، ھۆكۈمەتسىزلەرنى مەنىۋى قورال بىلەن تەمىنلەۋاتقان يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بىنورمال سەزگۈرلۈك ۋە قالايمىقان تەسەۋۋۇرلار كونترول قىلىۋالغان كىشىلەردۇر. ئۇلار ئىنسانلاردىكى ئېچىنىشلىق مەنزىرىلەردىن ئىنتايىن ئازابلىنىپ تەڭرىنى ۋە جەمئىيەتنى تىللاشقا باشلايدۇ. زىيادە سەزگۈرلۈكى بىلەن ئۇلار سوتسىيالىزمچىلار ياكى ئاتېئىزمچىلارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ، ھەتتا ساراڭ بولۇپ كېتىدۇ. ئېرلاندىيىلىكلەرنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىتى سۋىفت (Swift) نى ئىنتايىن غەزەپلەندۈرگەن، «ئىنسانلارنىڭ چىرىكلىكى ۋە قەبىھلىكى ئەجەبا سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى ئېلەشتۇرمەمدۇ؟ ئەجەبا بۇلار سىزنىڭ قانلىرىڭىزنى ئۇرغۇتمامدۇ؟» دېگەن ئۇ بىر دوستىغا، بۇ دوستى ئۇنىڭغا ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىدە جاۋاب بەرگەندە، «سىز بۇنىڭغا قانداقمۇ چىداپ تۇرالايسىز؟» دېگەن غەزەپتىن كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن سۋىفت. مەن سوراق قىلغان بىر ھۆكۈمەتسىز ماڭا، بۇ دۇنيادىكى ئېچىنىشلىق مەنزىرىلەر ۋە ئادالەتسىزلىكلەرگە چىداپ تۇرالماي، رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئېيتقانىدى.

كۈچلۈك سەزگۈرلۈك، قالايمىقان تەسەۋۋۇرلار نۇرغۇنلىغان يازغۇچىلارنى جەمئىيەتكە زوراۋانلىق بىلەن ھۇجۇم قىلىشقا مەجبۇر قىلغان. ئۇلارنىڭ ئەمگەكچىلەرگە بولغان ھېسداشلىقى خوجايىنلارنى ئادالەتسىز، ياۋۇز ۋە مېھىر ـ شەپقەتسىز قىلىپ كۆرسەتكەن. ئۇلار غەزەپلىك تىللار بىلەن ئاۋامنى ئىچكى ئۇرۇش قوزغاشقا قۇتراتقان. مەسىلەن، لۇئىس. برونك خەلقنى قوزغىلىپ

«ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيىنىڭ ياۋۇز ھۆكۈمرانلىقى» دىن ئۈچ ئىلىشقا چاقىرىق قىلغان. 1848 ـ يىلىدىكى ئىيۇن ۋەقەسىدە ئۇنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى بار. چۈنكى ئۇ تۆۋەندىكى سۆزلەرنى قىلغاچقا، بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ئۇ مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەم جەمئىيەت ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ ئۇنىڭدىن ھاياتلىق ھوقۇقى تەلەپ قىلغاندا ياكى ئۆلۈم تەھدىتىگە باش ئېگىپ جەمئىيەتكە ھۇجۇم قىلغاندا، بۇ خىل ھۇجۇم ناھايىتى ئېنىقكى، ئۆزىنى قوغداش مەقسىتىدە قىلىنغان بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇنى ئەيىبلەۋاتقان جەمئىيەت ئۇنىڭ سوتچىسى بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلغۇچىدۇر.» ئوخشاشلا كىرۇپاتكىننىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ بۇ خىل بىنورمال سەزگۈرلۈك ۋە شەپقەتسىزلىكنىڭ ئارىلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز، ئۇنىڭ قەلبىدە ئەمگەكچىلەرگە ۋە دېھقانلارغا ئۇ بىر بۇلاڭچى ياكى قاتىل بولسىمۇ، ھەر ۋاقىت ھېسداشلىق يېغىپ تۇرىدۇ. بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى، كاپىتالىستلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىشنى، كاپىتالىستلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىشنى ئويلىغىنىدا ئۇ خۇشاللىنىپ قىن ـ قىنىغا پاتماي قالغان. «بىردەملىك ھاياجان بىلەن ئۆز قېرىنداشلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىپ قويغۇچىلارغا ئۆز ئاكا ـ ئىنىلىرىمىزغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلايلى» ، دەپ يازىدۇ ئۇ، «. . . ئەڭ كەچۈرگىلى بولمايدىغان جىنايەت بايلار سىنىپىنىڭ بىكارتەلەپلىكتىن قىلىپ قويغان نومۇسسىزلارچە ئىشلىرىدۇر.» ھالبۇكى، كاپىتالىستلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىشتا ئۇ ئەزەلدىن رەھىمدىللىك قىلىپ باققان ئەمەس. «بۇ خىل مۇسادىرە قىلىش چوقۇم كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك، — دەپ يازىدۇ ئۇ، — ئەگەر كىچىك كۆلەمدە ئېلىپ بېرىلسا ئۇ چاغدا بۇ بىر چاكىنا بۇلاڭچىلىق بولۇپ قالىدۇ. كەڭ

كۆلەملىك مۇسادىرە قىلىش جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشنىڭ باشلىنىشى.» ئۇ ئاجايىپ قىزغىنلىق بىلەن پارىژ كوممۇنىسىنى تەشۋىق قىلغانىدى، كۇتمىگەندە، «ۋېرسالدىكى قاتىل» ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرىنى توختىتىپ قويدى.

1793 ـ يىلىدىكى تېررورچىلار، مەسىلەن، مارات، روبىسپېرلارنىڭ ھەممىسى «ھەددىدىن ئارتۇق سەزگۈر» ئادەملەردىن ئىدى. ئۇلار ئاقسۆڭەكلەرنى يوقىتىش ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ بەختىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش خام خىيالىدا بولۇشقان. «مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئۆزىنىڭ ۋەتىنىنى قىزغىن سۆيىدىكەن، ئۇ دۇشمەنگە زەربە بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئالقىشلىنىشقا ھەقلىق» دەيدۇ روبىسپېر. رېيىنىستا دەريا ـ دەريا قانلارنى ئاققۇزغاندا، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ بەختىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا فوچې قۇربانلىق بەرگەنلىكى ئۈچۈن كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياشلارنى ئاققۇزغانىدى. «مەن ئەمدىلا 200 ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئالدىم، — دەپ يازغان فوچې (Fouche) دۆلەت مەجلىسىگە يازغان خېتىدە، — مەن كۈندە شۇنچىلىك ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئېلىش تەكلىپىنى بېرىمەن. مۇقەددەس ھېسسىيات بولغاچقا، خۇشاللىق ۋە ھەققانىيەتنىڭ ياشلىرى كۆزلىرىمدىن ئېقىپ چۈشمەكتە... بىز چاقماقتەك تېزلىكتە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلايلى، بەلكىم دۇشمەنلىرىمىزنىڭ جەسەت سۆڭىكى بۇ ھۆر تۇپراقتا ئەمدى مەڭگۈ مەۋجۇت بولماسلىقى مۇمكىن.»

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان دەۋردە، ھەر قېتىم بىر ياكوبىنچىغا شەپقەتسىز چارە قوللىنىشتىن ئاۋۋال، ئۇنىڭ ئەرز سۇنۇشىنى، ئۆزىنىڭ يۇقرالىق ھوقۇقىنىڭ تارتىۋېلىنغانلىقىنى تەرىپلەشنى ھەمدە ئۆزىنى ـ ئۆزى ئوبزور ئېلان قىلىپ ئىنسانىيەتكە بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى ئىپادىلەشنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇلۇم جازاسىنى

ئىجرا قىلغۇچى كۈچلۈك قايغۇرۇش كەيپىياتىنى ئىپادىلەيتتى، ئۆلۈم ھۆكمىنى ئىنقىلابىي سوتنىڭ سوتچىسى ئىنتايىن قايغۇرۇش كەيپىياتى ئىچىدە ئېلان قىلاتتى.

يېقىندا، سىنادىكى سەييارە سوتتا ھۆكۈمەتسىز ئۇنسۇر لېئاتېير (Leauthier) ئۆزىنىڭ نارازىلىق ئەرزىنى خۇلاسىلەپ مۇنداق دېگەن: «سىلەرگە ئېيتىپ قويايكى، بىر تال كەسلەنچۈكنىڭ ئۆلۈمىنى كۆرسەم پۈتۈن بەدىنىم تىترەپ كېتىدۇ، لېكىن بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈمى ماڭا تەسىر قىلالمايدۇ، بىر گۆدەك ئالدىدا مەن ئازابلىنىپ يىغلاپ كېتىمەن، بىراق دارغا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ قەدەم ئالىمەن.» كەسلەنچۈكنى كۆرسىمۇ تىترەپ كېتىدىغان بۇ ئادەم سىلۋىيىلىك پارلامېنت ئەزاسىنىڭ كۆكرىكىگە پىچاق تىققاندا تىترەپمۇ قويمىغان.* بىر كېپىنەكنىڭ ئۆلۈمىگىمۇ ياش تۆكىدىغان بۇ ئادەم، بىر كاپىتالىستنىڭ ئۆلۈمىدىن كۈلۈپ كەتكەن.

1865 ـ يىلى لىلدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق خەلقئارالىق ئۇقۇغۇچىلار يىغىلىشىدا، بىر يىغىلىشقا قاتناشقۇچى «ئىنسانىيەت ئورتاق گەۋدىسى»گە بولغان قىزغىنلىقىم بايلار سىنىپىنى ۋەيران قىلىش ئىستىكىمنى كۈچەيتىۋەتتى دېگەن. «ئەگەر مال ـ مۈلۈك ئىنقىلابىنىڭ يولىنى تورىسا، ئۇنى خەلقنىڭ پەرمانى بىلەن يوقىتىشىمىز كېرەك»، دەپ توۋلىغان ئۇ، «ئەگەر كاپىتالىستلار قارشىلىق كۆرسەتسە، بىز ئۇلارنى پاك ـ پاكىز يوقىتىمىز... كاپىتالىستلار — قاتىل ۋە بۇلاڭچىلاردۇر... ئۇلارنى دار ئالدىغا ئېلىپ بېرىش كېرەك؛ بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئىنقىلاب يولىدىكى

---

* بۇ خىل بىنورمال سەزگۈرلۈك شۇقەدەر ئوڭايلا شەپقەتسىزلىك بىلەن ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن، ئۇ 18 ـ ئەسىردىن قالغان بىر مىراس بولۇپ، شۇ قەدەر مودا بولۇپ كېتەلىشىنىڭ سەۋەبى ئاساسلىقى روسسو ۋە رومانتىزمنىڭ تەسىرىدىن بولغان. — ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بارلىق توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاش. ئەگەر نەچچە تۈمەن ئادەمنىڭ كاللىسى بۇ خىل توسالغۇنى پەيدا قىلسا، بىز ئۇنى سۈپۈرۈپ تاشلايمىز؛ بىزنىڭ ھېسسىياتىمىز ھېچ ئىككىلەنمەستىن پەقەت ئىنسانىيەت ئورتاق گەۋدىسىنىلا ئۆزىگە شەرت قىلىدۇ.» دېگەن.

ھۆكۈمەتسىزلەرنى ھەرىكەت قىلىشقا دەۋەت قىلىدىغان ئاشۇ سان ـ ساناقسىز سەپسەتىلەر ئىچىدە بىز مۇنداق بىر ساختا كۆزقاراشقا چوقۇم دىققىتىمىزنى بېرىشىمىز كېرەك، يەنى «جىنايەتتىن ئۆچ ئېلىش ۋە ئادالەتسىزلىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەسىلىسىدە گراژدانلارنىڭ ئۆزىنى دۆلەتنىڭ ئورنىغا قويۇش ھوقۇقى بار.» ھۆكۈمەتسىزلەر ئۆزلىرىنى ئادالەتنىڭ ئىجراچىلىرى، ئېزىلگۈچىلەرنىڭ قىساسكارى دەپ ئاتىشىۋېلىشقان بولۇپ، ئۇلار ئۆز شېرىكىنى سوراق قىلغان سوتچىدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن سوتچىنىڭ ئۆيىنى پارتلىتىۋېتىدۇ؛ ئاشپوزۇلدا ئۆزىنىڭ شېرىكىنى ئاشكارىلاپ قويغان قورقماس گراژداننى بايقاپ، بومبىنى پارتلىتىدۇ؛ شىركەت دىرېكتورىنى ئىشچىلارنى ئەزدى دەپ ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا، ئەگەر بىر ھۆكۈمەتسىز ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنسا، ئۇنىڭ دوستلىرى يېڭى بىر زوراۋانلىقنى پىلانلاپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىنتىقام ئالىدۇ.

يازغۇچىلار ۋە دراماتورگلار ئەركىن مۇھەببەت ۋە زىنا قىلىشلارنى كىشىلەرنىڭ ھوقۇقى، «ئەرلەر ۋە ئاياللارنىڭ ھوقۇقى»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك دەپ تەلەپ قىلىشىدۇ؛ شائىرلار يېمەكلىك تەلەپ قىلىش ھوقۇقى قانائەتلەندۈرۈلمىسە جەمئىيەتتە قارشىلىشىش كېلىپ چىقىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلىشىدۇ. ماتېرىيالىزمچى پەيلاسوپلار «بەختكە ئېرىشىش ۋە ماددىي قانائەتلىنىشكە ئېرىشىش ھوقۇقى»نى تەكىتلىشىدۇ،

سوتسىيالىزمچىلار «خىزمەت قىلىش ھوقۇقى» نى تەكىتلىشىدۇ، ئىنقىلابچىلار بولسا «ئىسيان كۆتۈرۈش ھوقۇقى» نى تەلەپ قىلىشىدۇ. مانا مۇشۇ چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان مۇھەببەت ۋە زىنا قىلىش ھوقۇقى، يېمەكلىك تەلەپ قىلىش ھوقۇقى، بەختكە ئېرىشىش ۋە ماددىي قانائەتلىنىشكە ئېرىشىش ھوقۇقى، خىزمەت قىلىش ھوقۇقى ۋە ئىسيان كۆتۈرۈش ھوقۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ھۆكۈمەتسىزلەر ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇلار «بۇلاش ۋە قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ھوقۇقى» ئارقىلىق يۇقىرىقى ھوقۇقلارنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ھۆكۈمەتسىزلەر بومبا ئىشلىتىش ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىشىدۇ. ئۇلار بىرسىنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋاتقان ۋاقىتتا، بىر ئادالەتلىك ئىشنى تاماملاۋاتقانلىقىغا ئىشىنىدۇ، خۇددى ئۇلار ئوغرىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق قىلغاندا، تۆلەمگە ئېرىشىۋاتقانلىقىغا ئىشەنگەنگە ئوخشاش. ئۇلارنىڭ مەنتىقىسى بويىچە ئېيتقاندا، ئوغرى ـ بۇلاڭچىلار بۇلاڭچىلىقتا ئۇچرىغان مال ـ مۈلۈكنىڭ خوجايىنلىرىدۇر، خەلقنىڭ قاتىللىرى دەل ئۇلار قەستلەپ ئۆلتۈرمەكچى بولغان كاپىتالىستلاردۇر.

ھۆكۈمەتسىزلەرنىڭ قاپ يۈرەكلىكى، سوتتىكى تەمكىنلىكى، ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلغان چاغدىكى قەتئىيەتلىكى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بەزى يازغۇچىلار ئۇلارنى ھەتتا دەسلەپكى مەزگىللەردىكى خرىستىئان مۇرتلىرىغا ئوخشىتىدۇ. بارلې (Barle)* دەل مۇشۇ خىل خاھىشنى ئىپادىلىگەن بولۇپ، زالىم پادىشاھلارنى ئۆلتۈرگۈچىلەر ۋە مەسلەك يولىدا جان پىدا قىلغۇچىلارنىڭ ئوخشاشلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ مۇنداق دەپ

* بارلې (1647 ـ 1706) فرانسىيە پەيلاسوپى، ئاقارتىش ھەرىكىتىنىڭ دەسلەپكى ۋەكىلى.
— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

يازىدۇ: «بۇ قەستلەپ ئۆلتۈرگۈچىلەردە ۋە دەسلەپكى خرىستىئان مۇرىتلىرىدا ئىپادىلەنگەن قەتئىيەتلىكى ۋە تەۋرەنمەس ئىرادىنى تىللاردا داستان قىلىشقا ئەرزىيدۇ.»

ئەگەر بىز ھۆكۈمەتسىزلەر نېمە ئۈچۈن ئۆلۈم ئالدىدا شۇقەدەر تەمكىن ۋە سالماق دېيىلسە، ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە ئەسەبىيلىكىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقان شۆھرەتپەرەسلىكىدىن بۇنىڭ جاۋابىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. بارلىق ئەسەبىيلىكنىڭ مەقسىتى باشتىلا قانچىلىك قەبىھ بولسۇن، ئۇ تەرەققىي قىلىدىغانلا بولسا، ھەممىسى كېيىنچە جاسارەتكە جاسارەت قوشىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىمۇ شۆھرەتپەرەسلىكىنىڭ دەيدەيگە سېلىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. بارلىق ھۆكۈمەتسىزلەردە شۆھرەتپەرەسلىك ئىنتايىن كۈچلۈك. ئۇلار ئاۋامنىڭ ساناقسىز كۆزلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى، گېزىتلەرنىڭ ئىشلىرىنى يېپىدىن - يىڭنىسىگىچە ئاشكارىلاپ تۇرغانلىقىنى بىلىدۇ. بۇ ئۇلار ئارزۇ قىلىپ كەلگەن نام - ئابرۇي بولۇپ، ئۇلار مۇشۇنداق نامى مەشھۇر بولۇشنىڭ خۇشاللىقىدا مەپتۇنى - مەستخۇش بولۇپ يۈرۈشىدۇ.*

ھالبۇكى، رېئال تۇرمۇشتا ئۇلار ئۆلۈمگە پەسەنت قىلمىغۇچىلاردىن ئەمەس، ئەكسىچە ھەر ئاماللارنى قىلىپ ئۆلۈمدىن قاچىدۇ. زوراۋانلىق قىلىپ بولغاندىن كېيىن غېپپىدە قېچىپ قۇتۇلۇشىدۇ، ھەققانىيەتنىڭ جازاسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن

---

* لېئاتېير سېباستېين. فۇرېغا ئۆزىنىڭ بىر كاپىتالىستنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ مۇنداق دەپ خەت يازىدۇ: «سېنىڭ مېنىڭ ئۈچۈن ئاقلىغۇچى بولۇپ، سوتنىڭ ئادۋوكاتىغا تاقابىل تۇرۇشۇڭنى، سوراق جەريانىدا مېنى مەقسىتىمنى ئاشكارىلاشقا دەۋەت قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ھەر ئىككىمىزگە خۇشال مىنۇتلارنى بېغىشلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن». بىراق ۋىنا سوتى بۇ ھۆكۈمەتسىزنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكىنى نائۈمىد قالدۇرۇپ ئۇنى مەخپىي سوراق قىلغان. گېزىتلەرنى جاۋابكارنىڭ ئىسمىنى ئېلان قىلىشنى، ئىسمىنى قىلغان ۋە ئىسمىلەرنى دېگەنلىكىنى بېسىشقا يول قويمىغان، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ سۈرىتىنى بېسىشقىمۇ ۋە ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىشقىمۇ يول قويمىغان. — ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

ئۆزلىرىنى گۇناھسىز دەۋلىشىدۇ، ئۆزلىرىنى تۇتقىلى كەلگەن ساقچىلارغا ئوق چىقىرىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى يوشۇرىدۇ، جىنايىتىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن يالغاننى توقۇشىدۇ. ۋېرانت پارلامېنت يىغىن زالىدا ھېلىقى ئادەمنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن بومبىنى پارتلاتمىدىم دېگەنىكەن، لېئاتېير موزدۇزلارنىڭ پىچىقىنى سېرىبىيىلىك پارلامېنت ئەزاسىنىڭ كۆكرىكىگە تىقىپ بولۇپ، ئۇنى پەقەت يارىلاندۇرۇش ئۈچۈنلا شۇنداق قىلغانتىم دەپ تۇرۇۋالغانىكەن.

ئەكسىچە، خرىستىئان دىنىنىڭ مەسلەك يولىدا قۇربان بەرگۈچىلىرى قوينىڭ قوزىسىدەك ياۋاش بولغانىنىڭ ئۈستىگە، بەلكى تېخى ئۆزىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلارنى ئەپۇ قىلغانىكەن. ھۆكۈمەتسىزلەرنىڭ چېكىدىن ئاشقان جىنايىتىنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، ئۇلار ياۋۇز مەخلۇققا، قان ئىچەر ئالۋاستىغا ئوخشايدۇ. ئادەم يېيىشكە كۆنۈپ قالغان يولۋاس بىلەن تەقدىرگە تەن بەرگۈچى قوزا ئوتتۇرىسىدا قانداقمۇ ئوخشاشلىق بولسۇن؟

ئاۋامدا قايمۇقۇش بولۇش ۋە ھۆكۈمەتسىز نەزەرىيىچىلەرنىڭكىدەك روھىي ھالەتنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ سەۋەبلىرى خىلمۇخىل، بۇنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى، تارىخشۇناسلارنىڭ ئىنقىلابنىڭ جىنايەتلىرىنى پەردازلاپ كۆرسىتىشى ھەمدە نۆۋەتتىكى ماتېرىيالىستىك تەلىماتلارنىڭ ئەخلاق قاراشلىرىنى ئىنكار قىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

فرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ كىشىلەرگە ئەڭ تونۇشلۇق بولغان تارىخى ئاللىقاچان بىر سىياسىي جىنايەتنىڭ مەكتىپىگە ئايلاندى ھەمدە خەلقتە ئىنقىلابقا نىسبەتەن ئەسەبىيلىك قوزغالدى. بۇ تارىخ كىشىلەرگە ھەرىكەتنىڭ مەقسىتىنىڭ ھەممىدىن مۇھىم

www.uyghurkitap.com

ئىكەنلىكىنى، ئىسيان كۆتۈرۈشنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىنى، ھەتتا قىرغىنچىلىق قىلىشنىڭمۇ جەمئىيەتنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ئۆگەتتى؛ ئۇ يەنە كىشىلەرنى ئىجتىمائىي قالايمىقانچىلىقنىڭ جەمئىيەت مەدەنىيلىكىنىڭ بىر ئامىلى ئىكەنلىكىگە، تېررورلۇقنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ قورالى ئىكەنلىكىگە، يۈكسىلىشنىڭ پەقەت زوراۋانلىق بىلەن ئىشقا ئاشىدىغانلىقىغا ئىشەندۈردى. بۇچېز (Buchez) ۋە روكس (Roux) لار تېخى ئىنقىلاب جىنايەتلىرىنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنغانىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، تېررورلۇق ھۆكۈمەتنىڭ بىر خىل تۈزۈلمىسى بولۇپ بەزىدە مەجبۇرلاش خاراكتېرىنى ئالغان بولىدىكەن، ئۇ بىر خىل ۋاستە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭغا پەقەت كىشىلەرنىڭ مەقسىتىگە ئاساسەن ھۆكۈم قىلىش كېرەك ئىكەن.* ئۇلارغا نىسبەتەن سېنتەبىر قىرغىنچىلىقى پەقەت «ئاممىۋى بىخەتەرلىكنىڭ بىر خىل ۋاستىسى»نى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىق بولۇپ، «ئىنتايىن پايدىلىق رول» ئوينىغان. مارېست (Marest) بۇ خىل قىرغىنچىلىقنى «خەلق ئادالىتىنىڭ بىر قېتىملىق ئۇلۇغ ھەرىكىتى» نى ئىشقا ئاشۇرغانلىق دەپ ئاتىغان. تېيىر**مۇ ھېلىقى كىشىنى قايىل قىلىدىغان «ھۆكۈمەت ۋە

---

* تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ماككىياۋېللىنىڭ كۆزقارىشى بولۇپ، بۇ رىمۇسنىڭ ئۆز ئىنىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشىدەك ۋەقەگە بىرلەشتۈرۈپ ئېيتىلغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئەقىللىق كىشى ئېسىلزادىلەرنى ئەيىبلىمەيدۇ. چۈنكى، بىر پادىشاھلىق تۈزۈم ياكى بىر جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى بەرپا قىلىشقا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ چوقۇم ئادەتتىن تاشقىرى ۋاستىلەرنى قوللىنىشى كېرەك. بۇ قىلمىشنىڭ ئۆزىدىلا ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىش كېرەكلىكى چىقىپ تۇرىدۇ، بىراق مەقسىتىنى ئويلاشقا ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنى ئاقلاش كېرەك. ئەڭ ياخشى نەتىجە ھەمىشە بۇ قىلمىشنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.» «لىۋىي ھەققىدە» . — ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

** تېيىر (1797 ـ 1877) فرانسىيىنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسىئونى ۋە بۇرژۇئا تارىخشۇناسى. — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئىمپېرىيە تارىخى» ناملىق كىتابىدا، ھەربىي ئىستىبداتلىقنىڭ خەتەرلىكلىكى ۋە ئەخمىقانىلىقلىقىنى كۆچلۈك پاكىتلار بىلەن چۈشەندۈرگەن. ئۇنىڭ «ئىنقىلاب تارىخى» ناملىق كىتابىدا، ئۇ خەلق دىكتاتورىسىنىڭ بەلگىسى بولغان قانۇنسىزلىق ۋە شەپقەتسىزلىككە چۆكۈپلا كەتكەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، مېۋە ئېيىنىڭ* 18 ـ كۈنى يۈز بەرگەن ئىشلار نەپرەتلىك بولسىمۇ، لېكىن شۇنداق قىلىش زۆرۈر ئىكەن. ئۇ مۇنداق دەپ يازغان: «بىزنىڭكىدەك ئىنقىلابلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن قانۇنلۇق قىلمىش پەقەت بىر خىل ساختا خاتا قاراش بولۇپ قالىدۇ.» بىراق، بۇنداق قورقۇنچلۇق ماشىنىنى ياساشتىن مەقسەت خىلمۇخىل دۇشمەنلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندا، بۇ تارىخشۇناس ئىنقىلابىي ئالاھىدە سوتنىڭ كەشىپ قىلىنىشىنى توغرا چۈشەنگەندەك قىلغان. ئۇ مۇنداق دەپ يازغان: «تېررورلۇقنىڭ شەكىللىرى نېمىشقا ھۆكۈمەتنى قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇرلايدىغاندۇ؟ ئۆلۈم تەھدىتى بىلەن يا ھۆكۈمرانلىقنى ساقلاپ قالغىلى بولمىسا، يا ئۆلارنى بويسۇندۇرغىلى بولمىسا؟» لۇئى. بلانك** (Louis . Blanc) روبىسپېر ۋە سان. جۇستنى «تېررورلۇقنىڭ رولىنى ئۆزۈل ـ كېسىل ھەم پۇشايمانسىز جارى قىلدۇرغان» دەپ تەرىپلەيدۇ.

لامارتىنى*** (Lamartine) ئۆزىنىڭ «گروندىچىلارنىڭ

---

* مېۋە ئېيى، فرانسىيە جۇمھۇرىيەت كالېندارى بويىچە 12 ـ ئاي، مىلادى كالېندارى بويىچە 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈندىن 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىگىچە توغرا كېلىدۇ. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

** لۇئى. بلانك ( Jean JosephCharles Louis Bla nc، 1811 ـ 1882) فرانسىيە ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ سوتسىيالىزمچىسى، تارىخشۇناس. — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

*** لامارتىنى (1790 ـ 1869)، فرانسىيە رومانتىزم ئېقىمىغا مەنسۇپ شائىر، سىياسىي پائالىيەتچى. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تارىخى» ناملىق كىتابىدا، تېررورىزمچىلارغا يۇقىرى باھا بەرگەن ھەمدە فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى دەۋرىدىكى جىنايەتلەر ئىنسانىيەتكە بەخت ـ سائادەت ئېلىپ كەلدى دەپ قارىغان. بىراق، كېيىنچە ئۆزىنىڭ «خىيالنامە» ناملىق شېئىرلار توپلىمىدا، ئۇ ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «جىنايەتنى ئاقلىغان، شەپقەتسىزلىكلەر ئۈچۈن ئاساسسىز باھانە ئىزدىگەن تارىخشۇناسلار ئاڭسىز رەۋىشتە كەلگۈسىدىكى تەلۋىلەرنىڭ بۇ جىنايەتلەرنى دورىشى ئۈچۈن يول ھازىرلاپ بەرگەن بولىدۇ. . . بۇ مەن سادىر قىلغان كەچۈرگۈسىز جىنايەتلەرنىڭ بىرسىدۇر. ئۆزۈمنىڭ بۇقەدەر خۇشامەتچىلىكىمدىن بەكمۇ نومۇس قىلىپ كېتىۋاتىمەن! مەن فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابىنىڭ ئاشۇ ئاقلىغۇچىلىرىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، بىراق ئۆزۈمنىڭ ئاشۇ خۇشامەتچىلىكىمنى ئەيىبلەيمەن.» تارىخشۇناسلار تېررورچىلارنى تەرىپلەيدىغانغا ئىزباسارلارنى يېتىشتۈرۈپ بەرمەكتە. ۋاللېس (Valles) كىتابىي بىلىملەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلار توغرىسىدا يازغان ماقالىسىدە، «گروندىچىلارنىڭ تارىخى» ناملىق كىتابىنىڭ ئۇنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان.

فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى دەۋرىنىڭ نەزەرىيىشۇناسلىرى كىتابلىرىنىڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش روھىنى ئۇرغۇتۇۋەتكەنلىكىدىن ھەيران قالغان، كرۇپاتكىن ئۇلارنىڭ ھەيران قېلىشى پۈتۈنلەي نورمال ئىش دەپ ئۇلارنى مازاق قىلىدۇ. زوراۋانلىقنى ئاقلاش ئەمەلىيەتتە زوراۋانلىقنى قايتا كېلىشكە تەكلىپ قىلغانلىقتۇر. فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابىغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئېتىقاد قىلىدىغان تارىخشۇناسلار ئۆزلىرىنىڭ جىنايەتكە بولغان كەڭ پېئىل مۇئامىلىسى ۋە تېررورلۇق دەۋرنى تەرىپلىشى بىلەن، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تۆھپىسىنى ئىنقىلابنىڭ روھىغا

ۋە ھۆكۈمەتسىزلەرگە مەنسۇپ قىلىنىۋېتىدۇ. فرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ ھەرقانداق بىر ئىشىغا چوقۇنۇشقا ئەرزىمەيدۇ، ئۇ ھەم يۈكسەك گۈزەل ئەخلاق، ھەم شەپقەتسىز زوراۋانلىقلارغا، ھەم ۋەتەنپەرۋەرلىك، ھەم ئەسەبىيلىككە، ھەم قەھرىمانلىق، ھەم تەييارتاپلىققا تولغان بىر دەۋر ئىدى. تارىخشۇناسلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ھەربىر پارتىيە ـ گۇرۇھنىڭ، ھەربىر كىشىنىڭ قىلمىشىنى پەرق ئېتىش، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارغا ئادالەتنى، جاللاتلارغا نومۇسنى قايتۇرۇپ بېرىش، قەھرىمانلارغا چوقۇنغۇچى ئاشۇ ساختا ۋەتەنپەرۋەرلەرنى ئەيىبلەشتۇر. 1789 ـ يىلىدىكى پرىنسىپنى مەدھىيىلەش بىلەن بىللە كىشىلەردە ئىنقىلاب بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئېلىپ بارغان جىنايەتلەرگە نىسبەتەن ئۆچمەنلىك قوزغاشنى ئۇلار تامامەن قىلالايدۇ. پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ بىر تەرەپلىمە قاراشلىرى، شۇنداقلا ئاممىۋى خاراكتېرلىك ياخشى كۆرۈش تۈپەيلى تارىخشۇناسلار تېخى بۇ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ باققىنى يوق. ئۇلار فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى دەۋرىدىكى ئىشلارنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ماختاپ، بۇ خىل چوقۇنۇشنىڭ ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن رەزىللىكنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماقتا، ئۇلار رەزىللىكنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكى توغرىسىدا گەپ سېتىپ، ئوقۇرمەنلەرگە ئەخلاقسىزلىقتىن دەرس ئۆتمەكتە.* ئۇلار «زوراۋانلىق ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىدىغان بىر خىل

---

* فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابىنىڭ ھەربىر قىلمىشلىرىغا قارىتا ئويلىنىش كەمچىل بولغان چوقۇنغۇچىلارنىڭ ئىنقىلابقا چوقۇنۇش دەرىجىسى جامائەت خەۋپسىزلىكى كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىدىن ئېشىپ كەتسە كېتىدۇكى، كەم قالمايدۇ. مەسىلەن، تۆۋەندىكىسى جامائەت خەۋپسىزلىكى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى كارنوتنىڭ ئوبزورى: «فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى قەھرىمانلىق، شەپقەتسىزلىك، ئالىيجانابلىق ۋە قورقۇنچلۇق جەمئىيەت تەرتىپلىرى ئۆز ئارا ئارىلىشىپ كەتكەن بىر دەۋر ئىدى. كىشىلەر ھۆرلۈك تىلغا ئېلىنسىلا قورقۇپ تىترىشىپ كېتەتتى. چۈنكى ئۇلار بۈيۈك ئىنقىلاب دەۋرىدىكى ئۆلچەم بويىچە ھۆكۈم قىلىشاتتى، ئۇلار فرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ ئەمەلىيەتتە مۇستەبىت سىياسىتىنىڭ داۋامى ئىكەنلىكىنى كۆرمىگەنىدى». — ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

www.uyghurkitap.com

ۋاستىدۇر» دېگەن ساختا گەپكە خۇراپىيلارچە ئىشىنىدۇ. ئۆزگىرىش جەمئىيەتنى ئالغا سىلجىتىدۇ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەھۋالىمۇ پەقەت يېڭى ئىنقىلاب ئارقىلىق ياخشىلىنىدۇ. «ئەگەردە، فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى دەۋرىدە ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارمىغان بولسا ياكى بۇ خىل قىرغىنچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارمىغان بولسا، — دەيدۇ ۋېلانت نارازىلىق ئەرزىدە، — ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ يەنىلا ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كىشەن - ئىشكەللىرى ئىچىدە ياشىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىدى.»

يېقىنقى يۈز يىل مابەينىدە فرانسىيە شۇقەدەر كۆپ ئىنقىلابلارنى باشتىن كەچۈردىكى، ھەتتا ئۆزىنىڭ ھالىدىن رازى ئەمەسلەر ھەمىشە ئۈمىدىنى كېلەركى قېتىملىق ئىنقىلابقا باغلىشىدىغان بولۇپ كېتىشكەنىدى. ئىنقىلاب قوزغىلىدىغانلا بولسا، ئۇلار ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ھېچقانداق چارە - تەدبىر قوللىنىشنى خالىمايتتى، چۈنكى ئۇلار قانۇن تۇرغۇزۇش ئورگانلىرىنىڭ پارىژ كوممۇنىسىدىكى قاتىللارنىڭ، ئوت قويغۇچىلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلغانلىقىنى، ھەتتا ھۆكۈمەتنىڭ ئۇلارنى خىزمەت بىلەن تەمىنلىگەنلىكىنى كۆرۈشكەنىدى. سىياسىي مەقسەت ئۈچۈن بولۇۋاتقان بۇ خىل ئوت قويۇش، بۇلاڭچىلىق قىلىش، ئادەم ئۆلتۈرۈشلەرگە نىسبەتەن كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىۋېلىشلار ئاۋامنىڭ ۋىجدانىنى نابۇت قىلىپ، ئىجتىمائىي ئەخلاقنى ھەددىدىن ئارتۇق چىرىتىۋەتكەنىدى.

راۋاچول (Ravachol) ۋە ۋاللانت (Vaillant) لارنى سوراق قىلىشلار شۇنى كۆرسەتتىكى، ئۇلاردىكى ئەقلىي جەھەتتىكى چۈشكۈنلۈك ۋە كەيپىياتتىكى نورمالسىزلىقلارغا ناھايىتى زور دەرىجىدە ماتېرىيالىزمچى پەيلاسوپلارنىڭ سەپسەتىلىرى سەۋەبچى. ئاتېئىزمچىلار ۋە ماتېرىيالىزمچىلارنىڭ ھەممىسىنى

ھۆكۈمەتسىزلەر دېيىشكە بولمايدۇ. بىراق، بازلىق ھۆكۈمەتسىزلەر ئاتېئىزمچى ۋە ماتېرىيالىزمچىلاردىندۇر. «بىز ماتېرىيالىزمچى ۋە ئاتېئىزمچى بولغانلىقىمىزدىن شەرەپ ھېس قىلىمىز» — دەيدۇ باكونىن (Bakounine).

كوممۇنىزمچىلارمۇ ماتېرىيالىزمچى ۋە ئاتېئىزمچىلاردۇر. ۋاللانت سوراق قىلغۇچىغا مۇنداق دېگەن: «ئۇلار پەقەت ماددا ئىچىدە يوقىلىۋاتقان ئاتوملار خالاس» ھەمدە ئىنسانىيەت تارىخى «تۇرلۇك ئالەم كۈچلىرىنىڭ تەسىرىدە مەڭگۈلۈك يېڭىلىنىش ھالىتىدە تۇرىدۇ، شۇنداقلا مەڭگۈ ئاخىرلاشمايدىغان ئىسلاھاتنى بېشىدىن كەچۈرىدۇ» دەپ قارىغان. ئارقىدىنلا ئۆزىنىڭ بۇ نۇقتىئىنەزىرىنى بۈچنېر (Buchner) دوكتور ۋە تەقدىرچىلەرنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىنى قوللايدىغان نەزەرىيىلەردىن ئالغان دەپ كۆرسەتكەن. ئېمىل.ھېنري (Emile . Henry) مۇ ماتېرىيالىزمغا ئېتىقاد قىلاتتى. ھۆكۈمەتسىزلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشى ماتېرىيالىزمچىلارنىڭ تەربىيىسىنىڭ نەتىجىسىدۇر. دىن ياكى پەلسەپىۋى ئېتىقاد بولمىغىنىدا ئىنسانىيەت سىلى - رەھىمنى بىلمەيدىغان، زەھەرخەندە ۋە ياۋۇز ھايۋانغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ سىياسىتېن قۇرىغا ئوخشايدىغان بەزى ھۆكۈمەتسىزلەر دىنىي پرىنسىپلارنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئېتىقادتىن ئايرىلىپ قالغان، ھەسرەت ۋە ئازابنى چۈشىنىش ئىقتىداردىن مەھرۇم قالغان، يەنە كېلىپ بۇ ھەسرەت ۋە ئازابنى باشقىچە بىر خىل تۇرمۇش ئۈمىدىدە ياشاۋاتقانلارغا چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ. ئۇلار تەقدىرگە قارشى چىقىشىدۇ، جەمئىيەتنى تىللىشىدۇ. تەبىئەتتىن ئاچچىقىنى چىقىرىش ئۇلار ئۈچۈن مۇمكىن ئەمەس.

راۋاچولنى سوراق قىلىشتىن شۇ نەرسە مەلۇم بولدىكى،

ناتۇرالىزمچى پەيلاسوپلارنىڭ پەلسەپىلىرى ئىشچىلار ئارىسىغا ناھايىتى تېزلىكتە تارقالغان بولۇپ، ئىشچىلار ھايۋاناتلار دۇنياسىدىكى تەبىئىي تاللاش ۋە ھاياتلىق كۈرىشى قانۇنىيىتىنى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە تەتبىقلىغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىنسانلارمۇ بىر خىل ھايۋان ھېسابلىنىدىكەن. لۇۋال دەرياسى سەييارە سوتىنىڭ باش سوتچىسى راۋاچولغا سىنىڭ تەپتىش ئەمەلدارىغا: «مەن ئۆز نىشانىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى، بارلىق توسالغۇلارنى يېڭىشنى ئۈمىد قىلىمەن، موناخ مەن ئۈچۈن بىر توسالغۇ ئىدى، شۇڭا ئۇنى يوقاتتىم» دېگەنلىكىنىڭ راستمۇ دەپ سورىغاندا، «ھەئە، ئەپەندىم، تامامەن توغرا» دېگەن ئۇ. «26 - ئىيۇندىن كېيىنكى بىرقانچە كۈندە سەن بۇ ھارۋىكەشنى يەنە كۆردۈڭ ھەمدە ھارۋىسىنى يەنە ياللىۋالدىڭ، بۇنداق قىلىشتىن مەقسىتىڭ نېمە؟» «ئۇنىڭ ساقچىغا دېگەن - دېمىگەنلىكىنى ئېنىقلاپ باقماقچىدىم، ئەگەر ئۇ ساقچىغا دېگەن بولسا، ئۇنى پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈۋېتەتتىم، مەقسىتىم ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئىدى». «ئۇنداقتا، سەن مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن ساڭا توسالغۇ بولغانلارنى ئۆلتۈرمەكچىمۇ؟» «شۇنداق، بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، مۇشۇنداق قىلىش پۈتۈنلەي زۆرۈر، بۇ تۇرمۇشنىڭ ئېھتىياجى، باشقىلارمۇ شۇنداق قىلغان بولار ئىدى.» «توسالغۇلارنى چوقۇم يوق قىلىش» دېگەن بۇ ۋەھشىلىك سۆزنىڭ سىياسەتۋازلارنىڭ ئېغىزىدا پەيدا بولۇشى چاستوتىسىنىڭ نەقەدەر كۆپلۈكىگە دىققەت قىلىڭ! راۋاچولمۇ دەل مۇشۇنداق سۆز بىلەن ئۆزىنىڭ جىنايەتلىرىنى ئاقلىماقچى بولغان: «ئەگەر مېنى ئادەم ئۆلتۈردى دېيىلسە، ئۇ پەقەت مېنىڭ شەخسىي ئېھتىياجىمنى قاندۇرغانلىقىم، خالاس.» ئۇنىڭ شەخسىي ئېھتىياجىنى ھېسابلاپ بولغىلى بولمايتتى، ئېسىل غىزا، يەڭگىل خىزمەت ۋە بىرقانچە ئاشنا ئۇنىڭ شەخسىي ئېھتىياجىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. بۇ ھۆكۈمەتسىز ئۇنسۇر سوتسىيالىزمچىلارنىڭ «ئېھتىياجىغا قاراپ تەقسىم قىلىش» دېگەن

مەشھۇر ھېكمەتلىك سۆزىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزگۈچى ئىدى، كىشىلەرگە ئۆز ئېھتىياجىنى قانائەتلەندۈرۈش ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىش توغرىسىدا تەلىم بەرگەن سوتسىيالىزمچى يازغۇچىلار 18 ـ ئەسىر پەلسەپىسىدىكى شادىمانچىلارنىڭ ئىز باسارلىرىدۇر. كۆپچىلىككە مەلۇمكى، ئېلۋىسىئۇ شادىمان بولغان تەلەپلەر قانۇنىنىڭ ئاساسىدۇر دەپ قارايدۇ. دېستۇت. تراس (Destutt de Tracy) ئېھتىياج قانۇنىنىڭ ئاساسىدۇر دەپ قارايدۇ، ۋولنېي (Volney) تۇغما ساقلاشمۇ قانۇنىنىڭ ئاساسىدۇر دەپ قارايدۇ، خولباك (d'Holbach) بولسا ئەمەلىي ئىشلىتىشلا قانۇنىنىڭ ئاساسى دەپ قارايدۇ. ھازىرقى ماتېرىيالىزمچىلار بۇ قانۇن ئېنىقلىمىسىغا قارىتا ئىنكار تېمىلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشماقتا ھەمدە ئۇنى ئاجايىپ يېڭى نەرسە دەپ قاراشماقتا، ئۇلارنىڭ بۇ خىل سەپسەتىلىرى ناھايىتى تېزلا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بىلىمىنى نابۇت قىلىپ، ئۇلارنىڭ جىنايەتلىك يولغا قاراپ مېڭىشىغا يېشىل چىراغ يېقىپ بەردى. ھازىر، ساختا نەزەرىيە سىستېمىلىرى كىتابچە، ئاممىۋى يىغىلىش، ئەرزان باھالىق گېزىت قاتارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق ھەش ـ پەش دېگۈچىلا ئاۋام ئارىسىغا كەڭرى تارقالماقتا. زور بىر تۈركۈم مۇخبىرلار ۋە سىياسىئونلار ئۇلارنى ئەخمەق قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنى ھەدەپ ماختىماقتا ھەمدە كىشىنى ئەڭ بىزار قىلىدىغان بۇ تەلىماتلار ئارقىلىق ئۇلارنى زەھەرلىمەكتە.

نۆۋەتتە، جەمئىيەتنى بارلىق رەزىللىك، ئەخلاقسىزلىق ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە، ھەتتا بارلىق جىنايەتلەرگە مەسئۇل قىلىپ قويۇش بىر خىل مودىغا ئايلىنىپ قالدى. نۇرغۇن يازغۇچىلار رۇسسو* (Rousseau)، خولباخ ۋە دىدېرولارنىڭ «جەمئىيەت

* «ئىنسان ئەسلى ئاق كۆڭۈل ئىدى، ئۇنى جەمئىيەت بۇلغاپ بولدى»، دەيدۇ رۇسسو. «جەمئىيەت، خەلق ئۈچۈن بىر شەپقەتسىز ئۆگەي ئانا، — دەپ يازىدۇ خولباك، — ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن كىشىلەر بۇلاڭچىلىق قىلىشىدۇ، ئادەم ئۆلتۈرۈشىدۇ. —ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

ئادالەتسىزدۇر» دېگەن ئەيىبلىشىنى تەكرارلاپ، «بارلىق جىنايەتلەر جەمئىيەتنىڭ خاتالىقى ۋە گۇناھى» دەپ جار سېلىشماقتا.

«يوقسۇللار جىنايەتتىن باشقا يەنە قانداق ئۇسۇللار بىلەن يوقسۇللۇقتىن قۇتۇلغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، ئۇلار ئاشۇ يوقسۇللۇقنىڭ قۇربانلىرى» دەپ يازىدۇ ۋاللانتىنىڭ داڭلىق ئاقلىغۇچىسى بۇچنېر دوكتور. ھۆكۈمەتسىزلەرنى سوراق قىلىش جەريانىدا بۇنداق سەپسەتىلەرنى بىز كۆپ قېتىم ئاڭلىدۇق. باش سوتچى راۋاچولدىن، «سىنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈشۈڭ ئۆز ئەسەبىيلىكىڭنى قانائەتلەندۇرۇش ئۈچۈندۇر، ساڭا ئوخشاش ئۆز ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگۈچىلەردىن جەمئىيەت قانداق ئۈمىدلەرنى كۈتىدۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «ئەكسىچە مەن جەمئىيەتتىن ئۈمىد كۈتىمەن، مېنى بېقىش جەمئىيەتنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتى. بىر ئادەمنىڭ بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن قوللانغان ھەرقانداق ھەرىكەتلىرىدىن ئەجەبلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى جەمئىيەت ئۆز ئەزالىرىغا سەل قارايدۇ... مەن سىزگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، يۈز بەرگەن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى جەمئىيەتنىڭ سەۋەنلىكى! ئەمدىلا ئاخىرلاشقان بۇ ھادىسە ئىشچىلارنىڭ ئىجتىمائىي ھالىتىنىڭ مەھسۇلى، ئۇلار ئۆزلىرى يارىتىۋاتقان ئىجتىمائىي بايلىق ئىچىدە ئاچارچىلىقتىن ئۆلۈپ كەتمەكتە.»

جاۋابكار تىلغا ئالغان «بۇ ھادىسە» بىر يوقسۇل قېرىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بولۇپ، جاۋابكار بۇ جىنايى پاكىتنى ئېتىراپ قىلغان: «مەن قولۇم بىلەن ئۇنىڭ ئېغىزىنى ئېتىۋالدىم، لېكىن ئۇ تېز ئۆلمىدى. مەن قولياغلىقىمنى ئۇنىڭ ئېغىزىغا تىقتىم... شۇ ۋاقىتتىمۇ ئۇ يەنىلا جان تالىشىۋاتاتتى، مەن تىزىم بىلەن ئۇنىڭ

كۆكرىكىنى مەھكەم باستىم. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ ئۆلدى.» بۇ خىل قاتىللىق «ھادىسىسى» ئۆتۈپ كېتىپتۇ، راۋاچول قاتىللىق قىلىش ئارقىلىق بۇلاڭچىلىق قىلىش مەقسىتىگە يەتمەكچى، بۇ جىنايى جاۋابكارلىقنى ئۇ ئۇستىگە ئالماسلىقى كېرەك، ئۇنىڭ باي ۋە بەختلىك بولالمىغانلىقى جەمئىيەتنىڭ سەۋەنلىكى. بۇ ھۆكۈمەتسىز ئۇنسۇر ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغاندا ئۇنىڭ شېرىكلىرى تېخى ئۇيالماستىن قارشىلىق كۆرسىتىپ، «سوتچى بۇ ھۆكۈمنى خاتا چىقاردى، قاتىلنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش بۇرژۇئازىيە سىنىپىغىلا ئىجرا قىلىنىشى كېرەك» دەپ تۇرۇۋالغان. ۋاللانتىمۇ ئۆزىنىڭ جىنايەتلىرىنى جەمئىيەتكە ئارتىشنى ئۇنتۇپ قالمىغان. «سەن بىرقانچە قېتىم كېسىلدىڭ، شۇنداقمۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «شۇنداق، ئەپەندىم، بۇلارنىڭ ھەممىسى جەمئىيەتنىڭ سەۋەنلىكى» دەپ جاۋاب بەرگەن. «سەن دۇنيادا جىنايەت ۋە جىنايى خاراكتېردىكى ئىشلار مەۋجۇت ئەمەس، ھەرقانداق بىر ئىش مۇھىت تەسىرىنىڭ مەھسۇلى، جىنايەت بولسا ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ سەۋەنلىكى دەپ سۆزلەپ يۇردۇڭ، رۇسىيىلىك ھۆكۈمەتسىز ئۇستىدىن ئەرز قىلغاندىن كېيىن ئامېرىكىغا كەتتىڭ ھەم شۇ ئارقىلىق ئايالىڭدىن قۇتۇلدۇڭ. شۇنداقمۇ؟»، «شۇنداق، ئەپەندىم.»

ھۆكۈمەتسىزلەر ئۆزلىرىنى جەمئىيەتنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلىرى دېيىشىۋالغان بولۇپ، جەمئىيەتتىن بۇنىڭغا مەسئۇل بولۇشنى تەلەپ قىلىشىدۇ. ئەگەر بىر ھۆكۈمەتسىز ئىشچى ئۆزىنىڭ ھۇرۇنلۇقى ياكى تەكەببۇرلۇقى سەۋەبلىك خوجايىنىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ ئىشتىن بوشىتىلغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلاردىن ئاغرىنىپ، «خوجايىنىم زالىم، ئۇ يوقىتىلىشى كېرەك» دەپ جار سالىدۇ. يەنە بەزىبىر ئىشچىلار

ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجى قانائەتلەندۈرۈلمىگەچكە، جەمئىيەتنى تەڭ تەقسىم قىلمىدى دەپ تىللايدۇ. «جەمئىيەت مېنىڭ ياشىشىمنى كاپالەتلەندۈرۈشى كېرەك» دەيدۇ لېئوتېر (Leauthier)، «چۈنكى، ئۇ بۇنداق قىلالمايدۇ، شۇڭا مەن ئۇچرىغان بىرىنچى كاپىتالىستتىن ئۆچ ئېلىش قارارىغا كەلدىم.» لېئوتېر ئۇنىۋېرسىتېت دىپلومىغا ئىگە، لېكىن ئۇ بۇ ئارقىلىق جەمئىيەتتە كۆرۈنەرلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، ئۆزىنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنى قانائەتلەندۈرمەستىن، ئەكسىچە جەمئىيەتنى تىللىغان.

جەمئىيەتتە يۇقىرى ئورنى يوق، تۇرمۇشى كۆڭۈلسىز، ئىقتىدارسىز ھەم كەسىپتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان كىشىلەر ھەمىشە جەمئىيەتتىن ئاغرىنىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئەھۋالى ئۇلارنىڭ ھەرخىل ئېھتىياجىنى قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى دەۋرىدە، مارات* نىڭ 1789 - يىلىدىن ئاۋۋال شۇقەدەر ئاچچىقلىنىپ يۈرۈشىنىڭ سەۋەبى ناھايىتى زور دەرىجىدە باشقىلارنى ئالدىشىدىن بولغانىكەن. بىر كۈنى، پەنلەر ئاكادېمىيىسى ماراتنىڭ ئاتالمىش نۇرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى بايقىغانلىقىنى بېكىتىپ بېرىشنى رەت قىلغاندا، مارات شۇنىڭ بىلەن زوراۋانلىق ۋاستىسى ئارقىلىق ئۆچ ئېلىش نىيىتىگە كەلگەن. بەزىلەر: «سىز ھامان بىر كۈنى مۇشۇ

* مارات (1743 — 1793) 18 - ئەسىردىكى فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ مەشھۇر پائالىيەتچىسى، سىياسىي مۇلاھىزىچى، ئالىم، ئەسلى مېدىتسىنا ئالىمى ۋە فىزىكا ئالىمى ئىدى. 1774 - يىلى، «قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ زەنجىرى» ناملىق كىتابىنى نەشر قىلىپ، پادىشاھلىق تۈزۈمىنى سۆكۈپ، قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ۋە ھەربىي دىكتاتورا ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. 1789 - يىلى ئىنقىلاب پارتلىغاندىن كېيىن «خەلق دوستى» دېگەن گېزىتنى نەشر قىلىپ ئوردىدىكى ئەكسىيەتچىل سۇيىقەستنى ۋە فىيان پارتىيىسىنىڭ مۇرەسسەچىلىك، ئاسىيلىق قىلمىشلىرىنى پاش قىلغان. 1792 - يىلى پارىژ كوممۇنىسى پارلامېنتىغا ئەزا بولۇپ سايلانغان. 1793 - يىلى خەلق قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ ۋە رەھبەرلىك قىلىپ، گىروندىچىلار ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ياكوبىنچىلار ھاكىمىيىتىنى تىكلىگەن. شۇ يىلى 7 - ئايدا ئەكسىيەتچىلەر تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن. — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

تالانتىڭىز بىلەن ئۆز مەقسىتىڭىزنى ئىشقا ئاشۇرالايسىز» دەپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگەندە، مارات چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقان ھالدا مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ مەقسىتىم! پۈتكۈل ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە بىر بومبا قويۇپ ئۇنى پارتلىتىش!»

ئۆزىدىن ئۆچ ئېلىش ئۇچۇن، ئۇ پلاتون ئېقىمىنى ھەددىدىن ئارتۇق كەمسىتكەن، كېيىنچە، پلاتون ئېقىمى ئاقسۆڭەكلەر ھۆكۈمرانلىقىنى پەيدا قىلىدىغان پارنىڭ دەپ سۆزلەپ يۈرگەن. باشقا ھۆكۈمەتسىزلەرمۇ جەمئىيەتتىكى باراۋەرسىزلىكنىڭ كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكتىكى پەرق، ئەخلاق سەۋىيىسىدىكى ئېگىز - پەسلىك ۋە ئەقىلدىكى تەكشىسىزلىك قاتارلىق كۆپ خىل ئامىللار تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغاندەك ئوبيېكتىپ رېئاللىققا سەل قاراپ، ئەكسىچە بايلىقتىكى باراۋەرسىزلىكنى پۈتۈنلەي جەمئىيەت كەلتۈرۈپ چىقارغان دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، جەمئىيەت ئەمەس، بەلكى تەبىئەت كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى سالامەتلىك، ئەقىل ۋە ئىرادە قاتارلىق كۆپ جەھەتلەردىكى پەرقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، بۇنىڭدىن كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىگىلىگەن بايلىقنىڭ ئاز - كۆپلۈك پەرقى كېلىپ چىققان.

ئاشۇ ھۆكۈمەتسىز ئۇنسۇرلارنىڭ جەمئىيەتكە ھەددىدىن ئارتۇق ئۆچمەنلىك قىلىشىنىڭ تۈپ سەۋەبى يوقسۇللۇق بولماستىن، بەلكى «ھاياتلىقنىڭ ئەڭ ئالىي مەقسىتى ھۇزۇر - ھالاۋەت ۋە بەخت. جەمئىيەت چوقۇم بىزنىڭ ھۇزۇر - ھالاۋەت ۋە بەختىمىزگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك» دەپ قارىغانلىقىدا. 1789 - يىلىدىن ئاۋۋال، سىياسىئونلار «پۇقرالارنىڭ پەقەت مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيىتىلا بار، ھوقۇق ئىمتىيازى يوق، باقىي دۇنيادىكى ھۇزۇر - ھالاۋەت ۋە بەخت بۇ ئازاب - ئوقۇبەت

ئىچىدە ياشاۋاتقان ئەرۋاھلارنىڭ مەست قىلىش دورىسىدۇر، ئالاھىدە ئىمتىيازلىقلار قاتلىمى پانىي دۇنيادىكى بارلىق ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ۋە بەختنى يەتكۈچە بەھرىمەن بولۇشى كېرەك» دەپ قاراپ كەلگەنىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، دېموكراتىزمچىلار باشقا بىر ئەسەبىيلىككە قاراپ ماڭدى. ئۇلار پۇقرالارنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىگە سەل قاراپ، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ ھوقۇق ـ ئىمتىيازىنى تەكىتلەشتى. شۈبھىسىزكى، دېموكراتىزمچىلار پۇقرالارنىڭ ھازىرقى ياشاش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىشنى، ئۇلارنىڭ نەزىرى ۋە ئۈمىدىنى باقىي دۇنيادىن رېئال تۇرمۇشقا قايتۇرۇپ كېلىشنى ئۈمىد قىلاتتى. بۇنداق تەشەببۇسلار پۈتۈنلەي توغرا ئىدى. خىرىستىيان دىنىمۇ بەخت ۋە ئۈمىدنى باقىي دۇنياغا باغلاپ قويۇشنى تەشەببۇس قىلمايدۇ. خىرىستىيان دىنىنىڭ قارىشىچە: «ئاۋۋال تەڭرى ۋە ئادالەتكە ئىنتىلىش ۋە ئۇنىڭغا چوقۇنۇش كېرەك، شۇندىلا باشقا نەرسىلەرنى، يەنى بەختنى تەڭرىم ساڭا تەبىئىيلا ئاتا قىلىدۇ.» ئاشۇ پەقەت ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ۋە پايدا ـ مەنپەئەتنىلا كۆزلەيدىغان بايلارنىڭ ئىشچىلار ۋە دېھقانلارنى تۇرمۇشنى ئۆزگەرتىش، ئۇلارنى ياخشىراق كۈن كەچۈرۈشنى تەلەپ قىلدۇرۇش خىيالى ئۇلارنىڭ نەپسانىيەتچىلىكىگە زىت بولۇپ، بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۇلارنىڭ يۈزىنى تۆكىدۇ. بايلار ھەمىشە پۇقرالاردىن بارلىق ھوقۇق ـ ئىمتىيازىدىن ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلىشىدۇ. پۇقرالاردىن بارلىق ئۈمىدىنى پەقەت باقىي دۇنياغا باغلاشنى، ياۋاش ـ يۇمشاقلىق بىلەن رېئاللىقتىكى ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە كۆنۈشنى، پانىي دۇنيادىكى گۈزەل تۇرمۇشنى قوغلاشماسلىقنى تەلەپ قىلىشىدۇ، بۇ خىل ئىدىيە ئەخمىقانىلىق ۋە بىمەنىلىكتۇر. بەخت ۋە ھۇزۇر ـ ھالاۋەتنى قوغلىشىشنى ھاياتلىقنىڭ بىردىنبىر نىشانى قىلىش، پەقەت باي بولغاندىلا

بەختلىك بولغىلى بولىدۇ دەپ تەشەببۇس قىلىش، رېئال تۇرمۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، جەننەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا سەل قاراش قاتارلىق تەلىم - تەربىيىلەرنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن خەتەرلىكتۇر. شۈبھىسىزكى، ئۆزىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ۋە ئىقتىسادچىللىقى ئارقىلىق بەخت ۋە ھۇزۇر - ھالاۋەتكە يېتىش تەۋرەنمەس ھەقىقەتتۇر. لېكىن، ئىشچىلار سىنىپىغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىر تەرەپلىمىلىك بىلەن خۇشاللىق ۋە بەختنى تەكىتلەپ، باشقا ئۆتەشكە تېگىشلىك مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەت، ئەخلاق قاتارلىقلارغا سەل قاراش ئۇلارنىڭ تۈگىمەس - پۈتمەس ئاچ كۆزلۈكىنى ۋە بايلارغا بولغان چەكسىز ئۆچمەنلىك كەيپىياتىنى قوزغاپ قويىدۇ، بۇنىڭ جىنايەتتىن ھېچ پەرقى يوق. «يوقىرالارغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، يوقسۇللۇق ئۈمىدسىزلىكتۇر.»* «قاق سەنەملىك ئۆلۈم دېمەكتۇر» دېگەندەك تەلىملەر ئۇلارنىڭ ئۆچمەنلىك ۋە قارشىلىقىش كەيپىياتىنى قوزغايدۇ - دە، ئۇلار ئۆزلىرىنى بۇنداق ئۈمىدسىزلىك ۋە ئۆلۈمدىن ھەمدە شۇنىڭغا مەھكەم باغلانغان ئار - نومۇس ئىچىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، كىشىلىك دۇنياسىنىڭ ھەرقانداق قانۇنلىرىغا پەرۋا قىلماستىن، ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن قەتئىينەزەر بايلىقنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا باشلايدۇ. خرىستىئان دىنى بولسا يوقسۇللارنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتىگە ئاجايىپ مەدھىيە ئوقۇيدۇ.** ھەم ئۇلارنى تەڭرىنىڭ ئەڭ ئامراق دوستى دەپ تەرىپلەيدۇ. بۇ ئارقىلىق يوقسۇللارنى ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكۈر - قانائەت قىلىشقا، ئىتائەتمەن، سەۋر - تاقەتلىك ۋە ئېغىر - بېسىق بولۇشقا

* دارۋىن «يوقسۇللۇق ئۈمىدسىزلىكتۇر» دېگەنىكەن. — ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

** بوسسۇئىتنىڭ ئەڭ مەشھۇر ھېكمەتلىك سۆزى «يوقسۇللۇق ئالىيجانابلىقتۇر». —ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

دەۋەت قىلىدۇ.

كىشىلەرنى بەخت ۋە ھۇزۇر ـ ھالاۋەتكىلا دەۋەت قىلىش ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنىڭ يوقىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. نېمە ئۈچۈن ھۆكۈمەتسىزلەر ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدۇ؟ چۈنكى ئۇلارنىڭ قارىشىچە: «دۆلەت ئاشۇ بايلارغا، ئاشۇ بەخت ۋە خۇشاللىقتىن بەھرىمەن بولۇۋاتقۇچىلارغا مەنسۇپ.» ئاشۇ جاپا ـ مۇشەققەت ۋە قىيىنچىلىقلارنى باشتىن كەچۈرمەي تۇرۇپمۇ قالتىس نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ دەپ قارىغۇچىلار، پانىي دۇنيادا دۇچار بولغان ئازاب ـ ئوقۇبەت ھېسابىغا باقىي دۇنيادا بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىدۇ دەپ تونۇمايدىغانلار، قولىدىن چىقىپ كەتكەن بەختنى ھەر ئاماللارنى قىلىپ قوغلايدىغانلار (بۇ دۇنيادا بايلارغا نىسبەتەنمۇ جەننەت مەۋجۇت ئەمەس) نىڭ ھەممىسىدە بىر خىل جەمئىيەت تەرىپىدىن ئالدانغاندەك كۆچلۈك سېزىم بار بولغاچقا، بۇنداق ئادەملەر ھەمىشە جەمئىيەتكە ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدۇ. بۇنداق ئادەملەر ھەمىشە ئۆزى — بىر ئادەمنىڭ — بىر ئائىلىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتىنى دەپ خەلقئالەمنىڭ لەنەت ـ نەپرىتىگە قارىمايدۇ. ئۇلار جەمئىيەتتىن بارلىق نەرسىنى تۆلەپ بېرىشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلىشىدۇ. مەيلى ئىتالىيە، فرانسىيە، ئىسپانىيە، مەيلى دۇنيانىڭ ھەرقانداق بىر جايىدا بولسۇن، ھۆكۈمەتسىزلەر، ئىنتېرناتسىئونالىزمچىلار ۋە كوللېكتىۋىزمچىلارنىڭ نىشانى بىردەك، ئۇ بولسىمۇ بايلىق، بەخت ۋە شاد ـ خۇراملىقنى بۆلۈشۈۋېلىشنى ھوقۇقىمىز دەپ قاراشتۇر. 1878 ـ يىلى ئاۋغۇستتا ئېلان قىلىنغان لا. پويىللي (La . Pouille) تەييارلىغان ھۆكۈمەتسىزلىك خىتابنامىسىدە مۇنداق بىر ئابزاس بار: «ئىنسانىيەتنى بەختكە ئېرىشتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ نىشان چوقۇم

ئەمەلگە ئاشىدۇ. . . مۇھەببەت خىلمۇخىل كونا تۈزۈملەرنىڭ رامكا - كىشەنلىرىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ ھەقىقىي ئەركىن مۇھەببەتكە ئايلىنىدۇ.» 1873 - يىلى، ئىسپانىيە ئىنتېرناتسىئونالىزمچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ نىشانىنىڭ ھەممە ئادەمنىڭ بەختىگە كاپالەتلىك قىلىش ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغانىدى. «ئەگەر بىزدە كۈچ كەمچىل بولسا، — دېيىشىدۇ ئۇلار، — مەقسىتىمىزگە يېتىش ئۈچۈن زىياپەت زاللىرىدا، نېفىت يىغىنلىرىنىڭ ئۇستەللىرىدە پەيدا بولىمىز، ئىمتىيازلىقلار قاتلىمىنىڭ يۈرىكىنى جىغىلدىتىدىغان قىساسكارلار ئورنىدىن دەس تۇردى، بۇ قىساسكارلار كونا دۇنيانى بۇزۇشقا ماھىر بولۇپلا قالماي، بەلكى ساغلام، ئادىل ۋە يۈكسەك بولغان يېڭى جەمئىيەت قۇرغۇسى، بىزنىڭ كۈچىمىز ئوت بىلەن شەمشەر، بىز ئوت ۋە شەمشەر ئارقىلىق ئۆزىمىزگە تەۋە بايلىق ۋە غۇرۇرنى قايتۇرۇۋالىمىز. پرولېتارىياتلار ئۆكۈنمەيدۇ.»

ئىنقىلابىي سوتسىيالىزم ۋە ھۆكۈمەتسىزلىك پەلسەپىسى ئاساسىغا قۇرۇلغان ماتېرىيالىزم نەزەرىيىسى كىشىنىڭ ھېسسىي ئارزۇسىنى، ئەيش - ئىشرەت پرىنسىپىنى كۈچەپ تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ راھەت كۆرۈش ئىستىكىنى ھەسسىلەپ كۈچەيتىۋېتىدۇ. «بىز شۇنداق ئۈمىد قىلىمىز، — دېيىشىدۇ خىيالىي سوتسىيالىزمچىلار، — ئادەم بېسىمغا ئۇچرىماسلىقى، جىنسىي ئىنتىلىشى توسقۇنلۇققا ئۇچرىماسلىقى كېرەك.»

ھەرقانداق ئادەمنىڭ ھېسسىي ئىنتىلىش ۋە تەلەپلىرىنى تەڭرى ئاتا قىلغان بولۇپ، تۇغۇلۇشىدىنلا بار بولىدۇ. نېمە ئۈچۈن ئۆز ئىستەكلىرىمىزنى بېسىپ، تەڭرى ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلغۇدەكمىز؟ ئادەم ئازادلىققا ئېرىشىشى، ئادەم تەبىئىتى تەبىئىي ھەم تولۇق راۋاجلىنىشى كېرەك. بارلىق ئەخلاق ساختا، چىرىگەن نەرسىلەردۇر. ئۈچ مىڭ يىلدىن بۇيان نۇرغۇن داھىيلار ئۆزىنى ئەخلاقى يۈكسەك ئەۋلىيا - پەيغەمبەر قىلىپ كۆرسىتىپ،

www.uyghurkitap.com

خىلمۇخىل سەپسەتە ۋە چېكىدىن ئاشقان دوگما ئەخلاق ئەقىدىلىرى بىلەن كىشى تەبىئىتىنى بوغۇپ كەلدى.

فورئېر* (Fourier) مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بەزى ئەخلاقشۇناسلار ئادەم تەبىئىتىدىكى ھاۋايى - ھەۋەسلەرنى ھاجەتسىز، نورمالسىزلىق دەپ قارىسا، بۇنىڭ سەۋەبى بۇ ئەخلاقشۇناسلار قېرىپ قاپتۇ، ئاياللارنى سۆيۈشكە، ئاياللارنىڭ مۇھەببىتىدىن ھۇزۇرلىنىشقا يارىمايدىغان بولۇپ قاپتۇ.»

بۇگۈنكى كۈندىمۇ نۇرغۇن ناتۇرالىزمچىلار ۋە گۇمانخور پەيلاسوپلار يۇكسەك نەزەرىيە سىستېمىسىنىڭ ئەخلاقچىللىقىنى ئىنكار قىلىپ مەنپەئەتپەرەسلىكنى مەدھىيىلەپ، راھەت كۆرۈش ھوقۇقىنى تەرغىب قىلماقتا. گېرمانىيە پەيلاسوپى ماكس. ستىرنېر (Max . Stirner) ۋە فرېدېرخ.

---

* چارلېس. فورئېر (1772 — 1837)، فرانسىيە خىيالىي سوتسىيالىزمچىسى، ئۇ كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىكى باراۋەرلىك، ئەركىنلىك ۋە مېھرىبانلىق شوئارىنىڭ ساختىلىقىنى پاش قىلىپ، كاپىتالىزمنى بىر خىل «شەخس بىلەن ھەممە، ھەممە بىلەن شەخس ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش» تۈزۈمى، بۇرژۇئا مەدەنىيىتى قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ تىرىلىشى دەپ قارايدۇ. — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

** فرېدېرخ. نىتزشې (1844 — 1900)، گېرمانىيىنىڭ ئىدېئالىستىك پەيلاسوپى، ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەركىن بۇرژۇئازىيىنى كونىلىقتا ئېيىبلىغۇچى، نەپسانىيەتچى «چاكىنىلار» دەپ تەنقىد قىلىدۇ. ئىدراكىزم، خرىستىئان دىنى ۋە گۇمانىزمنىڭ تەسىرىدىكى چۈشكۈنلەشكەن غەرب مەدەنىيىتىنى چوقۇم ئىنكار قىلىش كېرەك، «ھەممە قىممەتنى يېڭىۋاشتىن باھالاش»، يېڭى قىممەت بەرپا قىلىش كېرەك دەپ قارايدۇ. كۈرەشچانلىق روھى ۋە تۇرمۇشنى «مۇئەييەنلەشتۇرۇش» پوزىتسىيىسىنى تەشەببۇس قىلىپ، تەدرىجىي تەرەققىياتنى، يەنى ھوقۇق ئىرادىسىنىڭ ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىنى تەكىتلەش بىلەن بىللە ھاياتلىقنىڭ مەقسىتى ھوقۇقنى جارى قىلدۇرۇشتا، «ئۆزلۈكنىڭ كېڭەيمىچىلىكىدە» دەپ تونۇيدۇ، «خىسلەتلىك ئادەم» پەلسەپىسىنى كۆككە كۆتۈرۈپ، «خىسلەتلىك ئادەم» تارىخنىڭ ئىجادىيىتى، ئۇ ئاممىنى قۇل قىلىشقا ھوقۇقلۇق، ئادەتتىكى كىشىلەر «خىسلەتلىك ئادەم»نىڭ ئۆز ھوقۇقى، ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى قورالى دەپ قارايدۇ. ئۇ دېموكراتىزمغا، سوتسىيالىزمغا، ئاياللار ئازادلىقى ھەرىكىتىگە قارشى تۇرىدۇ. ئۇرۇشنى ئوچۇق - ئاشكارا مەدھىيىلەپ، «ئۇرۇشتا قۇربان بولۇش ساۋابلىق ئىش»، چۈنكى ئۇرۇش ئەخلاق دېمەكتۇر، دەيدۇ. سەنئەت ھوقۇق ئىرادىسىنىڭ بىر خىل ئىپادىلىنىش شەكلى، سەنئەتكار بولسا ئۆزلۈكنى يۇكسەك دەرىجىدە كېڭەيتىدىغان، ئۆزلۈكنى ئىپادىلەيدىغان كىشى دەپ تەشەببۇس قىلىدۇ. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «تراگېدىيىنىڭ مەيدانغا كېلىشى»، «زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ»، «ياخشىلىق ۋە رەزىللىكنىڭ ئۇ قىرغىقى»، «ئەخلاقنىڭ نەسەبنامىسى» قاتارلىقلار بار. — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

نىتزشى** (Frederick. Nictzche) لار ئۆزىنى «ئەخلاقسىز پەيلاسوپ» دەۋالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ نۇقتىئىنەزىرىچە، پەقەت ئەخمەق ۋە گالۋاڭلارلا ئەخلاق، مەجبۇرىيەت دېگەن نىمىلەرگە ئىشىنەرمىش. «ئەخلاق دېگەن نەرسىگە ئىشىنىشتىنمۇ ئۆتە ئەخمىقانىلىق بولمىسا كېرەك. . . ئەخلاقلىق دۆلەت ئەقلى يوق دۆلەتتۇر، بۇنداق دۆلەتلەر ھېچقانداق نەرسە ئىجاد قىلالمايدۇ، شۇڭا بۇنداق دۆلەتنىڭ يۈكسىلىشى مۇمكىن ئەمەس. كىشىلەر نەپسى ۋە ئەيش - ئىشرەتكە ئىنتىلگەن ۋاقىتتا، ئۇنىڭدا قىلچىلىكمۇ ئەخلاق ئەندىشىسى بولماسلىقى كېرەك. ئادەمنىڭ ئۆزىدىكى خىلمۇخىل ئىستەك، نەپس ۋە قىزغىنلىقلار بۇ گۈزەل قەلب گۈلىنى يېتىشتۈرىدىغان مۇنبەت تۇپراقتۇر.» ھازىرقى زامان تۇيغۇزمچى* پەيلاسوپلار خۇددى ئۆزلىرىنىڭ 18 - ئەسىردىكى پېشىۋالىرىغا ئوخشاش خۇشاللىققا ئىنتىلىشنى ھاياتلىقنىڭ بىردىنبىر مەقسىتى دەپ قاراپ، ئادەمنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى تىلغا ئېلىپمۇ قويمايدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئاتالمىش «راھەت كۆرۈش سەنئىتى» دۇر، ھۆكۈمەتسىزلەر بۇ خىل «راھەت كۆرۈش نەزەرىيىسى» نى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كۈچەپ تىرىشماقتا.

خىرىستىيان دىنى جاپانىڭ تېگى راھەت دەپ قاراپ، ئەيش - ئىشرەتنى تىزگىنلەشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ دەل بۇگۈنكى ئاشۇ راھەت كۆرۈش پرىنسىپىغا چوقۇنىدىغان پەيلاسوپلار ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان نەرسىدۇر. فورىئېر خىرىستىيان دىنىنى قاتتىق سۆكىدۇ، چۈنكى «بۇ دىنىي ئەقىدىلەر خۇشاللىق ھەممىدىن ئەلا دېگەن پرىنسىپ بىلەن تۈپتىن قارىمۇقارشى

* تۇيغۇزم (سېنسۇئالىزم) — بىلىشنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى ھېس - تۇيغۇ دەپ قارىغۇچى پەلسەپىۋى تەلىمات. — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئىدى.» سان . سىمون* (Saint . Simon) خرىستىئان دىنى ئەخلاقىنىڭ جاھىل، ئايرىمچىلىققا ئىگە مۇھەببەت قارىشىنى ۋە بۇزغىلى بولمايدىغان نىكاھ قارىشىنى تەنقىد قىلىدۇ. ھۆكۈمەتسىزلەرنىڭ قارىشىچە، خرىستىئان دىنى كىشىلەرگە نەپس ـ ئىستىكىنى تىزگىنلەش ئەقىدىسىنى قايتا ـ قايتا سىڭدۈرۈش ئارقىلىق ئەمگەكچى خەلقنى ئالداپ، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپىنىڭ مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

«ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققىياتى ئىنسانىيەتنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبىتىنى ئاۋۇتىدۇ، خالاس» دېگەن بۇ ئېتىقاد كىشىلەرنىڭ دىنغا بولغان ئۈچمەنلىكى ۋە ئەخلاققا بولغان كەمسىتىشىنى كۈچەيتىۋەتكەن.

م. رېنان (M. Renan) ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەندىغان بەزى يازغۇچىلار ئىنسانىيەت ئىدىيىسىدىكى خۇراپاتلىقنى يوقىتىش كېرەك، ئەخلاقىي بۇلغىنىش دىنىي ئېتىقادنىڭ بولماسلىقىدىن بولىدۇ دەپ قارايدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇشىچە، ئەخلاقىنىڭ بۇزۇلۇشى، ئەخلاقىنىڭ يوقىلىشى قاتارلىقلار ئەخلاق ئەسەبىيلىكى ۋە قارىغۇلارچە ئىشىنىشتىن كۆپ ياخشى ئىكەن. «ئۇ كۆپ ياخشى، — دەيدۇ م. رېنان، — كىشىنىڭ ئەخلاقى بۇزۇلسا بۇزۇلسۇنكى، ئەسەبىي بولمىسۇن، قارىغۇلارچە ئەگەشمىسۇن، چۇنكى ئاۋامنىڭ ئەخلاقى بۇزۇلۇشنىڭ زىيىنى ئانچە چوڭ ئەمەس، لېكىن بىر توپ ئەسەبىي تەلۋىلەر دۇنيانى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتەلەيدۇ، بۇ ئاللىقاچان ئەخمەقلىقتە ئۈچىغا چىققتى، مېنىڭ بۇ دۇنيانىڭ ھالاكىتىنى كۆرۈپ خۇشال بولغۇم يوق.»

---

* سان . سىمون (1760—1825)، فرانسىيە خىيالىي سوتسىيالىزمچىسى. — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئەخلاقنى كەمسىتىشنىڭ بىۋاسىتە ئاقىۋەتلىرىنىڭ بىرى شۇكى، ئۇ جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدا بىر «ئۆلىمالار قاتلىمى شەكىللەندۈرىدۇ، بۇ كىشىلەر پەقەت مۇۋەپپەقىيەت، ئەقىل-پاراسەت، شادلىق ۋە بەختكىلا كۆڭۈل بۆلىدۇ؛ تۇرمۇشنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ياشاۋاتقان يەنە بىر قاتلام كىشىلەر بولسا، تەخىرسىزلىك بىلەن ئۆزلىرىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشىشكە ئالدىراپ، بىۋاسىتە تاللاپ ئولتۇرماستىن بۇ دۇنيانى ئىگىلەش ۋە بويسۇندۇرۇش قارارىغا كېلىدۇ.»

يېقىندىن دۇنياغا كەلگەن بىر ئەۋلادلار ئەڭ شەپقەتسىز ھۆكۈمەتسىزلەردۇر، بۇ يېڭى بىر ئەۋلاد ھۆكۈمەتسىزلەر ھېچقانداق روھىي ئېتىقاد ياكى روھىي يۆلەنچۈك بولمىغان ئىجتىمائىي مۇھىت ئىچىدە چوڭ بولغانلار. بۇنداق بولغاندا، خىلمۇخىل ئېتىقادنىڭ بېسىمىغا ئۇچراپ تۇرىدىغان ئىنسان تېنىدىكى ھايۋانىي تەبىئىتى قىلچە دەخلىسىزلا قويۇپ بېرىلىدۇ-دە، تۇرمۇش ئۇچۇن كۈرەش، كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارنى يېيىشى، لايىقلاشقانلار ياشايدۇ دېگەندەك تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىلىرى ھۆكۈمەتسىزلەرگە تۈيدۈرماستىن تەسىر كۆرسىتىشكە باشلايدۇ. تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى ئادەم ھايۋاندۇر، ئادەم بىلەن ياۋايى ھايۋانلار ئوخشاش بىر تائىپە دەپ قارايدۇ، شۇ سەۋەبلىك كىشىلەر ھەرقانداق ئەخلاق ۋە ئادالەتكە سەل قاراپ، ھايۋانلارغا ئوخشاش ياشاش ئۇچۇن كۈرەش قىلىشقا باشلايدۇ، كۈرەشتە ئارزۇ-ئارمانلىرىنىڭ بەربات بولغاندىن باشقا* ھېچقانداق تەلەپلىرىڭىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ. بۇلارنى كۆرگىنىڭىزدە ھەيران بولماسسىز؟ كىشىلەر ئەمدى تەڭرىگە، روھقا، ئەخلاق ۋە مەجبۇرىيەت دېگەنلەرگە ئىشەنمەس بولدى، باقىي

* ھۆكۈمەتسىز ئۇنسۇر ۋاللانتىنىڭ نۇقتىسىنەزىرىچە، ھايۋانلارچە ئىستەك-تەلەپلەر ئۇ ئارمان قىلىدىغان بىردىنبىر يېڭى جەمئىيەت پرىنسىپى ئىكەن. — ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

دۇنياغا، جەننەتكە ئۈمىد باغلىماس بولدى. ئىشقىلىپ ئۇلار ئەمدى ھېچقانداق نەرسىگە ئىشەنمەستىن، تەخىرسىزلىك بىلەن ئۆز ئىستەك ـ تەلەپلىرىنى قاندۇرۇشماقتا، ھۆكۈمەتسىزلەر ئۆز ئارزۇ ـ تەلەپلىرىنىڭ شەرتسىز قاندۇرۇلۇشىنى تەلەپ قىلىشىدۇ، ئەگەر جەمئىيەت ئۇنداق قىلالمىسا، ئۇلار قىلچە ئىككىلەنمەستىن بۇ دۇنيانى ۋەيران قىلىشنى تەشەببۇس قىلىشىدۇ، ئۇلار بۇنى ئەقىللىي ھوقۇقىمىز دېيىشمەكتە. ۋاللانت «يولداشلار! بۇ قەبرىدىن باشلانغان ئاخىرقى نۇقتىغا كېلىڭلار! . . . ھەربىر ئادەم ئەڭ زور چەكتە ئۆز ئارزۇ ـ تەلەپلىرىنى قانائەتلەندۈرۈشى كېرەك، ئەگەر جەمئىيەت بۇنداق قىلىپ بېرەلمىسە، ئۇنداقتا بۇ جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئاساسى بولمايدۇ» دەپ جار سالماقتا. (Journal des Debats، 1894 ـ يىلى 6 ـ دېكابىر) .

ئەخلاقىي تەربىيە ئېلىپ بارالمىغان مائارىپ كىشىلەرگە ھەقىقىي ئەقىل ـ پاراسەتنى ئۆگىتەلمەيدۇ، كىشىلەرگە ئادالەت روھى ئاتا قىلالمايدۇ، ئەكسىچە كىشىنىڭ كەيپ ـ ساپا، ئاچ كۆزلۈك، تەكەببۇرلۇق ئىستىكىنى چوڭايتىۋېتىدۇ. پارىژ شەھەر مەمۇرىيىتىنىڭ بىر مەسلىھەتچىسى بىر ئاممىۋى يىغىلىشتا «ئىشچىلارغا كېرەكلىك بولغىنى خىزمەت، بولۇپمۇ ئوخشاش ئىدىيىدىكى كىشىلەردەكلا ئوخشاش خۇشاللىق ۋە ھۇزۇرلىنىشقا موھتاج» دېگەندە، ھۆكۈمەتسىز ئۇنسۇر ھېنري (Henry) رەددىيە بېرىپ مۇنداق دېگەن: «بىز ئالغان مائارىپ تەربىيىسى كاللىمىزنى ئېچىۋەتتى، بەزى كىشىلىرىمىز جەمئىيەت باشقا كىشىلەرگە بېرىۋاتقان بەخت ۋە خۇشاللىقتا مەنمۇ ئېرىشىۋاتامدىم، يوق، ئۆز ھوقۇق ـ مەنپەئەتلىرىمىزدىن بەھرىمەن بولۇۋاتامدىم، يوق دەپ ئۆز ـ ئۆزىدىن سوراشقا باشلىدى. ياشلار شۇنى چۈشىنىشكە

باشلىدىكى، ئۇلار ئالغان مائارىپ تەربىيىسى ئۇلارغا جەمئىيەتتىن ھېچنېمە ئېلىپ بېرەلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئېرىشكىنى ئىنتايىن ئاز، ھەتتا ھېچنېمىگىمۇ ئېرىشەلمەيۋاتىدۇ... ياشلارغا نىسبەتەن پۇرسەت دېگەنلەر مەۋجۇت ئەمەس، ئەمەلىيەتتىمۇ، بارلىق ئازاب - ئوقۇبەت چېكىۋاتقان كىشىلىرىمىزگە نىسبەتەنمۇ ھەم شۇنداق. پەقەت جەمئىيەتنى ئۆزۈل - كېسىل ئىسلاھ قىلىپ، يېپيېڭى جەمئىيەت بەرپا قىلغاندىلا، ئاندىن ھەربىر ئادەمنىڭ ئېھتىياجىنى قانائەتلەندۈرگىلى بولىدۇ (ھېچبولمىغاندا ئۇلار ئۆزلىرى شۇنداق دەپ قارايدۇ). يوقسۇللار ئەمدى قورساق تويغۇزۇش بىلەنلا قانائەتلەنمەس بولدى.... بۇ دەل ئىلگىرىكى بىر مەزگىلدە ياشلارنىڭ ئېنىق ئىجتىمائىي ئورنى يوق بولۇشى، تەقدىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنماي خىلمۇخىل ئىجتىمائىي يۈزلىنىشلەرگە دىققەت قىلىشىنىڭ سەۋەبى. بۇ خىل يۈزلىنىش تاكى ھالاك بولغۇچە ئۆزلۈكسىز كۈچىيىپ بارىدۇ.»

ئاشۇ ئەخلاقى يوقالغان كىشىلەر ئانچە خەتەرلىك ئەمەس، چۈنكى ئۇلار ئەسەبىي ئەمەس ھەم قارىغۇلارچە ئەگەشمەيدۇ دەپ قارىغۇچى پەيلاسوپلار شۇنى تونۇپ يېتىشى كېرەككى، ئەخلاقسىزلىق ئەسەبىيلىك ۋە قارىغۇلارچە ئەگىشىشنى چەتكە قاقمايدۇ. شۇبھىسىزكى، ئاشۇ چېركاۋلارغا بومبا تاشلىغۇچى كىشىلەر ئىبادەتتىن پاناھ ئىزدىگۈچى كىشىلەردىن كۆپ خەتەرلىك.

ئەڭ ئاخىرىدا، ئاشۇ خىلمۇخىل ئىلىم - پەن ئىختىرالىرىدىن قىن - قىنىغا پاتمايدىغان، بارلىقىنى ئىلىم - پەنگىلا بېغىشلىغان كىشىلەر ئىلىم - پەننىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ بەختىگە كاپالەتلىك قىلالمايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ خىلمۇخىل ئىلمىي ۋاسىتىلەرنىڭ ياردىمىدە خىلمۇخىل جىنايەتلەرنى سادىر

قىلىۋاتقانلىقىنى، ھەتتا پۈتكۈل جەمئىيەتنى ۋەيران قىلىش مۇمكىنچىلىكىنىڭ بارلىقىنى تېخى تولۇق تونۇپ يەتكىنى يوق. يېقىندا ۋاندوم سوتى بىر سابىق مەكتەپ مۇدىرىنى ئۈچ يىللىق قاماققا ھۆكۈم قىلدى، چۈنكى بۇ مەكتەپ مۇدىرى ھۆكۈمەتسىزلەرنى بومبا ياسايدىغان ئۇسكۇنىلەر بىلەن تەمىنلىگەن ھەمدە ئۇلارغا: «زوراۋانلىق ھەممە دېمەكتۇر، پارتلىتىش، خەنجەر ۋە تۆلۈقچە تاپانچا ياشىسۇن!» دېگەنىكەن. بۇ مەكتەپ مۇدىرى راۋاچول (ئۇ بىر ئوغرى ھەم قاتىل) نى قەلبىمدىكى خرىستوس دەپ بىلىدىكەن. پائۇل (Paul)، ئېلىسې. رېكلۇس (Elisee . Reclus) قا ئوخشاش ئىلىم - پەنگە ئېشىنىدىغان كىشىلەر ھۆكۈمەتسىزلەرنىڭ زوراۋانلىقلىرىنى ھەدەپ مەدھىيىلىمەكتە، ئەدەبىيات ساھەسىدىكى زاتلارمۇ ھۆكۈمەتسىزلەرنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە. ئېمىل. ھېنري (Emele . Henry) دەك ئىلىم - پەنگە قارىغۇلارچە ئېشىنىدىغان بويتاق ئاقسۆڭەكلەرنىڭمۇ پارىژ سانائەت پەنلىرى ئۇنىۋېرسال تېخنىكا مەكتىپىگە كىرىش سالاھىيىتى بار؛ سېباستىيېن. فورې (Sebastien . Faure) دەك كىشىلەرمۇ ئاللىبۇرۇن بارلىق كلاسسىك دەرسلەرنى تاماملاپ بولدى، ۋەھاكازالار. گ. دېۋېل (G . Develle) ئۆزىنىڭ «ئىجتىمائىي پەنلەر ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە» ناملىق كىتابىدا ئىنقىلابچىلاردىن «پايدىلانغىلى بولىدىغان بارلىق ئىلمىي ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ ۋەيران قىلىش» نى تەلەپ قىلغان. بىر مەخپىي خەتتە مونتېسكيو «ئىلىم - پەننىڭ يۈكسىلىشى» سەۋەبىدىن پەيدا بولغان ۋەھىمە توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئەمدى ياۋروپادا ئەمەس.» رېدى (Rhedi) ئىلگىرى ئۆسبېك (Usbeck) كە مۇنداق دېگەنىكەن: «لېكىن، مەن خېلى بۇرۇنلا

ئۆلىمالارنىڭ ئىلىم - پەن سەۋەبچى بولىۋاتقان زوراۋانلىــقلار توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. . . ئىختىــــيارسىــز پۈتلىرىم بوشىشىپ كەتتى، كىشىلەرنىڭ بەزىبىر مەخپىيەتلىكلەرنى بايقىۋېلىشىدىن، بۇ مەخپىيەتلىكلەرنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ھالاكىتىنى تېزلىتىپ، ئىنسانىيەت ۋە بارلىق دۆلەتلەرنىڭ ھالاك بولۇشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەۋاتىمەن.» («پارس مەكتۇپلىرى»).

مەن ھۆكۈمەتسىزلىكنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبلىرى توغرىسىدىكى ئانالىز ۋە تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغانمەن، مەن ھەمىــشە بەزى يازغۇچىلارنى ئۆز زىممىسىدىكى زور مەسئۇلىيەتنى چۈشىنىشكە دەۋەت قىلىپ كەلدىم. ئادەتتە نۇرغۇن يازغۇچىلار مەن دەۋاتقان بۇ زور مەسئۇلىيەتكە ئانچە ئېرەنشىپ كەتمەيدۇ، ئۇلار ئۆزلىــرى يازغان بۇ پرىنسىپ، تەلىمات، مەسلەكلەر كىشىلەرنىڭ ئىش - ھەرىكىتىگە ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمەيدۇ دەپ قارايدۇ، بۇ خېلىلا خاتا بولغان قاراشتۇر. يازغۇچىلار يازغان نەرسىلەر باشقىلارنىڭ سۆز - ھەرىكىتىگە، پۈتكۈل جەمئىيەتكە بىۋاســتە تەســر كۆرسىتىدۇ. مەن ئەزەلدىن «قالايمىقان ئالغ - ئىدىيىلەر ئەخلاق نۇقتىئىنەزىرىنىڭ قالايمىقانلىشىشىغا سەۋەب بولىــدۇ، ساختا، بىمەنە نەزەرىيىلەر ساناقسىز خاتا قىلمىشلارنى پەيدا قىلىــدۇ، سەپسەتىلەرنىڭ جەمئىيەتكە كەلتۈرىدىغان زىيىنى جىنايەتتىــنمۇ چوڭ» دەپ قاراپ كەلدىم. روسسونىڭ سىياسىي سەپسەتىلىرى جەمئىيەتكە غايەت زور زىيانلارنى ئېلىپ كەلدى، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ شۈبھىسىزكى، خاتا نەزەرىيىلەر، خاتا ھەرىكەتتىــن تېخىــمۇ قورقۇنچلۇق دېگەنىدى.

دەل نۇرغۇن يازغۇچىلار ھەممە جايدا مال - مۈلۈك، دىن، ھۆكۈمەت ۋە كاپىتال توغرىسىدا خاتا ئىدىيىۋى نەزەرىيىلەرنى تارقاتقاچقا، ھۆكۈمەتسىزلىك شەكىللىنەلىدى، ھۆكۈمەتسىــزلەر

مۇشۇ خاتا ئىدىيىۋى نەزەرىيىلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە خىلمۇخىل قورالللارنى قولىغا ئالالىدى. ساغلام بولمىغان ئىدىيىۋى نەزەرىيىلەر ۋەيران قىلىش كۈچى چەكسىز بولغان بومبىغا ئوخشايدۇ، يازغۇچىنىڭ بۇ خىل خاتا ئىدىيىۋى نەزەرىيىلەرنى تەشۋىق ـ تەرغىب قىلىشى ئۇنىڭ پىلىكىنى تارتقانغا ئوخشايدۇ. خاتا قىلمىشلار پەيدا بولۇشتىن ئاۋۋال ھەمىشە بىر خىل خاتا ئىدىيە، خاتا نەزەرىيە ئۇنىڭغا يول باشلاپ ماڭغان بولىدۇ، تەشۋىقات خىزمىتىنى شۇبھىسىزكى، ئۇنىڭ ئىدىيىۋى تەسىرىنى كېڭەيتىشنىڭ مۇھىم يولىدۇر. خاتا نەزەرىيىۋى ئىدىيىلەر جەمئىيەتتە، بولۇپمۇ ياشلار ئارىسىدا تارقىلىپلا قالسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلەپ بولغىلى بولمايدۇ. دەل ھۆكۈمەتسىزلىك ئىدىيىسى ھۆكۈمەتسىزلىك ھەرىكىتىنى پەيدا قىلدى، بۇ خىل ئىدىيىنى قوبۇل قىلغان خىلمۇخىل ئادەملەر، بولۇپمۇ ياشلار بۇ خىل ئىدىيىنى ئۆز ھەرىكىتىدە كۆرسىتىشكە ئالدىرىدى، ئاڭ ۋە ئىدىيىدىكى قالايمىقانچىلىق تەبىئىيلا ئەخلاقتىكى قالايمىقانچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، چۈنكى ھەرقانداق بىر جەمئىيەت بەلگىلىك ئاڭ ـ ئىدىيىنىڭ يېتەكلىشىدە ھەرىكەتلىنىدۇ. ئەگەر خىلمۇخىل ئىدىيىلەر ساغلام بولسا، پۈتكۈل جەمئىيەت مۇقىم ۋە تىنچ بولىدۇ، كىشىلەرنىڭ بىلىمى، ئەخلاق سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز يۈكسىلىپ بارىدۇ، ئەكسىچە بولغاندا، پۈتكۈل جەمئىيەت قالايمىقانلىشىپ، جىنايەت خۇددى ۋابا كېسىلىدەك تارقىلىشقا باشلايدۇ.

يېقىندا، ئېيىكىستىكى بىر سوراقتا، مەن بىر پارتلىتىش دورىسى ياساش دېلوسىنى سوراق قىلدىم. جىنايەتچى ئەمدىلا 33 ياشقا كىرگەن بىر ھۆكۈمەتسىز بولۇپ، 17 يېشىدىن باشلاپلا خىزمەتداشلىرى ئارىسىدا تىرىشچان، دۇرۇس، چىقىشقاق دەپ نام ئالغان. ئىش بېشىنىڭ ئۇنىڭغا قويغان بىردىنبىر ئەيىبى ماشىنا

ئىختىرالىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئامراق دەپ ئەيىبلىشىدۇر. بۇ خىزمەتتە تىرىشچان، كىشىلەر بىلەن چىقىشىپ ئۆتىدىغان، ئۆزىنى بېغىشلاش روھىغا باي مۇنەۋۋەر ئىشچى ھەر كۈنى پەقەت ئۈچ شىللىڭدىن ئىبارەت ئىنتايىن ئاز كىرىم بىلەن ئايالى، ئىككى بالىسى ۋە قېرىپ قالغان دادىسىنى باقىدىكەن. بۇ ۋاپادار ئوغۇل دادىسىنى ئۆز ئۆيىگە ئەكېلىۋالغانىكەن، كېيىن ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن بۇ جىنايەتچى ئائىلىسىدىكىلەرنى ئويلاپ ئىختىيارسىز يىغلاپ كەتتى. ئۇ ئۆزىگە خىزمەت بېرىلىشىنى ئۆتۈندى. ئۇ ئايالىغا ياردەملىشىپ، دادىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى نەقەدەر ئۈمىد قىلىدۇ ـ ھە! زادى نېمە كۈچ بۇ ئاق كۆڭۈل كىشىنى جىنايەتچى قىلىپ قويدى؟ ھۇرۇنلۇق، باشباشتاقلىق ياكى ئاچ كۆزلۈكمۇ؟ ياق، ئاشۇ خاتا نەزەرىيىلەر. كىشىلەر ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ھەممىلا يېرىگە ھۆكۈمەتسىزلىكنىڭ گېزىت ۋە تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى چېچىلىپ ياتقانلىقىنى كۆرۈشكەن، ئەسلىدە بۇ بىمەنە ھۆكۈمەتسىزلىك ئىدىيىلىرى بۇ كىشىنىڭ كاللىسىنى چىرماپ بولغانىدى.

خۇددى ئادەم تېنىگە زىيانلىق نۇرغۇن زەھەرلىك دورىلارنىڭ بولغىنىغا ئوخشاش، ئادەم روھىغىمۇ زىيانلىق نۇرغۇن زەھەرلىك دورىلار بار. بەزى تەلىماتلار ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق مەنىۋى زەھەرلەردۇر. بەزى ئىدىيىۋى نەزەرىيىلەر خۇددى پارتلىتىش بۇيۇمىغا ئوخشاش بولۇپ ئادەم قەلبىگە ئەڭ زەھەرخەندە ھېسسىياتلارنى توشقۇزۇپ، كىشىلەرنى بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا، ئىگىلىۋېلىشقا ۋە ۋەيران قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. سان جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئادەم قەلبى ۋە روھىغا زىيان قىلىدىغان نەرسىلەر ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى كۆپ. بەزى تەلىماتلار خۇددى ھىندىستان نەشىسىدەك كىشى ئىرادىسىنى سۇندۇرۇپ، نېرۋىسىنى

ئۆيۈشتۈرۈپ قويسا، يەنە بەزى ئىدىيە ۋە نەزەرىيىلەر خۇددى پارتلىتىش بۇيۇمىدەك، ئادەم قەلبىدە ئەڭ زەھەرخەندە ھېسسىياتلارنى پەيدا قىلىپ، كىشىنى بۇزۇشقا، ئىگىلىۋېلىشقا، ۋەيران قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. بەزى گېزىتلەر خۇددى ئېزىتقۇ دورىسىدەك، سەن ئۇنىڭغا تېگىپلا قالدىڭمۇ ئۇ سېنى ۋەيران قىلىدۇ، بەزى نوتۇقلار خۇددى لاپپىدە ئوت ئالىدىغان ئىسپىرتلاردەك ئادەم قەلبىنى ئۆچمەنلىككە توشقۇزۇپ، ئادەمنى شەپقەتسىز قىلىپ قويىدۇ، ئادەمنى سەرەڭگە ياقسىلا ئوت ئالىدىغان قۇرۇق ئوتۇنغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. مەيلى كىتابخانا، گېزىت يايمىسى، دەم ئېلىش سورۇنلىرى بولسۇن ياكى كوچا ـ كويلار بولسۇن ھەممىلا يەردە خىلمۇخىل مەنىۋى زەھەرلەر تولۇپ ياتىدۇ. دوكانلاردا سېتىلىۋاتقان ئىچىملىكلەرنىڭ مىقدارى كۆنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقانغا ئوخشاش، زەھەرلەرمۇ سېتىلىۋاتىدۇ — خۇددى ساناپ تۈگەتكۈسىز ساختا ئىچىملىكلەرنىڭ بولغىنىغا ئوخشاش، مەنىۋى زەھەرلەرنىمۇ قاچان ئاز بولۇپ باققان دەيسىز؟ بىچارە كىشىلەر، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن قوش زەربىگە ئۇچراپ تۇرۇۋاتىسىلەر. چۈشكۈنلەشكەن ئىدېئالىزمچىلار پۈتكۈل جەمئىيەتنى ئۇزۇل ـ كېسىل زەھەرلەپ بولدى.

بىز بەزى سەپسەتىلەرنىڭ ھۆكۈمەتسىز ئۇنسۇرلارنىڭ جىنايەتلىرى بىلەن بىۋاسىتە باغلىنىشى بارلىقىغا دىققەت قىلىۋاتقان ۋاقتىمىزدا، بەزىلەرنىڭ جىنايەتنىڭ ھېچقانداق پىكىر ياكى نەزەرىيە بىلەن باغلىنىشى بولمايدۇ دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئاجايىپ ھەيران قېلىۋاتىمەن. بەزىلەر گەپ ـ سۆزلەر ھېچقانداق خەۋپ شەكىللەندۈرەلمەيدۇ، ساپ ئىدىيىلەرنىڭ ھېچقانداق زىيىنى يوق دېيىشمەكتە. رېنان (Renan) ئەڭ ياخشى مەقسەتلەرگە ئىگە يازغۇچىلارنىڭ جەمئىيەتكە غايەت زور زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقى بىر رېئاللىق. جەمئىيەتنى ھۆكۈمەتسىزلىكنىڭ

تەھدىتىدىن ساقلاپ قېلىشتا، ئاممىۋى ئورۇنلارغىلا تايىنىش كۇپايە قىلمايدۇ. ئاۋۋال ئىدېئولوگىيە ساھەسىنى تەرتىپكە سېلىپ، ھەرخىل سەپسەتىلەر بىلەن ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتكەن ھالەتنى ئوڭشاش، ئاۋام ئارىسىدا ئىنىچلىق، دوستلۇق، مېھىر - مۇھەببەت ۋە ۋىجداننى تەشەببۇس قىلىش. ئىشچىلار سىنىپى دېمەك ھايۋانلار توپى دېمەكتۇر، ئۇلار ئۆز ئارزۇ - ئىستەكلىرىدىن باشقا ھېچقانداق قانۇننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ، دېگەن خاتا نۇقتىئىنەزەرلەرنى تەنقىد قىلىش كېرەك. ئىشقىلىپ، كىشىلەرنى ئۆز مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەتلىرىنى تونۇيدىغان قىلىپ تەربىيىلەش كېرەك. خىلمۇخىل زەھەرلىك ئىزم - مەسلەكلەر زور بىر تۈركۈم ھۆكۈمەتسىز ئۇنسۇرلارنى قوراللاندۇرۇپ بولدى، پەقەت دارغىلا تايىنىپ خىلمۇخىل ئىدىيە، سەپسەتىلەرنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىش مۇمكىن ئەمەس، پەقەت ھەققانىي، ساغلام بولغان ئىدىيە - نەزەرىيىلەر زەھەرلىك ئىدىيە - نەزەرىيىلەرنىڭ ئورنىنى ئالغاندىلا، پۈتكۈل جەمئىيەت ئاندىن يېڭىلىنىدۇ. ئېسىمىزدە بولسۇنكى، دار ھەرگىزمۇ ھەممىگە قادىر ئەڭگۈشتەر ئەمەس.

سىياسىي ھۆكۈمەتسىزلىك ئەخلاقىي ھۆكۈمەتسىزلىكنىڭ نەتىجىسى، ئەخلاقىي ھۆكۈمەتسىزلىك بولسا ئىدېئولوگىيىدىكى ھۆكۈمەتسىزلىكتىن پەيدا بولىدۇ. «بۇ جەمئىيەت بىر مەيدان زور سىياسىي ۋە ئەخلاقىي كىرىزىسنى باشتىن كەچۈرمەكتە، — دەيدۇ. ئاۋگۇست. كومتې* (Auguste . Comte) —— بۇ پەقەت نەتىجىسى. ھەقىقىي سەۋەبى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى ھۆكۈمەتسىزلىكتۇر.»

* كومتې (1798 ـ 1857) فرانسىيە پەيلاسوپى، دەلىلچىلىك (بىر خىل بۇرژۇئا ئىدېئالىستىك پەلسەپە ئېقىمى) ۋە جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ئاساسچىسى، «دەلىلچىلىك پەلسەپە دەرسلىكى»، «دەلىلچىلىك سىياسىي سىستېمىسى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغۇچىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاۋگۇست. كومتې دەلىلچىلىك (پوزىتىۋىزم) نىڭ غەلىبىسى ھۆكۈمەتسىزلىكنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ دەپ ئۈمىد قىلغان، كونا روھىي ئېتىقادلار پەقەت ئوتتۇرا ئەسىردىكى كىشىلەرگىلا رول ئوينايدۇ، ھازىرقى دېموكراتىزمغا ئەسلا ماس كەلمەيدۇ دەپ قارىغان. ئوبيېكتىپ رېئاللىق شۇكى، دېموكراتىزم ھەرقانداق روھىي ئېتىقادتىنمۇ بەكرەك كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ماس كېلىدۇ. لىبېراللىزملىق (تەرتىپسىزلىك، ئىنتىزامسىزلىق) ئىدىيىلەر ئىشچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنى ھۆكۈمەتسىزلەرگە ۋە ئىسيانچىلارنىڭ مۇرتلىرىغا ئايلاندۇرۇپ بولدى. جەمئىيەت چۈشكۈنلىشىپ بولدى، ئۇنى ساغلام رىلىسقا قايتۇرۇپ ئەكېلىش ئۈچۈن چوقۇم كىشىلەرگە يېڭى بىر ئەخلاق ئېتىقادى بېغىشلاش كېرەك. ھۆكۈمەتسىز ئۇنسۇر Rنى دار ئالدىغا ئېلىپ كەلگەندە، ئۇ پوپنى قوغلىۋېتىپ، «مەن تەڭرىگە ئىشەنمەيمەن، تەڭرىگە ئىشىنىدىغان بولسام بۇ جىنايەتلەرنى ھەرگىز سادىر قىلمايتتىم» دەپ ۋارقىرىغان. بىزنى بۇ كىرىزىستىن پەقەت خرىستىئان دىنىلا قۇتۇلدۇرۇپ قالالايدۇ. كىشىنى ئالدايدىغان خىلمۇخىل پەلسەپە، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي سىستېمىلار زامانىمىزنىڭ ئۆل تېشىغا بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلىۋاتقانىكەن، ئۇنداقتا ھەربىر ۋىجدانلىق گراژدانىنىڭ ئۆز ئىقتىدارىغا يارىشا بۇ ئۆل تاشنى قوغداش مەجبۇرىيىتى بار. قوغداشنى خالىمىغانلار خائىنلاردۇر، ئاق كۆڭۈل كىشىلەر رەزىل كىشىلەرگە چوقۇم قەتئىي قارشى تۇرۇشى كېرەك. ھەربىر سالاھىيەتلىك، بايلىقى بار كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ مەكتەپتىن، ئائىلىدىن ۋە ئۆز تەتقىقاتلىرىدىن ئېرىشكەن ئىدىيە، ئېتىقادلىرىدا چىڭ تۇرۇشى، ھەرگىزمۇ بىمەنە ئىدىيە، نەزەرىيىلەرنىڭ يامراپ كېتىشىگە يول قويماسلىقى كېرەك. قاتىللىق ۋە بۇلاڭ ـ تالاڭنىڭ سەۋەبكارى بولغان خاتا ئىدىيە، نەزەرىيىلەر بىلەن كارى بولماسلىق، ئۇنىڭغا ئېرەنشىمەسلىك قورقۇنچاقلىقتۇر، بىر ئۆيگە ئوت كەتسە، ئوتنى ئۆچۈرۈشكە

كۆرۈپ تۇرۇپ ياردەم بەرمىگەن كىشىلەر ئۇت ئاپىتىنىڭ ئاقىۋىتىگە مەسئۇل بولۇشى كېرەك. جەمئىيىتىمىز شۇنچە كۆپ نورمال كەسىپ بىلەن شۇغۇللانمايدىغان، لايغەزەل قۇلاقكەستىلەرنىڭ، شۇنچە كۆپ قۇتىرىغان تەلۋىلەرنىڭ، مۇتەپەككۇرلارنىڭ ۋە ئىنقىلابچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراۋاتىدۇ، ئەگەر ئاشۇ ئاق كۆڭۈل ۋە سەمىمىي كىشىلەرگە تايىنىپلا مۆتىدىل قايتۇرما زەربە بېرىمىز دېسەك، بۇ جەمئىيەتنى قانداقمۇ بۇ پىشىپ يېتىلىپ قالغان بوران - چاپقۇندىن ساقلاپ قالالايمىز؟

ئەگەر ئاشۇ نوپۇزلۇق زاتلىرىمىز ۋە مەرتىۋىلىك كىشىلىرىمىز ياخشى ئۈلگە تىكلەپ بېرەلىسە، ئۇنداقتا ئۇلار ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەرتىپلىرىنى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى ئائىلىسىنى قايتىدىن قۇرۇشقا تېخىمۇ زور تۆھپە قوشقان بولار ئىدى. يېقىندا ئىتالىيە ۋە فرانسىيىدە پەيدا بولغان پارلامېنت سەتچىلىكى ئىنقىلابىي سوتسىيالىزم ۋە ھۆكۈمەتسىزلىكنىڭ تېخىمۇ گۈللىنىشىگە سەۋەب بولدى. بۇ خىل يۈكسىلىش ئىنقىلابىي سوتسىيالىزم ۋە ھۆكۈمەتسىزلىكنىڭ ئىلگىرىكى يىگىرمە يىلدا قولغا كەلتۈرگەن يۈكسىلىشىدىنمۇ زور. بايلىقنى ناتوغرا ئۇسۇلدا قولغا كەلتۈرۈش ۋە قالايمىقان ئىشلىتىش يوقسۇللارنى تېخىمۇ غەزەپلەندۈرىدۇ، خالاس. ئاشۇ پارىخور خىيانەتچى سىياسىئونلار ۋە كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىدىن مەھرۇم بايلار ھۆكۈمەتسىزلىكنىڭ بىردىنلا گۈللىنىپ كېتىشىدە باش تارتىپ بولمايدىغان زور مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك .

# تۆتىنچى باب
# سىياسىي ئۆچمەنلىك

*ئىنسانىيەت ئۆچمەنلىكىنىڭ تۈرلىرى — ئۇرۇش ئەزەلدىن ئىنسانلارنىڭ نورمال پائالىيىتى بولۇپ كەلدى — ئۇرۇشنىڭ سەۋەبى — خەلقئارا مۇناسىۋەتتە زوراۋانلىق ھەقىقەتتۇر — كىشىلەر ھەمىشە يات نەرسىلەرگە ئۆچمەنلىك قىلىدۇ — ئىرقىي ئايرىمىچىلىق — سىياسىئونلار دۆلەتلەر ئارا ئۆچمەنلىك قىلىشقا كۈشكۈرتىدۇ — جۇمھۇرىيەتپەرۋەرلىك ۋە ئۇرۇش — سىنىپىي ئۇرۇش — پارتىيە - مەزھەپلەر ئۇرۇشى — سىياسىي زىيانكەشلىك — تارىختىكى سىنىپىي توقۇنۇشلار — زامانىمىزدىكى سىنىپلار ئارا ئۆچمەنلىك — مۆتىدىلپەرەسلەرنىڭ تەقدىرى — سىياسىي تۆھمەت — سىياسىي پارتىيىلەر ئارىسىدىكى ۋاقىتلىق يارىشىش — سىياسىي بۇزغۇنچىلىق — سىياسىي لۈكچەكلىك — سىياسىي غەليان — سىياسىي لۈكچەكلەرنىڭ سىياسىي زوراۋانلىقلىرى — سىياسىي ئۆچ ئېلىش — سىياسىي ئەكسىيەتچىلىك — سىياسىيغا سەل قاراش — سىياسىينىڭ شەپقەتسىزلىكى.*

«تەڭرى ئىنسانىيەت روھىنى ياراتقان چاغدا » دەيدۇ

بوسسۇت، «ئاۋۋال دوستانىلىقنى ئىنسان قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىگە سالغان، ئاندىن ئىنساننىڭ مىجەز - خاراكتېرىنى ياراتقان، بەرھەقكى، تەڭرى ئۆز قولى بىلەن بىز ئىنسانلارنىڭ شەكلىنى ياراتقانغا ئوخشاش، مېھرىبان قوللىرى بىلەن بىز ئىنسانلار قەلبىنى ياراتتى». ئىنسانلار قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا راستتىنلا دوستانىلىق بارمۇ؟ ئىنسانلار ئارىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان سان - ساناقسىز ۋە رەڭگارەڭ ئۆچمەنلىكلەرگە دىققەت قىلىۋاتقان كىشىلەر يۇقىرىقى قاراشنىڭ راستلىقىدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدى. ئىنسانلار ئارىسىدىكى دىنىي ئۆچمەنلىك دەمسىز، تېئولوگىيە (ئىلاھىيەت) جەھەتتىكى ئۆچمەنلىك دەمسىز، مىللىي ئۆچمەنلىك دەمسىز، ئىجتىمائىي ئۆچمەنلىك دەمسىز، ئاقسۆڭەكلەر بىلەن پۇقرالار، بايلار بىلەن كەمبەغەللەر ئارىسىدىكى ئۆچمەنلىك دەمسىز، ئىدىيە، ھېسسىيات ۋە تېرە رەڭگىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن كېلىپ چىققان ئىرقىي ئۆچمەنلىك دەمسىز، ئىشقىلىپ بۇ رەڭگارەڭ ئۆچمەنلىكلەرنى ھەقىقەتەنمۇ ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

بۆرىلەر ئۆزئارا قىرغىن قىلىشمايدۇ، لېكىن بىز ئىنسانلار ئۇنداق ئەمەس! ئىنسانلار دائىملا دىن، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ۋە مېھرىبانلىقنىڭ نامىدا ئۆزئارا قىرغىن قىلىشىدۇ، ئاشۇ ئەڭ مەشھۇر دىنىي پەلسەپۋى ئىدىيىلەر، دائىملا خاتا چۈشىنىپ قېلىنىش سەۋەبىدىنلا ئۆچمەنلىكنىڭ ئۇرۇقىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. پوپلار ھەممىشە زىنانى چەكلەشتەك دىنىي ئەقىدىنىڭ نامى بىلەن قېلىپتىن چىقىپ كەتكەن كىشىلەرنى ئوتتا كۆيدۈرىدۇ. دەل ئاشۇ ھۆرلۈكنى پاش قىلىدىغان دىنىي ئەقىدىلەرنىڭ نامى بىلەن نۇرغۇن مۇتەپەككۇرلار زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ، يەنە دەل مېھرىبانلىقنىڭ نىقابى ئاستىدا، نۇرغۇن خەير - ساخاۋەتچىلەر پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلىدۇ؛ بىدئەتلەر بولسا دىنىي ئەقىدىلەرگە ئاساسەن ئوتتا كۆيدۈرۈلىدۇ. ۋەتەنپەرۋەرلىك سەۋەبىدىنلا نۇرغۇن ئاياللار ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باللار پاجىئەلىك هالدا قىرغىن قىلىنىدۇ؛ نۇرغۇن ئاقسۆڭەك، پوپ ۋە ئىشچىلارمۇ ئوخشاشلا ئۆز قېرىنداشلىرى تەرىپىدىن قىرغىن قىلىنىدۇ. ھەرقانداق بىر تۈردىكى ھايۋان باشقا بىر تۈردىكى ھايۋاننى ئۆزىگە دۈشمەن دەپ بىلىدۇ، لېكىن ئىنسانلارنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى ئىنسانلار ئۆزىدۇر.

ئىنسانىيەت تارىخى شەكسىزكى، ئۈزلۈكسىز داۋاملاشقان ئۇرۇش تارىخىدىن ئىبارەت. تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى، ئىچكى ئۇرۇش، ئىرقىي ئۇرۇش، سىنىپىي ئۇرۇش قاتارلىقلار ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي مۇساپىسىگە ھەمراھ بولۇپ كەلدى. خاتىرىلىنىشىچە، يەتتە يىل، ئوتتۇز يىل، ھەتتا نەچچە يۈز يىل داۋاملاشقان ئۇرۇشلار بولغان. بۈيۈك ئىنقىلاب ئۇرۇشى ۋە بىرىنچى ئىمپېرىيە ئۇرۇشى يىگىرمە بەش يىلغا يېقىن داۋاملاشقان. سۈلھى شەرتنامىلەرنى مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇش، مەجبۇرىي تۆلەتتۈرىدىغان سېلىق ـ ئولپان ۋە تۆلەمنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن بەزى سودىگەر مىللەتلەر، مەسىلەن، كارتاگېلار، ۋېنىتسىيىلىكلەر، ئەنگلىيىلىكلەر نۇرغۇن قېتىم سودا ئۇرۇشى قوزغىغان. بەزى ئاچ كۆز مىللەتلەر تېررىتورىيىسىنى كېڭەيتىش مەقسىتىدە نۇرغۇن قېتىملاپ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىغان. بەزى مىللەتلەر ئۆز ئەتراپىدىكى مىللەتلەرنىڭ كۈنسايىن روناق تېپىۋاتقانلىقىنى كۆرسىلا ئىچى ئاداپ تۇرالماي، بۇ مىللەتلەرنىڭ كۈچىنى ئاجىزلىتىشنىلا ئويلايدۇ. كارتاگېلار رىم مىللىتى ئۈچۈن قۇدرەتلىك رەقىبكە ئايلانغان ۋاقىتتا، رىم مىللىتى چوقۇم كارتاگېلارنىڭ كۈچىنى خورىتىمىز دەپ جاكارلاشقان. 17 ـ ئەسىردە گوللاندىيە ئەنگلىيە بىلەن بەيگىگە چۈشەلىگۈدەك كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلانغان ۋاقىتتا، ئەنگلىيە دەررۇلا گوللاندىيىنىڭ كۈچىنى ئاجىزلىتىشقا كىرىشكەن. قوشنا دۆلەتلەرنىڭ كۈچىنى ئاجىزلىتىش ھەمدە قوشنا دۆلەتلەر ئارا نىزالاردا سودىيىلىك رولىنى ئۆتەش ئۈچۈن، ھۆكۈمرانلار دائىملا قوشنا دۆلەتلەرنى

جەڭگى ـ جېدەلگە سېلىپ قويۇشىدۇ. بەزى ھۆكۈمرانلار بولسا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى دۆلەت ئىچىدىكى قىيىن شارائىتتىن بۇراش ئۈچۈن ئۇرۇش ئىزدىشىدۇ.* رەقىبىنىڭ ئورنىنى ئېلىش ياكى ئۆزىنىڭ سىياسىي پروگراممىلىرىنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن بەزى سىياسىي پارتىيىلەرمۇ ھەدەپ ئۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىشىدۇ.

خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە يەنىلا زوراۋانلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە. بۈگۈنكى دەۋردە، بەزى دۆلەتلەر بەزى راست ـ يالغان ئارىلىشىپ كەتكەن چىرايلىق باھانىلەرنى تېپىپ (ئۇرۇش قوزغاپ) ئۆزلىرىدىكى ئۆچمەنلىك ۋە ئاچ كۆزلۈكنى يوشۇرماقتا. قەدىمدە، ھەرقايسى ئەل، ھەرقايسى مىللەتلەر زوراۋانلىق ھەقىقەتتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ دەپ ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق داۋراڭ سېلىشاتتى. مەسىلەن، مىلوس ئارىلىنىڭ ئاھالىلىرى ئافىنالىقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى رەت قىلغاندا، كۈچ ـ قۇدرەتلىك ئافىنالىقلار مىلوسلۇقلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىمىز بار دېيىشكەن. «بىز ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆز قۇدرىتىگە يارىشا ئۆزىنىڭ كۈچ ـ ھەيۋىسى ۋە ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى بەلگىلەشنى تەلەپ قىلىمىز...» دېيىشكەن ئافىنالىقلار، «بىز بىر ـ بىرىمىزنى ئىنتايىن چۈشىنىشىمىز، پۈتكۈل ئىنسانىيەتتە، ئىككى تەرەپ كۈچ جەھەتتە تەڭ كېلىپ قالغان ئەھۋالنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئادالەتنى تەلەپ قىلىش مەسىلىسى مەۋجۇت بولمايدۇ، بىزگە شۇ نەرسە بەكمۇ ئايانكى، كۈچ ـ قۇدرىتى زور مىللەتلەر ئۆزلىرى ئېرىشەلەيدىغانلىكى نەرسىلەرگە ئېرىشىشى، كۈچى ئاجىز مىللەتلەر

---

* چارلېز V فرانسىس I گە مۇنداق دېگەنىكەن: «بىز ئاسان ھاياجانلىنىدىغان، مەنمەنچى، جىم تۇرغۇسى كەلمەيدىغان بىر مىللەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتىمىز، ئەگەر ئۇلارنى خاتىرجەم باشقۇرىمىز ۋە ئۇلارنىڭ سوقۇشقاق چۈس مىجەزىدىن پايدىلىنىمىز دەيدىكەنمىز پات ـ پات ئۇرۇش قوزغاپ تۇرۇشىمىز كېرەك، بولمىسا بىز ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بۇ خەلق بىزگە قارشى ئۇرۇش قوزغايدۇ، بۇ ئۆزىمىز قوزغىغان ئۇرۇشتىنمۇ خەتەرلىك.
—(Bayle, 《Dictionnaire》, Charles—Quint) ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

ئېرىشكەن ھوقۇق - مەنپەئەتىمۇ ئۆزلىرىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىگە ماس كېلىشى كېرەك. . . تەبىئىي ئېھتىياج تۈپەيلىدىن بولسا كېرەك، ئىنسانلار تەقدىرىگە كۈچلۈك مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشى پۈتۈلگەن.»

يۇناندىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدىكى جەڭگى - جېدەللەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئافىنا (Afhenae) لىقلار، تېبېس (Thebes) لىقلار، ئىئونىيە (Ionia) لىكلەر، دورىي (Dorieis) لار، مېسسىنا (Messina) لىقلار، ئېتونىيىلىكلەر، كورىنس (Korinthou) لار ئارىسىدىكى توقۇنۇشلار دائىملىق ئىش ئىدى، بىر تەرەپتىن ئەمدىلا ۋاقىتلىق كېلىشىم ئىمزالانسا، يەنە بىر تەرەپتىن پۇرسەت ئۆزىگە پايدىلىق بولسىلا بۇ كېلىشىملەر يىرتىپ تاشلىناتتى، يېڭىۋاشتىن ئۇرۇش باشلىنىپ، بىر - بىرىنىڭ شەھەر - قەلئەلىرىگە ھۇجۇم قىلىشىپ، ئوت قويۇپ، ئادەم ئۆلتۈرۈشەتتى، ئاجىز مىللەتلەر كۈچلۈك مىللەتلەرنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرالمىغاچقا، ئۆزلىرىنى قۇدرەتلىك مىللەتلەرنىڭ ھىمايىسى ئاستىغا ئالاتتى، قۇدرەتلىك مىللەتلەر ئۆز ھىمايىسى ئاستىغا ئالغان ئاجىز مىللەتلەرنى يەتكۈچە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلاتتى. ئافىنالىقلار ۋە سپارتالىقلار ئۆز ھىمايىسى ئاستىدىكى مىللەتلەردىن يۇقىرى ئولپان ئالاتتى.

ئىنسانلار ئۆزىگە يات نەرسىلەردىن بىزار بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان نەرسىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاق تەنلىكلەر نېگىرلارغا ئۆچ، نېگىرلارمۇ ئاق تەنلىكلەرگە ئۆچ؛ شىمالىي ئامېرىكا ئاق تەنلىكلىرى ئىندىئانلارغا زىيانكەشلىك قىلىش بىلەن بىللە نېگىرلارنىمۇ كۆزگە ئىلمايدۇ. ئەقلىيلىق — ھەممىدىن ئاۋۋال خرىستىئان دىنىنىڭ ئەقلىيلىقى كىشىلەر ئارىسىدا مېھرىبان بولۇش توغرىسىدا تەربىيە بېرىدۇ. بىراق، ئىرق، كىلىمات، ئېتىقاد، تېرە رەڭگىنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبلىك، ئىنسانلارنىڭ «بىز ھەممىمىز بىر ئائىلىنىڭ ئەزاسى»

دەپ قارىمىقى ناھايىتى قىيىن، يۇنانلىقلارنىڭ نەزىرىدە، چەت ئەللىكلەرنىڭ ھەممىسى بەدەۋىيلەر ئىدى. ئىمپېراتور ئالېكساندىر ماكىدونسكىيغا چەت ئەللىكلەرگە ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەرگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىش تەكلىپىنى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئارىستوتېل بەرگەن دېسە ئىشىنەمسىز! بۇ ھەقىقەتەن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئەلۋەتتە، ئىمپېراتور ماكىدونسكىي بۇنداق تەكلىپنى قوبۇل قىلغۇدەك ئەخمەقلىققە بېرىپ يەتمىگەن. قەدىمكى مىللەتلەر ئارىسىدا خەلقئارا قانۇن دېگەن ئۇقۇم مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. چەت ئەللىك دېگەنلىك ھېچقانداق ھوقۇقى يوق ئادەم دېگەنلىك ئىدى. شەرقتە، چەت ئەللىكلەر يىرگىنچلىك - مەينەت تائىپە دەپ قارىلاتتى.

بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئوخشىمىغان ئىرقلار ئارىسىدا يەنىلا ئۆچمەنلىك ۋە كەمسىتىش مەۋجۇت. 1870 - يىلىدىكى پرۇسسىيە - فرانسىيە ئۇرۇشى گېرمان مىللىتىنىڭ فرانسۇز مىللىتىنى ئىنتايىن ئۆچ كۆرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئۇلار قىساس ئېلىشقا، بۇلاپ - تالاشقا مەپتۇن بولۇپ كەتكەن. 1887 - يىلى بىر پرۇسسىيە سوتچىسى بېرلىندا ئۆلدى، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ دۆلەتلىك ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ بىر مۇئاۋىن مىنىستىرى ئىدى. ئۇنىڭ پرۇسسىيە - فرانسىيە ئۇرۇشى مەزگىلىدە يازغان خەت - چەكلىرى يېقىندا نەشر قىلىندى. ئۇنىڭ يازغان خەتلىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئۇ گېرمانىيە قوشۇنلىرىنىڭ فرانسىيە زېمىنىدا قىلغان خىلمۇخىل بۇزغۇنچىلىق، قىرغىنچىلىق ۋە زوراۋانلىقلىرىدىن قىن - قىنىغا سىغماي قېلىشى ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدە فرانسۇز مىللىتىگە ئىنتايىن چوڭقۇر ئۆچمەنلىكنىڭ بارلىقىدىن بولغان. بىز ھازىر تېخى ئىنتېرناتسىئونالىزملىق دوستلۇق ۋە ئىرقىي ئىتتىپاقلىقتىن مۇتلەق ئېغىز ئاچالمايمىز، مۇشۇ خىل خاتا سىياسەتلەر تۈپەيلى، سىياسىئونلار فرانسىيە، گېرمانىيە

ئوتتۇرىسىغا چوڭقۇر ئۆچمەنلىك ئۇرۇقىنى چاچقان.

بەزى سىياسىئونلار دۆلەت، مىللەتلەر ئارىسىدا پەيدا بولغان ئۆچمەنلىك كەيپىياتلىرىنى تىنچلاندۇرۇشقا كۆچ چىقارماستىن، ئوت ئۈستىگە ياغ چاچىدۇ ـ دە، ئەسلىدىنلا ئالدىنى ئالغىلى بولىدىغان ئۇرۇشنىڭ پارتلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. بەزى ئاچ كۆز پادىشاھ ۋە ۋەزىرلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە، نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەر ئامالسىز قالىمىغان شارائىتتىمۇ ئۇرۇشقا مۇراجىئەت قىلىپ خەلقنى ناھايىتى ئېغىر ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە دۇچار قىلماقتا. نۇرغۇنلىغان ئۇرۇشلار خۇددى فرېدېرىخ Ⅱ ( Frederick Ⅱ ) ئۆزى پرۇسسىيە، ئاۋستىرىيە، ساكسونىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشقا باھا بەرگەندەك: «مەلۇم دەرىجىدىن شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ ئۇرۇشتا ئورۇنسىز قان تۆكۈلدى. . . پرۇسسىيە، ئاۋستىرىيە، ساكسونىيە ناھايىتى زور ئىرادە بىلەن ئېلىپ بارغان بۇ ئۆچمەنلىك ئۇرۇشىدىن زادى قانچىلىك نەپكە ئېرىشتى؟ ئىككى تەرەپنىڭ نۇرغۇنلىغان رايونلىرى ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ، تۈمەنمىڭلىغان ياللانما قوشۇن پاجىئەلىك قىرغىن قىلىنغاندىن باشقا، ئۇرۇش بۇ دۆلەتلەرگە ھېچقانداق پايدا ئېلىپ كەلمىدى. يەنە كېلىپ نۇرغۇن ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بۇ ئۇرۇش توقۇنۇشىنى پەيدا قىلغۇچى كىشىلەرگىمۇ قىلچە نەپ ئېلىپ كەلمىدى. . . «ياۋروپا» دەيدۇ فرېدېرىخ Ⅱ تولۇقلاپ، «ھەقىقەتەنمۇ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق خوراز سوقۇشتۇرۇش مەيدانىغا ئايلىنىپ قالغانىدى.» تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدا، قانلىق رىقابەتلەر ھەممىلا جايدا مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. كىشىلەر بەلكىم پادىشاھلار ئۇرۇش ئارقىلىق يەر شارىدىكى نوپۇسنى ئازايتماقچى ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن. مۇبادا كىشىلەر غايەت زور ئۇرۇش چىقىمىنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرسىلا، يەنە ئاشۇ بىر ـ ئىككى مۇھىم بازا، بىر پارچە زېمىننى ياكى تېررىتورىيىنى كېڭەيتىشنى ئۇرۇشنىڭ پايدىسى دەپ بىلەرمۇ؟ ئەجەبا بۇ غايەت زور ئۇرۇش چىقىمى سەۋەبىدىن ئېغىرلاپ

كەتكەن باج ـ سېلىقلار كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن چىقىپ قالغاندىمۇ؟ كىشىلەر ئەجەبا بۇ ئۇرۇش ئولجىلىرىنىڭ تۈمەنمىڭلىغان كىشىلەرنىڭ ئىسسىق قېنى بەدىلىگە كەلگەنلىكىنى ئۇنتۇپ كېتەلەرمۇ؟*

هازىرقى ئۇرۇشلار ئىلگىرىكىدەك ئۇنچە ئۇزاق داۋاملاشماس بولدى. گەرچە هازىرقى ئۇرۇشلار بىرقانچە ئايدىلا ئاخىرلىشىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق بۇ ئۇرۇشلارنىڭ بىرقانچە كۈن ئىچىدە كەلتۈرگەن تالاپىتى ئىلگىرىكى ئۇرۇشلارنىڭ بىرقانچە يىل ئىچىدە پەيدا قىلغان تالاپىتىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان بولدى. چۈنكى، پۈتكۈل مىللەتلەر بۇ ئۇرۇش قايىنىمىغا كىرىپ كېتىۋاتىدۇ.

جۇمهۇرىيەت پادىشاهلىق دۆلەتلەرنىڭ ئەكسىچە ئۇرۇشخۇمار ئەمەستەك قىلىدۇ. بىراق، مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئۇرۇش پادىشاهلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنىڭ ئورنىنى ئالماقتا. قەدىمكى جۇمهۇرىيەتلەر، شۇنداقلا ئىتالىيىدىكى جۇمهۇرىيەتلەرنىڭ هەممىسى ئۇرۇشخۇمار ئىدى. جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى جۇمهۇرىيەتلەر ئارا ئۇرۇشمۇ تارىختىكى باشقا ئۇرۇشلاردەك

* فرېدېرىخ «Histoire de Mon Temps» ، ئەڭ ئېغىر قانلىق ۋەقەلەرنى پەيدا قىلغان پادشاهلار، مەسىلەن، لۇئى XIV ، ناپولېئون I لارمۇ فرېدېرىخقا ئوخشاش ئۆزلىرى قوزغىغان ئۇرۇشتىن پۇشايمان قىلىشقان، «مەن ئۇرۇشقا بەك ئامراق ئىكەنمەن» دېگەن لۇئى XIV ئۆلۈش ئالدىدا. رۇسىيىنى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشىدا ئېغىر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان ناپولېئون I مۇ لۇئى XIV نىڭ گېپىنى تەكرارلىغان: «ئېتىراپ قىلىشىم كېرەككى، — دېگەن ئۇ ئاھ ئۇرۇپ، — ئۇرۇشقا بەك ئامراقلىقىمدىن، دۆلەت كۈچى بىلەن هېسابلاشماي، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان ئۇلۇغۋار ئىشلارنى خام خىيال قىلىپ يۈرۈپتىمەن» (Hauterive Vie et Travaux Dipcomediques d'u comte d 319 ـ بەت) كارنوت ناپولېئون بىلەن بىللە بولغان كۈنلىرىنى ئەسلىگەندە، ئۇنىڭ دائىم پۇشايمان قىلىپ: «بويسۇندۇرۇش جېڭىگە مەپتۇن بولۇش مېنىڭ ئەجەللىك خاتالىقىم بولۇپ قالدى» دەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ، Expose de La conauite . politique de . M . carnot, 23 ـ بەت. ئۇلارنىڭ ئەكسىچە، لۇئى. فىلىپ تىنچلىقنى قوغداش ئارقىلىق فرانسىيىنىڭ كۈچىنى زورايتقان. رۇسىيە زۆڭلىسى گراف سېرلودر هۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە لوندوندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسىگە يازغان خېتىدە: «فرانسىيىنىڭ تىنچلىق مەزگىلىدە ئېرىشكەنلىرى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئېرىشكەنلىرىدىن كۆپ» دېگەن. — ئاپتورنىڭ ئىزاهاتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شەپقەتسىز بولغان. ھەرقايسى مىللەتلەر ئۇرۇشى خۇددى ئىككى ئادەم ئارىسىدىكى ئىشتەك، كىچىككىنە ھاياجانلانسىلا ئۇرۇشۇشقا تەييار تۇرۇشىدۇ. بۇ ئۇرۇشخۇمار مىللەتلەر تىنچ - خاتىرجەم تۇرمۇشتىن زېرىكىپ رومانتىك ياشاپ بېقىشنى ئىزدەۋاتقان ئاياللارغا ئوخشايدۇ. بۇ دەل لۇئى. فىلىپ (Louis . Philippe) دەۋرىدىكى فرانسىيىنىڭ ئەھۋالىدۇر. ئۇ چاغدا فرانسىيە بىر تەرەپتىن، ناپولېئون I دەۋرىدىكى ئۇرۇشتىن پۇشايمان قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، يېڭى بىر مەيدان ئىنقىلابقا، ئىچكى ئۇرۇش ۋە ئىككىنچى ئىمپېرىيە دەۋرىنىڭ ئۇرۇشىغا تەييارلىق كۆرىدىغان يېڭى ئىنقىلابقا مۇراجىئەت قىلىۋاتاتتى.

ئىنسان تەبىئىتى ئۆچمەنلىك ھېسسىياتلىرىغا ئىنتايىن باي، شۇڭا بەزى ۋاقىتلاردا دۆلەت چوقۇم ئۆزى ئىلگىرى ياردەم بەرگەن قوشنا دۆلەتلەرنىڭ دۈشمەنلىك كەيپىياتلىرىدىن ھېزى بولۇشى كېرەك. بىر مىللەتكە ياردەم قىلىش شۇ مىللەتنى ئۆزىگە دۈشمەن قىلىۋېلىشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلىدۇر. ماگېنتا (Magenta) نىڭ سولفېرىنو (Solferino) دىن ئۆچ ئېلىشنى ئىتالىيىنىڭ فرانسىيىگە بولغان ئۆچمەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.*

گەرچە ئۆچمەنلىك ئۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەرگىزمۇ سىنىپىي كۈرەش ۋە گۇرۇھ مەزھەپ كۈرىشىدەك ئۇنچىلىك دەھشەتلىك ئەمەس. قەدىمكى جەمئىيەتتە، قۇللۇق تۈزۈم ئىنتايىن ئەۋج ئالغانىدى. ھوقۇقنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان قۇلدارلار سىنىپى قىلچىمۇ ئىجتىمائىي ئورنى يوق قۇللار سىنىپىغا ئىنتايىن شەپقەتسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. سۇسىدىد (Thucy dides) سىپارتالىقلارنىڭ قۇللارنىڭ سانى ئىنتايىن كۆپ

* ماكياۋېللى قىساسكارنىڭ قىساس ئېلىشىغا باھا بەرگەندە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىر پادىشاھ بىراۋنىڭ سۇيىقەستىدىن خالىي بولىمەن دەيدىكەن، ئۇنداقتا ئۇ ئۆزى ئىلگىرى تارتۇۋالغان، لېكىن جازالاپ باقمىغان كىشىلەردىن ھوشيار تۇرۇشى كېرەك.» (Discourse on Livy, BK, Ⅱ, ch, iv). — ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

ۋاقتىدا قۇللارنى تۇركۇم - تۇركۇملەپ تاللاپ ئۆلتۈرۈش ئادىتىنىڭ بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بىر قېتىم، ئەڭ باتۇر قۇللارنى تاللاپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن مۇنداق نەيرەڭ ئويلاپ چىقىشىدۇ: ئۇلار ئەڭ باتۇر قۇللارغا ھۆرلۈك بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىپ، ئەڭ باتۇر قۇللارنى قۇللارنىڭ ئۆزى كۆرسىتىپ بېرىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، 2000 قۇل ھەمراھلىرى تەرىپىدىن ئەڭ باتۇر قۇل دەپ كۆرسىتىلىدۇ، بىراق ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ 2000 قۇل ئىز - دېرەكسىز غايىب بولىدۇ، ھەتتا ئۇلارنى قانداق ئۆلتۈرگەنلىكىنىڭ ئىزناسىمۇ قالمايدۇ.

تاكى فرانسىيە ئىنقىلابىغا قەدەر، سىنىپىي كۈرەش يەنىلا مىللەتلەر تارىخىنىڭ ئۇل تېشى ئىدى. رىم ئىمپېرىيىسى تارىخىنى رىم ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن پۇقرالىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش تارىخى دېيىشكە بولىدۇ. ئاقسۆڭەكلەر پۇقرالارنى بويسۇندۇرۇلغۇچى ئىرق دەپ بىلەتتى، ئاقسۆڭەكلەر خىلمۇخىل ئىمتىياز ۋە ھوقۇقلارنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان بولۇپ، ھۆكۈمرانلىقىدىن ئېرىشكەن خىلمۇخىل مەنپەئەتلەرگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن پۇقرالارنىڭ ھۆكۈمەتتە ۋەزىپە ئۆتىشىنى ئامال بار رەت قىلاتتى. قەدىمكى فرانسىيىدە ئۈچ دەرىجىلىكلەر بىر - بىرىنى ئۆزئارا دۈشمەن كۆرۈشەتتى. پادىشاھ ھەرقايسى سىنىپلار ئارىسىدىكى دۈشمەنلىكنى ياراشتۇرۇش نىيىتىدە بولماستىن، ئەكسىچە بۇ ئۈچ تەبىقە ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىك كەيپىياتىنى كۈچەپ ئۇلغايتاتتى. فرانسىيە تارىخى شەكسىزكى ئىمتىيازلىقلار سىنىپى بىلەن ئىمتىيازسىز پۇقرالار ئارىسىدىكى كۈرەش تارىخى ئىدى. خاندانلىق پۇقرالار سىنىپىنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى تەلەپ قىلاتتى، دەل ئاشۇ ئاقسۆڭەكلەر ۋە مىسسىئونېرلار ئۆز ئىمتىيازلىرىدا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇۋېلىشى نەتىجىسىدىن فرانسىيە ئىنقىلابى پارتلىغانىدى.

فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابىدىن كېيىن سىنىپىي كۈرەش ئەمدى

مەۋجۇت بولمىغاندەك تۇراتتى، چۈنكى فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى ئىمتىيازنى چەكلىگەنىدى، شۇ سەۋەبلىك ئىچكى مالىمانچىلىق پەيدا قىلىدىغان سىنىپنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىمۇ چەكلەندى. ھالبۇكى، تىرىلدۈرۈش مەزگىلى ۋە ئىيۇل خاندانلىقى مەزگىلىدە، ھەتتا بۈگۈنكى كۈندىمۇ، ئاقسۆڭەكلەر بىلەن ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە يەنىلا بىر - بىرىگە ئۆچمەنلىك قىلىشماقتا. گەرچە فرانسىيە گراژدانلىرىنىڭ ئوخشاش گراژدانلىق ھوقۇقى ۋە سىياسىي ھوقۇقى بولسىمۇ، لېكىن فرانسىيە سوتسىيالىزمى «ئىشچىلار سىنىپى» «ھۆكۈمران سىنىپ» نىڭ ئېزىشىگە ئۇچراۋاتىدۇ دېگەننى باھانە قىلىپ سىنىپىي كۈرەشنى جانلاندۇرماقتا. 1891 - يىلى 8 - ئايدا برىيۇسسېلدا سوتسىيالىزمچىلارنىڭ چوڭ قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلدى. قۇرۇلتاي سىنىپىي كۈرەشنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق نۇقتىئىنەزىرى قىلىپ، پەقەت ھۆكۈمران سىنىپ مەۋجۇت بولىدىكەن، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئازاد بولۇشى مۇمكىن ئەمەس دەپ قارىدى... قۇرۇلتاي يەنە پۈتۈن دۇنيا ئىشچىلار سىنىپىنى بىرلىشىپ كاپىتالىزمنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى چىقىشقا چاقىردى. كاپىتالىستلار سوتسىيالىزم رەھبەرلىرى تەرىپىدىن ئىشچىلارنىڭ دۈشمىنى دەپ قارالدى. ئۇلار ھەرقايسى ئەل ئىشچىلىرىنى مۇرىنى - مۈرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىپ، بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى چىقىشقا چاقىردى.

ئىجتىمائىي ئۆچمەنلىك ۋەتەنپەرۋەرلىككە ئىنتايىن پايدىسىز، ئىلگىرىكى ئىچكى ئۇرۇشلاردا ئۆزئارا دۈشمەنلەشكەن سىياسىي پارتىيىلەر چەت ئەللىكلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولۇشقا چاقىراتتى. گېرتسوگ گۇئىس (guise) بىلەن فىلىپ Ⅱ ( Philip Ⅱ ) بىرلەشكەن، پروتېستانت دىنىنىڭ رەھبەرلىرى بولسا گېرمانىيىدىكى ھەرقايسى كىنەزلىكلەر بىلەن ئىتتىپاق

تۇزۇشكەن. رىچېلىئۇ (Richeliu)* ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە، پروتېستانت مۇرىتلىرى گېرمانىيىنىڭ ياردەم قىلىشىنى ئۆتۈنگەندى. خۇگىنو مەزھىپىنىڭ** كۆچمەنلىرى بولسا لاروشېل شەھىرىنى رىچېلىئۇنىڭ تۆمۈر تاپىنىنىڭ ئاياغ - ئاستى قىلىشىدىن قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ئەنگلىيە كېمىلىرى بىلەن لاروشېل شەھىرىگە قايتقان. فراندىس جېڭى مەزگىلىدە، كوندې*** (Conde) ئىسپانىيىگە باش ئۇرغاندىن سىرت يەنە، كرومۋېل**** (Cromwell) نىڭ قوللىشىغا ئېرىشمەكچى، لورران (Lorraine)***** كىنەزلىكىنىڭ قوشۇنىنى فرانسىيىگە باشلاپ كىرمەكچى بولغان. تۇرېننې (Turenne) بولسا بىر ئىسپانىيە قوشۇنىنى بىۋاستە شامپانغا باشلاپ كىرگەن. فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى دەۋرىدە، چەت ئەللەرگە قاچقان فرانسىيىلىكلەر بەس - بەستە چەت ئەللىكلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن (فرانسىيە ئىنقىلابىغا ئارىلىشىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن)، ئۇلار تولۇن پورتىنى

---

* رىچېلىئۇ (1585 - 1642)، فرانسىيە پادشاھى لۇئىس XIII نىڭ دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى ۋە ئوردا كېڭەشىنىڭ رەئىسى. قىزىل تونلۇق باش پوپ، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ مۇستەبىت ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملىگەن. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

** خۇگىنو مەزھىپى 16 -، 17 - ئەسىردىكى فرانسىيە پروتېستانت مۇرىتلىرىنىڭ نامى. — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

*** كوندې (1621 - 1686)، فرانسىيە گېنېرالى، بوربون خاندانلىقى كوندې جەمەتىنىڭ تۆتىنچى شاھزادىسى. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

**** كرومۋېل (1559 - 1658)، 17 - ئەسىردىكى ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى دەۋرىدىكى يېڭى ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھىنىڭ ۋەكىلى، 1649 - يىلى شەھەر ئاھالىسى ۋە دېھقانلارنىڭ بېسىمى بىلەن پادشاھ چارلېس I نى ئۆلتۈرۈپ جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىغان، 1653 - يىلى مىلىتارىزملىق ھاكىممۇتلەق ھاكىمىيەتنى تىكلەپ، ئۆزىنى «دۆلەت ئاتىسى» دەپ ئاتىۋالغان. ئېنگېلس ئۇنى ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ «روبېسپېرى ۋە ناپولېئونى» دەپ ئاتىغان. — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

***** لورران - فرانسىيىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى كونا ئۆلكە نامى، گېرمانىيە بىلەن تۇتىشىدۇ، 1870 -، 1871 - يىلىدىكى پرۇسسىيە - فرانسىيە ئۇرۇشىدىن كېيىن ئېلزاس بىلەن بىللە گېرمانىيىگە بۆلۈپ بېرىلگەن، 1 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن قايتۇرۇۋېلىنغان. — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەنگلىيىلىكلەرگە قوش قوللاپ بېرىۋەتكەن. ۋاتىئېرلو جېڭىدىن كېيىن مونارخىستلار (بوربون خاندانلىقىنى ھىمايە قىلىدىغان مونارخىستلار) ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ قىزغىن ياردىمىدىن گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن.* شۇڭا، شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ تاكى 1871 ـ يىلىغىچە، ھېچقانداق بىر پارتىيە چەت ئەل بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكە پېتىنالمىغان. بىراق، پارىژ كوممۇنىسىدىن بۇيان، جەمئىيەتكە قارشى تەلۋىلەر زوراۋانلىقتا شۇ قەدەر بېرىلىپ كەتتىكى، ئۇلار ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ئاللىقاچان يەتتە قات ئاسماننىڭ قەرىگە ئېتىۋەتكەندى. سېدان ئۇرۇشى ئاخىرلىشىش ھارپىسىدا، كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇۋاتقان سىياسەتۋازلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ۋاندومدىكى تۈۋرۈكسىمان قۇرۇلۇشنى ئۆرۈۋېتىپ پرۇسسىيىلىكلەر بىلەن ئاپاق ـ چاپاق بولۇپ كېتىشتى، پارىژ مۇھاسىرىدە قالغان مەزگىللەردە خەلقنى قايمۇقتۇرۇۋاتقان يۇقىرىقى سىياسەتۋازلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بىزنىڭ قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقىمىزدىن پايدىلىنىپ قۇتراتقۇلۇق قىلىپ ئەھۋالىمىزنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. سوتسىيالىزم ئىنقىلابچىلىرى ۋە ھۆكۈمەتسىزلەر ئارمىيىگە ئىنتايىن ئۆچمەنلىك قىلىدۇ، چۈنكى ئارمىيە دېگەن قانۇن تەرتىپلىرىنى ۋە ۋەتەننىڭ مەنپەئىتىنى قوغدىغۇچىلاردۇر. رېيچېفىنىدا قوشۇن تۈرغۇزغان، نۇرغۇن خەتەرلىك ئۇرۇشلاردا سەپنىڭ ئالدىدا ماڭغان، كۆپ قېتىم پرۇسسىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ شۆھرەت قازانغان

---

* Deviel — castel, «Histoire de la Restawration» 3 ـ جىلد، 44 ـ بەت، 1814 ـ يىلى مونارخىستلار ۋاندوم مەيداندىكى يۇمىلاق ناپولېئون I نىڭ ھەيكىلىنى چېقىۋېتىشكە ئالدىراپ كېتىشكەن بەزى ياشلار رۇسىيە پادىشاھىغا سۇنغان مەكتۇبىدا ناپولېئون I نى ئالۋاستىغا ئوخشاتقان. ناپولېئون I فرانسىيىگە قارشى ئىتتىپاق بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقان ۋاقىتتا بەزى فرانسىيىلىكلەر ناپولېئوننى ئۆلتۈرۈش قەستىدە بولۇشقان. «باش مىنىستىر پاسكۇئا ئەسلىمىسى» 2 ـ جىلد، 264 ـ، 276 ـ، 286 ـ بەتلەر). — ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

پولكوۋنىڭ بىللېت (Billet) ، تىنچلىق مەزگىلىدە كۆپكۆندۈزدىلا ، ئارمىيىگە ئۆچ بىر فرانسىيىلىك تەرىپىدىن لىمور كوچىسىدا ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى ئۇنىڭ يېنىدا ئىدى. سوتسىيالىزم ئىنقىلابچىلىرى ۋە ھۆكۈمەتسىزلەر ۋەتەننى ئېتىراپ قىلمايدۇ، تېخى قىلچە تەپتارتماستىن ۋەتەننىڭ قوغدىغۇچىلىرىغا بالا چاپلاشماقتا، شۇنداقلا ۋەتەن دېگەن شەخسىيەتچى، مەنپەئەتپەرەس، ئەخلاقى بۇزۇلغان، رەھىم - شەپقەتسىز بىر مەكتەپ دېيىشمەكتە. ئۇلار يەنە فرانسىيە - رۇسىيە ئىتتىپاقىغا ئاتتىق قارشى بولۇپ، بىر ھۆكۈمەتسىز ئىشچى، ھەتتا رۇسىيە ماتروسلىرىنى قارشى ئېلىشقا چىققان ئامما ئالدىدا، بىر تۈلۈقچە تاپانچىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن.

بۈيۈك ئىنقىلاب دەۋرىدە سىنىپىي كۈرەش ئەۋجىگە چىققانىدى. بۇ ئەۋجىگە چىققان سىنىپىي كۈرەشلەر بايلارنىڭ يەر - مۈلكى، سان - ساناقسىز ئاممىۋى خاتىرە مۇنارلىرى، ھەتتا بەزى شەھەر - بازارلارنىڭ ئېچىنىشلىق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى بىلەن نەتىجىلەندى. 1793 - يىلى ياكوبىنچىلار لىئوندا 20 مىڭ خوسۇسىي تۇرالغۇنى ۋەيران قىلىۋەتكەن. مىللىي ئۇيۇشما «لىئون شەھىرى ۋەيران قىلىنىشى كېرەك. بايلارنىڭ بارلىق تۇرالغۇلىرى ۋەيران قىلىنىشى كېرەك» دەپ پەرمان چۈشۈرگەن. پارىژدىكى ئەڭ چىرايلىق خاتىرە مۇنارلىرى 1871 - يىلى پارىژ كوممۇنىسى تەرىپىدىن كۆيدۈرۈۋېتىلگەن.

جەمئىيەتنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋرىدە قورقۇنچلۇق قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلالايدىغان سىنىپىي ئۆچمەنلىك بىلەن بەسلىشەلەيدىغان نەرسە چوقۇملا سىياسىي پارتىيىلەر ئۆچمەنلىكىدۇر (پارتىيە - مەزھەپلەر ئۆچمەنلىكى) . ئەقلىيلىق بىلەن دىن ئىنسانلارغا شۇنداق دەپ نەسىھەت قىلىدۇ: «بارلىق پۇقرالار سېنىڭ قېرىندىشىڭ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سەن ئۇلارنى سۆيۈشۈڭ كېرەك.» ئەمما، سىياسىئونلار كىشىلەرگە شۇنداق دەپ نەسىھەت قىلىدۇ: «ھەربىر پۇقرا سېنىڭ رىقابەتچىڭ، سەن ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك قىلىشىڭ ھەم ئىمكانقەدەر ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىشىڭ كېرەك.» نەتىجىدە، كىشىلەر سىياسىي تۈزۈلمىلەرنىڭ ئالمىشىشى بىلەن سىياسىئونلارنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئېسىدە مەھكەم ساقلايدىغان بولۇشتى. ئاقسۆڭەكلەر، لىبېرالىزمچىلار، مىسسىئونېرلار بىزنىڭ دۈشمىنىمىز! كوچا - كويلاردىكى زوراۋانلىق، ئادالەتسىز قانۇن - پەرمانلارنىڭ ھەممىسى «مۇشۇ دۈشمەنلەر»گە قارىتىلغان. ئىنسانلار شۇنداق دەپ بىر تۈركۈم كىشىلەردىن تەركىب تاپقان: ئۇ ئۆزىگە يات بارلىق زاتلارغا ئۆچ ياكى ئوخشىمىغان سىياسىي پىكىرلەرگە ئۆچ. تېررورچىلار مۆتىدىلپەرەسلەرگە ئۆچ، تېررورچىلارنىڭ نەزىرىدە، مۆتىدىلپەرەسلەر شۈبھىسىزكى، ۋەتەن ساتقۇچلاردۇر.* لا. خوسپىتال (L ’ Hospital) كاتولىك دىنى ۋە پروتېستانت دىنىنى ياراشتۇرۇش توغرىسىدىكى تىرىشچانلىقلىرى ھەقىقەتەن كىشىنى قايىل قىلىدۇ. بىراق ئۇنىڭ بۇ ئىككى دىن ئوتتۇرىسىدىكى جېدەل - ماجىرانى بېسىقتۇرۇشقا قادىر بولالماسلىقى كىشىنى ئەڭ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. خوسپىتال كاتولىك دىنى مۇرىتىدۇر، بىراق ئۇنى قەھرىمان دەپ بىلىدىغان كاتولىك مۇرىتلىرى ۋە باش مىنىستىرنىڭ مىسسا (بىر خىل كاتولىك دىنى مۇراسىمى) سىنى بىلگەنلىكىدىن پەخىرلىنىدىغان كاتولىك

* سېلېمىنس، ئوتتۇز قورچاق پادشاھنىڭ بىرى، بىر سىپارتالىققا يېڭىلىكرەك جازا بېرىش تەكلىپىنى بەرگەنلىكى ئۈچۈن (ئىشداشلىرى بۇ سىپارتالىقنى ئۆلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىشقان) ئۇنىڭغا زەھەرلىك ھاراق ئىچىش جازاسى بېرىلگەن. ستار خانىم تۇمانلىق ئاينىڭ 18 - كۈنىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشتە قۇربان بولغانلارغا ئاز - تولا ھېسداشلىقىنى بىلدۈرۈپ قويغاچقا، ۋەتەن ساتقۇچلۇق جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەنگەن، شۇڭا ئۇ ئىلاجسىز پارىژدىن كېتىشكە مەجبۇر بولغان. — ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

مۆرىتلىرى ئۆنىڭدىن گۇمانلىنىشتى. پروتېستانت مۆرىتلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارمۇ ئاتالمىش ئادالەتپەرۋەر ۋە مۆتىدىل بولغان مۇھەببەتنى قوبۇل قىلالمايتتى. پادىشاھ ۋە ماسسالىنىغا قارشى قوزغالغان بودرو قوزغىلىڭى مەزگىلىدە، فوراندىس رايونىدىكى مۆتىدىلپەرەسلەر رادىكاللار تەرىپىدىن خائىن ۋە ماسسالىنىڭ چوماقچىلىرى دەپ قارالدى. فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى دەۋرىدە، مۆتىدىلپەرەسلەر ھەرقايسى پارتىيە ـ گۇرۇھلار تېخىمۇ ئىشەنمەيدىغان ئوبيېكتقا ئايلىنىپ قالغانىدى. سۈرگۈن قىلىنغان ئاساسىي قانۇنچىلارنى مونارخىستلار ئازراقمۇ ياقتۇرمايتتى، ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەر ئۇلارغا تېخىمۇ ئۆچمەنلىك قىلاتتى. «چەت ـ ياقا رايونلاردا ئۇلارغا ئاتاپ دار تىكلەنگەنىدى، چەت ئەللەردە بولسا خىلمۇخىل زىيانكەشلىكلەر ئۇلارنى كۈتۈپ تۇراتتى.»

ياكوبىنچىلارنىڭ مۆتىدىل جۇمھۇرىيەتچىلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكى ئۇلارنىڭ مونارخىستلارغا بولغان ئۆچمەنلىكىدىن ئېشىپ چۈشەتتى. ياكوبىنچىلار گروندېچىلارنى كەڭچىلىك قىلدى دەپ ئۇلارنى مۆتىدىلپەرەسلەر، دانتونىزمچىلار (Dantonists) دەپ سۆكەتتى. ياكوبىنچىلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى دەۋردە ھەتتا سوغۇق مۇئامىلە قىلىش قانۇنسىزلىق دەپ ئېلان قىلىنغانىدى. كارنوت* (Carnot) گەرچە سېپىي ئۆزىدىن بىر جۇمھۇرىيەتچى بولسىمۇ، لېكىن تۇمانلىق ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشتە ئۇ مونارخىستلار ۋە لۇكچەكلەرنىڭ قوغدىغۇچىسى دەپ ئېلان قىلىندى. سەۋەبى ئۇنىڭ قورال ئېلىپ دۆلەتكە قارشى چىقمىغان

* كارنوت (1753 ـ 1823) فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى دەۋرىدىكى ئىستراتېگىيىچى، ھەربىي ئىشلار ئىنژېنېرى ۋە ئارقا سەپ مۇتەخەسسىسى، ھۆكۈمەتتە سىياسىي تەپتىشلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن (1795 ـ 1799). — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر قانۇن تۈزۈپ چىقىشقا مۇراجىئەت قىلغانلىقى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ كەڭ قورساقلىق قىلىش توغرىسىدىكى تەشەببۇسى ئۇنىڭ سوراق قىلىنىشىغا سەۋەب بولدى. مىللىي كېڭەش ۋە بەش يۈز كىشىلىك قۇرۇلتايدا ئاجايىپ جاسارىتىنى ئىپادىلىگەن لانيۇينايىس (Lanjuinais) مونارخىستلار ئىچىدىكى ئوڭچىللارنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. بۇ ئوڭچىللار ئىنقىلابنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىدا سۇغۇردەك بېشىنى ئىچىۋېلىشقىنى بىلەن ھازىر سەكرەپ چىقىشىپ باشقىلارنىڭ تۆھپىسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالماقتا.

ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەرگە نەزەر سالساق، ھەرقاچان ئېرروورچىلارنىڭ مۆتىدىلپەرەسلەرگە ئۆچمەنلىك قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيمىز. «ئاشۇ ئەڭ مۆتىدىل كىشىلەر گۇرۇھ - مەزھەپ كۈرىشىنىڭ قۇربانىغا ئايلاندى» دەپ يازىدۇ سوسىدىد. ئەنگلىيىدىكى سىدنېي، خاررىسون، خاككىنسون قاتارلىق ۋەتەنپەرۋەرلەر چارلېس Ⅱ ( Charles Ⅱ) نىڭ سۈرگۈن قىلىنىشىغا ئۇچرىغان بولسا، كېيىنچە ئۇلار كرومۋېلنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ، پۇتىغا سانجىلغان تىكەن بولۇپ قالدى.

ئىنقىلابىي كۈرەشلەر سىياسىي ئۆچمەنلىكنى كۈچەيتىۋېتىدۇ. ھەرقايسى پارتىيە - مەزھەپلەر خۇددى ئېلىشىش مەيدانىدىكى گلادىئاتورلاردەك ئۆزئارا قىرغىن قىلىشىدۇ. نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزلىرى ئۆچمەنلىك ۋە غەزەپلىك سۆز - ئىبارىلەر بىلەن تولغان بولىدۇ. كارنوت ئىلگىرى مۇنداق دېگەن: «سان. جۇست (Saint just) مېنىڭ ئالدىمدىلا مېنى خىزمەتتىن ھەيدەش تەكلىپىنى بەردى.» بۇنىڭ ئالدىدا بەزىلەر خېرائۇلت. دې. سېشېلسې (Herault De Sechellse) ئالدىدىلا ئۇنى ئۆلتۈرۈش تەكلىپىنى بەرگەنىدى، بۇ بىر خىل تېزلىكتە كاللىسىنى ئېلىش ئۇسۇلى ئىدى. «مەن سان. جۇستقا سوغۇقلا تەزىم قىلدىم، — دەيدۇ كارنوت گېپىنى تولۇقلاپ، — مەن ئاۋۋال مېنى كومىتېتتىن قوغلاندى قىلىشىڭ كېرەك، — دېدىم، ئۇنى ئۆز

ئىچىگە ئالغان ئۇچ مۇلكىي ئەمەلدار ۋە بارلىق كومىتېت ئەزالىرى داڭقېتىپ قېلىشتى.»

ئۆزئارا چەتكە قېقىشتىن ئاۋۋال، ھەرقايسى پارتىيە ـ مەزھەپلەر ھەمىشە بىر ـ بىرىگە بۆھتان چاپلىشىدۇ ۋە قارشى تەرەپنى سۇيىقەست، ھىيلە ـ مىكىردە ئەيىبلىشىدۇ. روبىسپىېر ھەمىشە ئۆزىنىڭ سىياسىي رەقىبىنى خائىن ۋە سۇيىقەستچى دەپ ئەيىبلەيتتى؛ ئۇنىڭ نۇتقى پۈتۈنلەي تۆھمەت سۆزلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. تۆھمەت قىلىش ياكوبىنچىلارنىڭ گروندىچىلارغا قارشى ئىشلىتىشكە ئەڭ ئامراق قورالى بولۇپ، ھەمىشە تۆھمەت ئارقىلىق ئۆز نىشانلىرىغا يېتىشنى كۆزلەيتتى. «ھېچقانداق بىر ئورۇن، ھېچقانداق بىر شەھەر، ھېچقانداق بىر كۇلۇب بىزگە سىلەر مونارخىستلار ۋە فېدېراتىپ پارتىيىسىدىكىلەر دەپ چاقچاق قىلىپ باققىنى يوق» دەيدۇ بۇزوت (Buzot). دەل س. دېسمولىن* (C . Desmoulins) نىڭ «Histoire des Brissotins» ناملىق ئەسىرىدە تەرغىب قىلىنغان خاتا نۇقتىئىنەزەرلىرىنىڭ تەسىرىدە گروندىچىلار سوراق قىلىنىش قىسمىتىگە دۇچار بولدى. ئۇ گروندىچىلارنىڭ سوراق قىلىنىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز مۇنداق دەپ سالغانىكەن: «بەختسىز كىشىلەر! مېنىڭ ئەسىرىم سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا چىقتى.»

فرانسىيە ئىنقىلابى باشلانغاندىن كېيىن پادىشاھلىق ھاكىمىيەتنىڭ قارشى تۇرغۇچىلىرى پادىشاھ ۋە خانىشقا قارىتا ئەيقاچتى گەپلەرنى تارقىتىپ، پادىشاھلىق تۈزۈمگە قارشى چىقىشقا باشلىدى. كروپاتكىن (Kropothine)** بۇ تاكتىكىلارغا يۇقىرى

---

* س. دېسمولىن (1760 ـ 1794)، فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى دەۋرىدىكى سىياسىي پائالىيەتچى، مۇخبىر، باستىلىيە تۈرمىسىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ كۈشكۈرتكۈچىسى، پارىژ مىللىي كېڭەشنىڭ ۋەكىلى بولغان، كېيىن دانتون بىلەن بىرلىشىپ «كەڭ قورساقلار» گۇرۇھىنى تەشكىللەپ، ياكوبىنچىلار دىكتاتورىسىغا قارشى چىققاچقا، دانتون بىلەن بىللە كاللىسى ئېلىنغان. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

** كروپاتكىن (1842 ـ 1921)، روسىيىلىك ھۆكۈمەتسىز، «1789 ـ 1793 ـ يىلىدىكى فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى»، «ئۆزئارا ياردەم نەزەرىيىسى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. —خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

www.uyghurkitap.com

باھا بېرىدۇ. «تۆھمەت، تۆھمەت» دېگەن بۇ سۆز ياكوبىنچىلار* ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان سۆز ئىدى. ھۆكۈمەتسىزلەرنىڭ ھازىرغا قەدەر يەنىلا ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان سۆزى «تۆھمەت ھەمىشە مەلۇم رول ئوينايدۇ» دۇر. ئەگەر ئەڭ بىمەنە تۆھمەتنىڭمۇ تەكرارلىنىۋەرسە، راستقا ئايلىنىدىغانلىقى ئۇلارغا ناھايىتى ئېنىق ئىدى. خەلقنى لۇئى XVI قا قارشى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن پادىشاھلىق ھوقۇقىنىڭ ئۆكتىچىلىرى بۇ شاللاق ئەبگاھ پادىشاھ پارىژ ئاھالىسىنى قىرغىن قىلماقچى دەپ پىتنە ـ پاسات تارقاتقان. كېيىنكى مەزگىللەردە، ئاقسۆڭەكلەر ۋە مىسسىئونېرلارنى ئۆلتۈرۈشنى تېخىمۇ كەڭ كۆلەمگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، خەلقنى قايمۇقتۇرۇشقا ئۇستا سىياسەتۋازلار، ئاقسۆڭەكلەر ۋە مىسسىئونېرلار ۋەتەنپەرۋەرلەرنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان دەپ تۆھمەت قىلىشتى. سېنتەبىر قىرغىنچىلىقى باشلىنىشتىن ئاۋۋالقى بىرقانچە كۈن ئىچىدە، پادىشاھ تۈرمىدە سۇيىقەست پىلانلىماقچى دېگەن ئىغۋانىڭ شاۋقۇن ـ سۈرىنى ھەممە يەرنى بىر ئالغانىدى.

خەلقنى قايمۇقتۇرۇشقا ئۇستا سىياسەتۋازلار دەل ئاشۇ قۇرۇق يالا ـ تۆھمەتلەرگە تايىنىپ تۇرۇپ، ئاخىر 1848 ـ يىلى 6 ـ ئايدا غەزەپلەنگەن ئاممىنى ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنىغا قارشى چىققۇزۇشقا مۇۋەپپەق بولدى. توپىلاڭنىڭ ئۈچىنچى كۈنى، ئىشچىلار ۋەكىللىرى پارلامېنت يىغىنىغا كېلىپ، قانۇن تۈزۈش يىغىنىدىن جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى قوغداش بىلەنلا بولۇپ كەتمەي، ئاۋام ئارىسىدا ئاچارچىلىقنىڭ يامراپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئىشچىلار

* سان. باتېرومىئو چوڭ قىرغىنچىلىقىدا قۇربان بولغۇچىلارمۇ يەنىلا بالا ـ تۆھمەتتىن قۇرۇق قالمىدى. خان ئوردىسى ھەرقايسى ئۆلكىگە ئەۋەتكەن خېتىدە «پارىژدىكى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش» نىڭ مەقسىتى پۇرىتان (XVI ـ XVII ئەسىرلەردە ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيىسى ئويۇشتۇرغان دىنىي ـ سىياسىي پائالىيەتكە قاتناشقۇچى ـ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن) لارنىڭ سۇيىقەستىنى بىخ ھالىتىدىلا يوقىتىش ئىكەنلىكى يېزىلغان، پادىشاھ سوتقا كىلىچنى ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى ھەمدە كېسىم ئېلان قىلىنغان، لېكىن چوڭ قىرغىندا قېچىپ كەتكەن ئىككى ئاقسۆڭەك پۇرىتان ئۈستىدىن ئەرز قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. — ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

مايىللىقىنى ئىزدەشنى باھانە قىلىپ، خەلقىنىڭ تۈرلۈك رەزىللىكلىرىنى ئېسىل پەزىلەت دەپ تەرىپلىشىدۇ؛ ئۇلار خەلقىنىڭ ئىچى تارلىقىنى ھۆرلۈكنى سۆيگەنلىكى، زوراۋانلىق قىلمىشلىرىنى تىنچلىقنى سۆيگەنلىكى دەپ ئاتىۋېلىشقان. ئۇلار خەلققە سىلەرنىڭ زوراۋانلىق بىلەن ھۆكۈمەت ۋەكىلىگە مۇئامىلە قىلغىنىڭلار ئاممىۋى تەرتىپنى ياخشىلىغىنىڭلار دېيىشىدۇ، ئۇلار خەلققە ئەمگەككە ئارىلىشىش ئەركىنلىكى بىلەن ئەركىنلىكتە چىڭ تۇرۇڭلار، كاپىتالىستلارنى ئاغدۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن مېھىر - مۇھەببەتلىك ھاكىمىيەتنى بەرپا قىلىڭلار دېيىشىدۇ؛ ئۇلار سىلەر ئەمگەكنىڭ ياللىغۇچىلىرىنى ۋەيران قىلساڭلار دۆلەت باي بولىدۇ، ئۆزۈڭلار ۋە زاۋۇت ئىگىلىرىنى ۋەيران قىلساڭلار، خەلق ئاندىن ھەقىقىي روناق تاپالايدۇ دەپ نەسىھەت قىلىشىدۇ.

پادىشاھ پەقەت ئۇلارنىڭ قوغلىشىدىغان ئوبيېكتى بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈنلا پادىشاھلار بەزىدە خۇشامەتچىلىرىدىن بىزار بولۇپ قالىدۇ. تىبېرىئۇ (Tiberius) ھەر قېتىم سېنات* تىن چىققاندا، ئىختىيارسىز ھالدا يۇنان تىلىدا: «ئاھ، تۇغۇلۇشىدىنلا قۇللۇق پۈتۈلگەن كىشىلەر!» دەپ توۋلار ئىكەنمىش. ئۇ ھەددىدىن ئارتۇق تىز پۈككەن خۇشامەتچىلىرىگە بەزى چەكلىمىلەرنى قويار ئىكەندۇق.** خەلق ساختا ھەم ئوچۇق - ئاشكارا بولغان خۇشامەتتىن ناھايىتى ئاز بىزار بولىدۇ، خەلق ھەمىشە ئېزىقتۇرۇشلارغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ،*** بولۇپمۇ ئىغۋاگەرچىلەر بايلارنى ۋەيران قىلىپ ھەم

---

* سېنات —— قەدىمكى رىمدىكى ھەم قانۇن تۈزگۈزۈش، ھەم باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە دۆلەت ئاپپاراتى، دەسلەپىدە قەبىلە ئاقساقاللىرى يىغىنى ئىدى. —— ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

** تاسىتۇنىڭ «يىلنامە» 2 - جىلد، 87 - بابى، 5 - جىلد 6 - بابىغا قارالسۇن. ئىمپېراتور كلاۋدىئۇس «سېنات ئاتىسى» دېگەن نامنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلغان، چۈنكى ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ ھەددىدىن ئارتۇق خۇشامەتچىلىك بولۇپ قالىدىكەن. (تاسىتۇ «يىلنامە» 11 - جىلد 25 - بابى). —— ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

*** «خەلق ئەڭ ئوڭاي ئالدانغۇچىدۇر»، دەيدۇ ئارىستوفىن. —— ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

تۇغقۇز كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇ ئارقىلىق ئۆز يانچۇقىنى توملاتقان ۋاقىتلاردا تېخىمۇ شۇنداق. ئىغۋاگەرچىلەر مۇنداق دېيىشىدۇ: «ئۇلار بايلىققا تىقىلىپ كېتىپتۇ، . . . بىزدە ھەتتا كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىمۇ يوق؛ ئۇلارنىڭ نەچچە يەردە قەسىر - داچىلىرى بار ئىكەن، بىزنىڭ ھەتتا باش تىققۇدەك ماكانىمىزمۇ يوق.» نېمىدېگەن بىچارە خەلق - ھە! ئۇلار خۇشامەتنى ياخشى كۆرۈشىدۇ، ئۇلار ھەتتا بۇ خۇشامەتچىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بەدەل تۆلىشى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمايدۇ.

ئىشلەمچىلەرنى يالىلغۇچىلارغا قارشى چىققۇزۇش، ئەسكەرلەرنى قوماندانغا قارشى چىققۇزۇش، يوقسۇللارنى بايلارغا ھەسەت قىلغۇزۇش، يوقسۇللارغا ئەمەلگە ئاشمايدىغان ۋەدىلەرنى بېرىش، بايلارنىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ ئومۇمنىڭ قىلىۋېلىشنى تەلەپ قىلىشلارنىڭ ھەممىسى ئىغۋاگەرچىلەرنىڭ دائىملىق ئۇسۇلىدۇر.* خەلقنىڭ بۇ ئەيىبلەشكە تېگىشلىك ئىغۋالارنى پەرق ئەتكۈدەك ئىقتىدارى، بولۇپمۇ بۇ ئىغۋاگەرچىلەر نوپۇز ئىگىلىرى (بۇنداق ئەھۋال فرانسىيىدە كۆپ قېتىم يۈز بەرگەن) بولغان ۋاقىتتا قانداقمۇ تاقابىل تۇرغۇدەك ئىقتىدار بولسۇن؟ «شەھەر - بازارلاردىكى ئىشچىلار، — دېگەن ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى 1848 - يىلى 28 - مارتتا، — ئەڭ مۇھىم بولغىنى، سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرىڭلارنى، ھوقۇق - مەنپەئىتىڭلارنى، تەلىپىڭلارنى تونۇپ يېتىشىڭلار، ئۇنى ھەممە يەرگە ئېلان قىلىشىڭلار كېرەك . . . ئىشلەمچىلەر، ئۆزۈڭلار تارتىۋاتقان ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى جاكارلاڭلار، . . . تۇرمۇشۇڭلارنىڭ ئەزەلدىن قۇربان بېرىش ئىكەنلىكىنى جاكارلاڭلار، . . . ھەيران قالغان دۇنياغا بۇ قورقۇنچلۇق ئىشلارنى ئاشكارىلاڭلار؛ گۆدەك قىزلىرىڭلارنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ۋە ئىپپەت -

---

* «بۈگۈن خەلقنى خۇش قىلىش ئۈچۈن، — دەپ يازىدۇ ئارىستوتېل، — ئىغۋاگەرچىلەر سوتقا مۇسادىرە قىلىپ ئومۇمنىڭ قىلىۋېلىش بۇيرۇقلىرىنى چۈشۈرگۈزمەكتە.» («سىياسىيشۇناسلىق» 7 - جىلد، 3 - باب، 2 - پاراگراف). —— ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

نومۇسنى سېتىشتىن باشقا تاللاش يولى يوق ئىكەنلىكىنى، قىرىلارنىڭ ئامالسىز كوچىلاردا قېلىۋاتقانلىقىنى، ئاياللىرىڭلارنىڭ جەسەت قويۇلغان تاش تۇۋىدە سۇنايلىنىپ ياتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ باللىرىنىڭ ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى تارتقۇشلاۋاتقانلىقىنى خەلقئالەمگە جاكارلاڭلار .... ئەي ئەمگەكنىڭ قۇربانلىرى، ئورنۇڭلاردىن دەس تۇرۇپ سۆزلەڭلار. دوختۇرلارنىڭ سىلەرگە يېمەكلىك ۋە دورا يېزىپ بېرىش پۇرسىتىنى ئوغرىلىقىنىڭ بىر پۇرسىتىگە ئايلاندۇرۇۋالغانلىقىنى ... قويمىچىلىقنىڭ ھەممە يەردە مەۋجۇتلۇقىنى، ئاشۇ زەھەرلىك دورىلارنىڭ ھايانكەشلىك يوللىرى بىلەن سىلەر يەۋاتقان ئاچچىق بولكىغا ئارىلاشتۇرۇۋېتىلىپ بارغانلىقىنى كىشىلەرگە ئېيتىڭلار! جەمئىيەتنىڭ سىلەرنىڭ ياراڭلارنى تەكشۈرۈش، داۋالاش ئۇسۇللىرى بىلەن تەمىنلەش مەجبۇرىيىتى بار. جەمئىيەتنىڭ سىلەرنىڭ ھاياتىڭلارنى، سالامەتلىكىڭلارنى، ئەقىل - پاراسىتىڭلارنى، ئىززەت - ئابرۇيۇڭلارنى قوغداش مەجبۇرىيىتى بار. ئۇلارنىڭ سىلەرنى خىزمەت، يېمەكلىك، مائارىپ، شان - شەرەپ، ھاۋا، كۈن نۇرى بىلەن تەمىنلەش مەجبۇرىيىتى بار! ... سىلەر پات يېقىندا جەمئىيەتنى قايتا قۇرۇشقا قاتنىشىسىلەر، ئىشلەمچىلەر، بۇ سىلەرنىڭ پات يېقىندا جەمئىيەت ئۈچۈن سېلىپ بېرىدىغان ئىمارىتىڭلاردۇر؛ بۇ ئىمارەت ئاز ساندىكى بىر قانچە كىشىنىڭ مەنپەئىتىگە قۇرۇلۇپ قالماسلىقى كېرەك. چۈنكى، ئىنسانلار تېخىچە ئاچ - يالىڭاچلىقتا ۋە ئۈمىدسىزلىكتە زار - زار ئىڭرىماقتا.»*

* يېقىنقى بىر قېتىملىق يىغىلىشتا، فرانسىيىنىڭ جەنۇبىدىن كەلگەن بىر ۋەكىل بارلىق ئىشچى — دېھقانلار 50 ياشقا توشقاندا دۆلەتتىن 500 فرانك يىللىق مائاش ئېلىشى كېرەك دەپ جاكارلىغان. يىغىن ئاخىرلاشقاندا، شەھەر باشلىقى ئۇ ۋەكىلگە: «سەن ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىشقا ۋەدە قىلدىڭ» دېگەندە، «بۇنىسى ماڭا ناھايىتى ئېنىق، — دېگەن ھېلىقى ۋەكىل، — لېكىن بۇنداق ۋەدىلەر ھەمىشە ئۇلارنى خۇشال قىلىدۇ.» بابېف سۇيىقەستىنىڭ داھىيسى ئۆز پارتىيىسىدىكىلەرگە مۇنداق دەپ يازغان: «ۋەدىگە پىخسىقلىق قىلماڭلار، چۈنكى ھەمىشە ئەھۋالغا قاراپ بەرگەن ۋەدەڭلاردىن يېنىۋالساڭلار بولىۋېرىدۇ». —— ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

خەلق خۇشامەتچىلىرىنىڭ بۇ نازاكەتلىك، كىشىنى قايمۇقتۇرىدىغان نۇتۇقلىرىدا نەقەدەر قويۇق ساختىلىق پۇراپ تۇرىدۇ ـ ھە! نۇرغۇنلىغان يامان نىيەتلىك ۋەدىلەرچۇ تېخى! خەلق ھەربىر خۇشامەتچىنىڭ ئۆزىگە ئىشەنگۈچىنىڭ تۆلىگەن بەدىلى ئارقىلىق ھايات كەچۈرىدىغانلىقىنى قاچانمۇ چۈشىنەر؟ « ‹خەلقنىڭ دوستى›، ‹مۇنەۋۋەر جۇمھۇرىيەتچى› دېگەن ئىسىملارنى ھەرقانداق ئادەم ئىشلەتسە بولىۋېرىدىغانلىقىنى ھەم ھەرقانداق ئادەم ئىشلەتسە بولىۋەرگەن بىلەن ئۇنى ئىشلىتىشكە ئەڭ ماھىر كىشىلەرنىڭ ئۇ نامغا ئەڭ ماس كەلمەيدىغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى خەلق قاچانمۇ چۈشىنەر؟» ھەدەپ جار سېلىنىۋاتقان خەلق دوستلىرى ئىچىدە قانچىسىنىڭ خەلققە بولغان مۇھەببىتى راست؟ خەلقنىڭ ھال ـ كۈنىنى ئۆزگەرتىش ئارزۇسى راست؟ يەنە قانچە ئادەم سۆزىدىن باشقا ئوخشىمىغان ئۇسۇلدا ئۆز ساداقىتىنى ئىپادىلەپ باقتى؟ بەختسىزلىك شۇكى، بەزى سايلام رايونلىرىدا، بىر ئىجتىمائىي سالاھىيىتى نائېنىق كىشى پەقەت «ھۇررا جەمئىيەت!» دەپ توۋلىسىلا، ئۇچىسىغا پەقەت ئىشچىلار ئادەتتە كىيىپ يۈرىدىغان كەڭ مايكا كىيىۋالسىلا، پۇقرالارنىڭ پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەۋاتقان باستىرلارغا ۋە پۈتۈن ئۆمرىنى بىمارلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا بېغىشلاۋاتقان خەير ـ ساخاۋەت ئورگانلىرىدىكى موناخلارغا تۆھمەت چاپلىيالىسىلا بولدى، مۇشۇ يېتەرلىك —— مۇشۇلار كىشىلەرنى ئىشەندۇرۇشكە يېتىدۇ؛ —— بۇنداق ئادەملەر خەلقنىڭ دوستلىرى، ئىشلەمچىلەرنىڭ قوللىغۇچىلىرى، تۇل خوتۇن، يېتىم بالىلارنىڭ ھامىيسى، ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنى يۈكسەلدۈرگۈچىلەر. بۇ خەلق دوستى تونىغا ئورىنىۋالغانلار خەلقنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى بولۇپ، ۋاشىنگتوننىڭ مۇشۇنداق ئادەملەرگە بولغان ئەندىشىسى ئەنگلىيىلىكلەرگە بولغان ئەندىشىسىدىن ئېشىپ چۈشكەن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئىستىقبالىمىز ئۈچۈن قان ـ تەر ئاققۇزدۇم، مەن ئامېرىكا خەلقىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ بۇ خىل ئادەملەرنى كونترول قىلالماسلىقىدىن ئەندىشە قىلىمەن. بۇ ئادەملەر بىر خىل مەڭگۈ خاتىرجەمسىز

بىر ھۆكۈمەتنى، ئىنگىلىز ۋاگەرچىلەر بىرلىشىپ پارلامېنتقا قارشى تۇرىدىغان بىر ھۆكۈمەتنى بەرپا قىلىۋاتىدۇ، بۇ قانداق ھۆكۈمەت؟ بۇ ئەڭ بىشەم، ئەڭ پەلىپەتىش، ئەڭ قارام، ئەڭ رەزىل، ئەڭ چىرىك بىر ھۆكۈمەتتۇر.»

فىلىلون ئوردا خىزمەتلىرىگە باھا بەرگەندە مۇنداق دەيدۇ: «ئەڭ تار، ئەڭ چىرىك كاللا مانا مۇشۇنداق پەسكەش كەسپلەردىن ئەڭ ياخشى نەرسىلەرگە ئېرىشكەن كاللىدۇر.» بۇ يەكۈن ئاۋام قەلبىنى ئۇتۇشقا ئامراق كىشىلەرگە ماس كېلىدۇ. پارىژدا ئافىناغا ئوخشاش، «دەل ئاشۇ ئەڭ بىلىمسىز، ئەڭ پەسكەش ئادەملەر ئاۋامنى قايمۇقتۇرۇشقا ئەڭ ماھىر ئىدى.»

ئوردا ۋەزىرلىرىگە ئوخشاش، خەلقنىڭ خۇشامەتچىلىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياشقا چوقۇنسىمۇ پېتىۋاتقان قۇياشقا خائىنلىق قىلىدۇ. خۇددى ئوردا ۋەزىرلىرى ئىنقىلاب دەۋرىدە ھەر ۋاقىت خەلققە خۇشامەت قىلىشقا تەييار تۇرغىنىدەك، خەلقنىڭ خۇشامەتچىلىرى سىياسىي ئۆزگىرىش ياكى پادىشاھلىقنى تىرىلدۈرۈش كۈنلىرى بولۇپ قالسا، ئۇلار چوقۇم پادىشاھنىڭ ۋەزىرلىرىگە ئايلىنالايدۇ.* تېررورلۇق دەۋرىدىكى ياكوبىنچىلار ئىمپېرىيە ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى كېڭەش پالاتا ئەزاسىدۇر، پادىشاھلىق تىرىلدۈرۈلگەن مەزگىللەردە بولسا مونارخىستلاردۇر، مۆتىدىل كىشىلەر بولسا خەلققىمۇ، پادىشاھقىمۇ خۇشامەت قىلمىغاچقا بارلىق مەزھەپلەرنىڭ يەكلىشىگە ئۇچرايدۇ.

«ھۆرۈنلۈكتىن ھەسسىلەپ ئېشىپ بارغان قارانىيەت، تەكەببۇرلۇقتىن ئارتىپ بېرىۋاتقان رەزىللىك، ئىشلىمەي باي بولۇش ئارزۇسى، ھەقىقەتتىن بىزار بولۇش، خۇشامەتچىلىك، ساختا قىياپەتكە كىرىۋېلىش، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماسلىق، بارلىق قەسەملىرىنى ئاياغ ـ ئاستى

---

* بىر ھازىرقى زامان يىلنامەشۇناس مۇنداق دەيدۇ: «ئېتىنا قەتل قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭ دوستلىرى ئۇنىڭ قېنى بىلەن بويالغان ياغلىقنى يوشۇرۇپ قويۇپ، ئىنتايىن تەسىرلىك يىغلاشقىنىچە تېزلىكتە شاھزادىنىڭ ئالدىغا چىققان. —— ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىش، پۇقرالىق مەجبۇرىيىتىنى كەمسىتىش . . . —— قاتارلىقلار دەيدۇ مونتىسكيۇ، —— مېنىڭ قارىشىمچە بۇلار ئوردا ۋەزىرلىرىنىڭ خاراكتېرىدۇر.» بۇ ئوبراز خەلقنىڭ خۇشامەتچىلىرىگىمۇ ماس كېلىدۇ. ۋەزىرلەر ياش پادىشاھنىڭ قولىقىغا مۇنداق دەپ شىۋىرلىشىدۇ: «خىلمۇخىل ۋەز ـ نەسىھەتلەر ئىچىدىن، ھازىرقى بېقىندىلىق ھالەتتىن قۇتۇلۇپ چىقىڭ، ھېچكىمنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماڭ، يەنى بىزدىن باشقا ھېچكىمنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماڭ. خەلقنىڭ خۇشامەتچىلىرىمۇ خەلققە شۇنداق دېيىشىدۇ. ئۇلار خەلقنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرىدىغان كىشىلەرگە ئىشەنمەسلىك توغرىسىدا ئىغۋا تارقىتىدۇ؛ ئۇلار خەلقنىڭ ھەقىقىي دوستلىرىغا تۆھمەت چاپلاپ زىيانكەشلىك قىلىدۇ.

ۋەزىرلەر ياش پادىشاھلارنى شۇلۇۋېلىش ئۈچۈن ئۇلارنى ياخشى تىزگىنگە ئېلىشىدۇ. خەلقنىڭ خۇشامەتچىلىرىمۇ ئوخشاش يولنى تۇتۇشىدۇ؛ ئۇلار ئىشچىلار سىنىپى ئارىسىدا تارقاتقان باسما ماتېرىياللاردا ئەدەبىي تەسۋىرلەرنى ئىشلىتىدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ خىل تەسۋىرلەر پۈتۈنلەي مۇبالىغىدىن ئىبارەت. چۈنكى ئۇلارغا شۇ نەرسە ئېنىقكى، ئىشچىلارنى چىرىتىش ئارقىلىق ناھايىتى ئاسانلا ئىنقىلابىي كەيپىياتنى ئۇلارغا سىڭدۈرەلەيدۇ. ھەرىكەت بىلەن نۇقتىئىنەزەر ئارىسىدا بىر خىل زىچ مۇناسىۋەت بار بولۇپ، بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بىر ئىشچىنىڭ جەمئىيەتكە قارشى كەيپىياتلارغا نىسبەتەن كۈچلۈك قارشىلىق كۈچى بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، بىر چېچىلاڭغۇ ئىشچىنى ئىغۋاگەرچىلەر ناھايىتى ئاسانلا ئۆز ئولجىسى قىلىۋالالايدۇ. تەلىپى كۆپ، ئەمگىكى ئاز ئادەملەر مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار «ئېھتىياجغا قاراپ تەقسىم قىلىش» كېرەك دېيىشكە بەك ئامراق، سەگەك ۋە تىرىشچان كىشىلەر ھەقىقىي پرىنسىپنىڭ «ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىش» ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

يەنە دەل خەلقنى چىرىتىش ئۈچۈن، خەلقنىڭ خۇشامەتچىلىرى ئاتېئىزمنىمۇ بىر خىل ھۆكۈمرانلىق ۋاستىسى قىلىۋالغان. چۈنكى، دىن

كىشىلەرنى ھوقۇق ـ ئىمتىيازغا بويسۇنۇش ۋە ئۇنى ھۆرمەت قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. مۇنداق قىلىشتىن مەقسەت كىشىلەرنى خائىنلىق قىلغۇزۇش بولۇپ، بۇلار ئارقىلىق خەلقنى دىندىن تايدۇرۇش، شۇ ئارقىلىق خەلقنى تېخىمۇ ئوڭاي ئىسيان كۆتۈرۈشكە كۈشكۈرتۈشتۇر.*

خەلقنىڭ خۇشامەتچىلىرى ھۆرلۈك ۋە ئاممىۋى پاراۋانلىقنىڭ دۈشمەنلىرى بولسىمۇ، لېكىن ھەمىشە بۇ ئۇلۇغ سۆزلەرنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدۇ، چۈنكى بۇ سۆزلەر ئۇلار ئۈچۈن بىر بايراق بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.** ھۆرلۈكنى قىزغىن سۆيۈش ۋە چۈشىنىش باشقىلارنى ھۆرمەتلەش ۋە قىزغىن سۆيۈشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ھالبۇكى، ھۆرلۈك توغرىسىدا ئەڭ كۆپ گەپ ساتىدىغان كىشىلەرنىڭ ئۈمىد قىلىدىغىنى پەقەت ئۆزىنىڭ ھۆرلۈكىدۇر، ئۇلار باشقىلارنىڭ ھۆرلۈكىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئۇلار ھۆرلۈك دېگەن بۇ جاراڭلىق سۆزنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەستىن ئۇنى ئاممىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتۈرىدىغان بىر خىل ۋاسىتىگە ئايلاندۇرۇشقا دىققەت قىلغان. بىراق، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ قەلبىدە قۇتراۋاتقىنى بولسا دىنغا بولغان ئۆچمەنلىك، يۇقىرى قاتلامغا بولغان ئۆچمەنلىك، ئىمتىيازغا بولغان ئۆچمەنلىك ۋە مال ـ مۈلۈككە بولغان ئۆچمەنلىكتۇر. ھۆرلۈككە بولغان مۇھەببەت ئېغىزدىكى قۇرۇق ئۆچمەنلىكتىنلا تۈزۈلگەن ئەمەس. ھۆرلۈكنى قانچە ئادەم ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغاندۇ؟ بىر كىشىگە

---

* روبىسپىر بۇ جەھەتتە ئاز ـ تولا كەڭ قورساق بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇ مۇنداق دېگەن: «ھەرقانداق بىر تۈزۈم، ھەرقانداق بىر تەلىمات پەقەت خەلق قەلبىگە تەسەللى بېرەلىسە ۋە ئۇلارنى يۈكسەلدۈرەلىسە، بۇلار ئالقىشقا ئېرىشىشى كېرەك . . . قانۇن تۈرغۇزغۇچىلارنىڭ نەزىرىدە، دۇنياغا پايدىلىق بولغان، ئەمەلىيەتتىمۇ مۇنەۋۋەر بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ھەقىقەت ھېسابلىنىدۇ . . . ئەڭ يۈكسەك مەۋجۇتلۇق ۋە روھ ئۆلمەسلىك نەزەرىيىسى ئۈزلۈكسىز تۈردە كىشىلەرنى ھەققانىيەتكە دىققەت قىلىشقا ئۈندەپ تۇرىدۇ؛ شۇ سەۋەبتىن بۇ نۇقتىئىنەزەر جەمئىيەتكە ۋە جۇمھۇرىيەتكە تەۋە . . .». —— ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

** كومىنېس مۇنداق دەيدۇ: مەن فلورېنسىيىگە بېرىپ بۇ شەھەرنىڭ قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالغانلىقىنى كۆردۈم. ھەرقايسى مەزھەبلەر «ھۆرلۈك، ھۆرلۈك!» ۋە «خەلق، خەلق!» دەپ توۋلاۋاتقانىكەن، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇ سۆزلەر خەلقنى ئۆز مەزھەپلىرىگە رام قىلالايدىكەن. —— ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

نسبەتەن ئېيتقاندا، ھۆرلۇك ئاقسۆڭەكلەرگە بولغان ئۆچمەنلىك بولۇشى مۇمكىن؛ يەنە بىر كىشىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھۆرلۇك دىندارلارغا بولغان ئۆچمەنلىك بولۇشى مۇمكىن؛ 1793 ـ يىلى، بەزى ياكوبىنچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ھۆرلۇك دۆلەت تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنغان مال ـ مۈلۈككە بولغان مۇھەببەت ۋە ئاقسۆڭەكلەرگە بولغان ئۆچمەنلىك ئىدى؛ 1830 ـ يىلى، بەزى ئىيۇل بويسۇندۇرغۇچىلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھۆرلۇك يەر ئىگىلەشكە بولغان قىزغىنلىق ئىدى، باشقىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ھۆرلۇك يۇقىرى قاتلامدىكىلەرگە بولغان ئۆچمەنلىك ئىدى. ھەسەت قىلىش ھۆرلۇككە بولغان قىزغىنلىق بولۇپ ياسانماقتا. بىر ئادەمنىڭ ھۆرلۇكنى قىزغىن سۆيۈشى ئۇنىڭ سۆزمەنلىك ۋە قىزغىنلىق ئاتا قىلالىشىدىن بولىدۇ.* باشقا بىر ئادەمنىڭ ھۆرلۇكنى قىزغىن سۆيۈشى، ئۇنىڭ ھۆرلۇكتىن ھوقۇق ۋە بايلىققا ئۆتىشىدىغان يولنى كۆرگەنلىكىدىن بولىدۇ. يەنە بىر ئادەمنىڭ ھۆرلۇكنى ياخشى كۆرۈشى ئۇنىڭ فرانسىيە ئىنقىلابى دەۋرىدىكى رومانتىكلىققا ۋە روبسپېرغا مەپتۇن بولغانلىقىدىن بولىدۇ؛ يەنە بەزى ئادەملەر دانتوندەك بولۇپ بېقىشنى ئارزۇ قىلغاچقا، ھۆرلۇكنى ياخشى كۆرىدۇ. ياشلار شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى، ئۇلارنىڭ ھۆرلۇكنى سۆيۈشى ئۇلارنىڭ غوۋغا، ئۆزگىرىش ۋە يۈز ئۆرۈشكە ئامراقلىقىدىن بولغان. بويسۇنۇشتىن ئۇلار ھارغىنلىق ھېس قىلىدۇ، خاتىرجەملىكتىن زېرىكىدۇ، تىنچلىقتىن بىئارام بولىدۇ. تەرتىپتىنمۇ ئۆتە تۇنتۇرۇقسىز، مۇتلەق خاتىرجەملىكتىنمۇ زېرىكەرلىك ئىش بارمۇ؟ ئالتوپىلاڭ —— ھاياتلىق دېمەكتۇر، كىچىككىنە بىر قالايمىقانچىلىقمۇ ھاياتلىقنىڭ بىر خىللىقىنى بۇزۇپ تاشلايدۇ. بىر كىشى بىر قانچە چىراغ ۋە دېرىزىنى چېقىپ تاشلىغاندا ئۆزىنى مەن تېخى ھايات ئىكەنمەن دەپ ھېسابلايدۇ ھەمدە ئۇنىڭدا ساقچىنىڭ بېشىنى يېرىپ بېقىشتەك بىر خىل ھېسسىيات بار بولىدۇ. نۇرغۇنلىغان

* سىياسەتۋازلاردىكى دو تىكىش قىزغىنلىقى پارتىيە ـ مەزھەپلەر كۆرىشى كەچۇرمىشلىرىدە ھاسىل بولغان قىزغىنلىقتىن كەلگەن. ——ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

ئىشلەمچىلەر ئۆز چۈشەنچىسى بويىچە هۆرلۈك ۋە ئاممىۋى يىغىلىشلاردىكى شاۋقۇن - سۈرەننى بىر ئىش دەپ هېسابلايدۇ. توپىلاڭ ۋە تىنچسىزلىق ئۇلارغا هۆرلۈكنى تەسەۋۋۇر قىلدۇرىدۇ، چۈنكى ئۇلار هەرقانداق هوقۇق - ئىمتىيازدىن بىزار؛ ئۇلار ساقچىلارنىڭ نىزامنامىلىرىگە ئازراقلا خىلاپلىق قىلىپ قويسا ساقچىغا چاقىرتىلغاچقا، ئۇلار دائىم هۆكۈمەتكە ئۆچمەنلىك قىلىشىدۇ. هۆكۈمەت بىلەن قارشىلىشىش روھى كەڭرى تارقالغان: بۇنى هەتتا هۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇق كۆتۈۋاتقان ئادەملەردىنمۇ بايقاش مۇمكىن. سودىدا زىيان تارتقان ۋە هوسۇل ئالالمىغان دېهقانلار ئاچچىقىنى هۆكۈمەتتىن چىقىرىدۇ.

كەچۈرمىش ۋە ئائىلە مەجبۇرىيىتىدىن تەجرىبىگە ئىگە بولالمىغان كىشىلەردە تەرتىپ - ئىنتىزامغا نىسبەتەن بىر خىل بىزارلىق تۇيغۇسى، هوقۇق - ئىمتىيازغا نىسبەتەن تەبىئىي هۆرمەت كەمچىل بولىدۇ. دەل هۆكۈمەتسىزلەر ئاسىيلىق قىلىشنى شەرەپ دەپ هېسابلىغاچقا، ئۇلار شۇنچە كۆپ ياشلارنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان.*

«بىزنىڭ مەيدانىمىزدا تۇرۇۋاتقانلار، بىز ئاتاۋاتقان هۆرلۈك ئالاهىدە بىر نەرسىدۇر، — دەيدۇ باكۇنىن**، — ئۇ ئاسىيلىق دېيىلىدىغان شەيتان پرىنسىپى ۋە تەبىئىي پاكىتتۇر، ئۇ مۇقەددەس ۋە يۈكسەك بولغان نەرسە ——

* مەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ پەقەت قىزىقىش تۈپەيلىدىنلا بۇش. دۇ. رېين سەيىارە سوتىغا سېباستىيەننىڭ ئۆزىنى ئاقلىشىنى سىرتتىن قاتنىشىپ، سوتنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقىنى، بۇ هۆكۈمەتسىز ئۇنسۇرنىڭ سۆزلىرىگە هۆكۈم قىلالمىغاننى ئاز دەپ تېخى ئۇنىڭغا قايىل بولاي دەپ قالغانلىقىنى كۆرگەنىدىم. «هۆكۈمەتسىزلەرنىڭ هەجۋىي تىياتىرى» نىڭ بىرىنچى سانىدا كلوۋى. خۇگۇنىڭ شەيتاننى مەدھىيىلەپ يازغان تۆۋەندىكىدەك مىسرالىرى بار: بىز سىزنى سۆيىمىز، تىلاۋەتچىلەرنىڭ كۈچلىرىنى سىزگە تەقدىم قىلىمىز، بىز كۆزلىرىڭىزدە چاقناۋاتقان نۇرلارغا سەجدە قىلىمىز، ئاھ! سەلتەنەتلىك دامو، ئاھ! جەننەتتىكى تودۇن، بىز بارلىق تاج ۋە ئەتىرگۈللەرنى ئايىغىڭىز ئاستىغا قويىمىز، مەيلى سىز ۋاسۇگ بولۇڭ ياكى پرومىتىس ۋە ياكى شەيتان! بىز سىزنىڭ بۇ خىلمۇخىل ئۆزگىرىشىڭىزگە هۆرمەت قىلىمىز. —— ئاپتورنىڭ ئىزاهاتى.

** (Bakounine)، باكۇنىن (1814 ـ 1876) رۇسىيىلىك هۆكۈمەتسىز ۋە نەزەرىيىچى، ماركسىزمغا قارشى تۇرىدۇ. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئاسىيلىق . . . » ھۆكۈمەتسىزلەر مەلۇم بىر خىل مەدھىيە تۈسىنى ئالغان ئاسىيلىقنىڭ خاراكتېرىنى چۈشەندۈرىدۇ. شەيتان ئىبلىس نادانلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدەك بولماستىن، بەلكى رەزىللىك ۋە شەخسىيەتچىلىكنىڭ ئوبرازىدۇر. «شەيتان، — دەيدۇ بۇ ھۆكۈمەتسىز ئۇنسۇر ۋە نەزەرىيىچى، — ھەرگىزمۇ شەخسىيەتچى ياكى مەنپەئەتپەرەس ئەمەس؛ ئۇ ئۆزىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئاسىيلىق قىلغانىدى؛ ئۇ ئەڭ راستچىللىقى بىلەن ئۆزىنى قۇربان قىلدى، بولمىسا ئۇ ئاسىيلىق پرىنسىپىدىن يۈز ئۆرۈشى كېرەك، كىشىلەر ‹ئىنجىل› غا ئىشىنىدىغانلار بولسا ئۆزىنى مەڭگۈ ئازاب - ئوقۇبەتكە دۇچار قىلىدۇ.»

سىياسەتۋازلار ۋە بەزى سىياسىي پارتىيىلەر ئادەتتە ھۆرلۈكنى ئۆزلىرى قىلماقچى بولغان ئىش دەپ چۈشىنىدۇ ھەمدە ئۆز ئىرادىسىنى باشقىلارغا تاڭىدۇ. ئاقسۆڭەكلەر ھۆكۈمىتىدە ئىمتىيازنى قوغداش ھۆرلۈك دەپ ئاتالدى: ئىگىۋاگەرچىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا، بۇ نام ئاز سانلىقلارنىڭ كۆپ سانلىقنى ئېزىشكە سوۋغا قىلىنىپ، ئاز سانلىقنىڭ كۆپ سانلىقنى ئېزىشكە يول قويۇلدى، يۈزەكى قارىغاندا، يەرلىك مۇستەبىتلەر بىر دېموكراتىك جەمئىيەتتە مەۋجۇت ئەمەستەك كۆرۈنسىمۇ، ھالبۇكى «ھۆرلۈك» تاجىنى تاقىۋالغان ھۆكۈمەتنىڭ «ھۆرلۈك» دېگەن قۇرۇق نامىدىن باشقا ھېچقانداق نېمىسى يوق، ھېچكىم ئېزىلىشنى خالىمايدۇ، لېكىن ھەممىۋا ئادەم ئەزگۈچى بولۇپ بېقىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ھەممە ئادەمنىڭ ھۆر بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىغان ئادەم بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا —— كىشىلەر پەقەت ئۆزى ۋە دوستلىرىنىڭلا ھۆرلۈكىنى ئارزۇ قىلىدۇ. بارلىق پارتىيە - مەزھەپلەر ھوقۇق ئارقىلىق رەقىبىنى ئېزىش كويىدا يۈرىدۇ. ئۆكتىچى ئورۇندا تۇرغاندا ئېزىلىشكە قارشى ئاۋازى ئەڭ كۈچلۈك كىشى تەختكە چىقىپ قالغۇدەك بولسىلا ئۆزىنىڭ پرىنسىپىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ: ئىلگىرى گۆش قىيامى بولغانىدۇق، ئەمدى قىڭراق بولۇپ باقايلى دەپ

ئويلىشىدۇ. پارلامېنت بەلكىم ھەربىي مۇستەبىتلەردەك دىكتاتورلىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى مۇمكىن، بارلىق ھوقۇقنىڭ پادىشاھتىن پارلامېنت قولىغا ئۆتۈشى ھۆرلۈكنىڭ قارارلاشقىنىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، بەلكى بىر خىل دىكتاتورنىڭ ئورنىنى يەنە بىر دىكتاتورنىڭ ئالىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بەزى سىياسىي پارتىيىلەر ئۆز سىياسىي رەقىبىنى ئېزىش كويىدا بولسىلا ھەرقانداق ۋاقىتتا ئاممىۋى بىخەتەرلىك ۋەۋىسكىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، خەلق بىخەتەرلىكىنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ، ئۆز نەپسىنى قاندۇرۇشىدۇ، ئۇلار دەۋاتقان ئاممىۋى بىخەتەرلىك ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىدىكى ئاممىۋى بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش قانۇنى، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان قانۇننى كۆرسىتىدۇ. ئاممىۋى مەنپەئەت ئەمەلىيەتتە باشقا بىر نەرسە بولسىمۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتى بىلەن ئاممىۋى مەنپەئەتنى بىرلەشتۈرۈپ ئادەتلەنگەن. ئۇلارنىڭ قارا نىيىتى خەۋپكە دۇچ كەلگەندە ئۇلارنىڭ كۆتۈرۈپ چىقىدىغىنى دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىدۇر.

سىياسىي ھەمىشە بىر قەۋەت نىقاب تارتىۋالغان بولىدۇ. ھەرقانداق بىر سىياسىي پارتىيە ئۆز رەقىبىنى ۋەيران قىلىش ھەمدە جاراڭلىق باھانىلەر بىلەن ئۆز قارا نىيىتى ۋە ئاچ كۆزلۈكىنى يوشۇرۇش كويىدا يۈرىدۇ. سوسىيالىستىك پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ بۇ خىل ساختىلىقىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «ئاشۇ شەھەر ئىتتىپاقلىرىدىكى ئەڭ مەرتىۋىلىك كىشىلەر ھۆرمەتلىك نام ـ ئەمەللەر بىلەن ئۆزلىرى تارتىۋېلىشقان ھوقۇقنى زىننەتلىشىپ، ئۆزلىرىنى خەلق ھاكىمىيىتىنىڭ شاپائەتچىسى —— سىياسىي باراۋەرلىكنىڭ قوغدىغۇچىسى، شۇنداقلا نورمال ھالەتنىڭ، ياخشى ئاقسۆڭەكلەر گەۋدىسىنىڭ ۋە باشقا نۇرغۇن ـ نۇرغۇن ياخشىلىقلارنىڭ ھىمايىچىسى دەپ ئاتىشىۋالىدۇ. ئۇلار، ئۆزلىرى ھىمايە قىلىۋاتقان بۇ ھالەت ئۇلارنىڭ ئاشۇ ئەيىبلەشكە تېگىشلىك ئۇرۇش ـ جېدەللىرىگە بېرىلگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۆلىمى ئىكەن. ئۇلار بېشەملىكتە ھەرقانداق شەرمەندىچىلىكتىن يانمايدىغان بولۇپ كەتكەن. . . ئۇلارنىڭ غوۋغالىرى ھۆكۈمرانلىق تەختىگە چىقىش ئىستىكىدىن كەلگەن، بۇ بىر خىل قارا نىيەت ۋە ئاچ كۆزلۈك قۇتراپ تۇرغان ئىستەك بولۇپ، قارا نىيەت ۋە ئاچ كۆزلۈك رىقابەتتە قارىمۇقارشى ئورۇندا تۇرغان ئىككى تەرەپنىڭ جاسارەت بۇلىقىدۇر.»

مۇبادا تاشقى قىياپەتكە قاراپ كىشىنىڭ زىرەك - نادانلىقىنى ئۆلچىمەيدىغان بولساق، ئۇ ھالدا، پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ ئۆزلىرىگە چاپلىۋالغان ماركىسىغا قاراپ تۇرۇپ ئۇلارنى پەرقلەندۇرۇشمۇ ئوخشاشلا دانالىقتۇر. جەمئىيەتنى ئىپتىدائىي دەۋردىكى بەدەۋى ھالەتكە قايتۇرۇشنى نىشان قىلغان كىشىلەر ئۆزلىرىنى «تەرەققىيپەرۋەرلەر» دەپ ئاتىۋېلىشقان؛ جەمئىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز يۈكسىلىش ئارقىلىقلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدىغان كىشىلەر ئۆزلىرىنى «كونسېرۋاتىپلار» (مۇتەئەسسىپلەر، ئېھتىياتچانلار —— ئۇيغۇرچىغا نەشر قىلغۇچىدىن) دەپ ئاتىۋېلىشقان، گەرچە ئۇلار ھېچقانداق نەرسىنى قوغداپ قالالمىسىمۇ، ئىنقىلابچىلارنىڭ سۆزلىرىدە، ئىش قىلمايدىغانلار «ئىشچى» دەپ ئاتىلىدۇ، كوممۇنىدىكى قاتىللار تەرتىپ تەرەپتە تۇرۇپ كۈرەش قىلغۇچىلارنى «قاتىللار»، ئۆزلىرىنى بولسا ئوتتۇرا بورژۇئازىيە دىكتاتورىسىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلىرى دەپ ئاتىۋېلىشقان. ئۆكتەبىردىكى ئادەم قاسساپلىرى ۋە ئەيش - ئىشرەت، كەيپ - ساپا ئىچىدە كۈن كەچۈرۈۋاتقان ئىنقىلابچىلار ئۆزلىرىنى «ئېسىل پەزىلەتلىك» دەپ ئاتىۋېلىشقان. ھەمىشە ھۆكۈمەت ئورگانلىرى كېلەڭسىز دەپ جار سېلىشىدىغان ئۆكتىچىلەر ھەممىدىن ئاۋۋال ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغان ئەمەل - مەنسەپلەرنى تەسىس قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، ئىقتىدارلىق، سەممىمىي ئەمەلدارلارنىڭ ئورنىغا دەسسەش كويىدا بولۇشىدۇ. ھەيدەكچى ھۆكۈمەت ماھىيەتتە چىرىكلەشكەن، ئۇرۇشخۇمار بىر ھۆكۈمەت بولۇپ ئۇ ھەمىشە ئېسىل خىسلەت، ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە قانۇن - تۈزۈمدىن سۆز ئاچىدۇ. مىۋە

ئېيىنىڭ 18 ـ كۇنىنىڭ ئەتىسىمۇ ھەم شۇنداق. چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىش قانۇنى ئاۋازغا قويۇلغاندا، چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىش قانۇنىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچى ئۇنى ئادالەت ۋە ئىنسانپەرۋەرلىككە ئۇيغۇن دەپ تۇرۇۋالغانىدى؛ ئۇ مۇنداق بىر پاكىتقا دىققەت قىلىشنى تەلەپ قىلغان، يەنى بىر تېمىمۇ قان ئاققۇزماسلىق، يەنى دۇشمىنىنى ئەركىنلىككە قويۇپ بېرىش ئۇنى ئىنسانپەرۋەرلىك يولى بىلەن بىر تەرەپ قىلغانلىق. ئىگىلىك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشنى تەلەپ قىلغۇچىلار نەزىرىدە ھۆرلۈكنىڭ دوستلىرى ھەمىشە ھۆرلۈكنىڭ دۇشمەنلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ھېچكىمنى ياخشى كۆرمەيدىغان ئادەم ئۆزىنى تېخى خەلقنىڭ دوستى قىلىپ كۆرسىتىۋالىدۇ؛ دۆلىتىنى سۆيمەيدىغان كىشى ئىنسانلارغا سەمىمىي ھېسسىياتى بار قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ. ھۆكۈمەتسىزلەر دۆلىتىمىزدىن ۋاز كەچسەك كېچىمىزكى، ئىنسانىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يولىنى تاللايمىز دېيىشىدۇ.*

سىياسىي ساھەدە «ئادەتتىن تاشقىرى قانۇن ماددىلىرى» نى ماقۇللۇقتىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بۇ ماددىلار ۋاقىتلىق دەپ ئېلان قىلىنىدۇ، بىراق ماقۇللۇقتىن ئۆتسىلا، ئۇلار بۇ ماددىلارنى مەڭگۈلۈك قىلىشقا تىرىشىدۇ. سىياسىي پارتىيىلەرمۇ مەلۇم سۇيىقەستنىڭ كۆلىمىنى ۋە بەزى قىياسەن خەتەرلەرنى مۇبالىغە قىلىپ كۆرسىتىپ باشقىلارنى قورقۇنچقا سېلىش ئارقىلىق بۇ قانۇن ماددىلىرىنى ماقۇللۇقتىن ئۆتكۈزىدۇ. مەلۇم قانۇننىڭ ھەقىقىي ئاساسى ئۇنى رەسمىي تونۇشتۇرغان ۋاقىتتىكى ئاساسلار بولماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى، ئاشكارا ئاساسلارنىڭ ھەقىقىي ئاساس بولۇشى ناتايىن. سان. ئېۋرېموند (Saint Evremond) ئۆزىنىڭ «سىياسىي ئەپەندى» ناملىق كومېدىيىسىدە سىياسىيدىكى قويمىچىلىقنى مەسخىرە قىلغان بولۇپ، ئۇ

* دىدروت ئاللىبۇرۇن دۆلەت ياكى ئىنسانىيەتنىڭ قايسىسىغا خىزمەت قىلغان ياخشىراق دېگەن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇنىڭ قارىشىچە «ئىنسانلار مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ»، «دۆلەت ھامان ھالاك بولىدۇ.» («سېنېكانىڭ تەرجىمھالى») —— «Vie de seneque» غا قارالسۇن). —— ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كومپدىيىدىكى بىر پېرسوناژنى مۇنداق دەپ سۆزلەتكەن: «نۇتقىڭىزدا ھەرگىزمۇ ئويلىغانلىرىڭىزنى دەپ سالماڭ، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ سىز توغرۇلۇق دېگەنلىرىگىمۇ ئىشەنمەڭ.» قانچىلىگەن نۇتۇق، خىتاب ۋە ھۆكۈمەت باياناتلىرىنى ساختا ئەمەس دەيسىز! «مۇپەتتىشلىك ھېسابى» نىڭ ئۆزىمۇ نەچچە قېتىم ئۆچۈرۈپ ئۆزگەرتىلگەن بولۇپ، قەستەنگە ھەقىقىي ھېساباتلار ئېلان قىلىنمىغان. سىياسىئونلار ھەمىشە خەلق ئالدىنىشقا ئامراق دېيىشىدۇ؛ «پادىشاھ ۋە ۋەزىرلەر ئەڭ ياخشى سۆز ـ ئىبارىلەر بىلەن خەلققە قوماندانلىق قىلىشنى، خەلقنى قايىل قىلىشنى، يۈزەكى ھادىسىلەر بىلەن خەلقنى قايمۇقتۇرۇش ۋە ئالداشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك . . . تەسىرلىك سۆز ـ ئىبارىلەر بىلەن مەخپىي كىتابلارنى يېزىش، ئۆز كۆڭلىنى ئىزھار قىلىش، ئەپۇ سوراش ۋە سەلتەنەتلىك خىتابلارنى قىلىش ئارقىلىق خەلقنىڭ بۇرنىدىن يېتىلەپ مېڭىش، شۇ ئارقىلىق خەلقنى ماختىتىش ياكى ئەيىبلىتىش، لېكىن نېمىنى ماختاۋاتقانلىقىنى، نېمىنى ئەيىبلەۋاتقانلىقىنى بىلەلمەيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇش كېرەك.»

فۇرىي* (Fourier) بىر كىتابچە يېزىپ سان. سىمون** (Saint Simon) ۋە ئوۋېن*** (Oven) چى ئۇنسۇرلارنىڭ سۇيىقەست ھىيلە ـ مىكىرلىرىنى ئەيىبلەيدۇ. «ئۇلار قارىغۇنى يېتىلەپ ماڭغان قارىغۇلار، ھارامزادە ئاغا ـ ئىنىلار، ئۇلارنىڭ بىردىنبىر مەقسىتى ھۆكۈمەت، مالىيە ۋە خۇسۇسىي مال ـ مۈلۈككە ھەمداستىخان بولۇۋېلىش.» ھەممە سىياسىي پارتىيىلەرنىڭ ئالدامچىلىقلىرىنى يېزىش ئۈچۈن قېلىن ـ قېلىن توملار ئازلىق قىلىدۇ. مەن بۇ يەردە نۆۋەتتىكى بۇ ئايىغى چىقماس مەسىلە ئۈستىدە

---

* فۇرىي (1772 ـ 1837) فرانسىيە خىيالىي سوتسىيالىزمچىسى، كاپىتالىزم تۈزۈمىنىڭ جىنايەتچىلىرىنى تەنقىدلىگەن. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

** سان. سىمون (1760 ـ 1825) فرانسىيە خىيالىي سوتسىيالىزمچىسى. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

*** ئوۋېن، 18 ـ ئەسىردىكى ئەنگلىيە خىيالىي سوتسىيالىزمچىسى. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش بىلەنلا چەكلىنىمەن.

ئۆزىنى مۆتىدىلپەرەس دەپ ئېلان قىلىپ تۇرۇپ، يەنە رادىكال قانۇن لايىھىلىرىگە بېلەت تاشلاۋاتقان سىياسەتۋازلانىڭ نەرىنىمۇ سەمىمىي دېگىلى بولسۇن؟ گەرچە ئۇلاردا ئاز - تولا مۆتىدىل نەرسىلەر بار بولسىمۇ، لېكىن ئۇمۇ ئۇلارنىڭ بارلىق جاسارىتى ۋە سەمىمىيىتــــى مەڭگۈ يېتەلمەيدىغان نەرسىدۇر.

كوممۇنىزمچىلارغا كېسىم ئېلان قىلىشنى چاقىرىق قىلغۇچىــــلار كوممۇنىزمچىلارنىمۇ قوللىمايدۇ، چۈنكى ئامىنىنىڭ كەمسىتىشىدىن قورقىدۇ ھەم كوممۇنىزمچىلارغا قارشى چىقىشقىمۇ پېتىنالمايدۇ، چۈنكى نەپ ئېلىپ كېلىدىغان خېرىدارلاردىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقىدۇ. بۇنداق ئادەملەردە نەدىمۇ سەمىمىيەت بولسۇن؟

سوتسىيالىزمچىلار ئۆزلىرىنى ھۆكۈمەتســـىزلەر بــــلەن قــــلچە ئورتاقلىقىمىز يوق دەپ تۇرۇپمۇ، لېكىن يەنە ئۇلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ھۆكۈمەتسىزلەرنى نىشان قىلغان چەكلەش تەدبىرلىرىگە قارشى چىقىدۇ.

ئەجەبا بۇ سوتسىيالىزمچىلار سەمىمىيمۇ؟ رادىكال مۇخبىر ۋە ۋەكىللەر بومبىلارنى پارتلىتىشنى ساقچىلارغا، ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيىگە ۋە دىنىــــي خادىملارغا دۆڭگەپ قويىدۇ، ئەجەبا ئۇلار مۇتلەق سەمىمىيمۇ؟ ئۇلارنىڭ مۇنداق قىلىشى ئامىنىنىڭ غەزەپلىك كەيپىياتىنى بۇرمىلاش بولماي نېمە؟ بۇنىڭدىن باشقا سوتسىيالىستلار پارتىيىسىنىڭ دىنىي ھوقۇقچىلىققا جېنىنىڭ بارىچە قارشى چىقىشنى ئەجەبا كىشىلەر ئۇنىڭ ئۇستاتلىق قىلىشى دەپ ھۆكۈم قىلالماسمۇ؟ بۇ ئۇستاتلىق سوتسىيالىزمچىلارنىڭ خەتەرلىكلىكىگە بولغان دىققىتىنى بۇرىۋېتىش ئۈچۈن قىلىنغان. چۈنكى، كىــــشـــــلەر سوتسىيالىزمچىلارنىڭ خەتىرىدىن قورقىدۇ. ئوخشاشلا، رادىكال ئۇنسۇرلارمۇ مۆتىدىل جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ ئىنقىلابقا قارشى سۈيىقەستىنى بايقاپ قالسىلا ئۇنىڭغا ئەكسىيەتچى ۋە دىنىي ھوقۇقپەرەس دېگەن ماركىنى چاپلايدۇ، ئەجەبا بۇ مۆتىدىل جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ ئابرۇيىنى بۇلغاش بولماي نېمە؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ بايلارنىڭ كۆپتۈرۈلگەن بەختىگە قارشى قويۇلغان خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق ۋە خىرە ھالىتى توغرىسىدىكى مۇبالىغە قىلىنغان تەسۋىرلىرى، ئەجەبا ئۇلارنىڭ باغرىنىڭ يۇمشاقلىقىدىن يېزىلغانمىدۇ؟ ئۇلارنىڭ بۇ خىل سەلبىي جەھەتتىن گەۋدىلەندۈرۈش ئۇسۇلى ئەجەبا خەلقنىڭ غەزىپىنى قوزغاش بولماي نېمە؟ كاتىپىن تۆۋەندىكى سۆزلەرنى قىلغاندا دەل مۇشۇ تاكتىكىنى ئىشلەتكەن: «ئۇلار دېڭىزنىڭ ئۇپۇق سىزىقىنى ئۆرلىتىپ، تاغ - چوققىلارنىڭ ئېگىزلىكىنى تۆۋەنلىتىشكە باشلىغان چاغدا، بىز ئالدىراپ - تېنەپ پاناھ جاي ئىزدىمىسەك بولمايدۇ...» بايلاردىكى موللۇق، باياشاتلىقنى مۇبالىغە قىلىۋاتقان سىياسەتۋازلار، يوقسۇللارنىڭ ھەسرىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، يوقسۇللارنىڭ ئۆز جاپا - مۇشەققىتىگە بولغان سەزگۈرلۈكىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋېتىدۇ.

سوتسىيالىزمچىلارنىڭ دېھقانلارغا ۋە ئىشچىلارغا دېگەن تۈپتىن ئوخشىمايدىغان سۆزلىرىنى ئەجەبا سەممىيەتنىڭ ئۆلگىسى دېيىشكە بولامدۇ؟ ئۇلار دېھقانلارغا ئۇششاق مال - مۈلۈك قوغدىلىدۇ ۋە ھۆرمەت قىلىنىدۇ دەپ ۋەدە بېرىش بىلەن بىللە ئىشچىلارغا ئەركىن سودا قىلىش ۋە مال - مۈلۈكنى ۋەيران قىلىش ھوقۇقىغا ۋەدە قىلغان. ئۇلار جەمئىيەتتىكى خىلمۇخىل باراۋەرسىزلىك، ئازاب - ئوقۇبەت ۋە يوقسۇللۇقنى يوقىتىپ، ھەممە كىشىگە بايلىق ۋە بەخت ئېلىپ كېلىمىز، يەر شارىدىن ئىبارەت بۇ «كۆز - ياشلار دېڭىزى» نى جەننەت قىلىپ ئۆزگەرتىپ چىقىمىز، ئۇ جەننەتتە ھەممە ئادەم پەرىشتە، قانۇن، سوت ۋە تۈرمىلەر بولمايدۇ دەپ ۋەدە قىلىۋاتقان ۋاقىتتا ئەجەبا ئۇلار شۇقەدەر سەممىيمىدۇ؟ تاستوننىڭ «بەزى سۆزلەر ساختا ۋە يالغان بولىدۇ، ئۇلار ھۆرلۈكنى نىقاب قىلىپ تۇرۇپ ئەڭ ئېچىنىشلىق قۇللۇققا يول ھازىرلايدۇ» دېگەن سۆزلىرىنى بۇ ساختا ۋەدىلەرگە ئىشلەتسەك تازا ماس كەلمەسمۇ؟

مۇشۇ خىلمۇخىل چىرايلىق ۋەدىلەرنى بېرىۋاتقان كىشىلەر، ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي ئېلانى بولۇپ بېرىشىنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئارزۇ قىلىشىدۇ. ئەجەبا

ئۇلار خەلق مەنپەئىتىنىلا ئويلامدىغاندۇ؟ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نەپسىنى قاندۇرالىغانلىرى توختىماستىن باشقىلارنىڭ قولى ياكى ئۆز قولى ئارقىلىق ئۆزىگە قەستىنامىلەرنى پۈتىدۇ. باكون* (Bacon) ئۆزى ئۇچۇن يول ئېچىپ بەرگۈچىلەرگە ئېلان بولۇپ بېرىدىغانلىقىنى تەكلىپ قىلغاندا ئۇ كىشىلەر بۇ تەكلىپنى دەل ئەنە ئاشۇنداق ئەمەلىيلەشتۇرىدۇ. «ئېسىل پەزىلىتىڭ بولمىسا ئېسىل پەزىلەتلىك قىياپەتكە كىرىۋال، — دەيدۇ باكون، — شۇڭا ئۆزۈڭنىڭ ئېسىل پەزىلىتىنى، ئەقىل - پاراسىتىڭنى، ھەتتا تەلىيىڭنى مۇبالىغە قىلساڭ بولىۋېرىدۇ. ئۆزۈڭنى بېزەپ كۆرسىتىش بىلەن باشقىلارغا يالا چاپلاشتا ئوخشاش ئۇنۇمگە ئېرىشەلەيسەن: ئۇ ھەمىشە كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا مەلۇم تەسىرلەرنى قالدۇرىدۇ. نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلەيدىغان ئادەملەرنىڭ كەمتەرلىكنى باسالايدۇ، بۇ ئەخلاقىي جەھەتتىن نەپرەتلىك ئىش بولسىمۇ، لېكىن سىياسىي جەھەتتە ئەسقاتىدىغان بىر پرىنسىپتۇر.»

ئۇلارنىڭ سىنىپلارنى ئۆزئارا كۈرەشكە قۇترىتىشى ئەجەبا راستىنلا بىر مېھىر - مۇھەببەتلىك ھۆكۈمرانلىققا تەييارلىق قىلغىنىمۇ؟ ئۇلار بىر مەيدان ئىچكى ئۇرۇشنىڭ بارلىق ئامىللىرىنى تولۇق ھازىرلاپ بولغان، ئەجەبا ئۇلار راستىنلا دۆلەتنىڭ تىنچلىقى ۋە ئىتتىپاقلىقىغا قاراپ مېڭىشىغا رەھبەرلىك قىلماقچىمۇ؟ خىيالىي تىنچسىزلىق ۋە جەڭگى - جېدەل پەيدا قىلىشتا بولۇۋاتقان ئىغۋاگەرچىلەرنىڭ قىزغىنلىقى راستىنلا خەلققە بولغان سەمىمىي مۇھەببەتتىن قوزغالغانمىدۇ؟ ئىغۋاگەرچىلەر غەليان كۆتۈرۈلگەندە ئۆزىنى خەتەردىن چەتكە ئېلىشىدۇ، ئۇ ئۆزلىرى بومبا تاشلىماي باشقىلارغا تاشلاتقۇزىدۇ، بەزى ئىنقىلابچىلارغا تەقلىد قىلىشىدۇ. ئىنقىلابچىلار

* فرانسىس. باكون (1561 ـ 1626) ئەنگلىيە پەيلاسوپى، «ئەنگلىيە ماتېرىيالىزمى ۋە پۈتكۈل ھازىرقى زامان تەجرىبىشۇناسلىقىنىڭ ھەقىقىي پېشۋاسى» (ماركس). «ئىلىم - پەننىڭ قىممىتى ۋە تەرەققىياتى» ۋە «يېڭى سايمانلار» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. —— ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغۇچىدىن.

www.uyghurkitap.com

ئۆزلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاسىيلىقلاردا بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ بىخەتەر ھالدا ئۇرۇشنىڭ ئاخىرلىشىشىنى كۈتىدۇ.

ئاممىنى دالالەت قىلىش ئۈچۈن، ئىغۋاگەرچىلەر مەلۇم بىر ۋەقەسىدىن پايدىلىنىپ كىشىنى قورقۇتىدىغان سۆزلەر بىلەن كانىيى يىرتىلغۇدەك ۋارقىرىشىدۇ، نۇرغۇنلىغان توپىلاڭلار «بولكا ۋە ئاساسىي قانۇن!» دېگەن ۋارقىراش ئاستىدا پارتلىغان. ئاشۇ بولكا دەپ ئۈنلۈك ۋارقىراۋاتقان كىشىلەر ئەمەلىيەتتە بولكىغا ئېھتىياجلىق ئەمەس. مەسىلەن، پادىچىلار ئېيىنىڭ 3 ـ كۈنى پارلامېنتقا بىر توپ بولكا تەلەپ قىلغۇچىلار ئۇسۇپ كىرگەندە، تۇتۇلغان بىرىنچى غەلىيانچىنىڭ يانچۇقىدىن لىقمۇلىق بولكا چىققان. ئاچارچىلىق ۋەھىمىسى نۇرغۇن ئاسىيلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دېگەن سۆز ئەمەلىيەتتە بىر ۋەسۋەسىدىن ئىبارەت. ئاسىيلىق ھەمىشە ئوخشاش شەكىل بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ئاياللار، باللار ۋە بىكار تەلەپ تاماشىبىنلار ھەمىشە ئالدىنقى سەپكە چىقىرىپ قويۇلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭغىنى پارلامېنتنى قورشىۋېلىش، پارلامېنتقا بۆسۈپ كىرىش نىيىتىدىكى بىر توپ ئامما ياكى ئەسكەرلەرنى قورشىۋېلىش نىيىتىدىكى بىر توپ ئامما. ۋەزىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈش ئۈچۈن كاتتىۋېشى ئەسكەرلەرنى ئوق چىقىرىشقا قەستەن قىينايدۇ، ئەگەر ئەسكەرلەر ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن بىرەر ئاسىينى ئېتىپ قويغان بولسا، كاتتىۋاشنىڭ ئادەملىرى جەسەتنى كۆتۈرۈپ كوچا ئايلىنىپ، ھۆكۈمەت خەلقنى قىردى دەپ جار سالىدۇ. ئۇلار چوڭ شەھەرلەردە، بولۇپمۇ پارىژدەك چوڭ شەھەرلەردە جىنايەتچىلەرنى ئۆزلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدۇ ياكى توپىلاڭ پەيشىپ يېتىلەي دەپ قالغاندا ئۇلار ھاپىلا ـ شاپىلا ئۇ يەرلەرگە يېتىپ بېرىپ بۇلاڭچىلىق قىلىۋاتقانلارنى ئۆزلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش كويىدا بولىدۇ.

جىنايەتچىلەر قالايمىقانچىلىق پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئاممىۋى مەنپەئەت دېگەن ۋىۋىسكىنى كۆتۈرۈۋېلىپ بۇلاڭچىلىق ۋە قىرغىنچىلىق قىلىدۇ. سان. بادىرومىئۇ چوڭ قىرغىنچىلىقى مەزگىلىدە، «نۇرغۇن

كاتولىك مۇرتلىرى توپىلاڭدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى» — دەيدۇ باۋدې (Baude) ، بەزى كىشىلەر توپىلاڭدىن پايدىلىنىپ، ئېتىقادنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ، ئۆز دۈشمەنلىرىنى ئۆلتۈردى. بۈيۈك ئىنقىلاب دەۋرىدە، شەخسىي ئۆچ - ئاداۋەتلەر ئەركىنلىك نامى ئاستىدا ئىجرا بولغانىدى. ھەيدەكچى ھۆكۈمەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە، توپىلاڭغا قاتناشقان كىشىلەر شەھەر ئاھالىسى ئىسيان كۆتۈردى دېگەن باھانە بىلەن كۈپكۈندۈزدىلا نۇرغۇنلىغان جىنايەتلەرنى سادىر قىلغانىدى. بولۇپمۇ فرانسىيىنىڭ جەنۇبىدا ئۆزلىرىنىڭ بۇلاڭچىلىقلىرىغا سىياسىي تۈس كىرگۈزۈش ئارقىلىق «بۇلاڭچىلىقنى مەقسەت قىلىپ تۇرۇپ، ياكوبىنچىلارنى قوغلاپ ئۆلتۈردى، قاتىللار دۆلەت مۇسادىرە قىلغان مال - مۈلۈكلەرگە ئىگە بولۇشتى، . . . ئۇلار ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلىشىش ۋەۋەسكىسىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئاممىۋى فوندى جۇغلانمىلىرىنى ئىگىلەشكە تىرىشتى ۋە ھۆكۈمەت مال - مۈلكىنى بۇلايدىغان باجگىرلارغا ئايلىنىۋېلىشتى.» ئۇنىڭدىن باشقا، قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە قەرزدارلىق ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن پايدىلىنىپ قەرز بەرگۈچىلەرگە بۆھتان چاپلىدى ياكى قەرز ھۆججەتلىرىنى يوق قىلىۋېتىش ئۈچۈن قەرز بەرگۈچىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى ئاختۇرۇشتى. 1793 - يىلى قەرزدارلار قەرز بەرگۈچىلەرنى ئاقسۆڭەكلەر قاتارىدا قولغا ئېلىپ تۆلەيدىغان قەرزلىرىدىن بىراقلا قۇتۇلىدىغان ئىش بولغانىدى.

توپىلاڭ پەيدا قىلىش ئۈچۈن، داھىيلار بەزىدە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش ھىيلىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشىدۇ. بابېف* (Babeuf) سۈيقەستىنىڭ رەھبەرلىرى مانا مۇشۇنداق ئۇسۇلنى قوللانغان. «ئەسكەرلەرنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن دەبدەبىلىك ۋە شېرىن - سۇخەن سۆزلەر بىلەن تولغان

* بابېف (1760 - 1797) فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى سىياسىي ئىغۋاگەرچى، خىيالىي سوتسىيالىزمچى، مەخپىي ئىنقىلابىي تەشكىلات «باراۋەرلەر تەشكىلاتى»نىڭ رەھبىرى، 1796 - يىلى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ مەغلۇپ بولغان ۋە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

نۇتۇق كېرەك ئەمەس، — دەپ يازىدۇ ئۇلار شېرىكلىرىگە، — ئۇلارغا ئۇزۇم هارىقى ۋە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ئىستىكى بولسىلا بولدى . . . » كىشىلەر بەلكىم بۇ ئادەملەر تاستوننىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنى ئوقۇغان بولسا كېرەك دېيىشى مۇمكىن: «هېچقانداق نەرسە ئاممىنى توپىلاڭ ۋە بۇلاڭ ـ تالاڭدىنمۇ ئوڭايراق ئىچكى ئۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلالماس.»*

سوتسىيالىزمچىلارنىڭ ساختىپەزلىكى تېخى كىشىلەرنىڭ يېتەرلىك دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىمىدى. ئۇلارنىڭ خەلققە قىلغان خىتابنامىلىرىدە «ۋېرسالچىلىق» زىددىيەتكە دۇچ كەلدى دېيىشنى ئۇزۇپ قويغىنى يوق، شۇنداقلا ساختا خەۋەرلەرنى تارقىتىشنىمۇ ئۇزۇلدۇرۇپ قويغىنى يوق. دېلېسلۇز (Delescluze) ھەمىشە ئەڭ يالغان سۆزلەرنى قىلاتتى. پارىژ قورشاۋى مەزگىلىدە، كېيىنچە كوممۇنىنىڭ ئاساسچىلىرىغا ئايلانغان ئاشۇ كىشىلەر پرۇسسىيىلىكلەرگە ئەڭ كۈچلۈك ئۆچمەنلىكىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۇرۇشتىن ئۆزىنى قاچۇرغانىدى. ئۇلارنىڭ ئۇرۇش ئېلان قىلىشى ئەمەلىيەتتە زەمبىرەكچىلەرگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئىدى. گېنېرال كلايمون. توماسنىڭ قەستلەپ ئۆلتۈرۈلۈشىنىڭ سەۋەبى، ئۇنىڭ ئۇلارنىڭ ساختىلىقىنى ئەيىبلەشكە جۈرئەت قىلالىغانلىقىدىن بولغانىدى. دەل ئاشۇ جاھانگىرلىك دىكتاتورلۇقىغا قارشى ئەڭ كۈچلۈك شوئار توۋلىغان كىشىلەر كېيىنچە ئەڭ رەزىل، ئەڭ شەرمەندە بولغان دىكتاتورا مۆجىزىسىنى پەيدا قىلدى.

بىزنىڭ بۇ دەۋرىمىز ئۆكتىچى ئورۇندا تۇرغان مەزگىلدە ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇش مەقسىتىدە ھۆرلۈكتىن گەپ سېتىپ، مۇبادا سوئيىقەستى ئەمەلگە ئېشىپ ھوقۇق تۇتۇپ قالسىلا باشقىلارغا ھۆرلۈك بېرىشنى رەت قىلغانلار

---

* تاستو «تارىخنامە» 1 ـ جىلد، 83 ـ باب، 3 ـ جىلد، 83 ـ بابتىن پايدىلانسىمۇ بولىدۇ. پلاتونمۇ مۇنداق دەپ مۇلاھىزە قىلىدۇ: «خەلققە بولغان كونتروللۇقنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن . . . ئىغۋاگەرچىلەر خەلققە بايلارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشقا ۋەدە بېرىپ ئادەتلەنگەن.» («غايىۋى دۆلەت»، 7 ـ جىلد). —— ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

بىلەن لىق تولۇپ كەتكەن.* ئىلگىرى ھاكىممۇتلەقلىققە ھەممىدىن ئاۋۋال يۇقىرى ئاۋازدا قارشى تۇرغانلار ھازىر ئۆزلىرى سېپى ئۆزىدىن ھاكىممۇتلەق بولۇپ قېلىشتى، ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىشنى يۇقىرى ئاۋازدا سۆككەنلەر بولسا ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىش جىنايىتى ئۆتكۈزدى، باشقىلارنىڭ جىنايىتى بولسا بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر. گېتې ساختا ئەركىنلىك ئەلچىلىرىنى مۇنداق دەپ مۇھاكىمە قىلىدۇ: «مەن ئەركىنلىك ئەلچىلىرىدىن بىزار، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانى ئۆزلىرى خالىغانچە ھەرىكەتلىنىش ھوقۇقىدۇر.» ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالغان ئادەم ئۆكتىچى ئورۇندا تۇرغان چاغدا بىلدۇرگەن ھۆرلۈك پرىنسىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرگەندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ ھۆرلۈككە بولغان سەممىيىتىگە ئىشىنىش مۇمكىن.

* «ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن ئۇلار ھۆرلۈكنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. ھۆكۈمەت ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن بولسا ئۆزلىرى ھۆرلۈككە ھۇجۇم قىلىشىدۇ» (تاستو، «يىلنامە»، 16 ـ جىلد، 22 ـ پاراگراف). —— ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

www.uyghurkitap.com

# ئالتىنچى باب
# سىياسىي بۇلاڭچىلىق

ئۆرۈش بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ئۈچۈن قوزغىلىدۇ ——— بويسۇندۇرۇلغۇچىلارنى قۇل قىلىش ——— ئەمگەكنىڭ قىممىتى يوق، لېكىن بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش شەرەپلىك ——— رىملىقلارنىڭ ئۆرۈشى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش قورالىغا ئايلاندۇرۇۋېلىشى ——— ئۆرۈشخۇمارلىق بېيىشنىڭ يولىدۇر ——— فېئوداللىق تۈزۈم بويسۇندۇرۇلغۇچىلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش دېمەكتۇر ——— بۇلاڭ ـ تالاڭ خاراكتېرىنى ئالغان يېراقتا يۈرۈش ——— ئەنگلىيىلىكلەر ئېرلاندىيىدە ——— ئارمىيە ۋە بۇلاڭچىلار ——— تالاپەتكە ئۇچرىغان كىشىلەرگە بولغان ئىگىدارچىلىق ——— كونا تۈزۈم بىرخىل بۇلاڭچىلىق شەكلى ——— مۇسادىرە قىلىش ۋە ئىچكى ئۆرۈش ——— ماددىي مەنپەئەت ۋە ئىنقىلاب ——— ئىقتىسادىي سەۋەب تۈپەيلىدىن زاۋاللىققا يۈز تۇتقان رىم ئىمپېرىيىسى ——— پروتېستانت دىنى مەلۇم دەرىجىدە دىنىي جەمئىيەتنى بۇلاش ھەرىكىتىدۇر ——— لۇئى XVI نىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش ——— ۋەزىرلەرنىڭ ئاچ كۆزلۈكى ——— فرانسىيە ئىنقىلابى دەۋرىدىكى بۇلاڭچىلىق ———

*ئىنقىلاب مال ـ مۈلۈكنىڭ يۆتكىلىشى دېمەكتۇر*
*—— ئىچكى ئۇرۇش ۋە بۇلاڭچىلىق ——*
*سىياسەتۋازلار ۋە بانكىرلارنىڭ بىرلىشىشى ——*
*قەدىمكى رىمنىڭ سىياسىيسى ۋە مالىيىسى ——*
*سىياسەتۋازلارنى ئومۇمنىڭ پۇلىنى يۆتكەپ*
*ئىشلىتىۋالدى دەپ ئەيىبلەشنىڭ قىيىنلىقى ——*
*سىياسەتۋازلار ۋە بانكىرلارنىڭ ئاخبارات ساھەسىنى*
*چىرىتىشى —— ۋاكالەتچىنىڭ سايلام بېلىتىنى*
*بانكىرلارغا سېتىپ بېرىشى —— چىرىكلىشىش*
*بولغان يۇكسىلىش —— سوتسىيالىزمچىلارنىڭ*
*ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيىنى ئەيىبلىشى —— ئىجتىمائىي*
*باراۋەرلىك*

دىن ۋە ۋىجدان كىشىلەرگە: «باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئالماڭلار، پېشانە تەرىڭلارغا تايىنىپ جان بېقىڭلار» دەۋاتقان ۋاقىتتا، ئاچ كۆزلۈك، كەيپ ـ ساپا ئىستىكى ۋە ھۇرۇنلۇق كىشىلەرگە: «باشقىلارنىڭ مېلىنى بۇلاش كۆڭۈللۈك، باشقىلارنىڭ ئەمگىكىگە تايىنىپ ياشاش خۇشاللىق» دەپ جار سالىدۇ.

قەدىمكى مىللەتلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇرۇش بويسۇندۇرۇلغۇچىلارنى بەدەل قىلغان بىرخىل بېيىش ۋاسىتىسى ئىدى. ئەجەبا ھازىرقى مىللەتلەرمۇ ئەنە شۇنداق ئەمەسمۇ؟ سىرۇس* (Syrus) ئەسكەرلىرىگە مۇنداق دېگەنىكەن: «دۈشمەنلىك مەزگىلىدە، دۈشمەن قولىدىن تارتىۋالغان ھەرقانداق بىر شەھەردىكى ھەرقانداق بىرنەرسە، مەيلى ئۇ ئادەم، مەيلى نەرسە

* سىرۇس (BC530—599) پېرسىيە پادشاھى. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

بولسۇن، ھەممىسى ئىستىبلاچىلارغا مەنسۇپتۇر. بۇ ھەرقانداق جاي، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئەڭ ئىسىل پرىنسىپ ھېسابلىنىدۇ.»

«ئىلىئادا» دا ئاچىللىس* ئۆزىنىڭ ئون ئىككى شەھەرنى ئاياغ ـ ئاستى قىلغانلىقىنى، بۇ شەھەرلەردىن نۇرغۇن ئولجىنى قولغا چۈشۈرگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئۇ ئاگامېمنون** (Agamemnon) بىلەن ئولجا تالىشىپ ئۇرۇشۇپ قېلىپ، ئاگامېمنونغا ئۆزۈمگە تەۋە «ئالتۇن، قىزىل مىس، پارقىراق تۆمۈر ۋە چىرايلىق ئايال» قاتارلىق ئولجىلارنى ئېلىپ كېتىمەن دەپ تەھدىت سالىدۇ. ئاچىللىس ھەمىشە ئاگامېمنوننى «ئاچ كۆز، بەدەۋى، ئالسام دەپلا تۇرىدىغان ئادەم» دەپ ئاغرىناتتىكەن ھەم ئاگامېمنوننى ئۇرۇش ئولجىلىرىنى ئۆزىلا يۇتۇۋالىدۇ دەپ ئەيىبلەيدىكەن. ئۇ ئاگامېمنونغا مۇنداق دېگەن: «سەن ھەمىشە ئولجىلارنى مەندىن جىق ئالىسەن، مەن ئۇرۇشتىن ھېرىپ ـ چارچاپ قايتىپ كەلسەم كېمەمدىكى ئازغىنا ئولجىلاردىن قانائەتلىنىمەن...» ئۇ مۇنداق دەپ ھەسرەت چەككەنىكەن: «بۇ ئۇلۇغ پادىشاھ ئازغىنا ئولجىنى ئەسكەرلىرىگە تارقىتىپ بېرىپ، ئەڭ ياخشىلىرىنى ئۆزى ئېلىپ قالىدۇ، ئېشىپ قالغانلىرىنى سەركەردە ـ سەرۋازلىرىغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىدۇ.»

ئىستىبلاچىلار بويسۇندۇرۇلغۇچىلارنىڭ مال ـ دۇنياسىنى بۇلاپلا قالماستىن يەنە ئۇلارنىڭ ئاياللىرىنىمۇ بۇلايتتى. ئاگامېمنون كرىيسېس*** (Chryseis) نى بۇلاپ كەتكەن، چۈنكى ئۇ كرىيسېسنى

---

* (Achilles) ئاچىللىس يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى پېرسوناژ، تۇغۇلغاندىن كېيىن ئانىسى پۇتىدىن تۇتۇپ ئابىھايات دەرياسىغا چۆمدۈرگەن، شۇڭا سۇ تەگمىگەن تاپىنىدىن باشقا جايلىرىغا تىغ ئۆتمەيدىكەن. ——— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

** ئاگامېمنون، يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى پېرسوناژ Mycenae دۆلىتىنىڭ پادىشاھى، تروياً ئۇرۇشىدىكى يۇنان بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ قوماندانى. ——— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

*** كرىيسېس، ئاپوللو كاھىنىنىڭ قىزى. ——— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كرىتمونىستلاردىن بەكرەك ياخشى كۆرەتتىكەن. ئاچىللېس بولسا ساھىبجامال برىسېس* (Brisies) نى بۆلاپ كەتكەن شەھەر - قەلئەلەرگە ھۇجۇم قىلغاندا، غالىبىيەتچىلەر شەھەر - قەلئەلەرگە ئوت قويۇپ، ئەرلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئاياللارنى ۋە بالىلارنى بۆلاپ كېتەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇلار ئەرلەرنى ئۆلتۈرمەستىن ئۇلارنى قۇل بولۇشقا مەجبۇرلايتتى.** ئالېكساندر (Alexander)*** تېبېس (Thebes) شەھىرىنى ئالغاندىن كېيىن 30 مىڭ ئاھالىنى سېتىۋەتكەن. شەرقتە بويسۇندۇرۇلغۇچىلار پەس تەبىقە دەپ كەمسىتىلەتتى.

قۇللۇق تۈزۈمنى ئاقلاش ئۈچۈن دېيىلىۋاتقان سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسى ھايۋانىي ئىستەكلەرنى يېپىش ئۈچۈن قىلىنغان باھانىلەردىن ئىبارەت: بەزىلەرنىڭ ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى بۇلىۋېلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى ھايۋانلارغا ئايلاندۇراتتى. غالىبىيەتچىلەر بويسۇندۇرۇلغۇچىلارنى قۇل دەپ قاراپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنى بېقىشقا مەجبۇرلايتتى. قەدىمكى پەيلاسوپ ۋە سىياسىئونلار مۇنداق دېيىشكەن: گىراژدانلار ۋاقىت چىقىرىپ ئاممىۋى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئېھتىياجلىق بولغانىكەن، ئۇنداقتا ماددىي ھاياتلىق ئىشلىرىنى قۇللارغا تاپشۇرۇش كېرەك. ھەشەمەتخور سپارتا (Sparta) مەۋجۇت بولسىمۇ، ھەربىر پۇقرانىڭ

---

* برىسېس، ھومېرنىڭ داستانى «ئىلىئادا» دىكى ساھىبجامال. ——— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

** قەدىمكى مىللەتلەر بويسۇندۇرۇلغۇچىلارنىڭ قۇل بولۇشى بەرھەق دەپ قارايتتى. شۇڭا رىملىقلار جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەن، لېكىن قۇل بولۇشنى رەت قىلغانلارنى جىنايەتچى ھېسابلايتتى. («لىۋېينىڭ تارىخى»، XXII 59 — 61). ئەگەر جىنايەتچىلەر رىمغا قايتىش يولىدا بايقىلىپ قالسا ئىجتىمائىي ئورنى تۆۋەنلىتىلەتتى. ——— ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

*** ئىمپېراتور ئالېكساندر (ئىسكەندەرزۇلقەرنەين) (مىلادىدىن بۇرۇنقى 356 — 323). ماكېدونىيە پادشاھى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 336 — 323). ——— ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

www.uyghurkitap.com

ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدىغان نەچچىدىن قۇلى بولاتتى.* رىم قۇللار سانىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن مەشھۇر ئىدى.**

قەدىمكىلەر قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى قۇللارنىڭ ئىشى دەپ قارايتتى. ماناندالدىللىق بىر مەشھۇر زات مۇنداق دېگەنىكەن: «كىشىلەر جەڭ مەيدانىدا غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك، يەر تېرىش دېگەن قۇللارنىڭ ئىشى.» يۇناندىكى ئەڭ مەشھۇر پەيلاسوپلاردىن پلاتون، ئارىستوتېل ۋە سىنوفىنلار قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئەمگىكىگە بولغان كۆچلۈك كەمسىتىشىنى ئىپادىلىگەن. پلاتون مۇنداق دېگەن: «تەبىئەت موزدۇزنىمۇ، تۆمۈرچىنىمۇ ياراتقان ئەمەس؛ بۇ كەسىپلەر ئۇنىڭ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ قىممىتىنى چۈشۈرىۋېتىدۇ.» خېسىئود (Hesiod) ۋە سولون (Solon) قاتارلىق شائىرلار ئەمگەكنى مەدھىيىلىگەن بىردىنبىر كىشىلەردۇر. رىمدا، پەقەت دېھقانچىلىقلا قەدىرلىنىپ، قالغان بارلىق كەسىپلەر كەمسىتىلگەن. «بارلىق قول ھۈنەرۋەنچىلىك، ئۇ مەيلى قايسى كەسىپ بولسۇن، ھەممىسى بىر پەسكەش سىنىپنى تەشكىل قىلغان بولۇپ، بۇلار گىراژدان بولۇشقا مۇناسىپ ئەمەس.» دەيدۇ سىسىرو.

قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى پەسكەش دەپ قارىغان قەدىمكىلەر، بۇلاڭچىلىقنى قىلچىمۇ پەسكەشلىك دەپ قارىمىغان، ئۇلارچە كۈچلۈك مىللەتلەرنىڭ ئاجىز مىللەتلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى تالان ـ تاراج قىلىشى تامامەن ھەققانىي ئىش ئىكەن. ئۇلارنىڭ سىياسىئونلىرى بويسۇندۇرۇلغۇچىلارنى ئۆز زېمىنىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، مۇستەملىكە قۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ پۇقرالىرىنى

---

* ئېپبورىئان 5000 نەپەر سپارتالىقنى ئافىنا ۋە ماردونىئوغا ياردەمگە ئەۋەتكەندە، ھەربىر سپارتالىققا يەتتىدىن قۇل ھەمراھ بولۇپ بارغانىكەن. ——— ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

** لۇكۇللۇ پونتۇ، ئۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلغاندىن كېيىن قۇللارنىڭ سانى بەك كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكتىن بىر قۇلنىڭ باھاسى تۆت دراخماغا چۈشۈپ قالغان، بۇ تەخمىنەن 9 .25 ۋاللونغا تەڭ ئىدى («قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ تارىخى» (36, P, Ⅱ, Vol). ——— ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

بويسۇندۇرۇلغۇچىلارنىڭ زېمىنىغا كۆچۈرۈپ ئەكېلىپ، ئۇلارغا ئۆي ۋە يەر - زېمىن بۆلۈپ بېرىدۇ. بىر يۇنان سەركەردىسى پېرسىيە (Persian) گە قارىتا بىر قېتىملىق يىراقتا يۈرۈش قىلىشنى تاماملىغاندىن كېيىن ئۆزى بىلەن يىراقتا يۈرۈشكە بارمىغان پۇقرالىرىغا مۇنداق دېگەن: «پېرسىيىلىكلەر يوقسۇللۇق ئىچىدە ياشاۋاتقان بولسا بۇ ئۆزلىرىنىڭ شورى»، پېرسىيىلىكلەر شۇنى بىلىپ قالسۇنكى، «ئۇلار مال - دۇنياسى يوق پۇقرالىرىنى قوغلىۋېتىشى كېرەك، شۇندىلا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ناھايىتى بېيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەلەيدۇ. چۈنكى، بۇ مال - دۇنيالارنىڭ ھەممىسى بويسۇندۇرۇلغۇچىلارنى ساقلاۋاتقان مۇكاپاتلاردۇر.» بۇنداق بۇلاڭچىلىق قىلمىشلىرىغا قارىتا پەيلاسوپلار ھېچقانداق ئەيىبلەشتە بولمىغان، پلاتون پەقەت يۇناندىكى بىر شەھەر دۆلىتىنىڭ يەنە بىر شەھەر دۆلىتىنى بەدەل قىلغان تالان - تاراجنى ئەيىبلەپ قويغان، خالاس.

ئۇرۇش نۇرغۇن بەدەۋى مىللەتلەرنىڭ كەسپى ئىدى. تاستو مۇنداق دەيدۇ: «سەن بۇ كىشىلەرنى يەر تېرىپ ھوسۇل ئېلىش دۇشمەنلىشىپ ياردار بولۇشتىن كۆپ ياخشى دېگەنگە ئىشەندۈرۈشكە مۇتلەق ئامالسىز، ئۇلار شۇنچىلىك يىراقلاپ كەتتىكى، قان تۆكۈش ئارقىلىق ئېرىشىدىغان نەرسىلەرگە ئەمگەك ئارقىلىق ئېرىشىشنى ھۇرۇنلۇق ۋە توخۇ يۈرەكلىكنىڭ ئىپادىسى دېسە ئىشىنىدۇ.» تاستو بۇ مىللەتلەردىكى ئۆرپ - ئادەتلەرگە ھەيران بولغان، ھالبۇكى رىملىقلار بويسۇندۇرۇلغۇچى مىللەتلەرنىڭ زېمىنىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن ئۇرۇشنى تالان - تاراج قىلىش قورالىغا ئايلاندۇرۇۋېتەتتى. ئۇلار ئىستېلا قىلىش ھوقۇقىغا ئاساسەن ئىگىلىگەن يەرلەرنى مۇسادىرە قىلىپ، تېخى «ئاممىۋى ئېكىنزارلىق»لارنى بەرپا قىلغان. بۇ يەرلەر دۆلەت مەنپەئىتى ئۈچۈنمۇ سېتىۋېتىلمەيتتى، ئىجارىگىمۇ بېرىلمەيتتى ۋە مۇستەملىكە ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلمەيتتى. قوشنا مىللەتلەرنى قانۇن

www.uyghurkitap.com

بىلەن تەمىنلەيمىز دېگەننى باھانە قىلاتتى. رىملىقلار بۇلاڭ - تالاڭ ئارقىلىق بايلىققا ئېرىشىپلا قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە بويسۇندۇرۇلغان رايون خەلقلىرىدىن ئېغىر باج ئېلىپ ئۇلارنى ئېزەتتى. «بىزنىڭ ئۆلكىلىرىمىز ئىڭرىماقتا، — دەيدۇ سىسېرو، — پادىشاھلار بىزنى ئاچ كۆز ۋە ئادالەتسىزلىكىمىزگە قارشى چىقماقتا. دېڭىز - ئوكيانلارنىڭ قىرغىقى شۇنچە يىراق بولسىمۇ، ھېچقايسىسى بۈگۈنكىدەك تۇتۇق، خىرە بولۇپ باقمىغان، بۇ دۆلىتىمىز پۇقرالىرىنىڭ تۈگىمەس - پۈتمەس تەلەپلىرى ۋە ناھەق قىلمىشلىرىنىڭ كاساپىتى.» ئاپپىئۇ (Appius) سىلىسىيە (Cilicia) دىن كېتەر چېغىدا، سىسېرو بۇ ئۆلكىنىڭ شۇ قەدەر ئېغىر ئاياغ ئاستى قىلىنغانلىقىنى، يەنى «بىر ياۋايى مەخلۇق بۇ ئۆلكىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپتۇ» دېگۈدەك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى بايقىغان. سىسېرو شۇقەدەر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان بۇ ئۆلكىگە باش ۋالىيلىققا تەيىنلەنگەندىن كېيىن يەنىلا بىرىيىل ئىچىدە بۇ ئۆلكىدىن 200 مىڭ سېستېرس* (Sesterces) ئۇندۇرۇۋالغان.

قەدىمدە دۈشمەن قولىدىن بۇلىۋالغان ئۇرۇش ئولجىلىرى رىمغا ئەۋەتىلەتتى ياكى سەركەردىلەر سېتىۋېتەتتى، سەركەردىلەر سېتىۋەتكەندىن كېيىن دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇراتتى. ھەربىر ئادەم يېڭىدىن ئەسكەر بولغاندا، تەلەپ بويىچە ھەرقانداق ۋاقىتتا قىممىتى بىر پارچە كۈمۈشتىن ئېشىپ چۈشىدىغان نەرسىنى ئالمايمەن دەپ قەسەم قىلاتتى. ھالبۇكى، ئۇزۇن ئۆتمەيلا رىم سەركەردىلىرى ئۇلارغا بىر قىسىم ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنى بۆلۈپ بېرىشكە باشلايتتى. ماكېدونىيە (Macedonia) بويسۇندۇرۇلغان ۋاقىتتا، پاۋلۇ. ئامىلىئۇ (Paulus Amilius) بىر قىسىم ئولجىلارنى ئەسكەرلىرىگە بۆلۈپ بېرىدۇ. لېكىن، بۇ ئولجىلار ئۇلارنىڭ ئاچ كۆزلۈكىنى قاندۇرالمايدۇ، بۇ قوشۇن بىزگە بەك ئاز

* سېستېرس — قەدىمكى رىم پۇلى. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

تەقسىم قىلىندى دەپ ئاغرىنىپ، ئامال قىلىپ ئامىلىئونى مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندۈرۈشنىڭ كويىغا چۈشىدۇ. لۇكۇللۇ* (Lucullus) دەۋرىگە كەلگەندە، بۇخىل بۇلاڭچىلىق ئىنتايىن ئومۇملاشقان بىر ئادەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. مىترىدات (Mithridates) لۇكۇللۇ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن يېڭىلىپ قاچقاندا، مىترىدات ئالتۇن ئارتىلغان ئۇلاغلىرىنى قوغلاپ كېلىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ ئۆتەر يولىغا توختىتىپ قويۇپ، ئەپچىلىك بىلەن قېچىپ قۇتۇلىدۇ. رىم ئەسكەرلىرى قوغلاشنى توختىتىپ قويۇپ بۇلاشقا چۈشۈپ كېتىدۇ. غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن لۇكۇللۇ ھەربىر ئەسكىرى ئۈچۈن 950 دراخما (Drachmas) تەييارلاپ قويغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەش بۇلاڭچىلىق قىلىپ باي بولۇشنىڭ ۋاستىسى ئىدى. ئەگەر سەركەردىلەر شەھەر ـ قەلئەلەرگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلماي سۇلھى تەلەپ قىلسا ئەسكەرلەر بۇنىڭدىن ئاغرىناتتى. پلۇتاركنىڭ خاتىرىلىشىگە ئاساسلانغاندا، «لۇكۇللۇنىڭ ئەسكەرلىرى سەركەردىلىرىدىن بىرمۇ شەھەر ـ قەلئەنى ئۇرۇش قىلماي سۇلھى بىلەن تەسلىم قىلدۇردى، بىزگە ھېچقانداق بۇلاش پۇرسىتى بەرمىدى دەپ ئاغرىنغان.» ئۇلار غەزەپلەنگەن ھالدا ئۆزلىرىگە تەگكەن ئولجىلارنى پومپېي** نىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇشقان، ئېيتىلىشىچە، پومپېي ئەسكەرلىرى «ھەمىشە ئۆيدىكى ئايالى ۋە بالىلىرى بىلەن بىرلىكتە بەختىيار بەھرىمەن بولىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئېسىل يەر ـ مۈلۈكلىرى بولاتتىكەن، خۇددى مۇھىم ۋە پۇلدار گرازدانلارغا ئوخشاش گۈزەل شەھەرلەردە

* لۇكۇللۇ (BC 65—؟110)، رىم سەركەردىسى، خەزىنە بېگى، ۋالىي بولغان، مىترىداتنىڭ تاجاۋۇزىنى چېكىندۈرگەن. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

** پومپېي (مىلادىدىن بۇرۇنقى 106 ـ 48 ـ يىللى)، قەدىمكى رىم سەركەردىسى. — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

www.uyghurkitap.com

ياشايدىكەن.»

رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، سەركەردىلەر ئەسكەرلىرىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئەسكەرلىرىنى ئاچ كۆزلۈككە رىغبەتلەندۈرۈپ، ئۆزىنىڭ كەڭ قورساقلىقىنى كۆز - كۆز قىلىش ئارقىلىق ئەسكەرلەرنى ئۆز يېنىغا جەلپ قىلغان. سۇللا ئەسكەرلىرىنى شەخسلەرنى ھەم خەزىنىنى بۇلاشقىمۇ رۇخسەت قىلغان. پومپېي ئالتۇنلارنى ئەسكەرلىرىگە ئۈلەشتۈرۈپ بەرگەن. كايسار (Caesar) نىڭ لەشكەرلىرىنى باي قىلىش ئۇسۇلى: «رىملىقلارنىڭ قورال كۈچى بىلەن گاللىيىنى بويسۇندۇرۇپ گاللىيىلىكلەرنىڭ پۇل - دۇنياسى بىلەن رىملىقلارنى بويسۇندۇرۇش» بولغان. ئۇ ئىسپانلارغا ۋە گېرمانلارغا مال - دۇنيا بۆلۈپ بېرىشتە ئالاھىدە سېخىيلىق قىلغان، چۈنكى ئۇلار مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلىرى ئىكەن. دەل ئاشۇ مەردلىك بىلەن ئولجا ئۈلەشتۈرۈش ۋە بۇغداي تارقىتىش ئۇسۇلىنى قوللانغاچقا، ئاۋگۇست (Augustus) مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بارلىق ھوقۇقنى ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان. ئاۋگۇستىنىڭ ئىزباسارلىرى ئىلاجسىز مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ قوللىشىغا تايىنىشقا مەجبۇر بولغان، كېيىنچە مۇھاپىزەتچى ئەترىتى پۈتكۈل ئىمپېرىيىنى تالاشتۇرۇپ سېتىش بىلەن ئىمپېرىيىنى تۈگەشتۈرگەن. مەسىلەن، مىلادىدىن بۇرۇنقى 193 - يىلى، مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتى ھەربىر ئەسكەرگە 6250 دراخما بېرىش نەرخى بىلەن ئىمپېرىيىنى دىدىئۇ. جۇلىئان (Didius Julianus) غا سېتىۋەتكەن.

رىملىقلار دۇنيانى مەدەنىيلەشتۈرۈش بايرىقى ئاستىدا دۇنيانى تالان - تالاج قىلغان بىردىنبىر مىللەت ئەمەس. نۇرغۇن مىللەتلەر يات مىللەتلەرگە ئولجا قاتارىدا مۇئامىلە قىلغان! سانسىزلىغان كىشىلەر يۇرتىدىن قوغلانغان، قىرغىن قىلىنغان ياكى قۇل قىلىنغان! نەپسانىيەتچى شىمال مىللەتلىرى تېخىمۇ باي دۆلەت ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن جەنۇب تاجاۋۇزچىلىق يولىنى ئاچقان.

ئۇرۇش ئەزەلدىن تالان ـ تاراج قىلىشنىڭ ۋاستىسى بولۇپ كەلدى. مەسىلەن، نورمان (Norman) لار ئىنگلاندقا تاجاۋۇز قىلغاندا، يەرلەرنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋېلىش بىلەن بىللە بويسۇندۇرۇلغۇچى خەلقنىمۇ زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالغان. ئۇلار بويسۇندۇرۇلغۇچىلارنى «ئىستائەتمەن پۇقرالىرىمىز» دەپ ئاتىۋالغان. بويسۇندۇرۇلغۇچىلارنىڭ ئىستېلاچىلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئەمگەك قىلىش مەجبۇرىيىتى بار ئىدى، سىياسىي يازغۇچىلار ئىستېلاچىلارنىڭ بويسۇندۇرۇلغۇچىلارنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش ھوقۇقى بار دەپ دەلىللەشكەن.

فېئوداللىق تۈزۈم ماھىيىتىدىن ئالغاندا غەلىبىلىك تەشكىللىنىپ، ئىستېلالاردا تالان ـ تاراج قىلىش دېمەكتۇر. يانچىلار دېمەك بويسۇندۇرۇلغۇچى دېمەكتۇر، ئۇلارنىڭ ئىستېلاچىلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن تېرىقچىلىق قىلىش مەجبۇرىيىتى بار.

خۇددى كونا دۇنيا رىملىقلار تەرىپىدىن تالان ـ تاراج قىلىنغىنىدەك، يېڭى دۇنيا ئىسپانىيىلىكلەر ۋە پورتۇگالىيىلىكلەر تەرىپىدىن تالان ـ تاراج قىلىندى، ھىندىستان موغۇل (Mogul) لار، ئافغانلار ۋە ئەنگلىيىلىكلەر تەرىپىدىن تالان ـ تاراج قىلىندى، ۋەھاكازالار. ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ئامېرىكا مىللەتلىرىنىڭ قورال ـ جابدۇق، كىيىم ـ كېچەك ۋە ئېسىل ھاراقلىرىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ياۋروپا دۆلەتلىرى بۇ مىللەتلەرگە قانچە قېتىملاپ ئۇرۇش قوزغىمىدى دەيسىز! دەل ياۋروپا دۆلەتلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن نەپسانىيەتچىلىك روھى دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ بۇ يەردىكى مەدەنىيلەشتۈرۈش خىزمىتىگە توسالغۇ بولماقتا ۋە ئۇنى توختىتىپ قويماقتا.

ئىنگلاند ۋە ئىرلاندىيىنىڭ كۆپ قېتىملاپ ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلىرىنىڭ ھەممىسى بايلىقنى تالان ـ تاراج قىلىش بىلەن ئاخىرلاشتى. ئېلىزابېت (Elizabeth) 200 مىڭ مو

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەرنى ئەنگلىيەدە تۇغۇلغان مۇستەملىكىچىلەرگە بۆلۈپ بەرگەن. جېمس I 500 مىڭ مو يەرنى مۇسادىرە قىلىپ، شوتلاندىيىلىك ۋە ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ پايدىلىنىشىغا بەرگەن. چارلىز I ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدە، ستاففورد (Stafford) ئىسىملىك كىشى كوننايت (Connaught) ۋە گالۋاي (Galway) ئاھالىلىرىنىڭ يەر - مۈلۈكلىرىنى تارتىۋالغان. 1641 - يىلى ئىرلاندىيە توپىلىڭى پارتلىغاندىن كېيىن ۋىلىيام. پارسونس (Welliam Parsons) ئىسىملىك باش سوتچى «جىنايەتچىلەرنىڭ سانىنى ئاۋۇتۇپ، ئۇرۇشتىن كېيىنكى مۇسادىرىنى تېخىمۇ موللاشتۇرۇش ئۈچۈن» توپىلاڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىپ ئامال بار كۆپ ئادەمنى توپىلاڭ بىلەن باغلىغان. (G. de... بورمون، «ئىرلاندىيە» 1 - جىلد، 67 - بەت) ئىنگلاند تۆت ئىرلاندىيە ئۆلكىسىنىڭ بىردە ئىرلاندىيە كاتولىك مۆرىتلىرىنى قوغلاپ چىقارغاندا، مۆرىتلارنىڭ يەرلىرى كرومۋېلنىڭ ئەسكەرلىرى ۋە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگەن پۇرسەتپەرەس سودىگەرلەرگە بۆلۈپ بېرىلگەن. شەرەپلىك ئىنقىلاب پارتلىغاندا بۇ مۇسادىرە يەرلەرنىڭ خوجايىنلىرىنى ئالاقزادە قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن چارلىز II يەنىلا ئۇلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىنى ئېتىراپ قىلغان. ئىرلاندىيىلىكلەر ئادالەتكە ئېرىشەلمىگەنىنىڭ ئەكسىچە پادىشاھ ئولجىلاردىن بىر بۆلۈك نەرسىلەرگە ئېرىشكەن.

ئارمىيە ھەممىشە بويسۇندۇرۇلغۇچىلارنى تالان - تاراج قىلىشتىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشنى تەلەپ قىلىشىدۇ. مەيلى يۈز يىللىق ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ئەنگلىيىلىكلەر بولسۇن ياكى ئىتالىيە - گېرمانىيە ئۇرۇشى* دىكى گېرمانىيىلىكلەر،

* رىم 1527 - يىلى بوربون ژاندارما قوشۇنلىرى تەرىپىدىن بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنغاندا، بۇ ژاندارما قوشۇننى تۈزگۈچى ئىسپانىيە ۋە گېرمانىيە قوشۇنلىرى ئەڭ قەبىھ جىنايەتلەرنى سادىر قىلغاندى. —— ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

فرانسىيىلىكلەر، ئىسپانىيىلىكلەر بولسۇن ۋە ياكى لۇئى XVI، فرېدېرخ ۋە ناپولېئوننىڭ قوشۇنلىرى بولسۇن ھەممە 1815 ـ يىلىدىكى بىرلەشمە ئارمىيە، 1870 ـ يىلدىكى گېرمانىيە ئارمىيىسى بولسۇن ئوخشاشلا خۇسۇسىي مۇلۇك ۋە ئاممىۋى مۇلۇك ھوقۇقىغا ئانچە ھۆرمەت قىلىپ كەتمىگەن. بىرىنچى ئىمپېرىيە قوشۇنلىرى ئاجايىپ قەھرىمانلىقلارنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارمۇ ئوخشاشلا باشتىن ـ ئاخىر ماددىي مەنپەئەتنىڭ ئازدۇرۇشىدىن قۇتۇلالمىغان. م. ئارتۇر. چۇكۇيت (M. Arthur Chuquet) مۇنداق دەيدۇ: «1793 ـ يىلى دېيۇكس ـ پونت (Deux—Pont) يېزىلىرىدا گەرچە خوخ (Hoche) تەرتىپ ـ ئىنتىزاملىق ئاچىر (Achier) ھەربىي تەمىنات قىسىملىرىنىڭ ناھايىتى ياخشى ياردىمى ۋە قوللىشىغا ئېرىشكەن، ھەربىي تەمىنات بۇ رايوندا ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچە قان ئېقىپ تۈگىگۈچە مول بولسىمۇ، يەنىلا ئەرزان باھالىق ئەينەك، سائەت، گىلەم، ئۆي جاھازلىرى، مىس سائەت قاتارلىق نەرسىلەرنى بۇلاشقا چىقىرىلغان.» خوخ بوچوت (Bouchotte) قا يازغان خېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئەجەبا بۇ 〈ئاغىسىز ئىشتانسىزلار〉 مەڭگۇ ئەمگەك قىلىپ قۇرۇق قول قالسۇنمۇ؟ ياق! ئۇلار ھۆرلۈكتىن باشقا يەنە تىۋىت، گىلەپە شىم، تاۋار جىلىتكە ۋە ئاقسۆڭەكلەر كىيىدىغان ئۇزۇن يەڭلىك پەلتو كىيىشى كېرەك.» 1814 ـ يىلى، گىساكلار پارىژدا يېزا ـ قىشلاقلاردىن ئوغرىلاپ كەلگەن نەرسىلىرىنى تۆكمە قىلىپ سېتىشتى. 1815 ـ يىلى چەت ئەل قوشۇنلىرى نۇرغۇن شەھەر ـ بازارلاردا ئاممىۋى خەزىنىلەرنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋېلىپ، ھەدەپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشتى.

بۇرۇنقى دەۋرلەردە، ئارمىيە چەت ئەللىكلەرنى تالان ـ تاراج قىلىش بىلەنلا توختاپ قالماي، يەنە ئۆز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىرىنداشلىرىنىمۇ تالان ـ تاراج قىلاتتى. كوممىنىس* (Commines) مۇنداق دەيدۇ: «ئارمىيە بىر خىل چەكلىمىلىك تۈرمۇش بىلەن، دېھقانلاردىن تارتىۋالغان ۋە پۇل خەجلەپ سېتىۋالغان نەرسىلەر بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇلار يوقسۇل پۇقرالارنى ئىشلىتىپ ۋە قىرغىن قىلىپ، ئۇلارنى بولكا، هاراق ۋە زاپاس ئاشلىق تېپىشقا مەجبۇرلايدۇ، ئەگەر بىر ئاق كۆڭۈل ئەرنىڭ چىرايلىق ئايالى ياكى قىزى بولغۇدەك بولسا، ئۇلار چوقۇم ئۇنىڭ قەستىدە بولىدۇ.» ۋېندان (Wendan) ئۇرۇشى مەزگىلىدە، نەچچە جۇمھۇرىيەت ئارمىيىسى قوماندانى ۋېندانلىقلارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغانىدى. پارلامېنت ئەزاسى لىكۇينى (Lequinis) پارلامېنتنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە بىر ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىشقا بارغاندا، تالان ـ تاراج قىلىش تەشەببۇسىنىڭ چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى، سەركەردىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى هوسۇللىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئەسكەرلەرنى تالان ـ تاراج قىلىشقا رىغبەتلەندۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان. (ۋاللون، «ۋەكىل ۋە بۇرچ»، بىرىنچى جىلد، 255 ـ بەت.)

قەدىمكى مىللەتلەر «بويسۇندۇرۇلغۇچىلارنى قارغاش» بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالمىغان، ئۇلار تېخى «كىمىلەر تالاپەتكە ئۇچرىغاي ئىلاهىم!» دەپ قارغىغان. ئىستىبلا هوقۇقىنىڭ ئەكسىچە، ئۇلار يەنە بىر خىل تېخىمۇ رەزىل بولغان هوقۇقنى يەنى تالاپەتكە ئۇچرىغان كىمىلەرگە بولغان هوقۇقنى ئىجاد قىلىشقان. بۇ ساختا هوقۇقتا ئاساسەن، قىرغاقتا توختاپ قالغان كىمىلەر مۇسادىرە قىلىنىپ ماتروس ۋە يولۇچىلىرى قۇل قىلىناتتى. بۇ خىل شەكلى ئۆزگىچە بولغان بۇلاڭچىلىق سىياسەتۋازلار ۋە قانۇنشۇناسلارنىڭ

* كوممىنىس (1447 ـ 1511)، فرانسىيە تارىخشۇناسى، دىپلوماتى. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

تىرىشچانلىقى بىلەن بىر خىل ھوقۇقتا ئايلىنىپ دېڭىز مىللەتلىرىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلدى، دېڭىز مىللەتلىرى دېڭىز قىرغاقلىرىدىكى خادا تاشلاردىن پايدىلىنىپ، ۋەقەگە ئۇچرىغان كېمىلەر بەدىلىگە بايلىققا ئېرىشىپ كەلدى، مەسىلەن، فرانسىيىنىڭ برىتتانىي (Brittany) ئاھالىلىرى، سىتسىلىيىلىكلەر، يۇنانلىقلار، دانىيىلىكلەر ۋە ۋېنتسىيىلىكلەر. گروتىئۇس* (Grotius) ئەسەرلىرى ئۇچۇن دو تىككەن باباراك، بۇخىل بەدەۋى ئادەتنى بىزنىڭ ھازىرقى مۇشۇ دەۋرىمىزدىمۇ يەنىلا بەزى دۆلەتلەردە مەۋجۇت دېگەندى.

تالاپەتكە ئۇچرىغان كېمىلەرگە بولغان ئىگدارچىلىق ھوقۇقىدەك چەت ئەل مۇھاجىرلىرىنىڭ مىراسلىرىنى مۇسادىرە قىلىش ھوقۇقىمۇ بىرخىل بۇلاڭچىلىق ئىدى. مالىيە مىنىستىرلىكى چەت ئەللىكلەر ئۆلگەندىن كېيىن قېپقالغان مال ـ مۈلۈكلىرىگە ئىگە بولاتتى. بۇ تاكى ۋاتتېل (Wattel) يېزىقچىلىق قىلىۋاتقان دەۋردىمۇ يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ كەلدى.

ھەرقايسى دۆلەتلەر قۇرۇقلۇقنى تالاشقانغا ئوخشاش، دېڭىز ـ ئوكيان ئىگدارچىلىقىنىمۇ تالىشىشقا، باشقا دۆلەتلەرنىڭ مەخسۇس پايدا ھوقۇقىغا زىيان سېلىشقا باشلىدى. ئامېرىكا قىتئەسى بايقالغاندىن كېيىن ئىسپانىيە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى دېڭىز ـ ئوكيانلارغا يالغۇز ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلدى، پورتۇگالىيە ھىندىستان سودىسىنى تەنها باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەنگلىيە بۈيۈك برىتانىيە بىلەن ئامېرىكا دېڭىزى ئارىسىدىكى ئوكيان يۈزىنى مونوپول قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشمەكچى بولدى. فرانسىيە بولسا دېڭىز ـ ئوكيان ئەركىنلىكى

* گروتىئۇس (1583ـ 1645)، گوللاندىيە قانۇنشۇناسى ۋە شائىرى، «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق قانۇنى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ۋە بارلىق دۆلەتلەرنىڭ باراۋەرلىك هوقۇقىنى تەلەپ قىلدى. كىشىلەر بۇ نېگىزلىك پرىنسىپلارنى ئېتىراپ قىلىشقا نەچچە ئەسىر سەرپ قىلىشتى.

فرانسىيە كونا خاندانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلى ئۆچىغا چىققان تالان - تاراج تۈسىنى ئالغانىدى، چۈنكى ئاقسۆڭەكلەر ۋە روھانىيلار باج تاپشۇرماي، باج تاپشۇرۇش ۋەزىپىسىنى «ئۈچىنچى تەبىقە»گە ئىتتىرىپ قويغانىدى، بولۇپمۇ دېھقانلار يۈكىنىڭ ئىنتايىن ئېغىرلىقىدىن بىلىنى رۇسلىيالمايتتى. سىياسەتۋازلار دېھقانلارنىڭ يوقسۇللۇقىدىن شادلىنىپ، ئۇلارنىڭ يوقسۇللۇقىنى بويسۇنۇشىنىڭ كاپالىتى دەپ بىلەتتى. رىچېلىئۇ (Richelieu) ئۆزىنىڭ «سىياسىي كىلىشىم» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر خەلقنىڭ تۇرمۇشى ياخشى بولسا ئۇلارنى بىر چەك ئىچىدە كونترول قىلماق ئىنتايىن تەس.»

پۇقرالار (Plebian) نىڭ بىقىندىلىق ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، رىم ئاقسۆڭەكلىرى ئۇلارنى يوقسۇللۇقتا قالدۇرغان.

ئىچكى ئۇرۇشلارمۇ مۇسادىرە قىلىشلار بىلەن ئاخىرلىشاتتى. خىلمۇخىل هوقۇق تارتىۋېلىش كۆرەشلىرىنى يالغۇز سىياسىي ئۆچمەنلىك ۋە نىزالار كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماستىن، نەپسانىيەتچىلىكمۇ ئۇنىڭ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن مەقسەتلىرىنىڭ بىرى ئىدى. هوقۇق تارتىۋېلىشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ قىنىنى كۆرۈشكە تەشنا بولغاندەك، ئۇنىڭ بايلىقىغا ئېرىشىشكىمۇ شۇنداق تەقەززا بولۇپ كېتىدۇ. ئۇلار ھەمىشە قىرغىنچىلىق قىلىش ئۈچۈنلا قىرغىنچىلىق قىلىشمايدۇ، بەلكىم تالان - تاراج قىلىش ئۈچۈن قىرغىنچىلىق قىلىشىدۇ. پلۇتارك سۇللانىڭ تالان - تاراج قىلىشنى يولغا قويغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەر بايلىققا ئېرىشىش

ئۇچۇن باشقىلارنى ئۆلتۈرۈشىدۇ، ئادەم ئۆلتۈرگۈچى بەلكىم قىلچە ئىككىلەنمەستىن، ئېسىل ئۆيلەر بۇ ئادەمنىڭ ئۆلۈش سەۋەبى، چىرايلىق گۈللۈكلەر بۇ ئادەمنىڭ ئۆلۈش سەۋەبى دېيىشى مۇمكىن.» كۇنتۇ. ئاۋرېلىئۇ (Quintus Aurelius) نىڭ سۆزىنى ئۇرغۇن ئادەم بىلىدۇ: ئۇ ئەزەلدىن سىياسىي كۈرەشلەرگە قاتنىشىپ باقمىغاچقا، ھېچقانداق قورقۇنچۇم يوق دەپ بىلىدىكەن. بىركۈنى ئۇ ھوقۇق تارتىۋېلىنغۇچىلار تىزىملىكىگە قاراپ بېقىپتۇ، ئۇنى ئالاقزادە قىلىدىغىنى ئۇنىڭ ئىسمىمۇ تىزىملىكتە بار ئىكەن. «مېنىڭ ئالبا (Alba) دىكى ئۆيۈم مېنىڭ ئۆلۈمۈمنىڭ سەۋەبچىسى» دەپ پەرياد چېكىپتۇ كۇنتۇ. ئاۋرېلىئۇ.

ئادەتتە سىياسىي ئىغۋاگەرچىلەرنىڭ ھەممىسى نامرات بولىدۇ، شۇڭا ئۇلار بەگلىك تەرتىپىنى ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىش ئارقىلىق باي بولۇشنى ئىزدىشىدۇ: بۇ خىل جاسارەت ئۇلارنىڭ مەھرۇم قالغۇدەك ھېچنېمىسى يوقلۇقىدىن كەلگەن. تاستو مۇنداق دەيدۇ: «سۇللا يالاڭتۆش بولغاچقا ھېچنېمىدىن قورقمايتتى....» ئەگەر ئۇلار قانچىكى كۆپ قەرزگە بوغۇلغان ھەم ئەيش ـ ئىشرەت ۋە ھوقۇققا شۇقەدەر ئىنتىزار بولسا، ئۇ چاغدا ئۇلار تېخىمۇ يۈرەكلىك بولۇپ كېتىدۇ. ۋەيران بولغان قىمارۋاز بىر قېتىملىق ئىنقىلاب ئارقىلىق قەرزلىرىنى تۆلىشى ۋە ئىگىلىكىنى قايتا تىكلىشى كېرەك.

مەن ناپولېئوننىڭ «قورساق بىلەن دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش» نەزەرىيىسىگە قوشۇلمايمەن —— بۇ نەزەرىيە بەك مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىلگەن، چۈنكى مەلۇم نۇقتىئىنەزەرلەر دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلالايدۇ، —— قىلچىمۇ خاتاسى يوقكى، ئادەمنىڭ نەپسى ۋە ماددىي مەنپەئەت ئىنقىلابنىڭ شەكىللىنىشىگە غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. كۆزقاراشلاردىن خىلمۇخىل توقۇنۇشلار دەل

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

شان ـ شۆھرەت ۋە داھىيلىق تالىشىش، شۇنداقلا خەلقنى تالىشىشتىن بولىدۇ. لېكىن، خەلقتىكى توقۇنۇشلار ئاساسىي جەھەتتىن قورساق سەۋەبىدىن بولىدۇ. بىر قانچە كىشى ئوقتىئىنەزەر، غالىبىيەت قاتارلىقلارغا شەخسىي غەرەزلەرنى ئارىلاشتۇرماسلىققا تەقەززا بولۇۋاتقان ۋاقىتتا، قالغان ئىنتايىن كۆپ سانلىق كىشىلەر ئىنقىلابتىن ھوقۇق، ھۆكۈمرانلىق ئىزدىشىدۇ ياكى ئۆچ ئېلىش، ياكى باي بولۇش كويىدا يۈرۈشىدۇ.

رىمدىكى ئاقسۆڭەكلەر بىلەن پۇقرالار ئارىسىدا يۈز بەرگەن يەر قانۇنى توغرىسىدىكى كۈرەشلەر مال ـ مۈلۈك مەسىلىسىنى ئۆزى بىلەن باغلىۋالغان. جۇمھۇرىيەت نەچچە يۈز ئائىلىنىڭ ئۇيۇشمىسىغا ئايلىنىپ، بۇ ئائىلىلەر دۆلەتنىڭ غايەت زور كەسپلىرىنى يۇتۇۋېلىپ، خەلقنى نامراتلىق پاتقىقىغا چوڭقۇر پاتۇرۇۋەتكەن. ئاقسۆڭەكلەر يەر قانۇنىغا قارشى چىققان، چۈنكى يەر قانۇنىنىڭ مەقسىتى ئۇلارنىڭ غايەت زور بايلىقىغا چەكلىمە قويۇپ ئۇششاق ئىگىلىكنى پەيدا قىلاتتى. جۇمھۇرىيەت ھالاك بولسا ئۇلار گراچچى (Gracchi) لىقلار ئوتتۇرىغا قويغان ئىسلاھاتنى يولغا قويالمايتتى. ئىمپېرىيە بۇنى قوبۇل قىلسا ئۇششاق ئىگىلىكنىڭ غەلىبىسى كاپالەتكە ئىگە بولاتتى.

يەھۇدىيلارنىڭ بايلىقى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردە تۈرلۈك زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىنىڭ بىرىدۇر. پادىشاھ ۋە ئاقسۆڭەكلەر يەھۇدىيلارغا قەرزدار بولۇپ قېلىپ، يەھۇدىيلارنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش ئارقىلىق قەرزلەرنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلىشاتتى. ئوخشاشلا، دەل ئاشۇ تېمپلار (Templar) بايلىقىنىڭ خوجايىنى بولۇش ئۈچۈن، چىرايلىق ئەر فىلىپ (Philip) — يالغان پۇل ياسىغان پادىشاھ، تېمپلارلىقلارنى قىرغان جاللات بولۇپ قالدى.

دىنىي ئىسلاھات يالغۇز دىنىي كۆزقاراشلاردىن باشلانغان ئەمەس، نۇرغۇن گېرمانىيە پادىشاھلىرىنىڭ ئىسلاھاتچىلارنىڭ ئېتىقادىنى قوبۇل قىلىشىدىكى سەۋەب، پەقەت دىنىي جەمئىيەتنىڭ بايلىقىنى قولغا چۈشۈرۈشتىن ئىبارەت، خالاس. ئەنگلىيىدە دىنىي ئىسلاھاتنىڭ ئاساسىي سەۋەبى ھېنرى VIII نىڭ ئايالى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ باشقا بىر ئايال بىلەن توي قىلىش غەرىزىدە بولۇشىدىن ئىدى. پادىشاھنىڭ رىم بىلەن ئارازلىشىپ قېلىشى پەقەت رىم پاپىسىنىڭ ئۇنىڭ ئاجرىشىشىنى رەت قىلىش سەۋەبىدىن ئىدى. ھالبۇكى، ھېنرى VIII بىلەن پاپا ئوتتۇرىسىدا بۆلۈنۈش كېلىپ چىقىشىنىڭ قىسمەن سەۋەبى موناستىرنىڭ مۈلكىنى بۆلۈشۈش ئىدى. ئاقسۆڭەكلەر بىر ئۈلۈش ئولجىغا ئېرىشىش ئۈچۈن بۇ ھەرىكەتنى ھاپىلا - شاپىلا تەستىقلاشقانىدى.

فرانسىيە پادىشاھىنىڭ پۇرىتانلارغا قارشى چىقارغان خىلمۇخىل بۇيرۇقلىرىنىڭ ھەممىسىدە مال - مۈلۈكنى مۇسادىرە قىلىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرنى كۆرگىلى بولاتتى. لۇئى XVI «نەنت پەرمانى» (the Edic of Nnates) نى بىكار قىلغان ۋاقىتتا مونداق دېگەن: «بىزنىڭ نىيەت - مەقسەتلىرىمىز شۇكى، ئەگەر بۇ كىشىلەرنىڭ مال - مۈلكى تۆت ئاي ئىچىدە يەنىلا پادىشاھقا قايتۇرۇلمايدىكەن، ئۇلار ۋاز كېچىشكە تېگىشلىك مال - مۈلۈك 20 - ئاۋغۇستتىكى خىتابنامىمىزگە ئاساسەن مۇسادىرە قىلىنىدۇ.» مۇسادىرە قىلىنغان بىرقىسىم مال - مۈلۈك ۋەزىرلەرگە تەقسىم قىلىنغان.

ۋەزىرلەرنىڭ شۇ قەدەر كۈچلۈك نەپسانىيەتچىلىكى ئۇلارغا تەھدىت سېلىپ تۇراتتى، پارلامېنت رەئىسى پارلامېنت نامى بىلەن تىزىملاش بۇيرۇقىنىڭ فرانسىيىدە دىن تەكشۈرۈش سوتى قۇرۇشقا قارشى چىققان، ھېنرى II نى دەۋەت قىلغان ۋەزىرلەر بۇ خەتەرنىڭ

شەكىللىنىش سەۋەبىگە دىققەت قىلغان: «مۇبادا دۇشمەنلىرىڭلار پادىشاھنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ سىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىڭلارنى مۇسادىرە قىلالىغۇدەكلا بولسا، — دېگەن ئۇ ئۇلارغا، — پەقەت بىر قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بارالىسا ۋە ئىككى گۇۋاھچى بولسىلا كۇپايە، ئۇ چاغدا، سىلەر ئەۋلىيا ـ پەيغەمبەر بولغىنىڭلار بىلەنمۇ يەنىلا مۈرتەد سانىلىپ ئوتتا كۆيدۈرۈلىسىلەر.»

1781 ـ يىلى ئەينى ۋاقىتتىكى مالىيە ۋەزىرى نېككېر (Necker) لۇئى XVI گە يازغان دوكلاتىدا ئىنتايىن قايغۇلۇق ھالدا ئوردا ۋەزىرلىرىنىڭ نەپسانىيەتچىلىكى ۋە ئۇلار بۇزۇپ ـ چاچقان مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ غايەت زور پۇلىنى بايان قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر يىللىق مائاشى 28 مىلىيونغا يەتكەن. «مەن ياۋروپادىكى بارلىق پادىشاھلارنى قوشقاندا مائاش جەھەتتە مۇشۇ پۇلنىڭ يېرىمىنى بېرىش ـ بەرمەسلىكىدىن گۇمانلىنىمەن» دەيدۇ نېككېر. «خاننىڭ شاپائىتى ئومۇميۈزلۈك بايلىق مەنبەسىگە ئايلىنىپ قالغان. مەنسەپ، نىكاھ، مائارىپ تۈرلىرى، تاسادىپىي زىيان، يېتەلمىگەن ئارزۇ قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە پادىشاھنىڭ ئىلتىپاتىغا قول سۇنۇلغان. بەلكىم كىشىلەر خانلىق خەزىنىسىنىڭ بارلىق مەنپەئەتلەرنى ياراشتۇرۇش، بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش، بارلىق يېرىملىكلەرنى پۈتۈنلەش مەجبۇرىيىتى بار دېيىشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا، گەرچە بۇ يىللىق مائاش ئىنتايىن يۇقىرى بولۇۋاتسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا نومۇسسىز نەپسانىيەتچىلىك ۋە ئۆزۈمچىل تەلەپلەرنى، شۇنداقلا خىلمۇخىل ئۆزگىرىشلەرنى قانائەتلەندۈرەلمىگەچكە، باشقا مەنپەئەت كۆزلەش ئۇسۇللىرى كۈندە دېگۈدەك كەشىپ قىلىنىپ تۇرماقتا: يېزا ـ قىشلاقلاردا ھۆكۈمەت بېجىنى يىغىش، ماشىنا بېكىتى تەسىس قىلىش، كۆپلىگەن مالىيە مەنسەپلىرى، زاپاس ماددىي

ئەشيا بىلەن تەمىنلەش، ھەرخىل كېلىشىملەردىكى مەنپەئەت، ھەتتا دوختۇرخانا تەرەپتىنمۇ نەپ بېرىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى مەنسىپى بۇ ئىشلار بىلەن مۇناسىۋىتى يوق كىشىلەرنىڭ دىققەت قىلىشىغا ئەرزىيدۇ.» ۋەزىرلەر ھەتتا ئۆزلىرى ئاللىبۇرۇن تاشلىۋېتىلدى دەپ جاكارلىغان ئورمانلارنى ئۆزلىرىگە بۆلۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشقان. كالون (Calonne) سۆھبىتىگە 100 مىليون فرانك قەرز ئېلىنغان بولۇپ، بۇنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمى پادىشاھنىڭ ئاكا ـ ئىنىلىرىغا، خانىشنىڭ دوستلىرىغا، ئەتىۋارلىق كىشىلەرگە ۋە گەدىنىگىچە قەرزگە بوغۇلغان ئاقسۆڭەكلەرگە بۆلۈپ بېرىلگەن.

بۈيۈك ئىنقىلاب دەۋرىدە تالان ـ تاراج داۋاملىق داۋاملاشتى، لېكىن ئەكس يۆنىلىشكە قاراپ داۋاملاشتى. نەپسانىيەتچىلىكتە ئۇچىغا چىققان كىشىلەر ئىمتىيازلارنى بىكار قىلىش ۋە باراۋەرلىك بەرپا قىلىش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماي، دۆلەت زېمىنىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى مۇسادىرە قىلىنغان دۆلەت مۈلكى ھېسابىدا سېتىۋەتتى. ئىنقىلاب ئەگەشكۈچىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ھەرىكەتنىڭ داھىيلىرى مال ـ مۈلۈك تارقاتتى ياكى ئۆز قىممىتىدىن ئىنتايىن تۆۋەن باھادا بۇ مال ـ مۈلۈكلەرنى ئۇلارغا سېتىپ بېرىپ بۇ كىشىلەرنى ئۆزلىرىگە تارتتى. بۇ كىشىلەر يېڭى تەرتىپ ئورنىتىشقا قىزىقىدىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار بۇ مال ـ مۈلۈك ئىگىلىرىنىڭ دۈشمەنلىرىگە ئايلانغانىدى. 1792 ـ يىلى 9 ـ فېۋرالدىكى بىر تۈرلۈك قانۇن ـ تۈزۈم ئارقىلىق چەت ئەل كۆچمەنلىرىنىڭ يەر ـ مۈلۈكلىرى مۇسادىرە قىلىندى. ئادەتتىن تاشقىرى باج چەت ئەللىك كۆچمەن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بېشىغا چۈشتى (1792 ـ يىلى ئۆكتەبىردىكى پەرمان). بىر سوتكا ئىچىدە لىئون، مارسېل، بوردو، كائىندىن ئايرىلمىغان ۋە ئاساسىي قانۇنغا قارشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىقمىغان شەھەر ئاھالىلىرى چەت ئەللىك كۆچمەن دەپ ئاتالدى، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىدىن كۆچمەنلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى بىلەن ئوخشاش ئۆلچەمدە باج ئېلىندى. كۆچمەنلەرنىڭ مۈلكىنى تېز پۈرسەتتە سېتىش ئۈچۈن، پارلامېنت 1793 ـ يىلى 11 ـ ئۆكتەبىردە تۆۋەندىكىدەك بەلگىلىمىنى چىقاردى: «مەمۇرىي خادىملار ھەرقانداق باھانە بىلەن كۆچمەنلەرنىڭ مۈلكىنى سېتىشنى رەت قىلسا، 14 كۈن ئىچىدە يۇقىرىقى بەلگىلىمىلەرنى ئىجرا قىلمىغۇچىلار 10 يىللىق ئىشكەللىك قاماققا ئېلىنىدۇ.» 1793 ـ يىلى 19 ـ مارتتا، ئەكسىيەتچىلىك جىنايىتى ئۆتكۈزدى دەپ كېسىلگەن كىشىلەرنىڭ مۈلكىمۇ مۇسادىرە قىلىندى. 1793 ـ يىلى 1 ـ ئاۋغۇستتا، مۇسادىرە قىلىش، جەرىمانە قويۇش قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى جازالاش ئۈچۈن دەپ ئېلان قىلىندى، كېيىن يەنە كونا پادىشاھلىق تۈزۈمىنى ئاقلىغۇچىلارنى ۋە مۈلۈك ھوقۇقىنى قوللىغۇچىلارنى جازالاش ئۈچۈن دەپ ئېلان قىلىندى. مۇسادىرە قىلىش كېسىمدىن كېيىنلا يېتىپ كەلگەچكە، ئاتىلار ئىلاجسىز ئۆز ھاياتىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئاخىرلاشتۇرۇپ مۈلكىنى پەرزەنتلىرىگە قالدۇرۇشقا مەجبۇر بولۇشتى. بۇ خىل ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن پارلامېنت تۇمان ئېيىنىڭ 29 ـ كۈنى قانۇننى بېلەت تاشلاپ ماقۇللاپ، مال ـ مۈلۈكنى مۇسادىرە قىلىش كېسىم ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ ئىجرا قىلىنىدۇ، دەپ بەلگىلىدى.

1793 ـ يىلى 28 ـ مارتتىكى پەرمانغا ئاساسەن پارلامېنت پاش قىلغۇچىلارغا، چۈشۈپ قالغان ياكى يوشۇرۇنۇۋالغان كۆچمەنلەرنىڭ مۈلكىنى ئاشكارىلىغان پۇقرالارغا شۇ مۈلۈكنىڭ ئوندىن بىرىنى مۇكاپات قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. رىم پادىشاھلىرىنىڭ ئاشۇ يىرگىنىشلىك ئۇسۇللىرى بۇ يەردە قانات

يېيىشقا باشلىدى، ئۇلار پاش قىلغۇچىلارنىڭ بېيىشـــغا يول قويىاتتى، تېخى ئۇلار يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە ئېرىشەتتى. تاستونىڭ تۆۋەندىكى مەشھۇر سۆزى كىشىلەرنىڭ ئېنىق ئېسىدە تۇرۇپتۇ: «پاش قىلغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ يىرگىنىشلىك ئىشلىـــرىنىــڭ مۇكاپاتلىرىنىڭ رىغبىتىدە ئۇلار ئارىسىدا ئولجىلاردىن بەھرىمەن بولاتتى، دىنىي مەمۇرىي ئەمەللەرگە، ھوقۇقلۇق ئورۇنلارغا ئىگە بولۇشاتتى، ئىشقىلىپ ئۆزلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى ھەرقانداق ئىشقا ھەمتاۋاق بولاتتى.» تراسىئا (Thrasias) ۋە سورانۇ (Soranus) نى پاش قىلغان ئىككى مۇھىم كىشى 5 مىليون سېستىرس مۇكاپاتقا ئېرىشكەن، ئۇلارنىڭ كەينىدە تۇرىدىغان بىرى 1 مىليون 200 مىڭ سېستىرس ۋە ھوقۇققا ئېرىشكەن.

تەين* (M. Taine) مۇنداق دېگەن: «ھەرقانداق بىر ئىنقىلاب مەيلى قانچىلىك جاراڭلىق بولغان ھۆرلۈك، باراۋەرلىـــك ۋە مېھرىبانلىق ئىبارىلىرى بىلەن ئۆزلىرىنى كۆككە كۆتۈرسۇن، ئۇ ماھىيەتتە يەنىلا مال ـ مۈلۈكنىڭ يۆتكىلىشىدۇر.» مەن بۇ سۆزدە مەلۇم مۇبالىغىنىڭ بارلىقىغا قوشۇلىمەن. چۈنكى، باراۋەرلىككە بولغان مۇھەببەت، ئىمتىـــيازغا بولغان نەپرەت ھەمدە ۋىجدان ئەركىنلىكى ۋە سىياسىي ئەركىنلىككە بولغان تەلپۈنۈشلەر فرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى ئىدى. بىـــراق، بارلىـــق ئىنقىلابلارغا ئوخشاش، فرانسىيە ئىنقىلابىـــمۇ مال ـ مۈلۈك يۆتكەشنى ئۆزىنىڭ ئالامىتى قىلغانىدى.

فرانسىيە پەرمانلىرىدا دېيىلگەن بارلىق مۈلۈكلەرنى مۇسادىرە قىلىش پۈتۈنلەي شەخسىي مەنپەئەت ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى، چۈنكى شەخسلەر مۇسادىرە قىلغان مۈلۈكنىڭ ئەسلىي باھاسىدىن

---

* تەين (1828 ـ 1893) فرانسىيە ئەدەبىي ئوبزورچىسى، تارىخشۇناس، دەلىلچىلىك پەيلاسوپى. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ناھايىتى تۆۋەن باھادا مۇسادىرە قىلىنغان مۈلۈكلەرنى سېتىۋالاتتى. ئىنقىلابچىلار ھەرقانداق ئەھۋالدا ئىنقىلابنىڭ نىشانى بايلارنى بۇلاش ۋە كەمبەغەللەرنى باي قىلىش دەپ قارايدۇ. بوردو، لىئون ۋە مارسېلدىكى ئىنقىلابىي كومىتېت بايلارنى ئىنتايىن رەھىمسىزلىك بىلەن شۇلۇۋالغان، ئۇلارنىڭ مۈلكىنى سېتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى ھەتتا گەمىلىرىنىمۇ قۇرۇقداپ قويغان،* ئۇلارنىڭ بۇنىڭغا باھانىسى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قورالىرىنى تەكشۈرۈش بولۇپ، «ھەرقانداق شەخسنىڭ ئېشىنچا بايلىقى ‹ئاغىسىز ئىشتانسىزلار› غا ئىئانە قىلىنىدۇ، شەخسلەردىكى ئېھتىياجدىن ئېشىپ كەتكەن ھەرقانداق نەرسە دۆلەتنى ئوغرىلىغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» دەپ جاكارلىغان.

دانتون ئاشۇ تۇرالغۇ ئۆيلەرنى ئاختۇرۇش قانۇن ـ پەرمانلىرىغا قارىتا مەسئۇل بولۇشى كېرەك. تۇرالغۇ ئۆيلەرنى ئاختۇرۇش ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئۆي جاھازلىرى، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلىرى، ئۈزۈم ھاراقلىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشقا پۇرسەت يارىتىپ بەردى. پارىژ كوممۇنىسى چېركاۋغا تەۋە بولغان كۈمۈش قاچا ـ قۇچىلارنى ۋە كۆچمەنلەرنىڭ ئۆي جاھازلىرىنى بۇلاپ كەتكەن، ھەتتا تومۇز ئېيىدىكى قىرغىنچىلىقتا ئۆلۈپ كەتكەن جىنايەتچىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنىمۇ ئوغرىلاپ كەتكەن. نازارەتچىلىك كومىتېتى (The Watch Committee) نىڭ ھەربىر ئەزاسى ئۈچۈن بىردىن سائەت (Warch) تالىنىۋالغان. بىر نەپەر ئاساسلىق جاللات، ئەڭ ۋەھشىي ۋە نومۇسسىز بۇلاڭچى 31 ـ مارتتا مەن

* ئىنقىلابچىلار ئەزەلدىن گەمىلەرنى زىيارەت قىلىشقا سەل قارىغان ئەمەس. كاردىنال (قىزىل تونلۇق باش پوپ) نىڭ قەسىرىدىكى گەمىنىمۇ كوممۇنىزمچىلار ئىنچىكىلىك بىلەن ئاختۇرغان. 1793 ـ يىلى لىئوندا ئالبىرت ۋە كارلو 700 بوتۇلكا ئېسىل ئۈزۈم ھارىقىنى ئۆز ئۆيلىرىگە ئەكېلىۋالغان. —— ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

قىلچىلىك بولاڭچىلىق قىلالمىدىم دەپ ئاغرىنىپ مۇنداق دېگەن:
«مۇشۇنداق كۈنلەردە، مەن ئاز دېگەندىمۇ 50 يۈرۈش ئۆينى ئۆزۈمنىڭ ھەققى قىلىپ ئايرىپ بولار ئىدىم.»

مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان بولاڭچىلىق مەنزىرىلىرى ھەممىشە ئىچكى ئۇرۇشقا ھەمراھ بولۇپ كەلدى. ئارماگناكلار (Armagnac) بىلەن بۇرگۇندىيىلىكلەر (Burgundian) نىڭ ئۇرۇشى مەزگىلىدە پارىژ بۇرگۇندىيىلىكلەرگە تەسلىم بولغاندا، بۇرگۇندىيە ئاقسۆڭەكلىرى ئۆزلىرى ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن بولاڭچىلار بىلەن بىرلىشىدۇ. برانتومې (Brantome) نىڭ خاتىرىلىشىگە ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ بىرقانچە ئاقسۆڭەك دوستىنىڭ سان بارتولومېۋ (Saint. Bartholomew) قىرغىنچىلىقىدىن كېيىن بىر كېچىدىلا ئۇلارنىڭ بايلىقى 100 مىڭ ھەسسە كۆپىيىپ قالغان.

بارلىق ھوقۇق تارتىۋېلىش قىلمىشلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، «ئىنجىل» دىكى مۇنۇ سۆزلەر ھوقۇق تارتىۋېلىشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارغا باب كېلىدۇ: «ئۇلار يەرلەرگە كۆز تىكسە يەرلەرنى تارتىۋېلىشىدۇ، ئۆيلەرگە كۆز تىكسە ئۆيلەرنى زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىشىدۇ؛ ئۇلار بىر ئادەمنى ئېزىۋاتقان ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئۆيىنىمۇ ئېزىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ مىراسلىرىنىمۇ ئېزىدۇ.» ئىنگىۋاگەرچىلەر راست ـ يالغان ئارىلىشىپ كەتكەن ئۆز ۇندىن ـ ئۆزۈن نەزەرىيىلىرى بىلەن خەلقنى كۈشكۈرتسىمۇ ئۇلارنىڭ بىردىنبىر مەقسىتى ئۆز نەپسىنى قاندۇرۇشتۇر.

مۇبادا مەن ئىلگىرىكى سۇلالىلەرنىڭ ۋەزىرلىرى ۋە بۈگۈنكى سىياسەتۋازلارنىڭ بانكىرلار بىلەن بىرلىشىپ ئېلىپ بارغان بولاڭچىلىق قىلمىشلىرىغا سەل قارىغان بولسام، سىياسىي بولاڭچىلىق توغرىسىدىكى بۇ ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى

تەتقىقاتىم مۇكەممەل بولماي قالغان بولار ئىدى. ئالدىدىكى سىياسىي ساختىپەزلىك مەخسۇس تەتقىق قىلىنغان بابتا، مەن ئوقۇرمەنلەرنى پادىشاھنىڭ خۇشامەتچىلىرى بىلەن خەلقنىڭ خۇشامەتچىلىرىنىڭ كۆپ تەرەپتىن ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىشقا ئۈندىگەنىدىم. مېنىڭ يەنە ئاۋامنىڭ خۇشامەتچىلىرىنىڭ نەپسانىيەتچىلىكتە پادىشاھنىڭ خۇشامەتچىلىرىدىن قېلىشمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىشىم زۆرۈردەك قىلىدۇ. فىيلىلون ساداقەتمەنلىك بۇرچ ئېگى توغرىسىدىكى كىتابىنى يېزىۋاتقان ۋاقىتتا مۇنداق بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: «ۋەزىرلەر سىزنىڭ پۇلىڭىزنى تېجەپ قېلىش باھانىسى بىلەن سىزگە بىر تۈرلۈك تىجارەتنى تەكلىپ قىلىشىدۇ ھەم شۇنىڭ بىلەن بىللە سىزدىن مۇكاپات تەلەپ قىلىدۇ، بۇ ئەجەبا سىزنىڭ ئۇلارنى ھەددىدىن ئارتۇق ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتكىنىڭىز بولماي نېمە؟» ۋەزىرلەر بۇ «چوڭ تىجارەت»كە بەك ئامراق، سىياسەتۋازلارمۇ ئوخشاشلا مۇشۇ خىل ئاجىزلىققا ئامراق. ئۆزىنى بېقىش ئۈچۈن دېھقانلار توختىماستىن يەر ئاغدۇرۇش، يەر تېرىش، ئورۇش، خامان تېپىش ۋە بۇغدايىنى تارتىشى كېرەك. سىياسەتۋازلار ۋەزىرلەرگە ئوخشاش يا يەر ئاغدۇرمايدۇ، يا يەر تېرىمايدۇ، يا بۇغداي ئورمايدۇ، سىياسىي ئۇلارنى ھاياتلىق يولى بىلەن تەمىنلىگەن. ئىشچىلار ئەتىگەندىن كەچكىچە ياكى كەچتىن ئەتىگەنگىچە ھاياتىنى بەدەل قىلىپ تۇرۇپ، تۆمۈر سوقىدۇ، ياغاچ جابدۇقلارنى ياسايدۇ، ئالىيۇمىن تاۋلايدۇ، يەر قازىدۇ ياكى ئۆي سالىدۇ، يىپ ئېگىرىدۇ، رەخت توقۇيدۇ، سىياسەتۋازلار ئوردا ۋەزىرلىرىگە ئوخشاش يا تۆمۈر جابدۇقلارنى ياسىمايدۇ، يا ياغاچ جاھازلارنى ياسىمايدۇ، ئۇلار سايلىغۇچىلارنى خېمىر يۇغۇرغاندەك يۇغۇرۇپ چىقىشىدۇ، يەنە كېلىپ ئۇلار سايلىغۇچىلارغا ئەلا

دەرىجىلىك خېمىرتۇرۇچنى ئارىلاشتۇرماستىن، بەلكى ئېچكىي ئۇرۇش خېمىرتۇرۇچنى ئارىلاشتۇرىدۇ، ھىيلە ـ مىكىرلىك ۋە شېرىن ـ سۇخەن ۋەدىلەر، تۆھمەت ۋە سايىلام بولمىغان نەزەرىيىلەر بىلەن سايلىغۇچىلارنىڭ كەيپىياتىنى قوتۇرتىدۇ. ئۇلار يا يېپ ئېگىرمەيدۇ، يا رەخت توقۇمايدۇ، لېكىن ئۇلار ئەمگەكچىلەردىن ئېسىل كىيىنىدۇ، ياخشى ئوزۇقلىنىدۇ، كەڭرى ـ ئازادە ئۆيلەردە ئولتۇرىدۇ.

سىياسەتۋازلار خۇددى ۋەزىرلەرگە ئوخشاش بوش قالغان مەنسەپلەر، خىلمۇخىل بۆلۈشۈۋېلىشلار ۋە مونوپول مەنپەئەتلەرگە نىسبەتەن كۈچلۈك سەزگۈرچانلىققا ئىگە. ئەگەر سىياسەتۋازلارنىڭ ھوقۇق تۇتۇشتىن ئاۋۋالقى ۋە كېيىنكى مال ـ مۈلكىنى تەكشۈرسەكلا ئۇلارنىڭ ھوقۇق تۇتۇشتىن ئاۋۋال بىر يالاڭتۆش ئىكەنلىكىنى، ھوقۇقتىن ئايرىلىشتا بولسا بېيىپ كەتكەنلىكىنى بايقىماق تەس ئەمەس. سىسېرونىڭ ئانتونىدىن سورىغان مۇنۇ سوئالىنى ئېھتىمال ئۇلاردىن سوراش كېرەكتۇ: «سېنىڭ 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىكى قەرزىڭ 4 مىلىيون سېسترس ئىدى. 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگە كەلگەندە بولسا ئازراقمۇ قەرزىڭ قالماپتۇ، سەن قايسى ئەپچىل چارە بىلەن مۇشۇنداق قىلالىدىڭ؟»

ھەرقايسى دەۋرلەردە، سىياسەتۋازلارنىڭ خىرە جايلارغا ماكانلاشقان بانكىرلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئىتتىپاق تۈزۈشكەن بۇ بىر توپ مەدەنىي بۇلاڭچىلار خىلمۇخىل ھىيلە ـ مىكىرلىك يوللار بىلەن بۇلاڭچىلىق قىلاتتى. دۆلەتنى بۇلاپ، خەلقنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلاتتى. 1868 ـ يىلىلا، پوپ گراني (Father Granry) غەزەپلەنگەن ھالدا 1866 ـ يىلىدىكى مارت ئىشلىرى تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق مەزمۇنلار بار:

www.uyghurkitap.com

«18 ئاي ئىچىدە 40 تىن ئارتۇق شىركەت چاقىرتىلىپ، ھېساباتىنى تەكشۈرتۈش تەلەپ قىلىندى، ئۇلارنىڭ ھېساباتىدىكى قانۇنسىز ھايانكەشلىككە سېلىنغان سومما 800 مىليوندىن ئېشىپ كەتكەن (كۆرگىلى بولىدىغانلىرى مۇشۇنچىلىك، بەلكىم شۇنداق بولۇشى مۇمكىن ياكى تېخىمۇ ئېغىر بولۇشى مۇمكىن).» ئاممىغا ئېلان قىلىنغان بۇ 800 مىليونلۇق ساندىن يېقىندىن بۇيانقى پەيدا بولۇۋاتقان كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ساختىپەزلىكلەر ئاللىقاچان ئارتىپ كەتتى. بەزى سىياسەتۋازلارنىڭ باشباشتاقلىقى ھەمدە چىقىمنى چۈشەندۈرۈشنى تەلەپ قىلىشى ۋە پايدا سانىنى دوكلات قىلىشتىكى ساختىلىقلار سەۋەبىدىن، بىر شىركەت 13 مىلياردنى ئۆز بىخەتەرلىك ساندۇقىغا سېلىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىدىن مەھرۇم قالغان. لېئون. ساي (M . Leon . Say) نىڭ كېيىنچە، 1882 ـ يىلىدىكى پۇل مۇئامىلە كرىزىسى فرانسىيىنىڭ نەچچە مىلياردنى خوراتقان، خوراش مىقدارى گېرمانىيىلىكلەر مەجبۇرىي تاڭغان ئۇرۇش تۆلىمىگە تەڭ كېلىدىكەن. نەچچە مىلياردى ئۇرۇگۋاي، برازىلىيە، پورتۇگالىيە، ئىسپانىيە ۋە گرېتسىيىلەرگە بەرگەن قەرزدىن زىيان بولغان.

بۇ خىل بانكىرلار بىلەن سىياسەتۋازلار ئارىسىدىكى ئىتتىپاق، بۈگۈن يالغۇز ئامېرىكا قىتئەسىدىكىگە ئوخشاش پۇتكۇل ياۋروپادا مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن، ئىتالىيە ۋە ئەنگلىيىدىكىگە ئوخشاش فرانسىيىدىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا، ئىلگىرى رىمدا، فلورېنسىيىدە ۋە كونا فرانسىيىلەردە مەۋجۇت ئىدى. رىمدا مەمۇرىي ئەمەلدارلار، ۋالىيلار ۋە سەرۋازلارنىڭ ھەممىسى پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىغا قاتنىشاتتى. باج يىغىشقا مەسئۇل كىشىلەر ئۇلارنىڭ ھەمكارلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنى بۇ خىل

پائالىيەتتىن مەلۇم نەپكە ئېرىشتۇرەتتى. ئاتىكا ستىتسىلىيىدىكى پۇل مۇئامىلە ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئىنتايىن قىزىققان. سىسېرونىڭ مەسئۇل باجگىرى بىلەن سودا مۇناسىۋىتى بولغان. ئۇ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىدا هايانكەشلىك قىلىپ كۆپلەپ پۇل ئۇندۇرۇۋالغان. ئۇ دىنىي جەمئىيەتنىڭ مۇنەججىمى بولۇپ تەيىنلەنگەن يىلى فېۋرالدا تېخى هېچنېمىسى يوق يوقسۇل بولغان بولسا، ئۆكتەبىرگە بارمايلا بىر يۇمىلاپ چوڭ زەردار بولۇپ قالغان.

ئۆلكە ـ ئايماقلارنىڭ ۋالىيلىرى بىلەن باجگىرلار ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ئولجىنى تەڭ بۆلۈشمىز دەيدىغان كېلىشىمى بار بولاتتى. بۇباجگىرلارنىڭ هوقۇقى ئىنتايىن چوڭ بولاتتى. لۇكۇللۇغا ئوخشاش باش ۋالىيلارمۇ ئۇلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسىدىن هەزەر ئەيلىمەكچى بولسا، رىمغا بېرىپ ئەرز قىلاتتى، پۇل خەجلەپ ناتىق سېتىۋېلىپ رەقىبىنىڭ ئاغزىنى ئېتەتتى. «چۈنكى، ناتىقلار بۇنداق ئىشلارنى قىلىشقا بەك ماهىر بولۇپ، ئۇلار رىمدا سودا قىلغۇچىلارنىڭ قۇيرۇقىنى تۇتۇۋېلىشقا ئىنتايىن دىققەت قىلاتتى.» ئۇلاركۆپ قېتىم قويمىچىلىققا قارشى چىققان ۋالىينى قايتۇرۇپ ئەكېتىشكە مەجبۇر قىلغانىدى. بىراق، كۆپ هاللاردا ئۇلار باش ۋالىي بىلەن گېپىنى بىر قىلىۋالاتتى. مەسىلەن، ۋېررې (Verres) قولىدىن كەلگەنلىكى ئىشنى قىلىپ باجگىر ۋە چارۋىچىلىق هوقۇقىغا مەسئۇل شىركەتنى رازى قىلاتتى، بۇ شىركەتنىڭ مۇئاۋىن نازارەتچىسى كارپىناتىئۇ (Carpinatius) نىڭ هەرقانداق تەلەپلىرىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ بېرەتتى. ئالماشتۇرۇش هېسابىغا، ۋېررېنىڭ خىزمەتچىلىرى يازغان باجنى باهانە قىلىپ تۇرۇپ ئېلىپ بېرىلىۋاتقان هەرقانداق شەكىلدىكى ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە قويمىچىلىققا دىققەت قىلىش توغرىسىدىكى خەت ـ چەكلەرنى بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شىركەت كۆيدۈرۈۋېتەتتى. خەت - چەكلەرنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسىنى كۆرۈش جەريانىدا، سىسېرو تاسادىپىي «نۇرغۇن ئايغا چېتىشلىق بولغان پۇل تۆلەش ھېساباتىنى بايقاپ قالىدۇ، پۇل تۆلەش تالونلىرىنىڭ ھەممىسىگە ۋېررې ئىمزا قويغان بولسىمۇ، لېكىن مۇناسىپ تاپشۇرۇۋېلىش ھۆججەتلىرى يوق ئىدى. شىركەت خاتىرىلىگۈچىلىرىنى ئاختۇرۇش ئارقىلىق سىسېرو ئاخىر ۋېررېنىڭ قويمىچىلىق قىلمىشلىرىنى پاش قىلىشقا مۇۋەپپەق بولىدۇ، شۇنىڭدىمۇ خاتىرىلىگۈچى نۇرغۇن تۈرلەرنى ئۆچۈرۈۋېتىشكە ئۈلگۈرگەنىدى. ئۇ ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن، ۋېررې بىلەن شىركەتنىڭ كەيپۇس. ۋېراسىئۇ نامى ئاستىدا تىجارەت ئىشلىرىنىڭ بولغانلىقىنى بايقايدۇ.»

سىياسەتۋازلارنىڭ ئىگىلىۋېلىش قىلمىشلىرىنى ئەرز قىلىش بىرقەدەر قىيىن، چۈنكى جىنايەتچى ھېچقانداق تاپشۇرۇۋېلىش ھۆججىتىگە ئىمزا قويمايدۇ، پۇل - پۇچەكلەر بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا كىشىلەر ياكى كاتىپى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا سوۋغا قىلىنىدۇ. ئۇ: «مەن شەخسەن ھېچقانداق نەرسە قوبۇل قىلمىدىم» دەپ ئۆزىنى ئاقلايدۇ، ۋېررې 400 مىليون سېسترسىنى ئۆز يانچۇقىغا سالغان دەپ ئەيىبلەنگەندە ئۇ مانا مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئۆزىنى ئاقلىغان. سىسېرو ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئۆز قولى بىلەن بىر تىيىنمۇ ئالمىغانلىقىنى ئىقرار قىلغان. لېكىن ئۇ تولۇقلاپ مۇنداق دېگەن: «سېنىڭ ھەرقانداق خىزمەتچىڭنىڭ يانچۇقىغا سېلىنغان نەرسە ساڭا تاپشۇرۇلاتتى، بۇنىڭدىن باشقا نەتىجىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، سوتچىلار! ئەگەر سىلەر بۇ «مەن شەخسەن ھېچقانداق نەرسە ئالغىنىم يوق» دېگەن ئاقلاش سۆزىنى تەستىقلىساڭلار، ئۇنىڭ بارلىق يۇتۇۋېلىش قىلمىشلىرى توغرۇلۇق سوتنى بىكار قىلغان

بولىسىلەر، ئۇنداقتا مەڭگۈ ھېچقانداق جىنايەتچى ياكى جاۋابكار سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا كەلمەيدۇ، سىلەر ئۇنىڭ بۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئۆزىنى ئاقلىشىغا يول قويماسلىقىڭلار كېرەك.»

بۈگۈنكى كۈندىمۇ رىمدىكىگە ئوخشاش، سىياسەتۋازلارنىڭ ئۆز تەسىر كۈچىنى قاراڭغۇلۇقتىكى كېڭىشىدە پۇل مۇئامىلە شىركەتلىرىنىڭ مۇلازىمىتىگە تېگىشلىك ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيمىز. لىدېرلار سىياسەتۋازلارغا بىر كىشلىك ئورۇن بەرگەن شىركەتلەرنىڭ بۇنداق قىلىشتىن مەقسىتى، سودىدا ئۇتۇشتىن كۆرە، زۆرۈر بولغان بۇ سىياسەتۋازلارنىڭ قوللىشى ۋە رىغبىتىگە تايىنىپ پايچىكلارنىڭ ئىشەنچىنى ساقلاپ قېلىشتۇر.

گېزىت سىياسەتۋازلار ۋە بانكىرلارنىڭ قولىدىكى بىر تالان ـ تاراج قىلىش قورالىغا ئايلاندى. چوڭ پۇل مۇئامىلە شىركەتلىرى تېخى گېزىتلەردىكى ئېلانلاردىن قانائەت ھاسىل قىلالمايتتى. ئۇلار گېزىتلەرنى سېتىۋېلىپ ئاممىنى ئالداش ئۈچۈن ئۇلارغا ئۆزلىرىنى ماختاتقۇزاتتى، ئۇلار ھەتتا مۇددەت بويىچە گېزىتلەرگە مۇقىم خىراجەت بېرەتتى. پۇل مۇئامىلە مەخسۇس مۇپەتتىشى ماركارد (M. Marchard) ئەپەندىنىڭ دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا فونكېر ئامانەت ـ قەرز شىركىتى (Credit Foncier) 1877 ـ يىلىدىن 1890 ـ يىلىغىچە 116، 102، 513 فرانكنى ئۆزلىرى ئۈچۈن خەۋەر تارقىتىشقا سەرپ قىلغان. چارلېز. دې. لېسسېپ* (Charls . de . Lesseps) 100 مىليون فرانكنى ئېلان ۋە خىلمۇخىل ئاخبارات ئىشلىرىغا چىقىم قىلغانلىقىنى ئىقرار

---

* لېسسېپ (1805 ـ 1894)، فرانسىيە دىپلوماتى، ئىنژېنېر، دىپلوماتىيە ساھەسىدىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن سۇۋەيش قانىلى شىركىتىنىڭ پاناما قانىلى شىركىتىنى تەشكىللىگەن. فوندىنى قالايمىقان ئىشلەتكەنلىكتىن ۋەيران بولۇپ جىنايەت سادىر قىلغان.
—— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

قىلغان. گېزىتلەردىكى پاناما قانىلىنى ماختىغان ماقالىنى شىركەتنىڭ لىدېرلىرى يازغانىكەن.
پاي چېكى بازارغا سېلىنىشىنىڭ ئالدىدا، لىدېرلار كېيىنكىشى بىر قىسىم مۇھىم پۇلنى بەزى لىدېرلارغا تاپشۇرىدۇ، ئۇلار مۇشۇ پۇل بىلەن ئاخبارات ساھەسىنىڭ قوللىشى ياكى ھەرقانداق ئەھۋالدىكى بىتەرەپلىكىنى سېتىۋالىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا، ئاخبارات ساھەسىنىڭ «ئېغىزىنى ئاچىسىمۇ پۇل، يۇمسىمۇ پۇل» تاپىدىغانلىقى قىل سىغمايدىغان ئىش بولۇپ قالىدۇ. بىر گېزىتنىڭ بارلىق خادىملىرى سىياسەتۋازلاردىن بولغاندا، ئۇلارنىڭ تاپىدىغان پۇللىرى تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ئۇلارنىڭ پۇل تېپىشى تەسكە چۈشىدۇ. ئەگەر بىر تۈرلۈك پۇل مۇئامىلە تىجارىتى ئېلان قىلىنىسىلا، مۇخبىرلارنىڭ پۇل تەلەپ قىلىپ سوزغان قوللىرىنى بايقىغىلى بولىدۇ، ئەگەر پۇل بەرمىسە، شىركەتكە دۈشمەنلىشىش پوزىتسىيىسى تۇتىدىغانلىقى توغرۇلۇق تەھدىت سالىدۇ. ئۆزلىرىنى خەلقنىڭ دوستلىرى دەپ ئاتىۋالغان كىشىلەر گېزىتلەردىكى ماقالە ـ خەۋەرلەر بىلەن بەس ـ بەستە سودا قىلىپ، خەلقنى ئالدايدۇ ياكى خەلقنىڭ ئالدىنىشى ئۈچۈن ھەسسە قوشىدۇ.
ئۇنىڭدىن باشقا، ۋەكىللەر، كېڭەش ئەزالىرى ۋە مىنىستىرلارنىڭ پۇل مۇئامىلە شىركەتلىرىگە بىلەت تاشلاش ھوقۇقىنى ساتىدىغانلىقىنى بايقىماق تەس ئەمەس. ئۇلار ئەڭ مەككار ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ تەسىر كۈچىنىڭ سېتىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. يېقىنقى بىر قېتىملىق ۋەقەدە، گەرچە كىشىلەر بىر چوڭ شىركەت قىزىقىدىغان پىلاننى تەكشۈرۈپ كۆرۈشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار بۇ پىلاننى رەت قىلمايلا قالماستىن، ئەكسىچە يىغىننى توختىتىپ بۇ پىلاننى مۇزاكىرە قىلغان. بۇنداق قىلىشتىن

مەقسەت بۇ شىركەتنى يىغىن توختىتىلغان مەزگىلدە ئۆزلىرىنىڭ ئالدىغا كېلىشكە مەجبۇرلاپ، تەلەپ قىلىنغان تاپان ھەققى بويىچە ئۆزلىرى بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكە قىستاش ئىدى. تاپان ھەققى بىۋاسىتە قولغا تەگسىمۇ ياكى دەلاللارنىڭ قولى بىلەن ۋە ياكى كېپىللىك قىلىشقا قىزىقىدىغان قىياپەتكە كىرىۋالغان گېزىت سېپىدىگارلىرى ئارقىلىق قولغا تەگسىمۇ بولاتتى. بۇخىل ساختا گېزىتچىلىك سېپىدىگارلىرى ئەمەلىيەتتە جىنايى قىلمىشلاردىن ئېلىنىدىغان تاپان ھەققىنى يوشۇرىدىغان بىر خىل ئۇسۇلى ئىدى، چۈنكى گېزىتچىلىك سېپىدىگارلىرى ھېچقانداق خەتەرنى ئۆز ئۈستىگە ئالمايتتى. 7 مىليون فرانك بىر بانكىرنىڭ پارلامېنتتىن شىركەت كېرەكلىك بولغان قوللاشنى سېتىۋېلىشىغا تەقسىملەپ بېرىلگەن. خاتىرىلەشلەرگە قارىغاندا، ئاممىۋى قۇرۇلۇش مىنىستىرى بىر خىل مۇكاپاتلىق بېلەت بەلگىلىمىسىنى ئېلان قىلىش ھوقۇقىنى بېرىشنى ئۆتۈنگەن شىركەتكە، 1 مىليون تاپشۇرمىساڭلار بۇ پىلانىڭلارنى تونۇشتۇرمايمەن دەپ تۇرۇۋالغان. بۇ لايىھە پارلامېنتقا تاپشۇرۇلىدىغان كۈنى، ئۇ 375 مىڭ فرانك تاپشۇرۇۋالغان. لېكىن ئۇ 1 مىليوننىڭ قېپقالغان قىسمىنى تاپشۇرۇۋالالماي، پارلامېنتنىڭ سوغۇق پوزىتسىيىسىگە دۇچ كېلىدىغان بولغاچقا بۇ پىلان قايتۇرۇۋېتىلگەن.

بانكىرلار ۋە سىياسەتۋازلارنىڭ تەپتارتماستىن قىلىۋاتقان قويمىچىلىقلىرى ئونمىڭلىغان ئائىلىنى ۋەيران قىلماقتا. سىنا سەييارە سوتى كېسىم چىقارغان پارتلىتىش شىركىتىنىڭ لىدېرى ئىلگىرى ئۆلكە باشلىقى، ۋەكىل، كېڭەش پالاتاسى، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى سودا كومىتېتىنىڭ سابىق رەئىسى بولغان كىشى ئىدى.

گەرچە پاي چېكى سودىسى، ساختىلىق قىلمىشلار ۋە سىياسىي

www.uyghurkitap.com

سودىلار بايلىقلارنى نومۇسسىزلارچە بۇلاپ ـ تالاۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بۈگۈنكى جەمئىيەتنى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ئارقىلىق هايات كەچۈرىدىغان خانىدانلىقلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئۇنى يەنىلا زور دەرىجىدە يۈكسەلدى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ مۆجىزە كەڭ قۇللارنى ئېزىدىغان ئاز بىر قىسىم پۇقرالار تەرىپىدىنمۇ ئىجاد قىلىنمىغان، شۇنداقلا كۆپ سانلىقلارنىڭ ئەمگىكىگە تايىنىپ ياشايدىغان ئاز سانلىقلار تەرىپىدىنمۇ ئىجاد قىلىنمىغان. ئەمگەك ئەركىن هەم شەرەپلىك دەپ قارىلىدۇ.* ئىمتىيازلار ئاللىقاچان بىكار قىلىنىدى. هەممە كىشى قانۇن ئالدىدا باراۋەر. ئىمتىيازلىق كىشىلەر ئەمدى هەرگىزمۇ باج تاپشۇرۇش يۈكىنى خەلققە تاپشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى شان ـ شۆهرەت ۋە هۆرمەتكە نائىل بولۇۋالمايدۇ. فرانسىيە ئىنقىلابى بۇ ناهەق هادىسىلەرنىڭ يوقىلىشىغا سەۋەب بولدى. ئىنقىلاب نامى بىلەن سادىر قىلىنغان خىلمۇخىل خاتالىق ۋە جىنايەتلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈر بولۇش بىلەن بىللە ئىنقىلاب ئېلىپ كەلگەن غايەت زور يۈكسىلىشلەرنى زېرىكمەي ئەسلەپ ئۆتۈشمۇ زۆرۈردۇر.

سوتسىيالىزمچىلار «بۈيۈك ئىنقىلابتىكى هەممە ئىشلار ئوتتۇرا سىنىپقا تەۋە ئىمتىيازلىقلارنىڭ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئورنىنى ئېلىۋېلىشىدىن بولغان» دەپ خەلقنى ئالدىشىدۇ. خەلق 1789 ـ يىلىدىن ئاۋۋال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئېزىشىگە ئۇچرىغاندەك هازىرمۇ ئوتتۇرا سىنىپنىڭ ئېزىشىگە ئۇچرىماقتا. ئوتتۇرا سىنىپتا ئىمتىياز يوق، ئۇلار هېچقانداق بىر يېپىق تەبىقە

---

* هېنري III نىڭ بىر قانۇنلار توپلىمىدا مۇنداق بىر نومۇسسىز، رەزىل بايانات بار: ئىشلەش هوقۇقى بىر تۈرلۈك خانلىق هوقۇق بولۇپ، ئۇنى خان جەمەتى مەڭگۈ باشقۇرىدۇ. —— ئاپتورنىڭ ئىزاهاتى.

شەكىللەندۈرەلمەيدۇ، ئۇلار كونا خانىدانلىقتىكى ئاقسۆڭەكلەرگە ئوخشاش بولالمايدۇ —— ئۇلار ھېچقانداق ئادەمنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلالمايدۇ، ئەكسىچە، ئۇلار نۇرغۇن ئىشچى ۋە ياللانما خادىملار تەمىنلىگەن خىزمەت ۋە مائاشقا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. سوتسىيالىزمچىلار ئىمتىيازلىق دەپ سۆكۈۋاتقان بۇ كىشىلەر ئەمگىكىگە، ئەقىل - پاراسىتىگە ۋە ئىقتىسادچىللىقىغا تايىنىپ باي بولغان، قەيەرنى ئوتتۇرا سىنىپنىڭ چېكى دېسەك بولار، بۇنى خەلق قەيەردىن باشلاپ ھېسابلىغان بولغىيتتى؟ كۈن بويى جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن تەبىقىسىدىن ئەڭ يۇقىرى تەبىقىسىگە ئۆرلەيمەن دەپ چۇقان سېلىۋاتقان كىشىلەر، «ھەممە سىنىپقا تەۋە» كىشىلەر، بىكار تەلەپ ۋە پىخسىق بولغان ھەرقايسى سىنىپنىڭ ئەزالىرى جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن تەبىقىسىگە دومىلاپ چۈشۈپ كەتمەكتە. ئەجەبا ئۇششاق سودىگەرلەر، ئىش بېشى ۋە ئۆز تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ يۇقىرى ئورۇنغا چىققان ئىشچىلارنى ئوتتۇرا سىنىپنىڭ ئەزاسى دېيىشكە بولمامدىكەن؟ ئەجەبا سودىگەرلەر، ھۆددىگەرلەر، ئادۋوكات، دوختۇرلار، زاۋۇت خوجايىنلىرى خەلق ئەمەس، بەلكى ئالاھىدە ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولغۇچىلارمىكەن؟ شۇڭا، ئىشچىلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىمتىياز سېستىمىسىنى يېڭىۋاشتىن بەرپا قىلمىغۇچە، جەمئىيەت ئاساسىنى قانداق ئۆزگەرتىش مەسىلىسىنى چۈشەنگىلى بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. مۇتلەق ئىجتىمائىي باراۋەرلىك دېگەن مەڭگۈ يەتكىلى بولمايدىغان چۈشتۇر،* ئادەملەر بىر خىل بولمايدۇ، چۈنكى ھۇرۇنلارمۇ بار،

* مارشال بۇگېئاۋد 1842 - يىلى ئالجىرىيىگە يېقىن جايدا بىر كەنت قۇرۇپ، ئېكىنزارلىقلارنى بۇ يەرنى ساقلاۋاتقان 48 - پولكنىڭ ئەسكەرلىرىگە بۆلۈپ بەرگەن. 1845 - يىلى ئۇ بۇ دۆلەتنى زىيارەت قىلغىلى كەلگەندە، بەزى مۇستەملىكىچىلەرنىڭ 5000 - 6000 فرانكلىق مال - ئۈلاغلىق بولۇپ قالغانلىقىنى، باشقىلارنىڭ بولسا ئۆزلىرىگە بۆلۈپ بېرىلگەن ئۈلاغلارنىمۇ باقالمايۋاتقانلىقىنى بايقىغان. باراۋەرلىكنىڭ مۇھىت تەرىپىدىن بۇزۇپ تاشلىنىشىدەك بۇ رېئاللىق، دەل روسسونىڭ دۆلەت قول تىقىپ باراۋەرلىكنى بەرپا قىلىشى كېرەك دەپ قىلچە ئىككىلەنمەستىن تەلەپ قىلىشىنىڭ سەۋەبىدۇر. —— ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

www.uyghurkitap.com

شاللاقلارمۇ بار، ئىقتىدارسىزلارمۇ بار. تىرىشچان، ئەمگەكچان، ئىقتىسادچىل ۋە ئەقىللىق كىشىلەردەك بايلىققا ئېرىشىش ۋە ئۇنى ساقلاپ قېلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. «يۇپىتېر* (Jupiter) قول ئاستىدىكى ھەربىر دەرىجە ئۈچۈن ئىككىدىن شىرە تەييارلىغان بولۇپ، چاققان، كۈچلۈك، ھوشيارلىرى بىرىنچى شىرەدە ئولتۇراتتى، دىتى يوق، قابىلىيەتسىزلىرى ئۇلار ئاشۇرۇپ بەرگەن تائاملارنى ئىككىنچى شىرەدە يەيتتى.»

گەرچە مۇتلەق ئىجتىمائىي باراۋەرلىك بىر قۇرۇق خىيال بولسىمۇ، لېكىن جەمئىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، باراۋەرسىزلىك ھادىسىلىرىنى ئازايتىش ئارزۇلىرى ھەرگىزمۇ قۇرۇق خىيال ئەمەس. ئىقتىسادىي قانۇننى ئىجرا قىلىش، ئەمگەكنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈش، پايدا نىسبىتىنى چۈشۈرۈش، مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئىتتىپاقلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق بۇ ئارزۇنى تەدرىجىي ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بايلار بىلەن يوقسۇللارنىڭ كىيىم - كېچەك، تەربىيىلىنىش ۋە ئۆرپ - ئادەت جەھەتلەردىكى زور پەرقلىرىنى تەدرىجىي ئازايتىشقا بولىدۇ.** ئىشلىمەي چىشلەش ئەمدى كۆنسايىن قىيىنلىشىپ كېتىدۇ.

بۈگۈنمۇ يەنىلا ناھەقچىلىققا مەسئۇل بولۇش ھادىسىلىرى، جىنايى ئىشلار قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىدىغان بۇلاڭچىلار مەۋجۇت،

---

* يۇپىتېر، رىم رىۋايەتلىرىدىكى ھەممە ئىلاھلارنى باشقۇرغۇچى ئىلاھ، يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى زېۋسقا باراۋەر كېلىدۇ. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

** بولۇپمۇ فرانسىيىنىڭ جەنۇبىدا پۇلوۋانستا دېھقانلار زىرائەتلەرنىڭ تەبىئىيلىكىگە تايىنىپ يەرلەردىن مەھسۇلات ئالىدۇ. يەرلىرى بار دېھقانلار پەقەت تېرىقچىلىق قىلىشقا تايىنىپلا جان باقىدۇ. مەن مۇشۇنداق نۇرغۇن دېھقانلارنى تونۇيمەن، ئۇلار نۇرغۇن ئوتتۇرا قاتلام ئەزالىرىدىنمۇ باي. يېقىندا مەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسىدىن نېمىشقا ئوتتۇرا قاتلامدىكىلەر قىيىن شارائىتتا سېتىۋەتكەن يەرلەرنى سېتىۋالمايسىلەر دەپ سورىغىنىمدا، مېنىڭ ئېرىشكەن جاۋابىم: «بىزنىڭ تېرىپمۇ تۈگىتەلمىگۈدەك يەرلىرىمىز بار.» دېگەندىن ئىبارەت بولدى.

لېكىن ئادالەتسىز ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ئەمدى ئۆتمۈشكە تەۋە بولۇپ قالدى. ھەققانىيەتنى قاتتىق ئىجرا قىلىش ئارقىلىق قاراڭغۇلۇقتىكى پۇل مۇئامىلە شىركەتلىرى بىلەن سىياسەتۋازلارنىڭ قويمىچىلىقلىرىنى تۈگىتىش مۇمكىن.

يوقسۇللارنىڭ ھالىتىنى ئۆزگەرتىش يولىدا يەنە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى شۈبھىسىز. لېكىن بۇ ئۆزگەرتىشلەرنى زوراۋانلىقسىزمۇ تاماملىغىلى بولىدۇ. سوتسىيالىزمچىلار تەقەززا بولۇۋاتقان يېڭى ئىنقىلاب بىر يېڭى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش بولۇپ، ئۇ بارلىق بۇلاڭ - تالاڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئاپەت خاراكتېرلىك بۇلاڭ - تالاڭدۇر.

تۈگۈنچ كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# يەتتىنچى باب
# سىياسەتۋازلارنىڭ چىرىكلىشىشى ۋە چۈشكۈنلىشىشى

( I ) رىم سىياسىيسىنىڭ چىرىكلىشىشى —— چىرىكلىك ھەرقانداق شەكىلدىكى ھۆكۈمەتتە ئەۋج ئېلىشى مۇمكىن —— رىمدىكى پارىخورلۇق —— خەلقنى قايمۇقتۇرۇۋاتقان سىياسەتۋازلارنىڭ خىيانەتچىلىكى ۋە چىرىكلىشىشى —— مەسئۇلىيەت سىياسىئونلارنىڭ ئەخلاق سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى ناتايىن —— رىمدىكى ھۆكۈمەتنىڭ پۇلنى يۇتۇۋېلىش قىلمىشلىرى —— رىم سوتچىسىنىڭ چىرىكلىكى —— ئافىنادىكى سىياسىي چىرىكلىك —— ئالسىبىد —— پېرىكىل —— ئارىستوفىنىنىڭ خەلقنى ئېزىقتۇرىدىغان سىياسەتۋازلار ھەققىدە ئېيتقانلىرى.

( II ) ئەنگلىيىدىكى سىياسىي چىرىكلىك —— لورد باكون —— پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ چىرىكلىشىشى —— لۇئى XIV : چەت ئەللىك سىياسەتۋازلارنى سېتىۋالغان كىشى —— ئىنقىلابتىن كېيىن ئەنگلىيىنىڭ چىرىكلىشىشى —— ۋالپولنىڭ چىرىتىش ۋاستىلىرى —— جورجى III نىڭ چىرىكلىك قىلمىشلىرى —— پارلامېنت ئەزالىق ئورۇننى سېتىۋېلىش.

( III ) فرانسىيىدىكى سىياسىي چىرىكلىك —— رىچېلىيېئۇنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرى —— لۇئى XIV دەۋرىدىكى ھۆكۈمەت پۇلنى يۇتۇۋېلىش ھادىسىسى

—— ئېھتىياج تۇيغۇسى، لۇئى XIV نىڭ ئادەم تەيىنلەپ ھۆكۈمەت خادىملىرىنى نازارەت قىلىشى —— VI. برۇيېرنىڭ 17 - ئەسىردىكى بانكىرلار ھەققىدە ئېيتقانلىرى —— ئاقسۆڭەكلەر ۋە بانكىرلار —— 18 - ئەسىردىكى ھۆكۈمەت پۇلىنى يۇتۇۋېلىش قىلمىشلىرى —— لۇئى XV دەۋرىدىكى سىياسىي چىرىكلىك —— ئىنقىلاب دەۋرىدىكى چىرىكلىك —— پادىشاھ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى سىياسىي ئەخلاقنى نەزەر —— تاللېيراندىنىڭ خىيانەتچىلىكى —— پادىشاھلىقنى تىرىلدۈرۈش مەزگىلىدىكى سىياسىي ئەخلاقنى نەزەر —— ئىيۇل خاندانلىقى مەزگىلىدىكى سىياسىي چىرىكلىك —— دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا لىدىرلىرىنىڭ ۋەكىلى —— خېنېنىنىڭ فرانسىيىنىڭ چىرىكلىشىشى ھەققىدە ئېيتقانلىرى. (IV) سىياسىي چىرىكلىكنىڭ سەۋەبلىرى —— سىياسىئونلارنىڭ ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇشى —— قەدىمكى رىم مىساللىرى —— ئاياللارنىڭ سىياسىي تۇرمۇشتىكى تەسىرى —— سىياسىئونلارنىڭ ھەشەمەتچىلىككە ۋە گۈزەل مۇھىتلارغا ئامراقلىقى —— تۈز كۆڭۈل ۋە ئاددىي - ساددا بولغان تۇرمۇش ئادىتى سىياسىي چىرىكلىكنى توسىدىغان ئەڭ ياخشى چارىدۇر.

## رىمدىكى سىياسىي چىرىكلىك

ئەنگلىيىنىڭ 18 - ئەسىردە ئۆتكەن سىياسىئونى لورد بروگھام (Lord Brougham) ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا: «ئۆزىنى تىزگىنلەش، سەمىمىيلىك، دۇرۇسلۇق، ئاممىۋى ئىشلارغا بولغان

قىزغىنلىق، ئادىل ۋە شەخسىيەتسىزلىك قاتارلىق ئوردىدىكى ناچار ئادەتلەرگە يات بولغان بۇ ئېسىل پەزىلەتلەر دېموكراتىزمنىڭ تۈپرىقىدا تەبىئىي يېتىلىپ تارتىپ ئۆسىدۇ.»* دېگەنىكەن. ئېسىل پەزىلەتلەر ھەرگىزمۇ سەۋەبسىزلا تەبىئىي ئۆسۈپ قالمايدۇ؛ پەقەت يامان ئادەتلەرلا خۇددى ياۋا ئوت - چۆپتەك تېرىمىسىمۇ، پەرۋىش

* لورد بروگھام يازغان «دېموكراتىيە ۋە ئارىلاشما ھۆكۈمەت» ناملىق كىتابىنىڭ 143 - بېتىگە قارالسۇن. بۇ سۆز سېدنىينىڭ ھۆكۈمەت توغرىسىدىكى ئەسىرىدىن ئېلىنغاندەك قىلىدۇ، ئۇنىڭ 19 - پاراگرافىدا مۇنداق سۆزلەر بار: «خىيانەتچىلىك ۋە چىرىكلىك خان ئوردىسىدا شۇقەدەر ئومۇملاشقان، لېكىن بۇ ھادىسىلەرنى جۇمھۇرىيەت ۋە ئارىلاشما ھۆكۈمەتتە تاپقىلى بولمايدۇ.» مونتېسكيۇ كىشىلەرنى ئېسىل پەزىلەتلەرنىڭ خانلىق تۈزۈمنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ سەۋەبى ئەمەسلىكىگە ئىشەندۇرۇش ئۈمىدىدە بولغان، بۇنى دەلىللەش ئۈچۈن ئۇ رىچېلىيۇنىڭ سىياسىي باياناممىسىدىكى مۇنۇ ئابزاسنى مىسال كەلتۈرگەن: «ئەگەر ئۈمىدسىز، ياردەمسىز ئەھۋالدا قالغان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن سەممىي ئادەملەرنى تاپالىغان بولسا، ئۇنداقتا ئارخىئېپىسكوپ رېچېلىيۇ خان ئۇنىڭ ياردىمىسىزمۇ ئىشلارنى ياخشى ئاقتۇرالايتتى دەپ دارىتمىلىمىغان بولار ئىدى. شۇڭا، ئېسىل پەزىلەت بۇ سىياسىي ئېكولوگىيىنىڭ مەۋجۇتلۇق سەۋەبى ئەمەس دېسەك توغرا بولىدۇ». («قانۇن روھى»، 5 - باب) ئۇ بۇ سۆزنى قىلغاندا روبىسپېرمۇ ئۇنىڭغا ئوخشىغان نۇقتىئىنەزەرنى ئىپادىلىگەن: «سىز ئارخىئېپىسكوپ رېچېلىيۇنىڭ سىياسىي باياناممىسىدىكى سۆز ئويۇنلىرىنى ئاستا - ئاستا چۈشىنىپ قالىسىز، ئۇ شۇنداق دېمەكچىكى ئۇنۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا خان سەممىي، دۇرۇس كىشىلەرنى قورال سۈپىتىدە ئىشلىتىشتىن ئەستايىدىللىق بىلەن ساقلىنىش كېرەك. چۈنكى، ئۇلارنىڭ مۇلازىمىتىنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق.» (جامائەت خەۋپسىزلىكى نامى ئاستىدا يېزىلغان دوكلاتتىكى دىن، ئەخلاق قارىشى ۋە جۇمھۇرىيەت پرىنسىپى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ھەققىدىكى بايانلارغا قارالسۇن) مونتېسكيۇ ۋە روبىسپېرلار رېچېلىيۇنىڭ سىياسىي باياناممىسىدىن ئېلىنىۋالغان سۆزنى خاتا چۈشەندۈرگەن، ئۇنىڭ ئەسلى تېكىستى مۇنداق: «بۇ ئەمەلدارلار، — دەپ سۆز باشلايدۇ ئۇ، (بۇ ھەرقايسى جايلارنىڭ مەمۇرىي باشلىقلىرىنى كۆرسىتىدۇ) — ئەگەر جۇمھۇرىيەت رەتلىك، تەرتىپلىك بولسا، ئۇنداقتا ئەڭ باي ئادەملەرمۇ كىمبەغەل بولۇشنى خالىغان، ئالىيجانابلارمۇ پەسلەرنى تاللىغان بولاتتى، چۈنكى كىشىلەر يوقسۇللار ۋە پەسلەردە ئېسىل پەزىلەت ۋە يىراقنى كۆرەرلىك بولىدۇ دەپ قارايدۇ. خۇلاسە كالام، ئۇلار ئۇنداق رەزىل ئىشلارنى تېخىمۇ قىلمايدۇ، لېكىن بۇ قىلمىشلار نامرات ۋە تەربىيە كۆرمىگەنلەردە ئەڭ ئوڭاي يېتىلىدىغان قىلمىشلاردۇر.» رېچېلىيۇ بۇ خىل قاراشنى قۇۋۋەتلەيدۇ، يەنى بىر نامرات ئەمەلدار بىر باي ئەمەلدارغا سېلىشتۇرغاندا سەممىيەتنى ساقلاش جەھەتتە تېخىمۇ چوڭ قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىدۇ، ئۇ پادىشاھقا ئاشۇ بايلارنى مەمۇرىي ئەمەلدارلىققا تاللاش تەكلىپىنى بەرگەن، چۈنكى ئۇلاردا تېخىمۇ كۆپ ئېسىل پەزىلەت ۋە مۇستەقىللىق بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىغان، بۇ قاراشنى قەدىمكى سىياسىئونلار ئاللىقاچان ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەنىدى. ئۇلار بۇنى خانلىق ئاساسىي قانۇنلۇق سىياسىي گەۋدە بولمىغان ھۆكۈمەتنىڭ بىر پرىنسىپى دەپ قارىغان. كارتاگېلىقلار «بىر نامرات پۇقرانىڭ ئۆز دىققىتىنى ئۆزىنىڭ تىرىكچىلىكىدىن يۆتكەپ سەممىي پوزىتسىيە بىلەن ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى ئاقتۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس» دېگەنگە قەتئىي ئىشىنىدۇ. (ئارىستوتېل «سىياسىيشۇناسلىق» 8 - باب 5 - پاراگراف.) — ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

قىلمىسمۇ ئۆزلۈكىدىن ئۆسۈپ چوڭ بولالايدۇ. گۈزەل ئەخلاق خۇددى پايدىلىق ئۆسۈملۈككە ئوخشايدۇ، ئەگەر ئۇنى دېموكراتىزمنىڭ تۇپرىقىدا يىلتىز تارتقۇزىمىز دەيدىكەنمىز، ئۇنى كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ. چىرىكلىك ھەرقانداق شەكىلدىكى ھۆكۈمەت خالىي بولالمايدىغان ھادىسىدۇر. خەلقنىڭ ئەمەلدارلىرى قەدىمكى رىم سېناتىدىكى ئاقسۆڭەكلەردەك ئوڭايلا چىرىپ كېتىدۇ. رىم جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاخىرقى بىرقانچە يىلىدا بۇ خەلق ئەمەلدارلىرىنىڭ ئاچ كۆزلۈكى خۇددى يۇگۇردا (Jugurha)* نىڭ ئالتۇنىغا ئېرىشىش كويىدا يۈرگەن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئاچ كۆزلۈكىگە ئوخشايتتى. بۇ نۇمىدىيە پادىشاھى سېناتتا تەسىر كۈچى بىرقەدەر زور بولغان ئاقسۆڭەكلەرگە ئالتۇن سوۋغا بېرەتتى؛** شۇنىڭ بىلەن بىللە يۇگۇردا مەخپىي ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ بۇ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئالدىدا پارقىراپ تۇرغان ئالتۇنلارنى كۆز - كۆز قىلاتتىكەن، بۇ ئاقسۆڭەكلەر پادىشاھنىڭ بۇ زور ئىلتىپاتىدىن مەستخۇش بولۇپ كېتەتتىكەن. ھالبۇكى، يۇگۇردا خەلق ئەمەلدارلىرىغا سەل قارىمىغان. يۇگۇردا ئۆزىنىڭ مەخپىي ئەلچىسىگە «بارلىق ۋىجدانلىق زاتلارغا ئالتۇنىنىڭ تەسىرىنى سىناق قىلىپ بېقىش» نى تاپىلىغانىكەن. پەقەت بابىئۇ (Babius) ئىسىملىك خەلق ئەمەلدارىلا كالپۇرنىئۇس

* يۇگۇردا (BC 104—156)، نۇمىدىيە پادىشاھى (118 ـ 106)، رىمغا قارشى ئۇرۇش قوزغىغان، كېيىن تۇزاققا چۈشۈرۈلۈپ، كاللىسى ئېلىنغان. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

** سانۇستىنىڭ «يۇگۇردا» ناملىق كىتابىنىڭ 12 ـ پاراگرافىغا قارالسۇن. ئارىستوتېل بۇنىڭغا مۇنداق دەپ تولۇقلىما بەرگەنىكەن: «كىشىلەر مەمۇرىي ئەمەلدارلىق مەنسىپى بېرىلگەن كىشىلەرنىڭ چىرىكلىشىپ ۋە چۈشكۈنلىشىپ شەخسىي مەنپەئەت ئۈچۈن دۆلەت مەنپەئىتىنى قۇربان قىلىۋېتىدىغانلىقىنى بايقىماقتا.» («سىياسىيشۇناسلىق» 6 ـ باب) شۋېتسارىيە ۋە گوللاندىيىدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتنىڭ ئەلچىلىرى لۇئى XIV تىن چاي پۇلى ئالغان بولۇپ، ئەنگلىيە ۋە پولشانىڭ ئاقسۆڭەكلىرىمۇ مۇشۇ ئىلتىپاتتىن بەھرىمەن بولۇش تەمەسىدە بولغان. — ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

(Calpurnius) ۋە سكارۇس (Scaurus) قا ئوخشاش ئالتۇننى كۆرۈپ ئەس ـ ھوشىنى يوقاتمىغانىكەن. بارلىق ئاقسۆڭەك ۋە خەلق پارا ئېلىشقا خۇشتار بولۇپ كەتكەن. يۇگۇردا رىمدىن ئايرىلىش ۋاقتىدا، بۇ خىل نەپسانىيەتچىلىكتىن كۆڭلى ئېلىشىپ ئىختىيارسىز شۇنداق دەپ توۋلىغانىكەن: «ئەي چىرىكلەشكەن شەھەر، ئەگەر بىر ساتارمەن تاپالىساڭ تېزلا تۈگەشكەن بولار ئىدىڭ.»

ئارىستوفان* (Aristophanes) ئاشۇ كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايدىغان كومېدىيىلىرىدە كىشىنى قايمۇقتۇرىدىغان سىياسىئونلارنىڭ يۈزى قېلىنلىقلىرىنى ۋە چىرىكلىكىنى ئايىماي سۆككەن. چوشقا ئۆلتۈرىدىغان بىر قاسساپ كلېئان** (Cleon) غا مۇنداق دېگەن: «سەن يىلانبېلىق تۇتىدىغان ئاشۇ كىشىلەرگە ئوخشايسەن، ئۇلار سۇزۇك سۇدا ھېچنېمە تۇتالمىغىنى بىلەن سۇنى لېيىتسا بىرمۇنچە يىلانبېلىق تۇتالايدۇ؛ شۇنىڭغا ئوخشاشلا قالايمىقانچىلىق چىقسىلا سەن يانچۇقۇڭنى توملىيالايسەن...» پۇقرالار شۇنداق دەپ توۋلاشقان: «ئەي لۈكچەك! بۇ سېنىڭ بۇلاڭچىلىق ئۇسۇلۇڭمۇ؟ ئەينى يىللاردا بىز ساڭا شان ـ شەرەپ ۋە سوۋغا بەرگەن ئەمەسمۇ؟» كلېئان شۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «مەن ئاممىۋى مەنپەئەت نامىدا بۇلاڭچىلىق قىلىۋاتىمەن.» «دەرھال بۇ ئوغرىلىغان نام ـ ئاتاقنى قايتۇرۇپ بەر.» «خەير ـ خوش نام ـ ئاتاق... ناھايىتى تېزلا ساڭا يەنە بىرى ئىگە بولىدۇ؛ ئۇ بىر ئوغرى بولمىسىمۇ چوقۇم بىر توڭگۇز تەلەي.... مەن ئۆزۈمنىڭ ئوغرىلىقىنى ئېتىراپ قىلىمەن.

* ئارىستوفان (مىلادىدىن بۇرۇنقى 446 ـ يىلىدىن 385 ـ يىلىغىچە) قەدىمكى يۇناننىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى كومېدىيە يازغۇچىسى. كومېدىيە پېشۋاسى دېگەن نامى بار. — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

** كلېئان (؟ ـ مىلادىدىن بۇرۇنقى 422 ـ يىللار)، قەدىمكى يۇنان سەركەردىسى. — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

سىلەر مېنىڭ ئورنۇمنى دەسسەيدىغان ئوغرىنــــى كۆرۈشنـــى خالامسىلەر؟» كلېئانىنىڭ رەقىبلىرى قىلچە ئىككىلەنمەستىن بۇ پاكىتنى ئېتىراپ قىلغان. ئۇ دەررۇ: «مەن پەقەت ساختا ئىسپات ياساش جىنايىتى ئۆتكۈزگەن، مەن ئىككى لۇكچەكنىڭ ئىچىدىكى ئەخلاقى بىرقەدەر ياخشىراقى، شۇڭا يەنە بىرەيلەن مېنىڭ ئورنۇمدا ئۆلۈشى كېرەك» دەپ تولۇقلاپ قويغان. «بۇلاڭچىلىق قىلىش، يالغان سۆزلەش — يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشىشنىڭ ئۇسۇلىدۇر» دېگەن ئۇ يەنە. مانا بۇلار ئۇنىڭ جاھاندارچىلىق پرىنسىپىدۇر، ئۇ تېخى ياش چاغلىرىدىلا ئىســـتىـــقبال ئۇنىـــڭغا قاراپ قول پۇلاڭشىتقانىدى. «ئۇنىــڭدا ســيــاســئىونغا خاس پەزىلەت بار ئىدى.»

بىر كىشى ئاممىۋى ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىـــك خىـــزمەتكە بۇيرۇلغاندا، ئۇنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى ۋە ئاممىۋى ئىشلارغا بولغان كۆيۈنۈشى ئۇنى ئۆز ئەخلاق ساپاسىنى ئۆز خىزمىتى تەلەپ قىلغان ئەخلاق ساپاسىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنى شەرت قىلىدۇ. لېكىـــن، بەختسىزلىك شۇكى، كەسكىنلىك بىلەن ئېيتقاندا، ئەخلاق ۋە ھەققانىيەت نۇقتىسى بويىچە نۇرغۇن سىياسەتۋازلار ئىپلاس ۋە چاكىنا ئادەملەردىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشتا ئۆزقىلمىشلىرىنى تەكشۈرمەسلىكى، ھەتتا دائىم رەزىللىكلەرنى سادىر قىلىشلىرى كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۇلارنىڭ نۇتۇقلىرىدا ئىپادىلەنگەن پەزىلەتنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسىچە. بىراق، پۈتۈنلەي ئۆز سەممىيىتىگە تايىنىپ مەشھۇر سىياســـئىونلۇق شەرىپىگە ئېرىشكەن مىساللارمۇ يوق ئەمەس.

رىمدا، خېلــى بىـــر مەزگىــــللەرگىـــچە ئادىللىـــق، شەخسىيەتسىزلىك جەھەتتە سىياسەتۋازلار كىـــشـــلەرنـــىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچــراپ كــەلــگــەن. پــائــۇلــۇس. ئېمىلئۇس (Paulus Emilius) ماكېدونىيە (Macedonia) نىڭ بارلىق مال - مۈلكىنى ھېچنېمىنى قالدۇرماي، رىمغا بۇلاپ ئېلىپ كەلگەن.

سىپىئو. ئافرىكانۇ (Scipio Africanus) «كارتاگېنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلغاندىن كېيىن ئىككى قولى قۇپقۇرۇق قايتىپ كەلگەن.» بىراق، سۇللا دەۋرىدىن باشلاپ ھۆكۈمەت خادىملىرى جۇمھۇرىيەتكە زىيان سېلىشقا باشلىغان. سىسېرو: «جۇمھۇرىيەتكە زىيان سېلىش نومۇسسىزلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىر نەپرەتلىك جىنايەتتۇر» دەپ چۈقان سالغاندى. بۇ خىل جىنايەت بىر ئومۇمىيۈزلۈك ھادىسىگە ئايلىنىپ قالغانىدى.

ئومۇمنىڭ مۈلكىنى يۇتۇۋېلىش ھادىسىسى شۇقەدەر كۆپ يۈز بەرگەنكى، ھەتتا مېنېنىئۇس (Menenius) مۇ «بىز بۇ ئەسكىلىكلەرنى قىلغىنىمىزدىن باشلاپ ھېچكىممۇ ئۇنى سۈرەتلەپ ياكى تەھلىل قىلىپ باقمىدى... نەپسانىيەتچىلىك خۇددى يۇقۇشچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك ۋابادەك ئىنسانلارنىڭ روھىيىتىگە زىيانكەشلىك قىلماقتا» دەپ قارىغان. كاتو (Cato) ئومۇمنىڭ مال - مۈلكىنى يۇتۇۋېلىپمۇ ھېچقانداق جازاغا تارتىلماسلىق ھادىسىلىرىدىن ئىنتايىن غەزەپلىنىپ شۇنداق دەپ چۈقان سالغانىكەن: «كىشىلەرنىڭ مال - مۈلكىنى ئوغرىلىغۇچىلار كىشەن - ئىشكەللەر ئىچىدە ئۆزىنىڭ كېيىنكى ئۆمرىنى ئۆتكۈزىدۇ، لېكىن ئومۇمنىڭ مال - مۈلكىنى يۇتۇۋالغان جىنايەتچىلەر بولسا باياشاتلىق ۋە راھەت - پاراغەتلىك تۇرمۇش كەچۈرمەكتە.» رىملىقلار چىرىكلىككە جازالايدىغان نۇرغۇن قانۇنلارنى تۈزگەن: «كورنېلىئا قانۇنى» (the Cornelian law)، «كالپۇرنىئا قانۇنى» (the Calpurnian law)، «تۇللىئا قانۇنى» (the Tullian law)، «ئاۋفودىئا قانۇنى» (the Aufodian law)، «لىسېنىئا قانۇنى» (the Licenian law). گەرچە شۇنچە نۇرغۇن قانۇنلار تۈزۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ قانۇنلار يەنىلا ئومۇمنىڭ مۈلكىنى يۇتۇۋېلىش قىلمىشلىرىنى يوقىتالمىغان، چۈنكى سوتچىنىڭ ئۆزىمۇ ئوچۇق - ئاشكارا خىيانەتچىلىك قىلاتتى.

سىسېرونىڭ پىكرىچە، «50 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە،

چەۋەندازلار تەبىقىسى ئەدلىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، ھېچقانداق بىر رىم چەۋەندازىنىڭ پارا يەپ جازاغا تارتىلغانلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغان.» بىراق، «ئەدلىيە ھوقۇقى رىم سېناتلىرىنىڭ قولىغا ئۆتكەن ئون يىلدىن بۇيان، ئەدلىيە ـ مەمۇرىي ئىشلىرىدا ئەۋج ئالغان رەزىللىك ۋە ئىپلاسلىقلارنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بولمىدى.» سىسېرونىڭ تەكىتلىشىچە، كىرودى گۇناھسىز دەپ ئېلان قىلىنغاندا، 55 سودىيىنىڭ 30 ى پارا يېگەنىكەن. «سىزنىڭ بۇ گۇناھسىز دەپ قويۇپ بېرىلىشنىڭ سەۋەبىنى بىلگۈڭىز بارمۇ؟ بۇنىڭ ھەممىسى سودىيەلەرنىڭ نامراتلىقى ۋە نەپسانىيەتچىلىكىدىن بولغان» دېگەن سىسېرو ئاتىكا (Atticus) غا يازغان خېتىدە. سېنات ئەزاسى سېپتىمىئۇس (Septimius) ئومۇمنىڭ مۈلكىنى يۇتۇۋالدى دەپ ئەيىبلەنگەندە، ئۇ تۆلىگەن جەرىمانىنى دەل ئۇ سودىيە بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە ئالغان پارىلىرىدىن چىقارغان. سىسېرو يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەممە ئادەمگە مەلۇملۇق بولغان سېنات ئەزاسىنىڭ مىسالى، ئۇ سودىيە بولۇپ ئىشلىگەن ۋاقتىدا، ئوخشاش بىر دېلودا، ئۇ بىر تەرەپتىن، جاۋابكارنىڭ مال ـ مۈلكىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى باشقا سودىيەلەرگە ئۈلەشتۇرۇپ بەرگەن؛ يەنە بىر تەرەپتىن، دەۋاگەرنىڭ پۇلىنى قوبۇل قىلىپ جاۋابكارنى گۇناھكار دەپ ئېلان قىلغان.»

ئاددىي خەلقنىڭ قان ـ يىلىكىنى شوراۋاتقان مەمۇرىي ئەمەلدارلار ئۆزلىرىنىڭ جىنايەتلىرىگە جاۋابكار بولۇشقا مەجبۇر بولغاندا، ئۆزلىرىنىڭ ھارام ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى دېلوغا مەسئۇل سودىيەلەرگە سۇڭگۇتىدۇ. ۋېررېس (Verres) مۇنداق دەپ يۈرگەنىكەن: «مەن مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن سىتسىلىيىدە توپلىغان بايلىقىمنىڭ ھەممىسىنى بۇ دېلوغا مەسئۇل سودىيىگە سۇڭگۇتۇۋەتتىم، ئۇ مېنى بىر يىللا كەسسە بەك تەلىيىم كەلگەن بولار ئىدى، چۈنكى ئۇلار مېنى ئۈچ يىللىق كەسمەكچى بولغانىكەن، بۇ راستتىنلا بەك قالتىس سودا بولدى.» سىسېرونىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قارىشىچە بۇ خىل نەتىجە تالان ـ تاراج قىلىنغان رايونغا پايدىلىق بولىسىمۇ، لېكىن بۇلاڭچىلار قانۇن تورىدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، «ئەگەر بۇنداق ئالدىن بىلگىلى بولىدىغان سوت كېسىمى بولمايدىكەن، ھەرقانداق مەمۇرىي ئەمەلدارلار يەرلىكتىكى ئۆزى ۋە پەرزەنتلىرىگە پايدىلىق دەپ قارىغانلىكى نەرسىنى تالان ـ تاراج قىلىپ تۈگىتىدۇ، ھالبۇكى، بۇ خىل ئەھۋالغا قارىتا، بۇلاڭچىلارنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتە قىلىدىغان سوت تەسىس قىلىنغان تەقدىردىمۇ، ھەرقانداق مەمۇرىي ئەمەلدارلار ئۆزىنىڭ، ئۆز ھىمايىچىسىنىڭ، ئادۋوكاتىنىڭ، باش ۋالىينىڭ ۋە سودىيىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان نەرسىلەرنى توشۇپ كېتەلەيدۇ. بۇنداق شارائىتتا، ئۇلارنىڭ بۇلاڭچىلىقلىرىنى چەكلەش مۇمكىن ئەمەس، ئەڭ نەپسانىيەتچى ئەبلەخلەرمۇ ئۆز نەپسىنى قاندۇرۇشقا ئامال تاپالايدۇ، بۇنداق شۇلۇۋېلىش ۋە بۇلاڭچىلىقتىنمۇ يامان بولغان سوت ئارقىسىدىكى ئىپلاس سودىغا قارىتا كىشىلەر پەقەت ئاھ ئۇرۇپلا قالىدۇ، خالاس.» سىسېرو دوستلىرىغا يازغان خېتىدە بۇ ئىشلارغا كۈچلۈك غەزىپىنى بىلدۈرگەن، ئۇ سودىيىلەرنىڭ شۇنداق قاتتىق قانۇنىدىنمۇ يوچۇق تېپىۋاتقانلىقىغا قەتئىي قارشى چىقىپ شۇنداق نىدا قىلغان: «ئەزەلدىن ھەرقانداق ئىشتا بۇنداق ئىپلاسلىقلار كۆرۈلۈپ باقمىغان: بىر توپ پالاكەت باسقان ئەبلەخلەر بىر يەرگە تىقىلىپ قېلىشتى، سېسىق نامى پۇر كەتكەن ئاقسۆڭەكلەر، جۇل ـ جۇل كىيىملىك چەۋەندازلار، چىرىكلەشكەن خەلق پاسىبانلىرى، ئومۇمنىڭ پۇلىنى يۇتۇۋالغان خەزىنە باشقۇرغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئىلگىرى نام ـ ئەمەللىرى كۆزنى چاقنىتىدىغان زەردارلار بولغان بولسا، بۈگۈنكى كۈنلۈكتە گەدىنىگىچە قەرزگە بوغۇلغان مەشھۇر كىشىلەرگە ئايلىنىپ قېلىشتى . . . بۇلار كىشى كۆڭلىنى نەقەدەر ئىلەشتۈرىدۇ ـ ھە! بۇ نەقەدەر هارامتاماقلىق ـ ھە!» ئۇ ئانتونىي (Antony) نىڭ خىجىل بولماستىن سېرىكچىلەر ۋە مۇزىكانتلارنى 30 كىشىلىك

سودىيىلەر قوشۇنغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانلىقىنى تىلغا ئالدۇ: «بۇنى قانداقمۇ سوت دېگىلى بولسۇن، ۋاي خۇدايىم! بىر كرېتلىق* سودىيىلەر ئارىسىدىن بىر ئورۇنغا ئىگە بوپتۇ، يەنە كېلىپ ئۇ سودىيىلەر ئىچىدىكى ئەڭ ناچىرىكەن، . . . ئۇ لاتىن تىلىدا سۆزلىيەلەرمۇ؟»

## ئافىنادىكى سىياسىي چىرىكلىك

ئافىنادىمۇ سىياسىي چىرىكلىك مەۋجۇت ئىدى، ھەتتا تارىختىكى ئەڭ گۈللەنگەن مەزگىل پېرىكل** (Pericles) مەزگىلىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولالمىغان. «سىياسىئونلار ھەممىشە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خىزمەتكە بېرىلىپ كېتىپ، ئۆز خىزمەت قولايلىقىغا تايىنىپ بايى بولۇشنى ئەسلا ئويلاپ قويمايدۇ.» ستراتوكلې (Stratocles) ۋە دېموكرىت (Democlides) قاتارلىق سوفىستلار دائىم بىر - بىرىنى كۆزلۈك يىغىم ئىشلىرىغا تەكلىپ قىلىشىپ، ئەمگەك جەريانىدا مەسخىرىلىك تەلەپپۇز ۋە سۆز - ئىبارىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئاۋامغا سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىنى مۇھاكىمە قىلاتتىكەن. ئېسچىن (Eschines) ۋە دېموستېنې (Demosthenes) لار خىيانەتچىلىك قىلىپ چىرىكلەشتىڭ، ئۆز مەنپەئىتىگە چوغ تارتىنىڭ دەپ بىر - بىرىنى سۆكۈشەتتىكەن.

* كرېتلار، گرېتسىيىنىڭ كرېت ئارىلىدىكى ئاھالىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ئىلگىرى كىشىلەر تەرىپىدىن يالغانچىلار دەپ ئاتالغان. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

** پېرىكل (495 ـ 429 BC)، قەدىمكى ئافىنا سىياسىئونى، دېموكراتچىلارنىڭ رەھبىرى بولغان (460 ـ 429)، كېيىنچە ئافىنا دۆلىتىنىڭ ئەمەلىي ھۆكۈمرانى بولۇپ قالغان، ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىل ئافىنا مەدەنىيەت ۋە ھەربىي ئىشلاردا ئەڭ گۈللەنگەن مەزگىل ئىدى. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

دېموستېنى خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق جىنايىتى بىلەن سوتقا تارتىلغان.* قەدىمكى يۇنان تارىخشۇناسلىرى بۇ مەزگىلدىكى سىياسەتۋازلارنىڭ چىرىكلىك، پارىخورلۇقىغا ئائىت نۇرغۇن قىزىقارلىق تەپسىلاتلارنى بايان قىلغان.** ماكېدونىيە پادىشاھى فىلىپىنىڭ يۇناننى بويسۇندۇرۇشىدا ئۇنىڭ ئالتۇنلىرى ئۇنىڭ قوراللىرىغا ئوخشاش رول ئوينىغان. بىر قېتىم، بىر مۇھىم قورغاننى ئىگىلىمەكچى بولۇپ، بىر ئەترەت لەشكەرنى ئۇ يەرنى چارلاپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ چارلىغۇچى لەشكەرلەر بۇ قورغان ئىنتايىن مۇستەھكەم ئىكەن دەپ مەلۇمات ئېلىپ كەلگەندە، «ئۇ قورغانغا راستتىنلا يېقىنلاشقىلى بولمامدىكەن؟ ھەتتا لىق ئالتۇن ئارتىلغان ئېشەك بىلەنمۇ يېقىنلاشقىلى بولمامدىكەن؟» دەپ سورايدۇ. چۈنكى ئۇ دائىم قورال بىلەن ئالالمىغان جايلارنى ئالتۇن بىلەن ئوڭايلا قولغا چۈشۈرەتتى.

قەدىمكى ئافىنا ئاتېئىزمچى سىياسەتۋازلىرىنىڭ تىپىك مىسالى ئالسىبىد (Alcibiades) بولسا كېرەك. ئۇ سەرسان ـ سەرگەردانلىق تۇرمۇشىدىن كېيىن تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان، ئۇ قارا نىيىتى قۇتراپ تۇرىدىغان، نومۇسسىز، لېكىن كىشىنى ئۆزىگە قارىتالايدىغان ناتىق ئىدى، ئەھۋالغا قاراپ ئۆزگىرەلەيدىغان، ھىيلە ـ مىكىرگە تولغان كىشى ئىدى. ئۇ ئاۋامنى ئالداشقا ئۇستا بولۇپ، كىشىلەرگە ھەقىقىي قىياپىتىنى كۆرسەتمەيتتى. مۇھىتقا بېقىپ سۆزلەشنى بىلەتتى، «ئۆز

---

* پلۇتاركنىڭ بايانلىرىغا قارالسۇن. ئارۇس. جىنىئۇسنىڭ كۆرستىشىچىمۇ، دېموستېنى پارا ئېلىپ بولۇپلا جىم تۇرۇۋالغانىكەن، ئۇ ئاممىۋى يىغىلىشتا پەيدا بولغان چاغدا، بويىنىغا قوي يۇڭى يۆگىۋالغان بولۇپ، ئاڭغىنا بولۇپ قالدىم دەپ باھانە كۆرسەتكەن، «ئاڭغىنا بولۇپ قالدىم دېگۈچە ‹تىلىم تۇتۇلۇپ قالدى دېسەڭچۇ›، دەپ توۋلاشقان كىشىلەر». — ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

** پلۇتاركنىڭ «فۇكىدىدنىڭ تەرجىمىھالى» غا قارالسۇن. فۇكىدىد (BC 318—402) ئافىنا سىياسىئونى، سەركەردە، ئەمەلىي ھۆكۈمران. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئوبرازىنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇشتا خامېلېئوندىنمۇ ئۇستا ۋە تېز ئىدى» . ھوقۇقتا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۇ ئۆزىنىڭ ھىيلە - مىكىرگە تولغان ناتىقلىق قابىلىيىتىگە تايىنىپلا قالماستىن، ئۆزىنىڭ كەڭرى مۇناسىۋەت تورىغىمۇ تايىناتتى، خەلققە خۇشامەت قىلىش ئۈچۈن، ئويۇن كۆرسىتىش، بەيگە ئۇيۇشتۇرۇپ بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ئاۋامنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرەتتى. «ئۇنىڭ بەيگە ئۈچۈن ئات بېقىشقا كەتكەن خىراجىتى ئۇنىڭ سىياسىي غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغانىدى.» كېيىنچە ئۇ بەيگە مەيدانىدىكى غەلىبىسىدىن قانائەتلەنمەيدىغان بولۇپ قالغان، كەيپ - ساپاغا بەكلا بېرىلىپ كەتكەچكە، كۈن بويى پاھىشىلەر بىلەن بىللە بولۇپ ئايالىنىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەن. ئۇ دىنىي مۇراسىملارنى مازاق قىلىشقا ئامراق بولۇپ، شاللاق، بىمەنە گەپ - سۆزلەر بىلەن ئاشۇ ئەستايىدىل كىشىلەرنىڭ غۇرۇرىغا تېگىپ ئۇلارنى قاتتىق غەزەپلەندۈرەتتى. ئۇ ھەم مەككار، ھەم كىشىنى خۇش قىلىشنى بىلىدىغان قۇرۇق گەپ ساتقۇچى ئىدى. بىر قېتىم، ئۇ پېرىكلنى زىيارەت قىلىپ بارغاندا، پېرىكل ئالدىراشلىقىنى ئېيتىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئافىنالىقلارغا قانداق ھېساب ئۆتكۈزۈش ئىشىنى ئويلىنىۋاتقانىكەن. بۇ چاغدا ئالسىبىد مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئۇ ھېچقانداق ئادەمگە ھېساب ئۆتكۈزمەسلىكنى ئويلاشسا تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟»* ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۆز قىلمىشىغا لايىق ئۆلۈمدە، يەنى بىر پاھىشىنىڭ ئۆيىدە ئۆلۈپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىرلا قىز قالغان.

بۇ مەزگىلدىكى سىياسەتۋازلار خەلققە پارا بېرىش ئارقىلىق خەلقنى ئۆزلىرىگە تارتقان، ئۇلار ئۆزلىرى چىرىش بىلەن تەڭ

* پلۇتاركنىڭ «ئالسىبىدنىڭ تەرجىمىھالى»غا قارالسۇن. —— ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باشقىلارنىمۇ چىرىتكەن. پېرىكل ئاممىۋى باھالاش كومىتېتى، ئاممىۋى ئويۇن ۋە ھەق ئالىدىغان باغ سەيلىسى قاتارلىق پائالىيەتلەرنىڭ بەلگىلىمىلىرىنىڭ تۈزگۈچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئافىنالىقلارغا چىرىكلىك ئىللەتلىرىنى ئېلىپ كەلگەن، ئەڭ ئاخىرىدا بۇ چىرىكلىك ئىللەتلىرى ئافىنا دېموكراتىيىسىنى خەلقنى قايمۇقتۇرىدىغان سىياسەتۋازلار ئويۇنىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان.*
ئاشۇ سەممىيەتچىل كىشىلەر ئاممىۋى ۋەزىپىلەرگە ئولتۇرۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالدۇرۇلغان، ئاممىۋى ۋەزىپىلەر پەقەت خەلققە خۇشامەت قىلىدىغان، خەلققە پۇل - پۇچەك تارقىتىپ ئۇلارنى ئېزىقتۇرىدىغان سىياسەتۋازلارغىلا بوشىتىپ بېرىلگەن.

ئارىستوفان خەلقنىڭ بۇ خۇشامەتچىلىرىنى شۇنداق كېلىشتۈرۈپ ئەيىنەن، جانلىق سۈرەتلىگەن بولۇپ، بۇ يەردە قايتا ئەسلەپ ئۆتسەك ئوشۇقلۇق قىلماس. ئاشخانا ۋە قۇشخانىلاردىن سىياسىي كەچۈرمىشلەرگە ئىگە بولغان چوشقا ئۆلتۈرىدىغان قاسساپ كرئون بىلەن قايسىمىز خەلق كۆڭلىنى ئۇتالايمىز دەپ باغلىشىپ قالغاندا قاسساپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئاۋۋال لۇكچەك مەمەدانلار-نىڭ، ئەخمەق، كالۋا، خۇشامەتچى، تەكەببۇرلارنىڭ مەبۇدىسىغا ‹ماڭا قورقۇمسىز ئەلكېزەرلەرنىڭ جاسارىتىنى، پۈتمەس - تۈگىمەس سۆزمەنلىكنى، نومۇسسىز، شەرمەندە ئاۋازنى ئاتا قىل دەپ يېلىنىمەن›» كرئون: مېنىڭ يۈكسەك يالغانچىلىقىم ماڭا مەدەت بەرسە مەن سېنى يەر بىلەن يەكسان قىلىمەن، بولمىسا مېنىڭ ئىناۋىتىم چۈشۈپ كېتىدۇ... «مەن سېنى خەلقئالەم ئالدىغا سۆرەپ ئەكېلىمەن. ئۇلار سېنىڭ

* ئارىستوتېلنىڭ «سىياسىيشۇناسلىق» 9 - باب. 3 -، 4 - پاراگرافلىرىغا قارالسۇن. سىنوفىن دەۋرىدە كىشىلەر دائىم: «ئافىنادا پۇل بولسا جىنىنىمۇ ئۇسسۇلغا سالالايسەن» دېيىشىدىكەن. («ئافىنا جۇمھۇرىيىتى» 3 - باب). —— ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

ساختىلىقىڭنى ئېچىپ تاشلايدۇ. قاسساپ: مەنمۇ سېنى خەلقئالەم ئالدىغا سۆرەپ ئەكېلىپ تۆھمەتلىرىڭنى ئېچىپ تاشلايمەن. كرىئون: بىچارە ئەخمەق! خەلق ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيدۇ، مەن بولسام ئۇلارنى ئالىقىنىمدا ئوينىتالايمەن. قاسساپ: بۇنداقتا، خەلق ساڭا مەنسۇپ ئىكەندە، سەن ئۇلارنى نېمە قىلدۇرغۇڭ كەلسە شۇنى قىلدۇرالايسەن؟ كرىئون: بۇنىڭ سەۋەبى، مەن خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئۇتالايدىغان سۆزلەرنى قىلىشنى ئۇقىمەن. ئوھوي! ئاشۇ رەزىل، ئۇياتسىز خۇشامەتچىلىك، يالاقچىلىق جەھەتلەردە سەن ماڭا يېتەلمەيسەن.» بۇ ئاستى سىزىلغان سۆزلەر كىشىگە بىر مىنىستىر جانابلىرى بىلەن بىر تەخسىكەشنىڭ سۆزىنى ئەسلىتىدۇ: «مېنىڭ دۈشمەنلىرىم ئۆزلىرى خالىغان ئىشنى قىلالىسىمۇ، لېكىن مېنى يېڭەلمەيدۇ. خۇداغا شۈكۈر، ئۆزۈم بىر قۇل بولسامۇ ئوردىدا رىقابەتچىم يوق.»

## ئەنگلىيىدىكى سىياسىي چىرىكلىك

ئەنگلىيىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىمۇ چىرىكلىك بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. بۇ جەھەتتە كوممۇنېستنىڭ «ئەسلىمىلەر» ىدىن تەپسىلىي ماتېرىياللارغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. «ئەسلىمىلەر» دە پادىشاھ ئېدۋارد ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدە، ئەنگلىيىدىكى ئەمەلدار ـ تۆرىلەرنىڭ قايسى دەرىجىدە چىرىكلىشىپ كەتكەنلىكى تەسۋىرلەنگەن. لۇئى XI نىڭ «بەزى مىنىستىر، مۇھىم ئەرباب ۋە ۋەزىرلەرگە بېرىدىغان چاي پۇلى 16 مىڭ فرانك ئىدى.»

ئوردا ۋەزىرى لورد خاستىڭس (Lord Hastings) فرانسىيە پادىشاھىغا سېتىلغان باشقا نۇرغۇن كىشىلەرگە ئوخشاشلا، ئۆزىنى

فرانسىيە پادىشاھىغا سېتىۋەتكەن، «ئۇ فرانسىيە پادىشاھىنىڭ شېرىنكانىسىنى ئالغۇچىغا ئايلىنىشتىن ئاۋۋال نۇرغۇن قاتتىق شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان»، چۈنكى ئۇ بۇنىڭدىن ئاۋۋال بۇرگۇندىيە كىنەزىنىڭ 1000 كرونا شېرىنكانىسىنى ئالغانىدى. بىراق، كوممىنپسنىڭ بېسىمى تۈپەيلى ئۇ لۇئى XI نىڭ شېرىنكانە پۇلىنىڭ سوممىسىغا كۆنۈشكە مەجبۇر بولغان. لۇئى XI نىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن شېرىنكانىسىنىڭ سوممىسى بۇرگۇندىيە كىنەزىنىڭكىنى بىر قاتلىغانىدى. لۇئى XI ئۆزىنىڭ خاس مەھرىمى پېيىر. كالارىتقا خاستىڭسقا 2000 كرونا ئاپىرىپ بېرىشنى ھەمدە «پەيتى يېتىپ كەلگەندە بۇ ئەنگلىيە ئوردىسىنىڭ ۋەزىرى، باش سودىيە، دېڭىز ئارمىيە گېنېرالى ۋە خان جەمەتى مەھرىمىنىڭ باشقا ئەمەلدارلارغا ئوخشاش ئالىلىقاچان فرانسىيە پادىشاھىنىڭ شېرىنكانىسىنى ئالغۇچىغا ئايلىنىپ بولغانلىقىنى كۆپچىلىككە كۆرسىتىش ئۈچۈن» ھۆججەت ئېلىۋېلىشنى بۇيرۇغان. پېيىر. كالارىت بۇ ئوردا ۋەزىرى بىلەن مەخپىي كۆرۈشكەن. «ئۇنىڭغا پادىشاھنىڭ قارارلىرىنى ئۇقتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن 2000 كرونا قىممىتىدىكى ئالتۇننى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. چۈنكى، چەت ئەل تۆرىلىرىنىڭ شېرىنكانىلىرىنى پۇل شەكلىدە تاپشۇرۇپ بېرىشكە بولمايتتى.» لۇئى XI نىڭ مەخپىي ئەلچىسى لورد خاستىڭستىن خوجايىنىنىڭ پۇلنى ئۆزى يانچۇقىغا سېلىۋاپتۇ دەپ گۇمانلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ھۆججەت قىلىپ بېرىشنى، ھېچبولمىغاندا ئىككىلىك خەت يېزىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا خاستىڭس مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «بۇ سوۋغىنى سىزنىڭ خوجايىنىڭىز، پادىشاھ ئالىيلىرى ھەرگىزمۇ مېنىڭ ئىلتىماسىم بىلەن ئەمەس، بەلكى ياخشى كۆڭلى بىلەن ماڭا سوۋغا قىلغان؛ ئەگەر سىز مېنى قوبۇل قىلسۇن

دېسىڭىز، ئالتۇنلارنى يانچۇقۇمغا سېلىپ قويۇڭ، بۇنداق بولغاندا خەت ياكى گۇۋاھچىنىڭ لازىمى بولمايدۇ، چۈنكى مەن مېنىڭ خاتالىقىم تۈپەيلى باشقىلارنىڭ ‹ئەنگلىيە ۋەزىرى فرانسىيە پادىشاھىنىڭ شېرىنكانىسىنى ئالغۇچى بولۇپ قاپتۇ› دېيىشىنى خالىمايمەن ھەم مېنىڭ يېزىپ بەرگەن ھۆججىتىمنىڭ ئۇنىڭ ھېسابات ئىشخانىسىدا باشقىلار تەرىپىدىن بايقىلىپ قېلىشىنى خالىمايمەن.»

ئوردا ۋەزىرى باكون (Bacon) مۇ ئىلگىرى ئومۇمنىڭ پۇلىنى يۇتۇۋېلىش جىنايىتى ئۆتكۈزگەن بولۇپ، ئۇ بىر چىرىكلەشكەن مەمۇرىي ئەمەلدار ئىدى. ئۇ يۇقىرى پالاتاغا ئاپىرىلىپ سوتلانغاندا، تۆۋەندىكى سۆزلەر بىلەن ئۆز خاتالىقىنى ئىقرار قىلغان: «مەن سوراققا تارتىلغاندىن كېيىن ۋىجدانىم بارلىق قىلمىشلىرىمنى ئېسىمگە سالدى، مەن سەمىمىيەت بىلەن بارلىق خىيانەتچىلىكىمگە ئىقرار بولىمەن. مەن ئۆزۈمنى ئاقلاشتىن ۋاز كېچىمەن ھەم ھۆرمەتلىك تۆرىلىرىمنىڭ شەپقەت ـ كەڭچىلىكلىرىدىنمۇ ۋاز كېچىمەن.» ئەنگلىيە يۇقىرى پالاتاسىنىڭ بىر ئەزاسى ئۇنىڭغا بۇ ئىقرارنامىنىڭ راستلىقىغا قول قويدۇرماقچى بولغاندا ئاللىقاچان خاتىرىسى ئەسلىگە كەلگەن باكون مۇنداق دېگەن: «ھۆرمەتلىك تۆرىلىرىم، مەن ھەقىقەتەنمۇ بۇ ئەيىبنامىنىڭ ئاپتورى. بۇنى مەن ئۆزۈم يازغان، مېنىڭ قولۇم ۋە قەلبىم ئورتاق يېزىپ چىققان. مەن تۆرىلىرىمنىڭ ئەڭ كەڭ قورساقلىق بىلەن مەندەك بىر ۋەيران بولغۇچىغا كەڭچىلىك قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.»

نەچچىلىگەن ئەنگلىيە پادىشاھى شېرىنكانە بەدىلىگە پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ قوللاش بېلىتىنى سېتىۋالغان. بۇ تاكتىكا، — دەيدۇ ۋولتېر* (Voltaire) ـ قىيىنچىلىقنى ئازايتىپ، توقۇنۇشنىڭ

* ۋولتېر (1694 ـ 1778) فرانسىيىنىڭ ئاقارتقۇچى مۇتەپەككۇرى، يازغۇچى، پەيلاسوپ. — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىشانىنى بۇرنۇپتەتتى؛ بۇ تاكتىكا چارلېز II تەرىپىدىن كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلگەن. «1679 ـ يىلى ئەنگلىيە تۆۋەن پالاتا يىغىنى ئالدىنقى پالاتادىكى 18 نەپەر تۆۋەن پالاتا ئەزاسىنىڭ پائالىيەتلىرى ئۈستىدىن ئەرز قىلىشقا باشلىغان. . . ئۇلار قانۇنسىز شىرىنكانە ئالغان دەپ ئەيىبلەنگەن. بىراق، ئۇ چاغلاردا پالاتا ئەزالىرىنىڭ پادىشاھنىڭ مۇكاپاتىنى ئېلىشنى چەكلەش توغرىسىدىكى قانۇن يوق ئىدى، شۇڭا ئۇلارنى سوراق قىلىشقا مۇمكىن بولمىغان. »* چارلېز II نىڭ ئوردىسى ئەڭ چىرىكلەشكەن يەر ئىدى، لۇئى XIV ئۆزىنىڭ «ئەسلىمىلەر»** دە مۇنداق يازىدۇ: «ئۇ پۇلنىڭ ياردىمىدە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغان ئوردا ئىدى. بۇ دۆلەتنىڭ ۋەزىرلىرى ئىسپانىيىنىڭ شىرىنكانىلىرىنى ئالىدۇ» دەپ گۇمان قىلىناتتى. خۇددى ئۇنىڭ ياۋروپانىڭ باشقا پادىشاھلىرى بىلەن كۆرۈشكەندىكى قىلغان ـ ئەتكەنلىرىگە ئوخشاش، چارلېز II نىڭ ئوردىسى بىلەن سۆھبەتلىشىش جەريانىدىمۇ، لۇئى XIV ۋەزىرلىرى پادىشاھ ۋە خانىشقا قالتىس سېخىيلىق كۆرسەتكەن. ئۇ چەت ئەللەرنىڭ پادىشاھلىرى ۋە ۋەزىرلىرىگە شىرىنكانە بېرىشتە نۇرغۇن پۇل سەرپ

---

* ۋولتېرنىڭ «ئۆرپ ـ ئادەت ھەققىدە» ناملىق كىتابىدىكى چارلېز II ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدىكى ئەنگلىيىنىڭ مۇشۇنىڭغا ئائىت مەزمۇنلىرىغا قارالسۇن. — ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

** «لۇئى XIV نىڭ ئەسلىمىلىرى» 2 ـ جىلد، 448 ـ بەت. ھالبۇكى، ئۇ ۋەزىر ھەيدېگە پارا بەرمەكچى بولغاندا، ئويلىمىغان يەردىن مەغلۇپ بولغان، ئۇ شۇ چاغدا ئۆزى پىلانلىغان چارلېز II بىلەن پورتۇگالىيە مەلىكىسىنىڭ نىكاھ ئىشىدا ھەيدېنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشكە بەك موھتاج ئىدى. لۇئى XIV تۆۋەندىكى سۆزلەر بىلەن ھەيدېنى تەسىرلەندۈرمەكچى ۋە سېتىۋالماقچى بولغانلىقىنى چۈشەندۈرمەكچى بولغان: «مەن ئەڭ مەخپىي يول بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلەشتىم، مېنىڭ بۇ سۆھبىتىمنى ھەتتا لوندۇندىكى ئەلچىلەرمۇ مەخپىي بىلىۋاتاتتى، مەن بىر ئەقىللىق زېرەك كىشىنى ھەيدېنىڭ قېشىغا ئەۋەتتىم، بۇ سىرتقا پاراخوتقا كېرەكلىك چوڭقۇرلۇق ئۆلچەش شارچىسى ۋە قىممىتى 500 مىڭ فرانكلىق ئامانەت قەرزى سېتىۋېلىش ئۈچۈن دەپ ئېلان قىلىندى، بۇ پۇل دەل مەن ھەيدېگە بەرمەكچى بولغان شىرىنكانە ئىدى. مېنىڭ ئۇنىڭغا شىرىنكانە بېرىشىمدىن مەقسەت پەقەت ئۇنىڭ دوستانە مۇئامىلىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى، خالاس. لېكىن ھەيدې بۇ شىرىنكانىنى رەت قىلدى. » — ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

قىلغان.

گوللاندىيە ۋەكىللىرى ۋە كۆپ سانلىق پولشا ئاقسۆڭەكلىرى چىرىكلىك جەھەتتە ۋەزىرلەردىن ئېشىپ چۈشەتتى. «گوللاندىيە ۋەكىللىرى» دەيدۇ لۇئى XIV، «مەن ئادەملىرىم ئارقىلىق ۋەكىللەرگە نۇرغۇن شېرىنكانە ئەۋەتتىم ھەم نۇرغۇن پولشا ئاقسۆڭەكلىرىگىمۇ خېلى ئوبدان شېرىنكانە ئەۋەتتىم، مەقسىتىم يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان سايلامدا ئۇلارنىڭ بېلەتلىرىنى كونترول قىلىش ئىدى. ئېرلاندىيىدىمۇ مېنىڭ شېرىنكانەمنى ئالغۇچىلار بولدى، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى كاتولىك مۇرىتلىرىنى ئەنگلىيىگە قارشى چىقىرىش ئىدى. مەن يەنە ئەنگلىيىدىن چىقىپ كەتكەن مۇساپىرلار بىلەن ھەمكارلىق كېلىشىمى تۈزدۈم، مەن ئۇلارغا نۇرغۇن پۇل بېرىشكە ۋەدە قىلدىم، ئۇلار بۇ پۇل بىلەن جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىگە قارشى كرومۋېلچى ئۇنسۇرلارنىڭ قالدۇق ھەرىكەتلىرىگە يەل بېرەلەيدۇ. مەن دانىيە پادىشاھىغا 100 مىڭ كرونا سوۋغا قىلىپ ئۇنى ئەنگلىيە پادىشاھىغا قارشى ئىتتىپاققا كىرىشكە قىزىقتۇردۇم. ئۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۇنىڭ ئايالى (خانىشى) غا بىر مەرۋايىت بۇلاپكا، يەنە براندىبۇرگ (Brandenburg) كىنەزىنىڭ ئايالىغىمۇ بىر بۇلاپكا سوۋغا قىلدىم، تېخى شۋېتسىيە ئايال پادىشاھىغىمۇ ناھايىتى مول سوۋغىلارنى تەقدىم قىلدىم. شەكسىزكى، ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ ئاممىۋى پاراۋانلىق ئىشلىرىغا سەل قارايدىغان بۇ پادىشاھلار بەلكىم كۆڭلىدە خۇش بولۇپ كېتىشى ۋە بۇنىڭدىن شەرەپ ھېس قىلىشى مۇمكىن، بۇ مېنىڭ پەقەت ئۇلارنىڭ دوستلۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تۆلىگەن بەدەللىرىمدۇر، خالاس. ۋەزىرىنىڭ شۋېتسىيىدىكى تەسىر كۈچىنىڭ قانداقلىقى ۋە ئانخالت (Anhalt) پادىشاھى ھەم سچۋېرىن* (Schwerin) ئوردىسىنىڭ براندېنبۇرگ سايلىغۇچىلىرى-

* سچۋېرىن رايونى گېرمانىيىنىڭ شەرقىي شىمال رايونلىرىنى كۆرسىتىدۇ. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىڭ قوللىشىغا ئېگە ئىكەنلىكى ماڭا ئايان ئىدى. شۇڭا، مېنىڭ ئۈمىدىم، سېخىيلىق بىلەن قىلغان سوۋغىلىرىم ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى.»* چەت ئەل ئوردىلىرىدا ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بىر ئىتتىپاقنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن لۇئى XIV ھەقىقەتەن ئاز پۇل خەجلىمىگەن. «بۇنداق ئىشلار دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، — دەيدۇ ئۇ، — قوشنا دۆلەت بىز بىلەن ياخشى ئۆتكەن چاغلاردا، بىز ئىنتايىن ئاز چىقىمدار بولىمىز، لېكىن ئۇلار بىلەن دۈشمەنلىشىپ قالساق، ئۇنىڭغا غايەت زور خىراجەت چىقىم قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.» لۇئى XIV ئاۋستىرىيە ئوردىسى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتقان ۋاقىتتا كىنەز دېئىنېين (de' Engien) نىڭ مەنپەئىتىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، 100 مىڭ كرونا خەجلەپ ئاۋستىرىيە پادىشاھىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئەمەلدارىنىڭ قىزغىن قوللىشىنى قولغا كەلتۈرگەن.**

1688 ـ يىلىدىكى «شەرەپلىك ئىنقىلاب» تىن كېيىن چىرىكلىك ئەنگلىيىدە يەنىلا داۋام قىلىۋەردى. 1695 ـ يىلى بىر يىل ئىچىدىلا سەتچىلىكنىڭ سانى شىددەت بىلەن ئاشتى. ترېۋور (Trevor) ئىسىملىك پارلامېنت باشلىقى بىر قانۇن لايىھىسىنى ماقۇللىتىش ئۈچۈن لوندون شەھىرىنىڭ 1000 جىنىي پۇلىنى ئالدى دەپ ئەيىبلەندى. شۇ يىلى مالىيە ۋەزىرى گرېي (Grey) ئەپەندى 200 جىنىي پارا ئالغاچقا، لوندون مۇنارى تۈرمىسىگە قامالدى. ھانگېرفورد (Hungerford) ئەپەندى بىر كومىتېتنىڭ رەئىسى بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە باشقىلارنىڭ 200 جىنىي پۇلىنى ئالغانلىقى ئۈچۈن بۇ كومىتېتتىن قوغلاندى.

---

* لۇئى XIV نىڭ «ئەسلىمە» سىنىڭ 2 ـ جىلد 174 ـ 176 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن. — ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

** لۇئى XIV نىڭ «ئەسلىمە» سىنىڭ 2 ـ جىلد 163 ـ بېتىگە قارالسۇن. — ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

ۋىليام Ⅲ پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلارغا قانۇن تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن خان جەمەتى خىراجىتىدىن مائاش بېرىلىدىغان ئورۇن تەستىقلىغاندا، پارلامېنت بۇنىڭغا قارشى چىقىپ، خان جەمەتىدىن مائاش ياكى شېرىنكانە بېرىلىدىغان ئورۇنغا قارشى تۇرغان. 1707 ـ يىلى مارافونچە مۇنازىرىدىن كېيىن پەقەت 1705 ـ يىلىدىن كېيىن پادىشاھ بېكىتكەن پارلامېنت ئەزالىق ئورنى بىكار قىلىنغان، 1705 ـ يىلىدىن بۇرۇن پادىشاھ تەرىپىدىن بېكىتىلگەن پارلامېنت ئەزالىق ئورنىنى يېڭىۋاشتىن سايلامغا قويۇشقا توغرا كەلگەن. ئايال پادىشاھ ئاننى ۋە جورجى I ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدە، بولۇپمۇ جورجى I ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدە، خان جەمەتى ئۇزلۇكسىز پارلامېنت ئەزالىرىغا ياردەم پۇلى تارقاتقان. بۇ مەزگىلدىكى نۇرغۇن ئەسەرلەردە بۇ ۋەزىرلەرنىڭ ھىيلە ـ نەيرەڭلىرى ۋە چىرىكلىك ئادەتلىرى كۈچلۈك تەنقىد قىلىنغان، بۇ يامان ئادەتلەر ئاۋۋال پارلامېنتقا ئېلىپ كىرىلگەن بولسا، كېيىن پۈتۈن مەملىكەتكە تارقالغان.

روبېرت. ۋالپول (Robert Walpole) نىڭ پارلامېنت ئەزالىرىنى سېتىۋېلىش ئۇسۇلى بەكمۇ كۆلكىلىك بولۇپ، سېسىق نامى پۇر كەتكەندى. ئۇ قولۇمدا سېتىۋېلىنغانلارنىڭ باھا تىزىملىكى بار دەپ پو ئېتىپ يۈرگەن. ماكاۋلېي (Macaulay) بۇنى ئەيىبلەشتە يوق، ئەكسىچە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان كەڭ قورساقلىق بىلەن بۇ قىلمىشقا مۇنداق دەپ باھا بەرگەن: «ۋالپول چىرىك ۋاستىلەر بىلەن ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزگەن، بۇنى شۇ دەۋرنىڭ ئەھۋالى بەلگىلىگەن، بولمىسا ھۆكۈمرانلىق قىلغىلى بولمايتتى، . . . ئۇ دەۋرنىڭ پارلامېنت تۆۋەن پالاتاسى ئەزالارغا شېرىنكانە تارقىتىپ بېرىش يولى بىلەنلا ئۇلارنى يىغىنغا چاقىرتىپ

www.uyghurkitap.com

كېلەلەيتتى، بولمىسا خىزمەتنى ئاقتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. خاتالىق قانۇن تۈرغۇزۇش تۈزۈلمىسىدە ئەمەس، ئەيىبلەش توغرا كەلسە ئاشۇ ۋەزىرلەرنى ئەيىبلەش كېرەك، ئۇلار قانۇننى ئۆز ئىرادىسى بويىچە يۈرگۈزۈشكە ئۇرۇنغاچقا، مانا مۇشۇنداق ئادالەتسىز نەتىجە كېلىپ چىقتى. لېكىن، ۋەزىرلەرمۇ قاقتى - سوقتى قىلىشلارغا تىز پۈكمەي ئامال يوق، ئۇلارمۇ ئىلاجسىز. بىز سىر روبېرت. ۋالپولنىڭ سېتىۋېلىش ۋاستىسى بىلەن پارلامېنتنى چىرىتكەن ئېسىل پەزىلىتىنى ئەيىبلىگەنگە ئوخشاش تۆۋەن ئىقلىمدىكى دۆلەت دېھقانلىرىنىڭ روب. روي (Rob . Roy) غا قاقتى - سوقتى قىلىش ھەققى تۆلەپ يۇقىرى ئىقلىم دۆلەتلىرىنىڭ ئېسىل پەزىلىتىنى چىرىتكەنلىكىنىمۇ ئەيىبلەيمىز. ئۇنىڭ جىنايىتى مۇشۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ پۇل خەجلەپ قوللاشنى قولغا كەلتۈرۈش جەھەتتىكى ھىيلە - مىكىر، نەيرەڭلىرىنىڭ تارىختا تەڭدىشى يوق دېيىشكە بولىدۇ.» سىر يوھان. رۇسسېل (John Russell) سىياسىي چىرىكلىكنىڭ سىياسىي تۈرمۇشتىكى بىر زۆرۈر ئىش بولۇپ قالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان.

سىر نورس (North) باش ۋەزىر بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە، جورجى Ⅲ چىرىك ۋاستىلەر بىلەن «خان دوستلىرىنىڭ سىياسىي پارتىيىسى» نى قۇرۇپ چىققان. بۇ سىياسىي پارتىيىنىڭ ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى سىياسىينى ئۆز نەپسانىيەتچىلىكىنى قاندۇرۇشنىڭ ۋاستىسى دەپ قارايدىغان ئەبلەخلەر ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي يېڭى بىر چىرىكلىك ئەندىزىسى ئەنگلىيە خان جەمەتى تەرىپىدىن كونا چىرىكلىك ئەندىزىسىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلدى. بۇ خۇددى ئەنگلىيىدىكىگە ئوخشاش فرانسىيىدىمۇ ناھايىتى تېز تارقالدى. بۇ يېڭى تىپتىكى چىرىتىش ۋاستىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى نەپ تېگىدىغان توختام تۈرلىرىنى پارلامېنت ئەزالىرى ئۈچۈن

كۆتۈرە ئېلىپ بېرىش ئىدى. ئۇردا ۋە قارشى مەزھەپتىكىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ناھايىتى كەسكىن بولاتتى، بىر ھۆكۈمەت ئورگىنى پارلامېنتنىڭ ئىككى يىغىنى ئارىلىقىدا ھەدەپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، سايلام بېلەتلىرىنى سېتىۋالاتتى. فوكس* (Fox) بىر قېتىملىق نۇتقىدا بۇ سودىنى غەزەپ بىلەن سۆكىدۇ: «بىزنىڭ ئەتراپىمىزدىكى بەزى رەزىل، پەسكەش ئادەملەر» دەپ توۋلايدۇ ئۇ، «ئۆز قەسەملىرىگە خىلاپلىق قىلماقتا، ئۇلارنىڭ مەنسەپ - ئابرۇيى ئۇچقاندەك ئۆرلىمەكتە ھەم دوستلىرىمنىڭ ئورنىنى ئىگىلىمەكتە، ئۇلار ئەمدى مېنىڭ دۈشمەنلىرىم.» سىر نورسىنىڭ ئىچكى كابىنېتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان روكىڭھام (Rockingham) ئىچكى كابىنېتى پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ توختام تۈرلىرىدىن پايدىنغا ئېرىشىش قانۇن لايىھىسىنى چەكلىدى.

سايلام بېلىتى ساتىدىغان ئەنگلىيە پارلامېنت ئەزالىرى پارلامېنتتا ئورۇنغا ئېرىشىش ئۈچۈن دائىم يۇقىرى بەدەل تۆلىشەتتى. سىر چېستېرفېلد (Chesterfield) ئوغلىغا يازغان خېتىدە (بۇ خەت 1767 - يىلى 12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى يېزىلغان) ئۆزىنىڭ بىر ۋاكالەتچى بىلەن سايلام رايونلۇق سالاھىيىتىدىن ئايرىلىپ قالغان، لېكىن پارلامېنت ئەزاسى سايلىيالايدىغان بازارنىڭ پارلامېنتتىكى ئورنى توغرىسىدا سۆھبەتلىشىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ۋاكالەتچىگە 2500 فوند ستېرلىڭ باھا قويغانلىقىنى، لېكىن بۇنداق تۆۋەن باھادىكى سايلام رايونى پارلامېنت ئەزاسى ئورنىنى تاپالمايۋاتقانلىقىنى يازغان. ھىندىستاننىڭ باي سودىگەرلىرى باھاسى يۇقىرى بولغان سايلام رايونى ئورنىنى سېتىۋېلىپ بولغان. سايلام رايونى ئورنىنى سېتىش - سېتىۋېلىش

---

* گەرچە شەخسىي تۇرمۇشى ئانچە تەرتىپلىك بولمىسىمۇ، لېكىن فوكسنىڭ دۇرۇس ئادەملىككە گەپ كەتمەيتتى. — ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

www.uyghurkitap.com

بىر خىل ھايانكەشلىك قىلمىشى بولۇپ، پالاتا ئورنىنى سېتىۋالغىلى بولغانىكەن، ئۇنداقتا سايلام بېلەتىنىمۇ سېتىۋالغىلى بولىدۇ. سايلام كەسپىنى كۆتۈرە ئېلىۋالغان ۋاكالەتچىلەر ھەتتا «پاي چېكى بازىرىدا پالاتا ئورنىنىڭ سودىسىنى قىلىدىغان بازار ئەھۋالى جەدۋىلى تەسىس قىلىشقا ئۇرۇنغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتىمۇ سايلام رايونى ئورنىنىڭ سودا ئەھۋالى بىلەن تەمىنلەيدىغان باھا جەدۋىلى راستىنلا پەيدا بولغانىدى.» ھەقىقىي ئەھۋال ھامان مۇنداق بولۇپ كەلدى: سايلام رايونلىرىنىڭ ئورنى ئەڭ يۇقىرى باھا قويغان نامزاتلار تەرىپىدىن سېتىۋېلىنىپ بولاتتى. ئوكسفورد بازىرىنىڭ سىرتقا قارىتا سودىگەر چاقىرىش بەلگىلىمىسىدە، بۇ بازار ئۆزلىرىنىڭ بارلىق قەرزلىرىنى تۆلىۋېتىشنى خالايدىغان نامزاتلارنى پارلامېنت ئەزاسى قىلىپ سايلايدۇ دەپ بەلگىلەنگەن، ئەڭ ئاخىر بۇ بازار گېرتسوگ مارلبوروگ (Marlborough) بىلەن سودىدا پۈتۈشكەن.

سىر يوھان. رۇسسونىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە پارلامېنتتىكى بىر ئورۇننى سېتىۋېلىش ئۈچۈن 5000 فوند ستېرلىڭ خەجلەشكە توغرا كېلەتتىكەن. ۋېلبېرفورس (Welberforce) مۇ ئۆزىنى سايلىتىش ئۈچۈن 8000 فوند ستېرلىڭ خەجلىگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان. ھەقىقىي سايلام رايونى بولمىغان، لېكىن پارلامېنت ئەزاسى سايلاش ھوقۇقى بولغان سايلام رايونلىرى 1832 ـ يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. سايلامدىكى ۋە سىياسىيدىكى چىرىكلىك شۇنىڭدىن باشلاپ ئاز ـ تولا ئازايغاندەك كۆرۈنگەن بىلەن پۈتۈنلەي يوقىلىپ كەتمىگەن. 1878 ـ يىلى ئەنگلىيىنىڭ ئىككى سودىگىرى بىر قانۇن لايىھىسىنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل پارلامېنت ئەزاسىغا بېسىم ئىشلىتەلەيدىغانلىقىنى، بۇنىڭ قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپ ھېسابلانمايدىغانلىقىنى سۆزلەپ يۈرگەن.

# فرانسىيىدىكى سىياسىي چىرىكلىك

كونا تۈزۈمدە (the old regime) نۇرغۇن ۋەزىرلەر ئومۇمنىڭ پۇلىغا خىيانەت قىلدى دەپ ئەيىبلەنگەن. ئوخشاشلا نۇرغۇن سوتلارمۇ شۇنداق قىلغان. بۇ سوتلار مالىيە ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرىنىڭ ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشى بىلەن ئاشۇ ھۆكۈمەت خەزىنىسىنى يۇتۇۋالغان مالىيە خادىملىرىنى بارلىق خىيانەت قىلغان پۇلنى تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلاپ، ئاندىن ئۇنى سوت بىلەن تەڭ بۆلۈشۈشتەك ئەھۋال شەكىللەنگەنىدى. چىرايلىق پادىشاھ فىلىپنىڭ ۋەزىرى ئېنگۇراند. دې. مارىنى (Enguerrand de Marigny) لۇئى X ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدە دۆلەت مالىيىسىنى ۋەيران قىلغان دەپ ئەيىبلىنىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. ئۇ ئۆزى ياساتقان مونفورسىن دارىغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن. گرارد. دې لا. گۇيىتتې (Gerard de la Guette)،

شادا پاچاق فىلىپ (Philip the Tall) ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدە مالىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ چىرايلىق فىلىپ (Philip the Handsome) ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدە دۆلەت مالىيىسىنى تالان - تاراج قىلغان دەپ قولغا ئېلىنغان. ئۇ ئېغىر قىيىن - قىستاقلارغا ئېلىنغان بولۇپ، جەسىتى كوچىغا سۆرەپ ئەپچىقىلىپ پارىژدىكى بىر دارغا ئېسىلىپ ئاممىغا سازايى قىلىنغان. 1328 - يىلى 25 - ئاپرېل، پېررې. رېممى (Pierre Remmi) چىرايلىق پادىشاھ چارلېزنىڭ ئاساسلىق مالىيە باشقۇرغۇچىسى ئىدى. ۋالويا خانىدانلىقىدىكى پادىشاھ فىلىپ (Philip of Valois) تەختكە چىققاندىن كېيىن رېممى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن، ئۇ گۇيېننا (Guyenne) رايونىدا

خىيانەتچىلىك ۋە پارىخورلۇق قىلغان ھەمدە «خان جەمەتىنىڭ غايەت زور بايلىقىنى ئوغرىلىغان». قىسقىغىنا نەچچە يىل ئىچىدە 1 مىليون 200 مىڭ فرانك توپلىغان، بۇ ھازىرقى 20 مىليون فرانكقا توغرا كېلەتتى. ئۇمۇ مونفورسىندىكى دارغا ئېسىلغان، بۇ دار ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن قايتىدىن ياسالغانىدى، پادىشاھمۇ ئۇنىڭ تالان ـ تاراج قىلىپ توپلىغان مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ غايەت زور بايلىققا ئىگە بولغان.* 1409 ـ يىلى ران. دې. مونتاگۇ (Jean de Montague) مالىيىنى باشقۇرغان مەزگىلدە ئۆزىنى بېيىتقانلىقى ئۈچۈن كاللىسى ئېلىنغان. چارلېز Ⅶ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، ران. دې. كچوينتوڭس (Jean de Xaintoings) باش بوغالتىر بولۇپ، «مالىيىنى بۇزۇپ چاچقانلىقى، خاننىڭ بايلىقىنى خاتا يۆتكەپ ئىشلەتكەنلىكى، بۇنىڭ ئىچىدە كۆپ قىسمى ئوغرىلىق قىلمىشىغا ياتىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان» لىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنغان. ئۇ پەقەت بىرقانچە يىللا كېسىلىپ مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىپ ئومۇمىنىڭ قىلىنغان، ئۇ پادىشاھقا 6000 كرونا تاپشۇرغاندىن كېيىن قويۇپ بېرىلگەن.

1453 ـ يىلى ياك. كويئېر (Jacques Coeur) نىڭ دېلوسى سوتلاندى. ئۇ ئاقسۆڭەكلەر ئەڭ نەپرەتلىنىدىغان قۇربانلىق بولۇپ، بۇ ئاقسۆڭەكلەر ياكىنىڭ قەرزدارلىرى ئىدى، بۇ ھەسەت ئوتىدا

---

* «ھۆكۈمەت پۇلىغا خىيانەت قىلىش بارلىق مۇستەبىت دۆلەتلەردىكى كۆرە ـ كۆرە كۆزگە سىڭىپ قالغان بىر خىل جىنايى ھادىسە، — دەيدۇ مونتېسكيۇ، — بۇ دۆلەتلەردە بۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش ھەم ئومۇمنىڭ ئىختىيارىغا ئېلىش بىرخىل ئادالەت تەدبىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «بۇنداق قىلغاندا خەلققە تەسەللى بەرگىلى بولىدۇ، بۇ مۇسادىرە قىلىنغان مال ـ دۇنيالار ئەمەلىيەتتە پادىشاھ زور كۈچ سەرپ قىلىپ ئاران تىنىقى قالغان ۋەزىرلىرىدىن شۇلۇۋالغان مال ـ دۇنيالاردۇر.» («قانۇن روھى»، 15 ـ باب) — ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

كۆيۈۋاتقان ئاقسۆڭەكلەر ئىشەنمەيتتىكى: ئومۇمنىڭ پۇلىغا خىيانەت قىلمايمۇ باشقا رەزىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ بېيىغىلى بولاتتى، بورگى رايونىدىكى بىر تېرە سودىگىرىنىڭ ئوغلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ياك. كويىئېر سودا تىجارىتىدە زور بايلىق توپلىغانىدى: ئۇنىڭ مونپولي، مارسېل، لىئون، تۇلۇزا قاتارلىق شەھەرلەردە ئۆيى بار ئىدى، ئافرىقا، ئاسىيالاردا زاۋۇتلىرى بار ئىدى. بەزى چاغلاردا، ئۇ تېخى پادىشاھقا ئۇرۇش خىراجىتى ئۇچۇن زور پۇلنى سېخىيلىق بىلەن بېرىۋېتەتتى؛ ئۇ خان جەمەتى مالىيىسىنىڭ باشقۇرغۇچىسى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن قولىدىكى هوقۇقىدىن پايدىلىنىپ داۋاملىق سودا قىلىۋەرگەن، ئۇ ئېرىشكەن يەر ۋە ئۇ سالدۇرغان ئۆي، قورغانلار چوڭ ئاقسۆڭەكلەر ۋە خان جەمەتى تۆرىلىرىنىڭ قاتتىق هەسىتىنى قوزغىغان، ئۇلار ئاخىر چارلېز Ⅶ نى ياكنى تۇتۇشقا كۆندۈرگەن. ياك خاتا هالدا ئاگنېس. سورېل (Agnes . Sorel) نى زەهەرلەپ ئۆلتۈرگەن دەپ ئەيىبلەنگەن، بۇ ئەيىبلەشنىڭ تۇتۇرۇقسىز گەپ ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغاندىن كېيىن ئۇلار يەنە ئوچۇق ـ ئاشكارا پوپوزا قىلىشقا باشلىغان. ئۇنى سوراق قىلغان دۈشمەنلەر ئۇنى ئومۇمنىڭ پۇلىنى يۇتىۋالدى هەم پۇلنى چەت ئەلگە يۆتكىۋەتكەن دەپ ئېلان قىلغان. ئەڭ ئاخىرىدا پادىشاھ كېسىم قىلغان سوتتا، ئۇنىڭدىن ئوچۇق ـ ئاشكارا كەچۈرۈم سوراش ۋە 100 مىڭ كرونا جەرىمانە تۆلەش تەلەپ قىلىش بىلەن بولدى قىلىنغان. ئۇنىڭ مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىپ ئومۇمنىڭ قىلىنغان، ئۇنىڭ يەر ـ مۈلۈكلىرىمۇ ئۇنى ئەرز قىلغۇچىلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن.

16 ـ ئەسىردىكى فرانسىس I هۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدە، باش مالىيە تەپتىشى سامبلانساي (Samblancay) نىڭ دېلوسى سوراق قىلىندى. ئۇ خانىش ئانىسى لۇيس. ساۋايىنىڭ

نەپسانىيەتچىلىكى ۋە ۋاپاسىزلىقىنىڭ قۇربانى بولغان. سامبلانساي پادىشاھقا لۇيىس . ساۋايى مىلان باش ۋالىيسى لوترېيغا (Lautres) 400 مىڭ كرونا ئاجرىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى دەپ ئەرز قىلدۇ. خانىشنىڭ ئانىسى ئىنتىقام ئالىمەن دەپ قەسەم قىلدۇ. 1527 ـ يىلى پادىشاھنىڭ دۆلەتتە يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ، خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق جىنايىتى ئۆتكۈزدى دەپ ئەيىبلىتىدۇ ھەمدە ۋەزىر دۇبۇلان قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان سودىيىلەر كومىتېتى تەشكىللەيدۇ. گەرچە گۇناھسىز بولسىمۇ، سامبلانساي يەنىلا دارغا ئېسىلىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەيلا كىشىلەر ئۇنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالىدۇ، خانىشنىڭ ئانىسى ئالەمدىن ئۆتكەندە كىشىلەر ئۇنىڭ بىخەتەرلىك ساندۇقىدىن لوترېيغا بېرىشكە تەييارلاپ قويغان 1 مىليون 500 مىڭ كرونا قىممىتىدىكى ئالتۇننى بايقايدۇ.

1527 ـ يىلى ئۇزۇن مۇددەت پادىشاھنىڭ مالىيىسىنى تۇتقان ران. دې. پورچېر (Jean. de. Porcher) ئومۇمنىڭ پۇلىنى يۇتۇۋالدى دەپ ئەيىبلىنىپ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. 1536 ـ يىلى يۇقىرى سوتنىڭ باش سوتچىسى رېن. گېنتىل (Rene Gentil) مۇ ئوخشاش جىنايەت بىلەن جازالاندى. شۇ يىلى دېڭىز ئارمىيە گېنېرالى چابوت (Chabot) خان جەمەتىنىڭ پۇلىغا خىيانەت قىلغان دەپ سوراققا تارتىلىپ، ئۇنىڭ بارلىق شەرەپلىرى تارتىۋېلىندى ھەمدە جەرىمانە قويۇلۇپ سۈرگۈن قىلىندى. 1545 ـ يىلى 23 ـ ئاپرېلدىكى پەرمانغا ئاساسەن، ۋەزىر پوگېت (Poget) ئومۇمنىڭ مۈلكىنى يۇتۇۋالغان ۋە نەپسانىيەتچىلىك قىلغان جىنايەت بىلەن 100 مىڭ فرانك جەرىمانە قويۇلۇپ ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، بەش يىللىق سۈرگۈن قىلىندى. مارشال. دې. بىيېز (Marshal de Biez) ژاندارما ئەترىتىنىڭ

مائاشىغا ئىشلىتىلىدىغان خام چوت مەبلىغىنى يۆتكەپ ئىشلىتىۋالغان دەپ ئەيىبلىنىپ، لاياقەتسىز باھالىنىپ پارلامېنتنىڭ بىر تۈرلۈك پەرمانىغا ئاساسەن، ئۇنىڭ زىيانىنى تۆلىشى تەلەپ قىلىندى. فرانسىيە مارشاللىق ۋەزىپىسى بەش يىللىق ئېلىپ تاشلىنىپ، ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. 1565 ـ يىلى مۇپەتتىشلىك مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى فرانسوۋا. ئاللامانت (Francois Allamant) خىيانەتچىلىك جىنايىتى بىلەن ئەيىبلىنىپ 60 مىڭ فرانك جەرىمانە قويۇلدى. 1583 ـ يىلى 29 ـ مايدىكى پارلامېنت پەرمانىغا ئاساسەن، پارلامېنت مەسلىھەتچىسى ران. پوسلي (Jean Poisle) «خىيانەتچىلىك، چىرىكلىك، ئىككى يۈزلىمىچىلىك، قاقتى ـ سوقتى قىلىش ۋە پاكىتنى ئۆزگەرتىش» جىنايىتى بىلەن كېسىلدى.

16 ـ ئەسىردە، ئالاھىدە كومىتېت «ئالاھىدە سوت»* (Chambers of Justice) نىڭ نامىدا خىيانەتچىلىك جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەنگەن كىشىلەرنى سوتلايتتى. 1532 ـ يىلى، 1545 ـ يىلى، 1557 ـ يىلى ۋە 1559 ـ يىلى بارغانسېرى ئەدەپ كېتىۋاتقان بۇ جىنايەتلەرگە قاتتىق قانۇن ـ نىزاملار تۈزۈلدى.

سۇللي (Sully) ۋەزىر بولغاندا «پۈتكۈل جەمئىيەت قالايمىقانلاشقان، ھەممە يەرگە بۇلاڭچىلار تولۇپ كەتكەنىدى . . . پادىشاھنىڭ دوستلىرى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن مەنپەئەتكە ئېرىشىۋاتاتتى، يېمەك ـ ئىچمەك سودىگەرلىرى بىلەن توختام تۈزۈۋېلىشقانىدى. دۆلەت خەزىنىسىنى بىر مەككار ئادەم باشقۇراتتى، ئۇلار چىقىملارغا ئەزەلدىن ھېچقانداق خاتىرە قالدۇرمايتتى.» فرانسوۋا. دو (Francois d' o) ھېنري Ⅲ نىڭ

* بۇ ئالاھىدە سوت مۇنتىزىم سوتتا سوراق قىلىشنىڭ ھاجىتى بولمىغان دېلولارنى سوراق قىلىدىغان سوتنى كۆرسىتەتتى. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

www.uyghurkitap.com

باش مالىيە خوجىدارى بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە، ئۇ ئەمەلىيەتتە ئۆزى ئەڭ چوڭ ئوغرى بولۇپ، بارلىق ئوغرى ـ بۇلاڭچىلارنىڭ كاتتىۋېشى ئىدى. سۇللي مالىيە تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، مىلىتارىزملىق ھۆكۈمەتنىڭ خەلقتىن ئالىدىغان ئالۋان ـ ياساقلىرىنى بىكار قىلدى.

مارشال دې. مارىلاك ئومۇمنىڭ پۇلىنى يۇتۇۋالغاچقا رىچېلىيۇ تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان. ئۇ رىچېلىيۇنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنچە قاتتىق جازالايدىغانلىقىنى چۈشىنەلمىگەن. «مەندەك بىر مەرتىۋىلىك كىشىمۇ خىيانەتچىلىك جىنايىتى بىلەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدىكەن دېسە!» رىچېلىيۇ ئۇنىڭغا قىلچىلىك ئىچ ئاغرىتمىغان. ئۇنىڭ قارىشىچە «مالىيە باشقۇرۇش سەنئىتى سىياسىي تۇرمۇشنىڭ ئاساسىي قىسمى بولۇپ، ئۇ بىر دۆلەت ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدۇ. چۈنكى، پۇل ـ دۇنيا دېگەن بارلىق ئىشلارنىڭ روھى. بىر دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى ئاممىۋى بايلىقنىڭ بېيىش دەرىجىسى بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ.»*

مازارىن (Mazarin) خىيانەتچىلىك جىنايىتىنى ئانچە ئېغىر ئېلىپ كەتمىگەن. ئۇ ھەتتا ئۆزىنىمۇ ئەيىبلەپ قويمىغان، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن 50 مىليون فرانكلىق مال ـ دۇنيا قالغان، ئۇ ھازىرقى 200 مىليون فرانكقا باراۋەر كېلەتتى.

لۇئى XIV ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىل ئالاھىدە سوت تەسىس قىلىنغان مەزگىل بولدى. بۇ ئالاھىدە سوت فوگۇت (Fouguet) ۋە باشقا نۇرغۇن خىيانەتچى مالىيە

---

* «رىچېلىيۇنىڭ سىياسىي باياننامىسى» نىڭ 10 ـ بابىغا قارالسۇن، «پادىشاھ تۇز سودىسىدىن نۇرغۇن باج يىغىۋالاتتى، لېكىن خەلق تاپشۇرغان باج پادىشاھنىڭ خەزىنىسىگە كىرىدىغان پۇلدىن ناھايىتى جىق ئىدى.» رىچېلىيۇ ئاشۇ باج يىغقۇچىلارنىڭ يالغان مەلۇمات يوللايدىغانلىقىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ئارقىلىق خەلقنى تېخىمۇ نامراتلاشتۇرۇۋاتىدۇ دەپ ئەيىبلەيدۇ. — ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

ئەمەلدارلىرىنى سوراق قىلدى. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 500 ئادەم كېسىلدى. باش تەپتىش پېتىت. ژان (Petit Jean) نىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، بۇ جەرىمانە ۋە مۇسادىرە قىلىنغان مال ـ دۇنيانىڭ ئومۇمىي سوممىسى 110 مىلىيون فرانكقا يېتىدىكەن.

كوسىن (M. Cosin) ئەپەندىنىڭ يېزىشىچە، كولبېرت (Colbert) نىڭ توپلىغان بايلىقى فوگۇتنىڭ بايلىقىغا يەتمەيدىكەن. يۈزەكى قارىغاندا «ئۇنىڭدا ئۈچ ئايالى، قىزلىرى ۋە ئۇلارنىڭ زىبۇزىننەتلىرىنىڭ چىقىمىنى كۆتەرگۈدەك قۇربەت يوق بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ مائاشىغا تايىنىپ ھەشەمەتلىك داچا سالالمايدۇ.» ھالبۇكى، كوسىن ئەپەندى شۇنى ئۇنتۇپ قالغانكى، كونا جەمئىيەتتە پادىشاھلار ۋەزىرلەرنى ناھايىتى مول تارتۇقلايتتى. «خۇددى كۆن نۇرى ئاستىدا بىردەم تۇرۇپ قالغان كىشىلەر كۆن نۇرىدىن ئىللىپ قالغانغا ئوخشاش.» ـــ دەيدۇ مۇتەپەككۇر نوۋد (Naude). «شۇڭا، بىر پادىشاھنىڭ يېنىدا ئۇزۇن مەزگىل تۇرغان كىشىلەر ۋاقىت ئۆزارغانسېرى ھوقۇقىنىڭ غايەت زور مەنپەئەتىدىن ۋە پادىشاھقا خىزمەت قىلىشتىن ئېرىشكەن خىلمۇخىل نەپتىن بەھرىمەن بولالايدۇ.» پادىشاھلار «مېنىڭ مەنپەئەتىمنى ياخشى قوغدىساڭلار مەنمۇ سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلارنى قوغدايمەن» دەيدۇ، نوۋد يەنە مۇنداق دەپ قوشۇمچە قىلىدۇ: «قورقۇنچلۇق ۋە شەپقەتسىز نامراتلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بۇلاڭ ـ تالاڭ ئىشلىرىنىڭ قايتا يۈز بەرمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇلار بەلكىم پۈتۈنلەي ئەركىن بولغان بىر خىل روھىي ھالەتنى يېتىلدۈرۈشكە موھتاج بولۇشى، شۇنداقلا روھىي ھالىتىدىكى ئەسەبىيلىكتىن قۇتۇلۇپ بىر نورمال ھالەتكە قاراپ مېڭىشقا ئېھتىياجلىق بولۇشى مۇمكىن.»

www.uyghurkitap.com

يەنىلا لۇئى XIV نىڭ ئەسلىمىسى بىزنى خېلى تەپسىلىي تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى: فوگوت خان جەمەتىنىڭ ياردىمىدىن قانائەت ھاسىل قىلمىغان بىردىنبىر ۋەزىر ئەمەس. شۇڭا، پادىشاھ ئوغلىغا قىلغان سەمىمىي مەسلىھەتلىرىدە ۋەزىرلەرنى نازارەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىدە زېرىكمەستىن چىڭ تۇرغان. «بىر ئادەم ھەمىشە ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشنىڭ ئالدىدىكى تەكشۈرۈشتە ئىپادىلىگەن سەمىمىيلىكتە تۇرىۋەرمەيدۇ، چۈنكى كۆپ قىسىم ئادەملەر تەكشۈرۈشكە تاقابىل تۇرۇپ ھوقۇقىقا ئېرىشىش ئۈچۈن بىر مەزگىل ساختا قىياپەتكە كىرىۋېلىشقا ماھىر، بۇ ئۇلارنىڭ قارا نىيىتىنىڭ كۈچىدۇر.» «ئۇلارنى ئەستايىدىل كۆزىتىش لازىم، بولۇپمۇ ئۇلار رېئال تۇرمۇشتىكى ئەمەلىي ئىشلارنى قىلغان ۋاقىتتا. چۈنكى ئۇلار ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىلىرىگە ئېرىشىپ بولغان، شۇڭا ئۇلار بۇ چاغلاردا ئۆز روھىيىتىدىكى رەزىللىكلەرنى يوشۇرۇپ ئولتۇرماستىن ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىدۇ.» بىر ۋەزىر ناپاك دەپ ئەيىبلەنگەن ۋاقىتتا، بىردىنبىر ئامال ئۇنى ئورنىدىن قوغلاپ چىقىرىش ۋە قانۇننىڭ جازاسىغا تارتىش. لۇئى XIV ئۇنچىلىك باغرى تاش ئادەملەردىن ئەمەس ئىدى، ئۇ ئوغلىغا ۋاپاسىزلىق قىلغان ۋەزىرلەرنى تەسىرلەندۇرۇش، ئۇلاردا پەقەت پادىشاھقا كېرەكلىك پەزىلەتلەر يەنە بولسىلا بۇنداق ۋەزىرلەر ئۆز ۋەزىپىسىدە قالدۇرۇش، ئۇلارنىڭ نەپسانىيەتچىلىكىنى قاتتىق تۇتقاندا ئاۋارىچىلىق كېلىپ چىقىدۇ، ئەگەر ئۇلارغا ھەقىقەتەن ئامال بولمىسا ئۇلارنى ئورنىدىن قوغلاپ چىقىرىش كېرەك دەپ نەسىھەت قىلىدۇ.

بىز يەنە لۇئى XIV نىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى ۋە ئەسلىمىسىدىن «مەلۇم چەت ئۆلكە، رايونلاردا خەلقنىڭ بەزى كىشىلەرنىڭ شەپقەتسىز زۇلمىغا ئۇچراۋاتقانلىقىنى، بۇ كىشىلەرنىڭ باش ۋالىي

نامى بىلەن خەلققە تونۇلۇك ئالۋان - ياساق سېلىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇلارنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىۋاتقان» لىقىنى بىلەلەيمىز. «بىز ئۇلارنىڭ خىيانەتچىلىك ئىشلىرىنى ئېنىق بىلىپ قاتتىق جازالاپ تۇرۇش ئۇچۇن ھەرقايسى جايلارغا ئۆز ئادەملىرىمىزنى ئورۇنلاشتۇرغانمىز.»

1665 - يىلى ئاۋېرنې* (Auvergne) رايونىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق «سوراق كۈنى» (Great Dsys) دە بىر تۈركۈم خىيانەتچىلەر قانۇننىڭ جازاسىغا تارتىلدى. «سوت ئىنتايىن قىزغىنلىق بىلەن ھەربىر كىشىنىڭ جىنايىتىنى خاتىرىلەپ ماڭدى، — دەپ يازىدۇ فلېچېر (Flechier)، — سوراق قىلىنغۇ-چىنىڭ سالاھىيىتىنى ناھايىتى ئاز ئويلاشتى، نەتىجىدە، تۇنجى بولۇپ دارغا ئېسىلىدىغان كىشى دې. لا. توئۇر (M. de. la. Tour) ئەپەندى بولۇپ چىقتى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ ئېسىلزادىلىكى مەلۇم بولغاندىن كېيىن بولسا، سوت ئۇنىڭغا يۈز - خاتىر قىلىپ، كاللىسىنى ئېلىش جازاسىغا ئۆزگەرتتى.» مالۇس (Malause) ماركىزى تۇرېننې (Turenne) نىڭ جىيەنىگە غايەت زور جەرىمانە ۋە 18مىڭ فرانك زىياننى تۆلەش جازاسى بېرىلدى. بۇ ئىشتىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، بوردالۇ (Bourdaloue) مۇنداق دېگەنىكەن: «ئومۇمنىڭ بايلىقىنى بىر تەرەپ قىلالىغان ئادەم ئەيىبلەنمەسلىكى كېرەك، ئۇنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى پاك - پاكىز ئۆتكۈزۈپ بېرەلىشىنىڭ ئۆزىلا نۆۋەتتە بىر مۆجىزە ھېسابلىنىدۇ.»

1661 - يىلى، ئالاھىدە سوتنى بەرپا قىلىش پەرمانىنىڭ مۇقەددىمىسىدە پادىشاھ مۇنداق دەپ جاكارلىغان: «ھازىرقى باسقۇچتا، ئاز بىر ئوچۇم ئەبلەخلەر قانۇنسىز ۋاسىتىلەر بىلەن

* ئاۋېرنې فرانسىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى كونا ئۆلكىنىڭ ئىسمى. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ناھايىتى تېزلىكتە مۆجىزە خاراكتېرلىك بايلىقنى قولغا چۈشۈرۈۋالغان. ئۇلارنىڭ غايەت زور قانۇنسىز مۈلكى، ھېچكىمنى نەزىرىگە ئىلىپ قويمايدىغان ئەيش ـ ئىشرەت ۋە كەيپ ـ ساپالىرى، ھەددى ـ ھېسابسىز دەپىن ـ دۇنيالىرىغا قارالىڭ، بۇ خىل ھالەت سەممىيەت ۋە دۇرۇسلۇقتا مۇناسىۋەتلىك بارلىق ھېكمەتلىك سۆزلەرنى چىرىتىپ تاشلىيالايدۇ.» بۇ پەرماننىڭ مۇقەددىمىسىدە تىلغا ئالغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مالىيە ئەمەلدارلىرى بولۇپ، ئۇلار 17 ـ ئەسىر جەمئىيىتىدە دۆلەتتە مۇھىم ئورۇن تۇتقان كىشىلەر ئىدى. لا. برۇيېر (La . Bruyere) كىشىلەرنىڭ قانداق قىلىپ پۇل بىلەن ئاقسۆڭەكلىك ئەملى سېتىۋالغانلىقى ۋە قىزلىرىنى ئوردا ۋەزىرلىرىگە ياتلىق قىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. «ئەگەر بىرەر مالىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ نامى چىقمىغان بولسا، ئۇنداقتا ئوردا ۋەزىرلىرى ئۇنى چاكىنا، كالتە پەم، پەسكەش، رەزىل ئەبلەخ دېيىشىدۇ؛ ئەگەر ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازانسا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا قىزىنى بېرىش كويىدا بولۇشىدۇ... بىر باي كىشى بىر گرافنى ئۆز كۈيئوغلى قىلىش ئارقىلىق ئاقسۆڭەكلەر قاتارىغا ئۆتىدۇ... ئۇنىڭ مال ـ دۇنيالىرىغا رەھمەت. سلۋان (Sylvain) ئەنە شۇ يول بىلەن ياخشى تەربىيىگە ۋە باشقا بىر ئىسىمغا ئېرىشتى. ئىلگىرى ئۇ ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ باج تاپشۇرۇپ كېلىۋاتقان رايوننىڭ ئادىمى ئىدى، ئىلگىرى ئۇ نۆكەر بولۇپ تۇرۇقلۇقمۇ كلېئوبۇل (Cleobule) نىڭ ئۆيىگە كىرەلمەيتتى، مانا ئەمدى ئۇنىڭ كۈيئوغلى بولۇپ قالدى... ئېسىل فورمىلارنى كېيگەندىن كېيىن سوسې (Sosie) دەرھال كىشى كۆزگە ئىلمايدىغان كىچىك بىر بانكىردىن يۇقىرى بىر مەرتىۋىنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالدى. ئۇ خىيانەت قىلىش، ھېساباتنى ئۆزگەرتىۋېتىش، قولىدىكى ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىپ بىرقانچە ئائىلىنى ۋەيران

قىلىش ھېسابىغا بۇ ئورۇنغا ئېرىشتى ۋە بىر مۇددەتلىك ۋەزىپىنى قولغا كەلتۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىگە ئاقسۆڭەكلىك ئۇنۋانى بېرىۋالدى. بۇمۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە قانداقتۇر بىر تۇس بېرىپ ياخشى ئادەم قىياپىتىگە كىرىۋالغانلىقى، ئۇ ھازىر بىر چىركاۋ مەمۇرىيىتىگە قاراشلىق رايوننىڭ ھەيئىتى، مۆجىزە ئاخىر يۈز بەردى.»

ئاقسۆڭەكلەرنىڭ بانكىرلارنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇشنى ئارزۇ قىلىشى ھازىر ئانچە يېڭىلىق بولماي قالدى. ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئاشۇ دەبدەبىلىك ئىسىملىرىنى ساموئېل. بېرنارد (Samuel. Bernard) نىڭ ئۆي لەمپىسىدىن تاپقىلى بولىدۇ. ساموئېل مەشھۇر دۆلەت بېجى ھۆددىگىرىدۇر. لۇئى XIV ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدە ئۇ ئىنتايىن مەشھۇر ئورۇننى ئىگىلەپ تۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئاقسۆڭەكلەرنى جەلپ قىلىدىغان يېرى كەچلىك تاماق، قىمار ۋە تۇغۇلغان كۈن ئۆلتۈرۈشى ئىدى.

1701 ـ يىلى، بىر تۇرلۇك قاتتىق بولغان خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش پەرمانى ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ پەرماندا خىيانەتچىلىك جىنايىتى ئۆتكۈزگەن ھەرقانداق كىشى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەنىدى. لېكىن، مالىيە خادىملىرىنىڭ بۇلاڭچىلىقى ئوخشاشلا داۋاملىشىۋەردى.

لۇئى XIV ئۆلگەندىن كېيىن جامائەتچىلىك قايتىدىن مالىيە خادىملىرىنىڭ چىرىكلىك جىنايىتىنى جازالاشنى تەلەپ قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر يېڭى ئالاھىدە سوت 1716 ـ يىلى مارتتا

---

* مونتىسكيۇ ئۆزىنىڭ «پارىس مەكتۇپلىرى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «ئالاھىدە سوت دېگەن بىر نەرسە بەرپا قىلىندى. ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق دەپ ئاتالغانلىقىغا كەلسەك، بۇ سوتنىڭ نىشانى سوراق ئوبيېكتىنىڭ بارلىق مال ـ مۈلكىنى تارتىۋېلىش ئىدى، ئۇلار ئالدامچىلىق ئۇسۇللىرى بىلەن ئۇلارنىڭ بارلىق بايلىقىنى بىر تەرەپ قىلىۋېتەلمەيتتى ياكى يوشۇرۇپ قويالمايتتى، چۈنكى ئۇلار ئاللىقاچان ئۇلارنىڭ كەم ـ كۈتىسىز ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىپ بولغان، بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا ئۇلار پەقەت پىلسىرات كۆۋرۈكىدىلا مېڭىشى كېرەك، دېمەكچى. ئۇلار چوقۇم جېنى ياكى مېلىدىن بىرسىنى تاللىشى كېرەك ئىدى.» —— ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

قۇرۇلدى.* بۇ سوتنىڭ سودىيىسى جەرىمانە قويۇش، ئۆلۈم جازاسى ۋە باشقا جازالارنى بېكىتىشكىمۇ ھوقۇقلۇق ئىدى. مەيلى ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى، مەرتىۋىسى قانداق بولسۇن، ئەگەر ئۇ خىيانەتچىلىك جىنايىتى سادىر قىلغانلا بولسا بۇ سوت ئۇنىڭغا ئەدلىيە تەرتىپلىرىنى ئىجرا قىلىشقا ھوقۇقلۇق ئىدى. بۇ بەلگىلىمە ئانچە ئۇزۇن ئىجرا قىلىنمىغان، شۇ يىلى (1716 ـ يىلى) 18 ـ سېنتەبىردە بىر يېڭى بەلگىلىمە ئېلان قىلىنىپ، سوتنىڭ ئۆلۈم جازاسى ۋە مۇددەتلىك قاماق جازاسىنى جەرىمانىگە ئۆزگەرتىشكە رۇخسەت قىلىندى. ئەڭ ئاخىر ئالاھىدە سوت پەرماندا بەلگىلەنگەن جەرىمانىگىلا كۆڭۈل بۆلۈپ، باشقا ئىشلار بىلەن كارى بولماس بولدى. روبېرت. راننىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا، 8 مىليارد 120 مىليون بايلىقتىن سوت بايلىق ئىگىسىگە 4 مىليارد 120 مىليون فرانكنىلا قالدۇرۇپ، ئۇنىڭدىن 2 مىليارد 190 مىليون فرانك باج ئالغان، لېكىن بۇ باجلار ئەزەلدىن دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلۇپ باقمىغان. 1717 ـ يىلى 22 ـ مارتتا ئەمدىلا ۋوسىن (Voisin) نىڭ باش ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋالغان داگۇسسۇ (d'Aguesseau) ئالاھىدە سوتنى بىكار قىلدى. بۇ سوتنىڭ ئاقىۋىتى ئەنە شۇ بولدى. بۇنىڭغا قارىتا بۇ يېڭىدىن ۋەزىپىگە ئولتۇرغان باش ۋەزىر فرانسىيە خەلقىنىڭ خاراكتېرىگە قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. فرانسىيە خەلقىنىڭ ھەققانىيەت تۇيغۇسى پاناما سەتچىلىكى (Panama scandal) نىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچراپ، كىشىلەر كۈچلۈك غەزەپلىنىشتىن تامامەن ئېتىبارسىز قارايدىغان ھالغا چۈشۈپ قېلىپ، ئۆچمەنلىك ھېسداشلىقىغا ئالماشقانىدى. «خەلق ئۆزگىرىشچان كېلىدۇ» دەيدۇ داگۇسسۇ، «خۇددى تېز ھەم ئېغىر بىر جازالاشنى كۆرۈپ تۇرغاندەك، بىراق ئىشنى يەنە ئارقىغا سۈرەشكە بولمايدۇ ياكى

جىنايەتچىنىڭ ئاچچىقى بېسىلغاندىن كېيىن ئاندىن ئىجرا قىلىشقا بولمايدۇ، شۇڭا ئۇلار جىنايەتچىنىڭ شۇنچە ئۇزۇن قىيناشلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇلار ئۇ بىگۇناھ دەپ ئۆزىنى ئىشەندۈرۈشكە ئادەتلىنىشكەن. »

ئالاھىدە سوتنىڭ تارىخى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى. لېكىن، چىرىكلىك جىنايىتىنىڭ تارىخى بۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىپ قالغىنى يوق. نايىبلىق مەزگىلى* (the Regency) ۋە ئېپىسكوپ دۇبوي (Dubois) ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدە، شۇنداقلا لۇئى XV ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدە، چىرىكلىك مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە يامراشقا باشلىدى. پادىشاھنىڭ ئۆزىلا بۇغداي ھايانكەشلىكى بىلەن شۇغۇللىناتتى، تېخى سېسىق نامى پۇر كەتكەن «قەھەتچىلىك كېلىشىمى» (Compact of famine) شىركىتىنىڭ پايچىكلىرىنىڭ بىرى ئىدى، بۇ شىركەت سۇنئىي ھالدا 1768 ـ يىلى ۋە 1769 ـ يىلىدىكى قەھەتچىلىكنى پەيدا قىلغان. بۇ مەزگىلدىكى چىرىكلىكلەر ھەممە كىشىگە مەلۇملۇق بولۇپ، بىزنىڭ ئۇنى يەنە قايتا بايان قىلىپ ئولتۇرۇشىمىزنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق.

بىر مىللەتكە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىر مەيدان سىياسىي ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىش بىر مەيدان ئەخلاق ئىنقىلابى ئېلىپ بارغاندىن كۆپ ئوڭاي. ئۇنىڭ تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىش ئۇنىڭ تۇغما بىلىمىنى ئۆزگەرتكەندىن كۆپ ئوڭاي. ئىنقىلاب جەريانىدا سىياسەتۋازلار داۋاملىق پۇل تاپالايدۇ، بانكىرلارمۇ سىياسەتۋازلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىشنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. مەنپەئەت دەردىدىن

* 1715 ـ يىلىدىن 1723 ـ يىلىغىچە لۇئى XV بالاغەتكە يەتكۈچە ئارلىقتا ئورلېئان فىلىپ II نايىبلىق قىلغان ھۆكۈمرانلىق مەزگىلىنى كۆرسىتىدۇ. ـــ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

كۆڭلى قارىداپ كەتكەن قايمۇقتۇرغۇچى سىياسەتۋازلار سودا بىلەن سىياسىينى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرىدۇ. ھېبېرت (Hebert) بانكىر كوخ (Koch) بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتقان، بانكىرمۇ بۇ چەت ئەللىككە نەپ يەتكۈزگەنلىكتىن قوغدالغان. 1789 - يىلى ئامېرىكىنىڭ پارىژدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى مورس (Morris)، ناربوننې (Narbonne)، دې. چويسېل (de Choiseul) ۋە ئاببې. دې. پېرىگورد (Abbe de Perigord) لار توغرۇلۇق سۆزلىگەندە تۆۋەندىكىدەك سۆزلەر بىلەن ئۆز قارىشىنى ئىپادىلىگەن: «ئۇلار ئۇچىلىسى ياخشى ئائىلە ۋە ياخشى جەمئىيەتتە ئۆسۈپ چوڭ بولغان شادىمان ياشلار، ئۇچىلىسى سادىق ۋە ئىشەنچلىك دوستلار، ئۇچىلىسى ئۆز ئارزۇلىرى بويىچە ھەممىدىن ئاۋۋال زىيانغا ئۇچرىغان بايلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كۆڭۈل بۆلىدۇ.» مونتمورىن (Montmorin) ئالېكساندر. دې. لامېس (Alexandre de Lameth) قا «ياكوبىنچىلارنى سېتىۋېلىش ۋە يازغۇچى ناتىقلارغا پارا بېرىش ئۈچۈن ھەش - پەش دېگۈچىلا 7 مىليون فرانكنى خەجلەپ بولغان» لىقىنى ئېتىراپ قىلغان. سېئودور. دې. لامېس (Theodore de Lameth) لۇئى XVI نى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈمىدىدە دانتون (Danton) نىڭ ئالدىغا بارغاندا دانتون ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «مەن پادىشاھنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشقا قوشۇلىمەن، لېكىن مەن 1 مىليون فرانك بىلەن بۇ مەقسەتكە كېرەكلىك بولغان بېلەتنى سېتىۋېلىشىم كېرەك... سىزگە شۇنى ئۇقتۇرۇپ قويايكى، ئەگەر مەن ئۇنىڭ جېنىنى قۇتقۇزالمىسام، مەنمۇ ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا بىلەن تاشلايمەن. مېنىڭ ئۇنىڭ كاللىسىنى ساقلاپ قالغۇم بار، لېكىن بۇنىڭ بىلەن كاللامنىڭ كېتىشىنى خالىمايمەن.» مىرابو (Mirabeau) بۇ سودىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرغان. بۇ

سودىنىڭ خورلۇقىنى ئازايتىش ئۈچۈن، مەن باشقىلارنىڭ پۇلىنى ئالدىم دەپ ئېلان قىلغان، لېكىن ئۆزىنى ساتمىغان. دەل مۇشۇ مەزگىلدە، فوگوت كېلىش مەنبەسى نائېنىق يول بىلەن غايەت زور بايلىق توپلىغان. باشقا ۋەكىللەرمۇ ھەر ئاماللار بىلەن بايلارنىڭ پۇلىنى شۇلۇپ، بۇ قىممەتلىك تەبىقىگە ئاز مىقداردا «ئاسسېگنات»* (assegnats) قالدۇرۇپ قويغان. بەزى كىشىلەر بولسا خەير - ساخاۋەت ئورۇنلىرىغا ھاۋالە قىلىپ خىيانەتچىلىك قىلىشقا باشلىغان. رونسىن (Ronsin) ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى بولسا ۋاندون رايونىدا بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشنى باشلىۋەتكەن. پېررىن (Perrin) ئىسىملىك بىر ۋەكىل بۇلاڭچىلىق جىنايىتى بىلەن مەھبۇس كېمىسىدە نەزەربەند ئاستىغا ئېلىنغان. كاربوت، ئىلگىرى موناخ بولغان بۇ ئادەم تۇيۇقسىز بېيىپ بىر بانكىرنىڭ قىزى بىلەن توي قىلغان. فابرې. د. ئېگلانتىن (Fabre d' Eglantine) فرانسىيىگە قاراشلىق شەرقىي ھىندىستان شىركىتى تالونچىسىنىڭ پۇل تالونىنى ياسىغانلىقى ئۈچۈن سوراققا تارتىلغان، سوراقتا كاربوت «فابرېغا ئىشلىتىدىغان 100 مىڭ فرانكنى ئۇنىڭغا ئەۋەتىپ بەرگەنلىكىنى، لېكىن فابرېغا بۇ پاكىتنى ئېيتالمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ مەخپىي ھالدا بۇ پۇلنى ساقلاپ قويغانلىقىنى ئىقرار قىلغان.»

پاخ (Pach) ئۇرۇش مىنىستىرلىكىنىڭ ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلغان مەزگىلدە بۇ مىنىستىرلىكنىڭ ئوغرىلىق قىلمىشلىرى ئىنتايىن ئەۋج ئېلىپ كەتكەن. جامائەت خەۋپسىزلىكى كومىتېتى (the Committee of General Safety) نىڭ بىر نەچچە ئەزاسىمۇ مالىيە ئىشلىرىدا ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتقان.

---

* ئاسسېگنات، 1789 — 1796 - يىللىرى فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى دەۋرىدە فرانسىيىدە تارقىتىلغان قەغەز پۇل. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پارىژ كوممۇنىسى (the Paris Commune) مالىيە كىرىم ـ چىقىم ئەھۋالىغا قارىتا ھېچقانداق خاتىرە قالدۇرۇپ باقمىغان، گەرچە گامبون (Cambon) مۇشۇنداق قىلىشنى تەلەپ قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ. خەلق ئۇيۇشمىسىمۇ ھېچقانداق ھېسابات قالدۇرۇپ باقمىغان، شۇنداقلا سەممىيەتسىزلىك ئىشلىرىغا قارىتامۇ ھېچقانداق خاتىرە قالدۇرۇپ باقمىغان، چۈنكى ئۇلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيىدا كۈچلۈك مۇھاپىزەت كۈنلۈكى بار ئىدى.

1793 ـ يىلى 25 ـ سېنتەبىردە تۇرىئوت (Thuriot) خەلق ئۇيۇشمىسىنىڭ ئالدىدا جۇمھۇرىيەتنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن ئاھ ئۇردى، چۈنكى جۇمھۇرىيەت ئەڭ رەزىل، نومۇسسىز كىشىلەرنىڭ قۇربانلىقىغا ئايلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەجەبا بىز ئۇرۇش جەريانىدا ھوقۇقنى بۇلاڭچىلارغا ۋە ئىككى قولى قان بىلەن بويالغانلارغا تاپشۇرۇپ بەردۇقمۇ؟ بىز پادىشاھنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپ ئۇنىڭ تەختىگە بىر توپ لۈكچەك ناتىۋىپلارنى ئولتۇرغۇزدۇق.» ياكوبىنچىلارنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ كۆپ سانلىقى بىر توپ چەرەندە ـ پەرەندىلەر ۋە شاللاق چۈشكۈنلەشكۈچىلەر، «ئاسسىگنات» ۋە دۆلەت مۈلكى ئارقىلىق ھايانكەشلىك قىلىدىغان بىر توپ قىمارۋازلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى كىشىلەر قاتىللىق ۋە لايغەزەللىك بىلەن كۈن كەچۈرەتتى. مەسىلەن، روسسىگنول (Rossignol) ۋە كاررىر (Carrier) لار ئۆز كۆڭۈل ئېچىشلىرىنى ئۈزۈپ قويماي تۇرۇپمۇ، قىرغىنچىلىق بۇيرۇقلىرىنى چۈشۈرۈۋېرەتتى.

ھېنرىئوت (Henriot) «ئەكسىلئىنقىلابىي چوڭ قىرغىنچىلىقنى تەپتىش قىلىش جەريانىدىكى چىقىمنى تولدۇرۇش ئۈچۈن» 8000 فرانك شۇلۇۋالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە «سۇيىقەستلەرنى يوق قىلىش ۋە ئەركىنلىكنىڭ غەلىبىسىگە

كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن» 300 مىڭ فرانك ئېلىنغان. يەنە ئاشۇ ھېنرىئوت تۆۋەندىكىدەك سۆزلەر ئىشلىتىلگەن بايلىق بۆلۈشۈش لايىھىسىگە دوستلىرىنى قېتىلىشنى تەكلىپ قىلغان: «مەن كىچىك ئىنىلىرىمنىڭ بارلىق مەرتىۋىنىڭ ھۆكۈمەتتىن ئىبارەت بۇ بايلىق خەزىنىسىدىن كېلىدىغانلىقىنى بىلگىنىمگە ناھايىتى خۇشال، ھازىرقى ھۆكۈمەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت. . . ئۇ ھەممىلا جايغا ئەخلاق - پەزىلەتلىك كىشىلەرنى ئورۇنلاشتۇرغان. . . بۇنىڭ ئىچىدە ھەتتا يوقسۇللار ۋە ئاغىسىز ئىشتانسىز* (snas — culttes) لارمۇ بار.» يوقسۇللار بىلەن ئاغىسىز ئىشتانسىزلار بىرى ئىشىكى ئالدىغا ئىزدەپ كەلگەندە ئاندىن ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتكە قاتناشقان ئەمەس، ئۇلار شامالنىڭ ئېقىشىغا قاراپ ئىش تۇتۇپ، ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىكى ئۆزىگە تەۋە ئورۇننى تەخىرسىزلىك بىلەن قولغا كەلتۈرۈشكەن، ئۇلار ئىنقىلابىي كومىتېتقىمۇ ئەزا بولۇپ كىردى، چۈنكى بۇ كومىتېتنىڭ غايەت زور خام چوت مەبلىغى بار ئىدى. «1783 - يىلى ۋە 1794 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئۇلارنىڭ قاقتى - سوقتى قىلىپ قولىغا كىرگۈزۈۋالغان ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنىڭ قىممىتى 3 - 4 مىليون فرانكقا يەتكەن—— بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا، بارلىق ئالاھىدە باجلارنى ئاساسەن دېگۈدەك مۇشۇ ئاغىسىز ئىشتانسىزلار يۇتۇۋالغان.»

بۇ خەلقنى ئازدۇرغۇچى سىياسەتۋازلار ئۆزلىرىنى پاك كۆرسىتىش ئۈچۈن، بىزنىڭ نۇرغۇن كىشىلىرىمىز كەمبەغەللىكتىن ئالەمدىن ئۆتتى دەپ قەستەن گەپ تارقىتىشقان، لېكىن بۇ كەمبەغەللىك ئۇلارنىڭ پاك - دىيانەتلىك ئىكەنلىكىگە

---

* ئاغىسىز ئىشتانسىزلار، فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى دەۋرىدە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ رادىكال جۇمھۇرىيەتچىلەرنى كەمسىتىپ ئاتىشى. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

www.uyghurkitap.com

ئىسپات بولالمايدۇ، ئۇلارنىڭ كەمبەغەللىكتىن ئۆلۈشىنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ قانۇنسىز توپلىغان مال ـ دۇنياسىنى بۇزۇپ ـ چېچىپ بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئىككى قولى قۇپقۇرۇق بولغان بىلەن پاكىز ئەمەس؛ ئۇلارنىڭ يانچۇقىنىڭ قۇرۇقدىلىش سۈرئىتى ئۇلارنىڭ مال ـ دۇنيا يىغىش سۈرئىتىدەكلا تېز.

نازارەتچى ھۆكۈمەت دەۋرىدە (the Directory) چىرىكلىك تېخىمۇ ئەۋج ئالدى. بۇ دەۋردىكى تىپىك مىسال بارراس (Barras) تۇر، ئۇ ئىنتايىن نەپسانىيەتچى ئۆكتەم لۈكچەك ئىدى. ئۇ ھەرقانداق پارتىيە مەزھەپكە سادىقلىقىنى بىلدۈرگەن، ھەرقانداق بىر سۈيىقەستكە قول تىققانىدى. بوناپارت (Bonaparte) ئۇنى چىرىكلەشكەن ئۇنسۇرلار ئىچىدىكى ئەڭ چىرىك ئۇنسۇر دەپ ئاتىغانىدى. مىۋە ئېيىنىڭ 18 ـ كۈنىدىن كېيىن سۈرگۈنگە ھۆكۈم قىلىنغان بۇ كىشىلەر تۆمۈر قەپەسلەرگە سولىنىپ پاراخوتقا قاچىلاش ئۈچۈن پىرىستانغا ئېلىپ كېلىنىدى، بۇلارنى قوغداپ مېڭىش ھوقۇقى گېنېرال دۇتېرترې (Dutertre) نىڭ قولىغا چۈشكەن بولۇپ، بۇ كىشى دەل ئىككى يىل ئاۋۋال ۋاندومدا بۇلاڭچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئېغىر ئەمگەككە سېلىنغانىدى.

ئىمپېراتور ناپولېئون ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلى ۋە خانلىقنى تىرىلدۈرۈش مەزگىلىدە ئىجتىمائىي ۋە ئەخلاقىي كەيپىيات بىر قەدەر ياخشىلاندى. ئارمىيىگە قاتنىشىشتىن پەخىرلىنىش، دىنىي ھېسسىياتنىڭ ئويغىنىشى ۋە سىياسىي ئەركىنلىككە بولغان تەلپۈنۈشلەر خەلقنىڭ ئەخلاقىي سەۋىيىسىنى يۈكسەلدۈردى. دۆلەت بايرىقىغا بولغان ساداقەتمەنلىك بايلىققا بولغان تەلپۈنۈشلەرنى يوقاتتى؛ ناپولېئون لەشكەرلىرىنىڭ قەلبىگە ئورناپ كەتكەن يۈكسەك ھېسسىيات دەل باتۇرلۇق ۋە شان ـ شەرەپكە بولغان ھۆرمەت ئىدى؛ ھۆرمەت، شان ـ شەرەپ ھەربىي ئەخلاقىي ـ

پەزىلەتنىڭ مۇكاپاتى ھېسابلىناتتى. خۇددى تىيېر (Thiers) ئەپەندى باھا بەرگەندەك، ناپولېئون I شان ـ شەرەپنى ياخشى كۆرىدىغان كىشى ئىدى. بىراق ئۇمۇ كۆپ قېتىملاپ باشقىلارنى سېتىۋېلىش كويىدا يۈرگەن،* ئۇ سەممىيەتسىز كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ ۋەزىران قىلغان، مەسىلەن، فوچې (Fouche) ۋە تاللېيراند** (Talleyrand) قاتارلىقلار. ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ھالاك بولۇش ھارپىسىدا ئۇ قىلغانلىرىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىپ مۇنداق دېگەنىكەن:

---

* بۇ يەردە ستائېل خانىم بۇ① ئىشقا گۇۋاھچى بولالايدۇ. ئالپىس تېغى باغرىدىكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتكەن ئالدىنقى جۇمھۇرىيەتنىڭ مۇئاۋىن پرېزدېنتى گراف مېلزىغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن 1805 ـ يىلى ناپولېئون لۇنباد قانۇن تۈرغۇزۇش پارلامېنتىغا بېرىپ گراف مېلزىغا ئۇنىڭ فرانسىيە ئىمپېرىيىسىگە ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلغانلىقىنى تارتۇقلاش ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىر مۇھىم بايلىقنى بەرمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىدۇ. «شۇ چاغدا مەن مىلاندا ئىدىم، — دەيدۇ ستائېل خانىم، — شۇ كۈنى كەچتە مەن گراف مېلزىنىڭ ناپولېئوننىڭ كىشىنى ۋەھىمىگە سالىدىغان بۇ مىكرىدىن ۋەھىمىگە چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم، چۈنكى ئۇ ناپولېئوننىڭ ياخشى كۆڭلىنى رەت قىلسا، ئۇنىڭ تۈگىمەس ئاۋارىچىلىككە قالىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. شۇڭا مەن مېلزى ئەپەندىگە بۇ بايلىقنىڭ بارلىق كىرىمىنى دەرھال ئاممىۋى قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئىئانە قىلىۋېتىڭ دەپ تەكلىپ بەردىم. ئۇ تەكلىپىمنى قوبۇل كۆردى. ئىككىنچى كۈنى ئۇ ناپولېئون بىلەن سەيلە قىلىۋېتىپ ئۆز ئويىنى ئىمپېراتورغا ئېيتىپتۇ.» ناپولېئون ئۇنىڭ بىلىكىنى تۇتۇپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ: «مەن باغلىشىمەنكى، سىزنىڭ بۇ گەپلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى ستائېل خانىمنىڭ كۆرسەتكەن ئەقلى. بىراق، ماڭا ئىشىنىڭكى، سىزنىڭ 18 ـ ئەسىردىكى بۇنداق خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرى بىلەن ئارىلىشىپ قېلىشىڭىزنىڭ پۈتۈنلەي ھاجىتى يوق. بۇ دۇنيادا پەقەت بىر ئىشلا بىزنىڭ قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ، ئۇ بولسىمۇ مەڭگۈ تىنىم تاپماستىن تېخىمۇ كۆپ بايلىق ۋە ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈشتۇر. قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى قۇرۇق خىيالدىن ئىبارەت، خالاس.» («فرانسىيە ئىنقىلابى توغرۇلۇق ئويلىنىش» 4 ـ قىسىم 18 ـ باب.«Considerations surla Revolution Francaise» . —— ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

① ستائېل خانىم (1766 ـ 1817) ، فرانسىيە ئايال يازغۇچىسى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىچىسى، «ئەدەبىيات ھەققىدە» ، «گېرمانىيە ھەققىدە» ھەمدە «دەيرفىننا» ، «گاۋلىننا» قاتارلىق رومانلىرى بار. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

** تاللېيراند (1754 ـ 1838) ، فرانسىيە دېپلوماتىيە مىنىستىرى (1797 ـ 1799) ، تاشقى ئىشلار ۋەزىرى (1799 ـ 1807؛ 1814 ـ 1825) ، ئەنگلىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچى (1830 ـ 1834) بولغان، ناپولېئون ئىمپېراتور بولغاندا مەخپىي ھالدا چار پادىشاھ ئالېكساندىر I بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ناپولېئونغا قارشى چىققان (1808) ، لېكىن لۇئى XVIIIنىڭ تەيىنلىشى بىلەن ۋىنا يىغىنىغا قاتناشقان (1814 ـ 1815) ۋە ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنى پارچىلاپ، فرانسىيىگە پايدا ئېلىپ كەلگەن. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«بۇندىن كېيىن ماڭا ھېچنېمە كېرەك ئەمەس، پەقەت سەممىيەتچىل ئادەملەر يېنىمدا بولسىلا شۇ كۇپايە.»

1789 ـ يىلىدىكى ئامېرىكىنىڭ فرانسىيىدە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى موررىسنىڭ ئەسلىمىلىرى ۋە ساكسونىيە پادىشاھلىقىنىڭ پارىژدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى گراف سېنفت (Senfft) نىڭ بىزگە پاكىتنى ئاشكارىلىغانلىقىغا رەھمەت، شۇندىلا كىشىلەر بۇ ئىشلارنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلەلىدى: تاللېيراند ئەسەبىيلىك بىلەن مال ـ دۇنيا قوغلاشقان، ئۇ توختىماستىن ئومۇمنىڭ پۇلىغا خىيانەت قىلىش ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ زور مىقداردىكى سوۋغىلىرىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق بايلىق توپلىغان. ساكسونىيە ئەلچىسىنىڭ تىلغا ئېلىشىچە، 1806 ـ يىلى بوزنەنت شەرتنامىسى سۆھبىتىنىڭ ئالدىدىلا ساكسونىيىنىڭ بۇ ئالاھىدە بەلگىلەنگەن تولۇق ھوقۇقلۇق ئەلچىسى تاللېيراندقا 1 مىليون فرانك بەرگەن. گېرمان نارسىل كىنەزلىكىنىڭ گراف ۋەزىرى گاگېرن (Gagern) ئەپەندى تاللېيراندقا زور مىقداردىكى سوۋغات ئەۋەتىش ئارقىلىق گېرمانىيىدىكى بىرقانچە كىنەزلىكنى رېين ئىتتىپاقىغا قاتناشتۇرغان (the Rhine Confederation). يېقىنقىدا نەشردىن چىققان پاسكۇئالنىڭ «ئەسلىمىلەر»ى تەمىنلىگەن تارىخىي ماتېرىياللار بۇ سابىق دىپلوماتىيە مىنىستىرىنىڭ خىيانەتچىلىك ئەھۋالىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلاپ بەردى. بۇ ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، تاللېيراند ئۆزى باشقۇرغان شەرتنامىنى باي بولۇشنىڭ يولى ئورنىدا ئىشلەتكەن. «‹رۇلۋېر شەرتنامىسى› ئۇنىڭغا خېلىلا نەپ يەتكۈزگەن: بۇ شەرتنامىدە ئاۋستىرىيىنىڭ بېلگىيىدە ئىلان قىلغان ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىنىڭ مەزمۇنىنى چوقۇم قوبۇل قىلىشى بەلگىلەنگەن بولۇپ، تاللېيراند باشقا كىشىلەر بۇ شەرتنامىنىڭ مەزمۇنلىرىنى ئۇقۇپ بولۇشتىن

ئاۋۋال دەرھال بېرىپ ئۇ ھۆججەتنى سېتىۋالغان، بۇ ئىش بىلەن ئۇ نۇرغۇن پۇل تاپقان.» ئاۋستىرىيىنىڭ ۋىنا ئىچكى كابىنېتى تاللېيراند بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتقان سۆھبەتتە ئۇنىڭ كۆپرەك ئېتىبارىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئالاھىدە سېخىيلىق قىلغان. گېرمانىيىنىڭ بىدئەتلىشىشى ھەمدە بۇ دۆلەتنىڭ زېمىن بۆلۈش توغرىسىدىكى پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى بىر تۈرلۈك يېڭى بولغان تېخىمۇ كۆپ نەپ تېگىدىغان بىر پۇرسەت ئىدى. «مەن ئۇلار ئۇنىڭدىن تېگىدىغان نەپنى ھېسابلىشىۋېتىپتۇ دەپ ئاڭلىدىم، — دەپ يازىدۇ پاسكۇئا، — ھەممىدىن خەۋەردار ئەربابلار ئۇنىڭدىن ئاز دېگەندىمۇ 10 مىليون فرانك نەپكە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەشمەكتە. بۇ لوق گۆشنىڭ تاللېيراندنى جىم تۇرغۇزمايدىغانلىقى ئېنىق، بىراق ئۇ بۇ لوق گۆشنى يالغۇز يۇتۇۋالمىغان، ئۇ ئۆزۈمگە قول - قانات بولغانلارمۇ بۇنىڭدىن نەپ ئالسۇن دەپ قارىغان. بۇ ئۆزى ئۈچۈن كېرەكلىك ۋە ساداقەتمەن قوراللارنى ئىجاد قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئىدى.»*

ناپولېئون بۇ ۋەزىرنىڭ خىيانەتچىلىك، چىرىكلىك قىلمىشىغا سەل قارىمىغان. بىر كۈنى، ئۇ تاللېيراندنىڭ بايلىقىنىڭ كېلىش مەنبەسى توغرىسىدا مۇنداق دەپ سورىغان: «تاللېيراند ئەپەندى، سىز قايسى ئۇسۇل بىلەن شۇنچىلىك بېيىپ كەتتىڭىز؟» «ئەپەندىم، — دېگەن بۇ تۈلكە ۋەزىر، — بۇنىڭ چارىسى ناھايىتى ئاددىي، مەن تۇمانلىق ئاينىڭ 18 - كۈنىنىڭ ھارپىسىدا

---

* «ۋەزىر پاسكۇئانىڭ ئەسلىمىلىرى» 1 - جىلد 249 -، 339 - بەتلىرىگە قارالسۇن. ئاۋستىرىيىنىڭ ۋىنا ئىچكى كابىنېتى تاللېيراندنىڭ كۆپرەك ئېتىبارىنى سېتىۋېلىشتا دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرىدىكى ئەنئەنىۋى ئۇسۇلنى، يەنى ئامال بار چەت ئەللەرنىڭ مىنىستىرلىرىغا پارا بېرىپ ئۇلارنى سېتىۋېلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. ۋېرسال ئىچكى كابىنېتىمۇ ئەنگلىيە، ئاۋستىرىيە ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ مىنىستىرلىرىغا شېرىنكانە ئەۋەتىپ تۇراتتى. «توگېت مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئاۋستىرىيىلىك كونزنى سېتىۋالغان، ئۇ ئۆزى بولسا 1768 - يىلىدىن بېرى فرانسىيە ئوردىسىدىن شېرىنكانە ئېلىپ كېلىۋاتاتتى.» —— ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھۆكۈمەتنىڭ پاي چېكىنى سېتىۋالدىم ۋە دەرھال سېتىۋەتتىم.» 1807 ـ يىلى تاللېيراند ئۆزىنىڭ كۆپ يىللىق ئاممىۋى ئىشلارغا قوشقان تۆھپىسىنىڭ مۇكاپاتى ھېسابىغا، شۇنداقلا مىنىستىرلىك ۋەزىپىسىدىن چۈشكەندىن كېيىن ئۆزىگە بىر چېكىنىش يولى ھازىرلاپ قويۇشنى ئويلاپ ئىمپېراتوردىن سايلام ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆزىگە بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ناپولېئون ئۇنىڭ بۇ تەلىپىدىن ئىنتايىن خاپا بولۇپ ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: «مەن سىزنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئۆزىڭىزنى يۇقىرى ئابرۇيغا ئېرىشتۈرگەن ئورۇندىن ۋاز كېچىپ، يۇقىرى ئىمتىيازلىق ئادەم بولۇشنى خالاپ قالغانلىقىڭىزنى چۈشەنمىدىم، مېنىڭ بىلىشىمچە سىزنىڭ بۇ ئورنىڭىز سىزگە غايەت زور بايلىق ئېلىپ كەلگەنىدى.» تاللېيراندنىڭ ئىز باسارى چامپاني (Champagny) ئەپەندى بولۇپ، ئۇنىڭ سەممىيىتىنى ناپولېئون ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيتتى: «مەن ئۇنىڭ ھەرقانداق پۇل سەتچىلىكى بىلەن ئالاقىسى بارلىقىنى ئاڭلىمىدىم.» ئەڭ ئاخىرىدا، ناپولېئون تاللېيراند بىلەن فوچېنىڭ قايتىدىن ئەپلىشىپ ئۇنى ئاغدۇرماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئىسپانىيىدىن قايتىپ كېلىپ ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىنى بەربات قىلدى، ئۇ بىرقانچە مىنىستىرنىڭ ئالدىدا ئەڭ ئاچچىق، ئەڭ سەت تىللار بىلەن تاللېيراندنى تىللاپ ئاچچىقىنى چىقاردى ھەمدە ئۇنى ئوغرى دەپ ئاتىدى.»

لۇئى XVIII ناپولېئون دەۋرىدىكى بىر تۈركۈم ئوردا تۆرىلىرىنىڭ كېيىنكى پالاتاسىدا ئىشلىشىگە رۇخسەت قىلغان ھەمدە فوچېنى داۋاملىق مىنىستىر قىلىپ ئىشلەتكەن. تاللېيراندنىڭ خان ئوردىسىنىڭ يېنىدىكى فوچېنىڭ قورۇسىغا كەلگەنلىكىنى كۆرگەن چاتوبراند (Chateaubriand)* بۇنى «جىنايەتنىڭ رەزىللىكلىرى

* چاتوبراند (1768 ـ 1848) فرانسىيىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى رومانتىزملىق يازغۇچىسى، دىپلوماتى، «دەريا بويى ئەسلىمىلىرى» ۋە شىمالىي ئامېرىكا ئىندىئانلىرى تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «ئاتالا» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. بوربون خانلىقى تىرىلگەندىن كېيىن دىپلوماتىيە ۋەزىرى ۋە چەت ئەللەردە تۇرۇشلۇق ئەلچى بولغان. —— خەنزۇچە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

يەنە ئۇ يەردە پەيدا بولىدىغان بولدى» دەپ مۇھاكىمە قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىساللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، خانلىقنى تىرىلدۇرۇش مەزگىلىدىكى ۋەزىرلەرنىڭ ھەممىسى پاك ئىدى، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار پاك ـ ئادىللىق بىلەن دۆلەتنى باشقۇرغان.

پولىگنا(Polignac) ئىچكى كابىنېتىنىڭ دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرى بارون. دوئاۋسېز (Baron d' Haussez) ئۆزىنىڭ يېقىندا نەشر قىلغان ئەسلىمىسىدە يېزىشىچە، خانلىقنى تىرىلدۇرۇش مەزگىلىدىكى ھۆكۈمەت پاك بولۇپ، بۇ ھۆكۈمەتنىڭ غولىشىنىڭ سەۋەبى سېتىۋېلىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى قوللايدىغانلارنى يېنىغا تارتمىغان ۋە شۇ مەزگىلدە سېتىلىش ئالدىدا تۇرغان بىر قىسىم سايلام بېلىتىنى سېتىۋالمىغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىراق، يەنە ئازراق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئۆكتىچىلەر لاگېرىدىكى بىر قىسىم بېلەتنى قولغا كەلتۈرۈپ بېلەت سانى ئەۋزەللىكىگە ئېرىشىش كېرەك ئىدى. پەقەت ئازراقلا مەرتىۋە، ئازراقلا پۇلنىڭ مېھرىدىن كەچكەندە بۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولاتتى. . . بىزدە تۇغما بىلىمنىڭ باھا جەدۋىلى بار، باھاسى ئانچە ئۆرە ئەمەس، ھەربىر ئادەم ئۇنىڭ قىممىتىدىن تۆۋەن بولغان باھادا ئۇنى سېتىۋالالايدۇ. ئۆكتىچىلەر ئارىسىدا، ئىنتايىن قىزغىنلىق بىلەن خانلىقنىڭ ئىشلىرىغا قارشى چىققۇچىلارنى ھىمايە قىلغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا چوقۇم بۇ سودىنى قىلىشنى خالايدىغان ھايانكەشلەر بار. بەلكىم يۈزمۇ يۈز بىر يەرگە كېلىپ قالغاندا تېخىمۇ تۆۋەن باھادا پۈتۈشكىلى بولۇشى مۇمكىن. پادىشاھ ۋە شاھزادە مەسلىھەتچىلەر بۇ پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويماستىنلا ئۇنى رەت قىلغان.» بارون. دوئاۋسېز پادىشاھ ۋە شاھزادىگە خان جەمەتى خىراجىتىدىن 20 بېلەتكە كېرەكلىك پۇلنى چىقىرىش تەكلىپىنى

www.uyghurkitap.com

بەرگەندە، شاھزادە «خان جەمەتى خىراجىتىگە چىقىلىشقا بولمايدۇ» دەپ رەت قىلىشۋەتكەن. «بىراق، مۇشۇ يىغىن ئېچىلىپ ئىككى ئايدىن كېيىنلا پادىشاھ شېربۇرگقا كېتىپ قېلىشقا مەجبۇرى بولغان.»

1830 ـ يىلىدىكى ئىنقىلاب غەلىبە قىلىپ ئىككىنچى يىلى، ئىيۇل ئىنقىلابى غەلىبىچىلىرىنىڭ ئاشۇ نومۇسسىز نەپسانىيەتچىلىكى باربىئېر (Barbier) نىڭ كۈچلۈك ئىجادىيەت ئىلھامىنى قوزغاپ دەررۇ «ئولجا» (The Quarry) ۋە «خەلق كۆڭلى» (Popolarty) ماۋزۇلۇق ئىككى پارچە مەشھۇر شېئىر يازدى. بىرقانچە يىل ئۆتۈپ، فرانسىيە تىياتىرخانىلىرىدا دېلاۋىنى (Delavigne)* نىڭ «خەلق قەلبى» ناملىق كومېدىيىسى ئوينالدى. بۇ كومېدىيىدە گۈزەل شېئىرىي مىسرالار بىلەن ئەينى چاغلاردىكى كىشى كۆڭلىنى چىگىپ، غەزەپ ـ نەپرىتىنى قوزغايدىغان سىياسىي چىرىكلىكنى كۈچلۈك ساۋىغان. كومېدىيىدىكى بىر پېرسوناژنىڭ تۆۋەندىكىدەك سۆزلىرى بار:

نەدىن كەلدى چىرىكلىك دېگەن؟
ئىدىم شۇنداق پاك ھەم پاكىزە،
كىشىلەر ھەم بىلەتتى مېنى:
سەھەر ئۆيگە كەلدى ئىككىسى،
بىرى ماڭا ئۆزىنى ساتماقچى، يەنە بىرى مېنى سېتىۋالماقچى.
سەن دەيسەن: ئورنىتىمىز جۇمھۇرىيەتنى.

---

* دېلاۋىنى (1793 ـ 1843) فرانسىيە دراماتورگى، شائىر شېئىرلىرى ئارقىلىق خانلىقنى ئىرىلدۇرۇشكە زەربە بەرگەن، ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «مېسسىنىيالىقلار» ناملىق شېئىرى ۋە «قېرىلار مەكتىپى» ناملىق كومېدىيىسى بار. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

مەن دەيمەن: «نېمىگە تايىنىپ؟ ئەخلاققىمۇ؟ رىم ئەخلاقى كەتتى قەيەرگە» ؟
ناچار خۇلق چىرىك بىر كىشى
دەل مۇشۇ ناچار خۇلقلىرى بىلەن ئۆتەر باياشات،
بېلەت تاشلاش بولۇپ قالدى رەزىللىكنىڭ بىر ئويۇنچۇقى،
سېتىۋالارسىز بازار نەرخىدە
ئالتۇننىڭ خاسىيىتىدە سېسىقناملار بولدى ئەزىزنام،
كىم ئۇ يەردە سالدى ئالتۇن ئۆي، ئۇ دەل پاتقاق يەرگە سالدى ئالتۇن تام.

—— «تۆتىنچى پەردە»

1838 ـ يىلى توكۋىل (Tocqueville) مەمۇرىي خادىملارنىڭ ئۆز تەسىر كۈچىنى سودا ئوبيېكتى ئورنىدا ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، كۈچلۈك يىرگىنىش تۇيغۇسىنى ئىپادىلىگەنىدى. دەل شۇ ۋاقىتلاردىن باشلاپ پۇل مۇئامىلە شىركەتلىرى پادىشاھ، گېرتسوگ، ماركىز، گراف ۋە سىياسەتۋازلارنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىدىكى تەسىر كۈچىنى باھالىتىشقا ۋە باھاسىنى ئېلان قىلىشقا دەۋەت قىلىشقا باشلىدى. باش تەپتىش دۇپىن (Dupin) ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ باشقىلارغا سېتىلىشىنى ۋە باشقىلارنىڭ ئىرادىسى بويىچە بېلەت تاشلاش ھادىسىلىرىنى قاتتىق تەنقىد قىلغانىدى ھەم ئۇلارنىڭ ۋەكىللەرگە تەقسىم قىلىپ بەرگەن پاي چەكلىرى ئۇلارنىڭ ۋىجدانىنى ھەقىقەت، ھەقىقىي ئەھۋال ۋە ئادالەتنىڭ تەسىرىدىن توسىدىغان توساق دەپ كۆرسەتكەن. 1846 ـ يىلى 17 ـ مارتتا سۆزلىگەن

نۇتقىدا ۋە شۇ يىلى ئىيۇلدا خەلققە يازغان بىر پارچە خېتىدە، تېير كۇنسايىن ئەدەپ كېتىۋاتقان چىرىكلىك ھادىسىلىرىنى تەنقىد قىلغان ۋە سايلام نەتىجىسىگە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان سودىلىشىش ھادىسىلىرىگە بولغان ئۆچمەنلىك غەزىپىنى بىلدۈرگەن. كاتتا باي روسچىلد شىركىتى ھۆكۈمەتكە شىمالىي تۆمۈريولىنىڭ ئالاھىدە تىجارەت ھوقۇقىنى ئىلتىماس قىلماقچى بولغاندا، بىر قىسىم پارلامېنت ئەزالىرى ئالدىراش - تېنەش بۇ شىركەتنىڭ ئىشخانىسىغا بېرىپ، بازار باھاسىدىن نەچچە يۈز فرانك ئۆرە بولغان تۆمۈريول پېيىنى بېرىشنى ئىلتىماس قىلىشقان. روسچىلد شىركىتى بولسا ئۇلارغا بۇ پاينى ئاددىي سوۋغا سۈپىتىدە ھېچقانداق ھەق ئالمايلا سوۋغا قىلغان. «بىراق، ھەممە كىشى نەق مەيداندىلا بۇ سوۋغاتقا ئېرىشىشنى ئىلتىماس قىلىشتى»، — دەپ يازىدۇ ھېينې (Heine) سىياسىي تۇرمۇشتىكى ئەخلاق سەۋىيىسىنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، 1848 - يىلىدىن خېلى بۇرۇنلا توكۇل، ئېررېي ۋە باشقا سەگەك كىشىلەر بىر مەيدان ئىنقىلابنىڭ پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەنىدى.* 1847 - يىلى سابىق ئۇرۇش ئىشلىرى مىنىستىرى، فرانسىيىلىك ئاقسۆڭەك گېنېرال دېسبان. گۇبېير (Desbans Cubieres) گورنام كۆمۈر كېنىنىڭ لېدىرى ئەينى ۋاقىتتىكى ئاممىۋى قۇرۇلۇش مىنىستىرى تېستې

* بارلىق ئۇلۇغ شائىرلارغا ئوخشاش، ھېينىنىڭ كۆزى سىياسىئونلارنىڭ كۆزىدىنمۇ ئۆتكۈر ئىدى. 1814 - يىلىلا ئۇ بىر يېڭى ئىنقىلاب پىشىپ - يېتىلىۋاتقانلىقىنى جاكارلىغان. «ئانچە ئۇزۇن قالمىدى، — دەپ يازىدۇ ئۇ، — ئۇ چاغقا بارغاندا فرانسىيىدە ئوينىلىۋاتقان بارلىق ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيىنىڭ كومېدىيىلىرى ھەمدە قەھرىمانلار ۋە ئۇششاق ئارتىسلار كىشىنىڭ قورقۇنسىنى كەلتۈرىدىغان قورقۇنچلۇق بىر ئاقىۋەتكە قالىدۇ، ئۇنىڭ ئارقىدىنلا ئوينىلىدىغىنى، كوممۇنىزمچىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلى، دىكى مەيدان ئاخىرلاشتۇرۇش ئويۇنى». ——
ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

(Teste) غا 100 مىڭ فرانكنى ھۆكۈمەت تارقاتقان ئالاھىدە تىجارەت گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن سوۋغا قىلغان دەپ ئەيىبلەندى. پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك ئىشلىرى تولۇن. لې ھاۋر، شېربۇرگلاردىكى قورال - ياراغ ئىسكىلاتلىرىدىمۇ يۈز بەرگەن. ھۆكۈمەتنىڭ نامىنى شەرمەندە قىلغان بۇ سەتچىلىكلەر لۇئى. فىلىپنىڭ تەختتىن چۈشۈشىنى تېزلەتتى. بۇ سەتچىلىكلەر پەيدا قىلغان بالايىئاپەتلەر جىنايەتلەر پەيدا قىلغان بالايىئاپەتلەردىن ئېشىپ چۈشتى، يەنە كېلىپ نۇرغۇن پاك - ئادىل پادىشاھلارنىمۇ سۆرەپ كەتتى، ئۇلارنى سەممىمىي مەھرىمىدىن، پاك، ئادىل ۋەزىرىدىن ئايرىۋەتتى.

كىتابىمىزنىڭ تارىخىي تەتقىقاتىغا ئادىل بىر نام قالدۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن، فرانسىيە ئىككىنچى ئىمپېرىيىسى ۋە فرانسىيە ئۈچىنچى جۇمھۇرىيىتى مەزگىلىدىكى سىياسىي چىرىكلىكنى تېخىمۇ ئۇجۇر - بۇجۇرلىرىغىچە بايان قىلىش نىيىتىم يوق. ھېلىمۇ ناھايىتى ئۇزۇن سوزۇۋەتكەن بۇ بابنىڭ مەزمۇنىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئەمدى چىرىكلىكنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ باقماقچى.

## سىياسىي چىرىكلىكنىڭ سەۋەبلىرى

چىرىكلىكنىڭ سەۋەبلىرى تىلغا ئېلىنغاندا، بولۇپمۇ سىياسەتۋازلارنىڭ چىرىكلىكنىڭ سەۋەبى تىلغا ئېلىنغاندا تامامەن شۇنداق دېيەلەيمىزكى، بۇ ئۇلارنىڭ ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلگەنلىكىدىن بولغان، پەقەت مۇشۇلا ئۇلارنىڭ چىرىكلىكىنىڭ سەۋەبىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ئۇلار تىياتىرخانىلاردا، مېھمانخانىلارنىڭ ئارام ئېلىش ئۆيلىرىدە قونۇپ قېلىشقا رازىكى،

ئۆيلىرىدە تۇرغۇسى كەلمەيدۇ.*

رىمدا، جۇمھۇرىيەت ھالاك بولۇش ھارپىسىدا سىمسىق نامى پۈر كەتكەن ئاياللار بىلەن بىنورمال مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتقان سىياسىئونلارنىڭ سانى خېلىلا كۆپ ئىدى، خۇددى ھازىرقىغا ئوخشاش. ئەينى ۋاقىتتىكى ئاياللارمۇ ئەيش - ئىشرەت ۋە كەيپ - ساپالىق تۇرمۇشقا ھەددىدىن ئارتۇق بېرىلگەن بولۇپ، ئېسىل ئائىلىلەرنىڭ ئاياللىرى ناھايىتى بەزەپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى، ئۇلار دائىم تالانتلىقلار، يازغۇچىلار ۋە سىياسىئونلارنى تەكلىپ قىلىپ كاتتا زىياپەتلەرنى ئۆتكۈزەتتى. ئەينى يىللاردا مەيدانغا كەلگەن بىرقانچە كومېدىيىلەرنىڭ ئاساسلىق پېرسوناژلىرى كەمبەغەل، نامرات ئائىلىدىن كېلىپ چىققان سىياسىئونلار ۋە بانكىرلارنىڭ ئوبرازىنى جانلىق سۈرەتلەپ بەرگەن. بۇ كىشىلەر ئۆز خۇشاللىقلىرىغا قانائەت بېغىشلايدىغان شۆھرەتپەرەسلىكتىن كېلىپ چىقسان قىزغىن مەنزىرىلەرنى قوشۇش ۋە ئاشۇ ئېسىلزادە ئاياللارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن ناھايىتى يۇقىرى بەدەل تۆلىشەتتى، بۇلاردىن ئارتىۋالغان قەرزلەر ئۇلارنىڭ ئاقسۆڭەكلىكتىن قاقسەنەم ئاددىي يوقرالىققا چۈشۈپ قېلىشىغا يېتەتتى. بۇخىل بۇزۇقچىلىق رىمنىڭ ھەممىلا يېرىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. دەل مۇشۇ خىل سەۋەب تۈپەيلىدىن، سۇللانىڭ قىزى، يەنى مىلو (Milo) نىڭ ئايالى فائۇستا (Fausta) نى نۇرغۇن كىشىلەر قوغلاشقانىدى. «كىشىلەر ئۇنىڭغا ئاشىقى - بىقارار ئىدى، چۈنكى بۇ ئاشىق - بىقارارلىق

---

* مىرابو ئۇسسۇلچىلار بىلەن بىللە بولۇشقا رازىكى، ئايالى بىلەن تۇرغۇسى كەلمەيتتى، گروندېلارۋە ياكوبىنچىلارمۇ تىياتىرخانىنىڭ ئارام ئېلىش زالىنىڭ دائىملىق مېھمانلىرى ئىدى، بۇ ئىشلار ھەتتا فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى دەۋرىدىمۇ ئۈزۈلۈپ قالمىغانىدى. —— ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

ئۇلارنىڭ شۇ دەرىجىدە ئېسىل مەرتىۋىدىكى بىر ئايال بىلەن زىچ مۇناسىۋەت قىلالىغانلىقىدەك شۆھرەتپەرەسلىكىنى قانائەتلەندۈرەتتى.
ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن ئېرىشىدىغىنى باش دىكتاتور (the dictator)* نىڭ كۈيئوغلى بولۇشتەك شان - شەرەپ بولۇشى مۇمكىن. قاتتىق ئەخلاقشۇناسلىق قارىشى بويىچە تارىخنى بايان قىلىدىغان ساللۇست (Sallust)** فائۇستا بىلەن كۆڭۈل ئېچىۋاتقاندا، فائۇستانىڭ ئېرى كېلىپ قېلىپ ساللۇست ئۇنىڭدىن ئۆلگۈدەك قامچا يەيدۇ. بۇ قېتىمقى تەۋەككۈلچىلىك ئۇنى قايتىلاپ پەلىپەتىشلىك بىلەن يۇقىرى تەبىقە ئاياللىرىغا ئاشىق بولمايدىغان، تۆۋەن تەبىقە ئاياللىرى بىلەنلا قانائەت قىلىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈۋېتىدۇ، چۈنكى بۇ ئاياللار بىلەن بىللە بولغاندا ئۇنداق خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشنىڭ ھاجىتى بولمايتتى.

ساللۇستنىڭ كەچۈرمىشلىرى شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئىدى: ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلەتتى، قىمار شىرەلىرىدە تاڭ ئاتقۇزاتتى، پۇلنى غازاڭدەك خەجلەيتتى، خىزمىتىدىن ئۆز ئېھتىياجىنى قانائەتلەندۈرىدىغان قورال سۈپىتىدىلا پايدىلىناتتى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن باشقا كىشىلەردەك ئۆزۈمنى دۆلەت مەمۇرلىرىنىڭ ئورنىغا قويۇۋېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن تەۋەككۈل قىلدىم. يۈزى قېلىنلىق، نەيرەڭۋازلىق ۋە خىيانەتچىلىك، چىرىكلىكلەر سىپايىگەرلىك، تۆھپە، شان - شەرەپ، دۇرۇس - سەممىيلىكنىڭ ئورنىنى ئالدى. قەلبىمنىڭ

* بۇ يەردە سۇللا كۆزدە تۇتۇلىدۇ، سۇللا رىم دەۋرىدىكى چوڭ قۇلدار بولۇپ، سپارتاك قوزغىلىڭىنى باستۇرغان جاللات، قەدىمكى رىمنىڭ ئالاھىدە مەزگىلىدىكى مۇستەبىتى. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

** ساللۇست (مىلادىدىن بۇرۇنقى 86 - يىلىدىن 34؟ - يىلىغىچە) قەدىمكى رىم تارىخشۇناسى ۋە سىياسىئونى، خەزىنە بېگى، خەلق پاسىبانى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان، كېيىن كايسارنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ نومىدىيىنىڭ باش ۋالىيسى بولغان، «خادىلىن ئۇرۇشى»، «يۇگۇرتا ئۇرۇشى» قاتارلىق تارىخىي ئەسەرلىرى بار. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

چوڭقۇر يېرىدە كىشىنىڭ قۇسقۇسىنى كەلتۈرىدىغان بۇ ئىشلاردىن يىرگەنسەممۇ، لېكىن ياشلاردىكى قارامىلىق بىلەن ئىش قىلىش، پەرق ئېتىش ئىقتىدارى كەمچىل بولۇش، قارانىيەتنىڭ ۋەسۋەسىسى قاتارلىقلار مېنى بۇ كۈرەشتىن ۋاز كېچىشكە يول قويمايتتى.» ساللۇست مانا مۇشۇنداق بىر ھەقىقىي مىسال ئىدى: ئۇ باشقىلارنى ھوقۇق ۋە بايلىق قوغلاشتى دەپ تەنقىد قىلسىمۇ، لېكىن ئۆزىمۇ ھوقۇق ۋە بايلىق تەرىپىدىن غىدىقلىنىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ سۆز - ھەرىكىتى كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتكە قاراپ ئېيتىلاتتى. تۇرۇپ خەلققە قۇيرۇق شىپاڭشىتسا، تۇرۇپ كايسارنىڭ ئوردىسىدا ۋەزىر بولۇۋالاتتى، ئۇ ھىيلە - مىكىر ۋە پارا بىلەن ھوقۇققا ئېرىشىپ ھوقۇقنى بېيىشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالغانىدى. ئۇ ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان نۇمىدىيە (Numidia) نى شەپقەتسىزلىك بىلەن بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، نۇمىدىيىدىن رىمغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىچىدە چىرايلىق سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى ۋە مۇنچىسى بولغان بىر ھەشەمەتلىك قەسىر سالدۇرغان، ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا ئۆز ئەسەرلىرىدە داۋاملىق قارانىيەت ۋە نەپسانىيەتچى سىياسىئونلارنىڭ رەزىللىكىدىن پۇخادىن چىققۇچە ئاچچىقىنى چىقارغان. ئۇ ئۆزىنىڭ رەزىللىكىگە ساختىپەزلىك ئېلېمېنتلىرىنى قوشقان، بولمىسا ئۇ بۇنچىلىك چۈشكۈنلەشكەن سىياسەتۋاز بولالمايتتى.

ئەينى ۋاقىتتا خۇددى بۈگۈنكىگە ئوخشاش، نىكاھتىن ئاجرىشىش ئارقىلىق ئاياللىنى ئالماشتۇرۇش ئىنتايىن ئاسان ئىدى. سىياسەتۋازلار بۇ ئۇسۇلنى ئومۇمىيۈزلۈك قوللىناتتى. ئانتۇستىيا (Antustia) نى قويۇۋەتكەندىن كېيىن پومپېي (Pompey)* ئەلگىرى - كېيىن بولۇپ ئېمىلىيە (Emilia)،

---

* پومپېي (106 ـ 48 BC)، رىم سەردارى، سىياسىئون، ئىككى قېتىم كونسۇل بولغان (55؛ 70) كايسار، كراسسلەر بىلەن بىرلىشىپ «ئالدىنقى ئۈچلەرئىتتىپاقى» نى بەرپا قىلغان. كېيىن كايسار بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىپ فاساللۇستا كايسار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان ۋە مىسىرغا قېچىپ كېتىپ شۇيەردە ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

مۇتىيە (Mutia) بىلەن توي قىلدى، ئاندىن بۇ ئىككى خوتۇننى بىر تېپىكتىلا تېپىۋېتىپ جۇلىيە (Julia) بىلەن توي قىلدى. لۇكۇللۇس (Lucullus)* كلودىيە (Clodia) نى قويۇۋەتكەندىن كېيىن كاتو (Cato)** نىڭ سىڭلىسى سېرىللىيە (Serillia)*** بىلەن توي قىلدى، كېيىن ئۇنىمۇ قويۇۋەتتى. كايسار بولسا بىر داڭدار شاللاق ئەر ئىدى، ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تۆت ئايال بىلەن توي قىلغان ھەم ئاجراشقان، ئۇنىڭ يېنىدىكى ئاشنىلىرىنىڭ بولسا سانىنى ئېلىپ بولمايتتى، تېخى ئۇلارنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن چەت ئۆلكىلىك ئاياللار ۋە چەت ئەل پادىشاھلىرىنىڭ خانىشلىرى بار ئىدى. ئانتونىي (Antony) مۇ شاللاقلىقتا سېسىق نامى پۇر كەتكەندى. ئانتونىي ئىتالىيىنى ئايلىنىش جەريانىدا ئۇنىڭغا ئايالى ۋە ئۇسسۇلچى سىتارى (Cytharis) ھەمراھ بولغان. سىسېرو ۋە ئاتىكا (Atticus) ئىلگىرى سىتارى بىلەن تاماقتا بىللە بولغانىكەن. سىسېرونىڭ ئايالى تېرتۇلىيە (Tertulia) بىلەن ئاجرىشىشىنىڭ سەۋەبى، قەرز قايتۇرۇش ئۈچۈن ئىكەن. ئۇ 63 ياشقا كىرگەن يىلى بىر باي ئائىلىنىڭ ياش قىزى بىلەن توي قىلغان ھەم سېسىق نامى پۇر

---

* لۇكۇللۇس (110 ـ 56 BC)، رىم سەركەردىسى، مالىيە ئەمەلدارى، مەمۇرىي ئەمەلدار بولغان بىندونىڭ پادىشاھى Mithradates Ⅵ نىڭ تاجاۋۇزىنى چېكىندۈرگەن، ھەشەمەتچىلىك، مەيخورلۇق ۋە ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن مەشھۇر. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

** كاتو (95 ـ 46 BC)، قەدىمكى رىم سىياسىئونى، چوڭ كاتونىڭ نەۋرىسى، ستوئىتسىزم پەلسەپىسىنىڭ مۇرتى، سېنات ۋە جۇمھۇرىيەت مەزھىپىنى ھىمايە قىلىپ، كايسار ۋە خارلىنغا قارشى چىققان، جۇمھۇرىيەت قوشۇنى ئۇرۇشتا يېڭىلگەنلىكتىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

*** كاتونىڭ ئىككى سىڭلىسى بار ئىدى، بىرى لۇكۇللۇس تاشلىۋەتكەن سېرىللىيە، يەنە بىرىنى كايسار ئالداپ كەتكەن. كاتونىڭ ئايالىنىڭ مىجەزى ئىنتايىن ئوسال بولغاچقا، گەرچە ئۇ كاتوغا ئىككى بالا تۇغۇپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن كاتو يەنىلا ئۇنى قويۇۋېتىپ مارسىيە بىلەن توي قىلغان، كېيىن ئۆزىنىڭ ئايالىنى دوستى خورستوسىئوسقا ئۆتۈنگەن. پلۇتارك كاتونىڭ دوستى رېچېلېئونى مىسال قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ ئۆمرىدە پەقەت بىرلا خوتۇن بىلەن ئۆتكەن. —— ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەتكەن سېرىللىيە (Cerillia) ئىسىملىك بىر ئايالدىن زور بايلىققا ئىگە بولغان.* سىسېرونىڭ ئايالى ئۇنىڭدىن ئاجراشقاندىن كېيىن ساللۇست بىلەن توي قىلغان.

قارانىيىتى قۇتراپ تۇردىغان كىشىلەر ھەممىشە ھوقۇقنى ئاياللارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويىدۇ. سېسېگۇس (Cethegus) رىمدا ھوقۇق تۇتقان مەزگىلدە ھوقۇقنى ئەمەلىيەتتە پروسىيە (Procia) ئىسىملىك بىر پاھىشە تىزگىنلەپ تۇراتتى. پروسىيەنىڭ سېسېگۇسنى تىزگىنلەپ تۇرۇشى سەۋەبلىكلا، لۇكۇللۇس سىتسىلىيىنىڭ باش ۋالىيلىقىنى ۋە مىسىردىكى ھەربىي يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇننىڭ باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى قولىغا چۈشۈرۈۋالغان. بۇ ئورۇننى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ

---

* مونتىسكيۇ «سىسېرو ئاجايىپ تالانتلىق، لېكىن روھى بەتبەشىرە بىر ئادەم ئىدى دەيدۇ» («رىمنىڭ گۈللىنىش ۋە خارابلىشىش سەۋەبلىرى ھەققىدە»، 12-باب). ئۇنىڭ گۈزەل ھېسسىياتلىرىنى سىياسىي تۇرمۇش خورىتىۋەتكەنىدى. قارانىيىتىنىڭ ۋەسۋەسىسىدە ئۇ نام-ئابرۇي ۋە مەنپەئەت قوغلاشقان ھەمدە ھەرقايسى مەزھەپلەرگە ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىغان؛ ئۇ ئاتىكاغا يازغان 22-خېتىدىمۇ ئۆزىنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان. ئاسىيادىن كەلگەن باج باھالىتىدىغان كىشىلەر باج يىغىشنى كۆتۈرە ئېلىۋېلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ بۇ توغرىسىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئەمەلىيەتتە بۇ تەلەپ پۈت تىرەپ تۇرالمايتتى، لېكىن مەن يەنىلا ئۇنى قوللىدىم ۋە بۇنىڭغا قاملاشتۇرۇپ بىر باھانە تاپتىم،... بىرتۇرلۇك ئىپلاس سودا، بىر رەزىل ۋاستە... » ئاتىكاغا يازغان يەنە بىر خېتىدە يەنى 26 - خېتىدە ئۇ تولۇقلاپ مۇنداق دەيدۇ: «باجنى كۆتۈرە ئالغۇچىلار ئوتتۇرىغا قويغان قەرزلەرنى بىكار قىلىش تەلىپى راستىنىلا تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر يۈزى قېلىنلىق ئىدى.» ھالبۇكى، سىسېرو يەنىلا بۇ تەلەپنى قوللاپ چىققان. يەنە بىرقېتىم، سىسېرو سېناتتا چەۋەندازلارنىڭ بىر تەلىپىنى قوللىغان، ئۇلار ئۆزلىرىگە زىيان بولغاندەك ھېس قىلىشقان. چۈنكى، پارا يېگەن سودىيە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىشقا باشلىغانىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاقلاش سۆزىدە بەزى كىچىككىنە مۇھىم پاكىتلارنى تىلغا ئېلىپ قوياتتىكەن ھەم ئەزەلدىن ھىيلە - مىكىرنى ئىشلىتىپ سودىيىنى ئالداپ كېتەتتىكەن. سىسېرونىڭ ئاقلىشى بىلەن گۇناھسىز دەپ ھۆكۈم قىلىنغان مۇراسىئوس سىسېرونىڭ بىر دوستى ئۈستىدىن ئەرز قىلغاندا، قاتتىق ئاچچىقى كەلگەن سىسېرو ئۇنى ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان دەپ تىللايدۇ، ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ: «شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، مۇراسىئوس، سەن تېخى يېقىنقى بىر ۋەقەدە مەن ھىيلە ئىشلىتىپ سودىيىنى ئالداپ كەتكەچكە گۇناھسىز دەپ قويۇپ بېرىلدىڭ، مەن شۇنداق قىلغاچقىلا ئۇلار سېنىڭ ھەقىقىي جىنايىتىڭنى بىلەلمەي قالدى.» (پلۇتارك «سىسېرونىڭ تەرجىمىھالى»). —— ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

قىلمىغان چارىسى قالمىغان بولسىمۇ، يەنىلا ئامال قىلالمىغان، ئەڭ ئاخىر لۇكۇللۇس «بۇ پاھىشىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشقا كۈچ سەرپ قىلغان. ئۇنىڭغا سوۋغا تەقدىم قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى ماختاپ ئۇچۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن تەدرىجىي ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۇتقان، ھالبۇكى مۇشۇنداق بىر قارانىيەتلىك ۋە تەكەببۇر بىر ئايال ئۈچۈن بۇ ئىنتايىن زور شەرەپ ھېسابلىناتتى، ئۇ لۇكۇللۇستەك مۇشۇنداق مۇھىم كىشىلەرنىڭ نەزىرىگە ئېلىنىشىم كېرەك دەپ ئويلىغان.»

قەدىمكى يۇناننىڭ پاھىشىلىرىمۇ سىياسەتۋازلارغا زور تەسىر كۆرسەتكەن. پېرىكل دەۋرىدە، ئاسپاسىيە «ئامال بار ئاشۇ ھوقۇقدارلارنى ئۆز قىلتىقىغا ئىلىندۇرغان.» پېرىكل دەل ئۇنىڭ تىرىشچان مېھمىنى ئىدى، ھەتتا ئۇ شۇ سەۋەبتىن قانۇنلۇق ئايالىدىنمۇ ئاجراشقان؛ ئىش شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنكى، پېرىكل ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە مىلېتو (Miletos) لىقلارنى قوللاپ، سامىئا (Samian) لىقلارغا جەڭ ئېلان قىلغان. پارس پادىشاھلىرى يۇنان پاھىشىلىرىنىڭ سىياسىئونلارغا بولغان تەسىرىنى ئوبدان بىلگەچكە، ئۆزلىرىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن بۇ پاھىشىلەرگە كۆپ قېتىملاپ يېلىنغان.*

---

* پلۇتارك: «پېرىكلىنىڭ تەرجىمىھالى» ئېپامىنوندا ئىلگىرى① كىچىككىنە سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويغان بىرتۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىنى زىنداندا تاشلايدۇ. ئۇنىڭ دوستى پېلوپىدا① ئېپامىنونداغا بۇ ②بىچارە كىشىنى قويۇپ بېرىشنى، ئۇنىڭغا ھۆرلۈك بېرىشنى ئۆتۈنگەندە «ئۇ بۇنداق قىلىشنى رەت قىلىدۇ. بىراق، ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىسى قويۇق بىر ئايال ئۇنىڭدىن يەنە مۇشۇنى ئۆتۈنگەندە، ئۇ ئايالنىڭ ئۆتۈنۈشىگە تېز يول قويىدۇ ھەم بۇ ئاياللارنىڭ، شۇنداقلا ئاشنامىنىڭ ھوقۇقى، ھەرگىزمۇ ھېلىقىدەك ئەرلەرنىڭ ھوقۇقى ئەمەس دەيدۇ.» —— ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

① ئېپامىنوندا (420 ـ BC 362) يۇناننىڭ تېبىسلىق سەردارى، سپارتالىقلارنى ئىككى قېتىم مەغلۇپ قىلغان. سپارتاغا قارشى ئىتتىپاق قۇرۇپ، يۇناننى سورىغان، كېيىن روبىنساغا ھۇجۇم قىلىپ مانتىيا جېڭىدە ئۆلگەن. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

② پېلوپىدا (BC 364ـ410) يۇناننىڭ تېبىسلىق سەردارى، سىياسىئون، سپارتالىقلارنىڭ قولىدىن تېبىسنى ئازاد قىلغان (379)، باش كونسۇل بولغان، ئالېكساندىرنى مەغلۇپ قىلغان، كونسكارى جېڭىدە ئۆلگەن. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

www.uyghurkitap.com

سىياسەتۋازلار نومۇسسىز ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقاندا، بۇ ئىشلارنى ئاياللىرى ۋە ئاشنىلىرىنىڭ ئەيش ـ ئىشرەت، كەيىپ ـ ساپا ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرۈش ئارزۇسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن قىلىۋاتقان بولىدۇ، يۇقىرىدىكى بايانلارنىڭ بۇ سۆزۈمنىڭ توغرىلىقنى ئىسپاتلىيالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. بىراق، سىياسىي چىرىكلىكنىڭ يەنە بۇنىڭدىنمۇ باشقا سەۋەبلىرى بار. كىشىلەر يەنە شۇنى بايقايدۇكى، بەزى خىيانەتچى سىياسەتۋازلار سەنئەت بۇيۇملىرى، قەدىمكى نەرسىلەر، ھەيكەل ۋە رەسىملەرنىڭ يىغىپ ساقلىغۇچىسىدۇر. كونسۇل لىسىنىئۇس (Licinius) سەنئەت گۆھەرلىرىنى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن، دائىم كوچا ـ كويلاردا قاتراپ يۈرەتتىكەن. ۋېررې (Verres) كىشىنىڭ قۇسقۇسىنى كەلتۈرىدىغان بىر شاللاق ئادەم ئىدى. يەنە كېلىپ خىلمۇخىل ھەيكەللەرنى يىغىپ ساقلاشقا ھەۋەس قىلاتتى. «ھەيكەل» سىسېرونىڭ ۋېررېغا قارشى توققۇزىنچى نۇتقىنىڭ تېمىسى. رىمنىڭ ھەرقايسى يەرلىك ۋالىيلىرىنىڭ ھەرقايسى جايلاردىن قانچىلىك سەنئەت بۇيۇملىرىنى بۇلاپ ئېلىپ كەلگەنلىكى مەلۇم ئەمەس، گەرچە «ھەيكەل بىلەن ئەخلاق سۇ بىلەن ئوتتەك سىغىشالمايدۇ!» دېگەن قاراش بولسىمۇ، لېكىن تۇرمۇشتا ھەيكەلنىمۇ ياخشى كۆرىدىغان ھەم ئەدەب ـ ئەھكام ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلۈشى مۇمكىن. شۇنىسى ئېنىقكى، سەنئەت بۇيۇملىرى قولدىن قولغا ئۆتۈش جەريانىدا ئۇنىڭغا چىرىكلىك ئامىللىرىنىڭ ئارىلىشىدىغانلىقى مۇقەررەر. سىياسىي كۈرەشلەر ئەڭ كەسكىنلەشكەن چاغلاردا راھەت ـ پاراغەت، ئەيش ـ ئىشرەت قىزغىنلىقى يوقىلىشى مۇمكىندەك، قارانىيەت ھاۋايى ـ ھەۋەسنىڭ ئورنىنى ئالىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما، تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، سىياسەتۋازلار بىرقەدەر جىددىي ھەم رەسمىي ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىپمۇ كەيىپ ـ ساپا ئىستىكىنى ئۆز

مەيلىگە قويۇۋېتىشنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ؛ ھەتتا ئىچكى ئۇرۇش ۋە تاشقى ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدىمۇ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھاۋايى نەپسلىرىنى تىزگىنلىگەن ئەمەس؛ ئىشرەتۋازلىق ھوقۇق تارتىۋېلىش كۈرىشىنىڭ تەڭكەش مۇزىكىسى بولۇپ كەلگەن؛ ئىچكى ئۇرۇش ۋە تاشقى ئۇرۇشلار پەقەت ئۇلارنىڭ خۇشاللىقلىرىغا بىر خىل تۇس قوشقان، خالاس. ئانتوني كايسارغا ئۇرۇش قوزغاش بىلەن ئالدىراش يۈرۈۋاتقان چاغلىرىدىمۇ سامۇس ئارىلىدىكى ھەرقانداق بەزمىلەرگە قاتنىشىپ كەلگەن، ھەتتا ئۇرۇشتىن يېڭىلىپ يېنىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئەيش ـ ئىشرەتلىك شاللاق تۇرمۇشىنى قايتىدىن باشلىۋەتكەن. پارساليا (Pharsalia) ۋە ئاكسىئۇم (Actium) دەۋرلىرىدىكى مىسلى كۆرۈلمىگەن شادلىق پائالىيەتلىرى كىشىگە 1780 ـ يىلىدىكى ئاشۇ ئاپەت خاراكتېرلىك ئۇرۇش فرانسىيىنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلىشىپ، ئەتىسى پارىژدا ئۆتكۈزۈلگەن تەنتەنىلىك شادلىق پائالىيەتلىرىدە پارىژ كوممۇنىسىنىڭ ئۆتكۈزگەن جىنايەتلىرىنى ئېسىگە سالىدۇ. بۇ ناھايىتى چوڭ كۆلەمدىكى شادلىق پائالىيىتىدە نۇرغۇن كىشىلەر ھايۋانلارنىڭ سىياقىدا ياسىنىپ پائالىيەت مەيدانلىرىغا چىقىشقان. بوسسېر (Boissier) ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «شۇ چاغدا كىشىلەر بەزى مۇھىم سىياسىئونلارنى كۆرۈشتى، باش ۋالىي پلانكۇس (Plancus) ئۇچىسىغا بېلىق قۇيرۇقى ئېسىۋالغان، بەدىنىنى دېڭىز كۆكى رەڭگىدە بويىۋالغان، بېشىغا قومۇش شىلەپە كىيىۋالغانىدى، كلېئوپاترا (Cleopatra)* دا ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ

* كلېئوپاترا(69 ـ 30 BC) مىسىر تولېمىي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى ئايال پادىشاھى (51 ـ 30)، ساھىبجامال، باشتا كايسارنىڭ ئاشنىسى بولغان، كېيىن ئانتوني بىلەن توي قىلغان. ئانتوني مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئوكتاۋىئاننى ئىندەككە كەلتۈرمەكچى بولۇپ مەقسىتىگە يېتەلمەي ئۆزىنى زەھەرلىك يىلانغا چاققۇزۇپ ئۆلتۈرۈۋالغان. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تېپتىكى بەزمىدە تېخى دېگىنى ئىلاھى ئۇسسۇلى ئوينىغانىدى.» مونتاين* (Montaigne) بىر نابىلىسلىق پادىشاھنى مىسال كەلتۈرىدۇ: «ئۇ ئۆزى ئەسەبىيلەرچە ياخشى كۆرگەن نەرسىنى — قارا نىيىتى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان ئەڭ زور دەرىجىدە قانائەتلەندۈرەتتى. ناھايىتى زور دەرىجىدە ئىپتىقاندا، نۇرغۇنلىغان سىياسەتۋازلار سىياسىينى ئۆزىگە خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدىغان ۋە ھۇزۇرلىنىشقا ئۈندەيدىغان بىرخىل ۋاستە قىلىۋالغان، خالاس.

ئۇرۇش ۋە ئىچكى قالايمىقانچىلىقتەك بالايىئاپەتلەر ئاشۇ چۇشكۇنلەشكەن، ئويناشقاندەك ئىش قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئەستايىدىللىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيدۇ، ئەكسىچە بۇ بالايىئاپەتلەر بۇ كىشىلەرنىڭ راھەت - پاراغەتكە بېرىلىش ئىستىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ. بىر قېتىم ئافىنادا ۋابا تارقالغاندا ئافىنالىقلار يەنىلا جېنىنىڭ بارىچە ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلگەن: «ھېچقانداق بىر نەرسە دەل ۋاقتىدا ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋېلىشتىن مۇھىم ئەمەس، چۈنكى ھاياتلىق ۋە مال - دۇنيا كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە كۆزدىن غايىب بولىدۇ، بۇ نەرسىلەر ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك.» فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابىدىكى تېررورلۇق مەزگىلىدە «ھەممىلا جايدا ئادەم ئۆلتۈرۈش، قان ئېقىشلار داۋام قىلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن تىياتىرخانىلار يەنىلا ھەرۋاقىت ئادەم بىلەن لىق ئىدى.» كابوچىن (Cabochien) پادىشاھنىڭ دوستلىرىنى قىرغىن قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، چارلېز VI نىڭ ئوردىسىدا مۇزىكا ئاۋازلىرى ياڭراۋاتاتتى. ھېنري III نىڭ ئوردىسىدا قىرغىنچىلىق بىلەن بەزمە - زىياپەتلەر بىرلا ۋاقىتتا

* مونتاين (1533 ـ 1592) ئەدەبىيات - سەنئەت ئويغىنىش دەۋرىدىكى فرانسىيە مۇتەپەككۇرى، نەسرچى، مەدرىسە پەلسەپىسى ۋە خرىستىئان دىنىنىڭ ئەسلى گۇناھ تەلىماتلىرىغا قارشى تۇرغان، «خاتىرىلەر» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئېلىپ بېرىلاتتى، چارلېز II ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدىمۇ قىرغىنچىلىق ۋە بەزمە - زىياپەتلەر بىرلا ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلاتتى. دىنىي ئۇرۇش مەزگىلىدە شەپقەتسىزلىك ۋە شاللاقلىق بىردىنلا ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. بەزمە ساھىبخانىنىڭ كۆڭلىنى ئوۋلاش ئۈچۈن، مىدىچ جەمەتىدىكى كاسسىرىن ھەمىشە بىر توپ ئوردا كېنىزىكىنى ئەتراپىدا ئەگەشتۈرۈپ يۈرەتتى.

ھەرقانداق دەۋردىكى سىياسىي چىرىكلىكتە، يەپ - ئىچىش جەھەتتىكى ھەشەمەتچىلىكلەر بەكلا ھەددىدىن ئېشىپ كېتەتتى. «تاماق شىرەسىدىكى ھەشەمەتچىلىك، — دەيدۇ تاستو، — يۈز يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، باشتىن - ئاخىر ئاكسىئوم (Actiom) ئۇرۇشى ۋە گالبا (Galba)* پادىشاھىغا توقۇنۇشلار ئېلىپ كەلگەن مىسلى كۆرۈلمىگەن بۇزۇپ - چېچىش، ئىسراپخورلۇقلارنىڭ سەۋەبىدۇر.» ھەشەمەتچىلىك، بۇزۇقچىلىققا بېرىلگەن كىشىلەر ئەزەلدىن «يېڭىچە قورۇما، يېڭىچە خۇشاللىق پەيدا قىلىش ئارقىلىق ئۆز ئىشتىھالىرىنى قاندۇرۇشتىن توختاپ قالغىنى يوق.» بىر قېتىملىق غىزا ئۈچۈنلا كىشىنى چۆچۈتكۈدەك بايلىق بۇزۇپ - چېچىلاتتى. ساللۇست بىر ۋاخ تامىقى ئۈچۈنلا 100 مىڭ سېسترس** خەجلىگەن. ئانتوني ئاشپىزىنىڭ بىرقېتىملىق كەچلىك تاماقنى ئالاھىدە ئوخشىتىپ ئەتكەنلىكىنى تارتۇقلاش ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىر ھەشەمەتلىك داچا سوۋغا قىلغان. ئانتونىنىڭ ئۆيىگە «خىلمۇخىل ھەزىلكەشلەر، سېركچى - سېھىرگەرلەر، مەككار - نەيرەڭۋازلار تولۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار

* گالبا (3 - 69 BC)، رىم پادىشاھى (68 - 69)، 68 - يىلى ھەربىي ئۆزگىرىش قوزغاپ نېروغا قارشى تۇرغان. نېرو ئۆزىنى ئۆلتۈرۋالغاندىن كېيىن سېنات تەرىپىدىن رىم پادىشاھى دەپ بېكىتىلگەن، كېيىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

** سېسترس — قەدىمكى رىم پۇل بىرلىكى بولۇپ، 1 سېسترس 1.09 گرام كۈمۈشكە باراۋەر. —— ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئۇ يەردە كەيپ ـ ساپا ئىچىدە مەنىسىز تۇرمۇش كەچۈرەتتى.»
پومپېي باش كونسۇل بولغان مەزگىللەردە ھەمىشە «كاتتا زىياپەت ـ بەزمىلەر ئارقىلىق ئۆز كۆڭلىنى ئاچاتتىكەن.» بىر كۈنى ئۇ يۇيۇنۇپ بولۇپ تاماق شىرەسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ غىزالىناي دەۋاتقاندا، يەنە بىر باش كونسۇل ھىپتېئۇ (Hypteu) ئۇنىڭدىن ياردەم سوراپ كىرىپ قالىدۇ، پومپېي «گەپ ـ سۆز قىلماستىن، ھاكاۋۇرلۇق بىلەن كېتىپ قالىدۇ، چۈنكى ھىپتېئۇ ئۇنىڭ ئىشتىھاسىنى قاچۇرۇۋەتكەنىدى.» لۇكۇللۇس ئۆتكۈزىدىغان زىياپەتلەر تېخىمۇ داغلىق. ئۇ سىسېرو ۋە پومپېي ئۈچۈن ئۆتكۈزگەن بىر قېتىملىق ئادەتتىكى زىياپىتىگىلا 50 مىڭ دراخما (قەدىمكى يۇنان پۇلى) خەجلىۋەتكەن. سۇللامۇ ئەڭ مەشھۇر ھەشەمەتخورلارنىڭ بىرى ئىدى، ئۇنىڭ ئايالى مېتىللا (Metilla) ئۆلگەن ۋاقىتتا «ئۇ ئەتىگەنلىك بەزمىسىدىن ھۇزۇرلىنىۋاتقان بولۇپ، بۇ بەزمە بارلىق كۆڭۈل ئېچىش ۋە ئەيش ـ ئىشرەتنىڭ ھەرقانداق تۈرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.» ئايالى ئۆلۈپ بىر قانچە ئايدىن كېيىن ئۇ تىياتىرخانىدا نەيرەڭۋاز خوتتوسىئۇسنىڭ تول ئايالى ۋالېرىيە (Waleria) بىلەن تونۇشۇپ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدۇ، لېكىن شۇندىمۇ ئۆزىنى تىزگىنلىمەستىن ئۆز ئۆيىدە داۋاملىق «ئايال مۇزىكانتلار، ئارتىستلار، ھەزىلكەشلەر، ناخشىچى، قەسىدىچىلەر بىلەن كۆڭۈل ئاچاتتى، ئۇلارنىڭ ھەمراھلىقىدا كۈنبويى هاراق ئىچىپ خۇدىنى بىلمىگۈدەك دەرىجىدە مەست بولۇپ كارىۋىتىدا يېتىپ قالاتتى.»

پەيلاسوپ كراتېس (Crates) نىڭ قارىشىچە، — دەيدۇ پلۇتارك، — «ئىچكى قالايمىقانچىلىقلار شەھەر دۆلەتلىرىگە ئېلىپ كەلگەن ئەيش ـ ئىشرەت، كەيپ ـ ساپا ھەرقانداق بىر نەرسە بۇ

شەھەر دۆلەتلىرىگە ئېلىپ كەلگەن بۇنداق ئىشلاردىن تۆۋەن تۇرمايدۇ، كىراتىپسمۇ دائىم ئۆزىنى ‹ پەخەس بول، نازۇنېمەتلەرنى ئارپا ـ قوناقلارنىڭ ئورنىغا بەك كۆپ دەسسىتىۋالمىغىن، يەنى چىقىمىڭ كىرىمىڭدىن ئارتىپ كەتمىسۇن: ھەربىر ئادەم ئۆزىنى تىزگىنلەشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك› دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇشقا ئادەتلەنگەنىكەن.» ۋەزىر لوپىتال (L ’ Hopital) مۇ دىنىي ئۇرۇش مەزگىلىدە ئوخشاش يەكۈننى چىقارغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلىش، ھەددىدىن ئارتۇق بۇزۇپ ـ چېچىش، بولۇپمۇ تاماق شىرەسىدىكى ھەشەم ـ دەرەملەر دائىملا ئىچكى ئۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇ ئىسراپخورلۇقنى چەكلەيدىغان نۇرغۇن قانۇنلارنى تۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇگۈنكى قانۇنلارغا ئوخشاش قىلچىلىكمۇ رولى بولمىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئىنتايىن تېجەشلىك بولۇشنى ئادەت قىلغان. بىلاندوم ئۆزىنىڭ «پەقەت سۇدا پىشۇرۇلغان گۆش» بىلەنلا لوپىتالنى كۈتكەنلىكىنى، تاماق شىرەسىگە «ئېسىل سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ تولۇپ كەتكەنلىكىنى»، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ «كۈلكە ـ لەتىپىلەرنىڭ ئېيتىلىپ تۇرغانلىقىنى» تىلغا ئالىدۇ.

ئاددىي ـ ساددا ۋە مۇۋاپىق بولغان يېمەك ـ ئىچمەك، نورمال تۇرمۇش ۋە ئۆزىنى سالماقلىق بىلەن تىزگىنلەش ئادەتلىرىنىڭ ھەممىسى سىياسىي چىرىكلىكنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئەڭ ياخشى دورىدۇر. سامنىت (Samnites) نىڭ مەخپىي ئەلچىلىرى ماركۇس. كۇرىئۇس (Marcus Curius) تىن زور مىقداردا ئالتۇن ئۇندۇرۇۋالماقچى بولۇپ كېلىشكەندە، ئۇنىڭ ناھايىتى ئاددىي تاماق بىلەن غىزالىنىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ماركۇسنى ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلارنى (ئالتۇنلارنى) ئېلىشقا كۆندۇرمەكچى بولۇشىدۇ، ماركۇس «مۇشۇنداق ئاددىي

تاماقتا شۇكۇر دەۋاتقان مەندەك كىشىنىڭ ئالتۇنغا ھاجىتى بولمايدىغانلىقىنى بىلمەمسىلەر؟» دەپ ئۇلارنى يولغا سېلىپ قويىدۇ. ئالېكساندىر سېنوكراتېس (Xenocrates) قا قىممىتى 50 تالانت (قەدىمكى يۇنان، رىمدىكى پۇل بىرلىكى) لىق سوۋغا تەقدىم قىلغاندىن كېيىن سېنوكراتېس ئەلچىلەرنى كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئادەتتىكى تاماقتىن بىر قاچىدىنلا قويىدۇ؛ ئەتىسى ئۇلار 50 تالانتنى تەمە قىلىشقاندا، «نېمە؟ ئەجەبا تۈنۈگۈنكى مېنىڭ ئاددىي ـ ساددا تامىقىمدىن ماڭا پۇلنىڭ كېرىكى يوقلۇقىنى بىلمىدىڭلارمۇ؟» دەپ ئۇلارنى يولغا سالغان. ھېلۋېتىئۇ (Helvetius) شۇنداق بىر ئىشقا دىققەت قىلغان، بىر ئەنگلىيە ۋەزىرى بىر ئۆكتىچىنىڭ بىلىتىنى سېتىۋالماقچى بولۇپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە بۇ ئۆكتىچى دەل شۇ چاغدا تاماق يەۋاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى تاماق قوي گۆشى شورپىسىلا ئىكەن، بۇ تۆۋەن پالاتا ئەزاسى ۋەزىرگە مۇنداق دەپ رەددىيە بەرگەن: «مېنىڭچە، مېنىڭ ئاددىي ـ ساددا غىزالىنىشىم مېنى سېتىۋېلىنىشنىڭ زىيانكەشلىكلىرىدىن ئامان ـ ئېسەن ساقلايدۇ.» سان. پاۋلىنىڭ «يېمەك ـ ئىچمەكتە چەك بولۇشى كېرەك» دېگەن سۆزىنىڭ ھەقىقەتەن داۋلىسى بار. يېمەك ـ ئىچمەكتە چەك بولۇش بىر خىل گۈزەل ئەخلاق، رېئال تۇرمۇشتا ئۇنىڭ كىشى پەزىلىتىگە ناھايىتى چوڭ تەسىرى بولىدۇ. مۇبادا مىرابو ئەينى ۋاقىتتا مۇشۇ ئەقلىيەگە ئەمەل قىلغان بولسا، مۇبادا ئۇ ئەينى چاغلاردا تاماق شىرەسىدىكى ھەشەم ـ دەرەملەرگە بۇ قەدەر بېرىلىپ كەتمىگەن بولسا، پادىشاھنىڭ ئۇنىڭغا ئەۋەتكەن تۆت پارچە قىممىتى 250 مىڭ فرانكلىق قەرز تالونىنى قوبۇل قىلمىغان بولار ئىدى، ئايلىقى 6000 فرانكلىق شېرىنكانىلا ئۇنىڭ بارلىق قەرزلىرىنى تۆلىۋېتەلەيتتى. بەختسىزلىك شۇكى، ئۇ ھەتتا قەرز دەستىدىن تىنىق ئالالمايۋېتىپمۇ، يەنىلا ئاشۇ كەيپ ـ ساپالىق تۇرمۇشنى ئارزۇ قىلغان، ئاشپەز، كۈتكۈچى، هاراقكەش، ئات ۋە ئاشنىلىرى

بولمىغان تۇرمۇشتا ئۇ بىر كۇنمۇ ياشىيالمايتتى.*

بەختكە يارىشا، مارى. ئانتونېت (Marie Antoinette) دانتونغا 53 مىڭ بەرگەچكىلا ئۇ ئاندىن قەرزلىرىنى تۇگىتەلىگەن. چۇنكى، دانتون كەيپ - ساپا، ئەيش - ئىشرەتنى، ئاياللارنى ۋە يۇقىرى سەۋىيىلىك تۇرمۇشنى قوغلىشاتتى. تاماق شىرەسىدىكى ھەشەمەتلىك ۋە ئىسراپخورلۇق تاللېيراند دەۋرىدىكى سىياسىئونلارنىڭ تۇرمۇشىدا نەقەدەر مۇھىم ئورۇندا تۇرغان - ھە!

سىياسىي چىرىكلىكنىڭ سەۋەبى تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، ئەيش - ئىشرەت، كەيپ - ساپا ۋە ئىسراپچىلىقنى ھەددىدىن ئارتۇق قوغلىشىش ھەمدە كۆڭۈل ئېچىش، بەزمىلەرگە ھەددىدىن ئارتۇق ئىنتىلىشتۇر. ماككىياۋېللى «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى»نى يېزىپ ئۇنى مىدىچ پادىشاھىغا سوۋغا قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ياخشىچاق بولماقچى بولغانىدى، مىدىچ پادىشاھى پەرمان چۈشۈرۈپ ئۇنى زىندانغا تاشلاپ قاتتىق قىيىن - قىستاقلارغا دۇچار قىلدى، ماككىياۋېللى ئەسلىدە پەسكەش خۇشامەت جۈملىلىرىنى ئىشلىتىش ۋە ئۆز ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىش ھېسابىغا بىرەر مەنسەپكە ئېرىشىش تەمەسىدە بولغانىدى. چۈنكى ئۇ نامرات ۋە شاللاق ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئۆزىنىڭ كەيپ - ساپا ۋە ئىسراپخورلۇققا ئۆگىنىپ قالغانلىقىنى، ئاددىي - ساددا تۇرمۇشقا پەقەت ئۆگىنەلمەيۋاتـ قانلىقىنى ئىقرار قىلغان. دەل ئۆزىنىڭ بۇزۇقچىلىقىدىن گەدىنىگە ئارتىۋالغان قەرزلىرىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن، لۇئى XV بۇغداي ھايانكەشلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ ھەممىگە مەلۇملۇق بولغان «قەھەتچىلىك كېلىشىمى شىركىتى»نىڭ بىر پايچىكى بولۇپ قالغان. دېيىشىن. كۇبلىي ۋە تېستلارمۇ ئاشۇنداق بۇزۇقچىلىق بىلەن مەشغۇل بولغۇچىلار ئىدى.

---

* «لاماك ۋە مىرابونىڭ يېزىشقان خەت - چەكلىرى»، 1 - جىلد 171 - بەتكە قارالسۇن. يەنە «برسوتر ئەسلىمىلىرى»، 2 - باب 392 - بەتتىكى مىرابونىڭ ئۆلۈمى توغرۇلۇق باھاغا قارالسۇن. مىرابو ئۆزىنى ئەيش - ئىشرەتكە ھەددىدىن ئارتۇق ئاتىۋەتكەنلىكتىن ئۆلگەن. خۇددى دانتونغا ئوخشاش ئۇمۇ «مەن ئەڭ زور دەرىجىدە ئۆز ھەۋەسلىرىمنى قاناائەتلەندۇردۇم، ئەمدى ئۆلىدىغان ۋاقتىم بولدى» دېگەنىكەن. —— ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

www.uyghurkitap.com

# سەككىزىنچى باب
# سايلامدىكى چىرىكلىك

*ئومۇمىي سايلامدىكى چىرىكلىك —— سايلام بېلىتى قانداق سېتىۋېلىنىدۇ —— پەردە ئارقىسىدىكى باشقۇرغۇچىلار قىبلىنەماسى —— سىسېرونىڭ سايلام بېلىتىدە ئۇتۇشنىڭ ئېپى ھەققىدە ئېيتقانلىرى —— سىياسىي ھۆددىگەرلەر —— باي نامزاتنىڭ سايلىغۇچىلارنى چىرىتىشى —— سايلامنىڭ قايتىلىنىشى —— سىياسىي يىغىلىشلاردىكى ئىغۋاگەرلەر —— ئارىستوتېل ۋە مونتېسكيۇلارنىڭ دېموكراتىزم ھەققىدە ئېيتقانلىرى —— دېموكراتىزم ۋە تۆھپە —— سەممىي پۇقرالارنىڭ سىياسىيغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىشى —— سىياسىيغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى —— كاتونىڭ ئاممىۋى مەجبۇرىيەت ھەققىدە ئېيتقانلىرى —— لا . برۇيېرنىڭ ئاممىۋى تۇرمۇش ھەققىدە ئېيتقانلىرى*

ماكياۋېللى لېئو X (Lio X)* غا مۇنداق تەكلىپ بەرگەن: «ئەگەر سايلام سىزنىڭ دىتىڭىزغا ياقمىسا، ئۇنداقتا خەلققە كۆرۈنۈشتىكى سايلام ئېلىپ بارغۇزۇڭ، سايلام بېلىتىنى

* لېئو X (1475 ـ 1521) ئىتالىيىلىك پاپا، سەنئەت ئىشلىرىغا غايەت زور مەبلەغ ئاجراتقان، سان پېتىر چېركاۋىنى ياساتقان، گۇناھىنى تىلەش زايومى تارقاتقان. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

سېتىۋېلىش ياكى سايلام كۈنگە سايلام بېلىتىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشتەك ئۇسۇللار بىلەن سايلام نەتىجىسىنى قالايمىقان قىلىۋېتىلگەن. » ماكياۋېللىزمغا ئىشىنىدىغان پادىشاھ، مىنىستىر، ھەتتا پۇقرالارغىچە ھوقۇق – مەنپەئەتنى ئۈستۈرۈش ياكى داۋاملىق ھوقۇقىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ قېلىش ئۈچۈن بۇ تەكلىپنى ئەمەلىيلەشتۈرمەكتە.

فرانسىس I ۋە چارلېز V گېرمانىيىنىڭ ئىمپېراتورلۇق تاجىنى تالىشىۋاتقاندا، ئۇلار دەل يانچۇقلىرىنى لىقمۇلىق ئالتۇن – كۈمۈشكە توشقۇزۇپ تورۇشۇپ ئۆزئارا تالىشىشقانىدى. مەسىلە ئۇزۇنغىچە ھەل بولمىدى، چۈنكى تۆت پادىشاھ نامزاتى ئۆزلىرىنى كۆپ قېتىملاپ سېتىۋاتاتتى. بىراق، ئۇزاق ئۆتمەي ئىمپېراتورلۇق تەختى يەتتە نامزاتنىڭ ئارىسىغا چۈشۈپ قالدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىمپېرىيىنىڭ مەندۇرمەن دېگەن ئەربابلىرى ئىدى. ئەڭ ئاخىر چارلېز V ئۇتۇپ چىقتى، چۈنكى ئۇ ئەڭ ئاخىرقى پەيتلەردە 300 مىڭ تاج تارقىتالىغانىدى.

پولشادا پادىشاھلىق ئورنى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقماقچى بولغاندا، پادىشاھ ئادەتتە پۇل بىلەنلا تەختكە چىقاتتى. فرېدېرىخ II : «خانلىق تەختى شۇقەدەر كۆپ سېتىلىۋاتىدۇ ۋە سېتىۋېلىنىۋاتىدۇ، بۇ بازاردىكى ئاشكارا سودىغىلا ئوخشاپ قالغانىدى» دەيدۇ. كىدراك 18 - ئەسىردە پولشادا ئەۋج ئالغان تەرتىپسىزلىك ۋە چىرىكلىكتىن ئىنتايىن ئۈمىدسىزلەنگەن، شۇڭا «بۇنداق ناچارلىقلار تۈپەيلى خانلىق چوقۇم ھالاك بولغۇسىدۇر» دەپ بېشارەت بەرگەنىدى.

ئومۇمىي سايلام تېخى قارارلاشماي تۇرۇپلا، كىشىلەر سايلامدا چىرىكلىك يۈز بەرمەيدۇ، دەپ ئۆزلىرىنى ئىشەندۇرۇشكە باشلايتتى ۋە ئارىستوتېلنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈشەتتى: «غايەت زور ساندا چىرىكلىشىش مۇمكىنچىلىكى ئاز بولىدۇ، مەسىلەن، ئېقىن سۇ ئاسان سېسىمايدۇ، ئوخشاشلا كۆپ سانلىقلار ئاز

سانلىقلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ئاز چىرىكلىشىدۇ.» ماكياۋېللى مۇنداق دېگەن: «بىر نەچچە ئادەمنى چىرىتىش ئىنتايىن ئوڭاي ئىش.» چەكلىمىلىك هالدا سايلام ئېلىپ بېرىش چىرىكلىكنى قورقۇتىدۇ ھەم ئۇنى سۈزىدۇ دەپ قارىلىپ كەلگەن مەزگىللەردە، كىشىلەر ئومۇمىي سايلام سايلامنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالالايدۇ دەپ بىلىشەتتى. توكۋېل مۇنداق دەپ يازىدۇ: «نىشانغا يېتىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئادەمنى سېتىۋالماي بولمايدۇ.» بەختكە قارشى بۇ ئۈمىدۋار پەرەز ئەزەلدىن ئەمەلگە ئېشىپ باققىنى يوق؛ ئومۇمىي سايلام ۋە چەكلىك سايلام ئوخشاشلا چىرىتىلمەكتە، ھەممە سايلىغۇچىنى سېتىۋېلىشنىڭ ھاجىتى يوق، پەقەت پەردە ئارقىسىدىكى باشقۇرغۇچىنىلا سېتىۋالسىڭىز كۇپايە، چۈنكى سايلىغۇچىلار قويغا ئوخشاش ئۇلارغا ئەگىشىدۇ.

ئومۇمىي سايلامنىڭ ئەۋزەللىكىنى كانىيى يىرتىلغۇدەك ئاۋازدا ماختاۋاتقان ھۆكۈمەت ھەممىدىن بۇرۇن سايلامدا چىرىكلەشكەن ھۆكۈمەتتۇر. مۇبادا ئۇلار خەلقنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىگە ئىشەنسە ئىدى، ئۇ هالدا ئۇلار خەلققە بېسىم ئىشلىتىشتىن ساقلانغان، خەلقنى ئۆز ئارزۇلىرىنى ئەركىن ئىپادىلەشكە يول قويغان بولار ئىدى. ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۇلار خەلقنىڭ پەرق ئېتىش كۈچىنى تەرىپلىشىدىيۇ، لېكىن شۇنىڭ بىلەن تەڭ خەلقنى يەنە گۆدەك باللار قاتارىدا كۆرۈپ نۇرغۇن ۋەدە، پوپوزا ئارقىلىق ياكى تەسىر كۈچىنى قالايمىقان ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۆز نامزاتلىرىنى خەلققە مەجبۇرىي تېڭىشىدۇ. بۇنداق ئېلىپ بېرىلغان سايلام ئەمەلىيەتتە بىر مەيدان سايلام ئويۇنىدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس.

سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن بىر ھۆكۈمەت «سايلام ئاساسىي قانۇن ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلدى» دەپ تەشۋىق قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، ئاساسىي قانۇن هامان قوبۇل قىلىنىدۇ؛ لېكىن بۇ ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلغان سايلام ئەمەلىيەتتە بىر شەكىلدىن ئىبارەت، خالاس. بولۇپمۇ بىر ئوفىتسېرنىڭ نازارىتىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان

ئارمىيە تىزىملىكىدىكى سايلامنى قانداقمۇ سەمىمىي دېگىلى بولسۇن؟ سان. سىر (Saint . Syr) مارشال قوراللىق ئەسكەرلەر تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلگەن جۇمھۇرىيەتنىڭ تۇنجى يىلىدىكى ئاساسىي قانۇن سايلىمىنى تىلغا ئالغاندا ناھايىتى ئوچۇق قىلىپ: «ئۇ فرانسىيىگە زىيان سالىدىغان تۇرلۇك سىياسىي سۈيىقەستلەرنىڭ بىرى» دەپ كۆرسەتكەنىدى.

بەزى ھۆكۈمەتلەر ئاممىۋى قۇرۇلۇشلارنى سالىمىز ياكى ئۇنىڭغا ياردەم بېرىمىز دېگەن ۋەدىلەر بىلەن مەلۇم رايوننىڭ سايلام بېلىتىنى سېتىۋالىدۇ. ئۇلار تەسىر كۈچى بار كىشىلەرگە مەنسەپ ۋە ئۇنۋاننى ۋەدە قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ سايلام بېلەتلىرىنى سېتىۋالىدۇ. ئۇلار مەمۇرىي خادىملارغا ئۆستۈرۈش ۋەدىسى بېرىش ياكى ئىشتىن بوشىتىمەن دەپ پوپوزا قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ سايلام بېلىتىنى سېتىۋالىدۇ. مۇستەقىل سايلىغۇچىلار ئەگەر بىز دېگەندەك سايلىمىساڭ ھۆكۈمەتتىن ئۈمىد ياكى ئادىللىق كۈتمە، دېگەندەك ئاگاھلاندۇرۇشلارغا دۇچ كېلىدۇ. مۇستەقىل رايونلارنىڭ چېركاۋلىرى رېمونت قىلىنمايدۇ، يوللىرى ئاسراقسىز قالىدۇ، ھۆكۈمەت نامزاتلىرىنى رەت قىلغان سايلىغۇچىلار چوقۇم ھۆكۈمەتنىڭ دۈشمەنلىكىگە ئۇچرايدۇ.

لا. برۇيېر* مۇنداق دېگەن: «خەلققە بىر ئادەمنىڭ قۇلى بولۇش پۈتۈلگەن، ئۇلار ئۆزلۈكسىز ھالدا شۇنداق بىر ئادەمنى ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئورۇنغا قويۇشىدۇ.» لا. برۇيېر ياشىغان دەۋر كاتتا ئەربابلار پادىشاھقا قۇلچىلىق قىلىش بىلەن قانائەت تېپىپ، شۇ ئاساستا ئوردىدىكى مەرتىۋىسى ئارقىلىق مەغرۇرلانغۇدەك ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرىدىغان بىر دەۋر ئىدى. بۈگۈن بولسا سىياسىي قارا نىيەتلىرىدىن بېشى قېيىپ كەتكەن

* لا. برۇيېر (1645 ـ 1696) فرانسىيە يازغۇچىسى، «مىجەز ھەققىدە» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

كىشىلىرىمىز خەلق ۋە سايلام ئالدىدا قۇللارچە تىز پۈكۈپ، مۇشۇ خىل پەسكەش قىياپىتى بىلەن مەنسەپ ـ ئابرۇيىنى ئۇچقاندەك ئۆرلىتىدىغان بىرەر ئۇسۇلنى تېپىشنى ئۈمىد قىلماقتا.

«مۇكەممەل نامزاتلار قىبلىنامىسى» — مۇشۇنداقمۇ بىر كىتاب بار ـ ھە! — دەيدۇ ماكسىم. دۇ. كامپ (Maxime du Camp) ھەيران بولغان ھالدا، ئۇ بىر سابىق سىياسىي ئەلچىنىڭ سىياسىي ھەققىدىكى ئېنىقلىمىسىنى ئېسىگە ئالىدۇ: «ئېغىزنى چىڭ ساقلاش پۇلى دەپ قاقتى ـ سوقتى قىلىپ پۇل ئالىدىغان، سودا قىلىدىغان ھەمدە دائىم قاراقچى بولۇۋالىدىغان بىر مەسىلە.» بۇنىڭغا قىبلىنامىلار ئانچە كەم ئەمەس، سىسېرونىڭ ئاكىسى كۇنتۇ (Quintus) نىڭ «كونسۇل نامزاتى» ناملىق ماقالىسىدە ئاللىبۇرۇنلا بىر ئەستايىدىل شەكىلدە كۆڭۈل قويۇپ ئىجاد قىلىپ، يەنە شۇ ئەستايىدىل شەكىلدە كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ بولغانىدى. نامزات توغرۇلۇق مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلغان بۇ ماقالە پەردە ئارقىسىدىكى باشقۇرغۇچىلار ئۈچۈن بىر قىبلىنامە كۆرسىتىپ بەرگەنىدى. بۇ ماقالىدە كۇنتۇ بىر نامزات ئىشلىتىشكە تېگىشلىك بارلىق تاكتىكىلار تەسۋىرلەنگەن ھەمدە ئىنىسىنىڭمۇ بۇنى ئىشلىتىپ بېقىشى تەۋسىيە قىلىنغانىدى.

كۇنتۇ مۇنداق دېگەن: نامزات ئاۋۋال مۇلايىم ۋە سۆيۈملۈك بولۇشى، خۇشامەتكە پىخسىقلىق قىلماسلىقى كېرەك. ئۇ بازار، يەرمەنكىلەرگە بېرىپ تۇرۇشى، ھەربىر سايلىغۇچىنىڭ ئىسمىنى ئاتىيالىشى كېرەك، شۇ سەۋەبتىن يېنىدا بىر «ئىسىم مۇتەخەسسىسى» ئېلىپ يۈرۈشى، ئۇ ھەربىر سايلىغۇچىنىڭ ئىسمىنى تولۇق دەپ بېرەلىشى كېرەك. «شەھەر ـ بازارلاردىكى، يېزا ـ قىشلاقلاردىكى كىشىلەر بىز پەقەت ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئاتىيالىساقلا، ئۇلار دەرھال بىزنى دوستىمىز دەپ قارايدۇ.» پلۇتارك بىزگە مۇنداق بىر ئىشنى يەتكۈزىدۇ: سىسېرو ئۆزىگە

سايىلغۇچىلارنىڭ ئىسمىنى پىششىق بىلىپ بولۇشتەك بىر ئېغىر ئىشنى ۋەزىپە قىلغانىدى، ئۇ مەلۇم مەرتىۋسى بار كىشىلەرنىڭ ئىسمىنى پىششىق بىلىپلا قالماستىن، يەنە ئۇلار تۇرۇشلۇق ئورۇننىمۇ، ئۇلارنىڭ سەھرالاردا قانداق مال ـ مۈلكى بارلىقىدىن تارتىپ قانداق دوستى بارلىقىغىچە، ھەتتا قولۇم ـ قوشنىلىرىغىچە پىششىق بىلىشنى ئادەت قىلغانىدى.»

سايىلغۇچىلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇش، ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىش، ئۇلارنىڭ قولىنى سىقىش قاتارلىقلار ئىنتايىن مۇھىم نۇقتىلار ھېسابلىنىدۇ. سىسېرو مۇنداق دەيدۇ: «مەن بىلەن بىر شەھەردىكى كىشىلەر مېنى ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرۇشى، مەن دائىم يىغىلىش بولغان سورۇنلاردا پەيدا بولۇشۇم كېرەك، مانا بۇلار مېنىڭ ھەرىكەت شەكلىمدۇر.» سىسېرو مۇرېنا (Murena) ئۈچۈن سۆزلىگەن نۇتقىدا ئۆزى ئۈچۈن بىر نامزاتنىڭ ئوبرازىنى تەسۋىرلەيدۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ يىغىلىش مەيدانلىرىدا ۋە قۇربانلار قەبرىستانلىقلىرىدا كۆزگە چېلىقىپ تۇرۇشى، «چېھرىدىن ئىشەنچ ۋە ئۈمىد يېغىپ تۇرۇشى، نۇرغۇن ئەگەشكۈچىلەر ئۇنى ئوراپ تۇرۇشى كېرەك» ئىكەن. «سايىلغۇچىلار غەلىبە ئىشەنچى يوق كىشىلەرگە بېلەت تاشلىمايدۇ.»، «مەن باشقا بىرىگە بېلەت تاشلىدىم» دېيىشىدۇ ئۇلار، «قارىمامسىز، ئۇنىڭدىن ئۈمىدسىزلىك چىقىپ تۇرمامدۇ.»

چوڭ شەھەرلەردە، نامزاتلار ئۆز دوستلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدىنلا قانائەتلىنىپ قالماسلىقى كېرەك. ئۇ ئەپچىللىك بىلەن ياللانما قوللىغۇچىلارنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈشى كېرەك. بۇ ئادەملەر ئۇنى تەرىپلىشىدۇ، ئۇنىڭغا ئالقىش ياڭرىتىدۇ، رەقىبلىرىنى ھاقارەت قىلىدۇ.

نامزاتلار ئۆزىگە دۈشمەن پەيدا قىلىۋالماسلىقى، ئاغزىنى بۇزۇپ سېلىشتىن ساقلىنىشى، ھېچبولمىغاندا سايلام ئاخىرلىشىشتىن بۇرۇن بۇنداق قىلىپ سالماسلىقى كېرەك.

www.uyghurkitap.com

سىسېرونىڭ بىر دوستى مۇشۇ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرىگە سەل قاراپ قالغاندا سىسېرو ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: «سىز باش كونسۇل سېرۋىئۇس (Servius) قا قانداق ۋەكىللىك قىلىشنى بىلمەيسىز، مەن سىزگە ئۇنىڭغا قانداق ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىمىزنى ئۆگەتتىم، مەن سىزنىڭ زېھنىڭىز ئۇرغۇغان ھالدا نۇتۇق سۆزلەۋاتقان ۋاقتىڭىزدا، سىزدە نامزاتلارغا خاس ئېھتىياتچانلىق ئەمەس، بەلكى سېناتلارغا خاس جاسارەتنىڭ كۆرۈلۈۋاتقانلىقىنى ھەيرانلىق ئىچىدە كۆرۈپ قالدىم ... لېكىن، ناھەقچىلىكنى ئەيىبلەش كېرەكمۇ، ئەمەسمۇ؟ ياق، بۇنداق قىلىش سىزنىڭ مەجبۇرىيىتىڭىز بولغان تەقدىردىمۇ، نامزات ۋاقتىڭىز ئەيىبلەيدىغان ۋاقتىڭىز ئەمەس.»

نامزاتلار چوقۇم ئىتائەتمەن كۆرۈنۈشى كېرەك، بۇ خىل ئىتائەتمەنلىك، «باشقا شارائىتلاردا ياراشمىسىمۇ ھەم ئانچە مۇۋاپىق كەلمىسىمۇ، لېكىن بۇ بىر نامزات بولغان ۋاقىتتا، بۇ كەم بولسا بولمايدۇ» — دەيدۇ يەنە سىسېرونىڭ ئاكىسى ... — بىر نامزاتقا باشقا تاللاش يولى يوق، ئۇ چوقۇم ئۆزىنىڭ چىرايى، ئىپادىسى ۋە گەپ - سۆزلىرىنى ئۆزى ئۇچراشقان بىر توپ ئادەمنىڭ كۆزقارىشى ۋە قىزىقىشىغا ماسلاشتۇرۇشى كېرەك.»

ئەڭ مۇھىم نۇقتا شۇكى، جەمئىيەتنىڭ ھەربىر قاتلاملىرىدىكى كىشىلەر سىزنىڭ ئۇلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىشلەيدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىشى كېرەك، يەنى «سېنات سىزنىڭ ھوقۇقىنى قوللىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، باي ھەم قانۇنغا بويسۇنىدىغان كىشىلەر سىزنىڭ ئىش - ھەرىكىتىڭىز ئارقىلىق ھۆكۈم چىقىرىشىدۇ، ئۇلار سىزنىڭ تەرتىپ ۋە ئامانلىقنىڭ دوستىنى كۆرۈشنى ئۈمىد قىلىدۇ؛ ئاما (سىزنىڭ نۇتۇقلىرىڭىزنىڭ ھۇرراچىلىرى، خالاس) بىر ئەمەلدارنى، ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتىگە دۈشمەنلىك بىلەن قارىمايدىغان بىر ئەمەلدارنى كۆرۈشنى ئۈمىد قىلىدۇ.»

ئاقسۆڭەكلەرنىڭ تەسىرى يەنىلا ناھايىتــى چوڭ بولغاچقا، كۇنتۇ ئىنىسىغا ئۇلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش تەكلىپىنى بەرگەن. بۇنىڭ ئۇسۇلى: «ئۇلار ئىككىسى ئىسىل مەزھەپلەرنىڭ دوستلىرى، ئاممىۋى مەزھەپلەردىن يىراق، ئەگــەر ئــۇلارنــىڭ سۆز ـ ئىبارىلىرىدە بەزى ئاممىغا ئىغىش خاھىشلىرى كۆرۈلسە، بۇ ئۇلارنىڭ پومپېي بىلەن يارىشىپ قېلىش نىيىتى بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ.» سىسېرو سىياسىي مەزھەپ ئىتتىپاقلار ئارىسىدا ھەممىگە تەڭ قاتراپ يۈرۈپ، ھەم ئاقسۆڭەكلەرنىڭ، ھەم خەلقنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشقان، ھەم سەمــمــــىي ئادەملەرنىڭ قوللىشىنى، ھەم شاللاق، ساختىپەز ئادەملەرنــىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشقان. سىسېرو ئۆز رايىغا خىلاپ ھالدا بارلىق گۇرۇھ ـ مەزھەپتىكىلەرگە ماسلىشىپ: «مەن سەممىيەتچىل پۇقرالىرىمىنىڭ ھۆرمىتىگە مەپتۇن بولۇپ قالغىنىم يوق، ئەكسىچە ھارامزادە ۋە چاكىنا ئادەملىرىمىنىڭ قەلبىدىكى ھۆرمىتىم تېخىمۇ يۇكسەك» دېگەن ئاتىكا (Atticus) غا يازغان خېتىدە.

سىسېروچە، بىر نامزات توختىماستىن ۋەدە بېرىشى كېرەك ئىكەن، ئىشتىن كېيىن ۋەدىسىنــى ئــىشقا ئاشۇرالماي قالسا ھېچقىسى يوق، ھەقىقەتەنمۇ سايلامدىن كېيىن ئۇ نارازىلىق ۋە ئەيىبلەشلەرگە ئۇچرىشىنى بىلەتتى، لېكىن بۇ ئاۋارىچىلىــكلەر ناھايىتى ئۇزاقتىكى، شۇنداقلا ئانچە ئىغىر بولمىغان بىر ئىش ئىدى، چۈنكى ئۇ ئاللىقاچان نۇرغۇن سايلام بېلىتىنــى قولغا كەلتۈرۈپ بولغانىدى. بۇگۇن، نامزاتلار ئۆتمۈشتىكىدەك ۋەدىگە ئۇنچىۋالا پىخسىق ئەمەس، ئۇلار بەزىلىرىگە مەنسەپ ۋەدە قىلىدۇ، يەنە بەزىلەرگە رېئال بولمىغان ئىسلاھاتلارنى ۋەدە قىلىدۇ. لېكىن، سايلام ئاخىرلاشقاندىن كېيىن بۇ ۋەدىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ، خەلق بولسا ۋەدە قىلغان نەرسىلەرگە ئېرىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن غەزەپلىنىپ يەنە ئاشۇ ئىغۋاگەرچىلەرنىڭ نۇتۇقلىرىنــى

ئاڭلاشقا باشلايدۇ، ئۇلار ئالدامچىلىقلار ئىچىدىن كاپىتالغا ئىگە بولۇپ تۇرۇپمۇ، ئەكسىچە خەلققە شۇنداق دېيىشىدۇ: «يالاڭتۆشلەر پەقەت يالاڭتۆشلەرنىڭلا قوللىشىغا ئېرىشەلەيدۇ، ئەي يوقسۇللۇق ئىچىدە جان تالىشىۋاتقان گىراژدانلار، ھەرگىزمۇ ئاشۇ بايلارنىڭ ۋە ھوقۇقى بارلارنىڭ ۋەدىلىرىگە ئىشەنمەڭلار، .... يالاڭتۆشلەر بىر قورقماس باتۇر سەردارغا، ئىنتايىن قىيىن شارائىتلاردا سەپنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان بىر سەردارغا موھتاج.»

بۇرۇنقى دەۋرلەردە ھايانكەشلەر ۋە ھۆددىگەرلەر رولىنى ئالغان پادىشاھلار ئۆتكەن، ئۇلار قىلچە ئېغىشماستىن ئۆزلىرىنى بارلىق پارتىيە ـ مەزھەپلەرگە ئاتىۋېتىشكەن ھەم سېتىۋېتىشكەن. سىياسىيىنىڭمۇ ھۆددىگەرلىرى بولىدۇ، بۇ ئادەملەر سايلامدىكى تەسىرىنى ئەڭ يۇقىرى باھا چىقىرالىغان كىشىگە ساتىدۇ، ئۇلار ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق سايلام ھۆددىگەرلىرىدۇر؛ نامزاتلار ئامال بار ئۇلارنى ئۆز يېنىغا تارتىشىدۇ، چۈنكى بۇ ئادەملەرنىڭ قوللىشى بولغاندا سايلىغۇچىلار خۇددى قوي تۇپىدەك ئۇلارغا ئەگىشىدۇ. بۇنداق ئىشلارنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى باشقۇرغۇچىلىرى رىمدا خېلى بۇرۇنلا مەۋجۇت ئىدى. كۇنتۇ ئىنىسىدىن ئۆزىنىڭ تالانتى ۋە «ھەرقانداق ۋاستىدىن پايدىلىنىپ» ئۇلارنى ئۆز يېنىغا تارت دەپ نەسىھەت قىلغان. سايلام سودىگەرلىرى رىمدا ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلار بىرقانچە تۈرگە بۆلۈنەتتى. مەسىلەن: deductores، sequesters، divisdres قاتارلىقلار، بىرىنچى تۈردىكىلەر سايلام بېلىتى سېتىۋېلىشقا مەسئۇل ئىدى، ئىككىنچى تۈردىكىلەر ئۇنىڭغا پۇل تۆلەيتتى، ئۈچىنچى خىلدىكىلەر سايلىغۇچىلارغا ۋەدە قىلغان پۇلنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل ئىدى، چۈنكى سايلىغۇچىلار گۇمانخور بولغاچقا، ۋەدىلەرگە ئالدىراپ ئىشەنمەيتتى، دائىملا پۇلنى مەلۇم دو چىققۇچىلارغا ئوخشايدىغان كىشىلەرگە ئالدىن بېرىۋېتىشتە چىڭ تۇراتتى. سىسېروننىڭ دېيىشىچە، ۋېررې (Verres) سايلامدا ئۇتۇپ چىقىشقا كاپالەتلىك

قىلىش ئۈچۈن، لىق ئون سېۋەت پۇلنى بىر سېنات ئەزاسىنىڭ (Comitia) ئىشلىتىشىگە تاپشۇرغان.

بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئەڭ باي، ئەڭ سېخى نامزاتلار قارشى ئېلىشقا ئېرىشىدۇ. بىر چوڭ باي بىر نامزاتلارنىڭ سايلام رايونىدا سايلىغۇچىلارنىڭ ئۆزىنى سايلىشىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ، لېكىن سايلىغۇچىلار سايلامدىن ئاۋۋال ئۇنىڭ ئىسمىنى پەقەت ئاڭلاپ باقمىغان بولۇپ چىقىدۇ. يېقىندا فرانسىيىنىڭ جەنۇبىدا سايلانغان بىر نامزاتتىن سايلامغا راستتىنلا 1 مىليون فرانك خەجلىدىڭىزمۇ؟ دەپ سورالغاندا «1 مىليون ئەتراپىدا پۇل خەجلىدىم» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئەگەر بىر نامزات نامراتلار سايلام رايونىغا شۇ 1 مىليوننى خەجلەپ قالسا گەپ ـ سۆزسىز ئۇتۇپ چىقىدۇ. كىشىلەر پۇلنىڭ سايلامدىكى رولىنىڭ ئەنگلىيىدىمۇ فرانسىيىدىكىگە ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقان، بۇ ئىش ئەنگلىيە پارلامېنتىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغاپ، ئۇلار ئەڭ يۇقىرى سومما بىلەن سايلام خىراجىتىگە بىر چەك قويماقچى بولۇشقان. رىمدا كاتو چىرىكلىكنى چەكلىمەكچى بولغان بولسىمۇ نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەنىكەن. ئۇ: «بەزى كىشىلەر تەرەپ ـ تەرەپكە قاتراپ خەلقنىڭ سايلام بېلەتلىرىنى سېتىۋالماقتا» دەپ مۇھاكىمە قىلغاندىن كېيىن «بۇ خىل رەزىل، نومۇسسىز سودىنى قاتتىق سۆككەن» ھەم مارىنا ئۈستىدىن ئەرز قىلغان، چۈنكى مارىنا سايلام بېلەتلىرىنى سېتىۋېلىش ئارقىلىق باش كونسۇل بولۇۋالغانىكەن. ھالبۇكى، سىسېرو مارىنانى گۇناھسىز دەپ ھۆكۈم قىلغۇزغان ھەم كاتونىڭ ستوگېچە ئەستايىدىللىقىنى مازاق قىلغان.

بۈرۈنقى دەۋرلەردە ھوقۇقتا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئاۋۋال چوقۇم بىر جەڭچى بولۇشقا ياكى بىر پوپ بولۇشقا توغرا كېلەتتى؛ «بۈگۈن ئىستىلىستىكا ئىلمىنىڭ تەرەققىي قىلىپ كېتىشى سەۋەبىدىن، سىز پەقەت چىرايلىق نۇتۇق سۆزلىيەلىسىڭىزلا خەلقنىڭ رەھبىرى بولۇپ سايلىنالايسىز.» بۇ نۇقتا نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۆپ

ئادۋوكاتنىڭ نامزات بولالىشىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. كۇنتۇ. سىسېرو بۇ خىلدىكى كىشىلەرگە ئالاھىدە تەكلىپ بەرگەن، چۈنكى ئادۋوكاتلار دەۋاگەرگە پايدىسىز بولغان ئاقلاشلارنى قىلىپ قويۇپ، ئاسانلا دۈشمەنلىك بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، كۇنتۇ ئادۋوكاتلارغا دەۋاگەرنىڭ رەقىبى ئالدىدا كەسپىنىڭ ئېھتىياجىنى تەكىتلىشىنى، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنى ئاقلاش ھەم ئۇلارغا كەلگۈسىدە ئۇلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خىزمەت قىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق ۋەدە بېرىشنى تەكلىپ بېرىدۇ.

نامزات سېخىيلىقى بىلەنلا قانائەت قىلماسلىقى، قىزغىنلىق بىلەن ئۇلارغا مۇلازىمەت قىلىشى كېرەك، چۈنكى سايلىغۇچىلار «بىر كىشىنىڭ ئۇلارنى قانائەتلەندۈرگۈدەك ئىشنى قىلىشىنى ئۈمىد قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە شۇ ئىشنى قىلغاندا قىزغىن بولۇشى ۋە سايلىغۇچىلارغا بولغان يۇقىرى دەرىجىدىكى ھۆرمىتىنى ئىپادىلىشى كېرەك . . . خەلقنىڭ تىل ۋە ئەدەپ ـ قائىدىلەرگە ئېتىبار بېرىشى مۇلازىمەت ۋە ئەمەلىي ئەھۋالغا ئېتىبار بېرىشتىن ئېشىپ چۈشىدۇ.»

سەھرالاردىكى سايلىغۇچىلار ئۈچۈن، سايلام بولىدىغان يىل قوش ھوسۇل ئالىدىغان ۋە ھەقسىز زىياپەتكە قاتنىشىدىغان يىلدۇر. نامزاتلار ئۇلارغا هاراق ـ شاراب تارقىتىپلا قالماستىن، تېخى يەنە يېمەكلىكمۇ تارقىتىدۇ. بۇ خىل مېھمان قىلىش ئادىتى ئىنتايىن كونا بولۇپ، ئافىنا، رىم دەۋرلىرىدىلا بار ئىدى.* ئارىستوفېننىڭ كومېدىيىسى «چەۋەنداز» دا، نامزاتلار بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدا مۇنداق بىر دىئالوگ بار: «قېنى بۇنى ئىچىڭلار! — دەيدۇ بىرىنچى

---

* سىسېرو سايلامغا پايدىلىق بولغان زىياپەتلەرنى ماختاپ، كاتونىڭ شەپقەتسىزلىكىنى ئەيىبلەيدۇ، چۈنكى كاتو بۇنداق زىياپەتلەرنى تەنقىد قىلغانىدى («مارىنانى ئاقلاش»، XXXV كە قارالسۇن). بۇ چىرىك ئادەتلەر جۇمھۇرىيەتنىڭ ھالاكىتىنى تىزلەتكەن، رىم خەلقىنى قۇل قىلىش كويىدا يۈرگەن قارا نىيەتلەر خەلقنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن دائىم مۇشۇنداق زىياپەتلەرنى بېرەتتى. — ئاپتورنىڭ ئىزاهاتى.

نامزات، — ۋاھ، نېمىدېگەن ئېسىل شاراب - ھە! — دېيىشىدۇ كىشىلەر، — بۇ ئېسىل تورتقىمۇ ئېغىز تېگىپ بېقىڭلار، — دەيدۇ ئىككىنچى نامزات چاقچاقلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، — ئەي كىشىلەر، دەپ بېقىڭلارچۇ، كىم سىلەرنىڭ قورسىقىڭلارغا مەندەك كۆڭۈل بۆلىدۇ؟ — كىشىلەر شارابىنىمۇ، تورتىنىمۇ ياخشى كۆرۈشنى تاللاشنى بىلەلمەيدۇ - دە، ئۇلارنىڭ يەنە باشقا سېخىيلىقلىرى بولسا چىقىرىشىنى كۈتىدۇ.

مۇبادا نامزاتلار خەققە پەقەت روھنى ئۇرغۇتىدىغان ئىچىملىك ۋە ئوزۇق بولىدىغان تورت تارقىتىۋاتقان بولسا، ئۇنىڭ ئىچىدە چوقۇم يەنە باشقا ئۇلارنى تەسىرلەندۇرۇۋاتقان تەركىبلەرمۇ بار، يەنى ئۇلار ھىيلە - مىكىرلەر، ساختا ۋەدىلەر بىلەن خەلقنى ئوزۇقلاندۇرۇپ، ھاردىم - تالدىم دېمەي خەلقنىڭ قورسىقىغا، خەلقنىڭ قۇلىقىغا ئىشلەيدۇ.

سايلامنىڭ چىركىنلىشىشىگە دائىملا ئالدامچىلىق ياندىشىپ كېلىدۇ. ئۆلگۈچىلەر ۋە قاتناشمىغۇچىلار بېلەت تاشلاشقا سېلىنىدۇ؛ بېلەت تاشلاش باشلانماي تۇرۇپلا بېلەت ساندۇقىغا بېلەت تولۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ياكى ئۇنداق، ياكى بۇنداق باھانىلەر بىلەن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ خەلقنى بېلەت تاشلاش ئۆيىدىن كەتكۈزۈۋەتكەندىن كېيىن ئالدىنئالا تەييارلاپ قويغان بېلەتنى ساندۇقتىكى بېلەتنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇۋېتىدۇ. سايلام كومىتېتىنىڭ تەشكىللىنىشى ئەسلىدىنلا ئىنتايىن مۇھىم ئىش ئىدى، لېكىن بۇمۇ دائىملا ئالدامچىلىق بىلەن رۇياپقا چىقىدۇ، شەھەر مەمۇرىيىتى ئەمەلدارلىرىنىڭ سۈكۈت قىلىۋېلىشى بىلەن، سايلام كومىتېتىنىڭ ئۆز پارتىيىسىدىكىلەردىن تەركىب تېپىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە بەزى ئىشەنچلىك قوللىغۇچىلىرىنى بېلەت تاشلاش ئۆيىدە قوندۇرىدۇ ياكى شەھەر مەمۇرىيىتى تېخى ئىشىكنى ئاچماي تۇرۇپ، ئۇلارنى

www.uyghurkitap.com

ئۆيگە كىرگۈزۈۋېتىدۇ. پرووۋېنس* (Provence) تا: كىم بىلەت ساندۇقىنى كونترول قىلىدىكەن، شۇ كىشى سايلامنى كونترول قىلغان بولىدۇ، سايلام كومىتېتىدىكىلەرنىڭ بىلەتنى ئۆزگەرتمىكى ئاسانلا ئىش، دېگەندەك سۆزلەر كەڭرى تارقالغان. مېنىڭ ئەدلىيە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش تارىخىمدا ئاز سانلىقلارنىڭ كۆپ سانلىقلارنى ئالداپ بىلەتكە ئېرىشىۋېلىپ، نەچچە يىللار ھوقۇق تۇتقاندەك ئالدامچىلىقنى كۆپ كۆرگەنمەن.

مۇبادا نامزاتلار ئالدامچىلىق، يالاقچىلىق ۋە چىرىكلىك ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلسە، سىياسىي يىغىلىشلارنىڭ ئەخلاق سەۋىيىسى ۋە ئەقلىي سەۋىيىسى شۇقەدەر پەسكەش ھالەتكە چۈشۈپ قالسا، سىياسىئونلار ئىقتىدارسىز بولۇپ قالسا بۇنىڭغا ئەجەبلەنمىگۈلۈك. بىر جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن ناھايىتى ئاجىز بىر ۋىجدان بىر كىچىدىلا ئەمگەككىمۇ، ئەقىللىق، سەممىمىي كىشىلەرگىمۇ ۋەكىللىك قىلماي جاھاننى سورىيالايدۇ. ئۇلار دىنىي خادىملارغا ھۇجۇم قىلىشىدۇ، پارلامېنتتا ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشىسىمۇ، لېكىن ئۇ مەسىلىنى مۇتلەق چۈشەنمەيدۇ، قانۇن تۇرغۇزۇش پائالىيەتلىرىنى قالايمىقانلاشتۇ- رۇپ، مەمۇرىي خادىملارنى ئۆز مەيلىچە تەيىنلەيدۇ ياكى ئىشتىن بوشىتىدۇ. ئىشلار مانا مۇشۇنداق، ھايانكەشلەر ۋە سالاھىيىتى گۇمانلىق كىشىلەر سىياسىيغا سۇقۇنۇپ كىرىۋالسا، كىچىك پېئىل، تىرىشچان كىشىلەرنىڭ نەتىجىدە سىياسىي بىلەن ئالاقىسى بولمايدۇ؛ سىياسىئونلار خۇددى خەلق پاسىبانى ھېرېننىئۇ (Herenniu) دەك نومۇسسىز بولۇۋالىدۇ، خەلق بولسا سىسېرو دېگەندەك «ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان، ئېچىرقىغان مەخلۇقلار» بولۇپ قالىدۇ. ئىغۋاگەرچىلەر ئەقىللىق

---

* پرووۋېنس، فرانسىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى بىر رايون. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئادەملەرنىڭ قولىدىن ھوقۇقنى تارتىۋېلىشىدۇ، خۇددى ماتروسلار رولچىنى رول يېنىدىن ھەيدىۋەتكەنگە ئوخشاش، ئۇلار «پاراخوتنى ئىگىلىۋالدى، تۇزۇمگە خىلاپلىق قىلدى، ھاراق ئىچىپ پاراخوت ھەيدىدى.»

ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە كىشىلەرنى سىياسىي يىغىلىشلاردا يەنىلا ئۇچراتقىلى بولىدۇ، «لېكىن كىشىلەر ئۇلارنىڭ سۆزىنى تىڭشىمايدۇ؛ تەكەببۇرلۇق، ھەسەتخورلۇق ۋە نەپسانىيەتچىلىك خۇددى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوچ تال مەشئەلدەك كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئۆرتەپ تۇرىدۇ.»

ئارىستوتېلنىڭ قارىشىچە، كۆپ ھاللاردا، كۆپچىلىك شەخسكە قارىغاندا تېخىمۇ توغرا ھۆكۈم قىلالايدۇ، شۇ سەۋەبلىك ئۇلارغا ئاممىۋى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە ئادالەتنى ياقلاش ھوقۇقى بېرىلىدۇ. مونتېسكيۇمۇ مۇنداق دەيدۇ: خەلق كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان پەرق ئېتىش، ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى بىلەن ئۆز ۋەكىللىرىنى تاللىشىدۇ. مېنىڭ قارىشىمچە، مەيلى تارىختىن بولسۇن، مەيلى ھازىرقى رېئاللىقتىن بولسۇن بۇنداق يەكۈننى چىقىرىشقا بولمايدۇ. ئافىنانىڭ دېموكراتىيىسى گەرچە ئەقىل-پاراسەت تېپىدىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ سىياسىي گەۋدىسى بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا پەرق ئېتىش كۈچى تۆۋەن ئىدى. ئەڭ مۇنەۋۋەر پۇقرالار زىيانكەشلىككە ئۇچرايتتى، سۈرگۈن قىلىناتتى ياكى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىناتتى، شان-شەرەپ پەس-چاكىنا كىشىلەرگە بېرىلەتتى. سوقرات (Socrates) ۋە پوسىئون* (Phocion) لار زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋېلىشقا ھۆكۈم قىلىنغان، ئارىستىد (Aristides) سۈرگۈن قىلىنغان، مىلتىئاد (Miltiades) زىندانغا تاشلانغان، تېمىستوكىل (Themistocles) سۈرگۈندە

* پوسىئون (402 ـ 315 BC)، ئافىنا سىياسىئونى، سەركەردىسى، ئافىنانىڭ ئەمەلىي ھۆكۈمرانى (322 ـ 318). — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆلگەن، ۋەھاكازالار. ئافىنانىڭ دېموكراتىيىسى ئەقىل ـ پاراسەتلىكى ۋە دۇرۇسلۇقى بىلەن شۆھرەت قازانغۇچىلارغا ھەسەت قىلاتتى ھەم شۇنداق ئادەملەرنى سۈرگۈن قىلاتتى. مونتىسكيۇ ئافىنانىڭ سۈرگۈن قىلىش سىياسىتىنى «كىشىنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايدىغان بىر تۈزۈم ئىدى» دەيدۇ. ئۇ مۆتىدىللىككە مۇراجەت قىلىدىغان ئاۋام ھۆكۈمىتىنىڭ مۆتىدىل پەزىلىتىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ھالبۇكى، ئون يىللىق سۈرگۈن ھۆكمى ئۆزىنى ئاقلاش، ئەرز قىلىش پۇرسىتى بەرمەستىنلا ماقۇللۇقتىن ئۆتكۈزۈلەتتى.

ئافىنا دېموكراتىيىسىدە دائىملا ئىقتىدارسىز، پەسكەش ئادەملەر ھۆرمەتلىك ئورۇنلارغا ئۆستۈرۈلەتتى. پېرىكل (Pericles) دىن كېيىن ئافىنا ئېۋكرات (Eucrates) نىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى، ئۇ بىر كەندىر سودىگىرى ئىدى؛ لىساد (Lysades) مۇ ھۆكۈمرانلىق قىلدى، ئۇ بىر قوي سودىگىرى ئىدى. ھىيپېربولو (Hyperbolos) چىراغ سودىگىرى بولۇپ، بىر مەزگىل قىزغىن قارشى ئېلىشقا ئېرىشكەنىدى. ئارىستوفېن خەلقنىڭ ئىقتىدارسىزلارغا خۇشامەت قىلىدىغان كەمچىلىكىنى ئۆتكۈرلۈك بىلەن كۆرسىتىپ بەرگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ «چەۋەنداز» ناملىق كومېدىيىسىدە، سەركەدە دېموستېنېي (Demosthenes) ۋە نىسىئا (Nicias) ھېلىقى ئىغۋاگەرچىنى كۆزدىن يوقاتماقچى بولىدۇ. «ئۇ ئۇچىغا چىققان بىر لۇكچەك، تېپىك پىتنە ـ پاساتچى، ئىتقا ئوخشاش قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ خۇشامەت قىلىدۇ (خەلققە)، ئەركىلەپ، ناينىقلاپ، قاش ـ كۆزلىرىنى ئوينىتىپ خەلقنى ئالدايدۇ.» ئىككى سەركەردە ھوقۇقنى بىر چوشقا ئۆلتۈرىدىغان قاسساپقا تاپشۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «بۈگۈن سەن ھېچنېمە ئەمەس، ئەتە سەن ھەممە، دېمەكچى بەختلىك ئافىنانىڭ رەھبىرىسەن...» قاسساپ: «ماڭا چۈشەندۈرۈپ قويۇڭلار، بىر كولباسا ساتقۇچى قانداق قىلىپ بىر چوڭ ئەرباب بولالايدۇ.» دېموستېنېي: «دەل سەن بىر كولباسا ساتقۇچى بولغانلىقىڭ

ئۈچۈنلا، سەن بىر لۈكچەك، پەس - چاكىنا ئادەم بولغانلىقىڭ ئۈچۈنلا بىر ئېسىل زاتقا ئايلىنىسەن.» 

ئادەم دېگەن ئۆزىدىن ئۈستۈن كىشىلەرگە نىسبەتەن دائىم ھەسەت قىلىپ ۋە بىزار بولۇپ تۇرىدىغان تەبىئەتكە ئىگە. مىرابو* (Mirabeau) نىڭ ئەقىل - پاراسىتى نۇرغۇن ئادەملەرنى ئۆزىگە دۈشمەن قىلىۋالغانىدى. يېقىندا سۈرگۈن قىلىنغان فرانسىيە جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى كىشىلىرىنىڭ مۇشۇنداق مۇئامىلىگە دۇچار بولۇشىنىڭ سەۋەبى، ئۇلارنىڭ ياكوبىنچىلارنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىغان ئەركىنلىكىنى قوغداشقا ھەرىكەت قىلغانلىقى بولماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ كەچۈرگىلى بولمايدىغان مەشھۇرلۇقىدا. زەپەر قۇچۇپ كەلگەن سەركەردىلەر گۇمانلارغا دۇچار بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار باشقىلارنىڭ ھەسىتىنى قوغدايدۇ. ئافىنادا، مۇبادا بىرەر سىياسىئون دۇرۇسلۇقى ۋە ئىقتىدارى بىلەن خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكۈدەك بولسا، ئۇنىڭ رەقىبلىرى ئۇنى خەلق ئالدىدا ئۇنىڭ نىشانى ھاكىممۇتلەق بولۇش دەپ سۆكۈشكە باشلايتتى. سالامى (Salamis) قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ ھوقۇققا ئېرىشكىنى بىلەن تۈگىمەس ھەسەت ئىچىدە قالىدۇ ۋە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىلىدە سۈرگۈن قىلىنىدۇ. سىمون (Cimon) ئافىنادىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر سەركەردىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئومۇمنىڭ پۇلىنى ئىشلىتىۋالغان دېگەن تۆھمەت چاپلىنىپ سۈرگۈن قىلىنىدۇ. پېرىكلمۇ سۇسىدىد (Thucydides) نى بىر ئاماللار بىلەن سۈرگۈن قىلغان، ۋەھاكازالار.

ئافىنادا، كىشىلەر ئۆز باشلىقلىرىنى سايلاشقاندا تۆھپىنى نەزەرگىمۇ ئىلىپ قويماستىن، مەنسەپ - ئەمەلنى پەسكەش -

* مىرابو (1749 - 1791) فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى دەۋرىدىكى پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنچىلىرىنىڭ ۋەكىللىك شەخسلىرىدىن بىرى، ناتىق، ئۈچ دەرىجىلىك يىغىنغا قاتنىشىدىغان ئۈچىنچى دەرىجىلىك ۋەكىل بولۇپ سايلانغان (1789) . — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

www.uyghurkitap.com

چاكىنا كىشىلەرگە قوش قوللاپ تۇتقۇزاتتى. بىزنىڭ دەۋرىمىزدىمۇ، فرانسىيىدە، خەلقنىڭ م. چ. دې. رېمۇسات (M. Ch. de. Remusat) ئەپەندى ۋە م. تاين (M. Taine) ئەپەندىلەرنى ئەمەس، بەلكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرىنى ياخشى كۆرۈۋاتقانلىقىنى كۆرمىدۇقمۇ؟ فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى دەۋرىدە مالات (Malat) خەلقنىڭ مەبۇدىسىغا ئايلىنىپ قالمىدىمۇ؟ خەلق جاھانكەزدى ئالدامچىلارنى ۋە نەيرەڭۋازلارنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەستايىدىل ئىش قىلىدىغان، تىنچلىقنى سۆيىدىغان، شەخسىي تۇرمۇشىدىن ئەيىب تاپقىلى بولمايدىغان پادىشاھلار، مەسىلەن، لۇئى XIV، لۇئى XV ۋە لۇئى. فىلىپلار ئەزەلدىن قارشى ئېلىنمىدى. ئەكسىچە، راھەت - پاراغەتكە بېرىلىدىغان ئۇرۇشخۇمار، شەھۋەتپەرەس پادىشاھلارنى ياخشى كۆرۈپ كەلدى. خەلقنىڭ ياخشى كۆرىدىغىنى كىشىلەرنى تىرىشچانلىقى، ئاددىي - ساددىلىقى ۋە ئۆزىنى تىزگىنلەشكە ئۈندەيدىغان ئادەملەر ئەمەس، بەلكى جاھانكەزدى ئالدامچىلار، مۇمكىن بولمايدىغان ئىشقا ۋەدە قىلغۇچىلار ۋە ئەمەلىيەتتە شەخسىي نەپنى ئەمەلىيلەشتۇرۇشكە ۋەدە قىلغان كىشىلەردۇر. كىشىلەر ئىقتىدار ۋە پەزىلەت جەھەتتە باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغان كىشىلەرنى ئاممىۋى ئىشلارنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇشقا رازى، چۈنكى ئۇلار بۇنداق كىشىلەرگە ھەسەت قىلىپ، ئۆزلىرى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئىقتىدارسىزلارنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىدۇ. ئوخشاش تۇردىكىلەر بىر - بىرىنى ياقتۇرىدۇ (Similis imili guder). پلۇتاركنىڭ تۆۋەندىكى قارىشى يەنىلا خەلققە ماس كېلىدۇ: «خەلق، ... بارلىق ئىشلارنى ئۆزلىرى ۋە ئۆزلىرىنىڭ نوپۇزى ئارقىلىق بەلگىلەشنى ئۈمىد قىلىدىغان خەلق، مەلۇم كىشىنىڭ ئابرۇيى، نام - ئاتاق جەھەتتە باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشكەنلىكىنى كۆرسە، بىئارام بولىدۇ ۋە ئىچى ئادايدۇ.»

خەتەرلىك يىللاردا خەلق ھەسەت قىلىشنى ئۇنتۇپ قېلىپ

ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ تۆھپىسىگە موھتاج بولۇشىدۇ؛ ھالبۇكى، تىنچلىق يىللىرىدا، خەلققە بىرەر يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەرمىگۈچە، ئۇلار ھەرگىزمۇ توغرا تاللاش ئېلىپ بارالمايدۇ. «سايلامدىنمۇ بەكرەك ئالدامچىلىققا تولغان نەرسە يوق» دەيدۇ سىسېرو، «فىلىپ (Philippus) شۇقەدەر ئەقىل - پاراسىتى بار، خىزمەتكە شۇقەدەر جان كۆيدۈرەر، خەلقنىڭ كۆڭلىگە شۇقەدەر ياققان، ئائىلە كېلىپ چىقىشى شۇقەدەر ياخشى تۇرۇپمۇ ھېرېننىئۇس (Herennius) غا يېڭىلىپ قېلىشىنى كىم ئويلىغان دەيسىز؟» كاتۇللۇس* (Catullus) ئەدەب - قائىدىلىك، سەزگۈر، سەممىمىي، دۇرۇس كىشىلەرنىڭ ئۈلگىسى ئىدى، ئۇمۇ ماتتىئۇ (Mattius) غا يېڭىلىپ قالمىدىمۇ؟ ئەڭ ئاخىرىدا، سكارۇ (Scaurus) دەك قەيسەر سېناتمۇ ماكسىمۇس (Maximus) نى يېڭەلمىدى ئەمەسمۇ؟» 1893 - يىلىدىكى سايلامدا، جورجى پىكوت (Georges . Picot)، پاۋىل. لېروي. بولىئۇ (Paul . Leroy . Beaulieu)، دې. مۇن (de . Mun)، پىئو (Piou) ۋە لامي (Lamy) لار رەقىبلىرىگە يېڭىلىپ قالمىدىمۇ؟ ئىلگىرىكى مۇتلەق پادىشاھلىق سىياسىي تۈزۈلمىسىدە، تەجرىبىلىك سىياسىئونلارنى ئوردا سۇيىقەستچىلىرى ۋە شاھبانۇلار خالىغانچە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرالايتتى، مەسىلەن، لۇئى XV نىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئىككى ۋەزىرى دئار گېنسىن (dArgenson) ۋە چويسۇل (Choiseul) لارنى پومپادور (Pompadour) شاھبانۇ ۋە بارري (Barry) شاھبانۇلار ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىغانىدى. بۈگۈن ئۇلارنى خەلقنىڭ خۇشامەتچىلىرى ۋە ئاۋامنىڭ نادانلىقى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىماقتا.

* كاتۇللۇس (84؟ - 54 BC) رىمنىڭ لىرىك شائىرى، سۆيگىنى لىسبىيەگە يازغان مۇھەببەت شېئىرلىرى بىلەن مەشھۇر، ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللىنىش مەزگىلى ۋە كېيىنكى ياۋروپا لىرىك شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

مۇبادا ھەرقايسى پارتىيە ـ مەزھەپلەرنىڭ سەممىي زاتلىرىنىڭ نىشانى بىردەك بولغان، تېخىمۇ تەشەببۇسكارلىقىنى ئىپادىلىگەن بولسا ئىدى، سايلام ياخشىراق ئۆتكەن بولار ئىدى. بىراق، ئۇلار جىمجىتلىقنى ۋە ساختا ئېھتىياتچانلىقنى ياخشى كۆرىدۇ، ھۇرۇن، يالقاۋ، بىپەرۋا، «بىر توپ بىچارە ئەخمەقلەر، گەرچە جەمئىيەت مەۋجۇت بولمىسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۆتمۇشتىكىدەك بىلىق كۆلچىكىنىڭ بولۇشىغا ئىشىنىدۇ.» ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي بىلەن ئارىلىشىپ قالمىسىلا سىياسىينىڭ ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلمايدىغانلىقىنى ئويلىشىدۇ، ئۇلار جەمئىيەتتىكى غايەت زور خەتەرنى خەلق بىلەن پادىشاھنىڭ بىر ـ بىرىدىن قېلىشمايدىغان نادان، ئىقتىدارسىزلىقى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى چۈشىنىشى كېرەك ئىدى؛ ئۆزلىرىنىڭ خەلقنى ئاقارتىش، قىزغىن سۆيۈش، خەلققە مۇلازىمەت قىلىش، بىر تەرەپلىمە قاراشلارنى يوقىتىش، ئېسىل پەزىلەتلەرنى يېتىلدۈرۈش، بولۇپمۇ خۇشامەتچىلەرنىڭ نىقابىنى يىرتىپ تاشلاش مەجبۇرىيىتىنىڭ بارلىقىنى بىلىشى كېرەك ئىدى. خەلق تېخى تولۇق ئاقارتىشقا ئېرىشەلمىگەن سەۋەبلىك جاھانكەزدى ئالدامچىلارنىڭ ئولجىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ، ئۇلارنى ئىغۋاگەرچىلەرنىڭ زەھەرلىك چىشىدىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇلارنى تەربىيىلەش زۆرۈر. خەلقنى تەربىيىلەش ھۆكۈمەتنىڭلا مەسئۇلىيىتى بولۇپ قالماي، بەلكى يەنە بارلىق ھەققانىي تۇيغۇسى بار، پۇرسەت ۋە بىكار ۋاقتى بار كىشىلەرنىڭمۇ مەسئۇلىيىتى. بىر دۆلەتنىڭ ئاممىۋى ئىشلىرى بارلىق ۋەتەن سۆيەر كىشىلەرنىڭ خۇسۇسىي ئىشىغا ئايلىنىشى كېرەك.

پلاتون سىياسىينىڭ ئېسىل ئەخلاققا زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلگەن. شۇڭا، ئۇ ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئادەملەرنىڭ ھېچقانداق ئاممىۋى يېتەكچىلىك پائالىيەتلىرىگە قاتناشماسلىققا دەۋەت

قىلغان. ئېپىكۇرۇس* (Epicurus) مۇ ئەقىللىق كىشىلەرگە شۇنىڭغا ئوخشاش نەسىھەت قىلغان. ئەگەر بىر ئەقىللىق كىشى بەختلىك ياشاشنى ئويلايدىكەن، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن سىياسىيغا ئاتلانغان بولسا ئۆز سالاھىيىتىنى تۆۋەنلىتىشىنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇ ئۆزى قىلىۋاتقان ساۋابلىق بىلەن ھەزەر ئەيلەۋاتقان يامانلىقنىڭ سىناقلىرىدا ۋىجدانىي قانائەتلىنىشنى تاپالايدۇ، يەنە كېلىپ ۋىجدان خاتىرجەملىكىنىمۇ قىممەتلىك.

سىياسىيغا سەل قاراش بىر خىل ئېغىر خاتالىق، چۈنكى بۇنداق قىلىش سىياسىي ساھەنى رەزىللەر ۋە ئىقتىدارسىزلار ئۈچۈن بىكارلاپ بېرىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر يامانلىق چېكىگە يەتسە ياخشىلىق پەيدا بولىدۇ دەپ تەسەۋۋۇر قىلىدۇ.** مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇلار يامانلىقنى چەكلەيدىغان ھېچقانداق ئىش قىلمايدۇ، بۇ خىل قىلمىشنى ھۆرمەتلەشكىمۇ، دوراشقىمۇ بولمايدۇ، رەزىللىكنى چەكلىمەي بولمايدۇ.

پومپېي ئۇتىكادىكى كاتونى (Cato of Utica) سېناتتىن ئايرىلىشقا بۇيرۇغاندا، كاتو مۇنداق دېگەنىكەن: «مەن ئەزەلدىن بەزى كىشىلەرگە ئوخشاش باي بولۇش مەقسىتىدە جۇمھۇرىيەتنىڭ ئىشلىرىغا كۆيۈنمىدىم، نام ـ ئابرۇينىمۇ مەقسەت قىلغىنىم يوق، . . . بەلكى، چوڭقۇر ئويلىنىشلاردىن كېيىن ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش بىر ياخشى ئادەمنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى بولۇشى كېرەك دەپ قارىدىم، ھۆكۈمەتكە كۆڭۈل بۆلۈش مەجبۇرىيىتىم بار، ئىشلار ئۈستىدە تېخىمۇ ئەستايىدىل ئويلىنىش مەجبۇرىيىتىم بار دەپ قارىدىم، ھەسەل

---

* ئېپىكۇرۇس (341 ـ 270 BC)، قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى، ئەڭ بۇرۇن ئىجتىمائىي كېلىشىم تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ھاياتنىڭ مەقسىتى بەختلىك بولۇش دەپ تەشەببۇس قىلىدۇ.
— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

** مىرابو مۇشۇ ـ تەشنەزەر بىلەن ئوردىنى دەۋەت قىلغاچقا، ئاساسىي قانۇن يىغىنى ئېغىر خاتالىق سادىر قىلغانىدى. — ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

www.uyghurkitap.com

ھەربىلىرى ئۇۋا سالغاندىنمۇ بەكرەك ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆز ئىشىمغا تۇجۇپىلىدىم.» مۇبادا سەمىمىي ئادەملىرىمىز كاتوغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ يەتكەندە ئىدى، ئۇلار ئۇ ھالدا ئاممىۋى تۇرمۇشقا ھاردىم - تالدىم دېمەي قاتناشقان، بىزارلىق ھېسسىياتى بىلەن دېموكراتىيىگە بەرداشلىق بېرىشنىڭ ئورنىغا، دېموكراتىيىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرغان، ئۆز قىزغىنلىقىنى دېموكراتىيىگە بېغىشلىغان ھەم دېموكراتىيىنى يېتەكلىگەن بولار ئىدى.

راھەتپەرەس ۋە ئۆز ئىشلىرى بىلەنلا بولىدىغان مەنپەئەتپەرەس كىشىلەر بەدەۋلىكنىڭ توپان بالاسىدەك جەمئىيەتنى ئاققۇزۇپ كەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىدە، خۇددى لۇئى XV چۇقان سېلىشىدۇ: «ئىشقىلىپ بىزگە ھېچقانداق بالاسى بولمىغاندىن كېيىن ھەممىنى ئېقىتىپ كەت!» ئۇلار ئۇنتۇپ قالغانكى، رەزىللىكنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىدىغان بولسا توپان سۈيى ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىنمۇ تېز يېتىپ كېلىدۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا، يەنە بەزىلەر غەلىتە بىر خىل تەلەپپۇزدا لا. برۇيېرنىڭ قارىشىنى ماقۇللىشىدۇ: «پەقەت مېنىڭدىنلا چوڭ سياسىئونلاردىنمۇ بەكرەك ھۆرمەتكە ئېرىشكەن، ئۆزىنى چوڭ سىياسىئون بولىمەن دەپ چاغلاۋاتقان، مۇشۇنداق بىر ئېتىقاد بىلەن توختىماي ئالغا بېسىۋاتقان كىشىلەر، بۇ دۇنيا بىر كىشىنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن جاپا چېكىشىگە ئەرزىمەيدۇ دەپ قارايدۇ.» لا. برۇيېر بىر خرىستىئان مۇرىتى ئىدى، ئۇ شۇنى ئېسىدە چىڭ ساقلىشى كېرەككى: بۇ دۇنيا ھەرقاچان دىققىتىمىزدە، چۈنكى ئۇ تەڭرىنىڭ ئەسىرى، ئىنسانلارنى كەمسىتىش خرىستىئانلارنىڭ ھېسسىياتى ئەمەس. مېنى سۆزلىگىلى قويۇڭكى، ئىنسانلار ھامان گۈزەل بولىۋەرمەيدۇ، ئۇنىڭ رەزىل، سەت يەرلىرىمۇ بار، ئېسىل، يۈكسەك يەرلىرىمۇ بار. ئۇنىڭدىن باشقا ئىنسانلار ئۆزىنى دائىم گۇناھكاردەك ھېس قىلسا ئۇ خۇشھال يۈرەلمەيدۇ، ئۇنىڭ

بەختسىزلىكى ھېسداشلىق قوزغاش بىلەن بىللە ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنىمۇ ئۇرغۇتۇشى كېرەك. دۆلەت ئىشلىرى مىنىستىرى دې. لاۋپېتو ئىنتايىن زۇلمەتلىك بىر جەمئىيەتتە ياشىغان، كۆپ قېتىم قىيىن - قىستاققا ئېلىنغان، شۇندىمۇ ئۇنلۇك ئاۋاز بىلەن كىشىلەرنى چىرماپ تۇرغان چۇشكۇنلۇككە قارشى تۇرغان، ياخشى ئادەملەرنى ئاممىۋى ئىشلارغا قاتنىشىشقا دەۋەت قىلغان، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «تەڭرىدىن باشقا، دۆلىتىمىز بىزنىڭ ئۆزىمىزنى تەقدىم قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ، ئۆزىڭىزنى دۆلىتىڭىزگە تەقدىم قىلغاندىن كېيىن دۆلەت سىزنىڭ يۆلىشىڭىزگە موھتاج بولسا، دۆلىتىڭىزگە تاكى ھاياتىڭىزنىڭ ئاداققى پەيتلىرىگىچە، تاكى ئۆلۈمنىڭ بوسۇغىسىغىچە خىزمەت قىلىشتا قەتئىي بوشاشماڭ.»

www.uyghurkitap.com

# توققۇزىنچى باب
# سىياسىي سەۋەبتىن قانۇننىڭ بۇلغىنىشى ۋە ئەدلىيىنىڭ چىرىكلىشىشى

ئادالەتسىزنىڭ قورالى بولۇۋاتقان قانۇن —— ئىرلاندىيە كاتولىك دىنىغا قارشى ئەنگلىيە جىنايى ئىشلار قانۇنى —— قانۇن تۈرغۇزۇش ئارقىلىق ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىنىڭ ئورنىنى قوغداش —— ئادەتتىن تاشقىرى ۋە ئالاھىدە بولغان قانۇنلارنىڭ ھەممىسى سىياسىيدىكى قانۇنلاردۇر —— ئادۋوكاتلارنىڭ گەپدانلىق قىلىپ ناچار قانۇنلارنى ئاقلىشى —— قانۇنشۇناسلار ئەمەس، بەلكى مۇستەقىل مۇتەپەككۇرلار قانۇننى مۇكەممەللەشتۈرمەكتە —— سىياسىي يىغىنلار ھەمىشە بەزى ئادالەتسىز قانۇنلارنى ماقۇللايدۇ —— قانۇن ھەمىشە سىياسىي ئەسەبىيلىك قىزغىنلىقىنىڭ تەسىرىدە ماقۇللىنىدۇ —— توپ - توپ بولۇپ تۇرغان ۋاقىتتىكى كىشىنىڭ روھىي ھالىتى —— قىزغىنلىق ئۆرلەپ تۇرغان يىغىلىشلاردا ھەمىشە زوراۋانلىق خاھىشلىرى مۆتىدىللىك خاھىشلىرىنى يېڭىپ چىقىدۇ —— قوپاللىق بىلەن قانۇن تۈرغۇزۇش ۋە پايدىلىق ئىسلاھات —— سىياسىي سەۋەبتىن ئەدلىيىنىڭ چىرىكلىشىشى —— قانۇنلۇق، ئەمما ئادالەتسىز ئۆلۈم جازاسى —— سىياسىي رەقىبلىرىگە

*تۆھمەت چاپلاش ۋە ئۇلارنى كەمسىتىش —— سودىيىنىڭ ھۆكۈمەتكە تىز پۈكۈشى —— زاسېداتېللار ۋە ئەدلىيە —— كونا تۈزۈمدىكى فرانسىيىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى سوتچىسى —— مۇستەقىل، يۈگەنسىز جەمئىيەت ئامانلىقى سوتچىسى ھۆكۈمەتنىڭ ئىشتىھاسىغا ماس كەلمەيدۇ —— مۇستەقىل بولۇش ۋە باشقا تەسىرلەرگە ئۇچرىماسلىق مۇنەۋۋەر سودىيە ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم —— ئالاھىدە ۋەزىپىنىڭ ئەدلىيىگە بولغان زىيىنى —— فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى دەۋرىدىكى ئالاھىدە سوت —— ئارمىيىنىڭ سودىيە بولۇۋېلىشىنىڭ خەتىرى —— ساقچىلارنىڭ سىياسىي رولى —— سىياسىئونلار سودىيە بولۇۋالسا ھەرگىز بولمايدۇ.*

سىياسىي تۇرمۇش قانۇننى ئاللىقاچان ئىنسانلىق ھەق - ھوقۇقلىرىنى تارتىۋالىدىغان ۋە بۇلاڭ - تالاڭ ئېلىپ بارىدىغان قورالغا ئايلاندۇرۇۋالغان. بەدەۋىلەر قورال - ياراغلارغا تايىنىپ ئۆلتۈرىدۇ، كۆيدۈرىدۇ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىدۇ؛ ئۆزىنى مەدەنىيەتلىك كىشىلەرمىز دەپ ئاتىۋالغان كىشىلەر بولسا قانۇن ئارقىلىق يۇقىرىقى ۋەھشىيانىلىكلەرنى قىلىشىدۇ. بۇنداق بولغاندا قانۇن مىلتىق - زەمبىرەككە ئوخشاش قان ھىدى كېلىپ تۇرىدىغان نەرسىگە، بىسى پارقىراپ تۇرغان پالتىدەك جاللاتلىق قورالىغا ئايلىنىپ قالىدۇ، قانۇننى نىقاب قىلىپ تۇرۇپ ئېلىپ بارغان بۇلاڭچىلىق يول بويلىرىدا، دەرەخ دالدىلىرىدا بۇلاڭچىلىق قىلىشلارغا ئوخشايدۇ. قەستلەش ۋە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش قانۇننىڭ غوللۇق ۋەزىپىلىرىدىن بولۇپ قالدى؛ ئىنسانلىق ھەق -

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

هوقۇقلىرىنى تارتىۋېلىش ۋە قىرغىنچىلىق، بۇلاڭچىلىقلارغا ئاخىر قانۇندىن تون كىيدۈرۈلدى.

قانۇن نامى بىلەن ئىنسانلىق ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى تارتىۋېلىش ئىپتىدائىي زوراۋانلىق ئۇسۇلىنى ئىشلەتكەندىنمۇ نەپرەتلىك، چۈنكى بۇ خىل رەزىل قىلمىشقا ساختىپەزلىك ۋە ئالدامچىلىق تەركىبلىرى قوشۇلغان. سىياسىي زىيانكەشلىككە قانۇندىن ئاقلاش سەۋەبلىرىنى تېپىپ بەرگەن قانۇنشۇناسلار ئۆز قېرىنداشلىرىنى ئۆلتۈرگەن ئاشۇ ئەبلەخلەردىنمۇ قەبىھ.

سىياسىي تۇرمۇشتا خىلمۇخىل بىمەنە ۋە ياسالما بولغان قەبىھ قانۇنلار بار، مەسىلەن، قايسىبىر ئىش ئەنگلىيىنىڭ ئىرلاندىيە كاتولىك دىنىنى باستۇرۇش قانۇنىدەك چېكىدىن ئاشقان جىنايەتكە تەڭ تۇرالىسۇن؟ ئەنگلىيىنىڭ قانۇنشۇناسلىرى بىر تۈرلۈك قانۇن سىستېمىسىنى لايىھىلەپ چىققان بولۇپ، بۇركې* (Burke) بۇ سىستېمىغا مۇنداق دەپ باھا بېرىدۇ: «بۇ ھازىرغا قەدەر ئىنسانىيەتنىڭ چۈشكۈنلەشكەن تالانتلىرى ئىختىرا قىلغان ئەڭ مەككار، ئەڭ كۈچلۈك ئېزىش قورالى ھېسابلىنىدۇ. بۇ قورال ئىشلىتىلسە كىشىلەرنى قاقسەنەم قىلىپ تاشلاپ، ئىززەت ـ نەپسىنى دەپسەندە قىلىدۇ ھەم بىر مىللەتنى چۈشكۈنلەشتۈرۈش بىلەن تەڭ كىشى تەبىئىتىدىكى ئەڭ جاھىل سەممىيلىك مەنبەسىنى بۇلغايدۇ.» بۇ ۋەھشىيانە قانۇنلار خۇددى كاننىڭ** (Canning) ئېيتقاندەك، يۇزەكى قارىغاندا، ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئەڭ ياۋۇز قىلمىشلارنى چەكلەيدىغان تەتقىقات

---

* بۇركې (1729 — 1797)، ئەنگلىيە سىياسىي مۇلاھىزىچىسى، 1765 ـ يىلى باش ۋەزىر روككىڭھامنىڭ كاتىپى بولغان، 1766 ـ يىلى پارلامېنت ئەزاسى بولۇپ سايلانغان، «فرانسىيە ئىنقىلابى تەسىراتلىرى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. —— ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

** كاننىڭ (1770 — 1827)، ئەنگلىيە تولى پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى، دىپلوماتىيە ۋەزىرى (1807 — 1809)، باش ۋەزىر (1827) قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ——ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

نەتىجىسىدەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئىنسانىيەتكە قارشى ۋايىغا يەتكەن تەتقىقات نەتىجىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كاتولىك مۇرىتلىرىنى مەڭگۈ نامراتلىق ۋە نادانلىق ھالىتىدە قالدۇرۇش ئۈچۈن، قانۇن ئۇلارنىڭ يەر ـ زېمىن ئىگىلىشى ۋە ئەركىن كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشىنى چەكلىگەن. قانۇن كاتولىك مۇرىتلىرىغا كۆرسەتمە خاراكتېرلىك مەجبۇرىيەت بەلگىلەپ بەرمىگەن، ئەمما قانۇندا كاتولىك مۇدەررىسلىرىنى سۈرگۈن قىلىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن؛ قانۇن كاتولىك دىنىنىڭ ئىبادەت ـ مۇراسىملىرىنى چەكلىمىگەن، ئەمما كاتولىك دىنىنىڭ ئارخىئېپىسكوپىنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقارغان ھەمدە قايتىپ كىرىدىغان بولسا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان، ۋەھاكازالار، بۇنداق مىساللارنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

بۇ قانۇنلارنىڭ نىشانى كاتولىك مۇرىتلىرىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش ھەمدە ئۇلارغا قانۇنلۇق زىيانكەشلىك قىلىش ئىدى. «ئەنگلىيە پارلامېنتى، ــ دەيدۇ ۋالتېر. سكوت (Walter. scott)، ــ ئىرلاندىيىگە قارىتا قانۇن تۈزۈشكە ھوقۇقلۇقمىز، دەپ تەلۋىلەرچە جۆيلۈشۈپ، بۇ پادىشاھلىقنىڭ سودا ـ سېتىق ئىشلىرىنى ئەڭ زور دەرىجىدە كونترول قىلىش شەكلى بىلەن بۇ ھوقۇقلىرىنى يۈرگۈزۈپ، بۇ پادىشاھلىقنىڭ سودا ـ سېتىق ئىشلىرىنى ئەنگلىيىنىڭ سودا ـ سېتىق ئىشلىرىغا قېتىۋالدى، شۇ ئارقىلىق ئىرلاندىيىنى مەڭگۈ بېقىندىلىق ئورنىدا قويماقچى بولدى.» ئەنگلىيە قانۇن تۇرغۇزۇش شەكلى بىلەن ئىرلاندىيىنىڭ قوي يۇڭى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنى ۋەيران قىلماقچى بولدى. ئىرلاندىيە ئاللىبۇرۇنلا ئەنگلىيىنىڭ ئىرلاندىيە ئۈچۈن تۈزگەن ئىرلاندىيىنىڭ قوي يۇڭى مەھسۇلاتلىرىنىڭ چەت دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىنىشىنى چەكلەش قانۇنىغا قاتتىق قارشى چىققانىدى. ئەنگلىيە ئايال پادىشاھىمۇ بۇ قانۇننى يوشۇرۇن تەنقىد قىلغانىدى، ئەنگلىيە

www.uyghurkitap.com

پارلامېنتنىڭ تۆۋەن پالاتاسى ئايال پادىشاھقا يازغان بىر پارچە باياناتىدا مۇنداق دېگەن: «ھەممىگە مەلۇمكى، قوي يۇڭى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى سودا ـ سېتىق ئىشلىرىنىڭ تۈۋرۈك كەسپى، بىراق ئەنگلىيىنىڭ بېقىندىسى بولغان ھەم ئەنگلىيە ھامىيلىقىدىكى ئىرلاندىيە ئەتەي گەپ ئاڭلىماي، ئۆزلىرىگە بېرىلگەن پاختا ـ توقۇمىچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشتەك ھوقۇقىغا رازى بولمايۋاتىدۇ، ھەتتا ئۆزىنى چاغلىماي پۈتۈن مەبلىغىنى ۋە بايلىقىنى سەرپ قىلىپ، قوي يۇڭى توقۇمىچىلىق ۋە رەخت توقۇش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشنى باھانە قىلىپ، ئەنگلىيىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان سېلىش غەرىزىدە بولۇۋاتىدۇ، بۇنىڭغا ھەرگىز يول قويالمايمىز.» سۋفىت* (Swfit) ئەنگلىيىنىڭ نەپسانىيەتچىلىكىگە ئىنتايىن غەزەپلىنىپ، ئىرلاندىيىلىكلەرنى كىتابچىلارنى بېسىپ تارقىتىپ، كىشىلەرنى ئىرلاندىيىنىڭ مەھسۇلاتلىرىدىن باشقا ھەرقانداق دۆلەتنىڭ مەھسۇلاتىنى سېتىۋالماسلىق ھەمدە ئەنگلىيىنىڭ رەختلىرىنى ئىشلەتمەسلىك ھەققىدە چاقىرىق قىلىشقا تەكلىپ بەرگەن. لېكىن، ئەنگلىيىنىڭ جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى كىتابچىلارنى بېسىشنى ئاللىقاچان چەكلىگەنىدى.

مېنىڭ بۇ يەردە ئىرلاندىيىنى بېسىش مەقسىتىدە تۈزۈلگەن ئەنگلىيە قانۇنلىرىنى مىسال كەلتۈرۈشۈمدىن مەقسەت، سىياسىي تۇرمۇشتا زىيانكەشلىك ۋە بۇلاڭچىلىقنىڭ قانداق قىلىپ ساختىپەزلىك بىلەن قانۇن تونىغا ئورىنىۋالىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش ئۈچۈندۇر، بۇنىڭغا ئوخشىغان سان ـ ساناقسىز مىساللارنى

* سۋفىت (1667 — 1745)، ئەنگلىيە يازغۇچىسى، ساتىرىك ئەدەبىياتنىڭ ئۇستازى، دوبلىن سان پاترىك چېركاۋىنىڭ پوپى بولغان (1713)، «بىر ۋاننىنىڭ ھېكايىسى» ناملىق ساتىرىك ھېكايىسى ۋە «گرىفىنىڭ ساياھىتى» قاتارلىق رومانلىرى بار. ——خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىغۇچىدىن.

ھەممە مىللەتتە تاپقىلى بولىدۇ.

ئادەتتىكى قانۇنلارغا دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قارايدىغان سىياسىي تۈرمۈشتا، ئەزەلدىن خىلمۇخىل ئالاھىدە ھوقۇقلارنى ئىختىرا قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ كېلىندى؛ ئۇلار باج تاپشۇرمايدىغان، لېكىن جەمئىيەتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئورنىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان ئىمتىيازلىقلار سىنىپى ۋە ئىمتىياز تەرتىپىنى بەرپا قىلىشتى. ئۇلار تەڭرى ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلمايلا قالماستىن (بۇ مەجبۇرىيەتنى تەڭرى بارلىق كىشىلەرگە ئوخشاش ئاتا قىلغان) ، كۈندىلىك ئىشلاردا ۋە سىياسىي ھوقۇق ساھەسىدە خىلمۇخىل باراۋەرسىزلىكنى ياساپ چىقىشتى؛ ئۇلار ئىنسانلار ئارىسىدىكى سەمىمىي ياردەم مۇناسىۋىتىنى بۇلغاشتى، ھەتتا مۇقەددەس ئەدلىيە ساھەسىدىمۇ خىلمۇخىل باراۋەرسىز تۈزۈملەرنى بەرپا قىلىشتى.*

قانۇن ماھىيىتىدىن ئالغاندا بارلىق پۇقرالارنىڭ ئەركىنلىكى ۋە مال - مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشنى مەقسەت قىلىشى كېرەك ئىدى، بىراق سىياسىي ئامىللار تەسىرىدىن ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان قانۇنلار ئاسانلا روياپقا چىقالايدۇ. ھوقۇق ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىنىڭ قولىدىكى ۋاقىتتا، قانۇن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش پرىنسىپى ئاستىدا تۈزۈلىدۇ، دېموكراتىك ھۆكۈمەت ھوقۇقنى قولىغا ئالغاندا بولسا، قانۇن ئاۋام مەنپەئەتلىرىنى قوغداش پرىنسىپى ئاساسىدا تۈزۈلىدۇ. فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابىنىڭ ئالدىدىكى كونا تۈزۈمدە (the old regeme) ئاددىي پۇقرالار ئاممىۋى ئىشلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلغانىدى؛ بۇنىڭ بىلەن روشەن

* فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابىدىن بۇرۇنقى كونا تۈزۈمدە، جىنايەت سادىر قىلغان ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قانۇندا ئالاھىدە ئىمتىيازى بولاتتى. ئاقسۆڭەك ۋە ئاددىي پۇقرالارنى جازالايدىغان ئوخشاش بولمىغان جازالاش ئۆلچىمى بار ئىدى. ——ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سىلىشتۇرما بولىدىغىنى، ئىتالىيىنىڭ بەزى جۇمھۇرىيەتلىرىدە، ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ قېلىشتەك پېشكەللىكلەر ئاقسۆڭەكلەرنىڭ بېشىغا كېلىپ تۇراتتى.

بارلىق قانۇنلار ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلىشى ۋە ئادىل بولۇشى كېرەك، سىياسىي ئەكسىچە قانۇنلارغا بىر تەرەپلىمە قاراشلارنى چاپلايدۇ، شۇنداقلا ئالاھىدە ئادەتتىن تاشقىرى قانۇنلارنى تۈزگۈزىدۇ.

سىياسىي قانۇن تۈرغۈزۈش ئىشلىرىنى شۇقەدەر چىرىكلەشتۈرۈۋەتكەنكى، ھەتتا سىر توماس. مور* (Sir Tomas Mor) دەك قانۇنغا ئىنتايىن پىششىق بىر باش سوتچىمۇ كۆڭلىدىكى ھەسرىتىنى يوشۇرالماي مۇنداق دەپ چۇقان سالغانىكەن: «مەن بۇ دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان قانۇن ۋە ھۆكۈمەتلەر ئۈستىدە ئويلانغىنىمدا شۇنداق دېگۈم كېلىدۇ: مۇبادا ئۇلاردىن كىچىككىنە بولسىمۇ ھەققانىيەت ۋە ئادالەتنىڭ سايىسىنى تاپالىغان بولسام ئۇنىڭغا ئۆز جېنىمنى قۇربان قىلىپ تەشەككۈرۈمنى بىلدۈرگەن بولار ئىدىم! ئاھ، كەرەملىك تەڭرىم! قانداق ئادالەت، قانداق ھەققانىيەتنى بىزگە نېسىپ قىلغانسەن!» بارلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇن تۈرغۈزۈشلىرىدا ئادالەتسىز قانۇنلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقالىشى تۈرلۈك سىياسىي ئامىللار سەۋەبىدىن بولىدۇ. ئالاھىدە ئادەتتىن تاشقىرى قانۇنلارنىڭ ھەممىسى سىياسىي خاراكتېردىكى قانۇنلار بولۇپ، ئۇلار بەزى پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ رەقىبلىرىنى يوقىتىشتىكى قورالىدۇر. 1861 ـ يىلى فرانسىيە پارلامېنتىدىكى بىر ۋەكىل پارلامېنتتىكى سۆزىدە مۇنداق دەپ

---

* توماس. مور (1477 — 1535) ئەنگلىيە گۇمانىزمچىسى، كاتولىك دىنىنىڭ ئەۋلىياسى، تۆۋەن پالاتا باشلىقى، ئىچكى كابىنېت ۋەزىرى بولغان (1529 — 1532)، «ئۇتوپىيە» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى، پادشاھ ھېنري VII نىكاھتىن ئاجرىششىغا ۋە دىنىي جەمئىيەتنىڭ سىياسىتىگە ئۆكتە قوپقاچقا، قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن، 1935 ـ يىلى ئەۋلىيالىق نامى بېرىلگەن.
——خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

كىنايە قىلغان: «ئۆتكەن يىلى مەن ئاممىۋى بىخەتەرلىك قانۇنىنى قوللاپ بېلەت تاشلىغانىدىم، چۈنكى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۆكتىچى پارتىيىگە قارشى تۇراتتۇق؛ ھازىر، ئۆكتىچىلەر بۇ قانۇنلاردىن پايدىلىنىپ بىزگە قارشى چىقماقتا، بۇنداق بولۇشى ئۇخلاپ چۈشىمىزگە كىرمىگەنىدى.» چەت ئەلگە ئاھالە كۆچۈرۈشكە قارشى قانۇن لايىھىسى فرانسىيە پارلامېنتىدا ئاۋازغا قويۇلغاندا (بۇ قانۇن لايىھىسىدە چەت ئەلگە بېرىپ ئولتۇراقلاشقۇچىلار ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن) بىر سۆزگە چىققۇچى ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ چاكىرىنىڭ خوجايىنىغا ئەگىشىپ چەت ئەلدە ئولتۇراقلىشىشىنى قەتئىي قوللايمەن دېگەندە، بۇ قانۇن لايىھىسىنى تۈزۈشكە مەسئۇل بىر ۋەكىل ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ رەددىيە بېرىدۇ: «بىزنىڭ ماقۇللىغان قانۇنىمىز ئوبيېكتىپ ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن تۈزۈپ بېكىتىلگەن؛ ئۇ پەقەت بۇ قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارغىلا ئىشلىتىدىغان بىر قورال، خالاس، نېمە ئۈچۈن بۇ قانۇندىكى بەزى ئادالەتسىز نەرسىلەر بىلەن ئۆزىمىزنى پۈتلاپ يۈرىمىز؟»

ھەر قېتىم سىياسىيدىكى قىزغىنلىق ۋە ئەسەبىيلىك رەزىل قانۇنلارنى ماقۇللۇقتىن ئۆتكۈزگەن ۋاقىتتا، بىز شۇنى بايقايمىزكى، رەزىل قانۇنلارنى ماقۇللىتىش قانۇننىڭ ئۆزىگە مۇجەسسەملەنگەن نورمال سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەمەس، بەلكى بۇ خىل رەزىل قانۇنلارغا مەجبۇرىي يېپىشتۇرۇلغان ئىزاھاتلار سەۋەبىدىن بولىدۇ. بەزىدە ھەتتا قانۇن تۈرغۈزغۇچىلارنىڭ ئەسەبىي قىزغىنلىقىدىكى كەلگۈسىدە جىنايەت سادىر قىلىپ قالسام جىنايىتىمنى يېنىكلىتىشكە پايدىسى بولۇپ قالار، دېگەن غەرىزىدىن بولىدۇ. ھالبۇكى قانۇنلۇق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ بۇ رەزىل قانۇنلارنى ماقۇللۇقتىن ئۆتكۈزگۈچىلەرنىڭ غەزىپىنى قوزغايدىغان ئىش شۇكى، بۇ رەزىل قانۇنلار نۇرغۇن يىللىق بوران - چاپقۇندىن كېيىن ئەينى ۋاقىتتا بۇ رەزىل قانۇننى تۈرغۈزغۇچىلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىياسىي ئەسەبىيلىكىنىڭ تەسىرى يۇقمىغان بەزىبىر قانۇنشۇناسلار بۇ رەزىل قانۇننى تېخى جېنىنىڭ بارىچە ئاقلايدۇ. ئادۋوكاتلارنىڭ ماختىنىشى ۋە تەرىپلىشىگە ئېرىشمىگەن بىرمۇ رەزىل قانۇن يوق. گرۇتىئۇس (Grutius) قۇللۇق تۈزۈمىنى قوللىغان. بلاكستون (Blackstone)* «رىم كاتولىك دىنى» (Papistry)** نىڭ ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتى ئۆتكۈزگەن كىشىلەرنى يۇمشاق ياكى مۇلايىم ۋاسىتىلەر بىلەن بېقىندۇرۇش سىياسىتىنى ئاقلىغان. باش تەپتىش بولمىش مېرلىن (Merlin) «مۇقەددەس قانۇن بىلىملىرىنى ۋە ئاجايىپ شۆھرەتلىك ئادۋوكاتلىق تالانتىنى قۇرۇلمىسى ھىيلە ـ مىكىر ۋە سۇيىقەست بىلەن تولغان ئىستىبدات ھاكىمىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئەسىرىگە تەقدىم ئەتكەن. بۇ مەشھۇر ئەسەر دەل گۇمانخورلۇق ۋە چېقىش، پاش قىلىشلار بىلەن تولغان قانۇن سىستېمىسى ئىدى.» باش سودىيە پاسكۇئا مېرلىنغا مۇنداق باھا بېرىدۇ: «مەن ئەزەلدىن ئۇنىڭغا ئوخشاش ئادالەت ۋە ئادالەتسىزلىككە نىسبەتەن تونۇشى ۋە پەرق ئېتىش ئىقتىدارى بۇ قەدەر كەمچىل ئادەمنى كۆرۈپ باقمىدىم، ھەرقانداق بىر ئىش ئۇنىڭ نەزىرىدە پەقەت رەسمىي قانۇنىي مەزمۇنلاردىن ئېلىنغان بولسىلا توغرا، ھەق بولۇۋېرىدىكەن.» مېۋە ئېيىنىڭ 18 ـ كۈندىكى مۇشۇنداق ئالاھىدە كۈنلەردە تۇئىلېر (Touiller) تەرىپىدىن قانۇنچىلىق ئاتىسى دەپ تەرىپلەنگەن كىشى*** ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسىي ئۆزگىرىش (Coup d’ etat) نىڭ رېژىسسورلىرى بىلەن بىللە «بەش يۈز كىشىلىك كومىتېت» ۋە «كلاسسىك سەنئەتچىلەر ئۇيۇشمىسى» نىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم

---

* بلاكستون (1723 — 1780) ئەنگلىيە قانۇنشۇناسى، سودىيە تۆۋەن پالاتا ئەزاسى بولغان. «ئەنگلىيە قانۇنلىرىغا باھا» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

** (Bkackstone) بۇ يەردە سەلبىي مەنىدە كەلگەن. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

*** بۇ يەردە مېرلىن كۆزدە تۇتۇلىدۇ. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئەزالىرىنى سۇرگۇن قىلىش بەلگىلەنگەن قانۇن لايىھىسىنى تۈزۈپ چىققان، سۇرگۇن قىلىش نىشانى ئىچىدە ئىككى تەشكىلاتنىڭ رەھبەرلىرىدىن كارنوت (Carnot) ۋە بارتېلېمي (Barthelemy) لەر بار ئىدى. مېرلىن ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسىي ئۆزگىرىش رەھبەرلىك گۇرۇھىنىڭ ئەدلىيە مىنىستىرى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ھەربىي سوت ئۇنىڭدىن ئادۋوكات تەلەپ قىلغان ھەربىر سۇرگۇن قىلىنغۇچىنى ئادۋوكات بىلەن تەمىنلەمدۇق - تەمىنلىمەمدۇق، دېگەن سوئالغا ئۇ بۇ قانۇننىڭ مەقسىتى سۇرگۇن قىلىنغۇچىنىڭ ئادۋوكات بىلەن ئۆزىنى ئاقلاش پۇرسىتىنى تارتىۋېلىش دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ دەل روبېسپېر (Robespierrre) نىڭ قارشىغا ئاساسەن چىقىرىلغان ھۆكۈم ئىدى؛ «پەقەت ۋەتەنپەرۋەرلەرنىلا ئادۋوكاتنىڭ ئاقلىشى رۇخسەت قىلىنىدۇ.» كامباسېرېس (Cambaceres) ئالاھىدە ئىنقىلابىي سوت تەشكىللەش پەرمانىنى تەييارلىدى. بۇ كەلگۈسىدىكى ئىمپېرىيىنىڭ ئەدلىيە مىنىستىرى دۆلەت پارلامېنتىدىن بىر ھەربىي سوتنىڭ باشلىقىنى تەيىنلەپ ئۇنىڭغا سوت قىلىش ھوقۇقلىرىنى بېرىشنى تەلەپ قىلدى. خېلى نۇرغۇن قانۇنشۇناسلار بۇ ئالاھىدە قانۇن تەدبىرى ئۇچۇن قانۇن تونى كىيدۇرۇش ۋە سىياسىي سوتنىڭ ئەدلىيە تەرتىپلىرىنى ئاياغ - ئاستى قىلىشتەك قىلمىشلىرىنى ئاقلاشتەك «مۇقەددەس» ۋەزىپىنى قوبۇل قىلىشقانىدى. فرانسىيە ئىككىنچى ئىمپېرىيىسى كېڭەش پالاتاسىدا ئورنى بار ئادۋوكاتلار «ئاممىۋى بىخەتەرلىك قانۇنى» نى قوللاپ بېلەت تاشلاشقانىدى، لېكىن مارشال. ماكماخون (Marshal . Macmahon) ئىسىملىك بىر ئەسكەر قوللاپ بېلەت تاشلاشقا قارشى چىققان.

قانۇن ئەسلىدىن بىر ئالىيجاناب ئەقىل - پاراسەت ۋە پەلسەپىۋى روھ مۇجەسسەملەنگەن ئىلىم ئىدى. بىزنىڭ بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە، پورتالىس (Portalis) ، رېنوۋارد (Renouard) ،

www.uyghurkitap.com

تروپلون ( Troplong ) ۋە ف. خېلى ( F. Helie ) لار پەلسەپىۋى روھ ئۇرغۇپ تۇرغان قانۇنشۇناسلار ھېسابلىنىدۇ. بىراق، ئەمەلىي تۇرمۇشىمىزدا تولۇپ ياتقان ھادىسىلەر شۇكى: قانۇنشۇناسلار قانۇن ماددىلىرىنىڭ قۇلى، ئۇلار تەنقىدىي روھ بىلەن قانۇننىڭ ياخشى - يامانلىقىغا باھا بېرىشنى مۇتلەق ئۇقمايدۇ. بۇنىڭدىن ساقلانغىلى بولمايدىغان نەتىجە شۇكى، قانۇنشۇناسلار ئەمەس، بەلكى پەيلاسوپلار قانۇن تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئەڭ زور تۆھپە قوشۇۋاتىدۇ.

18 - ئەسىردە جىنايى ئىشلار قانۇنىغا تۆھپە قوشقۇچىلارنى تىلغا ئالغاندا ۋولتېر* (Voltaire) بىلەن بېككارىيا** (Beccaria) نىڭ قوشقان تۆھپىسى ئوخشاش دەۋردىكى بارلىق قانۇنشۇناسلارنىڭ تۆھپىسىدىنمۇ چوڭ ئىدى.

قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرى ئەڭ ئادالەتسىزلىك ۋە ئەڭ رەزىللىك بىلەن سىياسىي ئامىللىرى بار بولغان قانۇنلارغا تىز پۈكىدۇ. رىم پادىشاھلىرى، ئەنگلىيەدىكى ھېنرى VIII، روبىسپىير، ناپولېئون I لارنىڭ ھەممىسى مۇستەبىت پادىشاھلار بولۇپ، ئۇلار سىياسىي ھوقۇق ئورگانلىرىنىڭ ئۇلارنى دەخلى - تەرۇزسىز قوللاش ۋە ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشكەن، چۈنكى بۇ ئورگانلارنى تەسىس قىلىشقا ئائىت قانۇنلارنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ كىشىلەر ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ھېنرى VIII «ئايالى بىلەن بولغان نىكاھ مۇناسىۋىتىنى بىكار قىلماقچى بولغاندا» ئەنگلىيە پارلامېنتى ئۇنىڭغا

---

* ۋولتېر (1694 — 1778) ، فرانسىيىنىڭ ئاقارتقۇچى مۇتەپەككۇرى، يازغۇچىسى، پەيلاسوپى، مۇھىم پەلسەپىۋى ئەسەرلىرىدىن «پەلسەپە خەت - چەكلىرى» (فېئوداللىق تۈزۈم تەنقىد قىلىنغاچقا سېتىش چەكلەنگەن) ، «نيۇتوننىڭ پەلسەپە پرىنسىپى» ، «پەلسەپە لۇغىتى» قاتارلىقلار بار، مۇھىم ئەدەبى ئەسەرلىرىدىن «چايىر» ، «مۇھەممەد» قاتارلىق تراگېدىيىلىرى، «ئورلېئان قىزى» ناملىق داستانى، «چاردىگ» ، «ياۋاش ئادەم» ، «سەممىي يىگىت» قاتارلىق پەلسەپىۋى ھېكايىلىرى بار. —— ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

** بېككارىيا (1738 — 1846 ) ، ئىتالىيە بۇرژۇئا سىنىپىنىڭ ئاقارتقۇچى مۇتەپەككۇرى، جىنايى ئىشلار كلاسسىك ئىلمى مەزھىپىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ۋەكىلى، «جىنايەت ۋە جىنايى جازا» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. —— ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ياردەم قىلدى؛ ۋەزىرلىرىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلماقچى بولغاندا، ئەنگلىيە پارلامېنتى سوراق قىلماي تۇرۇپلا ئۇلارنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى؛ ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ ئۆز ئىرادىسى بويىچە قانۇن تۈزۈش خام خىيالىدا بولۇۋىدى، ئەنگلىيە پارلامېنتى قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنى ئۇنىڭغا قوش قوللاپ تۇتقۇزۇپ قويدى. كۆچمەنلەرگە قارشى تۇنجى پەرمان ئوتتۇرىغا چىققاندا، بۇ ئادالەتسىزلىككە قارشى بىر ئاجىز ئاۋازمۇ چىقىپ قويمىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى فرانسىيە خەلق ئۇيۇشمىسى (the Convention) روبىسپېرنىڭ ئالدىدا قورقۇپ غال - غال تىترىگىنىچە، غىڭمۇ قىلالماستىن پادىچىلار ئېيىنىڭ 22 - كۈنى* بۇ جەمئىي 22 ماددىلىق قانۇننى بىلەت تاشلاپ ماقۇللۇقتىن ئۆتكۈزدى، بۇ قانۇن تونى ئاستىدا بىر قاتار ئادالەتسىز ئۆلۈم جازالىرىنى پەيدا قىلغاچقا، ئەڭ ئاخىر قانۇن چىقىرىش جەريانىدىكى بىلەت تاشلاپ ئاۋازغا قويۇش تەرتىپلىرى بىكار قىلىندى. سىياسىي ئۆزگىرىشكە قوماندانلىق قىلىش كومىتېتى مېۋە ئېيىنىڭ 18 - كۈنى ئاشۇ بەش يۈز كىشىلىك كومىتېت (The Five Hundred) ئەزالىرىنىڭ ئىنسانلىق ھوقۇقلىرىنى ئېلىپ تاشلاش قانۇنىنى تۈزگەن ۋاقىتتا، ھېچقانداق ئادەم سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىغۇچىلارنىڭ تەتۈر يولغا مېڭىش قىلمىشىغا قارشىلىق بىلدۈرۈپ قويمىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ ئالۋاستى قاتىللىق ماشىنىسى بېشىنى يېگەندىن كېيىن كېڭەش پالاتاسى ئوخشاشلا ياۋاش - يۇمشاقلىق بىلەن 130 كىشىلىك

---

* يايلاق ئېيى، فرانسىيە جۇمھۇرىيەت كالېندارى① بويىچە 9 - ئاي، مىلادى كالېندارى بويىچە 20 - مايدىن 18 - ئىيۇنغىچە توغرا كېلىدۇ. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

① 1793 - يىلى 5 - ئۆكتەبىردە مىللىي ئۇيۇشما ئىنقىلاب يىلنامىسىنى ئېلان قىلىپ، جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغان كۈنى (1792 - يىلى 22 - سېنتەبىر) دىن ھېسابلىنىپ پۈتۈن يىل تەرتىپ بويىچە ھەر پەسىل ۋاقتىنىڭ نامى بىلەن ئۈزۈم، تۇمان، قىرو، قار، يامغۇر، شامال، مايسا، چېچەك، يايلاق، ھوسۇل، تومۇز، مېۋە دەپ 12 ئايغا، ھەر ئاي 30 كۈنگە بۆلۈنگەن، 10 كۈندە بىر دەم ئېلىش كۈنى بولغان، ھەر يىلدا قېپقالغان ئاخىرقى بەش كۈن ئاغىنسىز ئىشتانسىزلار بايرىمى قىلىنغان. —— ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

www.uyghurkitap.com

دېموكراتلار پارتىيىسى ئەزالىرىنىڭ گراژدانلىق ھوقۇقىنى ئېلىپ تاشلاش قانۇنىنى ماقۇللاشتى، ئۇلار فۇچې (Fouche) تەرىپىدىن خاتا ھالدا سۇيىقەست پىلانلاش جىنايىتى ئۆتكۈزدى دەپ ئەيىبلەندى ۋە «بىرىنچى ھۆكۈمراننىڭ قارارى بىر تۇرلۇك ئاساسىي قانۇننى قوغداش تەدبىرى ئىدى»* دېيىلدى. 1814 - يىلى ئوخشاشلا ياۋاش - يۇمشاقلىقنى ئىپادىلىگەن كېڭەش پالاتاسى بىلەت تاشلاپ پادىشاھ ناپولېئوننى مەنسىپىدىن قالدۇردى ۋە ئۇنىڭغا قارىتا ئەرز قىلىش پائالىيەتلىرىنى ئاۋازغا قويۇپ ماقۇللىدى. كېڭەش پالاتاسى بىردەك قارار ماقۇللاپ بۇنىڭدىن كېيىن ئاساسىي قانۇن سىياسىي گەۋدىسىنى يولغا قويۇشنى بەلگىلىدى، بۇنىڭغا بىلەت تاشلىغۇچىلارنىڭ كۆپ سانلىقى پادىشاھنى ئۆلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار ئىدى.**

پارلامېنت ھەرقېتىم قانۇن لايىھىسىنى بىلەت تاشلاپ ئاۋازغا قويغاندا قىزغىنلىق ۋە ئەسەبىيلىكى قوزىراپ تۇرغان پارلامېنت ھەرگىزمۇ ئەقلىيلىقنىڭ ئاۋازىنى تىڭشاپ قويمايدۇ. ئەدلىيە تەرتىپلىرى جەريانىدا، خۇددى قانۇننى ئاۋازغا قويۇپ ماقۇللۇقتىن ئۆتكۈزۈش جەريانىغا ئوخشاش، سوغۇققانلىق، ئېغىر - بېسىقلىق ۋە ئادىللىق ئەلۋەتتە كەم بولسا بولمايدۇ. ھالبۇكى، يىغىلىش جەريانىدا، ئەسەبىيلىك، ئەقىلسىزلىق كەيپىياتلىرى يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ؛ قورقۇش، شۆھرەتپەرەسلىك، غەزەپ ۋە

---

* فۇچې بۇ 130 نەپەر دېموكراتلار پارتىيىسى ئەزالىرىنىڭ گۇناھسىزلىقىنى ئوبدان بىلەتتى، بىراق ئۆز ھوقۇق - مەرتىۋىسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تۇتامغا چىقمايدىغان بەتناملار بىلەن بۇ 130 نەپەر دېموكراتلار پارتىيىسى ئەزاسىنى ئەيىبلىگەن. بىرىنچى ھۆكۈمران كېيىن بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلگەن بولسىمۇ، لېكىن قىلچە ئەپسۇسلانمىغان: «ئۇ ئۆزىنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى مەيلى قايسى نۇقتىدىن قارىماڭ، پاكىز ۋە كەسكىنلىك بىلەن قىلىنغان» دەپ قارايتتى؛ ئۇ ياكوبىنچىلارنىڭ ‹باش مەسلىھەتچىلەر كوللېكتىپى› نى كۆزدىن يوقاتتىم دەپ قارىغان. —— ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

** كېڭەش پالاتاسى بۇ ئاساسىي قانۇنلۇق سىياسىي تۈزۈلمىگە ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە مەنپەئىتىنى قوغدايدىغان بىر ماددىنى قوشۇشنى ئۇنتۇپ قالغان. —— ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

ئۆچمەنلىك ئاممىۋى يىغىلىشلاردا ئەڭ كۈچلۈك ئىپادىلىنىدىغان پىسخىك ھادىسىلەردۇر. مېنىڭ قارىشىمچە ئارىستوتېلنىڭ مۇنۇ سۆزلىرى خاتا بولۇپ قالغان: «توپ - توپ بولۇپ يىغىلغان كىشىلەر يالغۇز - تەنھا تۇرغان كىشىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ ئەقىللىق، دانا بولۇپ كېتىدۇ، يەنە كېلىپ ئادەم سانى قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى. بىر كىشى غەزەپلەنگەن ياكى باشقا بىر ئەسەبىيلىك ئۇنى تىزگىنلەپ تۇرغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى ئەلۋەتتە ئېغىشىپ كېتىدۇ. ھالبۇكى، ئوخشاش ئەھۋال ئاستىدا، كۆپ سانلىقتىن تەشكىللەنگەن بىر كوللېكتىپتا ئەقلىنى يوقىتىپ قويۇش ياكى خاتالىشىش ئىنتايىن قىيىن . . . ئېتىراپ قىلىشقا تېگىشلىك رېئاللىق شۇكى، گەرچە بۇ كوللېكتىپنى تۈزگۈچى ئەزالارنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكەندە ئۇلار مەشھۇر كىشىلەردىن بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ كۆپ سانلىق ئاددىي كىشىلەردىن تەركىب تاپقان بۇ كوللېكتىپ يەنىلا يالغۇز مەشھۇر كىشىلەردىن كۆپ ئەۋزەللىككە ئىگە —— مۇبادا ئايرىم - ئايرىم شەخسلەر بويىچە سېلىشتۇرماي، پۈتكۈل كوللېكتىپ بويىچە سېلىشتۇرىدىغان بولساق، بۇ خۇددى بىر قېتىملىق كوللېكتىپ تاماقنىڭ پۇلىنى بىر كىشىنىڭ ئۈستىگە ئالغىنىدىن ھەممىگە تەڭ چاپقاننىڭ ئۇنۇمى ياخشى بولغاندەك بىر ئىش.»* ئەگەر بىر كوللېكتىپنىڭ ئالدىن كۆرەرلىكى ئۇنىڭ ئادەم سانى بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولىدىغان بولسا — خۇددى ھەممەيلەن تەڭ پۇل تۆلىگەن بىر ۋاخلىق تاماقنىڭ مول - باياشاتلىقىنىڭ ئادەمنىڭ ئاز - كۆپلۈكى بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولغىنىغا ئوخشاش — ئۇنداقتا ئادىمى كۆپ كوللېكتىپ تېخىمۇ ئەقىللىق، تېخىمۇ يىراقنى كۆرەر دانالىق

* ئارىستوتېلنىڭ «سىياسىيشۇناسلىق» 10 — باب 6 — پاراگراف ۋە 6 — باب 4-پاراگرافلىرىغا قارالسۇن. سپىنوزامۇ بۇنى قوللاپ «ئادەم سانى كۆپ بولغان يىغىلىشلاردا كوللېكتىپنىڭ مەلۇم بىمەنە نەرسىلەرگە ماقۇل بولۇشى مۇمكىن ئەمەس» دەيدۇ. «ئىلاھىيەت سىياسىيسى» 16 - بابىغا قارالسۇن. ) —— ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلەن تېخىمۇ ياخشى قانۇنلارنى ماقۇللىماسمۇ؟ ئەمەلىيەتتە ئەھۋال دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، بىر كوللېكتىپنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ ئادەم سانىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن ئېشىپ بارمايدۇ؛ ئەكسىچە، كوللېكتىپنىڭ ئادەم سانى قانچە كۆپ بولسا بۇ كوللېكتىپنىڭ قىلغان پايدىلىق خىزمەتلىرى شۇنچە ئاز بولىدۇ.*

ھازىرقى زامان پسىخولوگلىرى سىياسىي كوللېكتىپلارنىڭ پسىخىك پەزىلەت ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدىن ئۇنۇملۇك كۆزىتىش يەكۈنى چىقىرىشتىن ئاۋۋال، ئىككى مىڭ يىل ئاۋۋالقى قەدىمكى يۇنانلىق ئارىستوفېن** (Aristophanes) ئارىستوفېننىڭ نۇقتىئىنەزىرىگە قارشى چىققانىدى. ئارىستوفېن مۇنداق بىر قاراشنى قوللايدۇ: كوللېكتىپتىكى يەككىنىڭ ئىپادىسى تەنھا ھالەتتىكى يەككىدىن ناچار بولىدۇ، كوللېكتىپنىڭ ئادەم سانى قانچە كۆپ بولسا، ئۇلارنىڭ ئەسەبىيلىكى ۋە قىزغىنلىقى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ.

ئۇلار ئادەملەر توپىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغاندىن كېيىن ئەقلىيلىقىنى تېخىمۇ يوقىتىدۇ. كلېئون*** (Cleon) بىر چوشقا ئۆلتۈرىدىغان قاسساپ بىلەن خەلقنىڭ تۇرلۇك قىزىقىشلىرى توغرۇلۇق مۇنازىرە قىلىشقاندا، كلېئون خەلقنى يىغىلىش

---

* ئوخشاشلا كوللېكتىپنىڭ ئەخلاق سەۋىيىسى ئۇنىڭ ئادەم سانىنىڭ ئاۋۇشىغا ئەگىشىپ ئۆسۈپ بارمايدۇ. كىشىلەر ئۆزئارا تەسىر نەتىجىسىدە بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. خۇددى دوختۇرخانىلاردىكى چۇشكۈنلۈك خاھىشلىرىغا ئوخشاش كوللېكتىپنىڭ كىشىنى چۈشكۈنلەشتۈرۈش رولى بار. —— ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

** ئارىستوفېن ( BC ?385 — 448 ) ، قەدىمكى رىم شائىرى، كومېدىيە يازغۇچىسى، «كومېدىيە ئۇستازى» دېگەن نامى بار، 44 پارچە كومېدىيە يازغان دېيىلىدۇ. ھازىر «ئاكابىئولىق كىشى» ، «چەۋەنداز» ، «پاقا» قاتارلىق 8 پارچە كومېدىيىسى ساقلىنىپ قالغان. ——خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

*** كلېئون (? — BC422 ) ئافىنانىڭ سىياسىي داھىيسى، سەردارى، پېركل ئۆلگەندىن كېيىن ئافىنا دېموكراتچىلىرىنىڭ داھىيسى بولۇپ قالغان، بورروبىسا ئۇرۇشىدا قەھرىمانلىق بىلەن جەڭ قىلغان، سپارتا قوشۇنلىرىنى Sphacteria ئارىلىدا مەغلۇپ قىلغان، كېيىن ئۇرۇشتا يېڭىلىپ ئۆلگەن. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئۆتكۈزۈپ قايسى خىل شەكىلنىڭ ئۇلارنىڭ قىزىقىشىغا ئەڭ كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى بەلگىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا چوشقا ئۆلتۈرىدىغان قاسساپ مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىدۇ: بولىدۇ، بولىدۇ، خەلق ئۆزى قارار چىقارسۇن، پەقەت يىغىلىش Pnyx (ئاۋام ئاممىۋى يىغىلىش ئۆتكۈزىدىغان سورۇن) دا بولمىسىلا بولدى. خەلقنىڭ ئاۋازى: بىز ھەرگىزمۇ باشقا جايدا يىغىلىش قىلمايمىز. پەقەت Pnyx تا ئاندىن گېپىڭ ھېساب. چوشقا ئۆلتۈرىدىغان قاسساپنىڭ ئاۋازى: ئاھ، ۋاي خۇدايىم! ئۇنداق بولسا مېنىڭ تۈگەشكىنىم شۇ. چۈنكى بۇ قېرى پەقەت ئۆز ئۆيىدىلا كاللىسىنى سەگەك تۇتالايدۇ، بىراق مۇشۇنداق ئاممىۋى يىغىلىشلاردىكى ئاشۇ قارغىش تەگكۈر تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالسا، تىللىرى كېكەچلەپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ، چوشقىنى شىرەگە باغلىغان چاغدىكى ھالىتىگە ئوخشاپ قالىدۇ.* ئادەملەر قىمىلداپ تۇرغان ئاممىۋى يىغىلىشلاردا، زوراۋانلىق، ئەسەبىيلىك خاھىشلىرى مۆتىدىل ئەقلىيلىققا ئىگە خاھىشلارنى بېسىپ چۈشىدۇ ۋە مۇشۇ خىل ئەسەبىي كەيپىيات بىلەن ئىنسانلىق ھەق - ھوقۇقلارنى تارتىۋېلىش ۋە مال - مۈلۈكلەرنى تارتىۋېلىش توغرىسىدىكى قانۇنلارنى ئاۋازغا قويۇپ ماقۇللايدۇ. بىر چاغلاردا گروندېچىلار لۇئى XVI كە ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى بىلەت تاشلاپ

* كاتو يىغىلىشلاردىكى توپ - توپ بولۇپ كەتكەن رىملىقلارنىڭ روھىي ھالىتى بىلەن قوي پادىسىنىڭ روھىي ھالىتىنى سېلىشتۇرۇپ تەنقىد قىلغان. ئارىستوفېن كوللېكتىپنىڭ مىجەز - خاراكتېرىنى كۆزىتىۋاتقان ۋاقىتتا، سولۇنمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان كۆزىتىش يەكۈنىنى چىقارغانىدى. ئۇ ئافىنالىقلارغا مۇنداق دېگەن: «سىلەر خۇسۇسىي ئىشلاردا خۇددى تۈلكىدەك ئېھتىياتچان ۋە مەككار بولۇپ كېتىسىلەر، لېكىن بىر يەرگە يىغىلساڭلارلا ئەخمەق، تومپاي ئادەملەردەك ئەقلىڭلار شۇنداق گاللىشىپ كېتىدىكەن.» (پلۇتاركنىڭ «سولۇننىڭ ھاياتى» غا قارالسۇن). (كاتو: مىلادىدىن بۇرۇنقى 234 — 149، قەدىمكى رىم سىياسىئونى، يازغۇچىسى، باش پرېتور، تەپتىش قاتارلىق مەنسەپلەرنى تۇتقان. رىم ئەنئەنىسىنى قوغداپ كارتاگېلىقلارنى مەغلۇپ قىلغان. «تارىخنىڭ مەنبەسى»، «دېھقانچىلىق رىسالىسى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار، لاتىن نەسرىي ئەدەبىياتىنىڭ باشلامچىسى.) —— ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ماقۇللاشمىدىمۇ؟ گروندىچىلارنىڭ ئەسلى ئۇنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغۇسى بار ئىدى، بىراق قورقۇنچاقلىقى ۋە يۇمشاقباشلىقىدىن خەلقنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقۇپ، ئاخىر قىلىشتىن قورققان ئىشنى بىلەن تاشلاپ ماقۇللۇقتىن ئۆتكۈزدى؛ يەنە، ئىنقىلابىي ئالاھىدە سوتنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى كومىتېتى (Committee of Public Safety) نىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى بىلەن بۇ ئىككى ئورگان ئەڭ رەزىل، ئەڭ قەبىھ زوراۋانلىق قورالى بولۇشقا مۇناسىپ ئەمەسمىكەن؟ قورقۇنچاقلىقى ۋە توخۇ يۈرەكلىكى سەۋەبلىك ئاشۇ «سەمىمىي ئاق كۆڭۈل» (Plain) ۋە «ئاجىز نىمجان» (Marsh) كىشىلەر ئاشۇنداق توپ گۇرۇھلارغا قاتنىششقا ئامراق، بۇ توپ گۇرۇھنىڭ ئەزاسى بولغاندىن كېيىنلا ئۇلار پادىشاھنى ئۆلتۈرگۈچى ۋە ئىنقىلابچىلارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ؛ ئۇلار روبىسپېرنىڭ گەپ ئاڭلايدىغان مۇلايىم قورالى، روبىسپېر بولسا ئۇلارنى قوغدايدۇ.* ۋەھشىيلىك ۋە زوراۋانلىق خاھىشلىرى ئىنسانلىق ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى تارتىۋېلىش، مال ـ مۈلۈكلەرنى تارتىۋېلىش قانۇنلىرىنى بىلەن تاشلاپ ئاۋازغا قويۇشتا ئانچە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ كېتەلمەيدۇ، چۈنكى زور بىر تۈركۈم

* مىللىي كېڭەشتىكى ئوڭ قانات لاگېرغا تەۋە دۇراند. دې. مايللاننىڭ دېيىشىچە روبىسپېر ئەزەلدىن ئوڭ قانات ۋەكىللەرنى قوغدايدىكەن، «شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشتىن مەقسىتى ئۇلارنى ئۆزى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندا پاناھلىنىدىغان پاناھگاھقا ئايلاندۇرۇش.» بۇ ئوڭ قانات ۋەكىللەر روبىسپېرنىڭ رەقىبلىرى بىرلىشىپ ئۇنى ئاغدۇرۇش ئىشىدا بىر قارارغا كېلەلمىگەن. روبىسپېر تومۇز ئېيىنىڭ 9 — كۈنى (مىلادى كالېندارىنىڭ 7 — ئېيىغا توغرا كېلىدۇ) دىكى سىياسىي ئۆزگىرىشتە تەختتىن چۈشۈرۈلگەندە، مىللىي كېڭەشتىكى ئوڭ قانات ۋەكىللەردىن شۇنداق دەپ ياردەم تەلەپ قىلغان: «ئوڭ قانات ۋەكىللەر، ھۆرمەتلىك ئەپەندىلەر، ئادىل قېرىنداشلىرىم، ماڭا جاللاتلار بېرىشنى رەت قىلغان سۆزلەش ھوقۇقىنى بېرىڭلار.» دۇراند. مايللان مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ بۇرۇنقى چاغلاردا بىزنى قوغدىغانلىقى بىلەن بىزنىڭ ئۆزىگە خەيرخاھلىق قىلىشىمىزنى ئۈمىد قىلاتتى. لېكىن، بىزنىڭ قەلبىمىز ئۇچرىغان ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر ئۇنىڭغا بولغان قەرزدارلىق ھېسسىياتىمىزنى يوقاتتى.» —— ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

ئىنتايىن مۇلايىم ۋە رايىش بولغان ئۆز خاراكتېرىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارى تۆۋەن كىشىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئىتتىپاقدىشى قىلالىغاندا ئاندىن بۇنداق قانۇنلار ماقۇللۇقتىن ئۆتەلەيدۇ. لېكىن، بۇ كىشىلەر كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدىن يەنە بۇ قانۇنلارنى ئانچە قوللاپ كېتىشمەيدۇ.

ئادەملەر سەلدەك ئېقىپ يۈرگەن ئاممىۋى يىغىلىشلاردا سودا - تىجارەتنىڭ باھاسىنى تالاش - تارتىش قىلىشلارنىڭ ئاخىرى چىقمايدۇ، كىچىك گۇرۇپپا كومىتېتلاردا مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىش چوڭ ئاممىۋى سورۇنلاردا مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىشقا قارىغاندا تېخىمۇ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلەيدۇ. ھەقىقىي ياخشى خىزمەتلەرنى كومىتېت ئىچىدىكى ئەڭ پىشقان تەجرىبىلىك بىر قانچە مۇتەخەسسىسلا ئورتاق تاماملىغان بولىدۇ. مۇنەۋۋەر ناتىقلار ھەمىشە ئادەملەر مىغىلداپ تۇرغان يىغىلىشلاردا غايەت زور تەسىرنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. بىراق، ئاشۇ چوڭقۇر بىلىملىك، ئاق كۆڭۈل سەمىمىي كىشىلەر ئەسلىدىن ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان بۇنداق ئورۇنلاردا ئەركىن نەپەس ئالالمايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ھېچقانداق قىزغىنلىق، ئەسەبىيلىك ياكى باشقا ئىغۋاگەرچىلىك تەركىبلىرىنى قاتمايمۇ ھەقىقەتكە ۋە ئادالەتكە ئېرىشەلەيدۇ. كاتولىك دىنى بىلەن پروتېستانت دىنىنىڭ رەھبەرلىرى پويسىي (Poissy) دا يىغىلغان ۋاقىتتا، يەرلىك دوختۇرخانىنىڭ باشلىقى ئايال پادىشاھتىن بۇ يىغىلىشنى تارقىتىۋېتىشنى ئۆتۈنگەن، چۈنكى يىغىلىشتا كىشىلەر بارغانسېرى ئەسەبىيلىشىپ قايناپ كەتكەنىدى. ئۇ ھەم ھەر ئىككى تەرەپتىن بەش ۋەكىل چىقىرىپ بۇ يىغىلىشنىڭ ئورنىنى ئېلىش تەكلىپىنى بەرگەن.

بىر قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك يىغىلىش قالايمىقان، تەرتىپسىز، مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان بىر توپ كىشىلەرنىڭ داشقايىنىقىدۇر؛ بۇ خىل يىغىلىشلارنىڭ يېتەرسىزلىكى شۇكى، ئۇ

www.uyghurkitap.com

خەلق توپىغا ئۆزۈندىن ئۈزانغا گەپ سېتىشنى ياخشى كۆرىدىغان ھەم شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ تەشەببۇسلىرى پەيدا قىلغان ئەسەبىيلىكلەردىن ھۇزۇرلىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان ناتىقلارغا سورۇن ھازىرلاپ بېرىدۇ — لېكىن، بىلىملىك كىشىلەر بۇنداق سورۇنلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ، ئۇلار كىشىگە ئەسەبىيلىك ئەمەس خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدىغان ناتىقلارنى ياخشى كۆرىدۇ. «ناتىقلار» دەيدۇ رىۋارول (Rivarol)، «كەڭ كۆلەملىك يىغىلىشلاردىكى ئەسەبىيلىكنىڭ ئېچىتقۇلىرىدۇر.» ناتىقلارنىڭ تالانتىغا ئانچە كۆپ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە نەرسىلەر يوشۇرۇنغان ئەمەس، بەزى چاغلاردا، مۇنەۋۋەر ناتىقلارنى ئۆزى مۇھاكىمە قىلىۋاتقان مەسىلىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىغا دىققەت قىلىدۇ دېگەندىن كۆرە، نۇتۇق پەيدا قىلغان ئۈنۈمگە تېخىمۇ بەكرەك دىققەت قىلىدۇ دېگەن تۈزۈك. ناپولېئون ناتىقلارغا مۇنداق دەپ باھا بېرىدۇ: «ئۇلارنىڭ نۇتۇقلىرىدا مەنتىقە كەمچىل، شۇڭا ئۇلار بىچارە ھەم رەزىل بولغان مۇنازىرىچىلەردۇر.» ناتىقلار نۇتۇق جەريانىدا غايەت زور لەززەتتىن ۋە سۆز جېنىدىكى كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان ھېسسىي ھاۋادىن ھۇزۇرلىنىدۇ. بۇ خۇددى جەڭچىلەرنىڭ جەڭلەردە ئۇرۇش ئېلىپ كەلگەن لەززەت تۇيغۇسىدىن ھۇزۇرلانغىنىغا ئوخشايدۇ. مۇنازىرىلەردە رەقىبىنى يېڭىش ياكى مەنسەپ رىقابىتىدە قارشى تەرەپنى يېڭىپ ئۇنىڭ ئورنىغا چىقىشنىڭ ناتىقلارغا ئېلىپ كېلىدىغان لەززىتى ئاجايىپ ھۇزۇرلۇق بولىدۇ.

پارلامېنت تۈزۈمىنىڭ تەرىپلەشكە تېگىشلىك جايلىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يەنە ئېۋەنلىرىمۇ بار؛ ئۇ زەي سالماي پو ئاتقۇچىلارغا، مەسىلەن، نەيرەڭۋازلارغا، ئادۋوكاتلارغا ۋە پروفېسسورلارغا بەك كۆپ بوشلۇق ھازىرلاپ بەرگەن.* لېكىن ئاشۇ

---

* قانۇن چىقىرىش ئورگىنىدىكى 745 ۋەكىل ئىچىدە ئادۋوكاتلارلا 400 ۋەكىللىك سانىنى ئىگىلىگەن، يەنە كېلىپ بۇ كىشىلەر ئادۋوكاتلىق ساھەسىنىڭ سەرخىللىرىدىن ئەمەس ئىدى.

ئىشىغا ساختىلىق قىلمايدىغانلار ۋە مۇتەپەككۇرلارنى سۆزمەنلەر ۋە ئاغزىدىن سۆز بۇلاقتەك ئېتىلىپ چىقىدىغانلارنىڭ تالانتى توسۇۋالغان. ئەڭ ئاخىرىدا ئىشلار ئەڭ ئۇلۇغ نام ـ ئاتاقلار ناتىقلىقتا تايىنىپ پەيدا بولۇشقا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. پارلامېنتتىكى نۇتۇقلارنىڭ يەنە بىر ئىقتىدارى ئۇنىڭ سىياسىي ئەركىنلىككە كاپالەتلىك قىلىشىدۇر، بۇ خىل ئىقتىدارنى رويېر. كوللارد (Royer . Col lard)، مارتىناك (Martignac)، دې. سېررې (de Serre)، گۇيزوت (Guizot)، تىيېر (Thiers) ياكى يۇلىس. سىمون (Jules . Simon) غا ئوخشاش كىشىلەر جارى قىلدۇرۇۋاتقان ۋاقىتتا، بۇ خىل نۇتۇقلار دۆلەتنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرەلەيدۇ، جەمئىيەتنىڭ تونۇش ئىقتىدارىنى يۇكسەلدۈرەلەيدۇ. ھالبۇكى، مۇشۇنداق ھەم ئىدىيىلىك، ھەم ئاممىۋى ئىشلارغا پىششىق بولغان ناتىقلىق تالانتى بار ئۇلۇغ ناتىقلارنىڭ ئەتراپىدا كاللىسى سۆزلۈكلەر بىلەن توشۇپ كەتكەن پەقەت تاراڭ ـ تۇرۇڭ ئاۋاز چىقىرىشنىلا بىلىدىغان ئەبلەخلەر بار. يەنە كېلىپ بۇ ئەبلەخلەر پارلامېنتنىڭ سەھنىسىنى ئىگىلىۋالغان. تۇرخۇندىن تۇرمەكلەپ چىقىۋاتقان تۇتۇنلەرگە ئوخشايدىغان بۇ نۇتۇقلارغا مۇنداق باھا بېرىش مۇمكىن: «تىل ۋە ئاۋازلار بىلەن قوغداۋاتقان نەرسىلەر مەۋھۇم نەرسىلەردۇر (Verba et vocs proetereaqe nihil!)». ھەر نۆۋەت دۆلەت ئىنتايىن خەتەرلىك ھالغا چۈشۈپ قالغاندا يەنىلا نۇرغۇن سۆز ئوينىتىشنى بىلىدىغان نېرۋىسىدىن ئاداشقان ناتىقلار ھۆكۈمەتنى قىيناپ تېخىمۇ ئېغىر ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن بولغان مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تۇرۇۋالىدۇ! قانچىلىگەن ۋەكىللەرنىڭ مۇشۇنداق دەبدەبىلىك كېرەكسىز سۆزلەرگە ئەسىر ـ ئەسرا بولۇپ قالغانلىقى مەلۇم ئەمەس، ئۇلار پەقەت نۇتۇق سۆزلەش ئۈچۈنلا نۇتۇق سۆزلەيدۇ، ئەستايىدىللىق،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رەسمىيلىك تەلەپ قىلىنىدىغان سورۇنلاردا ئۇلار تېخى ئاتالمىش قىزىقارلىق ماقالىلەر بىلەن ئۆز تالانتىنى بازارغا سېلىشىدۇ! «مەن كېيىنچە پالاتاسىدىكى ئۆزۈمگە تەئەللۇق شان - شۆھرەتلەرگە ئىگە بولۇپ بولدۇم» دەيدۇ سان. ئېۋرېموند (Saint — Evremond) كومېدىيىسىدىكى بىر پېرسوناژ، «بوردېك ئەپەندى، مەن شۇنىڭغا دىققەت قىلدىمكى، بىزنىڭ مۇنازىرىلىرىمىزدە ئۆزىمىزنىڭ ئەقىل - پاراسىتىمىز ۋە ئاجايىپ - غارايىپ خىياللىرىمىزنى كۆز - كۆز قىلىش ئىستىكى مالىمانچىلىق سېلىۋاتقاچقا، بىز ھەر دائىم مۇلاھىزە قىلىۋاتقان تېمىمىزدىن چەتلەپ، نۆۋەتتىكى مۇھىم ئىشلار بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز، چاكىنا تېمىلارنى بىلجىرلاپ يۇرۇۋېتىمىز.» ستال خانىم (Mdme . de Stael) مۇنداق دېگەنىكەن، لۇئى XVI نى سوراق قىلغاندا كىشىنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغىنى، شۇقەدەر ئەستايىدىل مۇنازىرە ئېلىپ بېرىشقا تېگىشلىك بۇ ئىشتا، پارلامېنت ۋەكىللىرىنىڭ ھاقارەتلىك تىللىرى ھەممە ئاۋازلارنى بېسىپ چۈشەتتى. «قاراڭلارچۇ، شۇقەدەر تەنتەنىلىك مۇقەددەس سورۇندىمۇ، يەنىلا شۆھرەتپەرەسلىك كىشىلەرنىڭ سۆز - ھەرىكىتىنى يېتەكلەپ ماڭىدىكەن دېسە!»

بىر پارلامېنت ئەزاسى قانۇن چىقارغۇچىلىق رولى (role) غا نىسبەتەن ھېچقانداق تەييارلىقى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ھەم يەنە كېلىپ پەقەت سايلامدىكى مەنپەئىتىنىلا ئويلايدىغان بىر توپ كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قالغاندا، كىشىلەر ئۇنىڭ قانداق قانۇنلارنى تۈزۈشىدىن ئۈمىد كۈتەر؟ ئۇلار پەقەت قانۇن ئۈستىگە قانۇن دۆۋىلىشىدۇ، كۆز ئالدىدىكى ۋاقىتلىق تەلەپكە ئاساسەنلا قانۇننى بېكىتىدۇ ياكى بىكار قىلىدۇ. قانۇن ئەمدى مەرمەرتاش ياكى مىس تۇچ تاختايلارغا ئويۇلغان ئۆزگەرمەس قائىدىلەر بولماي قالدى، بەلكى قۇملۇق ئۈستىدىكى قالدۇق ئىزلار بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ساقلىنىش ئۆمرى ناھايىتى قىسقا، قانۇننىڭ نوپۇزىمۇ

ئەتىگەنكى بۇيرۇقىنى كەچتە بىكار قىلىشتەك بۇنداق ئۆزگىرىشچان مۇھىتتا تەۋرىنىپ قالماقتا.

بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا قانۇنلار تەتقىق قىلىنماي تۇرۇپلا ماقۇللۇقتىن ئۆتىدۇ ياكى قانۇن تېخى دەسلەپكى لايىھە باسقۇچىدا ئەستايىدىل، تەپسىلىي مۇلاھىزىلەرگە قويۇلمايدۇ. بىز دائىملا ناھايىتى ئەپسۇسلىنارلىق بىلەن قىلچە تەجرىبىسى يوق قانۇن تۈزگۈچىلەرنى كۆرۈپ قالىمىز، ئۇنىڭ ئىچىدە بەزىلىرىنىڭ بىلىمسىزلىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ، بەزىلىرىنىڭ ھەتتا خەت تونۇشىمۇ بىر مەسىلە. بۇنداق كىشىلەر جەمئىيەتكە ئاپەت ئېلىپ كېلىدىغان قانۇن تۈزگۈچىلەردۇر. ئۇلار كېرەكلىك قانۇنلارنى بىكار قىلىپ، كېرەكسىز ياكى جەمئىيەتكە زىيىنى بولغان قانۇنلارنى ماقۇللۇقتىن ئۆتكۈزىدۇ، پۇرۇخ ھىدى قاپلاپ تۇرغان مۇنازىرىلەردە قارشى تەرەپكە ھۇجۇملىرىنى، تىل - ھاقارەتلىرىنى ياغدۇرۇشۇپ بولغاندىن كېيىن سىياسىي سەۋەبلەردىن يەنە قارشى تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان قانۇن لايىھىسىنى قوللىشىدۇ ياكى ئۇنىڭغا قارشى چىقىشىدۇ. نېمە ئۈچۈن پارلامېنت ئوتتۇرىغا قويغان قانۇن لايىھىسى دۆلەت ئىشلىرى يىغىنىنىڭ تەكشۈرۈپ كۆرۈشىگە سۇنۇلمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن قانۇن تۇرغۇزۇشنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بىر قۇر تەتقىق قىلىپ كۆرۈشىگە يول قويۇلمايدۇ؟ ئۆتۈك تىكىش ئۈچۈنمۇ ئۇستا تۇتۇپ ئۆگىنىش باسقۇچىنىڭ بولۇشى زۆرۈر بولغاندەك، قانۇننى ياخشى تۈزۈش ئۈچۈنمۇ مۇكەممەل بولغان قانۇن لايىھىسى ئاساسىي نۇسخىسىنىڭ بولۇشىمۇ ئوخشاشلا مۇھىم. ئەگەر موزدۇزلار كىيىم تىكسە، تىككۈچى ئۆتۈك ياماسا، ئۇنداقتا بىزنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىمىزنىڭ قولايسىز بولۇشى تەبىئىي.

قانۇن تۈزۈش ساھەسىنىڭ ئۆزگىرىشچان مۇھىتى دېموكراتىك تۈزۈمگە ھۇجۇم قىلىدىغان نۇرغۇن خەۋپلەرنىڭ بىرى. ئامېرىكا بۇ جەھەتتە چوڭقۇر زىيانغا ئۇچرىغان دۆلەتتۇر، بۇ ئىللەتلەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاللىقاچان خاممىلتون، جېففېرسون ۋە مېيدسونلار تەنقىد قىلغان. لېكىن كىشىنى ئېچىندۇرىدىغىنى شۇكى، قانۇنلارنى ماقۇللۇقتىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن خىلمۇخىل ئالدامچىلىق نەيرەڭلىرىنى ئىشلىتىشتىن ئايانمايدۇ. بەزىدە كۆپ سانلىق بېلەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن پارا بېرىش، ئالدامچىلىق ۋە يالغاننى ياساش قاتارلىق ۋاستىلەرنى ئىشلىتىشتىنمۇ يانمايدۇ.

قانۇن تۈزۈش پائالىيىتى بەزى قىلچە ئەھمىيەتسىز ياكى ناچار بولغان قانۇنلار تەرىپىدىن مالىماتاڭ قىلىۋېتىلگەندە، قانۇن تۈزۈش پائالىيىتىگە زۆرۈر بولغان ئىسلاھاتلارمۇ كەينىگە سۈرۈلىدۇ. نېمە ئۈچۈن كىشىلەرنى زەھەرلەيدىغان ئېچىملىكلەرنى ساتىدىغان سىياسەتۋازلارنىڭ دېگىنى بويىچە قانۇنلارنى ئۆزگەرتكۈدەكمىز؟ ئاشۇ كىشىنى مەستخۇش قىلىدىغان ئېچىملىكلەرنى ساتىدىغان ساتارمەنلەرنىڭ ھەممىسى مۇنەۋۋەر سايلام رولىرىدۇر (پېرسوناژلىرىدۇر!) نېمە ئۈچۈن ئاز سانلىق ۋەكىللەر تۈزگەن پرىنسىپ بويىچە سايلام قانۇنىنى ئۆزگەرتكۈدەكمىز؟ ئۇ بىزنى ئېزىۋاتقان رەقىبلىرىمىزنىڭ ئىشلىتىشىگە شۇ قەدەر ماس كېلىدۇ! نېمە ئۈچۈن بىزنى نەپكە ئېرىشتۈرۈۋاتقان بەزى ئادەتلىرىمىزنى ئۆزگەرتكۈدەكمىز؟ فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى پارتلاش ھارپىسىدا كىشىلەر قانۇنغا بەزى ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، بىر باج ھۆددىگىرى مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان مودا تەلەپپۇزدا مۇنداق دېگەنىكەن: «نېمە ئۈچۈن ئىسلاھ قىلغۇدەكمىز؟ شۇنداق ياخشى ياشاۋاتامدۇق ئەنە؟»

## سىياسىي سەۋەبتىن ئەدلىيىنىڭ چىرىكلىشىشى

«قورال ئىشلىتىدىغان ۋەكىللەر نادان،

بىلمىسىز ۋە ئەخمەق كىشىلەردۇر، — دەيدۇ كامىل. دېسمولىن (Camille Desmoulins) ، — مۇستەبىت هۆكۈمرانلارنىڭ ئەڭ ئېسىل سەنئىتى ئەدلىيىدىكى سوراق قىلىش ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ، قورال كۈچى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغان مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتۇر.» دەرۋەقە سىياسىي سوراقلاش ئۇسۇلى قورال كۈچىدىنمۇ چوڭ ۋە جىق ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيدۇ؛ ئەدلىيە ۋاستىسىدىن پايدىلانغاندا قىرغىن قىلىدىغان سىياسىي رەقىبىنىڭ ئىززەت - هۆرمىتىنى يەرگە ئۇرۇپ، جىسمانىي ۋە روهىي جەهەتتىن بىراقلا نابۇت قىلىدۇ. قورال كۈچى بىلەن كەڭ كۆلەمدە قوپاللىق بىلەن ئېلىپ بېرىلغان قىرغىنچىلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان غەزەپ ئوتى قانۇنلۇق، ئەمما ئادالەتسىز بولغان ئۆلۈم جازاسى كەلتۈرۈپ چىقارغان غەزەپ ئوتىدىن كۆپ كىچىك بولىدۇ ھەم ئانچە قورقۇنچلۇق بولمايدۇ. قانۇنلۇق، ئەمما ئادىل بولمىغان ئۆلۈمگە هۆكۈم قىلىش شۇ سەۋەبتىن تېخىمۇ قورقۇنچلۇق غەزەپنى پەيدا قىلىدۇكى، بۇ خىل قىلمىشقا ھەمىشە كىشىنىڭ غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغايدىغان ساختىپەزلىك ھەمراھ بولغان بولىدۇ، ئۇ زوراۋانلىقتا قانۇنلۇق بولغان ساختا تون كىيگۈزىدۇ.

جاللاتلار سىپايىگەرچىلىك بىلەن ھەيۋە قىلىپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى قىياپىتىگە كىرىۋالىدۇ، لېكىن ھەقىقىي زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار بولسا قانۇنىي تەرتىپلەر ئارقىلىق جىنايى ئىشلار جىنايەتچىسىگە ئايلىنىدۇ، بۇ پۈتۈنلەي ھېلىقى دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ياۋۇز بۆرىنىڭ دەريانىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدا سۇ ئىچىۋاتقان قوزىچاققا ئىچىدىغان سۇيۇمنى بۇلغىۋەتتىڭ دەپ تۆھمەت قىلغىنىغا تەقلىد قىلغانلىقتۇر. يەھۇدىلار ئىيسا خرىستوسنى پىلاتې* (Pilate) نىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ، «بۇ

* پىلاتې ( ـ 36؟ ) ، رىم يەھۇدىلىرىنىڭ گوبېرناتورى (ھەربىي ـ مەمۇرىي ۋالىي) (26 ـ 36) ، ئىيسانى سوراق قىلىشقا رىياسەتچىلىك قىلغان ھەم ئىيسانى كرىستقا مىخلاپ ئۆلتۈرگەن. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

تۇغۇز كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەبلەخنىڭ مىللىتىمىزنى بۇزۇۋاتقانلىقىنى بايقىدۇق» دېگەنىدى. سوقرات ياشلارنى بۇزدى دەپ ئەيىبلەنگەن. رىم پادىشاھلىرى خرىستىئان مۇرىتلىرى جەمئىيەت ئامانلىقىنى بۇزدى دېگەننى باھانە قىلىپ ئۇلارنى كەڭ كۆلەمدە قىرغىن قىلغانىدى. سان. بارتولومېۋ (Bartholomew) قىرغىنچىلىقى ئاخىرلىشىپلا زىيانكەشچىلىككە ئۇچرىغۇچىلارغا قارىتىلغان ئەدلىيە تەرتىپلىرى ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. خۇگىنو مەزھىپى مۇرىتلىرى كاتولىك مۇرىتلىرىغا قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەن دەپ ئەيىبلىنىپ، ئۆلۈشتىن ئاۋۋال ئىبادەت قىلىشقىمۇ بۇيرۇلدى. ھېنري Ⅷ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنى ئۆلتۈرۈشتىن ئاۋۋال ئۇلارغا توقۇناق بەتناملارنى چاپلايتتى؛ ئۇ پۈتۈن نەيرەڭلىرىنى ئىشقا سېلىپ ئاخىر توماس. مورغا خىيانەتچىلىك جىنايىتى ئارتىشقا مۇۋەپپەق بولدى، شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ نام - ئابرۇيىنى بۇلغىدى. ماۋرىس* (Maurice of Nassan) باراۋېل تەرىپىدىن گۇناھكار دەپ ئېلان قىلىندى، ئۇنىڭغا ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىپ، ئىسپانىيىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان دېگەن بەتنام چاپلانغانىدى. چارلېز Ⅱ سېدنېي (Sedney) ۋە سىر رۇسسېل (Russell) سۇيىقەستلىك پائالىيەت بىلەن شۇغۇللاندى دېگەن قۇرۇق تۆھمەتنى چاپلاپ بۇ ئىككىيلەننىڭ كاللىسىنى ئالدى. چارلېز Ⅱ يەنە پولكوۋنىك خۇتچىنسون (Hutchinson) نى قولغا ئېلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. گەرچە ئۇ ئىلگىرى كرومۋېلنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى

* ماۋرىس (1567 ـ 1625) گوللاندىيىدىكى ئۈچ ھۆكۈمراننىڭ بىرى، گوللاندىيە جۇمھۇرىيەت قوشۇنىنىڭ قۇرغۇچىسى، بىرلەشمە ئۆلكىلەر قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى، ئىسپانىيىنى مەغلۇپ قىلغان (1590 ـ 1609) بولسىمۇ، لېكىن دۆلەت ئىچىنى ئۇزۇن مۇددەت بۆلۈنمە ھالەتكە سېلىپ قويغان. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

چىققان بولسىمۇ، بىراق ئۇ «بۇ پولكوۋنىك مەلۇم سۇيىقەستكە چېتىلىپ قالغان دېگەن ياكى باشقا بىر جىنايەتنى ئارتىپ يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە تېزلىكتە ئۆلتۈرۈۋەتتۇق دېسەم قۇتۇلىمەن» دېيىشنى ئوبدان بىلەتتى. ياكوبىنچىلار جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنىڭ ھەقىقىي قوغدىغۇچىلىرى —— گروندىچىلارنىڭ گراژدانلىق ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپ ئۇلارغا جۇمھۇرىيەتكە ئاسىيلىق قىلىشقا ئۇرۇنغان دېگەن جىنايەتنى ئارتتى. شۇ يىلى سېنتەبىردىكى قىرغىنچىلىقتا، نەزەربەندكە ئېلىنغان زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار جۇمھۇرىيەتكە قارشى تۇرۇش سۇيىقەستىنى پىلانلىغان دەپ ئەيىبلەندى. بوردو (Bordeaux) دا «تاش ئاتقۇچىلار پارتىيىسى»* (the Fronde) ھەرىكىتى ئەۋج ئالغان مەزگىللەردە، «قارىياغاچ پارتىيىسى» (the Ormee) ئادەملىرىمۇ قانۇن تونى كىيىۋېلىپ بەزىبىر قەبىھلىكلەرنى سىناپ كۆرۈشكە ئالدىراپ كەتتى: ئۇلار ئالاھىدە سوتتىن بىرنى قۇرغان بولۇپ، بۇ سوتتا، بىر دورىگەر ئەرز قىلغۇچى بولغان، بۇ سوتنىڭ سودىيىلىرى بولسا قول ھۈنەرۋەنلەر، موزدۇز، كەمپۈتچىلەردىن تەركىب تاپقانىدى!

ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە سوت تەسىس قىلىشتىن مەقسىتى ئىنسانلىق ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى تارتىۋېلىش قىلمىشلىرىغا قانۇنلۇق تون كىيدۈرۈش ئۈچۈندۇر. خۇددى كوممىنېس ئېيتقاندەك، ئۇلار شەخسىي ئۆچ ـ ئاداۋەتنى ئېلىش ئۈچۈن «ئەدلىيە ۋىۋىسكىسىنى كۆتۈرۈۋالسا بولاتتى، تېخى ھەر ۋاقىت ئاشۇ مۇتەخەسسىس ئالىملار ئۇلارنىڭ نېمە قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلىش ئارزۇسىنى ئاقلاپ چىقاتتى ھەمدە ئۇلارنىڭ كەچۈرگۈسىز گۇناھلىرىنى ئىبادەت

---

* تاش ئاتقۇچىلار ھەرىكىتى پارتىيىسى، 1648 — 1653 ـ يىللىرى فرانسىيىدە پەيدا بولغان فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشى ھەرىكەت. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىش ئارقىلىق تىلىۋېلىشقا بولىدىغان كىچىك گۇناھ دەپ ئاقلىشاتتى.» نۇرغۇن سېسىق نامى پۇر كەتكەن سىياسىي سوراقلارنى رىم ئىمپېراتورلىرى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئىجرا قىلدۇرغانىدى. تاستو مۇنداق دېگەن: «مەن باشقا نەرسىنى ئەمەس، پەقەت قەبىھلىشىپ كەتكەن تەرتىپنى، ئاياغ - قۇيرۇقى ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان زىيانكەشلىكلەرنى يازسام بولىدۇ... ئادالەتسىز بولغان ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش ۋە سوراق قىلىشلار ئوخشاش بىر يولدا ماڭدامدا بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ، ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.» رىم جۇمھۇرىيىتى دەۋرىدە، رىم خەلقىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلغانلار جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن بولۇپ، «بۇ قانۇن قىلمىشلارنى جازالاپ، سۆزلەرنى قانۇن سىرتىدا قالدۇردى. ئاۋگۇست* (Augustus) بۇ قانۇنىي پرىنسىپنى كىشىنىڭ غەزىپىنى قوزغايدىغان تۆھمەت قىلىش قىلمىشلىرىغا ئىشلەتكەن تۇنجى كىشى ئىدى.» بۇ پرىنسىپنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەھەتتە تىبېرىي ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ كەتكەن. تىبېرىي ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا، ئاسىيلىق قىلىش جىنايەت دېلولىرى تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ چېقىمچى قويغۇچىلارنىڭ بىر چوڭ باي بولۇش يولى ئىدى. «تىبېرىي ھەمىشە سودىيە ئالدىدىكى كىشىلەرگە جىنايەت تېپىپ بېرەلەيتتى.» سوراقلارنى بېرىپ كۆرۈش ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى. بىر قېتىم ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ھاقارەت كەلتۈرىدىغان سۆزلەرنى قىلغان دەپ ئەيىبلەنگەن

---

* ئاۋگۇست (14AD — 63BC)، رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ تۇنجى ئىمپېراتورى (14AD — 27BC) كايسارنىڭ ۋارىسى، سىياسىينى ئىسلاھ قىلىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى تارتۇقلىغان؛ ئەسلى ئىسمى ئوكتاۋىيان بولۇپ، سېنات ئۇنىڭغا «ئاۋگۇست» دېگەن نامنى بەرگەن. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

پرېتورنىڭ قىلمىشىدىن قاتتىق غەزەپلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەن بۇ دېلوغا ئۆزۈم بىۋاسىتە قاتنىشىمەن ھەم پىكىر بايان قىلىمەن، دەيدۇ. پىسو (Piso) ئىسىملىك بىر سېنات ئەزاسى غەيرەتكە كېلىپ ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ: «ئالىيلىرى، سىلى قايسى پرىنسىپقا ئاساسەن ئۆز قاراشلىرىنى بايان قىلماقچىلىكىن؟ ئەگەر سىلى سوراقتىن ئاۋۋال بىرىنچى بولۇپ پىكىر بايان قىلىپ قالسىلا، ئۇنداقتا مەن ئۆزلىرىنىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە سوراق قىلىمەن، ئەگەر سىلى ئەڭ ئاخىرىدا پىكىر بايان قىلىپ قالسىلا، ئۇنداقتا مەن ئاڭسىز ھالدا سىلىگە قارشى چىقىپ قالامدىمەنكىن دەپ ئەنسىرەيمەن.» بۇ سېنات ئەزاسىنىڭ سۆزىدىن دىلىغۇل بولغان تىبېرىي ئەڭ ئاخىر بۇ پىلانىدىن ۋاز كېچىدۇ ۋە بۇ پرېتور (Pretor) نى گۇناھسىز دەپ قويۇپ بېرىشكە ماقۇل بولىدۇ. سېناتنىڭ باشقا ئەزالىرى پىسو ئەپەندىنىڭ بۇ خىل يوغان باشلىقىنى، ئادالەت يولىدا ھەق سۆزلەشتەك مىجەزىنى دوراشقا پېتىنالمايتتى. ئۇلار پەقەت تىبېرىينىڭ ئالدىدا بىر - بىرىدىن قېلىشماي خۇشامەت قىلىشنىلا بىلىشەتتى. بىر تارىخشۇناس ئۆزىنىڭ بىر كىتابىدا برۇتر* (Brutrs) نى ماختاپ، كايسارنى رىم بويىچە ئەڭ نادان كىشى دەپ ئەيىبلىگەنلىكى ئۈچۈن ئەينى ۋاقىتتىكى سېيانۇ** (Sejanus) ئادەملىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرايدۇ، ئۇ ئاچلىقتىن ئۆلۈشكە رازى بولىدۇكى، تىز پۈكۈشنى

* برۇتر (85 - 42 BC)، رىمنىڭ ئاقسۆڭەكلەر تەرەپدارىدىكى سىياسىئونى، كايسارنى ئۆلتۈرۈشنىڭ باش پىلانلىغۇچىسى، كېيىن يۇنانغا قېچىپ بېرىپ قوشۇن توپلاپ ئانتونى، ئوكتاۋىئان بىرلەشمە قوشۇنىغا قارشى چىققان، ئۇرۇشتا يېڭىلىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

** سېيانۇ (؟ - 31) رىم ئىمپېراتورى مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ قوماندانى، پرېتور، ئىمپېراتور تىبېرىينىڭ ئىشەنچلىك كىشىسى ئىدى، ھوقۇق تارتىۋېلىش سۇيىقەستى پاش بولۇپ قېلىپ ئۆلتۈرۈلگەن. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رەت قىلىدۇ، رىم سېناتى شەھەر مەمۇرىي ئەمەلدارى (edlie) غا بۇ تارىخشۇناسنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىشنى بۇيرۇيدۇ. نېرونىڭ ئىمپېراتورلۇقى دەۋرىدە، سېنات ئەزالىرى پۈتۈنلەي ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ ئىش قىلاتتى، ئۇلار ھەمىشە ئەڭ پەزىلەتلىك، پاك، ئەخلاقلىق گراژدانلارغا زىيانكەشلىك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ باش پرىنسىپى شۇ ئىدىكى: ئەگەر بۇ گراژدانلار ئىمپېراتورنىڭ دۈشمىنى بولمىسا ئۇنداقتا ھەر ئاماللار بىلەن ئۇلارنى ئىمپېراتورنىڭ دۈشمىنى قىلىشىمىز كېرەك. بەلكىم ئۇلار ئۆز بېشىدىن ئەنسىرەشسە كېرەك، ئۇلار ھەمىشە ئىمپېراتور ئالدىدا قۇلچىلىق قىلىپ، بىخەتەرلىككە ئېرىشمەكچى بولۇشاتتى. ئاگرىپپىنا (Agrippina)* نى قەستلەپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن سېنات ئەزالىرى يالغاندىن نېرو بۇ ئىش ئارقىلىق ئۆزىگە قىلىنغان بىر سۇيىقەستنىڭ ئالدىنى ئالدى دېيىشىۋالغان ۋە بۇ سۇيىقەستنىڭ بايقالغانلىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن ئىبادەتخانىلاردا دۇئا ـ تىلاۋەت ۋە ھەر يىللىق ئويۇن ـ تاماشا پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈش بۇيرۇقىنى چۈشۈرۈشكەن. نېرو يۇپيېتېر ئىبادەتخانىسىغا ئىلاھلارغا (the gods) تەشەككۈرىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كىرىپ كەلگەندە، سېنات ئەزالىرى مۇراسىم كىيىملىرىنى رەتلىك كىيىشىپ، ئۆز ئانىسىنى ئۆلتۈرگەن كىشىنى كۈتۈۋېلىشقا چىققان. ھەر نۆۋەت پادىشاھ بىرەر كىشىنى سۈرگۈن قىلغاندا ياكى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغاندا، سېنات ئەزالىرى تەشەككۈر بىلدۈرۈش خاراكتېرىدىكى پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرەتتى.

1688 ـ يىلىدىكى «شەرەپلىك ئىنقىلاب» تىن ئاۋۋال ئەنگلىيە سوتى تىز پۈكۈش، رەزىللىك، ۋەھشىيلىك جەھەتلەردە رىم

---

* ئاگرىپپىنا (15 ـ 59) رىم ئىمپېراتورى نېرونىڭ ئانىسى، نېرو تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.
—— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

سېناتىدىن قېلىشمايتتى. ماكولاي (Macaulay) ئۇلارنى رەزىل، پەسكەش بولغان «ئاممىۋى قاسساپخانا» (public slaghter house) دەپ ئاتىغانىدى. ئۇ يەردە، ھەرقايسى سىياسىي مەزھەپلەر ئۆز سىياسىي رەقىبلىرىنى تۇتۇپ كېلىپ قىيناپ ئۆلتۈرەتتى؛ ئۇ يەردە، ئۇلار سېتىۋالغىلى بولىدىغان ۋەھشىي قاسساپلارنىڭ ئۆز خېرىدارلىرىنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى بايقىشاتتى. ئۆزى رەھبەرلىك قىلىدىغان ئىرلاندىيە چوڭ قىرغىنچىلىقىدىن كېيىن كرومۋېل بىر سوت قۇرۇپ چىقتى، بۇ سوت داۋاملىق تۈردە كاتولىك مۇرىتلىرىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇش ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرۇپ كەلدى. مانا بۇ تارىختا ھەممە ئادەم بىلىدىغان «سوت قىرغىنچىلىقى» (court of carnage) دۇر.

چارلىز I دەۋرىدە زاسېداتىللار ئۈمىكى زور دەرىجىدە مۇستەقىللىقنى ئىپادىلىگەنىدى. سىر ستىرافورد (Strafford) كانروت ناھىيىسىنى پادىشاھنىڭ مەخپىي يېرىگە ئايلاندۇرماقچى بولۇپ، ھەر ئامالLAR بىلەن زاسېداتىللار ئۈمىكىنى قوللاپ كېسىم چىقارغۇزماقچى بولغان بولسىمۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان. زاسېداتىللار ئۈمىكى يەنە كرومۋېلنىڭ ئالاھىدە سوتنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىش توغرىسىدىكى تەشەببۇسىنى رەت قىلدى. كرومۋېل زاسېداتىللار ئۈمىكىنىڭ مۇستەقىللىقىدىن دەرغەزەپ بولۇپ، زاسېداتىللار ئۈمىكى تۈزۈمى ئەدلىيە ئادىللىقىنىڭ بىر توسالغۇسى، چۈنكى ئۇ مۇقەددەس بولغان سوت كېسىمىنى نادان، ئەقىلسىز ۋە رەزىللىكتە ئۇچىغا چىققان غەلىتە خىياللارغا ئايلاندۇرۇپ قويماقتا؛ بۇ خىل تۈزۈم ئاستىدا، قانۇنغا مۇجەسسەملەنگەن ئەڭ مۇھىم ئىرادە قانۇن ئىلمى تەرىپىدىن بەلگىلەنمەستىن، بەلكى ئاشۇ خەتەرلىك ۋە ھۆكۈم قىلىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىقتىدارى كەمچىل بولغان، ھەتتا پاراسىتى ئادەتتىكىچە بولغان ئاجايىپ - غارايىپ بىر تەرەپلىمە خىياللارنى قىلىشتا ۋايىغا يەتكۈچىلەر تەرىپىدىن بەلگىلەنمەكتە دەپ تىللايدۇ؛ كىرومۋېلنىڭ زاسپىداتىللار ئۆمىكىگە قىلغان تەنقىدى ۋە بۇگۈنكى كۈندىكى نۇرغۇن جىنايەتشۇناسلارنىڭ زاسپىداتىللار ئۆمىكى قىلغان مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان تەنقىدلىرىدە بەزى مۇۋاپىق تەركىبلەر بارلىقىنى ئىنكار قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا، يەنە شۇنىمۇ قوشۇمچە قىلىپ قويۇش زۆرۈركى، زاسپىداتىللار ئۆمىكى ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان پەزىلەتكە ئىگە؛ ئۇ مۇستەقىل بولۇپ چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. چەك تارتىش ئارقىلىق تەشكىل قىلىنغان زاسپىداتىللار ئۆمىكىنى سىياسىي ۋاستىلەر بىلەن سېتىۋېلىش مۇمكىن ئەمەس.* بۇ خىل مۇستەقىل بولغان ھەم چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ئالاھىدىلىكى گىراژدانلارنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكى ۋە سىياسىي ئەركىنلىكىنىڭ ھەقىقىي كاپالىتىدۇر. دەل زاسپىداتىللار ئۆمىكى جۇمھۇرىيەتچىلەرنى كىرومۋېلدىن كەلگەن زەربە، ئۆچ ئېلىش ھەرىكەتلىرىدىن قوغداپ قالغاچقا ۋە بۇ ئىشقا چېتىلىپ قالغان نۇرغۇن مونارخىستلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى ھىمايە قىلغاچقا، كىرومۋېل بۇ ئورگاندىن ئىنتايىن بىزار بولۇپ كەتكەنىدى.

زاسپىداتىللار ئۆمىكى مەيدانغا كېلىشتىن ئاۋۋالقى فرانسىيىدە، ئامانلىق ساقلاش سوتچىسى تۈزۈمى (Matistracy) ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزىگە ئىشلەتكەن بېسىملىرى ئالدىدا دۇرۇسلۇق ۋە مۇستەقىللىق رولىنى ئۆتەپ كەلگەنىدى. «ھەرقانداق بىر يەر

---

* ھەقىقەتەنمۇ، زاسپىداتىللارنى تاللاش جەريانىدا زاسپىداتىللار تىزىملىكىدىن ھۆرمەتكە سادىق بولغان گىراژدانلارنىڭ ئىسمىنى ئۆچۈرۈۋېتىش ئارقىلىق زاسپىداتىللار ئۆمىكىدىن سىياسىينىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشتەك ئىشلارمۇ بار ئىدى. —— ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

ھەرقانداق بىر مەزگىلدە، — دەيدۇ كوسىن ئەپەندى (M. Cousin) — جەمئىيەت ئامانلىقى سوتچىسىدەك كىشىلەرگە شۇ قەدەر چوڭقۇر پەسىر قالدۇرغان مەنزىرە بولمىسا كېرەك: ئۇنىڭ مۇستەقىلچانلىقى، بىلىمى، ھەققانىيەت يولىدىكى كەسكىنلىكى ھەممە بۇ كەسىپنىڭ ئۆز خىزمەتچىلىرىگە قويغان قاتتىق تەلىپى.» رويېر. كوللارد (Royer Collard) مۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان مەدھىيىلەرنى يازىدۇ: «سودىيىلىكنى پۇل بىلەن سېتىۋېلىشتەك نومۇسسىز تۈزۈمنىڭ ئورنىنى كىشىنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايدىغان جەمئىيەت ئامانلىقى سوتچىسى تۈزۈمى ئالدى، جەمئىيەت ئامانلىقى سوتچىسى تۈزۈمىنىڭ پەيدا بولۇشى ئالدىنقى ئەسىردىكى پادىشاھلىق سىياسىي تۈزۈمىنىڭ شەرىپى ۋە كۈچ - قۇدرىتىنىڭ سىمۋولى ئىدى.» ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، 16 -، 17 - ئەسىردە جەمئىيەت ئامانلىقى سوتچىسى بولغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ناھايىتى بىلىملىك ۋە ئېسىل پەزىلەتلىك مەشھۇر كىشىلەر ئىدى. گۇيس. ھېنري* (Henry of Guise) ھېنري Ⅲ نى پارىژدىن قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن ئۇ باش سوتچى ئاچىللي. دې. خارلېي (AchiI le de Harley) بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ. بۇ قەيسەر جەمئىيەت ئامانلىقى سوتچىسى گۇيسنىڭ قارا نىيىتىگە قاتتىق رەددىيە بېرىدۇ، گۇيس بۇ قېتىمقى سۆھبەتتىن ناھايىتى رەسۋا بىر ھالەتتە چىققاندىن كېيىن ئۆزىنى تۇتالماي مۇنداق دەيدۇ: «مەن جەڭ مەيدانلىرىدا ئۆلۈمدىن قورقماي ئەڭ

* گۇيس. ھېنري (1550 ـ 1588)، فرانسىيە دىنىي ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى كاتولىك دىنىي مەزھىپى ۋە كاتولىك دىنىي ئاقسۆڭەكلىرى مۇقەددەس ئىتتىپاقىنىڭ داھىيسى، باتېرلومېۋ پاجىئەسىنى پىلانلاشقا قاتناشقان (1572)، پارىژدا بىر مەزگىل دەۋر سۈرگەن، كېيىن پادىشاھ ھېنري Ⅲ تەرىپىدىن يوشۇرۇن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

خەتەرلىك پەيتلەردىمۇ باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلغانىدىم، ھېچنېمە مېنى چۆچۈتۈپ باقمىغان، بىراق بۇ مەشھۇر شەخس بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەت مېنى ھەقىقەتەن خېلى چۆچۈتتى.» يۈكسەك بىلىم ۋە ئۇلۇغۋار ئىنسانىي پەزىلەتكە ئىگە لوپىتال (L' Hopital) مۇ بىر تىپىك ئامانلىق ساقلاش سوتچىسىدۇر، ئۇ تارىختا كۆپ كۆرۈلمەيدىغان يۈكسەك پەزىلەتلىك ۋە ئىنتايىن ئادىل بولغان سودىيە ھېسابلىنىدۇ. دې. رېتز (de. Retz) تۆۋەندىكى قىممەتلىك سۆزلىرى بىلەن باش سوتچى مولې ئەپەندىنى تەرىپلەيدۇ (M . Mole): «ئەگەر بۇ زامانىمىزدا سۆز - ھەرىكەت جەھەتتە ئىمپېراتور گۇستاف (Gustavus the Great) ياكى بلايس ئەپەندىدىنمۇ جىگەرلىك قەيسەر ئادەم بار دېيىلسە ئۇ ئادەم چوقۇم باش سوتچى مولې ئەپەندىدۇر.» لۇئى Ⅹ Ⅵ پادىشاھلىقىدا لاموگنون (Lamaoignon) دىنمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەمنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن، دېگەنىكەن. كوربوت گەرچە رەزىل ھىيلە - مىكىرلىك كىشى بولسىمۇ، لېكىن فوكۇت (Fouquit) قا ئۆلۈم جازاسى بېرىشتە باش سوتچىغا زورلۇق ئىشلىتەلمىگەن. سوتچى ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى رەت قىلغان. 18 - ئەسىردە، ئامانلىق ساقلاش سوتچىسى تۈزۈمى ئەينى ۋاقىتتا ئەۋج ئالغان چىرىكلىك دولقۇنىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، ئەخلاق ۋە ئادالەتتىكى ساغلام روھىنى يوقىتىپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا بۇ تۈزۈمنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالغانىدى. تارىخشۇناسلارنىڭ پارلامېنتقا سۇنغان دوكلاتلىرىدا كۆرسىتىلگەن جەمئىيەت ئامانلىقى سوتچىسى تۈزۈمىنىڭ كەمچىلىك ۋە يېتەرسىزلىكلىرى ئاساسەن ئۇلارنىڭ بۇ تۈزۈمنىڭ سىياسىي ۋە ئەدلىيە جەھەتتىكى خاراكتېر - ئالاھىدىلىكىنى قالايمىقان چۈشەنگەنلىكتىن كېلىپ چىققان. ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ئالىي

دەرىجىلىك سوتى سىياسىي يىغىلىشىنىڭ فورالىغا ئايلاندۇرۇلغاندا، بۇ ئورگاننىڭ مۇقەددەسلىكى بۇ يىغىلىشنىڭ ئاقسۆڭەكلەر خاراكتېرىنىڭ چىرىتىشىگە ئۇچرايدۇ ـ دە، بۇ ئورگاننىڭ خاراكتېرىدە ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ.

جەمئىيەت ئامانلىقى سوتچىسىدا ئىپادىلەنگەن مۇستەقىللىقنى قارىتا سىياسەتۋازلار كەمسىتىش ۋە بىزار بولۇش پوزىتسىيىسى تۇتقان بولسا، ھۆكۈمەتنىڭ ئىچى ئاداپ كەتكەندى. پادىشاھلىقنى تىرىلدۈرۈش ( Restoration ) مەزگىلىدە، جەمئىيەت ئامانلىقى سوتچىسى ئەنگلىيىدە لىبېرالىزمچىلار دەپ قارالغاندى. فرانسىيىدە بولسا بوناپارتچىلار ( Bonapartists ) دەپ قارالدى، لۇئى. فىلىپ ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدە بولسا ئىسپانىيە پادىشاھى چارلېز I نىڭ قوللىغۇچىلىرى دەپ قارالدى، ناپولېئون III ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدە كلېرىكەلىستلار (دىنىي ھوقۇقچىلار) دېگەن بەتناملار بىلەن ئاتالدى. بارلىق پارتىيە ـ مەزھەپلەر تەختكە چىقىپلا ئامانلىق ساقلاش سوتچىسىنىڭ ئاللىقاچان بىت ـ چىت بولغان كونا تۈزۈمىگە ھېسداشلىق قىلدى دەپ ئەيىبلىشى دەل مۇشۇ جەمئىيەت ئامانلىقى سوتچىسىنىڭ مۇستەقىللىقىغا ئىسپات بولالايدۇ.

ھەر نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى سوتچىسىنى تەكرار ـ تەكرار تازىلىشى بۇ تۈزۈمنىڭ مۇستەقىللىقتا بولغان جازالىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تەپتىش ئەمەلدارلىرى سوت مۇنازىرىلىرىدە ھۆكۈمەتنى بىئارام قىلىدىغان پوزىتسىيىدە بولغاچقا، سىياسەتۋازلارنىڭ ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ ئاۋام ئالدىدا تەپتىش ئەمەلدارلىرىنىڭ يۈزىنى تۆكىدىغان ئىشلار كۆپ بولغان. ئىلگىرى فرانسىيىدە، بەزى ئەھۋاللاردا، سۈرگۈن قىلىش، ھەتتا ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىشلار مۇستەقىللىقنى ئىپادىلىگەن جەمئىيەت ئامانلىقى سوتچىلىرىغا قىلغان مۇئامىلىسى بولۇپ

www.uyghurkitap.com

ھېسابلىناتتى. مەسىلەن، ھېنري II مەزگىلىدە، بەزى ئالىي سوتنىڭ سودىيىلىرى مۇشۇنداق قاراشلارنى ئىپادىلىگەن، يەنى كىشىلەرنى پادىشاھنىڭ دىن مۇرتىلىرىغا بولغان ئۆلۈم بۇيرۇقىنى ۋاقتىنچە قويۇپ تۇرۇشقا ئۆتۈنۈشكە يول قويۇش كېرەك دېگەن مەسىلىدە پادىشاھ ئۆزى شەخسەن ئالىي سوتقا بېرىپ جەمئىيەت ئامانلىقى سوتچىلىرىغا پوپوزا قىلغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قانچە سودىيە تەھدىت ئالدىدا قەيسەرلىك بىلەن ئۆز قاراشلىرىدا چىڭ تۇرغاندا پادىشاھ ئۇلارنى قولغا ئېلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. قولغا ئېلىنغان سودىيىلەر ئىچىدىكى ئاننى. دۇبورگ (Anne Duborg) دېگەن كىشى دارغا ئېسىلغاندىن كېيىن تېخى جەسىتى كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. 1589 ـ يىلى 15 ـ دېكابىردا، پارلامېنتتىكى 16 كىشىلىك گۇرۇھ (the Sexteen) يۇقىرى سوت ئېلان قىلغان بىر گۇناھسىز دەپ قويۇپ بېرىش ھۆكمىگە ئىنتايىن نارازى بولۇپ، ھەر ئاماللارنى قىلىپ ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ باش سوتچىنى ۋە ئىككى ئادۋوكاتنى قولغا ئالدۇرىدۇ ھەمدە ئۇلارنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارغا ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتى ئارتىدۇ. پارلامېنتنىڭ تارقىتىۋېتىلىشى، پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ سۈرگۈن قىلىنىشى، ئادۋوكاتلارنىڭ قولغا ئېلىنىشى ھەمدە زىندانلارغا تاشلىنىشى —— ھەتتا لۇئى XVI دەۋرىگە كەلگەندىمۇ —— سودىيىلەرنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ خاھىشىغا مۇخالىپ ھۆكۈملەرنى چىقارغانلىقى ئۈچۈن نەزەربەند ئاستىغا ئېلىنىشتەك ۋەقەلەر نۇرغۇن قېتىم يۈز بەرگەن. رىچېلىيۇ* (Richelieu) ئۆزى شەخسەن ئالىي سوتنىڭ بەزى سودىيىلىرىنى سۈرگۈن قىلغان.

* رىچېلىيۇ (1585 ـ 1642)، فرانسىيە پادىشاھى لۇئى XIII نىڭ دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى ۋە ئوردا كېڭەشچىنىڭ رەئىسى، كاردىنال (قىزىل تونلۇق باش پوپ) بولغان ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنى كۈچەيتكەن، خۇگېنو مەزھەپىدىكىلەرنىڭ سىياسىي ھوقۇقىنى تارتىۋالغان، ئاقسۆڭەكلەر تۈپلىكىنى باستۇرغان، سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، فرانسىيىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى زورايتقان. —— خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

چۈنكى ئۇلارنىڭ مۇستەقىللىقى رىچېلىيېئۇنى قاتتىق چېچاڭشىتىۋەتكەن بولۇپ، بۇ سودىيىلەر ئۇنىڭغا خۇددى ئەزەلدىن پارىژنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدىغاندەك، پارىژدىن ئايرىلىپ كەتكەندەك كۆرۈنۈپ كەتكەن؛ رىچېلىيېئۇ بەزى سودىيىلەرگە گېرتسوگ دېپېرنون (Duke d' Epernon) غا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارغا لوۋېر (Louver) سارىيىدىكى خانلىق سوتنىڭ يىغىن زالىدا بۇيرۇق كۈتۈشكە بۇيرۇغان. رىچېلىيېئۇ قانۇن تەرتىپلىرىگە مۇخالىپ بولغان ھۆكۈملەرنى چىقارغۇزغان، تېخىمۇ ئېغىر بولغىنى شۇكى، ئۇ سودىيىلەرنى ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە مارشال. دې. مارىللاك (Marshal . de . Marillac) نى سوراق قىلدۇرۇش ئۈچۈن سوراقخانىنى ئۆزىنىڭ يازلىق ئوردىسى رۇئېلدىكى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرۈپ ئېلىپ كېلىپ، سوراقنى شۇ يەردە ئېلىپ بارغان. مارشال يۇقىرى سوتنىڭ كېلىپ سوراق قىلىشىنى تەلەپ قىلغاندا ئەينى ۋاقىتتىكى باش تەپتىش ماشىئۇ. مولى ئۇنىڭ يۇقىرى سوتنىڭ سورىقىنى قوبۇل قىلىش ھوقۇقىنىڭ بارلىقىغا ھۆكۈم قىلىدۇ. بىراق، رىچېلىيېئۇ بىر پارچە دۆلەت پەرمانىنى چۈشۈرۈپ مولىنىڭ ھۆكمىنى بىكار قىلىدۇ.

مازارىن (Mazarin) قەبىھلىك جەھەتتە رىچېلىيېئۇغا تەڭ تۇرالمىسىمۇ، لېكىن ئۇمۇ پات - پات سودىيىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىپ تۇراتتى. مەسىلەن، ئۇ ئەرز سوتنىڭ باش سودىيىسى بارىللون (Barillon) نىڭ تىل ئىشلىتىشىدىن ئىنتايىن بىئارام بولغاچقا، ئۇنى ھەر ئاماللار بىلەن پىگنېرول (Pignerol) دىكى تۈرمىگە سولىتىۋەتكەن، بۇ سودىيە ئەڭ ئاخىر شۇ تۈرمىدە ئۆلگەن.

ناپولېئون I مۇ لۇئى XIV نى ئۆزىگە ئۈلگە قىلغان. فوگۇتنى

www.uyghurkitap.com

سوراق قىلىش جەريانىدا ئۇ بار ئاماللار بىلەن گېنېرال مورۇ (General Moreau) نى سوراق قىلغان باش سوتچىغا بېسىم ئىشلەتكەن. دەرۋەقە، ئىمپېراتور ھەربىي سوتقا مورۇنى سوتلاتمايمۇ بۇ مەقسەتكە تامامەن يېتەلەيتتى. «ئۇنداق قىلسام باشقىلارغا باھانە بولۇپ بېرىدۇ، — دېگەن ناپولېئون، — كىشىلەر ئۆزى كونترول قىلىپ تۇرغان قورالدىن پايدىلىنىپ مورۇنى قانۇنلۇق قەستلەپ ئۆلتۈردى دەپ قالىدۇ.» شۇنداقتىمۇ كىشىلەر يەنىلا ئىمپېراتور سودىيىلەرنىڭ ھۆكمىگە قوماندانلىق قىلىشقا ئۇرۇندى، سودىيىلەر ئىمپېراتورنىڭ ئارىلىشىشىغا قەتئىي قارشىلىق كۆرسەتتى دەپ قارىغان.

گېرتسوگ دېڭخېيىن (Duke d Enghien) نى سوتلاش دېلوسىدا، ناپولېئون I بىر ئوفىتسېرنى گېرتسوگنى سوتلاش ھەربىي سوتىنى تەشكىللەشكە تەيىنلىگەن. بۇ سوت جەريانىدا بارلىق ئەدلىيە تەرتىپلىرى ئاياغ ـ ئاستى قىلىنغان. زاسېداتېللار ئۆمىكى ھۆكۈم چىقارغاندىن كېيىن سوت كومىتېتى گېرتسوگ دېڭخېيىننىڭ ناپولېئون بىلەن كۆرۈشۈش ئارزۇسى بارلىقى توغرىسىدا ناپولېئونغا بىر پارچە خەت يېزىش قارارىغا كەلگەن. گېنېرال خۇلىن (Hulin) بۇ خەتنى يېزىۋاتقاندا، ساۋاري (Savary) ئىشخانىغا كىرىپ كەلگەن، ئۇ گېنېرالنىڭ قولىدىن قەلەمنى تارتىۋېلىپ مۇنداق دېگەن: «ئەپەندىم، سىزنىڭ خىزمىتىڭىز ئاخىرلاشتى، قېپقالغان خىزمىتىڭىزنى ئەمدى مەن بېجىرىمەن» دېگەن. ھۆكۈم رەسمىي ئېلان قىلىنىشتىن بۇرۇن، ساۋاري بىرقانچە ئادەمنى ئەۋەتىپ گۆرلۈك كولاتقان، ئۇنىڭ قارىشىچە، مۇشۇنداق قىلغاندا ھۆكۈمنىڭ قانداقلىقى ناھايىتى ئېنىق بولىدىكەن. رىم تارىخىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مىساللار بار ئىدى. ئىمپېراتور نېرو خەلق پاسىبانى (Tribuni) ۋلىيانۇس.

نگېر (Vlianus . Niger) نى يەنە بىر خەلق پاسىبانى فلاۋئيۇس (Flavius) نى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق قىلغان. چۈنكى ئۇ نېروغا مۇنداق سۆزلەرنى قىلغانىكەن: «ئەگەر سەن يەنە تەسىر كۈچىگە ئىگە ئورۇننى ئىگىلەپلا تۇرىدىكەنسەن، ھېچقانداق لەشكەر سەندىن ئۈمىد كۈتمەيدۇ؛ مەن سېنىڭ ئۆز ئاناڭنى، ئۆز ئايالىڭنى ئۆلتۈرگەنلىكىڭنى كۆرۈپلا سەندەك بىر ھارۋىكەش، سەھرالىق ۋە ئىغۋاگەرچىدىن نەپرەتلىنىشكە باشلىغانىدىم.» ۋليانۇس. نىگېر مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئادەم ئەۋەتىپ يېقىن ئەتراپىتىكى ئېتىزلىقتا بىر گۆرلۈك قازدۇرۇلدى، فلاۋئيۇس بۇ گۆرلۈكنى تار ھەم كىچىك بولۇپ قاپتۇ دەپ قارىدى ۋە ئەتراپىدا تۇرغانلارغا شۇنداق دېدى: ‹ھەتتا مۇشۇنچىلىك كىچىك ئىشتىمۇ ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە خىلاپلىق قىلىنىۋاتقىنىنى قاراڭلار.› »

سىياسىي سەۋەبلەردىن كۆرە، ناپولېئون I كونا دەۋر ھاكىمىيىتىدىكى بەزى ناچار قىلمىشلارنى شۇ پېتى كۆچۈرۈپ ئىشلەتكەن. سوراق قىلماي تۇرۇپلا زور بىر تۈركۈم ئەر ـ ئايالنى سۈرگۈن قىلغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەشھۇر كىشىلەردىن ستايل خانىم، شېفرىز خانىم ۋە رېكامىل خانىملار بار ئىدى.

ھۆكۈمەتنىڭ ھەر ئامالالار بىلەن ئەدلىيە جەريانلىرىغا تەسىر كۆرسىتىشتەك رېئاللىقنى ئويلاشقاندا، تەۋرەنمەس قەتئىيەتلىك پەزىلەتلىرى جەمئىيەت ئامانلىقى سوتچىلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولغان بىر ساپا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەڭ بىلىملىك قانۇنشۇناسمۇ ئەسكى سودىيە بولۇشى مۇمكىن — ئەگەر ئۇنىڭدا مۇستەقىللىق كەمچىل بولسا. بوسسۇتنىڭ قارىشىچە، «بىر ياخشى سودىيە بولۇپ چىقىش ئارزۇسىنىڭ ھېچقانداق ئۇنۇمى يوق، ئەڭ ئاۋۋال سەن ئىشنى بىر ياخشى ئادەم بولۇشتىن باشلىشىڭ كېرەك. . . بىر ئادەم مەلۇم كەسپتە دۇچ كېلىدىغان مەسىلە باشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئادەمنىڭ بېشىغا ئەمەس، بەلكى ئۆز بېشىغا كېلىشتىن ئاۋۋاللا مۇشۇ كەسپكە كېرەكلىك بولغان خاراكتېر ـ پەزىلەتلەرنى يېتىشتۈرۈپ بولۇشى زۆرۈردۇر.» بىر سودىيە يېتەرلىك كۈچ بىلەن (Pompey) ھۆكۈمەتنىڭ خىلمۇخىل بېسىملىرىغا قارشىلىق كۆرسىتىشى كېرەك. بىر قېتىم پومپېي «سوتنىڭ سوراق زالىغا كىرىپ، سوراق قىلىنىۋاتقان كىشىنى —— پىلانكۇس (Plancus) نى ماختاشقا ئۇرۇندۇ. ھالبۇكى سوتنىڭ سودىيىلىكىنى ئۈستىگە ئالغان سودىيىلەرنىڭ بىرى كاتو (Cato) دەرھال قۇلىقىنى ئېتىۋالدۇ، ئاندىن پومپېي قوغداپ قالماقچى بولغان كىشىگە قىلچە ئىككىلەنمەستىن كېسىم ئېلان قىلدۇ.»

ئىنقىلابىي ئالاھىدە سوت، ئەدلىيە ئالاھىدە كومىتېتى، ھەربىي ئالاھىدە سوتى ۋە ئارىلاش ئەدلىيە كومىتېتلارنىڭ ھەممىسى ئەدلىيىدىكى ھەجۋىي ئويۇنلاردىن ئىبارەت، چۈنكى بۇ ئەدلىيە مەخسۇس خادىملىرىنىڭ ھەممىسى ھەقىقىي مەنىدىكى سودىيىلەر ئەمەس. لۇئى XI دائىملا مۇشۇ خىلدىكى ئەدلىيە مەخسۇس خادىملىرىنى سىياسىي سوراقلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا ھاۋالە قىلاتتى ۋە كېسىلگەن كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇ مەخسۇس خادىملارغا بۆلۈپ بېرەتتى. بۇ مەخسۇس خادىملارمۇ مۇشۇنداق كېسىم ھۆكمىنى چىقىرىشقا خۇشتار ئىدى. ئۇلار دائىملا قىلچە گۇناھسىز كىشىلەرنى ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان سۇيىقەست پائالىيەتلىرىگە چېتىپ، ئاندىن ئۇلارغا جىنايەت ئارتاتتى —— ئەڭ مەشھۇر دېلو دۇ. پېرچې (du . Perche) ناھەقچىلىقى بولۇپ، بۇ ناھەق دېلودا جازاغا ھۆكۈم قىلىنغۇچىنىڭ مال ـ مۈلكى كۆزلەنگەنىدى.

بارلىق قانۇنىي بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن بولمىغان ئالاھىدە سوراق ـ سوتلاردا، ئەڭ ۋەھشىيانە ۋە قەبىھ بولغىنى ئىنقىلابىي

ئالاھىدە سوتتۇر. تۇنجى ئىنقىلابىي ئالاھىدە سوتنى روبىسپېرنىڭ تەكلىپى بىلەن تەسىس قىلىنغان دېيىش كېرەك، مەقسەت 10 ـ ئاۋغۇستتىكى سۇيىقەستنى پىلانلىغۇچىلارنى سوراق قىلىش بولۇپ، بۇ كىشىلەر روبىسپېرنىڭ توپىلىڭغا قارشى چىققۇچىلار ئىدى. «10 ـ ئاۋغۇستتىن باشلاپ خەلقنىڭ ستېخىيىلىك ئۆچ ئېلىشلىرىغا ئەمدى رۇخسەت قىلىنمايدۇ. . . — دېگەن روبىسپېر، — ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن يېڭى سودىيە تەسىس قىلىش زۆرۈر. . . بىز جىنايەتچىنىڭ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىدىن ئىبارەت ئەڭ ئالىي ھوقۇقىنىڭلا سوراق قىلىشىنى تەلەپ قىلىمىز، ھەرقايسى قاتلاملاردىن تاللاپ چىقىلىپ تەشكىللەنگەن ئەدلىيە مەخسۇس خادىملىرىغا قايتا ئەرز سۇنۇشنىڭ ھاجىتى يوق.» بۇ خىل خاراكتېردىكى تۇنجى ئالاھىدە سوت 17 ـ ئاۋغۇستتا پەيدا بولدى، 29 ـ دېكابىردا تارقىتىۋېتىلدى. ياندۇرقى يىلى 10 ـ مارتتا دانتون (Danton) بىر ئاماللارنى قىلىپ خەلق بىخەتەرلىكى دېگەن نام بىلەن بۇ سوتنى جامائەت خەۋپسىزلىكى كومىتېتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ، بۇ ئالاھىدە سوتنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈردى ھەمدە ئۇ ئارقىلىق ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى سوتلىدى. بۇ سوت ئىنقىلابىي ئالاھىدە سوتلارنىڭ ئىچىدىكى «ئەڭ مەشھۇر» لىرىنىڭ بىرىدۇر. گۇسون (Gouthon) مۇشۇ خىل سورتلارغا تەييارلانغان تەكشۈرۈش دوكلاتىدا بارلىق ئەرز قىلىش تەرتىپ ـ قائىدىلىرى بۇ خىلدىكى ئاممىۋى بىخەتەرلىك نامى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سوت پائالىيەتلىرىدە ئاياغ ـ ئاستى قىلىنماقتا: «مەيلى كىم ئاممىۋى بىخەتەرلىكنى سوتقا ياكى ئادۋوكاتلارنىڭ كەشپىياتلىرىغا ھاۋالە قىلىش تەكلىپىنى بەرگەن بولسۇن، شۇ كىشىنىڭ ئۆزى ساراڭ ياكى بىر لۈكچەك ئەبلەخ، بۇنداق تەكلىپ بەرگۈچىنىڭ نىشانى دۆلەت ۋە ئىنسانىيەتنىڭ قانۇنىنى ھالاك

www.uyghurkitap.com

قىلىشتۇر» دەپ ئېلان قىلدى. دانتوننىڭ دېيىشىچە، ئىنقىلابىي ئالاھىدە سوت چوقۇم «خەلقنىڭ ئۆچ ئېلىشقا ئىشلىتىدىغان ئەڭ ئالىي سوتىنىڭ ئورنىنى ئېلىشى كېرەك»، يەنى ئۇ چوقۇم سېنتەبىر قىرغىنچىلىقىنىڭ ئورنىغا دەسسىشى كېرەك. پاكىتلاردىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، ئىنقىلابىي ئالاھىدە سوتنىڭ قانۇن تونىغا ئورىنىۋالغان چوڭ قىرغىنچىلىقتىن پەرقى يوق.

ئىنقىلابىي ئالاھىدە سوت ياۋايىلارچە ئېلىپ بېرىلغان قىرغىنچىلىكتىن تېخىمۇ نەپرەتلىك بولۇپلا قالماستىن، بۇ خىل قانۇن تونىغا ئورىنىۋالغان چوڭ قىرغىنچىلىقتا تېخىمۇ كۆپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار پەيدا بولىدۇ. بىر توپ تەلۋە قۇلاقكەستىلەر قىرغىنچىلىق خىزمىتىنى باشلىغاندا، ئۇنىڭدىكى زوراۋانلىق تەلۋىلىك تېمپېراتۇرىسى تەدرىجىي تۆۋەنلەيدۇ، خەلقنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، بۇ خىل قىلمىش خەلقنىڭ غەزەپلىك قارشىلىق كۆرسىتىش دولقۇنلىرىنى قوزغاپ، ئەڭ ئاخىر بۇ رەزىللىك ئۈستىدىن غالىب كېلىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ھالبۇكى، قان ئىچىشكە ئادەتلەنگەن ئالاھىدە سوت تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن ئۇدا نەچچە ئايلاپ چوڭ قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىپ، ھەركۈنى تۇركۇم ـ تۇركۇملەپ ئات ھارۋىسى بىلەن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنى كاللا كېسىش مەيدانلىرىغا — دار ئالدىغا توشۇپ ئەكېلىدۇ.

ئىنقىلابىي ئالاھىدە سوتنى تۈزگۈچى سودىيە زاسېداتېللار ئۆمىكى ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىنى فرانسىيە مىللىي كېڭىشى بەلگىلەيدۇ. مىللىي كېڭەش كامىلا. داسمىلىنى ئەيىبلىگۈچى قىلىپ كۆرسەتكەندە، روبىسپىير بۇ ۋەزىپىگە فۇگول. تېۋېل ئىسىملىك بىر كىشىنى تەيىنلەيدۇ. بۇ كىشى كامىلا. داسمىلىنغا مۇنداق دەپ خەت يازغان: «مەن بىر كۆك نامرات ھەم بىر ئائىلىنى

بىقىش ۋەزىپىسىنى ئۆز زىممەمگە ئالغان ئادەممەن، بىزنىڭ تاماق ئىچىپ يېيەلمەيۋاتقانلىقىمىزغا خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى، بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى ئاچلىقتىن ئۆلەي دەپ قالدۇق.» سودىيىنىڭ ئالاھىدە چوڭ ھۆرمىتى ۋە خېلىلا زور كىرىمىدىن بەرپا بولغان مۇستەقىللىقىنى كۆزدىن يوقىتىش ئىنقىلابنىڭ سىياسىي پرىنسىپىدۇر. شۇ سەۋەبتىن، ئىتائەت قىلىشنىلا بىلىدىغان سودىيىلەرنى تاللاش كېرەك، بۇنىڭ نەتىجىسى فۇگول. تېۋىلدەك ئۆلۈم سىزىقىدا جان تالىشىۋاتقان كىشىلەرنى تاللاپ ئەدلىيە خادىملىرىنىڭ رولىغا چىقىرىشتۇر. شۇ مەزگىلدىكى باشقا نۇرغۇن سودىيىلەرگە ئوخشاش فۇگول. تېۋىلمۇ ئۆز كەسپىنى بايلىق توپلاش قورالىغا ھەمدە ئەرز قىلىنغۇچىنىڭ ھاياتى ۋە ئەركىنلىكىنى باھا تالىشىدىغان سودا ئوبيېكتىغا ئايلاندۇرۇۋالغانىدى. ئىنقىلابىي ئالاھىدە سوتنىڭ سودىيىلىرى ئىچىدە تۆۋەن پالاتا ئەزاسى ئالبېرت تەسۋىرلىگەن لانس رايونىدىكى مۇنۇ سودىيىنىڭ ئوبرازىغا ئوخشايدىغانلىرى ئاز بولمىسا كېرەك. «پرىنسىپ جەھەتتە ناھايىتى دۇرۇس، بايلىق جەھەتتىكى كەمچىللىك ئۇنى ھەر جەھەتتىن ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان، بىرەر ئەمەلگە ئېرىشىش ئۈچۈن مۇھىتقا قاراپ ئۆز تەبىئىتىنى ئۆزگەرتىشتىن يانمايدۇ ھەمدە پەردە ئارقىسىدىكى كونترول قىلىپ تۇرغۇچى بىلەن خۇي ـ پەيلى ئوخشاش چىقىپ قالسىلا ئۆز ئەمەلىنى ساقلاپ قالالايدۇ.»

بۇ مىللىي كېڭەشنىڭ ئاشۇ ئەسەبىي تەلۋىلەر ئارىسىدىن تاللاپ چىققان سودىيە زاسېداتىللىرىنىڭ مائاشى ناھايىتى تۆۋەن بولۇپ (ھەر كۈنى ئاران 18 فرانك)، ئۇلار ياكوبىنچىلار مۇستەبىتلىكىنىڭ قورالىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئىنقىلابىي ئالاھىدە سوتنىڭ باشلىقى خېرمان (Herman) مۇ فۇگول. تېۋىلغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوخشاش روبىسپېرنىڭ بىر قولى ئىدى. ئۇ يى جاھازلىرىنى ياسايدىغان ئىشچى دۇبولې (روبىسپېر ئۇنىڭ ئۆيىدە تۇرغان)، بولسا بىر زاسپېداتىل ئىدى. بۇ ئالاھىدە سوتنىڭ باشقا ئەزالىرىمۇ بىر قىسىم ئىشچىلار ۋە جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئىدى. زاسپېداتىللارنىڭ بارلىق مۇستەقىللىقىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇلار باشقىلارنىڭ كۆشكۈرتۈشى بىلەن سودىيىلەر ئالدىدا غوۋغا سېلىشاتتى. دانتوننى سوراق قىلىش جەريانىدا جامائەت خەۋپسىزلىكى كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى سودىيە ۋە زاسپېداتىللار ئۆمىكىنى قورشىۋالغان بولۇپ، بۇمۇ ئالدىن پىلانلانغان ئىش ئىدى. پرېئور (Prieur) نىڭ ئۆز خاتىرىسىدە يېزىشىچە، ئۇ ئىنقىلابىي ئالاھىدە سوتنىڭ باشلىقلىرى بىلەن كۆرۈشۈش ئارقىلىق سوتنىڭ سوراقلىرىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەنىكەن. كوللوت. دېربوئىس (Collot d Herbois) بولسا ئىنقىلابىي ئالاھىدە سوتقا بۇيرۇق چۈشۈرەتتىكەن. بىر قېتىم بىر سودىيە كوللوت سوراق قىلىشنى بۇيرۇق قىلغان بىر ياشتىن ھېچقانداق گۇناھ تاپالماي بۇ ئىشنى كوللوتقا مەلۇم قىلىدۇ، كوللوت: «مەن ساڭا بۇ كىشىنى جازالاشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن، ئۇنىڭ بۈگۈن كەچكىچە ئۆلۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن، ئەگەر ئۇ كەچۈرۈمگە ئېرىشىپ قالسا نۇرغۇن جىنايەتلەر قانۇن تورىدىن چۈشۈپ قالىدۇ، باشقا ئىشلار بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، بېرىپ ئىشىڭىزنى قىلىڭ» دەيدۇ ئۇ سودىيىگە ئاچچىقلاپ. 1793 ـ يىلى 10 ـ مارتتا ماقۇللانغان پەرماننىڭ 10 ـ ماددىسىدا، مىللىي كېڭەشتىكى ئالتە كىشىلىك گۇرۇپپا تەييارلىق سوت خىزمىتىنى نازارەت قىلىش ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى كومىتېتىنىڭ ئەيىبلىگۈچى ۋە سودىيە بىلەن نورمال مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئەرز قىلىش قانۇن لايىھىسىنى تەييارلاشقا مەسئۇل بولىدۇ. ئەگەر سودىيە نەزەربەند

ئاستىغا ئېلىنغۇچىنى گۇناھسىز دەپ ئېلان قىلىدىغان بولسا، ئىنقىلابىي ئالاھىدە سوت «يۈيۈلىدۇ»، گۇناھسىز دەپ ئېلان قىلىنغان كىشى قايتىدىن سوراقتا تارتىلىدۇ دەپ بەلگىلەنگەنىدى. بولىر ۋە لېبون (Lebon) لار ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرغان سودىيىلەرنى نەزەربەند ئاستىغا ئالغانىدى. بارراس بىلەن فېيلىلون مارسېل رايونلۇق ئىنقىلابىي ئالاھىدە سوتنىڭ ئەيىبلىگۈچىسى ۋە سوت باشلىقىنى قولغا ئېلىپ پارىژغا يالاپ ئېلىپ بېرىش بۇيرۇقى چۈشۈرگەن، چۈنكى 528 نەپەر نەزەربەند ئاستىغا ئېلىنغۇچىدىن ئۆلار ئاران 162 سىنىڭ كاللىسىنى ئالغانىكەن.

بۇ سودىيىلەر تامامىلاۋاتقان ۋەزىپىلەر شۇ قەدەر يىرگىنىشلىك بولۇپ، ھەتتا ئۆلارنىڭ ئىچىدىكى بىرەيلەنمۇ مۇشۇ خىل كۆچلۈك يىرگىنىش تۇيغۇسىنى يېڭىش ئۈچۈن ئۆزىگە بۇ ئورنۇڭنى ساقلاپ قېلىشنىڭ كېرەك دەپ يەل بېرىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئىقرار قىلغان. فۇگول. تېۋېل: «مەن ئېتىزلىقتا يەر كولاشقا رازىكى، ئەيىبلىگۈچى بولۇشقا رازى ئەمەسمەن. ئەگەر ئىمكان بولسا ۋەزىپەمدىن ئىستېپا بېرىشكە رازىمەن» دېگەن.

گەرچە ھەيدەكچى ھۆكۈمەت مىللىي كېڭەشتەك ئۈنچىۋالا شەپقەتسىز ۋە ياۋۇز بولمىسىمۇ، لېكىن ھەيدەكچى ھۆكۈمەتمۇ سودىيىلەرنىڭ مۇستەقىللىقىغا خۇشتار ئەمەس ئىدى. پارىژ سايلام كومىتېتى ئەمدىلا بەزى مۆتىدىل كىشىلەرنى سودىيىلىككە سايلاپ بولۇشىغا، ھەيدەكچى ھۆكۈمەتتىن ئىبارەت بۇ يېڭى ھوقۇقلۇق ئورگان بۇ سايلام نەتىجىسىنى بىكار قىلىپ تاشلىغان. 1794 ـ يىلى ھەيدەكچى ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەدلىيە مىنىستىرى مونارخىستلارنىڭ ئانچە مۇھىم بولمىغان بىر سۇيىقەست دېلوسىغا چېتىلىپ قالغان ئاددىي پۇقرالارنى چوقۇم ھەربىي سوت سوراق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىدۇ دەپ قارار چىقارغان. جاۋابكار دېلوسىنى ئەرز قىلىش سوتىغا ئەرز قىلغاندا، ئەرز قىلىش سوتى جاۋابكارغا پايدىلىق كېسىم چىقارغان. ئەدلىيە مىنىستىرى ھەربىي سوتقا ئەرز قىلىش سوتىنىڭ ھۆكمىنى ئاڭلىماسقا سېلىشقا بۇيرۇق قىلىپ، ھەربىي سوت ئارقىلىق ھەر ئاماللار بىلەن جاۋابكارغا ئۆلۈم جازاسى بەرگۈزمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ھەيدەكچى ھۆكۈمەتنىڭ تۈگىششى بىلەن بۇ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان گۇناھسىزلار ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان. ئەرز سوتىنىڭ مۇستەقىللىقىنى جازالاش ئۈچۈن، ھەيدەكچى ھۆكۈمەت ئەرز سوتىنىڭ سودىيىلىرىنى قىسمەن ئۆزگەرتىپ تەشكىللىگەن.

سىياسىيغا كېرەك بولغان ئەدلىيە ئۆلچىمىنى قانائەتلەندۈرۈش ئۈچۈن دېلونى تېزلىكتە بىر ياقلىق قىلىش كېرەك. ھېچقانداق بىر خاتالىق ئەدلىيىدىكى خاتالىقتىنمۇ خەتەرلىك ئەمەس. دېلونى تېز ئاياغلاشتۇرۇش تەلەپ قىلىنغان شارائىتتا، ئەدلىيە خاتالىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان خەتەرنىڭ مۇھىملىقى بىر ياققا قايرىپ قويۇلىدۇ، ئەرز قىلىش ھوقۇقى ئېلىپ تاشلىنىدۇ ھەمدە كېسىم قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئىجرا قىلىنىدۇ. 1793 ـ يىلى 10 ـ مارتتا ئېلان قىلىنغان پەرماننىڭ 13 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئىنقىلابىي ھەربىي سوت قۇرۇلۇپ، بارلىق سوت ھۆكۈملىرى يۇقىرىغا ئەرز سۇنۇلمايلا دەرھال ئىجرا قىلىنىدىغان بولغان. ھەربىي سوتنىڭ قولىغا قورال ئېلىپ ئۇلارنىڭ دۆلەتكە قارشى چىققان كىشىلەرنى سۈرگۈن قىلىش ھۆكمىگىمۇ يۇقىرىغا ئەرز قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمىغان، بۇنداق ھۆكۈم 24 سائەت ئىچىدىلا ئىجرا قىلىنغان.

باشقا ئەھۋاللاردا، ناپولېئون I ۋە ناپولېئون II ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، ئالاھىدە سوت ۋە ئالاھىدە كومىتېتلار

ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلغان، بۇ ئورگانلار بىر بۆلۈك سودىيە ۋە ئوفىتسېرلاردىن تەشكىللەنگەن. مىللىي نىزامنامىدىكى ھەرقانداق ئوشۇقچە ئالاھىدە سوت تەسىس قىلىشقا بولمايدۇ دېگەن بەلگىلىمە كەمسىتىلگەن. ئوفىتسېر ۋە سودىيىلەردىن تەشكىللەنگەن ئالىي دەرىجىلىك ئالاھىدە سوت پادىشاھلىقىنى تىرىلدۈرۈش مەزگىلىدە قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقىپ ناھايىتى مۇشتۇمزورلۇق قىلىۋالغانىدى. مۇشۇنداق تەشكىللەنگەن ئالاھىدە سوت قەبىلەرنى ئوچۇق ـ ئاشكارا دەپنە قىلىش ئوبيېكتلىرى بىلەن تەمىنلەيتتى. گەرچە ئوفىتسېرلارنىڭ مىجەز ـ خۇلقلىرى ئۇلارنى ئۆز كەسپىگە ماس كېلىدىغان خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈشكە مەجبۇر قىلسىمۇ، لېكىن ئۇلار بۇ مىجەز ـ خاراكتېرى بىلەن سىياسىي ياكى جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى سوراق قىلالمايتتى.

سىياسىي ئامىللار ھەمىشە ئۆزى ئارىلاشقان ھەرقانداق ئىشنى بۇزىدۇ. يۇقىرىدا بىز سىياسىينىڭ زاسپداتىللار ئۆمىكىنى قانداق باشقۇرغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق، ئىلگىرىكى بىر قانچە يىلدا، ئۇلار يەنە ئىشچىلار بىلەن ياللىغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى كېسىم كومىتېتىنى سايلاش چارىسىنى ئۆزگەرتتى. پارىژغا جايلاشقان ئىشچىلار ۋەكىللىرى مەركىزىي سايلام ۋە نازارەتچىلىك كومىتېتى سايلام قانۇنىغا بىر نامزات تىزىسى قوشتى. بۇ تىزىسنىڭ بىرىنچى ماددىسىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەنىدى: «سايلامدىكى كېسىم كومىتېتى ئىشچىلار ۋەكىلى ئورنىنىڭ نامزاتى بولغان ھەرقانداق بىر كىشى مېنىڭ نىشانىم ياللىغۇچىلارنىڭ ئەمگەك ۋە ئىش ھەققىنى ئۈزۈل ـ كېسىل بېسىش دەپ ئېلان قىلىشى، مۇشۇ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ كىشى ئۆزىنى سىنىپىي كۈرەشنىڭ قەتئىي ھىمايىچىسىمەن دەپ ئېلان قىلىشى كېرەك.» بۇ خىل شەكىلدە ئەدلىيە فۇنكسىيىسىنى ئاتقۇرۇۋاتقان نامزاتلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئالدىغا كەلگەن ئەمگەك مائاش تالاش ـ تارتىشلىرىنى ھەققانىي روھ بىلەن بىر تەرەپ قىلمايلا قالماستىن، ئەكسىچە يالىلغۇچىلارغا بولغان بىر تەرەپلىمە قاراش ۋە ئۆچمەنلىك بىلەن ئەمگەك مائاش دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىشى ئېنىق.

سىياسىي ئامىللارنىڭ تەسىرى سەۋەبىدىن، ساقچىلارمۇ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق زوراۋان ھۆكۈمەتنىڭ قورالىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. «بىر ساقچى باشلىقى، — دەيدۇ تاللېيران، — ھەرقانداق ئىشتا ئۆزىنىڭ پايدا ـ زىيىنىنى بىرىنچى ئويلىنىش نىشانى قىلىدىغان، ئاندىن قالسا باشقا ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىشلارنى ئويلىشىدىغان بىر ئەبلەختۇر.» سىياسىي ساقچىلار مەخسۇس بۇزغۇنچىلىق، ئىغۋاگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىشپىيونلارنىڭ كەشپىياتىدۇر. روبىسپىير ئىنقىلابىي ئالاھىدە سوتنى ئۈزۈلدۈرمەي زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇش ئۈچۈن، ھەتتا پارىژ تۈرمىلىرىگە مەخپىي ساقچىلارنى كىرگۈزۈپ زىيانكەشلىككە ئۇچراش ئوبيېكتلىرىنى ئىزدەتكەن.

سودىيە ھېچقانداق پارتىيىگە تەۋە بولماسلىقى كېرەك، چۈنكى پارتىيە ـ گۇرۇھلار ئىچى تار، ئادالەتسىز، ئەسەبىي، شەپقەتسىز ۋە ئەپۇسىز بولىدۇ. قىزىل تونلۇق پوپ دې. لاز، پوپ تاللېيراند، ئولاتولىي ئۇيۇشمىسىنىڭ دوستى فۇچې، كابو موناستىرىنىڭ موناخى كابو قاتارلىق كىشىلەر سىياسىي ئىشلارغا ئارىلاشقاندا مىسسىئونېرلارنىڭ قانداق ئۆزگىرىپ كېتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. ئوخشاشلا، دۇمرىز، بوچگىرو، مولۇ، بازانا ۋە بلانگ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئىشلىرىدىن ھەربىيلەرنىڭ سىياسىي سۈيىقەستلىرىگە ئارىلىشىپ قالغاندا جەمئىيەتكە قانداق زىيان ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنىمۇ چۈشەندۇق. سىياسىي ئامىللارنىڭ سودىيىلەرگە سىڭدۈرگەن بىر تەرەپلىمە قاراشلىرىمۇ ئاز ئەمەس،

فېيلىلونىنىڭ يالاقچىلىقنى ئۆزىگە كەسىپ قىلغان كىشىلەرگە بەرگەن: «بۇ كەسىپ باشقا كەسىپلەرنى ئاياغ - ئاستى قىلىدۇ» دېگەن باھاسى سىياسەتۋازلارغىمۇ ماس كېلىدۇ، ھەتتا ياۋايىلارنىڭ ئەھۋالىمۇ ئەدلىيە سىياسىينىڭ تىزگىنىگە ئۇچرايدىغان مەدەنىيەتلىك دۆلەت ئادەملىرىنىڭ ئەھۋالىدىن كۆپ ياخشى. ياۋايىلارنىڭ زەھەرلىك ئوقياسى، شىرنىڭ چىشى، زەھەرلىك يىلاننىڭ زەھىرى قاتارلىقلاردىن جېففېري، روماموند ۋە تېۋىل قاتارلىق سودىيىلەرنىڭ قولچىلىقى تېخىمۇ خەتەرلىك. بىر ياۋايى ھايۋان پەقەت بىرلا ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولالايدۇ، ھالبۇكى سىياسىي ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان سودىيە بىر پەستىلا بىر ئادەمنىڭ ھاياتلىقىنى تارتىۋېلىپ قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇنىڭ ئادەملىك غۇرۇرى ۋە ئابرۇيىنى دەپسەندە قىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# ئونىنچى باب

# سىياسىي سەۋەبلەردىن ئاممىۋى ئەخلاقنىڭ چۈشكۈنلىشىشى

*سىياسىينىڭ پەزىلىتى بىر مىللەتنىڭ پەزىلىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇنى يارىتىدۇ —— ھۆكۈمەتنىڭ تەكرار ئالمىشىشى زىيانلىق ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ —— تاللېيراند ۋە فۇچې شەكلىدىكى سىياسەتۋازلار —— سىياسىي سەۋەبلەردىن قولغا كەلگەن بايلىق —— سىياسىيدىكى تۇيۇقسىز بېيىغۇچىلار —— سىياسىي قارا نىيەت —— نام - مەنپەئەتپەرەس —— دېموكراتىزم تۈزۈمىدىكى بيۇروكراتلار —— 19 - ئەسىردىكى ئاقسۆڭەكلەر ھۆكۈمرانلىقى —— كىشىنىڭ ئىككى خىل يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغان قىزغىنلىقى ھۆرمەت ۋە بايلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئىستىكىدۇر —— تېيىرنىڭ سىياسىي چىرىكلىكى ھەققىدە ئېيتقانلىرى —— فرانسىيىنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش سىستېمىسى —— ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈك بىلەن سىياسىي چىرىكلىكنىڭ مۇناسىۋىتى —— بېنچامىنىڭ فرانسىيىلىكلەرنىڭ خاراكتېرى ھەققىدە ئېيتقانلىرى —— فرانسىيە بىلەن رىمنى سېلىشتۇرۇش —— بىر دۆلەت سىياسەتۋازلىرىنىڭ ساپاسىغا قاراپلا بىر مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆلچىمەسلىك كېرەك*

بىر دۆلەتتە ھۆكۈمەتنىڭ پەزىلىتى دائىملا مىللەتنىڭ خاراكتېر - پەزىلىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ ھەمدە شۇ مىللەتنىڭ خاراكتېر - پەزىلىتىنىڭ ئەندىزىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان، ھەق - ناھەقنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىدىغان بىر ھۆكۈمەت جەمئىيەتتە ۋەھشىيلىك، رەھىمسىزلىك ۋە ئۆز بېشىمچىلىق ئىستىللىرىنى تارقىتىدۇ؛ بىر شەپقەتسىز رەزىل ھۆكۈمەت خەلقنىمۇ شەپقەتسىز، رەزىل قىلىۋېتىدۇ؛ چىرىك ھۆكۈمەت تەبىئىيلا خەلقنىڭ چىرىكلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؛ ناچار ھۆكۈمەت خەلقنىڭ ئەخلاق سەۋىيىسىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تۆۋەنلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. پەقەت ياخشى باشقۇرۇلغاندىلا ئۇلارنىڭ ئەخلاق سەۋىيىسى ئاندىن ئۈزلۈكسىز يۇقىرى ئۆرلىيەلەيدۇ. ھۆكۈمەت تىكلىگەن ياخشى ئۈلگە جەمئىيەتتىكى پاكلىق، سەمىمىيلىك ۋە دۇرۇس، ئادىللىقنى ئالغا سىلجىتالايدۇ. بىر ھەققانىي ھۆكۈمەت كىشىلەرنىڭ ھەققانىيەت تۇيغۇسىنى قوزغىتالايدۇ. راست - يالغاننى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدىغان قويمىچى ھۆكۈمەت جەمئىيەتتە شەكلەن بويسۇنغاندەك كۆرۈنۈپ، ماھىيەتتە بولسا قارشىلىق قىلىدىغان، ئىككى يۈزلىمىلىك قىلىدىغان ساختىپەزلىكنى يېتىلدۈرىدۇ. ئەگەر ھۆكۈمەت ھاكىممۇتلەق ۋە زوراۋان بولسا، ئۇ ئۆز خەلقىنى ئېھتىياتچان، چۈشكۈن، گۇمانخور ۋە قۇلچىلىق خاراكتېرى تولۇق قىلىپ قويىدۇ.

ئوتتۇرا ئەسىردە ۋېنىتسىيىدىكى بىدئەتلىكنى سوراق قىلىدىغان دىنىي سوتلاردىكى تېررورلۇق، جاسۇسلۇق ۋە چېقىپ قويۇش تۈزۈمى كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىي - پەزىلىتىنى ناھايىتى بۇزغانىدى؛ ئۇلارنىڭ جاسۇسلىرى ھەممە يەردە بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ كىرمەيدىغان تۆشۈكى يوق ئىدى، ھەر كوچىنىڭ قايرىلىش جايلىرىغا مىستىن ھەل بېرىلگەن كۆتۈۋېلىش ئۆيى

تەسىس قىلىنغان بولۇپ، مەخسۇس بەتنام چاپلاپ زىيانكەشلىك قىلىش پاكىتلىرىنى توپلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى. تۈرلۈك ۋاپاسىزلىق، قارا چاپلاپ زىيانكەشلىك قىلىش، چېقىمچىلىق پائالىيەتلىرىنى ئىختىرا قىلىش ئارقىلىق سىياسىي ئىنسانلارنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىنى ئۆزلۈكسىز چۈشكۈنلەشتۈرمەكتە. ئىلگىرى ئەنگلىيىنىڭ بىر تۈرلۈك قانۇنىدا كاتولىك مۇرتىنى پاش قىلغانلار مۇكاپاتلىنىدۇ دەپ بەلگىلەنگەنىدى. بۇرۇنقى زامانلاردا، ئىسپانىيە پادىشاھىنىڭ پەرمانىدا، غەيرىي دىندىكىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى دادىسىنى پاش قىلمىسا، ئۇلارنىڭ مەنسەپ تۇتۇش ھوقۇقى ئېلىپ تاشلىنىدۇ دەپ بەلگىلەنگەنىدى. مۇشۇنداق پاش قىلغۇچىلارغا مۇكاپات بېرىدىغان قانۇندەك قانۇن - پەرمانلارنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئاممىۋى پەزىلىتىنى بۇزمايدىغانلىقىغا كىممۇ ئىشىنەر؟

ئەگەر ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەر ھەقىقەتنى قوپاللىق بىلەن دەپسەندە قىلىپ ئادالەتسىزلىكنىڭ ئۇلگىسىنى تىكلىسە، ئۇنداقتا خەلقنى قانداقمۇ ھەقىقەتنى ھۆرمەت قىلىدىغان، ئادالەتنى سۆيىدىغان قىلىپ تەربىيىلىگىلى بولسۇن؟ ئاشۇ ئۆزى قوغداشقا قەسەم ئىچكەن ئاساسىي قانۇننى ئاغدۇرغان، قارا نىيىتى قۇتراپ تۇرىدىغان سىياسەتۋازلارغا نىسبەتەن، خەلقنى قانۇن ۋە ۋەدىلەرنى ھۆرمەت قىلىدىغان قىلىپ تەربىيىلەپ چىققىلى بولارمۇ؟ بىلىشىمىز كېرەككى، پەقەت ئۆزۈلمەي چىقىپ تۇرغان ئۈلۈغ ئۈلگىلەرلا ئاندىن بىر مىللەتنى تەربىيىلەيدۇ. ئۇ ئۇلارنىڭ ئىدىيە - ئەقىدىلىرى ۋە ھېكمەتلىرىنى ئۆزىگە قوبۇل قىلىپ ئۇنى ئۆز ئادەتلىرىگە ئايلاندۇرالايدۇ.

ناچار بولغان سىياسىي ئەخلاق كېلىشىمى ۋابا كېسىلىگە ئوخشاش خەلققە تارقالدى، شۇنىڭ بىلەن خەلقمۇ ئاستا - ئاستا قويمىچىلىق، شەپقەتسىزلىك ۋە ھەققانىيەتسىزلىككە كۆنۈكۈپ كەتتى. ھەمدە رەزىللىكلەر ئۈچۈن ئۆزىنىڭ مۇقەددەس قەسەملىرىگە خىلاپلىق قىلىدىغان بولۇپ كېتىشتى. ھۆكۈمرانىنىڭ ئەخلاقى



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چۈشكۈنلۈكىنىڭ ھامان ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلارغا يۇقىدىغانلىقى ئېنىق.

باشباشتاق ۋە چۈشكۈنلەشكەن ھۆكۈمەت ئۆزىدىكى بۇ ناچار ئىللەتنى پۈتكۈل دۆلەتكە يۇقتۇرىدۇ. ئىتالىيىدىكى ئاشۇ پادىشاھلارنىڭ ئۆزگىرىشچان ھىيلە - مىكرى شۇنى چۈشەندۈرۈپ بەرىدىكى، ئۇلار قېرىندىشى ماكياۋېللىنىڭ تىلى بىلەن دىلى بىر دەك بولماسلىق، ئىككى يۈزلىمچىلىك قىلىشتەك نەيرىڭنى تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزگەن.

ئەجەبا ئاشۇ ھەددىدىن ئارتۇق ھەشەمەتچىلىك ۋە راھەت - پاراغەتكە بېرىلىدىغان، چاكىنا قائىدە - يوسۇنلارغا ئېسىلىۋالغان، ئۆز خاتالىقىنى يوشۇرىدىغان ھۆكۈمەت جەمئىيەتنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكى ۋە ھەشەمەتچىلىكىگە ئوت يېقىپ بەرمىدىمۇ؟ ئەجەبا ئاشۇ سىياسىئونلار تەسىرى بار سايلام ۋاكالەتچىلىرىنىڭ كىشىنى ئەسەبىيلەشتۈرىدىغان، قېنىنى قىزىتىۋېتىدىغان مەنۋى ئېچىملىكنى سېتىشىنى قوللاپ، جەمئىيەتنى مەست - بىھوش ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويمىدىمۇ؟

نېمە ئۈچۈن فرانسىيىلىكلەردە ئىجادچانلىق روھى كەمچىل، ھەمىشە ھۆكۈمەتكىلا تايىنىۋالىدۇ؟ مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئاممىۋى ئىشلارنى شەرتسىز كونترول قىلىشىغا يول قويۇش شۇنى خاتاسىز ھالدا چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، بۇنىڭ ئاقىۋىتى ئاۋام ئىرادىسىنىڭ ئاجىزلىشىشى ۋە ئارقىغا چېكىنىشى بولدى. ئەگەر فرانسىيىلىكلەر بۇرۇنراق سىياسىي ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولسا ئىدى، ئۇ ھالدا ئۇلارنىڭ ئىجادچانلىق روھى تېخىمۇ زور يۈكسىلىشلەرگە ئىگە بولغان بولار ئىدى.

ئىتالىيە توسكان (Tuscan) لىقلارنىڭ مىجەزى ماكياۋېللى دەۋرىدە چۈس، تېرىككەك ۋە ھىيلە - مىكىرلىك ئىدى. بىراق، ئائىلە باشلىقى شەكلىدىكى ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇلار مۇلايىم ۋە ئىنائەتمەن بولۇپ كېتىشتى؛ مۇبادا ئاممىۋى

www.uyghurkitap.com

بىخەتەرلىككە بولغان تەھدىتىنى ئويلاشمىغاندا ئۇلارنىڭ بۇ دۆلەتتە ئۆلۈم جازاسىنى بىكار قىلىۋېتىشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى.

دەل ئىتالىيىدىكى گېنويا (Genoese) لىقلارنىڭ كورسىكا (Corsica) ئارىلىدىكى شەپقەتسىز ۋە نەپسانىيەتچىل سىياسىتى بۇ ئارال ئاھالىلىرىنىڭ مىجەزىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن، خۇددى دىئودورۇس. سىكۇلۇس (Diodorus . Siculus) ئېيتقاندەك قەدىمدە بۇ ئاھالىلەر ئەڭ مۇلايىم، ئەڭ ئاق كۆڭۈل مىللەت ۋە ھەققانىيەتنىڭ ئەڭ سەمىمىي مۇخلىسلىرى دەپ تەرىپلەنگەندى. پىسا (Pisa) لىقلار بۇ ئارالنى گېنويالىقلارغا بۆلۈپ بەرگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ يېڭى خوجايىنلىرى ئۇلارنى دەھشەتلىك ئېزىپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار قوللىرىغا قورال ئېلىپ زوراۋان ھۆكۈمرانلىققا قارشى چىقتى، قوزغىلاڭ شەپقەتسىزلەرچە باستۇرۇلغان بولسىمۇ، بۇ ئېزىلگەن ئىرقنىڭ قەلبىدە يەنىلا بىر خىل كۈچلۈك قىساس ئوتى يېنىپ تۇراتتى. يەنە كېلىپ ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق ھوقۇقلىرىنى ئىستېلاچىلار چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، كورسىكا ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىنى (بۇ ئادەملەر دۆلەتنى ئىدارە قىلغاندىمۇ ئۇلاردىن ھەققانىيەتتىن قىلچە سۆز ئاچقىلى بولمايتتى) ۋەيران قىلغاچقا، كورسىكالىقلار ھەققانىيەتكە ئېرىشەلمىدى - دە، ئىرقىي قىرغىنچىلىق (vendetta) تەك كونا يولدا مېڭىشقا مەجبۇر بولدى.

ئىنگلىزلارمۇ خېلى ئۇزۇنلارغىچە ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكۈر قىلماي يۈردى، بىراق ئۇلار بىر ياخشى ھۆكۈمەتكە ئېرىشكەندىن كېيىن بولسا، ئۇلار تىنچ، خاتىرجەم، ئېغىر بېسىق، ئېھتىياتچان ۋە خۇش مۇئامىلىلىك بولۇپ كېتىشتى.

ئاقسۆڭەك - تۆرىلەرنى ئوردىدا ھوقۇق تۇتۇشقا قىزىقتۇرۇش ئارقىلىق لۇئى XIV ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتىنى يوقاتتى. ئۇ كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇلۇغ شەخس دېيىلىۋاتقان كىشىلەرنى رەزىل، پەسكەش قىلىۋەتتى. ئۇلار ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان

ئىجتىمائىي تەبىقىدە مەغرۇر، مۇستەقىل ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە خوجايىن ئىدى. بىراق ئوردىدا بولسا، تۇتۇرۇقسىز، بىمەنە، شاللاق، شەخسىيەتچى ۋە نەپسانىيەتچى بولۇپ كېتىشتى ھەمدە راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلىپ ھەشەمەتچىلىك بىلەن مەنىسىز كۈن ئۆتكۈزۈشكە ئۆگىنىپ قېلىشتى.

لۇئى XIV نىڭ يەنە بىر تۆھپىسى ئىكاھسىز تۇغۇلغان باللارنى قانۇنلۇق قىلىش ئارقىلىق زىنا قىلمىشلىرىغا قارىتا جامائەتچىلىكنى كەڭ قورساق ۋە ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىش پوزىتسىيىسىگە ئەكېلىش بولدى.

تېررورلۇق تېررورلۇققا قارشى كۈرەش قىلغۇچىلارنى شەپقەتسىز قىلىپ قويىدۇ، مۆتىدىل ئادەملەرنىمۇ مىجەزى چۈسلۇق ۋە قوپاللىققا ئۆگىتىدۇ. يەنە كېلىپ بۇ بايلار سىنىپىنىڭ ياش بىر ئەۋلادىدا چوڭقۇر ئىزنالىرىنى قالدۇرىدۇ. تېررورلۇقنىڭ تەربىيىسىگە رەھمەت ئېيتىش كېرەك، ئۇ مۇلايىم كىشىلەرنى چۈس ۋە قوپاللىققا ئۆگەتتى.

ھۆكۈمەتنى توختىماي ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش كىشىلەردە گۇمانخورلۇق ۋە ئىنقىلاب روھى پەيدا قىلىدۇ. ھەرقانداق بىر غەلىتە ئىش يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ۋە داۋاملىشىش ئېھتىمالى بولمىغان بىر جەمئىيەتتە مالېشېربىس (Malesherbs) تەك دۇرۇس زاتلارنىڭ كاللىسى ئېلىنىدۇ، فۇچېدەك پادشاھنىڭ قاتىللىرى خانلىق ھۆكۈمرانلىقىدا ئوترانتو (Otranto) نىڭ كىنەزى بولۇپ قالىدۇ، خانلىقنى تىرىلدۈرۈش مەزگىلىدە بولسا ئوردا ۋەزىرلىرى بولۇپ قالىدۇ. مۇشۇنداق بولسا خەلق ھېچنېمىگە ئىشەنمەس بولىدۇ ھەم يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق ئىشنىڭ يامان تەرىپىگە تەييارلىق قىلىپ قويىدۇ؛ بىر مىللەت ھېچقانداق شەيئىگە ئىشەنمەس بولغاندا، ئۇ پەقەت زوراۋانلىق ۋە پۇلغىلا ئىشىنىدۇ.

ئىلگىرىكى نەچچە يۈز يىل مابەينىدە توپىلاڭ ۋە سىياسىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆزگىرىشلەر شۇ قەدەر كۆپ يۈز بەرگەچكە، بۇ ئىشلار فرانسىيە خەلقىنىڭ ئەخلاقىنى زور دەرىجىدە بۇزدى. مۇشتۇمزورلۇق، ئۆكتەملىك قىلىشلار نەتىجىسىدە خەلقنىڭ ھەققانىيەتكە بولغان ئىشەنچى يوقالدى، ئادالەتكە بولغان ئېتىقادى گۇمران بولدى. ئۇ قارا نىيەتلەر ۋە ئىجتىمائىي ئورنىدىن ئايرىلىپ قالغۇچىلارنىڭ تەۋەككۇلچىلىكىگە زور ئىلھام بولدى.

فرانسىيە تۆۋەندىكىدەك بىر قاتار تاسقىلىشلار ئىچىدىن چىقىپ كەلگەن: لۇئى XIV تىن گروندېلارغىچە، گروندېلاردىن دانتون ۋە روبىسپېرغىچە، بۇ ئىككى تېررورچىلار داھىيسىدىن ھەيدەكچى ھۆكۈمەتكىچە، بارراستىن بوناپارتقىچە، ناپولېئوندىن بوربون سۇلالىسىغىچە، قېرىلار ئۆمىكىدىن ياشلار ئۆمىكىگىچە، ئورلېئان مونارخىستلىرىدىن جۇمھۇرىيەتكىچە، جۇمھۇرىيەتتىن پادىشاھقىچە، پادىشاھتىن يەنە جۇمھۇرىيەتكىچە. فرانسىيە مانا مۇشۇنداق كونا تۈزۈم بىلەن باشقا تۈزۈملەر ئوتتۇرىسىدا توختىماستىن تاسقىلىپ ھاردىم ــ تالدىم دېمەي ئاساسىي قانۇن ۋە پرىنسىپلىرىنى ئۆزگەرتىپ تۇردى ھەم پارتىيە ــ مەزھەپلەرنىڭ غوۋغا ــ سۈرەنلىرى ئۇنى ۋەيران قىلىپ تۇردى. فرانسىيە خۇددى «ساپادا بىر دەقىقىمۇ خاتىرجەم ئولتۇرالمايدىغان بىمارغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ پەقەت ئۆز ئورنىنى توختىماستىن ئۆزگەرتىپ تۇرۇش ئارقىلىقلا ئاغرىقنى ئاز ــ تولا يەڭگىللىتەلەيتتى.» ئىتالىيە شائىرى دانتېنىڭ فلورېنسىيىلىكلەرنى تەسۋىرلىشى فرانسىيىلىكلەرگىمۇ ماس كېلىپ قالىدۇ: «ئادەتتە كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدە، ئۇلار تاقەتسىزلىك بىلەن قانۇن، پۇل، مەمۇرىي تۈزۈم ۋە ئۆرپ ــ ئادەتلەر ھەمدە شەھەرنىڭ كاللىسىنى ئۆزگەرتىپ ئادەتلەنگەن كىشىلەر ئىدى.»

مۇشۇ توختاۋسىز بولۇۋاتقان ھۆكۈمەت ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىدە ئۆزى كۈرەش قىلىۋاتقان تۈزۈم ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىۋاتقان ۋە ئۆزى مۇلازىمەت قىلىۋاتقان تۈزۈم ئۈچۈن كۈرەش

قىلىۋاتقان ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ ئورنىدا قانداق ئۆزگىرىش بولدى؟ فرانسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر شىكايەت سوتىدا باش تەپتىش كېڭەش پالاتاسىنىڭ 1814 ـ يىلى 4 ـ ئاپرېلدا ماقۇللۇقتىن ئۆتكۈزگەن ناپولېئون I نى تەختتىن چۈشۈرۈپ لۇئى XVIII نىڭ خانلىق ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى پەرمانىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن باش تەپتىش سوتقا ئۆزىنىڭ ئەدلىيە ھۆكۈمنامىسىنى ئېلان قىلىپ، سوتتىن تۆۋەندىكى شەرتلەر بويىچە كېڭەش پالاتاسىنىڭ پەرمانىنى كۈچكە ئىگە قىلىشنى تەلەپ قىلغان: «مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، سىز فرانسىيىدە ئالىيبۇرۇن تىكلەنگەن نەمۇنىگە ئەمەل قىلىشىڭىز كېرەك ھەمدە مەن قىلچە شۈبھىلەنمەيمەنكى، سىز ئىچكى دۇنيايىڭىزدا ئالىيبۇرۇن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەلۇم ھېسسىياتنى ئىپادىلىگەن ۋاقتىڭىزدا ئاجايىپ بىر خىل مەمنۇنىيەت ھېس قىلىسىز.» ناپولېئون سۈرگۈندىكى ئېلبا (Elba) ئارىلىدىن فرانسىيىگە قايتىپ كەلگەندە، ئىمپېراتورنىڭ ئالدىنقى بۇ سابىق باش تەپتىشى يەنە بىر ئەسەبىي خانلىق تىرىلدۈرگۈچى باش تەپتىش بولۇپ قالغاندى. 1815 ـ يىلى 25 ـ مارتتا ئۇ بىر يېڭى ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ سوتنى قانۇنلۇق پادشاھقا سادىق بولۇشقا تەلەپ قىلغان. «دۇنيا تىنچلىقىنىڭ دۈشمىنى ئالىيقاچان فرانسىيىنىڭ يۈرىكىگە سىڭىپ كىرىپ بولدى، — دېگەن ئۇ، — قولىدا بىر قاملاشمىغان مەشئەلنى كۆتۈرۈۋالغان، مەقسىتى ناھايىتى ئېنىقكى، پۇقرالارنى تۇيۇق يولغا ۋە ئىچكى ئۇرۇشقا ئوت ياقىدىغان تۇتۇرۇق قېشىغا باشلاپ بارماقچى، . . . ھەممە يىغىلىشلاردا 〈پادشاھ، ئاساسىي قانۇن، ۋەتەن〉 دەپ توۋلايلى، فرانسىيە ۋە ياۋروپادىكى بالايىئاپەتلەرنى يېڭىۋاشتىن تۇپ يىلتىزىدىن يوقىتايلى، ھەممە ئادەمنىڭ قولىغا قورال ئېلىپ، جەڭگاھقا ئاتلىنىپ، ئورتاق دۈشمىنىمىزنى يېڭىش ياكى يوقىتىش پۇرسىتى بولۇشى ناتايىن، بىراق، . . . سودىيىنىڭ بۇ ئىشقا دەۋەت قىلىشتەك شەرەپلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇرچى بار، . . . بىزگە يېقىنلىشىۋاتقان تەھدىتكە قارىتا، يەنى يۈكسەكلىك، مېھرىبانلىقنى يەڭمەكچى بولۇۋاتقان يۈزى قېلىنلىق، گۈزەل ئەخلاقىمىزنى يەڭمەكچى بولۇۋاتقان رەزىللىكلەر ئالدىدا، ئۆزۈڭلارنىڭ پادىشاھ ۋە دۆلەتكە سادىقلىقىڭلارنى ئىسپاتلايدىغان بىر ئۇلۇغ پۇرسەت كەلدى. . . دۈشمەن يات ئاردا قەبرىسىگە كىرگۈسى، گەرچە ئۇ ئۆزىنى پادىشاھلىقنىڭ پايتەختىگە يېقىنلىشىۋاتىمەن دەپ ھېسابلىسىمۇ.» دۈشمەن ئۇنى پارىژ ۋە فرانسىيىنىڭ خوجايىنى قىلىپ قويغاندىن كېيىن پادىشاھلىقنى تىرىلدۈرۈش مەزگىلىدىكى بۇ ئەسەبىي باش تەپتىش يەنە ئىمپېراتورنىڭ ئەسەبىي باش تەپتىشى بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەدلىيە كېسىم قىلىش ھوقۇقى بويىچە سوتقا ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى پارچە ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ ئىمپېراتورنىڭ مەقسىتىنى ئۇلارغا ئاڭلاتتى، پەقەت ئىمپېراتور ئۇلارنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىش ئۇقتۇرۇشىغا ئىمزا قويغاندىن كېيىن لۇئى XVIII ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن سودىيىلەر ئاندىن ئۆز ۋەزىپىسىدە داۋاملىق ئولتۇرسا بولاتتى. نەتىجىدە بارلىق ئەدلىيە سوراقلىرىنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن ئۆزىنىڭ ئۆتكەنكى سىياسىي پەزىلىتىگە ئائىت ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىشى تەلەپ قىلىنغان. ئۇلار بۇيرۇق بىلەن يىغىنغا چاقىرتىلىپ، ھەربىر كىشىدىن ئىمپېرىيە تۈزۈمى ۋە ئىمپېراتورغا سادىق بولۇش توغرىسىدا قەسەم ئىچىش تەلەپ قىلىنغان.

ھۆكۈمەتنىڭ توختاۋسىز ئالمىشىپ تۇرۇشى مۇنداق بىر تۈركۈم ئادەملەرنى، يەنى ھەر دائىم ئۆز ئورنىنى كۈچ ـ قۇدرىتى زور تەرەپكە تەڭشەپ تۇرىدىغان ھەمدە ئىلگىرىكى ئۆزى مۇلازىمەت قىلغان ئاجىز مەغلۇبىيەتچىگە زىيانكەشلىك قىلىدىغان ئادەملەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ. سىياسىي ئۆزگىرىشكە ماسلىشىش ئۈچۈن ئۇلار بارلىق پارتىيە ـ مەزھەپلەر بىلەن ئالاقىنى ساقلاپ تۇرىدۇ ھەمدە ھەر دائىم ئۇلارنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىنى مۇھىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، ھەتتا تاللېيراند،

فۇچېدەك كىشىلەرمۇ، مۇبادا ئۆزلىرى خىزمىتىنى قىلىۋاتقان تۈزۈم ئاغدۇرۇلۇپ تاشلانسىلا، ئۇلار دەرھال بۇ تۈزۈمنى ئاغدۇرۇش جەريانىدا، بەزى مەخپىي سۇيىقەست ۋە ئەيىبلەشكە تېگىشلىك تاكتىكىلار بىلەن كونا تۈزۈمنىڭ ئاغدۇرۇلۇشىنى تېزلەتتۇق دەپ تۇرۇۋالىدۇ. ئۇلار قانات - قۇيرۇقى تېخى تولۇق يېتىلىپ ئۈلگۈرمىگەن يېڭى تۈزۈمگە بولغان ساداقەتمەنلىكىنى گۇمانلاردىن ساقىت قىلىش ئۈچۈن، ھوقۇق تۇتقان مەزگىلىدە كونا تۈزۈمگە خۇشامەت قىلغان رەزىل ۋاستىلىرى بىلەن ئاغدۇرۇلغان ھاكىمىيەتكە زىيانكەشلىك قىلىدۇ. دەل ئاشۇ كونا تۈزۈمنىڭ ئەڭ چوڭ پايدىسىنى كۆرگەن كىشىلەر ئەڭ ئاۋۋال كونا تۈزۈمدىن ۋاز كېچىپ، يېڭى كۈتۈرۈلۈۋاتقان قۇياشنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىنىدۇ، يېڭى ھۆكۈمەت گەرچە بۇ كىشىلەرنى ئۆچ كۆرسىمۇ، لېكىن يەنە بۇ كىشىلەرنىڭ مۇلازىمىتىنى قوبۇل قىلىدۇ، چۈنكى يېڭى ھۆكۈمەت بۇ ئادەملەرنىڭ ياۋاشلىق بىلەن گەپ ئاڭلايدىغانلىقىنى بىلىدۇ، لېكىن يېڭى ھۆكۈمەت يەنىلا بۇنداق ئادەملەر بىلەن مەلۇم ئارىلىق ساقلايدۇ. «رېئاللىق شۇنىڭدىن ئىبارەتكى» دەيدۇ بوسسۇت، «ۋاپاسىز ئەبلەخلەر بارلىق سۇيىقەستلەرنى ھىمايە قىلىدۇ. كىمنىڭ قانداق ئامالى بولسا ئۇ شۇنى قوللىغان بولۇۋالىدۇ. ئاشۇ مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەتلەرنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان زاتلىرىمىزنى قانداق سورۇنلارغا ئىشلەتسەك بولار؟ ئۇلار تەۋرەنمەس پرىنسىپ ۋە كۆپ خىللىقنىڭ نامايەندىسى، تاكى كىشىلەر ئۇلارنى قىلچە كېرەكسىز، يارامسىز ئادەم ئىكەن دەپ قارىغۇچە شۇنچە كۆپ ئەمەلىيەتلەرگە ئۇلار ئۆزىنى ئاتاشقا يول قويۇشمىغان.»

ئاممىۋى پەزىلەتلەر سىياسەتۋازلار ۋە ھەر خىل تۈزۈمنى ھىمايە قىلغۇچىلارنىڭ ئاشۇ ئۆزگىرىشچان قىلمىشلىرى تەرىپىدىن بۇزۇلۇپ بولدى: تۈنۈگۈن تېخى ئاشۇ ئەركىنلىك ۋە قىزغىنلىقنى قىزغىن سۆيگەن كىشىلەر بۈگۈن مۇستەبىت ئىستىبداتنىڭ

www.uyghurkitap.com

قۇللىرى بولۇپ قالدى؛ بىردەم رادىكاللار بولسا، يەنە بىردەمدىلا هازىرقى ھۆكۈمەتنىڭ ھىمايىچىلىرى بولۇۋېلىشتى؛ ئۆتمۈشتە پادىشاھلىق ۋە نەزىر - چىراغ سۈپىسىنىڭ قوغدىغۇچىلىرى بۈگۈن بىر يۈملاپلا خەلققە خۇشامەت قىلغۇچى ۋە مىسسىئونېرلارنى ھاقارەتلىگۈچى بولۇۋالدى.

يەنە كېلىپ، سىياسىينىڭ ياردىمى بىلەن تېزلىكتە قولغا كەلگەن بايلىقمۇ ناھايىتى زور دەرىجىدە جەمئىيەتنىڭ تىرىشچانلىق پەزىلىتىنى بۇزىدۇ. كىشىلەر سىياسىئونلارنىڭ ھېچنېمىسى يوق يالاڭتۆشلۈكتىن بىر كېچىدىلا تۇيۇقسىز بېيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈشمەكتە؛ تېخى تۈنۈگۈنلا ئۇلارنىڭ گەدىنىگىچە قەرزى بولغان بولسا، بۈگۈن ئۇلار «قورۇلارغا ئىگە بولۇشتى، بۇ قورۇلارنىڭ شارائىتى تامامەن ياخشىلانغان بولۇپ، فونتان، ھەيكەل، چېكىگە يەتكىلى بولمايدىغان ئورمانلىق ۋە كىرىمى بىلەن چىقىمىنى مۇتلەق كۆتۈرۈپ كېتەلمەيدىغان ئۆيلەر پەيدا بولۇپ قالغان، بۇ بايلىقلار نەدىن كەلدى؟»

ئىنقىلاب جەمئىيەتنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتى: تۈنۈگۈنكى ئېسىلزادىلەر بۈگۈنكى تېگى پەسلەرگە، تېگى پەسلەر ئېسىلزادىلەرگە ئايلاندى. بىرى بىر پادىشاھنى مۇنداق دەپ تەسۋىرلىگەن:

«بۈگۈنكى پادىشاھ، ئەتىكى مەھبۇس.»

بۈگۈن تېخى زىندانلاردىكى نەزەربەند ئاستىدىكى مەھبۇسلار ئەتىلا ھوقۇقنىڭ مېھمىنىغا ئايلانماقتا. ئەگەر زىندان ئازابى ۋەكىللىك ياكى مىنىستىرلىككە ئېرىشتۈرىدىغان بولسا، بۇنداق ئازابنى چېكىشكە ئەرزىيدۇ، ئاشۇ مەۋجۇت تەرتىپنى ئاغدۇرۇپ ئۇنىڭدىن نەپ ئالغۇچىلارنى زىندانلارغا تاشلاپ شۇ ئارقىلىق غايەت زور بايلىققا ئىگە بولۇشنى كۆزلەۋاتقان جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ نەقەدەر زور قىزىقتۇ - ھە! باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرى بۇچوت ( Buchot ) نى جامائەت خەۋپسىزلىكى

دىپلوماتىيە (the Committee of Public Safety) كومىتېتى مىنىستىرلىكىگە تەيىنلىگەن.* كىچىككىنە بىر پروفېسسور ئاممىۋى مائارىپ مىنىستىرى بولغان بىر ئادەتتىكى نامسىز ئادۋوكات ئەدلىيە مىنىستىرى، دېھقانچىلىق مىنىستىرى، سودا مىنىستىرى، ئاممىۋى قۇرۇلۇش مىنىستىرى بولغان. بۇنداق ھادىسىلەر ئەجەبا بەكلا ئاز يۈز بەردىمۇ؟ شۇنچە كۆپ چاكىنا ئادەملەر بىر كېچىدىلا يۇقىرى مەنسەپكە ئولتۇرماقتا، شۇنچە كۆپ خىزمەتچى خادىملار ۋە مىنىستىرلار خۇددى سىياسىي قىغ دۆۋىسىدىكى تېز كۆپىيىپ، تېز يوقالغۇچى موگۇلارغا ئوخشايدۇ. بىر خىل ئەسەبىي قارانىيەت بارلىق كالللارنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، ئاشۇ بايلىقتا تەلپۈنگۈچىلەرنى سىياسىي قىرغىنچىلىقنىڭ پاتقىقىغا ئىتتىرىدۇ.

17 ـ ئەسىردە ئارخىئېپىسكوپ بۇردالوي (Bourdaloue) نىڭ تەرىپلەشكە ئەرزىيدىغان نەسىھەت ـ ئۈگۈتلىرىدە، قىلچە تەييارلىقسىز ئەھۋال ئاستىدا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى نامى بىلەن دۆلەتنىڭ يۇقىرى مەنسەپلىرىگە يامىشىپ چىقىۋالغان ئاشۇ قارانىيەتلەر تەنقىد قىلىنغانىدى. بۈگۈنكى كۈندە سىياسەتۋازلارنىڭ قارا نىيىتى خۇددى ئۇلۇغلارنىڭ يۈكسەك مەقسەتلىرىدەك دۆلەتنى خەتەرگە ئىتتىرىدىغان بىر نەرسە بولۇپ قالماقتا؛ سىياسىي ۋەزىپىگە تەيىنلەش سەتچىلىكى بىر مەزگىل مودا بولغان ۋارىسلىق قىلىش سەتچىلىكىنىڭ ئورنىنى ئالدى. سېۋىفت بىلەن بۇمارچايىس** (Beaumarchais) بۇنداق «پولات ئارغامچى

---

* «بۇ ئەبلەخ، — دەپ يازىدۇ تايىن، — بىر كېچىلىك كۇلۇبنىڭ ئەخمەق ئەزاسى، ئىچ مايماق بېلىيارتچى ۋە قەھۋەخانىنىڭ مېھمىنى ئىدى، ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەن ھۆججەتلەرنى ئوقۇغۇدەك ئىقتىدارى مۇتلەق يوق ئىدى، بۇ ھۆججەتلەر ئۇنىڭ ئالدىغا قول قويدۇرۇلغىلى ئېلىپ كېلىنگەندە ئۇ قەھۋەخانىدا ھاياتىنى ئىسراپ قىلىپ ئولتۇرغان ھالەتتە بولاتتى.» («ئىنقىلاب»، 3 ـ جىلد، 64 ـ بەت.) ئۇ مىنىستىرلىك ئورنىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن كېيىنكى مىنىستىرگە ئۆزىگە بىر كاتىپلىق خىزمىتىنى بېرىشنى ئۆتۈنگەن بولسىمۇ بۇ تەلىپى رەت قىلىنىپ ئۇنى بىر ئىشخانىنىڭ ئىشىك باقارى قىلىپ قويغان. —— ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

** بۇمارچايىس (1732—1799)، فرانسىيە دراماتورگى، ۋەكىللىك ئەسەرلىرىدىن «سېۋىلنىڭ ساتىراچى» ۋە «فىگارونىڭ توپى» قاتارلىقلار بار، كېيىنچە روسسىنى ۋە مۇزارتلار بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ ئوخشاش ئىسىملىك سىمفونىيىلىرىنى ئىجاد قىلىشقان. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ـــدا مېڭىش (rope—dancing) ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ يۇقىرى مەنسەپكە ئېرىششتەك يۈزى قېلىنلىق»نى ھەجۋىي قىلغانىدى. بۈگۈنكى كۈندە سىياسىيدا زور خەتەرگە تەۋەككۈل قىلالىسىڭىزلا يۇقىرى مەنسەپكە ئېرىشەلەيسىـــز، شۇڭا شۇنداق دېيىـــشكە بولىدۇكـــى، «بۇنداق مەنسەپلەر ئاشۇ بىـــر ئوچۇم مەمەدان كىشىلەرگە ماس كېلىدۇ، سىياسىيدىكى جاھانكەزدى ئالدامچىلار ئۇنىڭغا ئېرىشەلەيدۇ.»

1793 ـ يىلى، پارىژ كوممۇنىسى (the Paris Commune) ئەزالىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئىشچىلار ئىدى. سېپىق نامى پۈركەتكەن سودىگەرلەر، تۈرمە ساقچىسى ۋە باشقا ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان ساقچىلار يالغاندىن ياكوبىنچى ياكـــى ۋەتەنپەرۋەر بولۇۋېلىپ، ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ئەزاسى بولۇۋالدى. بۈگۈن بۇ كىشىلەر شەھەر مەمۇرىيىتىنىڭ ئەزاسى، پارلامېنت ئەزاسى ۋە ۋەكىل بولۇۋېلىش ئۈچۈن سوتسىيالىزمچىلار ۋە رادىكاللار سىياقىغا كىرىۋالماقتا. كۆتكۈچى، موزدۇز ۋە ئىـــشـــك باقارلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىنقىلابىي قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويسىلا بىرقەدەر چوڭ بولغان شەھەر ـ بازار مەمۇرىيەتلىرىدە ئەمەلگە، دوختۇرخانا ۋە خەير ـ ساخاۋەت ئورۇنلىرىنىڭ باشلىقلىق ۋۇرىســـتـــىـــگە ئېرىشمەكتە. بۇ ئەسلىدىنلا نامراتلارغا بۆلۈپ بېرىشكە تېگىشلىك بايلىقنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشقا پۇرسەت يارىتىپ بېرىدىغان ئەمەل ئىدى.

سىياسىي ۋاسىتىلەر بىلەن مۇشۇنداق تېزلىكتە باي بولغىلى بولىدىغان بولغاچقا، خەلقمۇ ئەمدى جاپالىق ئەمگەك قىلىپ باي بولۇشنى خالىمايدىغان، ئەكسىچە بىر كېچىـــدىلا كاتتا زەردار بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىغان بولۇشتى، ھەممە يۇقىرا سىياسەتۋاز بولۇشنى ئويلايدىغان، ھەممە سىياسەتۋازلار ۋەكىل بولۇشنـــى

ئويلايدىغان، ھەممە ۋەكىللەر مىنىستىر ياكى ھېچبولمىغاندا مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى بولۇشنى ئويلايدىغان بولۇپ كېتىشتى. بارلىق مىنىستىرلار شەھەر مەمۇرىيىتى باشلىقى، ھەممە باشلىق جۇمھۇرىيەت پرېزدېنتى بولۇشنى ئويلايدىغان بولۇپ كېتىشتى. قارانىيەتنىڭ نىشانى ئاممىۋى مەنپەئەت بولغاندا، قارانىيەت قانۇنلۇق بولۇپ قالىدۇ، بۇ چاغدا ئۇ مۆتىدىل قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ ھەمدە تالانتلىق ۋە سەممىي دەپ ئىشقا قويۇلىدۇ. نۇرغۇن يۇكسەك ئارزۇلار بار: دۆلەتنى ئادالەت ۋە ئەركىنلىككە يېتەكلەش غايىسى، ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى ئىسلاھ قىلىش غايىسى، ئادالەتسىزلىكنى تۈزىتىش غايىسى، خەلقنى ئاقارتىش غايىسى، بۇلارنىڭ ھەممىسى تەرىپلەشكە ئەرزىيدىغان غايە، شۇنداقلا بۇرچتۇر. ئېسىلزادىلەردە غايە كەمچىل بولسا ئۇ ئاممىۋى ئىشلارنىڭ بەختسىزلىكىدۇر، چۈنكى بۇ خىل ئەھۋال ھوقۇقنى ھوقۇق تۇتۇشنى ئۇقمايدىغانلارغا ئىككى قوللاپ ئۆتۈنۈپ بېرىشكە مەجبۇر قىلىدۇ. ئەگەر سايلىغۇچىلارنىڭ ھوقۇق بېرىشكە ئەرزىيدىغان ئادەملەر بۇ خىل ھوقۇقنىڭ قەدرىگە يەتمىسە، ئۇ ھالدا خەلقنىڭ ھوقۇق بېرىشكە ئەرزىمەيدىغان ئەبلەخلەر ئۇلارنى باغلاپ تۇرمىگە تاشلايدۇ. شۇڭلاشقا، يۇكسەك مەقسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان مۆتىدىل بولغان غايە جەمئىيەتكە پايدىلىق. پارلامېنت تۈزۈمى يولغا قويغان ئەللەردە ھۆكۈمەتنىڭ نورمال ئايلىنىشى ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىش. «بىزنىڭ دۆلەتتە، — دەيدۇ بىر ئەنگلىيىلىك، — تۇغما قابىلىيەتلىك، بىلىملىك ۋە زېھنى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان كىشىلەر ئىككى سىنىپقا بۆلۈنىدۇ؛ بىرى، ھوقۇق تۇتۇپ تۇرغۇچىلار، يەنە بىرى، مۇشۇ ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقانلار.» ھالبۇكى، ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىرىشىش چوقۇم سەممىي بولۇشى كېرەك ھەمدە ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈشتىن مەقسەت دۆلەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ۋە تۈزۈم ـ قانۇننى ياخشىلاش بولۇشى كېرەك. ئۈياتسىز، ئۆزىنى كۆز ـ كۆز قىلىدىغان، ئۈچىغا چىققان شەخسىيەتچى سىياسەتۋازلارنىڭ قارانىيىتى جەمئىيەتنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ خەلقنى قايمۇقتۇرىدۇ، سۈيىقەست، ھىيلە ـ مىكىر ۋە قارشىلىششىنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالىدۇ. سىياسەتۋازلار مەنسەپكە ئېرىشىش ئۈچۈن ياكى ھۆكۈمەت ئىچكى كابىنېتىغا كىرىش ئۈچۈن جان تىكىپ كۆرەش قىلىۋاتقاندا ھەقىقىي ئاممىۋى مەنپەئەت بولىدىغان نەرسە شەخسنىڭ تەجرىبىسى ۋە ئالاھىدە بىلىمىنى چىقىش قىلغان بولماستىن، بەلكى ھەر خىل ئوخشىمىغان گۇرۇھ ـ كوللېكتىپلارنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلغان ۋە ئۇنىڭدىن باشقا پارلامېنت تاكتىكىلىرىنى چىقىش قىلغان بولۇشى كېرەك. ھوقۇقنىڭ يۇقىرى پەللىسىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ قارانىيىتىدىن مەھرۇم قالغان، لېكىن ئادەتتىكى پۇقرا بولۇشقا تەن بەرمىگەن سىياسەتۋازلار بىر بۇرۇلۇپلا ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشتىكى رەقىبى بىلەن ئەخلاقسىز بىر ئىتتىپاق تۈزىدۇ، ئاندىن بىرلىكتە ئۆزى تېخى يېقىندىلا قوغدىغان نەرسىلەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ ۋە ئۆزلىرى ئىلگىرى ھۇجۇم قىلغان نەرسىلەرنى قوغدايدۇ. بۇنداق ھادىسىلەرگە قانداق باھا بەرسەك بولار؟

يالغۇز كاتتا بەگ ـ تۆرىلەرلار «ھەممە يەردە يۇقىرى مەنسەپ ـ ئەمەل ئۈچۈن بولۇۋاتامدۇ؟» (Que non ascendam) دەپلا قالماستىن، ھەتتا ھېچقانداق ئىجتىمائىي ئورنى يوق لۈكچەك، لايغەزەللەر، قارانىيەتلەر ۋە ئۇششاق مەمۇرلارغىچە ھەممىسى ئۆزىنى بەس ـ بەستە سىياسىي دۇئېل مەيدانىغا تاشلاشماقتا، ئاشۇ كۆزى ئۆتكۈر، كاللىسى

ئىشلەيدىغان، ھەرىكىتى چاققان ئەبلەخلەر بولسا تۈرلۈك ئەۋزەللىككە ئىگە پىكىرلەرنى قوبۇل قىلىشماقتا.

ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرلىرى ۋە ئىش كۆرمىگەن تەجرىبىسىز ياش پروفېسسورلار قىلچىلىك سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۆزى تەۋە سىنىپلارنى تاشلاپ، ئىنقىلابىي سىياسىي پارتىيىلەرنىڭ رەھبەرلىرى بولۇۋېلىشماقتا؛ ئۇلار ۋەكىللىك قىلىدىغان ھەممە نەرسە شۆھرەتپەرەسلىك، تەكەببۇرلۇق ۋە مەنمەنلىك بولغاندا، ئۇلار پۈتكۈل دۆلەتكە ۋەكىللىك قىلىشنى قوغلىشىدىغان بولۇپ كېتىشتى. قانۇنغا نىسبەتەن ھېچقانچە تونۇشى يوق، تەجرىبىسى كەمچىل ئادۋوكاتلار بولسا قانۇن تۈزگۈچىلەر بولۇۋالماقتا؛ ھەتتا بىمارلارنىڭ كېسىلىنىمۇ تۈزۈك داۋالىيالمايدىغان دوختۇرلار سىياسىي ئورگانلارنىڭ كېسىلىنى داۋالايدىغان خىزمەتلەر بىلەن مەشغۇل بولۇشماقتا. ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ ئەسلىي خىزمىتىنى تاشلاشماقتا. ھېچكىممۇ ئۆز ئورنىنى ساقلاپ قالالمايدۇ، موزدۇزلار ئەمدى ئاياغ ياماماس بولدى، ئاشپەزلەر ئەمدى ئاشخانىغا بارماس بولدى.

ھەممە كىشى سىياسىي ساھەدە قاۋانلاردەك قۇتراپ يۈرۈشمەكتە،

ھەممە كىشىنىڭ سۇنى لېيىتىپ تازا بىر بېلىق تۇتۇۋالغۇسى بار.

سىياسىي ئاشۇ ھوقۇق تەمەسىدە يۈرگەن كىشىلەرنى ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىدىن خالاس قىلغاندەك قىلىدۇ. ھېچكىممۇ ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى چۈشەنمەيدۇ، ھېچكىممۇ ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى ئۆز غايىسىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم قىلالمايۋاتىدۇ، ئەكسىچە ئۆزىنىڭكىنىلا راست ھېسابلاپ ئۆزىنى چاغلىمايۋاتىدۇ. ئەڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاخىرقى نەتىجە شۇنى كىشىلەرگە ئۇقتۇردۇكى: «موزدۇز بەربىر ئاياغ يامايدۇ، بولكىچى بەربىر خېمىر يۇغۇرىدۇ، تىككۈچى كىيىم تىكىدۇ، تۈگمەنچى ئۇن تارتىدۇ، تۆمۈرچى ئات تاقىلايدۇ، مىلىچمالچىلار مىلىچمالچىلىقىنى قىلىدۇ. بىراق، ئۆزى سېخ ياكى دۇكاندا بولكىخانا ياكى ئوچاق يېنىدا تۇرغان قول ھۈنەرۋەنلەردىن خېمىر يۇغۇرماسلىقنى، تېرە ئاشلىماسلىقنى، ئاتلارنى تاقىلىماسلىقنى، ئاشپەزلىك قىلماسلىقنى ياكى مىلىچمالچىلىق قىلماسلىقنى ئارزۇلايدىغانلارنى قانچىلىك كۆپ دەيسىز! ئۇلارنى قالايمىقان خىياللارنى قىلىۋاتىدۇ دېيىشكە بولمايدۇ، مۇبادا ئۇلار سايلامغا ئىلىنىشىپ قالغۇدەكلا بولسا، مۇھىم ئەمەللەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. ھوقۇق ھەممە ئادەم كېسىپ يېسە بولىدىغان تورت دەپ قارالماقتا، ئەمەل ـ مەنسەپلەر ئۇنىڭغا ئىگە بولۇش كويىدا يۈرگەنلەرنىڭ ئولجىسى دەپ تونۇلماقتا. لېكىن ئۇ مۇشۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالامدۇ، يوق، دېگەنلەر خىيالىمىزغىمۇ كىرىپ چىقمايۋاتىدۇ، ھەتتا فرانسىيە مىللىي كېڭىشىنىڭ رەھبەرلىكىدە جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار سودىيىلىككە تەيىنلەنمەكتە، بۇنىڭغا ئەگەر بۇنداق ئادەملەرنى مۇھىم ئورۇنلارغا قويساق ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىنى ۋە ئاقسۆڭەكلەر ھۆكۈمرانلىقىغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى قوزغاتقىلى بولىدۇ دەپ چىرايلىق نام بېرىلمەكتە. 1793 ـ يىلى، بەزى چوشقا سويىدىغان قاسساپلار، موزدۇزلار ۋە مىلىچمالچىلار ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ ھاياتى ۋە ئەركىنلىكىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان مۇھىم شەخسلەرگە ئايلىنىپ قالغانىدى. سىسېرو بىر سوت خاتىرىلىگۈچىسىنىڭ تەپتىش ئەمەلدارى بەزى چاكىنا كىشىلەرنىڭ يۇقىرى مەنسەپ ـ ئەمەللەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى مىسال كەلتۈرۈپ بولۇپ مۇنداق دەپ قوشۇمچە قىلىدۇ: «شۇنىڭغا

تامامەن ئىشىنىش مۇمكىنكى، بۇ تەلەيلىك ھادىسىلەرنىڭ كەينىدە، ساقلانغىلى بولمايدىغان ئىچكى ئۇرۇش ياتىدۇ.»

سىياسەتۋازلار ئۆزلىرىنىڭ سايلامدىكى ئەسەبىي قوللىغۇچىلىرىغا ۋەزىپىگە تەيىنلىنىش چېيىنى بېرىۋاتقاندا، سىياسىي دۆلەت ئورگانىزمىنى چىرىتىۋاتقان بولىدۇ. بىر ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ھوقۇقنى ئاشۇ مۇنەۋۋەر كىشىلەرگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ تۆھپە، تىرىشچانلىقلىرىنى مۇكاپاتلاش بولۇشى كېرەك. سايلام ۋاكالەتچىسى ھوقۇقنى ئۆستۈرۈش، يۆتكەش جەھەتلەردە مەمۇرىيلاردىن ئەۋزەللىككە ئىگە بولغاندا، كېيىنكىسى زىيانكەشلىككە ئۇچراپلا قالماستىن، تېخى ئۇلارنىڭ دۆلەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش پۇرسىتىمۇ تارتىۋېلىنغان بولىدۇ. ئەمەل ـ مەنسەپلەر ئاشۇ بىلىملىك، تەربىيە كۆرگەن، ئەخلاقلىق كىشىلەرگە بېرىلمىگەندە، ئۇلار يارامىلىق كىشىلەر بولمايلا قالماستىن، تېخى جەمئىيەتكە زىيانلىق كىشىلەرگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ھەرقايسى سۇلالىلەر مەنسەپ ـ ئەمەللەرنى ۋە نەپىقە پۇللىرىنى غالجىرلارچە بۆلۈشۈش بىلەن باشلىناتتى. مەسىلەن، ھېنري II خانىدانلىقى ئەمدىلا باشلىنىشى بىلەن بارلىق ئەمەل ـ مەنسەپلەر مونتىمورېنس (Montemorencys) مۇرىتلىرى ۋە گۇيس پارتىيىسىدىكىلەر تەرىپىدىن تەقسىملىنىپ بولۇندى. ئەينى ۋاقىتتىكى بىرەيلەن مۇنداق دېگەنىكەن: «بۇ ئورۇن، مەنسەپ، مۇدەررىسلىك، موناخلىق، ئەمەللەر ۋە ئازراقلا قىممىتى بار نەرسىلەر بۇ كىشىلەردىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى، خۇددى ئۆسۈملۈك زىيانداشلىرى قارلىغاچنىڭ تۇتۇپ يېيىشىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغاندەك، ئۇلار ھەممىنى بۇلاپ ـ تالاپ قۇپقۇرۇق قىلىپ بولۇشتى.»* ھۆكۈمەت ۋە يۇقىرى ئەمەللەرنىڭ توختىماستىن

* ھېنري II ئەمدىلا ئۆلۈپ تۇرۇشىغا سان ـ ساناقسىز دىنىي خادىملىقنى ئىلتىماس قىلغۇچى كىشىلەر ئاق شەبنەم ئوردىسى ئالدىغا يىغىلىۋالغاچقا، ئارخىئېپىسكوپ روللان ئادەم ئەۋەتىپ ئوردا دەرۋازىسى ئالدىغا بىر دار تىكلەتكەن ھەمدە ئۇلارغا 24 سائەت ئىچىدە بۇ يەردىن ئايرىلمىسا دارغا ئېسىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان. — ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

ئۆزگىرىپ تۇرۇشى ھوقۇق تەمەسىدە يۈرگۈچىلەر ۋە سىناپ باققۇچىلارنىڭ نەپسىنى تاقىلدىتىۋەتتى. خۇددى مونتېسكيۇ ئاللىقاچان باھا بېرىپ بولغاندەك، «مىنىستىرلىك ئورنى توختىماستىن پەيدا بولۇپ يەنە توختىماستىن يوقىلىپ تۇراتتى. ئۇ خۇددى پەسىللەرنىڭ ئالمىشىشىغا ئوخشاپ قالغانىدى.» مىنىستىرلىك ئورنىنىڭ توختاۋسىز ئۆزگىرىپ تۇرۇشى مونتېسكيۇ دەۋرىدىن باشلاپ كۆپەيسە كۆپەيدىكى ئازايمىدى، بەزىدە بىر پەسىلدە ھەتتا بىرقانچە مىنىستىر ئالماشقان ئىشلارمۇ بولدى. ھەربىر مىنىستىر جانابلىرى ئۆزى بىلەن بىللە مۇناسىۋەتلىرىنى، دوستلىرىنى، ئۆزى ئۈچۈن سايلام تەييارلىقى قىلىپ بەرگەن سايلام ئۆمىكى ئەزالىرىنى بىللە ئېلىپ كېلەتتى؛ مىنىستىر جانابلىرى شۇ قەدەر يېقىن، دوستانە ئىدىكى، ئۇلارنىڭ ھەرقانداق تەلىپىنى رەت قىلىشقا ئامالسىز ئىدى؛ ئۇ ئۆزىنىڭ كېلەركى سايلىمىغا شۇ قەدەر كۆڭۈل بۆلەتتىكى، ئۆزىنىڭ سايلام ۋاكالەتچىسىنى ئەڭ مۇھىم ئەمەلگە قويماي كۆڭلى ئۇنىمايتتى، مىنىستىر ئىشخانىسىمۇ شۇ سەۋەبلىك سايلام ۋاكالەتچىسىنىڭ تىزىملاش ئىشخانىسىغا ئايلىنىپ قالاتتى.

ئاببې. سېيېس (Abbé Siéyés) ئۆزىنىڭ «ئىمتىياز ھەققىدە» («Essai sur les Priviléges») ناملىق كىتابىدا قارشىچە، سۇيىقەست ۋە يالغانچىلىق ئىمتىيازلىقلار قاتلىمىنىڭ ئالاھىدە كەسپى بولۇپ قالغان؛ بۇ ھەم سىياسەتۋازلارنىڭمۇ كەسپى بولۇپ قالغان. پۇقرالار جان كۆيدۈرۈش، تىرىشىش بىلەن ئۆز ھالىتىنى ئۆزگەرتمەستىن، ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمىنى كۈتىدىغان تونۇشتۇرۇشقا تايىنىدىغان بولۇشتى. ھەممە يەردە ئالىقانلىرىنى ۋە ئېغىزلىرىنى ئېچىشىپ قۇتقۇزۇشنى كۈتىدىغان مەنزىرە شەكىللەندى. نەتىجىدە، خۇددى بۇرۇن كۆرۈلگەن ئەھۋاللارغا

ئوخشاشلا، ئەگەر مەنسەپ بالاسىنى پادىشاھلىق تۈزۈمدىلا بار ئىدى دېسەك توغرا بولمايدۇ؛ بۇ ھەممە تۈزۈم ئۇچرايدىغان بالايىئاپەتتۇر، دېموكراتىك تۈزۈمنىڭ ئۇچرايدىغان بالايىئاپىتى باشقا تۈزۈملەرنىڭكىدىن چوڭ بولىدۇ. دېموكراتىك تۈزۈم ئەمەللەرنى ئاۋۇتۇش ئارقىلىق سايلامغا خىزمەت قىلغانلارغا زىياپەت بېرىشى كېرەك، ئەمەللەرنى ئاۋۇتۇش چوقۇم باشقا ئەمەللەرنى بىكار قىلىش ئارقىلىق ئىشقا ئېشىشى كېرەك. پادىشاھلىق تۈزۈمدە پەقەت ئاشۇ ئاقسۆڭەكلەرلا ئوردىغا بېرىپ مەنسەپ ۋە مائاش تەلەپ قىلىدۇ، گېرتسوگ دېڭھېيىننىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشى ئۇلارنىڭ ناپولېئونغا خىزمەت قىلىش قىزغىنلىقىنى تۇسىيالمىغان. ۋېندېيلىقلار (Vendéens) نى قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىشكە قۇتراتقان. پادىشاھلىق ۋە نەزىر - چىراغ سۇپىسىنىڭ قوغدىغۇچىلىرىمۇ پادىشاھلىقنى «تارتىۋالغۇچىلار» ئالدىدا تىز پۈككەن ھەمدە ھوقۇقىنى تارتىۋالغۇچىلارنىڭ ئوردا ۋەزىرلىرىدىن بولۇپ قېلىشقان. جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىدە پادىشاھنىڭ ئاغۋىتى، مىراخور قاتارلىق ئەمەللەر بولماسلىقى مۇمكىن. لېكىن، تۈگىمەس - پۈتمەس مەمۇرىي باشقۇرۇش ئەمەللىرى بار، يەنە كېلىپ بۇ ئەمەللەرنىڭ سانىمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ بارىدۇ. 1793 - يىلى ياكوبىنچىلار بارلىق ئەمەل - مەنسەپلەرنى ئىگىلەپ بولغان، گەرچە ئۇلار بۇ خىزمەتلەرنىڭ ھۆددىسىدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كېتەلمىسىمۇ. «ئۇلار مەمۇرىي خىزمەتلەرنى ئازراقمۇ بىلمەيدۇ، — دەيدۇ، — ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مىچېلېت (Michelet)، بەزىلەر ھەتتا خەتمۇ تونۇمايدۇ.» بۇنداق كىشىلەر ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بولۇۋېلىشقان ھەمدە تېخى بىرمۇنچە يېڭى ئەمەللەرنى پەيدا قىلىپ ئۆز كىشىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغان. دانتون ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن

كېيىن ئۇ ئۆز مۇرىتلىرىغا نۇرغۇن مەنسەپلەرنى بەرگەنىدى.

پادىشاھلىقنى تىرىلدۈرۈش مەزگىلىدە بىر قېتىم گېنېرال فوي (Foy) نۇتۇق سۆزلەۋاتقاندا ئۇنىڭ بىر خىزمەتدىشى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتىپ ئۇنىڭدىن «ئاقسۆڭەكلەر ھۆكۈمرانلىقى» غا ئېنىقلىما بېرىشنى تەلەپ قىلغان. «19 ـ ئەسىردىكى ئاقسۆڭەكلەر ھۆكۈمرانلىقى، — دېگەن ئۇ، — مۇنداق بىر توپ ئادەملەرنىڭ ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت؛ بۇ ئادەملەر ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانمايمۇ ئىستېمال قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئەمگەك قىلمايمۇ تۇرمۇشتىن بەھرە ئالىدۇ، مەنسەپ ـ ئەمەللەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىققۇدەك ئىقتىدارى يوق تۇرۇپمۇ بارلىق ئەمەللەرنى ئىگىلىۋالىدۇ، شان ـ شەرەپكە ئېرىشىش سالاھىيىتى يوق تۇرۇپمۇ ئۆزلىرىگە مەنسۇپ بولمىغان شان ـ شەرەپنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدۇ.» سىياسىينىڭ بۈگۈنكى ئىپادىلىرىگە نەزەر تاشلىغىنىمىزدا دېموكراتىك تۈزۈم بىلەن ئاقسۆڭەكلەر تۈزۈمى ئوتتۇرىسىدا قانداق پەرقلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرۈش مۇمكىن؟ سىياسىي يەنىلا ئاقسۆڭەكلەرنى، ئىمتىيازلىقلارنى يېتىشتۈرمەكتە، بۇ كىشىلەر ئەمگەك قىلماي تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئۈمىد قىلىدۇ، ۋەزىپىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىققۇدەك ئىقتىدارى يوق تۇرۇقلۇقمۇ بارلىق ئەمەللەرنى ئىگىلىۋېلىش كويىدا يۈرىدۇ.

1789 ـ يىلىدىن ئاۋۋال، ئاقسۆڭەكلەر قېرىغاندا كۈتۈنۈش پۇلىنى ئېلىشىمىز ھەقلىق دەپ قاراشقانىدى. فېيىلون بۇ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ۋېرسال سارىيىدىكى كۈنسايىن زەئىپلىشىپ كېتىۋاتقان ھالىتىنى كۆرۈپ، كۆڭلى بۇزۇلغان. بۈگۈن سىياسىئونلارمۇ قېرىغاندا كۈتۈنۈش پۇلى ئېلىشقا ھەقلىقمىز دەپ قاراشماقتا. خەلق ۋەكىللىرى ئۇلارنىڭ سايلىغۇچىلىرىنىڭ قۇرۇق ۋەزىپە بىلەنلا قېرىغاندا كۈتۈنۈش پۇلىغا ئېرىشەلمەي مىنىستىرلار

ئىشخانىسىدا كۈنسايىن قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كېتىۋاتقان ھالىتىنى كۆرۈپ بىئارام بولۇشماقتا. 1615 - يىلى پارىژدا ئۆتكۈزۈلگەن مىللىي قۇرۇلتايدا، ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ۋەكىللىرى پادىشاھتىن زور بىر تۈركۈم مۆتىۋەر - تۆرىلەرگە تارقىتىدىغان قېرىنغاندا كۈتۈنۈش پۇلىنى قىسقارتىشنى تەلەپ قىلدى. زور بىر تۈركۈم سىياسەتۋازلارغىمۇ غايەت زور مىقداردا قېرىنغاندا كۈتۈنۈش پۇلى تارقىتىۋاتقانلىقىدەك رېئاللىقنى كۆزدە تۇتۇپ، باج تاپشۇرغۇچىلارمۇ ئوخشاش تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى.

سىياسىي پارتىيىلەر قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر ۋە ھەممە ئادەم ھۆكۈمەتتە ۋەزىپە ئۆتەش پۇرسىتىگە ئىگە دېگەن پرىنسىپنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ. ھەمىشە مەلۇم شەكىلدىكى گراژدانلار قانۇننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ ۋە سەۋەبسىزلا ۋەزىپە ئۆتەپ قالىدۇ. 1789 - يىلىدىن ئاۋۋال، بۇ خىل ھادىسە پروتېستانت مۇرتى ۋە يەھۇدىيلار ئارىسىدا تارقىلىشقا باشلىدى. ئاقسۆڭەكلەر ۋە مىسسىئونېرلار ئىنقىلابىي دەۋرىدە بولسا كەڭرى تارقالغانىدى، لىبېرالىزمنىڭ فرانسىيىدىكى تىرىلىش مەزگىللىرىدە بولسا ناھايىتى ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. كېيىنكى بىر مەزگىلدە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگۈچى كىشىلەر ئائىلە كېلىپ چىقىشى ياخشى ۋە دىنىي پرىنسىپقا ئىگە ئادەملەر بولدى. بۈگۈنكى كۈندە ۋەزىيەت تامامەن ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتتى؛ پەخىرلەنگۈدەك ئائىلە كېلىپ چىقىشى بولمىغان ۋە دىنىي پرىنسىپى كەمچىل كىشىلەر ھوقۇق تۇتۇش ۋە قانۇننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماسلىقتەك ئىمتىيازلارغا ئىگە بولۇۋالماقتا.

سىياسىي سەۋەبلەر تۈپەيلى، بەزى ئىقتىدارسىزلار دائىملا مۇھىم ۋەزىپىلەرگە قويۇلىدۇ، مۇنداق قىلىشتىن مەقسەت بۇ كىشىلەردىن گەپ ئاڭلايدىغان ئىتائەتمەن قورال سۈپىتىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پايدىلىنىش ئۈچۈندۇر.*

ئاممىۋى ۋەزىپىلەرنى سايلام بىلەن ۋاكالەتچىلەرگە تەقسىم قىلىشتەك قىلمىشلار ئارقىلىق سىياسىي مەمۇرىي باشقۇرۇشنىڭ نام - ئابرۇيىنى تۆكۈپ، ئىناۋىتىنى يوق قىلدى. ئامممىۋى ۋەزىپىلەر تىرىشچانلىق ۋە تۆھپە - ئەجىرگە مۇكاپات قىلىپ بېرىلمەيدىغان جايلاردا، ئاممىۋى ۋەزىپە ئۆتىگەن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئۇلار نۇرغۇن ھۆرمەتتىن مەھرۇم. باشقىلارنى مەنسەپكە تەيىنلەشكە ھوقۇقلۇق سىياسەتۋازلارنىڭ نازارىتىدە مەنسەپ - ئەمەللەرمۇ سايلام مەنپەئىتىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن تەسىس قىلىنىدۇ ياكى بىكار قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلار ھۆكۈمەتنىڭ مۇقىم ھەم مۇستەقىل ۋەكىللىرىدىن بولسا، ئۇنداقتا ئۇ ئۈستىگە ئالغان ئەمەلمۇ نوپۇزىدىن مەھرۇم.

مەنسەپ - ئەمەللەر بىلىم ۋە ئەخلاقتىكى مۇنەۋۋەرلىكنىڭ بىر بەلگىسى بولماي قالغاندا، بۇ بىر دۆلەتنىڭ بەختسىزلىكىدۇر، بۇ چاغدا نەتىجە شۇنداق بولىدۇكى، مەنسەپ - ئەمەللەر كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولالمايدۇ ۋە كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلالمايدۇ. پۇل پەيدا قىلغان ئەكس تەسىرلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن (بۇ ئەكس تەسىر ئۆزلۈكسىز كۈچىيىپ بارماقتا)، بايلىق ئېلىپ كېلەلەيدىغان، لېكىن ھۆرمىتى كەمچىل بولغان ۋە ھۆرمىتى بار، لېكىن بايلىق ئېلىپ كېلەلمەيدىغان ئىككى خىل كەسىپنى ئۆز ئارا

* بۇچوت (Buchot) ئىسىملىك باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرى روبىسپېرنى تاماق ۋە قونالغۇ بىلەن تەمىنلىگەنلىكى ئۈچۈن دىپلوماتىيە مىنىستىرى بولۇپ تەيىنلەنگەن؛ ئىلگىرى كىچىك كاتىپ بولغان ھېنرىئوت ئىسىملىك كىشى بولسا پارىژدا تۇرۇشلۇق ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەنگەن، بۇ ئىككى ئەبلەخ ياكوبىنچىلار مۇستەبىتلىكىنىڭ سادىق ئىتائەتمەن قوراللىرى ئىدى. رونسىن ئۆزىنىڭ پەردە ئارقىسىدا ئەمەلىي ھوقۇقنى باشقۇرۇشى ئۈچۈن روسگلونى قوشۇننىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلىگەن. «سىز خاتالىشىۋاتىسىز، مېنىڭ قوشۇننى باشقۇرغۇدەك ئىقتىدارىم يوق.» دېگەن روسگلو رونسىنغا، لېكىن شۇنداق دېيىلگەن بىلەن ئۇ يەنىلا قوشۇننىڭ قوماندانلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. —— ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

بىرىكتۈرۈش كېرەك. ئىنسانلارغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىككى ئالدىنقى ئامىل شان ـ شۆھرەت ۋە پۇلدۇر. ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇش ئارزۇسى بايلىققا ئېرىشىش ئارزۇسى ئۈچۈن بىر چەكلىمە ھېسابلىنىدۇ؛ ئەگەر مەنسەپ ـ ئەمەللەرنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى ئاجىزلىشىدىغان بولسا، ئۇنداقتا شان ـ شەرەپ تۇيغۇلىرى پۈتكۈل مەملىكەت، پۈتكۈل جەمئىيەتتە تەدرىجىي يوقىلىپ پۇلنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى زورىيىشقا باشلايدۇ. سىسېرو مۇنداق دېگەن: «ھېچقانداق ھادىسە مال ـ دۇنيانىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ ئەۋزەللىكىگە باھا بېرىدىغان ھادىسىدەك يىرگىنىشلىك ئەمەس.»

ئورۇق ـ تۇغقانچىلىق، ئاشنا ـ ئاغىنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنى كەڭرى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق،* سىياسىي تۇرمۇش ئەركىن خەلق چىداپ تۇرالمايدىغان ئادەتلەرنى ئىجاد قىلدى؛ يالغانچىلىق ئەۋج ئالدۇرۇلدى، سۇيىقەستلەر تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، يالقاۋلىق رىغبەتلەندۇرۇلدى. ئاشۇ ئىشمۇ خىيالىي ھۆكۈمەتتە مەنسەپ تۇتۇش كويىدا يۈرگەن، ھەر ئاماللار بىلەن مەنسەپ ئىزدەپ يۈرگەن گىراژدانلارنىڭ ئېرىشكىنى ھىيلە ـ مىكىر ۋە نەيرەڭۋازلىق بولسا، مەھرۇم قالغىنى غورۇر ـ ھۆرمىتى بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئەمەل ـ مەنسەپلەرنىڭ سانىنى پۈتۈنلەي نامۇۋاپىق بىر دەرىجىگە يەتكۈزۈش بىلەن سايلامنىڭ راستچىللىقى ئەمدى مۇمكىن بولمىغان ئىش بولۇپ قالدى. ئەمەل ـ مەنسەپلەرنىڭ سانى شۇ قەدەر جىق، ئۇلارنىڭ ئەمەل ـ مەنسەپلەرگە قىلىۋاتقان بېسىمى شۇ قەدەر زوركى، ئۇلار دۆلەتنىڭ ئۈمىدىنى ئەركىن نامايىش قىلىشقا ئىمكان بەرمىدى.

* 1789 ـ يىلىدىن ئاۋۋال، دۆلەت مەمۇرلىرىنىڭ سانى ئىنتايىن ئاز ئىدى؛ بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ سانى زور دەرىجىدە ئاۋۇپ كەتتى. — ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

www.uyghurkitap.com

سىياسىي تۇرمۇشتا پۇل ئارقىلىق سايلام بېلىتى سېتىۋېلىش، پۇل ئارقىلىق مەنسەپ سېتىۋېلىش قىلمىشلىرىغا يول قويۇلغاندا، بۇ دۆلەتنىڭ ئەخلاقى قانداقمۇ بۇ ئىپلاس سودىنىڭ چوڭقۇر زەھەرلىشىگە ئۇچرىماي تۇرالىسۇن؟ سايلام بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىپلاس سودا بىر مىللەتنى شەخسىي مەنپەئەت ۋە قىسمەن بىر مەنپەئەتلەر ئۇچۇن كوللېكتىپ مەنپەئەتنى قۇربان قىلىدىغان ھالغا يەتكۈزىدۇ، سايلىغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئاڭلىغان ـ كۆرگەنلىرى بويىچە بۇ خىل ئىپلاس سودىنى دورىشىدۇ، ئۇلار كوللېكتىپنىڭ مەنپەئەتىگە پەرۋا قىلمايدۇ، ئۇلار ئاشۇ قىسمەن مەنپەئەت ۋە شەخسىي مەنپەئەت ئۇچۇن خىزمەت قىلغۇچىلار ئارىسىدا ئۆزلىرىنىڭ بىر ۋەكىلى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىشىدۇ، بۇ ۋەكىل ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى ئوخشىمىغان يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا سۇنىدۇ ھەم ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قانائەتلەندۈرىدۇ. ئۇلار دۆلەتنىڭ ۋەكىلىنى سايلاشمايدۇ، بەلكى پەقەت ئالاھىدە ۋەزىپىدىكى ۋاكالەتچىنى سايلاشسا بولدى.

تىيېر (Thiers) ئەپەندى 1846 ـ يىلى سۆزلىگەن بىر نۇتقىدا، مۇستەبىت ھۆكۈمەتنىڭ خىلمۇخىل كەمچىلىكلىرىنى ئەسلەپ ئۆتكەندىن كېيىن خەلق سايلىغان ھۆكۈمەتنىڭ كەمچىلىكلىرىنى ۋە سايلام پائالىيىتىنىڭ بىر دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا پەيدا قىلىدىغان ئەخلاقنى بۇزۇشىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. «خوجايىن ئېگىز شاخقا چىقىۋالماسلىقى، بەلكى ۋەكىللەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىشى كېرەك، — دەيدۇ ئۇ، — ۋەكىللەر بولسا تۆۋەندىكى خەلققە خۇشامەت قىلماسلىقى كېرەك. . . جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدا نېپىرەتلىك ھىيلە ـ مىكىر، سۈيىقەست ئەۋج ئالماقتا، بۇنىڭ ئاقىۋىتى شۇ بولىدىكى، ئەركىنلىكنىڭ ئېلىپ كەلگىنى ئاممىۋى ئىشلارغا

قاتنىشش ئىشلىرىنىڭ كېڭىيىشى بولۇشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئەكسىچە چىرىكلىك زور دەرىجىدە كېڭەيدى، خۇددى زەھەر قانغا ئوكۇل قىلىنغاندىن كېيىن كېيىن قان ئايلىنىش ئارقىلىق ھاياتنى قامدايدىغان ھاياتلىقنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانغا ئوخشايدۇ.» سىياسىي زەھەر جەمئىيەتنىڭ ئورگانىزمىغا سىڭىپ كىرىپ پۈتكۈل جەمئىيەت ئورگانىزملىرىنى زەھەرلىمەكتە. خەلقنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش پائالىيەتلىرى نامزات ۋە سايلىغۇچىلارنى شۇ زامات چىرىتىدۇ؛ ئۇنىڭدىن بىردىنبىر قېپقالغىنى خۇشامەتچىلىك بولىدۇ. ۋەكىللەر سايلىغۇچىلارغا ياخشىچاق بولۇشماقتا، مىنىستىرلار ۋەكىللەرگە ياخشىچاق بولۇشماقتا، بۇ خىل خۇشامەتچىلىك ئادىتى پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىستىلىغا ئايلىنىپ، تەدرىجىي ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان بىر خىل تۈزۈمگە تەرەققىي قىلىپ، بارلىق ئىمتىيازلارنى ۋەيران قىلماقتا؛ پروفېسسورلار ئوقۇغۇچىلىرىغا خۇشامەت قىلماقتا، ئاتا ـ ئانا بولغۇچىلار پەرزەنتلىرىگە خۇشامەت قىلماقتا. ئەسلىدىن بۇيرۇق چۈشۈرۈشكە تېگىشلىك كىشىلەر بۇيرۇققا ئىتائەت قىلىدىغان كىشىلەرگە ئايلىنىپ قالماقتا. دۆلەت مەمۇرىي ھوقۇقىنىڭ نوپۇزى، ئائىلىنىڭ نوپۇزى نېمىگە ئايلىنىپ قالدى؟ بارلىق ئىمتىياز توغرۇلۇق تەسۋىرلەشلەرنىڭ ھەممىسى ئىناۋىتىنى يوقاتتى. كىشىلەر ھۆكۈمەتسىزلەرنىڭ مۇشتۇمزورلۇقىدىن قاتتىق چۆچۈمەكتە، ھۆكۈمەتسىزلىكمۇ ئاللىقاچان ئاپەتكە ئايلاندى؛ بۇ ھادىسە تۈرمۇشقا، كۆزقاراشقا، ئەدەبىياتقا، ئائىلىگە، ئاممىۋى مۇلازىمەتكە ۋە ھۆكۈمەتكە تارقالماقتا.

ھۆكۈمەتسىزلىكتەك قالايمىقان بىر ھالەت مەمۇرىي باشقۇرۇشتا يېتەكچى ئورۇندا تۇرماقتا. ئاممىۋى خىزمەتلەر ئەمدى بىر كىشىنىڭ ئېسىل پەزىلىتى ۋە مۇۋەپپەقىيىتىگە قاراپ تەقسىم

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

قىلىنمايدىغان بولدى. ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئۆمەكلەر تەرتىپسىزلىك، قالايمىقانچىلىق ھالىتىدە تۇرماقتا؛ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ نوپۇزى ۋەكىللەر ۋە كېڭەش پالاتا ئەزالىرىنىڭ تەسىرىدە يوقالماقتا، ۋەكىل ۋە كېڭەش پالاتا ئەزالىرى قىسمەن زوراۋانلىق قىلمىشلىرىنى مېھىر - مۇھەببەتلىك ئادىل باشقۇرۇش قىلمىشلىرىنىڭ ئورنىغا دەسسەتمەكتە. بارا - بارا نۇرغۇن جايلار يېزا - بازار مۇشتۇمزورلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالماقتا. «1815 - يىلى ۋە 1816 - يىلى، — دەيدۇ گۇيزوت ئەپەندى (M. Guizot)، — ھەرگىز ئۇنتۇپ قالغىلى بولمايدىغان يىللاردۇر، بولۇپمۇ بۇ ئىككى يىلدا يېزا - بازارلارغا تارقالغان ھەرخىل زوراۋانلىق، مۇشتۇمزورلۇق ۋە يەرلىك خاقانلار، نۇرغۇن نام - نىشانسىز، ئۇن - تىنسىز يۇرگەن يەرلىك مۆتىۋەرلەر تۇيۇقسىزلا فرانسىيە سىياسىي سەھنىلىرىدە پەيدا بولۇپ، پۈتكۈل دۆلەت ئۇلارنىڭ تەۋەككۇلچىلىك قىلىدىغان، ئارىلىشىدىغان ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالدى، بۇ جايلاردا ئۇلار خاتىرجەمسىزلىك كەيپىياتلىرىنى پەيدا قىلىپ قولۇم - قوشنىلىرىنىمۇ خاتىرجەم ئۇخلىيالمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويۇشتى.» بۇگۈنكى كۈندە بۇ يېزا - بازار زومىگەرلىرى دۆلەتنىڭ مۆتىۋەرلىرى بولالمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا ئاۋامنى ئەڭ ئېغىر ۋە ئەڭ نومۇسسىز تۇردە ئەزمەكتە. جەمئىيەتنىڭ بۇ خىل قالايمىقان - تەرتىپسىزلىكلەرنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ھوقۇقىنىڭ ئاجىزلىشىشى ۋە ۋەكىللەر ھوقۇقىنىڭ بەك كۈچىيىپ كېتىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان. مەمۇرىي ھوقۇق بەك كۈچلۈك ياكى بەك ئاجىز بولۇپ كەتكەن ئىككى خىل ئەھۋالدا، دۆلەت ئوخشاشلا بالايىئاپەتكە دۇچار بولىدۇ. بوسسۇتنىڭ كىشىنى قايىل قىلىدىغان مۇنداق سۆزلىرى بار: «سىز تەشنا بولغان كىچىك ئىشلار سىزنى

ئېزەلمەسلىكى مۇمكىن، لېكىن ئۇ سىزنى قوغداشقا ئامالسىز.»
ۋەكىللەرنىڭ ھوقۇقىنى پارلامېنت تۈزۈمى بىلەن ئارىلاشتۇرمايلى، ۋەكىللەر كونترول قىلىۋاتقان ھۆكۈمەت ھۆكۈمەتسىز ھالەتتىكى ھۆكۈمەتتۇر. تەرتىپ ھەممىدىن يۇكسەك بولۇشى كېرەك. ھەربىر نوپۇزلۇق ئورگان ئۆزىنىڭ مۇتىمىزىم فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇشى، ھۆكۈمەت ھۆكۈمرانلىق قىلىشى، پارلامېنت نازارەت قىلىشى كېرەك، بۇلار كەم بولسا بولمايدىغان ئىشلاردۇر. بىر چەكسىز ھوقۇقلۇق پادىشاھ ياكى چەكسىز ھوقۇقلۇق پارلامېنت مۇقەررەر ئۆز ھوقۇقىنى قالايمىقان ئىشلىتىدۇ؛ ھەرقانداق ھوقۇقنى تىزگىنلەش ئارقىلىق ئۇنى زوراۋانلىقنىڭ قورالىغا ئايلاندۇرۇپ قويماسلىق كېرەك؛ بۈگۈن سىياسەتۋازلارنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش ساھەسىنىڭ ھوقۇقىنى چىرىتىشى مۇنداق دەرىجىگە يەتتى: ۋەكىللەر ۋە كېڭەش پالاتا ئەزالىرى پارلامېنت يىغىنى ياكى ئاممىۋى يىغىنلاردا جىنايى ئىشلار سورىقىنى ئۆزگەرتىۋېتىش قىلمىشلىرى ئارقىلىق ئەدلىيە ئىشلىرىغا ئارىلاشماقتا. زاسېداتىللار ئۆمىكى گۇناھكار دەپ بېكىتكەنلەرنى گۇناھسىز دەپ ئېلان قىلماقتا، گۇناھسىزلارغا بولسا گۇناھ ئارتماقتا.

ئافىنا ۋە رىمدىكى سىياسىي چىرىكلىك ئەخلاقنىڭ چىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، فارانىيەت سىياسەتۋازلار ئارىسىدىكى ئۆزئارا قىرغىنچىلىق ئەخلاقنىڭ چۈشكۈنلىشىشىنى تېزلەتكەن. سىياسەتۋازلار خەلقنى چۈشكۈنلەشتۈرۈپ ئۇلارنى ياخشى ھۆكۈمەتنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قالدۇرغان ھەمدە خەلقنى قورال ئورنىدا پايدىلانغان. بۈگۈنكى كۈندە چىرىكلىك خۇسۇسىي تۈرمۇشتىن ئاممىۋى تۈرمۇشقا كېڭەيدى. پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقى ئىنتايىن ناچارلاشقاندا، كىشىلەر سايلام ۋە پارلامېنتنىڭ ئەخلاقىنىڭ ياخشى بولۇشىدىن قانداقمۇ ئۈمىد كۈتەلەيدۇ؟

نەپسانىيەتچىلىك ۋە شاللاقلىق زامانىمىز ئەخلاقىنىڭ ئىككى ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى بولغاندا، سىياسەتۋازلار شەخسىيەتسىزلىك ۋە ئۆزگە چەك قويۇشنىڭ ئۈلگىسى بولۇشى كېرەكمۇ؟ شۇنچە كۆپ يازغۇچىلار قوللىرىدىكى كۈرەش قىلىدىغان قەلەملىرىنى سېتىۋاتقان يەردە سىياسەتۋازلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ تەسىر كۈچى ۋە سايلام بېلەتلىرىنى سېتىشى كېرەك، بۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرامدۇ؟ ئاقىۋەتتە، ئۇلارنىڭ رەزىل قىلمىشلىرى ئۇلارنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان دۆلەتنىڭ ئەخلاق تۇيغۇسىنى بۇزىدۇ. كىممۇ سايلىغۇچىلارنىڭ: «مېنىڭ مالىيە مىنىستىرى بولۇپ باققۇم بار، ھېچبولمىغاندا 24 سائەت بولسىمۇ مەيلى!» دەپ ۋارقىرىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىمىغان دەيسىز؟ ئۇلار مىنىستىرلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مەزگىلىدىن پايدىلىنىپ بېيىۋېلىش قىلمىشلىرىدىن نومۇس ھېس قىلىشمايدۇ؛ ئۇلار مىنىستىرلارغا ھەۋەس قىلىشىدۇ ھەمدە مەنمۇ ئۇلارنىڭ ئورنىدا بولسام مەنمۇ مۇشۇنداق چىرىكلىك قىلمىشلىرىنى قىلغان بولاتتىم دېيىشىدۇ.

چىرىكلەشكەن سىياسىي ئەخلاق فرانسىيە خەلقىنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىۋەتتى، بۇرۇنلاردا بۇ خىل خاراكتېر دۇرۇسلۇق ۋە سېخىي ـ مەردلىك ھەمدە پۇل ـ دۇنيانى كەمسىتىپ شان ـ شەرەپكە كۈچلۈك مەدھىيە ئوقۇشتا ئىپادىلىنەتتى. «مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا»* دەپ يازىدۇ بېنچام (Bentham)،** «ئەگەر بىر ئەنگلىيىلىك شان ـ شەرەپ تۇيغۇسى ۋە پۇلنى كەمسىتىش تۇيغۇسىنىڭ فرانسىيە تۆۋەن قاتلام خەلقلىرىدىكى يوقىلىش دەرىجىسىنىڭ ئەنگلىيىدىكىدىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىسە،

---

* 19 ـ ئەسىر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

** بېنچام (1748 — 1832) ئەنگلىيە ئېتىكىشۇناسى، قانۇنشۇناسى، ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيىسى مەنپەئەتپەرەسلىكىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى. — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئۇنداقتا ئەنگلىيىلىكلەر فرانسىيىلىكلەرنى ھەرگىز چۈشەنمەيدۇ. شان - شەرەپ تۇيغۇسى ۋە پۇلنى كەمستىش تۇيغۇسىنىڭ يوقىلىشى بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئاندىن سىياسىي ساھەدىن تۆۋەن قاتلامدىكى خەلققە تارقالغان ئەمەس. بۇنىڭدىن ئاۋۋال سىياسىيدىكى چىرىكلىك ھادىسىسى بۇ دۆلەتنىڭ ئەخلاقىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇۋېتىپ بولغانىدى. بۈگۈنكى سەتچىلىكلەر بۇ بۇزۇلۇشنى ئاز - تولا تېزلەشتۈرۈۋەتكەن، خالاس. ھالبۇكى بۇ سەتچىلىكلەر باشقا باسقۇچلاردا ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشىنى كىشىنى غەزەپلەندۈرىدىغان بىر يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈۋېتەتتى.»*

ئاۋامنىڭ ئىنقىلابنى كەمستىش تۇيغۇسى ئاللىقاچان غايىب بولغان. بۇ خىل ھادىسە ھەرگىزمۇ ئاغرىنىشنىڭ سەۋەبى بولالمايدۇ. بىز يېتەرلىك ئىنقىلابلارنى بېشىمىزدىن كەچۈرۈپ بولدۇق. ئەگەر غەزەپلىنىش بىلەن يەنىلا ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇۋەتكىلى بولسا، ئۇنداقتا بىز دائىم ھۆكۈمەتنى ئىسلاھ قىلىپ تۇرۇشىمىز كېرەك. يەنە كېلىپ، سىياسەتۋازلارنىڭ سەممىيەتسىزلىكى ۋە ئالدامچىلىق قىلمىشلىرىغا نىسبەتەن ھېچ ئىش بولمىغاندەك سەل قاراش بىر مىللەتنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتە ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنىڭ بەلگىسىدۇر. ئۇ سىياسىي ئەركىنلىككە تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ، چۈنكى سىياسىينىڭ ئەركىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى نۇرغۇن شەرتلەر ئىچىدە، ئەخلاق ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ماھىيەتلىك شەرتلەرنىڭ بىرىدۇر. چىرىكلىك ئىستىبداتلىقنى كەلتۈرۈپ

* يېقىندا بىر يېزىلىق ئىجتىمائىي رايوننىڭ رەھبىرى ماڭا مۇنداق دېدى: «مەن بىزنىڭ ۋەكىلىنىڭ بىر ئىشەنچسىز ئەبلەخ ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، لېكىن ئۇ 8 يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان تەقدىردىمۇ، مەن يەنىلا ئۇنىڭغا بېلەت تاشلىغان بولاتتىم، چۈنكى ئۇ ماڭا خىزمەت تېپىپ بەرگەن.» — ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

تۇغقۇز كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

چىقىرىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ئالا كۆڭۈللۈكى دىكتاتورىغا يول ئېچىپ بېرىدۇ.

مەيلى فرانسىيە، ئىتالىيە،* ئامېرىكا ياكى باشقا دۆلەت پارلامېنتلىرىنىڭ ئەخلاق ئەھۋالى كىشىنى شۇ قەدەر ئەندىشىگە سالمىسۇن، شۇنداقتىمۇ، بۇ مىللەتلەردە ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈك ھادىسىلىرىنىڭ كۆرۈلۈشىنى توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ دەپ قاراشقا بولمايدۇ. تەڭرى ھەممە دۆلەتنى قۇتقۇزىدۇ، فرانسىيە تېخىمۇ شۇنداق. بۇنداق بولۇشى ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى كۈچلۈك پەزىلىتىدىن بولغان. ئەگەر بۇ مىللەتنىڭ ئەخلاقىي پەزىلىتى ئاجىز - زەئىپ بولغان بولسا ئۇنىڭدا رەزىللىكلەر تازا قۇترىغان بولاتتى. ئۇ** ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە بىر ئەسەبىيلىكتىن يەنە بىر ئەسەبىيلىككە قاراپ ماڭغان بولار ئىدى. 1789 - يىلى ئۇ ئەركىنلىكنى قوغلاشتى؛ بىرقانچە يىل ئۆتۈپلا ئۇ ئەركىنلىكتىن زېرىكىپ شەخسىي ھۇزۇر - ھالاۋەتكە ئېتىبار بېرىدىغان بولۇپ كەتتى؛ ئارقىدىنلا ھەربىي ئىشلاردىكى شان - شۆھرەتنى قوغلىشىش جەريانىدا ئۇلار يەنە شەخسىي ھۇزۇر - ھالاۋەتنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇشتى. بۇگۈن ئۇلار ھەشەمەتچىلىك ۋە ماددىي ھۇزۇر - ھالاۋەتكە مەپتۇن بولماقتا؛ ئەتە ئۇ باشقا بىر يۈكسەك قىزغىنلىقنىڭ تۈرتكىسىدە يوقسۇللارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ، قۇربان بېرىش روھىغا ئېتىبار بېرىدۇ - دە، ئۇنىڭدا جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ئارزۇسى پەيدا بولىدۇ. ئەنگلىيىمۇ سىياسىي چىرىكلىكنىڭ پاتقىقىدا ئۆمىلەپ، تىمىسقىلاپ يۈرمەكتە، بىراق ئەنگلىيىلىكلەر ئۇنىڭغا ھەرگىز تىز پۈككىنى يوق.

---

* ئىتالىيە جىنايى ئىشلار قانۇنشۇناسى فېرراروننىڭ قارىشىچە، ئىتالىيىدىكى سىياسىي چىرىكلىك فرانسىيىدىكىدىن ئېغىر ئىكەن. — ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

** بۇ يەردە فرانسۇز مىللىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

باشقا مىللەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئافىنا ۋە رىملىقلارنىڭ ئەھۋالىدا ئەخلاق ۋە سىياسىيدىكى چىرىكلىك بۇ مىللەتلەرنىڭ ئويغىنىشىنى تېزلەتكەن. دەرۋەقە، ئەركىنلىكتىن ۋە مىللەتنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن مەھرۇم قېلىش ھەمدە بۇ مىللەتلەرنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمى فرانسۇز مىللىتىگە سىگنال چالدى. يەنە كېلىپ فرانسۇز مىللىتى باشقا مىللەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا زور ئەۋزەللىككە ئىگە! فرانسىيىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر ۋە ئۆزىنى تىزگىنلىيەلەيدىغان، تەرىپلەشكە ئەرزىيدىغان قوشۇنى بار، بۇ خىل روھنىڭ يادروسى ئۇنىڭ سىياسىي دولقۇنلارغا ئەگىشىپ ئاقمايدىغان پەزىلىتىدۇر. ئەكسىچە، سۇللا، پومپېي ۋە كايسار مەزگىلىدىكى رىم ئارمىيىسى ئۆز سەركەردىلىرىنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق ھەربىي تالانتى ۋە ھەرقايسى جايلارنى شەپقەتسىز بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشى ۋە ئۆزلىرىنىڭ شاللاقلىقى، ھاراقكەشلىكى تۈپەيلىدىن ئۇزۇل - كېسىل ۋەيران بولغان. دەل مۇشۇ ئارمىيە جۇمھۇرىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ئىستىبدات ھاكىمىيەتنى تىكلىگەن.

ئاز ساندىكى فرانسىيە سىياسەتۋازلىرىنىڭ چۈشكۈنلۈكلىرىنى رىملىقلاردا ئاپەتكە ئايلانغان خىيانەتچىلىك، چىرىكلىك ھادىسىلىرى بىلەن بىر تاياقتا ھەيدىگىلى بولمايدۇ.

گەرچە سىياسىي سەۋەبلەردىن پەيدا بولغان جەمئىيەت پارازىتلىرى ئۇزلۇكسىز كۆپىيىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق يەنىلا فرانسۇزلارنىڭ ئەخلاق ھالىتىنى ئاشۇ ئاممىۋى مۇنازىرىلەردە مەمەدانلىق قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ ئەخلاق ئەھۋالى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغىلى بولمايدۇ، شۇنداقلا فرانسۇز مىللىتىنى ئاشۇ «بايلىق بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغان» ( back of treasusy ) ، شۇڭا ھەمىشە باشقا مىللەتلەردىن سەدىقە تىلەيدىغان، مەڭگۈ قانائەت تاپمايدىغان مىللەتلەر بىلەنمۇ ئوخشاش كۆرۈشكە بولمايدۇ.

ئويغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رىملىقلارنىڭ ئەخلاق ۋە ھەققانىيەت تۇۋرۇكى دېيىلگەندە، ئۇ پەقەت يات دىندىن ئىبارەت تۇۋرۇك بولۇپ، ھەتتا بۇ تۇۋرۇكمۇ جۇمھۇرىيەتنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇپ بارلىق ئەخلاق نەتىجىلىرىدىن مەھرۇم قالدى. ئەكسىچە، شۇ چاغدىكى رىملىقلار بىلەن ئوخشاش دەۋردىكى خرىستىئان دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇستەھكەم ئەخلاق ئۇلى بار ئىدى. روھىي ئېتىقاد تەربىيە كۆرگەن قەلبلەردە قايتىدىن يىلتىز تارتىشقا باشلىغانىدى. كىشىلەرگە خرىستىئان دىنى ئەمەس، بەلكى ئاتېئىزمنىڭ ھەقىقىي دۈشمەن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۆز ئەمەلىيىتىمىز جەريانىدا گۇمانخورلۇق ۋە ماتېرىيالىزمنىڭ ھېكمەتلىرىنى ئەمەس، بەلكى پەقەت خرىستوسنىڭ ئىنجىلدىكى ھېكمەتلىرىگە ئەمەل قىلغىنىمىزدىلا ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ۋە مېھىر - مۇھەببەتنىڭ ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىغا ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن ئالىم ۋە بالدۇر ئويغانغۇچىلىرىمىز بۇ جەھەتتە زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. ئەخلاقىي ئويغىنىشنىڭ ئىز - نىشانلىرى ئاللىقاچان كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

بوسسۇتنىڭ: «بىر ئادەم ھەرگىزمۇ ئۆزىنى ئۆزى كەمسىتمەسلىكى كېرەك» دېگەن بىر چوڭقۇر مەنىلىك ۋە ئاقىلانە سۆزى بار. بۇ تەكلىپ بىر ئادەمگە ماس كېلىپلا قالماستىن، دۆلەتكىمۇ ماس كېلىدۇ. ئۆزىنى تۆۋەن چاغلاش ئىنتايىن خەتەرلىك، بىر دۆلەت ھەم ئەخلاقىي جەھەتتىكى ئېپلاسلىقلىرىنى، ھەم روھىي جەھەتتىكى ئازاب - ھارغىنلىقلىرىنىمۇ كۆپتۈرمەسلىكى كېرەك. يەنە كېلىپ، ھەققانىيەت شەمشىرى ئۇلارنى ۋاقتىدا داۋالىيالىسا ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ؛ ياخشى

پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، بۇنى قىلچە كېچىكتۈرمەستىن ئېلىپ بېرىش كېرەك. ھەقىقانىيەت خۇددى يالقۇنغا ئوخشاش ھەرقانداق شەيئىنى پاكلىيالايدۇ.

يەنە كېلىپ بىر مىللەتنىڭ سىياسىئونلار قاتلىمىنىلا ئۆلچەم قىلىپ بۇ مىللەتنىڭ ياخشى ـ ناچارلىقىغا ھۆكۈم قىلىش توغرا ئەمەس. ياكوبىنچىلارنىڭ تەلۋىلىكى، ھەيدەكچى ھۆكۈمەتنىڭ چىرىكلەشكەن ئەزالىرى، ناپولېئوننىڭ خۇشامەتلىرى، تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان، « تاپماق تەس بولغان» پارلامېنت ۋەكىللىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقىي فرانسىيىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. ھەرقانداق بىر ھۆكۈمەتتە كىشىلەر ئازدۇر ـ كۆپتۇر جىنايەت ۋە چىرىكلىك يولىغا ماڭغان بولىدۇ. خەلق ئاممىسى ھامان سەمىمىي، تىرىشچان ۋە ئىقتىسادچىل بولىدۇ، ئۇلار ھامان تەرتىپ ۋە ئەركىنلىكنىڭ دوستىدۇر. ھوقۇق تۇتقان ئاشۇ بىر توپ كوللېكتىپقا سېلىشتۇرغاندا خەلق ئاممىسى ھامان ئۇنچە ئەسەبىي، شەپقەتسىز، چىرىك ۋە قۇللارچە باش ئېگىدىغانلاردىن ئەمەس، شۇنداقلا يۇقىرىقى چۈشكۈنلۈكلەرگە تېخىمۇ چىداپ تۇرالمايدۇ. ئەگەر بىر مىللەتنىڭ ئاشۇنداق ھۆكۈمىتى بولسا خوپ بوپتۇ، ئۆزىنىڭ شورى دېيىش مۇتلەق خاتا، ياكوبىن تېررورچىلىرىنىڭ سىياسىتى چىرىك، چۈشكۈنلەشكەن سىياسەت، ئىستىبدات سىياسەت، دىنىنىڭ قاتتىق قوللۇق سىياسىتى ۋە غەيرىي دىندىكىلەرنىڭ قاتتىق قوللۇق سىياسىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى فرانسىيىدە نۆۋەتلىشىپ ئەمەلىيلىشىپ باققان، بىراق ئۇلارنىڭ ھەممىسى فرانسىيىنىڭ ھەقىقىي ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلغان ئەمەس. فرانسىيە مۇنداق بىر ھۆكۈمەتكە تەشنا: ئۇ ھېچكىمگە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

زىيانكەشلىك قىلمايدۇ، ھەممە ئادەمنىڭ ھوقۇق ــ مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ، ئۇ زۆرۈر ئەركىنلىككە، يەنى سىياسىي ئەركىنلىككە، دىنىي ئەركىنلىككە، تەربىيىلىنىش ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ ۋە ئۇنى قوغدايدۇ، قىسقىسى، ئۇ بىر خىل كەڭ قورساق مىللىي روھنى پارتىيە ــ مەزھەپلەر روھىغا دەسسىتىدۇ.* ئۇ يەنە مۇنداق بىر ھۆكۈمەتنىڭ بولۇشىنىمۇ ئۈمىد قىلىدۇ: ئۇ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدا كىشىنى ئازابلايدىغان يەرلىك مۇستەبىت زوراۋانلىقنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ، سىياسىئونلارنىڭ قانۇنسىز بېسىمى ۋە ئۇلارنىڭ مەمۇرىي ئىشلارغا بولغان ئارىلىشىشىنى يوقىتىدۇ. ئۇ ئاۋۋال سىياسىي بىلەن سودىنىڭ ئايرىپ باشقۇرۇلۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

* «بىر ھۆكۈمەت ئەگەر سىياسىي پارتىيىلەرنىڭ ئۆزىگە ئارىلىشىشىنى توسۇيالمىسا ۋە ئۆزىگە رەھبەرلىك قىلىشقا رۇخسەت قىلسا، بۇنداق ھۆكۈمەت نومۇسسىز، رەزىل ھۆكۈمەتتۇر.» (تېير، «1830 ــ يىلىدىكى پادشاھلىق تۈزۈم ھەققىدە»). —— ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

# ئون بىرىنچى باب
# خاتىمە

*سىياسىي ئەخلاق پرىنسىپلىرىنىڭ ئۇستىگە چىقىۋالماسلىقى كېرەك —— ماككىياۋېللىنىڭ نەزەرىيىلىرىنى چوڭقۇر مەزمونلۇق دېگەندىن ئەخلاقنىڭ چۇشكۇنلىشىشى دېگەن تۇزۇك —— ھازىرقى زامان جەمئىيىتى بىلەن ماسلاشمايدىغان بىر خىل ئەخلاقسىز ئۇسۇل —— سىياسىئونلارنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمىنى جامائەت پىكرى بەلگىلەيدۇ —— ئەخلاقىي ئېتىقاد سىياسىي چىرىكلىكنىڭ بىردىنبىر داۋاسىدۇر —— ھازىرقى جەمئىيەت ئەخلاقى كېسەللەرنىڭ ئازابىغا دۇچار بولماقتا —— خەلقئارالىق سىياسىي پرىنسىپ —— خەلقئارالىق رىقابەتنىڭ ھەقىقىي ساھەسى —— خەلقئارالىق كېسىم —— ئەخلاقى كەمچىل بولغان سىياسەت جەمئىيەتنىڭ ھالاكىتىدىن دېرەك بېرىدۇ*

سىياسىي رەزىل ۋاستىلەرنى ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن ھەم ئەخلاقسىزلىق ئەقىدىلىرىگە ئەمەل قىلغانلىقى ئۈچۈن ئابرۇيى تۆكۈلمەكتە. ئەخلاقنىڭ نام ـ ئابرۇيىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، سىياسىي تۇرمۇشتا چوقۇم ئەخلاقنىڭ تەلەپلىرى بويىچە ئىش قىلىش كېرەك. ئۇزۇن مۇددەت ھىيلە ـ مىكىر، ساختىپەزلىك، سۇيىقەست ۋە زوراۋانلىققا تايانغاندىن كېيىن سىياسىي ئەگەردە يېڭى بىر شەيئىگە ئايلىنىمەن، يېڭىدىن

www.uyghurkitap.com

ئوبرازىنى تىكلەيمەن دەيدىكەن، چوقۇم ئادىللىق، كەڭ قورساقلىق، ئادالەت ۋە ئەخلاقنى تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشى كېرەك. بۈگۈنكى كىشىلەر ھەرقانداق ۋاقىتتىكى كىشىلەرگە قارىغاندا يېڭى شەيئىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنداقتا، سىياسىيدەك ئەخلاقنىڭ يېتەكلىشىگە موھتاج بولىدىغان باشقا ئەڭ چوڭ يېڭى شەيئىلەرمۇ بارمۇ؟ ئاممىۋى تۇرمۇشتا خۇددى خۇسۇسىي تۇرمۇشتىكىگە ئوخشاش سەمىمىيلىك ۋە دۇرۇسلۇقنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك دۆلەت ئىدارە قىلىش تەدبىرى ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلغاندىلا، خەلقتىن ئىبارەت بۇ كوللېكتىپ شەخسىي ئەخلاقتىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ ـ دە، چوقۇم شەخسىي ئەخلاقتا بويسۇنۇشى كېرەك بولىدۇ. يالغۇز دۇرۇس، ئالىيجاناب پەزىلەتكە ئىگە ئاۋام ماككىياۋېللىزمدىن نەپرەتلىنىپ قالماستىن، ھەقىقىي دۆلەت مەنپەئەتىمۇ ماككىياۋېللىزمنىڭ ئەجەللىك زەربىسىگە ئۇچرايدۇ. ئەڭ ئۇلۇغ بولغان دۆلەت ئىدارە قىلىش تەدبىرى ئەخلاقتا ئۇيغۇن بولغان دۆلەت ئىدارە قىلىش تەدبىرى بولۇش كېرەك. ھىيلە ـ نەيرەڭ ۋە زوراۋانلىق قىسقا مۇددەتلىك غەلىبىگە ئېرىشىپ قېلىشى مۇمكىن، بىراق ئۇ ھەرگىزمۇ دۆلەتنىڭ بۈيۈك گۈللىنىشىگە كاپالەتلىك قىلالمايدۇ. ئەخلاقسىز سىياسەتلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۇزۇنغا بارمايدۇ، دۆلەت خۇددى شەخسلەرگە ئوخشايدۇ، سىياسىئونلار پۇقرالارغا ئوخشاش ھامان ئۆز ئەسكىلىكلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ ھەم قىلغان ياخشىلىقىنىڭمۇ ساۋابىنى كۆرىدۇ. سىياسىي جىنايەتلەرنىڭ ئۆز جازاسىنى تارتىشى ھەرگىزمۇ پەرەز قىلىنغان گەپ ئەمەس، زەھەر ياكى دار بىلەن ئۆز سىياسىي رەقىبىنى ئۆلتۈرگۈچىلەر دائىم ئوخشاشلا قىسمەتكە دۇچار بولىدۇ، ئۆزىنىڭ سىياسىي رەقىبىنى نەزەربەند ئاستىغا ئالغان ۋە سۈرگۈن قىلغانلارمۇ ئاقىۋەتتە

ئوخشاشلا نەزەربەند ئاستىغا ئېلىنىش ۋە سۈرگۈن قىلىنىش قىسمىتىگە دۇچار بولىدۇ.

ماكياۋېللىزمغا مۇجەسسەملەنگەن ئەخلاقسىزلىق ئەڭ قەبىھ ئەخلاقسىزلىقتۇر. سان. لۇئىس (Saint Louis)، دې. لوبىدال (de L'Hopital)، ھېنرى IV، سۇللى* تۇرگوت** (Turgot)، فرانكلىن، ۋاشىنگتون قاتارلىقلار ئىجرا قىلغان سىياسەت بۇنداق ئىستراتېگىيىگە ماھىر ۋە زەھەرخەندە، زوراۋان سىياسەت ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ مىساللىرى شۇنى چۈشەندۈرۈپ بەردىكى: ئۇلۇغ پادىشاھ، ئۇلۇغ ۋەزىر، ئۇلۇغ پۇقرانىڭ تەڭلا سەمىمىي، دۇرۇس ئادەم بولالىشى تامامەن مۇمكىن. ئەكسىچە، بىر سىياسىي قارانىيەتكە تولۇپ تاشقان تالانت ئىگىسى ئۆزىنى ئەخلاقلىق ئادەم قىلالمايلا قالماستىن، ئەكسىچە ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان خەلقىمۇ ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ. چۈنكى، تالانتلىق سىياسىي ئەربابلار ھەمىشە ئەخلاقنى كەمسىتىدۇ، ئادالەتنى كۆزگە ئىلمايدۇ، ماكىياۋېللىزملىق سىياسەتنى كۈچىنىڭ بارىچە قوغلىشىدۇ ۋە يۈرگۈزىدۇ. ناپولېئون I پۈتۈنلەي «دۆلەت مەنپەئىتى ھەممىدىن ئەلا» دېگەن ئەقىدىنىڭ كونتروللۇقىدا ئەقلىنى يوقىتىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئىسپانىيە ۋە رۇسىيىلەرگە ئۇرۇش قوزغىدى. دانتون ۋە روبىسپىرلاردا سىياسىي تالانت كەمچىل ئەمەس ئىدى، لېكىن ئۇلار تېررورلۇق

---

* ((Sully)، سۇللى (1560 ـ 1641)، فرانسىيە پادشاھى ھېنرىIV نىڭ مالىيە ۋەزىرى (1598؟ ـ 1610) خۇگىنو مەزھىپىنىڭ مۆرىتى، دىنىي ئىنقىلابتىن فرانسىيە ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە زور تۆھپە قوشقان. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

** تۇرگوت (1727 ـ 1776)، فرانسىيە ئىقتىسادشۇناسى، دېھقانچىلىققا ئېتىبار بەرگۈچىلەرنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرىنىڭ بىرى، لۇئى XVI نىڭ مالىيە ۋەزىرى بولغان (1774-1776). ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «بايلىقنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەقسىملىنىشى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش» قاتارلىقلار بار. —خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شەكلى بىلەن دۆلەتنى قۇتقۇزۇپ قالماقچى بولۇۋىدى، ئەكسىچە دۆلەتنى ھالاكەتكە ئىتتەردى. ھۆرلۈككە كاللا كېسىش سۇپىسى ۋە دار ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولمايدۇ، مېھرىبانلىقنىمۇ ئۆز سىياسىي رەقىبىنىڭ نەسلىنى قۇرۇتۇش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. ئاۋامنى قۇترىتىش ۋە ئەدلىيەدىكى سوراق قىلىش شەكلى بىلەن قىرغىنچىلىق قىلىشمۇ كىشىلىك دۇنياسىدا ئادالەتلىك ۋە باراۋەر بولغان ھۆكۈمرانلىقنى ئورنىتالمايدۇ.

ئەگەر ماكىياۋېللىنىڭ مۇرىتلىرى خەلقنىڭ بىخەتەرلىك ئېھتىياجىنى چىقىش قىلدۇق دەپ قارىسا، ئۇنداقتا، ئۇلار سىياسىئونلار چوقۇم زوراۋانلىق، ھەتتا جىنايەت ۋاسىتىسىگە تايىنىپ خەلق بىخەتەرلىكىنى قوغداش مەقسىتىگە يېتىشى كېرەك دەپ جاكارلىشىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار دەۋاتقان خەلق بىخەتەرلىكى ھەقىقىي خەلقنىڭ بىخەتەرلىكى بولماستىن، بەلكى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ بىخەتەرلىكىدۇر. مېۋە ئېيى 18 ـ كۈنى ۋەقەسىنىڭ پىلانلىغۇچىلىرى جۇمھۇرىيەتنى قۇتقۇزۇش باھانىسىدە سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىغانىدى. بىراق، ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي ئەھۋال بولسا ئۇلار ئۆزلىرىگە يۈزلەنگەن خەتەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان. ئۇلارنىڭ مەقسىتى ھەرگىزمۇ جۇمھۇرىيەتنى قۇتقۇزۇش ئەمەس، ئۇلار گېنېراللارنىڭ ئارىلىشىشىنى تەلەپ قىلغان. مۇشۇنداق بولغاندا ئۇلار تۇمان ئېيىنىڭ 18 ـ كۈنى ۋەقەسى ئۈچۈن ئۆلگە تىكلەپ بېرەلەيتتى. ئاممىۋى بىخەتەرلىك مەڭگۈ بارلىق زوراۋانلىق ۋە رەزىللىكلەرنىڭ باھانىسىدۇر. سىياسىيدىكى جىنايەت خەلق بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلالىغان تەقدىردىمۇ، ئۇ سىياسىي جىنايەتنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ. باشقا شەكىللەر بىلەن خەلق بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلغىلى

بولمايدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ. خەلق بىخەتەرلىكى پەقەت قانۇنغا ئۇيغۇن بولغان ھۆرمەت ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ھەرگىزمۇ قانۇنغا ئۇيغۇن بولغان خىلاپلىق قىلىش ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرمايدۇ. مەسئۇلىيەتچان خەلق قەيسەر ئېتىقادى بىلەن كەلگۈسى ئۈمىدىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتەلەيدۇ. ئۆز ئەخلاقىدىن تانماسلىق، ھەققانىيەتكە ئىنتىلىش جەريانىدا قىسقا مۇددەتلىك ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە دۇچار بولسىمۇ، كۈتكەن كۈنلەرگە ھامان يېتەلەيدۇ؛ چۈنكى خۇددى شەخسكە قارىتا ئېيتىلغاندەك دۆلەتكە نىسبەتەن گۈزەل ئەخلاق دۆلەتنىڭ ھاياتى كۈچىنى ئاشۇرىدۇ، رەزىللىكلەر دۆلەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى خورىتىدۇ.

ماكىياۋېللىزملىق سىياسەت ھەرگىزمۇ ئۇلۇغ سىياسەت ئەمەس ھەم ئۇنى ئۇلۇغ تالانت ئىگىلىرىلا ئەمەلىيلەشتۈرەلىشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق. ئىستراتېگىيىگە ماھىرلىق بىلەن ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈش پرىنسىپ بويىچە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈشتىن كۆپ ئوڭاي. تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى، ھازىرقى جەمئىيەتىمىزدە ماكىياۋېللىزملىق سىياسەتكە بولغان ھېچقانداق ئېھتىياج مەۋجۇت ئەمەس. ماكىياۋېللىزم دەۋاتقان پادىشاھ مۇتلەق مۇستەبىتلىك تۈزۈمدىكى پادىشاھنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق پادىشاھلار ئۆز پۇقرالىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن، چوقۇم ئۆزىنى پۇقرالىرىدىن ئايرىۋېتىشى كېرەك. بۇنى مۇتلەق پادىشاھ مۇستەبىتلىكى تۈزۈمىدە توغرا چۈشىنىش مۇمكىن، چۈنكى بۇ خىل تۈزۈمدىكى پادىشاھ بىلەن پۇقرانىڭ مەنپەئەت ۋە تەلەپلىرىنىڭ بىردەك بولالىشى تولىمۇ قىيىن. ھالبۇكى، «ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن چوقۇم ھۆكۈمران بىلەن پۇقرا ئايرىلىشى كېرەك» دېگەن

تۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
www.uyghurkitap.com

ماككىياۋېللىزملىق ئەقىدىگە ئەركىن ھۆكۈمەت ھۆكۈمرانلىقىدا ئاللىقاچان پۈت تىرەپ تۇرغۇدەك ئورۇن قالمىغان. چۈنكى، ئەركىن ھۆكۈمەت خەلق رايىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن، ئەركىن ھۆكۈمەتنىڭ مەنپەئىتى ئاۋامنىڭ مەنپەئىتى بىلەن پۈتۈنلەي بىردەك، شۇڭا ئەركىن ھۆكۈمەت بىلەن ئاۋامنى ئايرىم - ئايرىم سىياسىي گەۋدە دەپ بۆلۈۋېتىشكە بولمايدۇ. تېررورلۇق سىياسەت خەلق دىكتاتورىسىدىكى ھۆكۈمەت بىلەن ھەربىي ئىستىبدات ھۆكۈمەتنىڭ ھۆكۈمرانلىق قورالىدۇر. بىراق بۇ قورال خەلق رايىدىكى ھۆكۈمەتكە ماس كەلمەس بولۇپ قالدى. كونا سىياسىي تۈزۈلمىدە ئەمەلىي مەۋجۇت بولغان ئەھۋال شۇنىڭدىن ئىبارەتكى: «مەككارلىق، مەككارلىق، مەڭگۈ مەككارلىق؛ نومۇسسىزلىق، نومۇسسىزلىق، مەڭگۈ نومۇسسىزلىق.» ھازىرقى سىياسىي تۈزۈلمىنىڭ ئېتىقاد قىلىدىغان ئەقىدىسى بولسا: «سەممىيەت، سەممىيەت، مەڭگۈ سەممىيەت؛ ئادالەت، ئادالەت، مەڭگۈ ئادالەت» بولۇشى كېرەك.

پارلامېنت مۇنازىرىلىرى ئوچۇق - ئاشكارا بولۇپ كەتكەچكە، قېرى قاقۋاشلارنىڭ بوياپ كۆرسىتىشى تەسكە توختىماقتا. بۇ خىل ئوچۇق - ئاشكارا مۇنازىرىلەر گەرچە ھوقۇقنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىگە بەزى قۇلايسىزلىقلارنى ئېلىپ كەلسىمۇ، لېكىن ئۇ سىياسىي ئەخلاق سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە پايدىلىق. ھېچقانداق بىر باش ۋەزىر ئوچۇق - ئاشكارا مۇنازىرىلەردە ھېيىقماستىن ئەخلاقسىز ۋە ئادالەتسىز پىلانلىرىم بار دەپ جاكارلىيالمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، جامائەتچىلىك پىكرى بارغانسېرى ئاڭلىقلىققا، ئاقىلانىلىككە تەرەققىي قىلىپ زور تەسىر كۈچكە ئىگە بولۇۋاتقاچقا، ساغلام، مۇۋاپىق بولغان ئورتاق تونۇشلار ئىستراتېگىيە-چىلەرنىڭ قۇۋۇلۇق - شۇملۇق نەيرەڭلىرىنىڭ ئورنىنى ئالماقتا.

ھىيلە ـ مىكىر، سۇيىقەست ئۇستىگە قۇرۇلغان سىياسەتنىڭ ھەمىشە لولىلىق بىلەن ئىشنى قامىلاشتۇرالىشى ناتايىن. ھېنري IV ئەزەلدىن ھىيلە ـ نەيرەڭلەرنى ئىشلىتىپ باقمايمۇ ياخشى ھۆكۈمرانلىق قىلالىغانىدى. ئۇ ناۋارنا (Navarna) نىڭ خانى ۋاقتىدا پەخىرلەنگەن ھالدا: «قېنى كىم ئەخلاقسىز سۆزلەر بىلەن ناۋارنا خانىنى ئەيىبلىيەلەيدۇ؟» دەپ جاكارلىغانىدى. ئەخلاقسىز ۋاستىلەرنى ئىشلىتىپ سىياسىي بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئادەتلىنىپ قالغان ئىستراتېگىيىچىلەر ئالىيجاناب ئېتىقادنى ئۇرغۇتالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆز ئىناۋىتىنىمۇ يەر بىلەن يەكسان قىلىدۇ، نوپۇزنىڭ رولىمۇ شۇنىڭ بىلەن زور دەرىجىدە تۆۋەنلەيدۇ.

ھازىرقى جەمئىيەتتە، ئەخلاقسىزلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان سىياسەت دەۋرگە ماس كەلمەيدۇ ھەم قىلچە قىممىتىمۇ بولمايدۇ. بۇ خىل ئەخلاقسىز سىياسەت ئىنسان غۇرۇرى ۋە پەزىلىتىنى كەمسىتىشتۇر، ئۇ ھۆكۈمران بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى ئوتتۇرىسىدا ئالا كۆڭۈللۈك، قارشىلىشىش ۋە بۆلۈنۈش پەيدا قىلىدۇ. ئەركىن كىشىلەرنىڭ سىياسىتى مۇستەبىت ئىستىبداتنىڭ سىياسىتى بولماسلىقى كېرەك. بۇ سىياسەت قانۇن ۋە ئەخلاق پرىنسىپلىرىنى مۇتلەق ھۆرمەت قىلىش ئۇستىگە قۇرۇلۇشى كېرەك.

يۇقىرىقى قاراشتىن شۇبھىلەنگۈچىلەرمۇ ئىستراتېگىيە ۋە زوراۋانلىقنىڭ سىياسىي تۇرمۇشتا زۆرۈر نەرسىلەر ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ. جەمئىيەت قانچە ئاڭلىق ۋە ئاقىلانە بولغانسېرى سىياسىيمۇ زور دەرىجىدە ياخشىلىنىدۇ. ئىستراتېگىيە، زوراۋانلىق، خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق قاتارلىق چىرىكلىك شەكىللىرى ھۆكۈمەت ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان نەرسىلىرى

بولماي قالدى. ئەركىنلىك ئالاھىدە رۇخسەت ئالماي تۇرۇپمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. ھۆكۈمەت ئەمدى ئاۋام بىلەن ئالا كۆڭۈللۈك قىلىشمايدۇ، قانۇن چىقىرىش ئادىل ۋە ھەققانىي ئېلىپ بېرىلىدۇ، سايلامدا خەلق رايى ھەقىقىي ئىپادىلىنىدۇ، تىرىشچانلىق ۋە تۆھپە ــ ئەجىر تېگىشلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ. يۇقىرىدا دېيىلگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغان ئىشلاردۇر. ياۋروپا ھۆكۈمەتلىرى پۇل مۇئامىلە ۋە قەرز ئىشلىرى جەھەتتە ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك سەمىمىيەتنى ئىپادىلىمەكتە، ئۇلار ئۆز مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن ئۆز پۇللىرىنى ئاجىزلاشتۇرماسلىقلىرىنى، تىرىشىپ ئۆز قەرزلىرىنى قايتۇرۇشى كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتى. دەل مۇشۇنداق بىر سەۋەب تۈپەيلىدىن، ئاۋامنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ ئابرۇيىغا ئىشىنىشى ھۆكۈمەتنىڭ ئەڭ تۈپكى كۈچ ـ قۇدرىتى بولۇپ قالغان. ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ قەرزلىرىنى ھۆرمەت قىلغاندەك ئەركىنلىك ۋە ئادىمىيلىككە مۇۋاپىق بولغان تۇرمۇشنى ھۆرمەت قىلسا بولمايدىكەن؟

ئاۋام ئاقىلانىلىكىنىڭ يۈكسىلىشى پۈتۈنلەي سىياسىينىڭ سەمىمىيتى ۋە ئادىللىقىغا باغلىق. سىياسىئونلار، پارلامېنت ۋە ھوقۇقدارلار جامائەتچىلىك پىكرىنىڭ ئۆز قىلمىشلىرى ئۈستىدە چوقۇم ئىنچىكە مۇكەممەل ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلىدىغانلىقىنى، ئاممىنىڭ غەزىپىنى قوزغايدىغان ۋاقىتلىق تەدبىرلەرنى ئىشلەتكەندە چوقۇم ھەسسىلەپ ئېھتىيات قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلىدۇ. سىياسىي ئادەم تەربىيىلەش مەقسىتى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدۇ، خۇددى سىياسىي ئىلگىرى جەمئىيەت تەرتىپلىرىنى ساقلاش ۋە كىشى مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلغاندەك. كىشىلەر ھوقۇق ۋە كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىنتىلگەندەك غايىلىك ۋە پەزىلەتلىك

هۆكۈمرانغا ئىنتىلىدۇ. ئالىيجاناب پەزىلەت سىياسىينى بۇزمايدۇ، سىياسىي ساھەدىكى ئەڭ چوڭ ئىلگىرىلەش كىشىلەر قەلبىدىكى تەرتىپ - تۈزۈملەرنىڭ ئىلگىرىلىشىگە باغلىق. كىشىلەر قەلبىدىكى تەرتىپ - تۈزۈملەرنىڭ ئورنىتىلىشى خرىستىئان دىنىي پەلسەپىسىنىڭ ئىشلىتىلىشى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئەخلاقسىز سىياسەت غەيرىي دىنىدىكىلەرنىڭ سىياسىتىدۇر، بۇنىڭ ئاقىۋىتى چوقۇم جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى توسۇش بولىدۇ. ساپ ۋە ئىشەنچلىك بولغان دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سەنئىتى ئەقلىيلىقنى دۆلەتنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغا ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ھېچقانداق ئەخلاق پرىنسىپلىرىغا ئىشەنمەيدىغان گۇمانخورلۇق زامانىمىزغا توپتوغرا بىر ئەۋلاد سىياسىئونلارنى يېتىشتۈرۈپ بەردى، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى ئەمەلىي نەپكە ئېتىبار بېرىشى غايىگە ئەھمىيەت بېرىش پرىنسىپىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. ۋاقىتلىق ئىدارە قىلىش تەدبىرى ۋە چاكىنا قانائەت دەل گۇمانخورلۇقنىڭ مەھسۇلىدۇر. دەۋرىمىز سىياسىي ئەخلاقىنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ چوڭقۇر سەۋەبلىرى بار. ئاشۇ رېتسارلىق روھىغا ئادەتلەنگەن، پۇلنى كەمسىتىپ ئادەتلەنگەن، ئۇلۇغۋار ئىشلار ئۈچۈن قىزغىنلىقى تولۇپ تاشقان خەلق ھازىر ئەكسىچە ئاتالمىش سىياسىي ئەركىنلىك ۋە ھەربىي شان - شەرەپلەرنى قوغلاشماقتا. ئۇلار گەرچە ئۇزۇل - كېسىل گۇمانخورلارغا ئايلىنىپ كەتمىسىمۇ، بىراق ئۇلار ھازىر ئەخلاق پرىنسىپلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى پۈتۈنلەي كەمسىتمەكتە، ئۇلار ھازىر پەقەت كۆز ئالدىدىكى ۋاقىتلىق ماددىي نەپكىلا ئېتىبار بېرىدۇ. بۇ ئەخلاق ئۆزگىرىشلىرى ئۇلارنىڭ سان - ساناقسىز ھىيلە - نەيرەڭ ۋە ئالدامچىلىقلارنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنىڭ ھەم سانسىزلاپ ئىنقىلابنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، ھەممىدىن مۇھىمى، بۇ ئۇلارنىڭ

روھىي ئېتىقادىنى سۇسلاشتۇرغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

مونتىسكيۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئاۋام چىرىكلەشكەندە، چىرىكلىكنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىپ ئەخلاق پرىنسىپىنى يېڭىۋاشتىن ئەسلىگە كەلتۈرمىگۈچە پەيدا بولغان رەزىللىكلەرنىڭ بىرىنىمۇ داۋالاپ ساقايتقىلى بولمايدۇ. باشقا ھەرقانداق داۋالاش ئۇسۇللىرىنىڭ ھەممىسى ئوشۇقچە، بەلكىم ئۇ تېخى يېڭى بىر رەزىللىكنى پەيدا قىلىپ قويۇشى مۇمكىن.» پارلامېنتنىڭ بېسىش چارىسىنىڭ بىرخىل قۇتقۇزۇش تەدبىرى بولۇشى ناتايىن. ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىق ئورنىتىش يەنە بىر تېخىمۇ چوڭ رەزىللىكنى پەيدا قىلىدۇ، ھەقىقىي ساقايتىش چارىسى پەقەت ئەخلاق پرىنسىپىغا قايتىپ كېلىشتۇر. سىياسىي خۇددى ئىنسانىيەت تۇرمۇشىغا ئوخشاش روھىي قىممىتىنى يۈكسەلدۈرۈشكە ۋە يېتەكلەشكە موھتاج، بولمىسا ئۇ رەزىللىكنىڭ پاتقىقىغا پېتىپ قېلىپ مەڭگۈ ئۆزىنى تارتالمايدۇ. سىياسىي ساھەدىكى كىشىلەرنى ئۆزگەرتىش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ، چوقۇم بىرلا ۋاقىتتا سىياسىي ساھەنىڭ ئەخلاقىنىمۇ ياخشىلاش كېرەك. ناھايىتى ئېنىقكى، ئەگەر يېڭى سىياسىئونلاردا كونا سىياسىئونلارغا ئوخشاش ئۆز ئەخلاق پرىنسىپلىرىنى يۈكسەلدۈرۈش ۋە ئۇنى يېتەكلەش كەمچىل بولسا، ئۇلارنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسى سېمىز بۆرىنىڭ ئورۇق بۆرىنىڭ ئورنىنى ئېلىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ چاغدا ئورۇق بۆرە تېخىمۇ سېمىز بۆرە بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەخلاق پرىنسىپلىرىغا ئىشەنمەيدىغان سېمىز بۆرە بىلەن ئورۇق بۆرە ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، ئەگەر ئىككى زىيانداشتىن بىرنى تاللاشقا توغرا كەلسە كونا سېمىز بۆرىنى تاللىساق تاللايمىزكى، ھەرگىزمۇ يېڭى ئورۇق بۆرىنى تاللىغۇمىز كەلمەيدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، قورسىقى تويغان بۆرىنىڭ ئاچ

بۆرنگە قارىغاندا خەتىرى ئاز بولىدۇ. چۈنكى، سېمىز بۆرە ئۆز مەنپەئەتلىرىنى قانائەتلەندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن بەلكىم دۆلەت مەنپەئىتىنى ئويلىشىشى مۇمكىن، ئورۇق بۆرە بولسا ئۆز مەنپىتىنىلا ئويلايدۇكى، ئۇنىڭ دۆلەت مەنپەئىتىنى ئويلاشقا چولىسى يوق. مەيسون (Maison) مالىيە ۋەزىرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن: «سىلەر بىر چوڭ خاتالىققا يول قويدۇڭلار، مەن پەقەت ئۆز نەپسىمنى قاندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئويلىشىمەن» دېگەنىكەن. سان سىمون بۇ چاقچاق قىلىپ دەپ قويغان دەپ قارىغان، بۇ بەلكىم راست ئەھۋال بولۇشى مۇمكىن.

ئەخلاق پرىنسىپى ۋە قىممەت ئېتىقادىغا قايتىپ كېلىپ، غايىۋى ئېتىقادنى شەخسىي رەزىل ئېتىقادلارنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشلا، قورقۇنچلۇق سىياسىي چىرىكلىك كېسەلىنى داۋالاشنىڭ ھەقىقىي ئۇسۇلىدۇر. بۇ ئۇلۇغۋار قىزغىنلىقنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىگە تايىنىپ، سىياسىيدىكى رەزىل ـ پەسكەش ئارزۇلارنى يوقىتىشتۇر. پەقەت يۈكسەك مۇھەببەت ۋە دۆلەت، ئەركىنلىك، ساپ ئېتىقادقا نىسبەتەن قىزغىنلىق دۆلەت تۇرمۇشىدا جانلانمايدىكەن، پارلامېنتنى يەنىلا چىرىكلىكنىڭ قاپلاپ تۇرغىنى تۇرغان.

شەك ـ شۈبھىسىزكى، ھوقۇقنى يۈرگۈزۈش سىياسىئونلارغا مەسئۇلىيەتتىن قېچىپ قۇتۇلۇشقا يېتەرلىك سەۋەب بولالمايدۇ. سۈپسۈزۈك ئەقلىيلىق، پۈختا پرىنسىپ ۋە ئەمەلىي تەجرىبىلەرنىڭ ھەممىسى سىياسىينىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ئامىللىرىدۇر. ھالبۇكى، ئەخلاقنىڭ يېتەكلىشى كەمچىل بولغان ئەھۋال ئاستىدا، ئىقتىدار بولسىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ. پەقەت ئاقىلانىلىك بىلەنلا ئەخلاقنىڭ چۈشكۈنلەشمەسلىكىگە كاپالەتلىك

www.uyghurkitap.com

قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. ھېچكىممۇ ئۆز قىزلىرىنى ياكى بايلىقىنى زېرەك ھەم شاللاق بىر ئادەمنىڭ ساقلىشىغا تاپشۇرۇشنى خالىمىسا كېرەك، ئۇنداقتا كىم يەنە دۆلەت، ئومۇمنىڭ مۈلكىنى پەقەت پۇل ـ دۇنياغىلا قىزىقىدىغان راھەتپەرەسلەرنىڭ ساقلىشىغا تاپشۇرۇشنى خالايدۇ؟ پۇل ـ دۇنيا ۋە ئەيش ـ ئىشرەت قوغلىشىدىغان كىشىلەر ئۆزلىرىنى خەلقنىڭ دوستى دەپ جاكارلاشقاندا كىممۇ ئۇلارنىڭ سەمىمىيىتىگە ئىشىنەر؟ مۇھەببەتنى سۆز بىلەن ئىپادىلەش كۇپايە قىلمايدۇ، ئۇنى يەنە ھەرىكەت بىلەن سىناقلاردىن ئۆتكۈزۈش كېرەك. سىياسىئونلارنىڭ ھەقىقىي پەزىلىتىگە پەقەت ئۇنىڭ ئېتىقاد توغرىسىدىكى خىتابى ۋە مېھىر ـ مۇھەببەت توغرىسىدىكى نۇتۇقلىرىغا قاراپلا ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ. پەقەت ئۇ كىشىنىڭ پەزىلىتى ۋە ئادەتتىكى ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە قاراپ ئاندىن ھۆكۈم چىقىرىش كېرەك. دۇرۇس، سەمىمىي ئەخلاق ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن دۇرۇسلۇق، سەمىمىيلىكنى تەلەپ قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭ مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە ئۆز ئەمەلدارلىرىنى تاللىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. سىسېرو مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىز دۇرۇس ۋە سەمىمىي دەپ تونۇلساق، بىز ئۆزىمىزنىڭ سەمىمىي، دۇرۇسلۇقىمىزنى ئىپادىلەپلا قالماستىن، ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرنىڭمۇ سەمىمىي، دۇرۇس بولۇشىنى تەلەپ قىلىشىمىز كېرەك.»

ئەگەر سىياسىئونلار ئادالەتكە ھۆرمەت قىلسا ئىدى، ئۇلار نۇرغۇن سىياسىي خاتالىقلاردىن ساقلىنالىغان بولار ئىدى. سىياسىئونلار كۆپ ھاللاردا ئەخلاقىي خاتالىق سادىر قىلىدۇ. ئۇلار ئادىللىق ۋە دۇرۇسلۇقتىن قانچە يىراقلاشقانسېرى ئەخلاق ـ پەزىلىتى ۋە ئەقىل ـ پاراسىتىدىن شۇنچە مەھرۇم قالىدۇ. شەخسىي مەنپەئەت ۋە نەپسانىيەتچىلىككە قانچە بېرىلگەنسېرى ئۇلاردىكى

ئاقىلانىلىك ۋە دانالىق شۇنچە توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. ئادىل قاراش ۋە دانا قارارلارنى كىشىنىڭ ھەققانىيەت تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ. ھەققانىيەت تۇيغۇسى يەنە كىشىنىڭ ئەقلىي ھۆكۈملىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىك كىشىلەر سەمىمىي، دۇرۇس كىشىلەردىن بولالايدۇ.

ئەگەر سىياسىي ئەخلاقتا ئۇيغۇن سىياسىي بولسا ئىدى، ئۇ ھالدا سىياسىي ئەسلىدىكى قىياپىتىگە قايتىپ كېلەلىگەن، ئەقەللىي ساۋاتلارغا خىلاپلىق قىلمىغان، شۇنداقلا سىياسىيدىكى ئىككى ئېغىر كېسەللىكنى، يەنى سوتسىيالىزمنىڭ غالجىرلىق كېسىلىنى ۋە ھۆكۈمەتسىزلىكنىڭ غالجىرلىق كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتالىغان بولار ئىدى. بۇ ئىككى كېسەللىك دەۋرىمىزگە تولۇپ ياتقان نەيرەڭۋازلىق ۋە بىدئەت تەلىماتلاردىن كەلگەن. ئۇ دەۋرىمىزدىكى رەزىل ئارزۇ - ئىستەكلەرنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقنىڭ نەتىجىسى. بۈگۈنكى ئاتالمىش يۈكسەلگەن دەۋردە، بىزدە ئەقلىيلىق كەمچىل بولماقتا، ئىدىيىلىرىمىز مالىماتاڭ، بىزنىڭ تۇغما ئەقىل ۋە پەزىلەتلىرىمىز — بۇ بىز فرانسىيىلىكلەرنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان تۇغما ئالاھىدىلىكى — سانسىزلىغان پەلسەپە، ئىقتىساد ۋە سىياسىينىڭ نەيرەڭلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماقتا. بۇ نەيرەڭلەر گېرمانىيە، ئىتالىيە، ئىنگلاند، شەرق ۋە ھىندىستانلاردىن كەلگەن. تۇغما ئەقىل - پەزىلەت بىزنىڭ ئىدىيە - ھەرىكەتلىرىمىزگە يېتەكچىلىك قىلالماي قالدى، چۈنكى ئۇ گېرمانىيىنىڭ ئۈمىدسىزلىك ۋە سوتسىيالىزمىنى، ئەنگلىيىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىنى، ئىتالىيىنىڭ گۇمانىزمىنى، رۇسىيەنىڭ نىھىلىزم (ئىنكارچىلىك، مەۋھۇمىيەت — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن)نى ۋە شەرقنىڭ بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلدى.

قايتىدىن فرانسىيىلىك ۋە خرىستىئان مۇرتى بولايلى! قايتىدىن تۇغما ئەقىل ـ پەزىلەت ۋە ئەخلاق مەكتىپىمىزگە قايتىپ ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىك كىشىلەردىن بولايلى!

هازىرقى جەمئىيىتىمىزدىكى كېسەللىك سىياسىي ياكى ئىقتىسادىي كېسەللىك ئەمەس، بەلكى ئەخلاق كېسىلى. شۈبھىسىزكى، تۈزۈمنى ياخشىلاش ۋە ئىللەتلەرنى تۈزىتىشلەرنىڭ پايدىسى بولىدىغانلىقى ئېنىق. بىراق، ئەڭ پايدىلىق ۋە ئەڭ جىددىي زۆرۈر بولۇۋاتقىنى يەنىلا ئەخلاقنى ياخشىلاش، ساغلام نەزەرىيە ۋە ئەخلاق ئېتىقادى بىلەن كىشىلەر قەلبىنى سۇغىرىشتۇر. ئەگەر جەمئىيەتنى چىرىكلىكنىڭ چىرىتىشى ۋە ئىنقىلابنىڭ بەدەۋىلىكىدىن قۇتقۇزۇپ چىقىشنى ئويلايدىكەنمىز، چوقۇم روھىي تەربىيىنى ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى ۋە سىياسىي تۇرمۇشىدا يۇكسەك ئورۇنغا قويۇشىمىز كېرەك. بۇ ئىنسانىيەتنى ھەسەتخورلۇق ۋە ئۆچمەنلىكنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىدىغان بىردىنبىر يولدۇر.

چوقۇم ئاۋام قەلبى ۋە ياشلار ئارىسىدا مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى ۋە شەخسىي مەسئۇلىيەت بەرپا قىلىشىمىز كېرەك. چوقۇم دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇپ شەخسنى يوقىتىشتەك بىدئەت تەلىماتقا قارشى تۇرۇشىمىز، ھەربىر گىراژدان گىگانت ماشىنىنىڭ بىر زاپچىسى ئىشلەپچىقارغىنىغا قاراپ بايلىق تەقسىم قىلىنىدۇ دېگەن نەيرەڭنى ئېچىپ تاشلىشىمىز كېرەك. كىرىزىسنى ھەقىقىي ھەل قىلىش ئۇسۇلى پەقەت ئەنئەنىۋى ئەزەلدىن بار بولغان ئەخلاقىمىزغا قايتىپ كېلىشتۇر. بۇ ئەخلاق ھەم ئىشچى، ھەم ياللىغۇچىغا تەربىيە بېرىپ ئۇلاردىن ئۆز مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىشنى، تىرىشىپ ئىشلەشنى، ئۆز مەسئۇلىيەتلىرىگە ئەمەل قىلىشلىرىنى تەلەپ قىلىدۇ. قېنى، قايسى تەلىمات مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بايلارغا قۇربان

بىرىش روھىغا ئىگە بولۇش، ئاڭلىق رەۋىشتە ھەشەمەتخورلۇق ئىستىكىنى تىزگىنلەش توغرىسىدا تەلىم بېرەلىدى؟ يەنە قايسى تەلىمات مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يوقسۇللارغا ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تىرىشىپ ئادا قىلىش، سەۋرچانلىقنى ئۆز پەزىلىتى قىلىش، قانۇن روھىنى ھۆرمەتلەش توغرىسىدا تەلىم بېرەلىدى؟

ئاتېئىزم ۋە ماتېرىيالىزم كونتروللۇقىدىكى ھۆكۈمەتنىڭ ئەخلاقنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى تىرىشچانلىقلىرى ئارتۇقچە، بۇنداق ھۆكۈمەتلەردە يەنىلا كۈچلۈك ماددىي ئىستەك تولۇپ ياتىدۇ، ئۇلار ئەڭ كۆپ بولغاندا ئۆزلىرىنىڭ رەزىل قىلمىشلىرىنى ئاز - تولا يەڭگىللىتەلەيدۇ. دىنغا قىلىنغان دۈشمەنلىك، ئەكسىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ساغلام سىياسىيغا قىلىنغان دۈشمەنلىكتۇر. ئەگەر پايدا - مەنپەئەت نۇقتىسىدىن قارىساق، نادانلىق، بىلىمسىزلىك، چۈشكۈنلۈك ۋە رەزىللىكلەرنىڭ ئىنسانلارغا ئېلىپ كېلىدىغان زىيىنى دىنىنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچىنى ئىنكار قىلغان ئادەملەرنىڭ ئىنسانىيەتكە ئېلىپ كەلگەن زىيىنىغا ھەرگىزمۇ تەڭ تۇرالمايدۇ، چۈنكى كېيىنكىسى ھەمراھلىرىنىڭ روھىي تەسەللى ئىزدەيدىغان ئېتىقادىنى تارتىۋالغان بولىدۇ. كىممۇ دىنىي ھېسسىياتنىڭ ئەخلاقىي ھېسسىياتنى يۈكسەلدۈرەلەيدىغانلىقىنى ئىنكار قىلالايدۇ؟ دۆلەت تۇرمۇشىدا دىنىي ھېسسىياتقا ئىگە يۇقىرالار قانچە كۆپ بولغانسېرى سوتسىيالىزم ۋە ھۆكۈمەتسىزلىكنىڭ روھىي قالايمىقانچىلىقى شۇنچە ئاز بولىدۇ. گۇمانىزم، ماتېرىيالىزم، پوزىتىۋىزم، تەرەققىيپەرۋەرلىك ۋە نىھىلىزم دەۋر سۈرگەن دەۋرلەردە، كىممۇ خرىستىئان دىنىنىڭ جەمئىيەتكە قوشقان غايەت زور تۆھپىسىنى ئىنكار قىلالىغان؟ — خرىستىئان دىنىنىڭ جەمئىيەتكە قوشقان ئەڭ زور تۆھپىسى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇ كىشىلەرگە ئىنسانىيەتنىڭ غۇرۇر - نەپسى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېتىقادىنى قايتا ـ قايتا سىڭدۈردى، كىشىلەر ئۆز ئەخلاقىي مەسئۇلىيەتلىرىنى ۋە ئىنسانلىق مەجبۇرىيەتلىرىنى چوقۇم ئادا قىلىشى كېرەك دېگەن ئەقىدىنى تەكرا ـ تەكرار تەكىتلىدى، غايىۋى كىشىلىك ئېتىقاد بىلەن پۇل ـ بايلىققا چوقۇنۇشقا قارشى چىقتى.

بىز هاياتلىق كۈرىشىگە تولۇپ تاشقان، زوراۋانلىق هوقۇقنى بەلگىلەيدىغان، ئاجىزلارنى يوقىتىدىغان، نامراتلىق نومۇس دەيدىغان، پۇل ۋە بايلىق ھەممە ھۆرمەتتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ دەيدىغان بىر جەمئىيەتتە ياشىماقتىمىز، دەل مۇشۇنداق بىر جەمئىيەتتە، دىن بىزگە ئۆزىمىزنى قۇربان قىلىش، ئۆزىمىزنى قەدىرلەش، نامراتلارغا كۆيۈنۈش، تەڭرى ۋە ۋىجدانىمىز ئاتا قىلغان مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىپ كەلدى.

سوتسىيالىزمنىڭ تەھدىتى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان، سوتسىيالىزمچىلار دۆلەت مۇتلەق نوپۇزغا ۋە ھەممىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى كېرەك دەپ تەلەپ قىلىۋاتقان بىر دەۋردە، خرىستىئان دىنى يەنە بىر قېتىم ئادەم ۋە جەمئىيەتكە پايدىلىق خىزمەت قىلىشى، قىلچە تەۋرەنمەستىن ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇق هوقۇقى ۋە ئىنسان ۋىجدانىي هوقۇقىنى قوغدىشى، دۆلەتنىڭ قىلمىشلىرىغا دىنىي ئەخلاق بويىچە چەك قويۇشى كېرەك.

ئەگەر روھىي ئېتىقاد ئىنسانىيەت قەلبىنى قايتىدىن ئىگىلىيەلمەيدىكەن، كىشىلەر چوقۇملا كەلگۈسى جەمئىيەتتىن ئەندىشە ۋە ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالىدۇ. چۈنكى، «ھەقىقەت كەمسىتىلىدىغان كۈن يېتىپ كەلگەندە، ھەقىقەت غەزەپ گۈلدۈرمامىسى بىلەن ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ.»

مىللەت بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ مەنپەئىتى سىياسىي ۋە ئەخلاقنىڭ بۆلۈنۈشى تەرىپىدىن بەلگىلەنمەيدۇ. بىر توغرا مۇۋاپىق بولغان سىياسەت دەل

ئەخلاقىقا ئۇيغۇن بولغان سىياسەتتۇر. بۇ خىل سىياسەت مىللەت ۋە دۆلەتنى ئادالەت، ھەققانىيەت ۋە كەڭ قورساقلىق، مېھرىبانلىق يولىغا مېڭىشقا دەۋەت قىلىدۇ. يەنە دەل مۇشۇ خىل سىياسەتلا ئاندىن خەلقئارانىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تىنچ - ئاسايىشلىقىنى قامداپ قالالايدۇ ھەم ھەرقايسى دۆلەتلەرنى ئالاقە جەريانىدا ئۆز مەنپەئەتلىرىگە ئېرىشتۇرەلەيدۇ. ھەرقايسى مىللەت ۋە دۆلەتلەرنى ئۆزئارا ھەسەت قىلىش، ئۆچمەنلىك قىلىش، زىيانكەشلىك قىلىشقا كۇشكۇرتىدىغان سىياسەت ھەرقايسى مىللەت ۋە دۆلەتنى ئۆز مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ ھەرىكەت قوللىنىشقا نەسىھەت قىلىدىغان سىياسەتتۇر. خەلقئارادا پەيدا بولغان مەسىلىلەرنى پەقەت زوراۋانلىق بىلەن ھەل قىلىش كېرەك دەپ قارايدىغان سىياسەتتۇر، ئەيىبلەشكە تېگىشلىك جىنايەتكار سىياسەت ۋە خاتا سىياسەتتۇر. ئاشۇ كۆڭلى تارلىق ۋە شەخسىيەتچىلىك بىلەن بۇ خىل ۋەھشىيانە ئىچى تار سىياسەتنى يۈرگۈزگۈچى سىياسىئونلار نەزەر دائىرىسى تار بولغان سىياسىئونلاردۇر. ئۇلار پەقەت كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتكىلا كۆڭۈل بۆلىدۇ، ئۇلار خەلقنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدۇ، ئۇلار قارشىلىشىش ۋە ئۇرۇشنىڭ ئاپەت خاراكتېرلىك ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئۇقمايدۇ. ئۇلار ھەتتا تىنچلىقنىڭ ھالاۋىتىنى ۋە ئۇرۇشنىڭ تېررورلۇقىنىمۇ بىلمەيدۇ.

باشقا دۆلەتلەرنىڭ قارانىيىتى قۇتراپ تۇرغان ھەسەتخور سىياسەتكە سېلىشتۇرغاندا، ئادىل، دوستانە، باشقا دۆلەتلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان مۆتىدىل سىياسەت نەقەدەر مۇۋاپىق سىياسەت - ھە! ئەگەر بىر دۆلەت ئۆچمەنلىككە تولغان مۇشتۇمزور سىياسەتنى قايتا قوللانمىسا، ئۇ ھالدا بۇ دۆلەت قانچىلىك بەختلىك بولۇپ كېتەر؟ ئەگەر ياۋروپا ئۆزىنىڭ شانلىق مۇساپىسىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يۇقىرى پەللىسىگە يەتسە، ئۇ چاغدا قانداق بولۇپ كېتەر؟ نەتىجىدە ھېنرى IV نىڭ پىلانى — سىياسىينى تۇغما ئەقىل ـ پەزىلەت ۋە خرىستىئان ئەخلاقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىش ئىشى ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەگەر ھەربىر مىللەت ۋە دۆلەت ئۆزىنى ئىنسانىيەت چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى دەپ قارىسا، باشقا مىللەت ۋە دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئالاقىدە زوراۋانلىق ۋە نەيرەڭلەرنى يوقاتسا، ئۇنداقتا دۇنيانىڭ قىياپىتىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولغان بولار ئىدى. خرىستىئان دىنىنىڭ سىياسىتى يەنىلا كىشىلەرنىڭ دىنغا ئىشەنمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش بولۇشى كېرەك: ئەگەر دۇنيا راستتىنلا تىنچلىقتىن بەھرىمەن بولىمەن دەيدىكەن، ئۇنداقتا بۇ دۇنيا خرىستىئانلاشقان بىر دۇنيا بولۇشى كېرەك.

تېير (Thiers) ئەپەندى ھەربىي ئىشلاردىكى غەلىبىلىرىنىڭ شان ـ شۆھرىتىدىن بېشى قېيىپ كېتىپ مۇنداق دېگەنىكەن: «ئەگەر دۆلەتنىڭ ھەربىي ئىشلاردىكى مەقسىتى قارشى تەرەپنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى كۈچىنى كونترول قىلىش بولمىسا، ئۇنداقتا ھەربىي ئىشلاردىكى كۈچ ـ قۇدرەتنى زورايتىشنىڭ مەقسىتى نېمە؟» ھالبۇكى، مېنىڭ قارىشىمچە، دۆلەتنىڭ ھەربىي كۈچىنىڭ باشقا مۇھىم ئىشلىتىلىش ئورنى بار بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ باشقا دۆلەتلەرنى بويسۇندۇرۇش خام خىيالى بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. باشقا دۆلەتلەرنى بويسۇندۇرۇشقا پۇل ۋە قانلىق بەدەل تۆلىنىپلا قالماستىن، ئۇ يەنە جەمئىيەتنىڭ قالايمىقانلىشىشىنى ۋە باشقا بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىر دۆلەت يەنە بىر دۆلەتنى ئىستېلا قىلغاندا قانلار دەريا بولۇپ ئېقىپ جەسەتلەر تاغدەك دۆۋىلىنىشتىن باشقا، ئىستېلاچىغا ھېچقانداق نەپ ئېلىپ كەلمەيدۇ. تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى،

بارلىق ئىستىبلا قىلىش خىيالىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مەغلۇبىيەت بىلەن نەتىجىلەنگەن. چارلى V ۋە ناپولېئون I لار دۇنيانىڭ خوجىسى بولۇش خىيالىدا بولغانىدى، نەتىجىدە تۇمەنمىڭلىغان بىگۇناھ كىشىنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولغاندىن باشقا، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزلىرىمۇ بۇ مەقسىتىگە يېتەلمىدى — چارلېز V ئۆزى نەزەربەند قىلىنغان موناستىردا ئۆلدى. ناپولېئون I بولسا سان ھېلىننا ئارىلىدا ئاخىرقى ئۆمرىنى يېگانە ئۆتكۈزدى. ئىسپانىيە بىلەن فرانسىيە بولسا ئۆلارنىڭ ئىستىبلاچىلىق قارا نىيىتىدە ۋەيران بولدى. نۇرغۇن ئىستىبلاچىلار «ئىنجىل» دىكى مۇنۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەيدۇ: «پۈتۈن دۇنيا دۆلەتلىرىنى پاچاقلاپ تاشلىغان بازغانمۇ ئاخىر پاچاقلىنىپ تاشلىنىدۇ.»

خەلقئارادا باراۋەرلىكنى تەرغىب قىلىدىغان سىياسەت ئىستىبلانى تەشەببۇس قىلىدىغان سىياسەتتىن ياخشى. زىيادە چوڭ ئىمپېرىيىلەرنىڭ ئۆمرى ئۇزاققا بارمايدۇ، ئەڭ ئاخىر نۇرغۇن دۆلەتلەردىن تەشكىللەنگەن ئىتتىپاققا تىز پۈكىدۇ. بىر دۆلەتنىڭ يەنە بىر دۆلەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىشى، ئاممىۋى ئەركىنلىككە نىسبەتەن ئېيتقاندا بىر خەتەرلىك ئىش ھېسابلىنىدۇ؛ چۈنكى دۆلەت ئىنتايىن زور كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە بولۇپ قالسا، خۇددى پادىشاھلارنىڭ زور كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە بولغىنىغا ئوخشاش، ئۆزىنى ئاقىلانىلىك ۋە مۆتىدىللىك ئىچىدە تىزگىنلەپ تۇرالىشى ئىنتايىن قىيىن. ئەگەر ھۆكۈمرانلىق ئىستىكى سىياسىينىڭ ھاياتىي كۈچى دەپ قارالسا، ئۇنداقتا، نېمىشقا ئىلىم - پەن، ئەدەبىيات ۋە تۈزۈملەرگە سىڭدۈرۈلگەن ئەخلاقنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى دۆلەت پائالىيەتلىرىنىڭ مەقسىتى دېيىشكە بولمايدىكەن؟

ئەخلاق پرىنسىپلىرىغا ئىشەنمەيدىغان گۇمانىزمچىلار ئەخلاق پرىنسىپىدا چىڭ تۇرغۇچى كىشىلەرنىڭ دۇنياۋى ئۇرۇشلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەمدى يۈز بەرمەسلىكىنى، خەلقئارالىق توقۇنۇشلارنى زوراۋانلىق بىلەن ھەل قىلىشنىڭ ئورنىغا خەلقئارالىق سوتنىڭ دەسسىتىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغىنىدا چوقۇم مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇشى، پەرۋايىغىمۇ ئېلىپ قويماسلىقى مۇمكىن. ھالبۇكى، سىر سالىسبۇري* (Lord Salisbury) مۇشۇنداق ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. ھازىر ئۇ بۇ ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەدەنىيەت سوتنىڭ شەخسلەر بىلەن تەشكىلاتلار ئارىسىدىكى كېسىم قىلغۇچىلىق ئورنىنى ئىگىلىمەكتە. خەلقئارالىق ئۇرۇشلارنىمۇ ئوخشاش شەكىل بىلەن تېخىمۇ ئىلغار مەدەنىيەتتىن تەشكىللەنگەن كېسىم قىلغۇچىغا ئورۇن بوشىتىشى مۇقەررەر.» 1883 ـ يىلى شۋېتسارىيە بىلەن ئامېرىكا خەلقئارالىق سوتنىڭ ھۆكمىگە بويسۇنىدىغانلىقى توغرۇلۇق ۋەدە بېرىشتى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئاۋارىچىلىق 30 ـ يىللاردىلا پەيدا بولغانىدى. 1888 ـ يىلى، فرانسىيە بىلەن ئېكۋادور مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كېلىشىمنى ئىمزالىدى. 1890 ـ يىلى، ئامېرىكىنىڭ 17 شتاتىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىللىرى ۋاشىنگتونغا جەم بولۇپ مەڭگۈلۈك تىنچلىق كېلىشىمىنى ئىمزالىدى.

بۇ مەدەنىيەت ۋە ئەخلاقنىڭ يۈكسىلىشىگە ۋە ھەرقايسى دۆلەت ئىقتىسادىي مەنپەئىتىنىڭ بىر ـ بىرىگە كۈنسايىن باغلىق بولۇپ قالغانلىقىغا ئەگىشىپ ئۇرۇشنىڭ بارغانسېرى ئازىيىشىنى ئۈمىد قىلىشتۇر. يېڭى تېپىتىكى ئۇرۇش قوراللىرىنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى ۋە ئۇلارنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان بۇزغۇنچىلىق قىلىش كۈچىمۇ تىنچلىقنى ساقلاپ قېلىشقا ئازراق رول ئويناپ قېلىشى

* سالىسبۇري (1830 ـ 1903)، ئەنگلىيە كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ داھىيسى، ئۈچ قېتىم باش ۋەزىر بولغان. —خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

مۇمكىن. چۈنكى خەلق ۋە ھۆكۈمران غايەت زور بۇزغۇنچىلىق قىلىش كۈچىگە ئىگە ئۇرۇش ماشىنىسى ئالدىدا ئاپەت خاراكتېرلىك ئاقىۋەتتىن ۋەھىمىگە چۈشۈپ ئۇرۇش قوزغاشقا پېتىنالماسلىقى مۇمكىن. جامائەتچىلىك پىكرىمۇ ھۆكۈمەتنى بارغانسېرى تىنچلىقنى ساقلاشقا مەجبۇر قىلماقتا. دەل مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بىز ئۇرۇشنىڭ بارا ـ بارا مەدەنىيەت تەرىپىدىن كونترول قىلىنىشىنى، بارا ـ بارا ئازىيىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

خەلق بىلەن ھۆكۈمران ئۆز مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن مەست بولۇپ كەتكىنىدە، تارىخشۇناسلار بىلەن ئەخلاقشۇناسلار بىرلىشىپ ئۇلاردىكى كونترول قىلىش تەس بولغان قايناق ھاياجانغا قارشى تۇرۇشى كېرەك. تارىخشۇناسلار مۇۋەپپەقىيەتنى مەدھىيىلەپ ئادەتلەنگەن، بىراق ئۇلار ئۇرۇشنى تەسۋىرلىگەندە ئۆزلىرىدىن مۇۋەپپەقىيەتنى مەدھىيىلىشىم ئەخلاق سەۋەبىدىنمۇ ياكى مەنپەئەت سەۋەبىدىنمۇ دەپ سوراپ بېقىشنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. ئۇلار ھەمىشە ئىستېلاچىلارنى كۆككە كۆتۈرۈش ئارقىلىق ئاۋامنىڭ قەلبىنى چىرىتىپ، ئاۋامنىڭ پىكرىنى كونترول قىلىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ كۆزنى ئالاچەكمەن قىلىدىغان تۆھپە ـ نەتىجىلەرگە مەپتۇن بولۇشىغا يول قويىدۇ. ئۇلار ئىستېلاچىلارنى ئىنتايىن سېخىيلىق بىلەن مەدھىيىلىسىمۇ، لېكىن ئىنسانپەرۋەرلىكنى سۆيىدىغان ۋە ئىنسانلار تۇرمۇشىنى ھۆرمەت قىلىدىغان كىشىلەرگە ئىنتايىن پېخسىق.

ئەخلاقشۇناسلار چوقۇم «دۆلەت مەنپەئىتى ئەقلىيلىقنى ئىنكار قىلىدۇ» دېگەن ھېكمەتنى توختىماستىن جاكارلاپ تۇرۇش ئارقىلىق ئەخلاقسىز سىياسىي تارقىتىۋاتقان نەيرەڭ ۋە بىدئەت تەلىماتلارغا قارشى تۇرۇشى كېرەك. ھۆكۈمەتنىڭ مەقسىتى خەلقنى پارچىلاش ئەمەس، بەلكى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش. تۆۋەن قاتلامدىكى

www.uyghurkitap.com

ئەخلاق يۇقىرى قاتلامدىكى ئەخلاقنى ۋەيران قىلالمايدۇ. چۈنكى، ئاتالمىش ئىككى خىل ئەخلاق مۇتلەق مەۋجۇت ئەمەس. ئاممىۋى بەختەرلىك پەقەت ئادالەت ئىچىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ، مەقسەت ۋاستىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىيالمايدۇ. ناتوغرا ۋاستە مەقسەتكە يېتەلمەيدۇ. ھوقۇق زوراۋانلىقتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ئادالەت ئەڭ ئالىي قانۇندۇر. «ھوقۇق كۈچلۈكلەر تەرەپتە» دېگەن بۇ ھېكمەت ئەمەلىيەتتە ئىنسانلارغا ئەمەس، پەقەت بۆرىلەرگىلا ماس كېلىدۇ.

رابلاي* (Rabelais) نىڭ مۇنۇ ھېكمىتى بىلەن كىتابىمىزنى ئاخىرلاشتۇرايلى: «ئىلىمدىكى بىلىمسىزلىك روھنىڭ ھالاكىتىدۇر، سىياسىيدىكى ئەخلاقسىزلىق جەمئىيەتنىڭ ھالاكىتىدۇر.»

* رابلاي (1494 ـ 1553)، ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللىنىش دەۋرىدىكى فرانسىيە يازغۇچىسى، «گىگانتلار تەزكىرىسى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

# ئاخىرقى سۆز

بۇ كىتابنىڭ نەشردىن چىقىشى ۋاڭ تيەنچېڭ ئەپەندىنىڭ زور كۈچ بىلەن تونۇشتۇرۇشى ۋە جياڭ چىڭ ئەپەندىنىڭ ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي ئەنگلىيىچە ئەسلى نۇسخىسىنى تەمىنلىشى بىلەن روياپقا چىقتى. بۇ كىتابنىڭ تەرجىمە تەقسىماتى تۆۋەندىكىچە:

ئاپتورنىڭ مۇقەددىمىسى، بىرىنچى، ئون بىرىنچى باب: جياڭ چىڭ (شېنجېن مەمۇرىيەت ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن پروفېسسورى)؛

ئىككىنچى، ئۈچىنچى، تۆتىنچى باب: ليۇ شۇگۇاڭ (بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پەلسەپە فاكۇلتېتىنىڭ دوكتور ئاسپىرانتى)؛

بەشىنچى، ئالتىنچى، سەككىزىنچى باب: ۋاڭ تيەنچېڭ (بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇنشۇناسلىق ماگىستىرى، ئەسلى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى)؛

يەتتىنچى، توققۇزىنچى، ئونىنچى باب: لى بوگۇاڭ (بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇنشۇناسلىق دوكتورى، ئەسلى خېنەن ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى).

—— تەرجىمە قىلغۇچىدىن
1999 ـ يىلى 3 ـ ئاي

بىر قىسىم ئادەم ئىسىملىرىنى تەرجىمە قىلىشتا ۋە «ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ ئىزاھاتى»نى يېزىشتا « 辞海 » ۋە «دۇنيانىڭ يىراق قەدىمكى زامان تارىخى» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1990 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى) ۋە «دۇنيانىڭ ئومۇمىي تارىخى» (يېقىنقى زامان قىسمى 1 ـ، 2 ـ قىسىم) (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى دەرسلىك ماتېرىيال بۆلۈمى 1985 ـ يىلى 10 ـ ئاي نەشرى) قاتارلىق كىتابلاردىن پايدىلاندىم. —— ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن 2003 ـ يىل ئۆكتەبىر

تۈگۈنچۈز كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

本书根据改革出版社 1999 年 4 月第 1 版，第 1 次印刷本翻译出版。
بۇ كىتاب ئىسلاھات نەشرىياتى 1999ـ يىلى 4ـ ئاي 1ـ نەشرى، 1ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەكبەر ئېلى
مەسئۇل كوررېكتورى: ئىلياس رەھىمى
مۇقاۋىسى لايىھىلىگۈچى: غېنى

# سىياسىنىڭ رەزىللىكى

لوئىس پرووېل (فرانسىيە)

تەرجىمە قىلغۇچى: نۇرشات مەمتىلى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
ئۈرۈمچى باجياخۇ رەڭلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مم 1/32 باسما تاۋىقى: 14.8125
2004 - يىلى 4 - ئاي 1 - نەشرى
2004 - يىلى 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1 — 3000
ISBN 7—228—08450—0
باھاسى: 22.00 يۈەن